K928.634/2

# VIII—X ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات

ئاپتورى: خۇا تاۋ
تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى

21500009006

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

8—10 世纪西域历史研究/华涛著；吾买尔江·努日译．—喀什：喀什维吾尔文出版社，2003．11
ISBN 7 — 5373 — 1220—6

Ⅰ．8... Ⅱ．①华...②吾...Ⅲ．西域—地方史—研究—8世纪～10 世纪 Ⅳ．K294．5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2003）第 103238 号

责任编辑：帕孜里江·木沙
责任校对：坎拜尔姑丽·欧斯曼
封面设计：伊里夏提·图尔孙

# 8—10 世纪西域历史研究

华涛 著，吾买尔江·努日 译

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
乌鲁木齐光彩印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 开本 19.5625 印张 1 插页
2003 年 11 月第 1 版 2003 年 11 月第 1 次印刷

印数：1—3570　定价：32.00 元

如有质量问题，请与我社联系调换。电话：0998-2653927

# مۇقەددىمە

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جاڭ چيەن تۇنجى رەت غەربكە قەدەم باسقاندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلار خېشى كارىدورىدىكى قاش قوۋۇقىنىڭ غەربىدىكى بىپايان زېمىننى «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەندى. كەڭ مەنىدىكى غەربىي يۇرت غەربىي ئاسىيادىكى ئەنتاكسىيەنى، جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھىندىستاننى ۋە ئاسىيانىڭ ئەڭ نېرىسىدىكى داكچىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، تار مەنىدىكى غەربىي يۇرت ئاساسەن، تەڭرىتاغنى يادرو قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيانى كۆرسىتىدۇ. غەربىي يۇرت تارىخى، بولۇپمۇ تەڭرىتاغنى يادرو قىلغان غەربىي يۇرت تارىخى بولسا، جۇڭگو تارىخىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى. غەربىي يۇرتتىكى تەڭرىتاغ ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى مۇھىم تاغ تىزمىسى بولۇپ، ئۇ شەرقتە ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىدىن باشلىنىپ غەربتە ماۋارەئۇننەھرگە سوزۇلغان، شەرقتىن غەربكە قاراپ بۇرۇلما پارچە تاغلاردىن تەركىب تاپقان ھەمدە بەزى تارماق تاغ تىزمىلىرىنىمۇ ھاسىل قىلغان. تەڭرىتېغىدا بىرقانچە ئويمانلىق، جىلغا ۋە يايلاقلار بولغاچقا، يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىق ئۈچۈن ئوبدان شارائىت يارىتىپ بەرگەن ھەم قەدىمكى ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ مۇھىم

غەرب - شەرق قاتناش لىنىيىسى بولمىش «يىپەك يولى»نى كونترول قىلىپ تۇرغاچقا، دۇنيادىكى بىرقانچە بۈيۈك مەدەنىيەتنىڭ جۇغلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالغان[1].

قەدىمدىن بېرى نۇرغۇن مىللەتلەر بۇ رايوندا ياشىغان ھەم پائالىيەت ئېلىپ بارغان. مىلادىيە VI ئەسىردە ئاشىنا تۈركلىرى باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، تېز سۈرئەتتە بۇ يەرگىچە كېڭەيگەن. VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللى ۋە IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۇبۇتلەرنىڭ غەربىي يۇرتقا قاراشقا چولىسى يەتمىگەندىن كېيىن، تۈركىي قوۋملار تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئاساسلىق سىياسىي كۈچ بولۇپ قالغان. X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەڭرىتاغ رايونىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۈركىي قوۋملار كەڭ كۆلەملىك ئىسلاملىشىشنى قوزغاپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن ھەممە قاراخانىيلار دەۋرىدە دەسلەپكى يېڭى مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرغان. قارا قىتان ۋە موڭغۇللار دەۋرىدە گوبىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر تۈركۈم - تۈركۈملەپ تەڭرىتاغ رايونىغا كۆچۈپ كىرگەن بولسىمۇ، تۈركىي قوۋملارنىڭ تەڭرىتاغ رايونىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولۇشتەك ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتەلمىگەن ھەم بۇ رايونلارنىڭ ئىسلاملىشىش مۇساپىسىنى توختىتالمىغان. كىتابىمدا تەڭرىتاغ رايونىنى يادرو قىلىپ تۇرۇپ، VIII—X ئەسىرلەردىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ غەربىي يۇرت (تار مەنىدىكى)تىكى پائالىيىتى ۋە تۈركىي قوۋملاردىكى ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىمەن.

يېقىنقى زاماندىن بېرى، چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن شەرقشۇناسلار تۈركىي قوۋملارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائا-

لىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، VIII—X ئەسىرلەردىكى تەڭرىتاغ رايونىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى ھەم XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شۇ مەزگىلدىكى تارىخ بىلەن مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار، بولۇپمۇ ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللار ياۋروپادا رەتلىنىپ نەشر قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈ تاشلارنىڭ ترانسكرىپسىيە قىلىنىپ ئوقۇلۇشى، تۈركشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتى ۋە XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ياۋروپالىقلارنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئەمەلىي تەكشۈرۈشلىرى، غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى يېڭى ماتېرىيال ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىنلىدى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ غەربىي يۇرت تارىخى بىلەن، بولۇپمۇ VIII — X ئەسىرلەردىكى تارىخ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ مۇھىم سەمەرىلەر بارتولدنىڭ بىر يۈرۈش ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ. رۇسىيىلىك بۇ مەشھۇر ئالىم بۇ مەزگىللەردىكى تارىخ بىلەن باغلىنىشلىق بارلىق ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللارنى دېگۈدەك تەتقىق قىلىپ، نۇرغۇن مۇھىم ۋەقەلەرنى مۇھاكىمە قىلغان ھەم تارىخىي يىپ ئۇچلىرىنى تېپىپ چىققان. ئۇنىڭ «موڭغۇللار ئىستىلاسىغىچە تۈركىستان[2]»، «يەتتەسۇنىڭ تارىخى ئوچېركى[3]»، «ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتى[4]»، «تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى[5]»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخى ھەققىدە 12 لېكسىيە[6]» قاتارلىق ئەسەرلىرى تا ھازىرغىچە مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ، تەتقىقاتىمىزدا قوللانما ۋە ئەرەب- پارسچە تارىخىي

ماتېرىياللارنى ئىزدەشتە يېتەكچى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بىراق، بارتولد ئۆزى ئېتىراپ قىلغاندەك، ئۇ خەنزۇ تىلىنى بىلمىگەچكە، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن بىۋاسىتە پايدىلىنالمىغاچقا، تەتقىقاتىدا ئاساسەن ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللارغا تايىنىۋالغاچقا، تەتقىقاتى ئاساسەن تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمى ھەققىدە بولغان.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مىنورسكىي ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى تەتقىق قىلغان. مىنورسكىي «ھۇدۇدۇلئالەم[7]»، «مەرۋىزىنىڭ كىتابىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار[8]» ۋە «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى[9]» قاتارلىق تارىخىي ماتېرىياللارنى رەتلەپ تەرجىمە قىلغان، تەتقىق قىلىپ شەرھى يازغان. بۇ تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن مىنورسكىينىڭ تەتقىقاتى بۇ كىتابنى بىۋاسىتە پايدىلىق شارائىتلار بىلەن تەمىنلىدى. مىنورسكىينىڭ ئاجىزلىقىمۇ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن بىۋاسىتە پايدىلىنالماسلىقىدا.

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن بىۋاسىتە پايدىلىنىپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملارنىڭ تۇنجىسى چاۋاننىس بىلەن فىللىئوت. چاۋاننىسنىڭ «غەربىي تۈركلەر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار[10]» دېگەن ئەسىرىنى ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن بىۋاسىتە پايدىلىنىشى ھەم باشقا تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تۈركىي قوۋملارنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى پائالىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشىدىكى تۇنجى مۇھىم ئەسەر، دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ ئەسەردىن تا ھازىرغىچە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئالىملار

پايدىلىنىۋاتىدۇ. بىراق، چاۋاننىسنىڭ تەتقىقاتى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولۇپ، مېنىڭ تەتقىقاتىم دەل مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ.

فىللىئوت كەڭ تىلشۇناسلىق بىلىمىگە ئىگە ئىدى. ئۇ جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى پىششىق بىلگەچكە، بىزگە سانسىزلىغان نازۇك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قالدۇرغان. گەرچە ئۇ VIII — X ئەسىرلەردىكى تەڭرىتاغنى يادرو قىلغان غەربىي يۇرت تارىخىنى سىستېمىلىق بايان قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شۇ مەزگىل تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغانلىقىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ[11].

غەرب ئالىملىرىدىن هامىلتون مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدىن كېيىن، مۇشۇ ئەسىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن بىۋاسىتە پايدىلىنىپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان. هامىلتوننىڭ «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار[12]»، «ستائىل خولستەيىن توپلىغان ۋەسىقىلەر ھەققىدە ئىزدىنىش[13]»، «توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇرلار[14]» دېگەن ئەسىرى يۈكسەك دەرىجىدە دىققەت ئېتىبارىمىزنى تارتىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ تەتقىقاتىدا تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ئازراق.

غەربىي يۇرت تەتقىقاتى جەھەتتە ياپونىيىلىك ئالىملار-نىڭ تەتقىقاتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇلار خەنزۇچە ماتېرىياللار-دىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلىنىش بىلەن بىرگە، ياۋروپالىقلارنىڭ تەتقىقاتى بىلەنمۇ خېلى بۇرۇن ئۇچراشقان. كىتابىمدا ياپو-نىيىلىك نۇرغۇن ئالىملارنىڭ ئىلمىي نەتىجىسىدىن پايدىلاندىم.

ياپونىيىلىك ئالىملاردىن ئابى تاكېئو ئەڭ بۇرۇن VIII — X
ئەسىرلەردىكى تەڭرىتاغ رايونىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغان. ئۇ
«غەربىي ئۇيغۇر (قۇچۇ) ئېلىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات[15]»
دېگەن ئەسىرىدە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان نۇرغۇن
كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىراق، ئۇنىڭ تارىخىي
ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تارىخىي
ماتېرىياللاردىن بىۋاسىتە پايدىلىنىش دائىرىسى ئۇنىڭ نۇرغۇن
مۇھىم خۇلاسىسى بىلەن تارىخنىڭ ئەسلىي قىياپىتى
ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چوڭايتىۋەتكەن. ياپونىيىدىكى بىر ئەۋلاد
پېشقەدەم ئالىملاردىن خانېدا ئاكىرا بەزى مۇھىم تېمىلارنى
ئوتتۇرىغا قويغان[16]. ئۇنىڭ بۇ ھەقتە ئېلان قىلدۇرغان
ئەسەرلىرى ئەينى چاغدىكى ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات
سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، كۆزقاراش
جەھەتتىن كېيىنكى تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئۈچۈن
يول كۆرسىتىپ بەرگەن.

40 — 50 - يىللاردىن بېرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىلەر
غەربىي يۇرت تەتقىقاتى ھەققىدە نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا
كەلتۈردى. يەنى، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئوتتۇرا
ئەسىرگە تەئەللۇق خارابىلەرنى تەكشۈرۈش، قېزىش ۋە تەتقىق
قىلىش، مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى رەتلەپ نەشر
قىلىش، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر پەنلەر
ئاكادېمىيىسى تۈزۈپ نەشر قىلغان جۇمھۇرىيەتلەر ئومۇمىي
تارىخى قاتارلىقلار بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە
ئىگە. لېكىن، بۇ كىتابتا بايان قىلغان مەزگىلدىكى غەربىي
يۇرت تارىخى ئۈچۈن ئېيتقاندا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى

ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، خەنزۇچە ماتېرىياللارغا بولغان تەتقىقاتمۇ يېتەرلىك ئەمەس.

دۆلىتىمىزدىكىلەرنىڭ تەڭرىتاغنى يادرو قىلغان غەربىي يۇرت تارىخىغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋاقتىنى XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى غەربىي شىمالغا بولغان ۋەتەن دەۋاسىنىڭ باش كۆتۈرۈشىدىن باشلاشقا بولىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن كېيىن، جۇڭگو ئالىملىرى ياۋروپا ۋە ياپونىيىلىكلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى ۋە تەتقىقات ئۇسۇللىرى بىلەن تونۇشتى، تەتقىقات جەھەتتىمۇ خېلى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. لېكىن، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، دۆلىتىمىز ئالىملىرىنىڭ VIII — X ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن ئىلگىرى يەنىلا چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ كەينىدە قالغان ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ تەتقىقات سەۋىيىسىدە خېلى يۇكسىلىش بولۇپ، خەلقئارالىق سەۋىيە بىلەن بولغان پەرقلەرنى كىچىكلەتتى.

بۇ تېمىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، يېقىنقى 10 — 20 يىلدىن بېرى، دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى تەتقىقات نەتىجىسىدە مۇنۇ ئىككى نۇقتا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ: بىرىنچى، قەدىمكى خوتەن ساك تىلىدىكى ماتېرىياللارغا بولغان تەتقىقات نەتىجىسى بىزنى خەنزۇچە، ئەرەب - پارسچە، قەدىمكى تۈركچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئۆزگىچە يېڭىدىن تېپىلغان يەرلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈردى. بۇ ماتېرىياللار بەزى تارىخىي جەريانلارنى ئاۋۇتۇپلا قالماستىن،

ئەڭ مۇھىمى بەزى ۋاقىتەن نىشانىلەر بىلەن تەمىنلىدى؛ ئىككىنچى، خەلقئارادىكى تۈبۈتشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتى تۈرتكىسىدە بەزى ئالىملار تۈبۈتچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خەنزۇچە خاتىرىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تۈبۈتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر يۈرۈش ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدۇرۇپ، تارىختىكى بەزى شۈبھىلەرنى ئايدىڭلاشتۇردى. شۇ ئارقىلىق تۈركىي قوۋملارنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدا ئېلىپ بارغان پائالىيىتىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن بەزى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى.

خۇلاسىلىگەندە، ئالىملارنىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى هازىرقى تەتقىقاتلار ئاساسىدا خەنزۇچە، ئەرەب ـ پارسچە ۋە باشقا يېزىقتىكى ماتېرىياللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، X—VIII ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ پائالىيىتىنى، تارىخىنى تېخىمۇ ئېنىق سۈرەتلەپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

**ئىزاھلار:**

(1) ماسىدا خىسائو: «تەڭرىتېغىنىڭ ئاسىيا تارىخىدىكى ئورنى» (1981 ـ يىلى نەشرى).

(2) بارتولد: 1898 ـ يىلى رۇسچە نەشرى، 1977- يىلى ئىنگلىزچە نەشرى.

(3) بارتولد: 1956 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى.

(4) بارتولد: 1897 ـ يىلى رۇسچە نەشرى.

(5) بارتولد: 1956 - يىلى ئىنگلىزچە نەشرى.

(6) بارتولد: 1935 - يىلى نېمىسچە نەشرى.

(7) مىنورسكىي: 1937 - يىلى ئىنگلىزچە نەشرى.

(8) مىنورسكىي: 1942 - يىلى ئىنگلىزچە نەشرى.

(9) مىنورسكىي: 1948 - يىلى ئىنگلىزچە نەشرى.

(10) چاۋاننىس: 1903 - يىلى فرانسۇزچە نەشرى.

(11) فىللىئوت بىلەن چاۋاننىس بىرگە يازغان «مانىي دىنىنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشى ھەققىدە تەتقىقاتلار» 1913- يىلى فرانسۇزچە نەشرى.

(12) ھامىلتون: 1955 - يىلى فرانسۇزچە نەشرى.

(13) ھامىلتون: 1958 - يىلى فرانسۇزچە نەشرى.

(14) ھامىلتون: 1962 - يىلى فرانسۇزچە نەشرى.

(15) ئابى تاكېئو: 1955 - يىلى ياپونچە نەشرى.

(16) بولۇپمۇ ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان غەربىي يۇرتنىڭ ئىسلاملىشىشى بىلەن تۈركلىشىشى تەڭ تەرەققىي قىلغانلىقىغا دائىر مەسىلە ھەققىدە 1973 - يىلى ياپونچە نەشر قىلىنغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە تەتقىقاتلار» دېگەن ئەسىرىنىڭ تۆتىنچى بۆلۈمى بولمىش «تۈركىي مىللەتلەر ۋە ئىسلاملىشىش»قا قاراڭ.

# مۇندەرىجە


I باب قارلۇقلارنىڭ VIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى غەربىي يۇرتتىكى پائالىيىتى ........................ 1

§1 . VIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى غەربىي يۇرت تەڭرىتاغ رايونىنىڭ ۋەزىيىتى ................ 1

§2. قارلۇقلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەرەبلەر، ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئالاقىسى ................ 8

1. قارلۇقلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ................ 8

2. قارلۇقلار بىلەن ئەرەبلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ...... 22

3. قارلۇقلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇجۇمى ............ 28

II باب ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە تۈركىي قوۋملارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيىتى ................ 77

§1. ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ................ 77

1 . ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر ................ 77

2 . مەڭلىگ تېكىننىڭ ئۆزىنى خان تىكلىشى ۋە ئۇنىڭ ئاتاققا ئېرىشىشى ................ 85

3 . تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئۇيغۇرلار-نىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى ................ 94

4 . قىرغىزلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىنى كونترول قىلىشى ................ 100

٧ . ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەن مەزگىلدىكى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ........................ 110

1 . ئىككى خىل مۇخالىپ كۆزقاراش ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى ........................ 110

2 . 840 - يىلىدىكى ۋەقەدىن كېيىنكى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار ........................ 114

3 . 840 - يىلى ئەتراپىدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى پائالىيىتى ........................ 133

III باب قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى تەرەققىياتى ........................ 189

§1 . قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ........................ 189

§2 . قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دىپلوماتىيە پائالىيىتى ........................ 211

§3 . «توققۇز ئوغۇزلار» مەسىلىسى ھەققىدە تەتقىقات ........................ 229

1 . IX ئەسىردىن بۇرۇنقى ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن توققۇز ئوغۇزلار .... 233

2 . IX ئەسىردىكى ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن توققۇز ئوغۇزلار .... 238

3 . بەلخ ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار ........................ 266

§4 . قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسى ... 274

1. «ستائىل خولستەين توپلىغان ۋەسىقىلەر»دە
تەسۋىرلەنگەن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
چېگرا - پاسىللىرى ........................... 278
2. قوزۇققا يېزىلغان ۋەسىقىدىكى «نۇچ»
بىلەن «بارىسخان» ........................... 282
3. «ھۇدۇدۇلئالەم»دىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
چېگرا - پاسىللىرى ........................... 294
IV باب تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۈركىي قوۋملار-
نىڭ پارچىلىنىشى ۋە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ
پائالىيەتلىرى ........................... 349
§1 • 893- يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشى ........................... 349
§2 • X ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى
تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۈركىي
قوۋملارنىڭ پارچىلىنىشى ........................... 358
§3 • سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى
پائالىيەتلىرى ........................... 378
1. سۇتۇقنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى پائالىيەتلىرىگە
دائىر دەسلەپكى مەزگىللەردىكى خاتىرىلەر ... 382
2. سۇتۇقنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئاساسلىق
پائالىيەتلىرى ........................... 386
3. سۇتۇقنىڭ ھايات پائالىيىتىگە دائىر يىللار
مەسىلىسى ........................... 398
4. سۇتۇقنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ
تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ........................... 406
قوشۇمچە(1) قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ مىللەت تەۋەلىكى
مەسىلىسى ھەققىدە تەتقىقات ........................... 436

قوشۇمچە(2)  مۇلھەقەتۇسسۇرراھ ـــ «سۇرراھ» لۇغەتىگە
تولۇقلىما ......................................... 470
«سۇرراھ» لۇغەتىگە تولۇقلىما ... (ئە.پ.م. جامال قارشى) ..... 477
قوشۇمچە(3)  تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە
ساياھىتى ................. (ۋ. مىنورسكىي)...... 546
1 . ئەرەبچە تېكىستى ................................ 552
2 . تەرجىمىسى ................................ 552
3 . شەرھى ........................................ 558
4 . خۇلاسە ........................................ 587
5 . قوشۇمچە ...................................... 597

# I باب قارلۇقلارنىڭ VIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى غەربىي يۇرتتىكى پائالىيىتى

## §1 . VIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى غەربىي يۇرت تەڭرىتاغ رايونىنىڭ ۋەزىيىتى

VIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ تەڭرىتاغ رايونى يەنىلا ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى بىرقانچە زور تەسىر كۈچنىڭ ئۇچراشقان جايى ئىدى[1]. شەرقتىكى تاڭ سۇلالىسى شۈەنزۇڭ خاننىڭ 30 يىلدەك ئىجتىهات بىلەن ئىدارە قىلىشى ئارقىلىق، كەييۈەن سەلتەنەت دەۋرى (713،-714)نىڭ ئاخىرى، تيەنباۋ سەلتەنەت دەۋرى (742—756) نىڭ بېشىدا تەرەققىي قىلىپ، بايلىق ۋە قۇدرەتتە چېكىگە يەتتى. 736-يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېشبالىق قورۇقچىبېگى گەي جىايۈن تۈركەشلەرنى تارمار قىلدى. تۈركەش خاقانى سۇلۇق ئەلچى ئەۋەتىپ ئەل بولۇشنى ئۆتۈندى. تيەنباۋ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 6-يىلى (747 - يىل) ئەنشى («تىنچىتىلغان غەربىي يۇرت»)نىڭ قىسقارتىلمىسى) ئورۇنباسار قورۇقچىبېگى كوسېنچى (چاۋشيەن مىللىتىدىن) گىلگىت خانلىقىنى تارمار قىلىپ، خانى بىلەن

تۇبۇت مەلىكىسىنى ئەسىرگە ئالدى. 9- يىلى (750 - يىلى) كوسىپىنچى (بۇ چاغدا ئەنشى ھىراۋۇلى بولغان) چىترالىنى[2] تارمار قىلىپ بوتمۇخانىنى ئەسىر ئالدى. جەنۇب تەرەپتىكى تۇبۇتلەر VII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن باشلاپ تىبەت رايونىدىن بۆسۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇزاق مۇددەت تاڭ سۇلالىسى بىلەن زېمىن - دائىرە تالاشتى. ئۇلار يەنە شىمالدىكى تۈركىي قوۋملار بىلەن بىرلىشىپ تاڭ سۇلالىسىگە زەربە بەردى. VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىگە كەلگەندە، ئۇلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك قوشنىسى بولۇپ قالدى. غەرب تەرەپتىكى ئەرەبلەر 674 - يىلى (ھىجرىيىنىڭ 54 - يىلى) ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى. قۇتەيبە شەرققە يۈرۈش قىلغاندا (705 — 715-يىللىرى) ئەرەبلەر شاش (ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت ئەتراپى) بىلەن پەرغانىنى بېسىۋالدى. ئۇلارنىڭ قەشقەر ئەتراپىغىچە لەشكەر ئەۋەتكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن. 737- يىلى ئەرەب سەركەردە ئەسئەد تۇخارىستاندا تۈركەش خاقانى سۇلۇقنى مەغلۇپ قىلدى. 750 - يىلى ئاباسىيە خەلىپىلىكى قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەرەبلەرنىڭ شەرقتىكى كۈچىگە تەسىر يەتمىدى.

بۇ ۋاقىتتا، شىمالدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى تەسىرى خوراۋاتاتتى. غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىزىنى بېسىپ باش كۆتۈرگەن تۈركەشلەر بىر مەزگىل تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئەرەبلەر تاقابىل تۇرالمايدىغان رەقىبكە ئايلىنىپ قالدى. لېكىن، 736 - ۋە 737 - يىللىرى تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، تۈركەش خاقانى سۇلۇقنى قول ئاستىدىكىلەر ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن

تۈركەشلەر خارابلاشتى. ئۇزاق ئۆتمەي، 745 - يىلى تەڭرىتاغ رايونىنىڭ ئىشلىرىغا قول تىقىپ كېلىۋاتقان كېيىنكى كۆك تۈرك خانلىقىنى ئۇيغۇرلار يوقاتتى. تۈركىي قوۋملار بولۇپمۇ تۈركەشلەر خارابلاشقانلىقتىن 751 - يىلى تيەنباۋ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10 - يىلى شەرق بىلەن غەربتىكى زور كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا تۇنجى قېتىم ھەم ئاخىرقى قېتىم بىۋاسىتە توقۇنۇش — تالاس ئۇرۇشى پارتلاپ، نەتىجىدە تاڭ سۇلالىسى مەغلۇپ بولدى. شۇنداقتىمۇ تاڭ سۇلالىسى بۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىقمىدى. تۈركىي قوۋملارمۇ ئۆز رولىنى ئويناۋەردى.

755 - يىلى «ئاتلاغسان — سۇقان توپىلىڭى*» پارتلىشى بىلەن، شەرقنىڭ ۋەزىيىتى تۇيۇقسىز ئۆزگەردى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى توپىلاڭنى تىنچىتىش ئۈچۈن چېگرىدىكى لەشكەرلەرنى ئىچكىرىگە يۆتكەپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئەنشى، بېشبالىق ۋە خېشى ئەتراپىدىكى تاڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرىنىڭ زور تۈركۈملەپ يادەمگە كېتىشى تۇبۇتلەرگە غەنىيمەت پۇرسەت بولدى. 763 - يىلى تۇبۇتلەر گۇەنلۇڭنى ئىگىلىۋالدى ھەم ئاستانە چاڭئەنگىمۇ ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. 764 — 766- يىللىرى لياڭجۇ، گەنجۇ، سۇجۇ قاتارلىق ئۈچ ئايماقنى بىر - بىرلەپ ئىگىلىۋالدى. 766 - يىلى گۇاجۇنى

* خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى «ئەن لۇشەن — شى سىمىڭ» ئىلگىرى «ئۆڭلۈك — سۆيگىن» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. پونولوگىيىلىك تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا بۇنداق ترانسكرىپسىيە قىلىش تامامەن خاتا. شۇڭا، پونولوگىيىلىك ترانسكرىپسىيىگە بويسۇنۇپ تەرجىمە قىلدىم — ت.

ئىگىلىۋالدى. 781 - يىلى يىجۈنى، 787 - يىلى بولسا شاجۈنى ئىگىلىۋالدى. تاڭ سۇلالىسىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، تۈبۈتلەر كېڭەيمىچىلىك قىلىۋاتقاندا، ئۇيغۇرلار تەرەققىي قىلىپ موڭغۇلىيە يايلاقلىرىدىكى قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ قالدى ھەم تەدرىجىي كېڭىيىپ تەسىر كۈچى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىغىچە يېتىپ باردى.

ئەينى چاغدا ئەنشى بىلەن بېشبالىقنى يەنىلا تاڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى ساقلاۋاتاتتى. گەرچە ئۇلار تۈبۈتلەر ئىگىلىۋالغاچقا، تاڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى ئۇيغۇرلار تەۋەلىكىدىكى يوللار ئارقىلىق ئوردا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ساقلاپ قالالىغان ئىدى. 789 — 792 - يىللىرى ئۇيغۇرلار بىلەن تۈبۈتلەر بېشبالىقنى تالىشىش ئۇرۇشىنى ئېلىپ باردى. موريياسۇ تاكائونىڭ بىر يۈرۈش تەتقىقاتى[5]غا ئاساسلانغاندا، ئۇرۇشتا تۈبۈتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولمىش قارلۇقلار بىر مەھەل ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلىپ، بېشبالىقنى تارتىۋالدى. لېكىن، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى (791 - يىلى)دا ئۇيغۇرلارغا قۇتلۇغ بىلگە قاغان خان بولغاندىن كېيىن، ئاخىر تۈبۈتلەرنى يېڭىپ بېشبالىق رايونىنى ئىگىلىدى. VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلار تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىنى، تۈبۈتلەر تارىمنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي رايونىنى كونترول قىلدى.

VIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى تەڭرىتاغىنى يادرو قىلغان غەربىي يۇرتقا دائىر تارىخىي ۋەقەلەرگە نىسبەتەن بارتولد 751 - يىلدىكى تالاس ئۇرۇشىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. بۇ ئۇرۇش غەربىي يۇرت تارىخىدا شۈبھىسىزكى، ناھايىتى

مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ ئۇرۇش شەرقىي ئاسىيا مەدەنىيىتى بىلەن غەربىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ بۇ زېمىندا يېتەكچى ئورۇنغا ئېرىشىشىنى بەلگىلىگەن، دەپ قارايدۇ[6]. لېكىن، مورىياسۇ تاكائو «بۇ باھا تاشقى ھادىسىلەرنىڭ چەكتىن ئاشۇرۇپ كۆپتۈرۈلۈشى[7]» دەپ قاراپ، 789 — 792 - يىللىرىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تۈبۈتلەرنىڭ بېشبالىقنى تالىشىش ئۇرۇشىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ: «بۇ توقۇنۇش ھازىرغىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ھەم كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى يۈزلىنىش خاراكتېرلىك تېخىمۇ زور ۋەقەلەرگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭ مۇھىملىقى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ — تالاس ئۇرۇشىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. چۈنكى، ئەگەر ئۇيغۇرلار بۇ ئۇرۇشتا يېڭىلسە، كېيىنكى كۈنلەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركىي قوۋملارنىڭ قولىدا بولۇشى ئۈچۈن داغدام يول ئاچاتتى» دەيدۇ[8].

ھەقىقەتەن 751 - يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى بۇ مەغلۇبىيەت بىلەن غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىقمىدى[9].

تيەنباۋ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 12 - يىلى (753- يىلى) ئەنشى ھىراۋۇلى فىڭ چاڭچىڭ يەنە بالتىستانغا قوشۇن تارتىپ، «تارمار كەلتۈرۈپ، ئەل قىلىپ قايتقان» («ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» 6920 - بەت) تاڭ سۇلالىسى خېشىنىڭ لوڭيۇۋدىمۇ تۈبۈتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. تارىخىي مەنبەلەردە، بۇ دەۋردە جۇڭگونىڭ قۇدرەت تاپقانلىقى مەدھىيىلىنىش بىلەن، «ئەنيۈەن قوۋۇقىدىن باشلاپ

تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەغرىب چېگرىسىغىچە بولغان 2000 چاقىرىم ئارىلىقتا مەھەللىكويلار تۇتۇشۇپ، زىرائەتلەر دالانى قاپلاپ كەتكەن» دەپ يېزىلغان («ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» 6919 - بەت). تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىقىشىدىكى تۈپكى سەۋەب، ھەقىقەتەن گىبب ئېيتقاندەك[10]: «تالاس ئۇرۇشىدەك تاسادىپىي يۈز بەرگەن ۋەقەدىن ئەمەس، بەلكى 757- يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوشۇنلارنىڭ تۇپىلاڭنى تىنچىتىشىپ بېرىش ئۈچۈن ئىچكىرىگە كەتكەنلىكىدىن بولغان». لېكىن، غەربىي يۇرتنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، تالاس ئۇرۇشىنى غەربىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ شەرققە قاراپ تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم بەلگە، دەپ قاراشقا تامامەن بولىدۇ.

مورىياسۇ تاكائونىڭ كۆزقارىشىنىڭ مۇئەييەن ئاساسى بار. چۈنكى ئۇ، غەربىي تۈركلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىگىچە بولغان بىرقانچە ئەسىردىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيىتى بىلەن بۇ رايوننىڭ ئاخىر تۈركلىشىشىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە دىققەت قىلغان. لېكىن، ئېنىقكى ئۇنىڭ بۇ رايوننىڭ تۈركلىشىش بىلەن ئىسلاملىشىش مۇناسىۋىتىگە بولغان دىققىتى يېتەرلىك بولمىغان، كېيىنكى تەرەققىياتتىن قارىغاندىمۇ تۈركىي مىللەتلەر بۇ رايوننىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىگە ئايلىنىۋاتقان ۋاقىتتا دەل ئۇلارنىڭ ئىسلاملىشىشنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باشلىغان مەزگىل ئىدى. شۇڭا، VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى تالاس ئۇرۇشى بىلەن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىقنى ئىگىلىۋېلىشىدەك بۇ ئىككى مۇھىم ۋەقەنى غەربىي يۇرت ۋە تەڭرىتاغ رايونىنىڭ

بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىدىن بېشارەت بېرىدىغان ئىككى يۆنىلىش بەلگىسى، دەپ قاراشقا تامامەن بولىدۇ.

VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەنگە قەدەر بولغان غەربىي يۇرت تارىخى يېقىنقى يىللاردىن بېرى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى بىر مۇنچە ئالىملارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئالىملار تۇبۇتلەرنىڭ بۇ باسقۇچتىكى رولىغا ئەھمىيەت بېرىپ، خەنزۇچە، تىبەتچە، ئۇيغۇرچە ۋە ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشقا دىققەت قىلىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلار، تۇبۇتلەر، ئەرەبلەر ۋە تۇركەشلەرنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل مەسىلىلەر ھەققىدە ئىزدەندى. بۇ بىزنىڭ غەربىي يۇرت تارىخىغا بولغان تونۇشىمىزنى ئۆستۈردى.

لېكىن، بۇ ئالىملار ئوخشىمىغان سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئېنىق ھالدا قارلۇقلارنىڭ بۇ باسقۇچتىكى پائالىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىشكە سەل قارىدى. مەسىلەن، بېكۇس «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇبۇت ئىمپېرىيىسى[11]» دېگەن كىتابىنىڭ قوشۇمچە تېمىسىنى «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى تۇبۇت، تۈرك، ئەرەب ۋە جۇڭگونىڭ زومىگەرلىك تالىشىش تارىخى» دەپ قويغان.

مەزكۇر كىتابتا تۇركەشلەرنىڭ پائالىيىتىگە ئاتاپ زور سەھىپە ئاجراتقان بولسىمۇ، قارلۇقلارغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار بەكمۇ ئاز (5 -، 6 - بابقا قاراڭ). مورىياسۇ تاكائو «ئۇيغۇرلار بىلەن تۇبۇتلەرنىڭ بېشبالىقنى تالىشىش ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىگە تولۇقلىما» دېگەن

ماقالىسىدە قارلۇقلارغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى تولۇقلىغان[12]. لېكىن ئۇ، ئاساسەن يامادا نوبۇئونىڭ «تۈركلەر ۋە سوغدى سودىگەرلەر»، «تۈركىستاننىڭ شەكىللىنىشى»، خانېدا تورونىڭ «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، ئۇچىدا گېنپۇنىڭ «دەسلەپكى مەزگىللەردىكى قارلۇق تارىخىغا دائىر تەتقىقات» قاتارلىق سەمەرىلەردىن پايدىلانغان.

ھازىرغىچە قارلۇقلارغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلاردا تۈبۈت ۋە ئۇيغۇرلارغا دائىر يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولمىغاچقا، تارىخى رېئاللىق بىلەن چوڭقۇر پەرق ساقلىنىۋاتىدۇ[13]. شۇڭا، VIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى تەڭرىتاغنى يادرو قىلغان غەربىي يۇرت تارىخىدا قارلۇقلار كەم بولسا بولمايدۇ

## §2. قارلۇقلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەرەبلەر، ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئالاقىسى

### 1. قارلۇقلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى

تەخمىنەن سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شەكىللەنگەن قارلۇق قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى[14] ئالتۇنتاغ (ھازىرقى ئالتاي تاغلىرى)نىڭ غەربىدە چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن

بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنى كۆك تۈركلەر بىلەن غەربىي (قارا) تۈركلەرنىڭ ئارىلىقىدا بولغاچقا، دېگۈدەك ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي كۈرىشىگە ئارىلىشىپ قالاتتى. يەنى «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى. قارلۇقلار» دا خاتىرىلەنگىنىدەك، «ئۈچ قوۋم كۆك تۈركلەر بىلەن غەربىي تۈركلەر ئارىسىدا بولغاچقا، ئىككى تەرەپنىڭ گۈللىنىش - خارابلىشىشىغا قاراپ ئىش تۇتقاچقا، بويسۇنۇش - يۈز ئۆرۈش دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىش ئىدى» (6143- بەت). 744 - يىلى قارلۇقلار باسمىللار ۋە ئۇيغۇرلارغا ئەگىشىپ كۆك تۈرك خانلىقىنى يوقاتتى. 745 - يىلى يەنە ئۇيغۇرلارغا ئەگىشىپ باسمىللارغا زەربە بېرىپ، ئۇيغۇر ئاتامانىنى خان قىلىپ تىكلىدى. «يېڭى تاڭنامە» قاتارلىق خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، جىددىي سەلتەنەت دەۋرى (756 — 758)نىڭ ئاخىرلىرىدا، قارلۇقلار «ئۇيغۇرلار بىلەن زومىگەرلىك تالىشىپ ئون ئوق يېرىگە كۆچۈپ، سوياب، تالاسنىڭ ھەممە يېرىنى ئىگىلىۋالدى.»

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، بارتولد قاتارلىقلار «سوياب، تالاسنىڭ ھەممە يېرىنى ئىگىلىۋالغان» ۋاقىتنى 766- يىلى دەپ بېكىتكەن[15]. نۇرغۇن ئالىملارمۇ بۇ كۆزقاراشنى مەقبۇل كۆرگەن. مەسىلەن، چاۋاننىس «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن كىتابىدا «قارلۇقلار ئون ئوق يېرىگە تەدرىجىي كۆچۈپ بېرىپ تەخمىنەن 766 - يىلى غەربىي تۈرك يابغۇ قاغانى ئوردا قىلغان سوياب، تالاستىكى شەھەرلەرنى ئىگىلىگەن[16]» دەيدۇ. لېكىن، بارتولد قاتارلىقلارنىڭ 766 - يىلى دەۋىلىشى بىچۇرىننىڭ تارىخىي ماتېرىياللارنى خاتا تەرجىمە قىلىشىدىن كېلىپ چىققان. بىچۇرىن «قەدىمكى

زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرگە دائىر ئاخباراتلار توپلىمى» (1851 - يىلى) دا «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسىنىڭ داۋامى» (6069 - بەت) دىكى «دالى سەلتەنەت دەۋرىدىن كېيىن، قارلۇقلار كۆچىيىپ سوياب دەرياسى ۋادىسىغا كۆچتىلەر»نى «دالى يىللىرىدا 766 - يىلى قارلۇقلار كۆچلىنىپ كەتتى ھەم سوياب دەرياسى رايونىغا كۆچتى[17]» دەپ خاتا تەرجىمە قىلغان. 766 - يىلى دېگەننى بىچۆرىن ئۆزى قېتىۋالغان بولۇپ، ھېچقانداق ئاساسى يوق.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن بېرى «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دىكى بىرنەچچە قۇر خاتىرە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كېلىۋاتىدۇ[18].

«تېرخىن مەڭگۈ تېشى»:

(27 - قۇر) بەن ئانتاك ئىسرە ئىت يىلقا ئۈچ قارلۇق يابلاق ساقىنىپ تەزە باردى. قۇرىيا ئون ئوق (بق)ا (تەرجىمىسى: ... دىن كېيىن ئىت يىلى (746 - يىلى)دا ئۈچ قارلۇقلار بۇزۇلۇپ ئون ئوق يېرىگە قاچتى).

«مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»:

(10 - قۇر) تاقىغۇ يىلقا... بودۇن... ئۇن تۇيۇپ...

(11 - قۇر) ئۈچ قارلۇق يابلاق ساقىنىپ تەزە باردى. قۇرىيا ئون ئوق( قـ )ا كىرتى. (تەرجىمىسى: توخۇ يىلى (745 - يىلى)... خەلق...سېزىپ قېلىپ ...ئۈچ قارلۇقلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ قاچتى. غەربتىكى ئون ئوق يېرىگە كىردى).

بەزى ئالىملار بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ 745- يىلى ياكى 746- يىلى قارلۇقلار كونا ئىتتىپاقدىشى ئۇيغۇرلارنىڭ سىقىشى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ غەربى ۋە يەتتەسۇ رايونىغا كۆچۈپ بارغان، دەپ

قارايدۇ[19]. ئۇلار يەنە قارلۇقلار تالاس ئۇرۇشىغا قاتناشقان ۋە كېيىن شاش ئېلىگە ئەگىشىپ تاڭ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرۇشقا كەلگەن. بۇ دەل ئۇلارنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان جايلارغا كۆچۈپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ[20]. لېكىن، قارلۇقلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىگە مۇناسىۋەتلىك بۇنداق كۆزقاراشلار پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

746 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ھەقىقەتەن بىر قىسىم قارلۇقلار گوبىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئانا يۇرتى ئالتۇنتاغنىڭ غەربىگە قايتقان. «تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»نىڭ 100 - جىلد «قارلۇق ئېلى» (1787 -، 1788 - بەت)دا باسمىل، ئۇيغۇر ۋە قارلۇقلار تۈركلەرنىڭ ئۆزمىش قاغانىنى ئۆلتۈرگەنلىكى(744-يىلى)[21]، ئۇيغۇر ۋە قارلۇقلار باسمىل قاغانىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ھەم «قارلۇق ۋە توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى قايتىدىن ئۇيغۇر تۇنيابغۇنى خانلىققا كۆتۈرگەنلىكى (745 - يىلى)[22] دەك ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ خاتىرە ئاساسەن «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دىكى خاتىرە بىلەن ئوخشاش. يەنە «شۇنىڭدىن كېيىن، قارلۇقلار ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە ئايرىم - ئايرىم تۇتۇق بەلگىلىدى. ئالتۇنتاغ ۋە بېشبالىق تەۋەسىدىكىلەرگە ئايرىم يابغۇ بېكىتىپ ھەر يىلى ئولپان تاپشۇرۇپ تۇردى[23]». بۇ خاتىرە «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»: (28 - قۇر) «ئۈچ قارلۇق لاغزىن يىلقا توقۇز تاتار...[24] توقۇز بۇيرۇق ...[25] ئېلىڭ سەنگۈن قارا بودۇن تۇريان قانگىم قانتا ئۆتۈنتى» (تەرجىمىسى ...چوشقا يىلى (747 - يىلى) ئۈچ قارلۇق، توققۇز تاتار توققۇز بۇيرۇق... سەركەردە ۋە پۈتۈن

پۇقرالار ئاتامىنى خانلىققا تەكلىپ قىلدى)دىكى قارلۇقلار ئۆتۈكەن تېغىدا قېپقالغان قارلۇق قوۋملىرىنى[26] كۆر-ستىدىغانلىقىنى شەرھلەپلا قالماي، تېخى يەنە بۇ ئىككى مەڭگۇ تاش بىر قىسىم قارلۇقلارنىڭ قېچىپ كەتكەن كونكرېت ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەسلىدە ئۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن ئارازلىشىپ قالغاندىن كېيىن، «ئون ئوق يېرى»دەك چوڭراق رايوننىڭ شەرقىگە[27] قاچقان بولۇپ، ھەرگىزمۇ تۈركەشلەرنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمى ياكى يەتتەسۇ رايونىنى ئىگىلىۋالغانلىقىدىن بولغان ئەمەس.

قارلۇقلارنىڭ ئورنىنى تيەنباۋ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 11-، 12 - يىلى (752 -، 753 - يىلى) دىكى ئايباشنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيانىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 753 - يىل 5 - ئايدا ئايباش گوبىدا ئۇيغۇرلارغا يېڭىلىپ غەرب تەرەپكە قاراپ قېچىپ ئۆزىنى قارلۇقلارنىڭ قوينىغا ئاتقاندا، قارلۇق يابغۇسى ئۇنى تاڭ سۇلالىسىگە تۇتۇپ بەرگەن. تاڭ سۇلالىسى قارلۇق يابغۇسى تۇن بىلگىگە «ئالتۇنتاغ خانى» ئۇنۋانىنى بېرىپ، بېشبالىقنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن[28]. «ئالتۇنتاغ خانى» دېگەن ئۇنۋان ئېنىقكى ئۇنىڭ تۇرغان ماكانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىلگىرى كەيۈەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4 - يىلى(716 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى تۈرك بەگچۇرنىڭ توپىلىڭىغا قاتناشقان ئۈچ قارلۇقلارنى «ئىشقىلىپ ئانا يۇرتى بولغاندىكىن، ئالتۇنتاغقا ئورۇنلاشسۇن» دەپ قارار چىقارغان («كىتابلار جەۋھىرى»). كەيۈەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 29 - يىلى (741 - يىلى) تۈركلەردە ئىچكى قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندە، تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر، قارلۇق، باسمىللارنى ئۆز

يېنىغا تارتقان. قارلۇقلارغا نىسبەتەن يەنىلا «ئانا يۇرتى ئالتۇنتاغنىڭ سۈيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپلىرى مول، قەبىلىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇ يەرگە قايتىپ، پۇقرانى ئەمىن تاپتۇرۇپ، ئاسايىشلىق بەرگەن»(«كىتابلار جەۋھىرى»). «ئالتۇنتاغ خانى» دېگەن ئۇنۋان ھېچبولمىغاندا، قارلۇقلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ يەنىلا ئالتۇنتاغ ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە «كونا تاڭنامە. ھۇن جيەن تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئايباش ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن سۇفاڭ (ئۇستۇن تەرەپ) ھىراۋۇلى ئەن سىشۇن[29] ھۇن جيەننى ئەۋەتىپ «قوشۇننى ئەگىتىپ ماڭدۇرۇپ، قارلۇقلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ قۇم ئارقىلىق تۇلاس تېغىنى بۇلاپ - تالاپ، ئايباشنىڭ[30] ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتكەن» . «قۇم» تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي ئۈچىدىكى چۆللۈكنى كۆرسىتىدۇ[31]. تۇلاس تېغى بولسا قوچۇنىڭ شىمالىدىن 1500 چاقىرىم كېلىدىغان تۇلاس دەرياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك[32]؛ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» بىلەن «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا «تۇلاس دەرياسى» دەل ئېرتىش دەرياسىدۇر، دەپ كۆرسىتىلىدۇ[33]. تۇلاس تېغىمۇ مۇشۇ ئەتراپتا بولۇشى كېرەك. «ھۇدۇدۇلئالەم»دە تۇلاس دېگەن بىر تاغ ئىسمى بار. مىنورسكىي «زەپەرنامە»دە تۇلاس تېغى ئېرتىش دەرياسىنىڭ شەرقىدە دېگەن خاتىرىگە ئاساسەن بۇ تاغنى ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى) دەپ بېكىتكەن[34]. مەرۋىزى كىتابىدا «قارلۇقلار ئىلگىرى تۇنىس (= تۇلىس) تېغى، يەنى ئالتۇنتاغدا تۇرغان ئىكەن» دەپ دەلىللەيدۇ[35]. دېمەك، تۇلىس تېغى[36] ئالتۇنتاغدۇر. ھۇن جيەن قۇمنىڭ شىمالى ئارقىلىق تۇلىس

تىغىنى بۇلاپ ـ تالاپ، قارلۇقلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئايباشقا زەربە بەرگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا قارلۇقلار يەنىلا ئالتۇنتاغ ئەتراپىدا ئىدى.

قارلۇقلارنىڭ تالاس ئۇرۇشىغا قاتناشقانلىقى، ئۇلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمى ياكى يەتتەسۇ رايونىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرەلمەيدۇ. تاڭ سۇلالىسى سىرتقا قاراتقان ئۇرۇشلاردا دائىم باشقا قەبىلىلەرنىڭ كۈچىدىن پايدىلىناتتى. بۇ بىر جەھەتتىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلىكتە ئۇرۇشلۇق قوشۇنى ياكى چىقارغان لەشكىرىي كۈچىنىڭ كۆپ ئەمەسلىكىدىن[37] بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرى «ئۆز گۆشىدە ئۆز يېغىنى قورۇش» دەك ئادەتلەنگەن ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقىدىندۇر. مەسىلەن، كەييۈەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ8-يىلى (720 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى باسمىللارنى غەربكە، تاتابى ۋە قىستانلارنى شەرقكە ئەۋەتىپ كۆك تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلدۇرغان[38]. كەييۈەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10 - يىلى سارىغ (قەدىمكى قەشقەر، خەنزۇچە ئاتىلىشى سۇلى) نىڭ نائىب ئەلچىسى جاڭ سىلى خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەردىن 4000 كىشىلىك پىيادە ۋە ئاتلىق لەشكەر تەشكىللەپ، تۈبۈتلەرگە زەربە بېرىپ گىلگىتنى قۇتقۇزۇۋالغان[39].

تاڭ سۇلالىسى قارلۇقلارنىمۇ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغان. كەييۈەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5- يىلى (717 - يىلى) تۈركەشلەر تۈبۈتلەر بىلەن بىرلىشىپ تۆت بازارنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، بارسخان بىلەن شاشنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا، ئەنشىدىكى سەركەردىلەر ئۈچ قارلۇقلارنى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ ئۇلارغا

زەربە بەرگەن[40]. بۇنداق ئۇرۇشقا قاتناشقان قوۋملارنىڭ جەڭگاھنىڭ ئۆزىدە بولۇشى ناتايىن، بەزىلىرى تېخى خېلى يىراق ئارىلىقتا بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە كوسېنچى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا لەشكەر تارتقان ئىككى قېتىمنىڭ تۇنجى قېتىمىدا، يەنى تيەنباۋ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 9- يىلى (750 - يىلى) شاش ئېلىگە لەشكەر تارتقاندا قارلۇقلار قاتناشمىغان[41]. ئۇ قېتىملىق لەشكەر تارتىش ئادىل بولمىغانلىقتىن «ئۇياقتىكى قوۋملار دەرغەزەپ بولۇپ، ئەرەبلەر بىلەن بىرلىشىپ تۈت بازارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇشقان». ئاقىۋەت «كوسېنچى قورقۇپ كېتىپ» نەچچە تۇمەنلىك زور قوشۇن باشلاپ[42] قايتا ئاتلانغاندا، ئاندىن تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا يېقىن جايدىكى قارلۇقلارنى سەپەرۋەر قىلغان ھەم تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن قارلۇق ئەلچىلىرى تيەنباۋ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 11 - يىلى (752 - يىلى) 2 - ئايدا، 11- ئايدا؛ 12- يىلى 4 - ئايدا، 12 - ئايدا ئاستانە چاڭئەنگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى، 12 - يىلى 4 - ئايدا كەلگەنلەرنىڭ سانى 130 كىشىگە يەتكەنلىكىنى بايقايمىز[43]. 13- يىلى (754- يىلى) 5 - ئايدا، قارلۇقلارنىڭ ئايباشىنى تۇتۇپ بەرگەنلىك تۆھپىسىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسى خان مۆھۈرى بېسىلغان نامە چۈشۈرگەن[44].

بۇلار قارلۇقلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، «ھەر يىلى ئولپان تاپشۇرۇش» ئادىتىنى توختاتماي داۋاملاشتۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماي، يەنە تالاس ئۇرۇشىدا تاڭ سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلغان قارلۇق قوۋملىرى سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلغان بولۇشى

مۇمكىنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قارلۇقلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى تالاس ئۇرۇشىغا پەقەت قاتناشمىغان[45]. ئەلۋەتتە، «قارلۇقلار تالاس ئۇرۇشىغا قاتناشقان»لىقى بىلەن قارلۇقلار ئەينى چاغدا تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچۈپ كېلىپ بولغان، دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولمايدۇ. يەنە «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دا بۇ ئۇيغۇر قاغان (747 — 759 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)نىڭ قارلۇق، تۈركەشلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى نەچچە رەت خاتىرىلەنگەن (جەنۇب تەرەپ بىرىنچى قۇردا)، مويۇنچۇرنىڭ توشقان يىلى (751 - يىلى) ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۈچ قارلۇقلارنى تارمار قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، تۈركەشلەر تىلغا ئېلىنمىغان[46]. ئېنىقكى، ئەينى چاغدا قارلۇقلار ئون ئوق يېرىنىڭ شەرقىدە بولۇپ، تېخى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا كىرمىگەن ئىدى.

ئۇنداقتا، قارلۇقلار ئالتۇنتاغدىن قاچان ئايرىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا كىرگەن؟

كەييۈەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 27 - يىلى (737 - يىلى) سۇلۇق قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىچكى مالىمانچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان تۈركەشلەرنىڭ يەنىلا تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدە پائالىيەت قىلغانلىقىنى بىلىمىز.

تيەنباۋ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى (742 - يىلى) تۈركەش قەبىلىسى قارا ئۇرۇق (سۇلۇق قەبىلىسى) تىن ئېل ئېتمىش قۇتلۇغ بىلگە[47] قاغانلىقىنى بەردى. 3 - يىلى (744 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا «ئون ئۇرۇقنىڭ قاغانى» دېگەن ئاتاقنى بەردى[48]. بۇ قاغاننىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى سويابتا

بولماسلىقى مۇمكىن[49]. ئەمما، 3 ـ 4 يىل ئىچىدە ئۇنىڭ كۈچى ئېشىپ سوياب شەھىرىنى ئىگىلەپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئاڭلىماس بولۇۋالغان[50]. شۇنىڭ بىلەن، تيەنباۋ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7- يىلى (748 - يىلى) بېشبالىق ھىراۋۇلى ۋاڭ جېڭجيەن سوياب شەھىرىنى ئىگىلەپ ۋەيران قىلىۋەتكەن[51]. 2- يىلى تاڭ سۇلالىسى قۇتلۇغ بىلگە كۆلچە ئېبال قاغان دەپ قايتىدىن ئاتاق بەرگەن[52]. تيەنباۋ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10 - يىلى (751 - يىلى) تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن تۈركەشلەرنىڭ قارا ئۇرۇق قاغانى تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاۋەرگەن. ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەنلىكىگە دائىر ئاخىرقى خاتىرە چەنيۈەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى (759 - يىلى) يېزىلغان. لېكىن، ۋاڭ جېڭجيەننىڭ سويابنى ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىگە قاراپ تۈركەشلەرنىڭ مەركىزى غەربكە كۆچكەن بولۇشى مۇمكىن دېيىشكە بولىدۇ.

كوسېنچىننىڭ ئەرەبلەرگە زەربە بەرگەندە تۈركەشلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرمەسلىكى ئۇلارنىڭ ئاجىز ھەم تارقاقلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنداق ۋەزىيەت قارلۇقلارنىڭ غەربكە يۆتكىلىشىگە شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

ئۇيغۇرلار تېخىمۇ كېڭەيمىچىلىك قىلىۋەرگەنلىكتىن، قارلۇقلار غەربكە يۆتكەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇيغۇرلار قىرغىزلارنىڭ جاجىسىنى بەرگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى. قىرغىزلار»دا قىرغىزلارنى چەنيۈەن سەلتەنەت دەۋرى (758 —760 - يىللىرى)دە «ئۇيغۇرلار تارمار قىلغاندىن بېرى جۇڭگوغا

كېيىلەلمەس بولۇپ كەتتى» دېيىلگەن. بۇنى «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە چەنيۈەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى ئىدى، دەپ ئىزاھلىغان[53]. قىرغىزلار بىلەن قارلۇقلار قوشنا ئىدى، ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن باشلاپ ئىككى تەرەپ ئىتتىپاقلىشىپ ئۇيغۇرلارغا قارشى تۇرغان. «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»دا «(23 - قۇر)...قىرغىز خانى تۇمەن (تاغ) (24 - قۇر)دا بارگاھ تىكلەپتۇ. ئۇ ئىتتىپاقداشلىرىغا ئايغاقچى ئەۋەتىپتۇ. بىزنىڭكىلەر ئايغاقچىلارغا ھۇجۇم قىلىپ تىل تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ تىل (25- قۇر) بىرىسى ئۇلارنىڭ قاغانى بىلەن ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. لېكىن، قارلۇقلار ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ قېشىغا كەلمەپتۇ دېگەن،[54]» دەپ خاتىرىلەنگەن. قىرغىزلارنىڭ جاجىسىنى يەپ «جۇڭگوغا كېيىلەلمەس بولۇپ كەتكەن» لىكى جەنۇب تەرەپكە كېيىلەلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كىرىش يولىغا شىمالدىن كېلىدىغان تەھدىتنى يوقىتىشى، تەبىئىي ھالدا ئالتۇنتاغنىڭ غەربىدىكى قارلۇقلارغا زور بېسىم پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ غەربكە يۆتكىلىشكە مەجبۇر قىلغان. قارلۇقلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلۇپ ئەركىن تەرەققىي قىلىشنى ئۈمىد قىلغاچقا، خۇشاللىق بىلەن غەربكە قاراپ كۆچكەن. «تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» نىڭ 100 - جىلد «قارلۇق ئېلى»دا تىلغا ئېلىنغان «جىدې سەلتەنەت دەۋرى[55] (756 — 758 - يىللىرى)دىن كېيىن قوۋمى ئاۋۇدى. ئۇيغۇرلارنى ياغى بىلىپ ئون ئوق قاغانىنىڭ يېرىگە كۆچۈپ كەتتىلەر» دېگەن مەزمۇنلار يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق كۆچۈش بىردەملىك ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. «تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا

دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»دە يەنە «ھازىر سۇياب، تالاستىكى شەھەرلەرنى تامام ئىگىلىۋالدى» دېگىنىنى ئىنچىكە ئويلاپ كۆرسەك، ئۇ شەھەرلەرنى تەدرىجىي ئىگىلىۋالغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز. «يېڭى تاڭنامە»دە تىلغا ئېلىنغان «دالى سەلتەنەت دەۋرى (766 — 779 - يىللىرى)دىن كېيىن» دېگەن ۋاقىت ئېھتىمال مۇشۇ جەرياننى كۆرسەتسە كېرەك. تۈركەشلەر خارابلىشىۋاتقاندا، قارلۇق قوۋمىدىن تۈركەشلەر دائىرىسىگە كۆچكەنلەر بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، تيەنباۋ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 12-، 13 - يىللىرى (753-، 754 - يىللىرى)دا ھېچبولمىغاندا قارلۇقلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى يەنىلا ئالتۇنتاغنىڭ غەربىدە ئىدى. جىدې سەلتەنەت دەۋرىدىن كېيىن قارلۇقلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى غەربكە كۆچكەنلىكتىن، كۇنسايىن خارابلىشىۋاتقان تۈركەشلەر قارلۇقلارغا قارام بولۇپ قالغان ھەم بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قارلۇقلار ئەرەبلەر بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىدىغان دەۋرگە قەدەم قويغان.

غەربتىكى ئەرەب يىلنامىلىرىدا بۇنداق ئەھۋاللار ۋاقتىدا مەلۇم قىلىنغان. «تارىخى يەئقۇبى»نىڭ يىلنامە قىسمىدا خاتىرىلىنىشىچە ئابباسىيلارنىڭ خەلىپىسى مەھدى (775 — 785 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ھەرقايسى ئەللەرنى قارام قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتكەن. بۇ ئەللەرنىڭ كۆپ قىسمى، يەنى قارلۇق يابغۇسى، تۈرك تارخانى، تۈبۈت شاھى جەھۇران، چىن پەغپۇرى ۋە تۇققۇز ئوغۇز خاقانى قاتارلىقلار بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[56]. بۇ ئەرەب - پارس تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى قارلۇقلار بىلەن ئەرەبلەر مۇناسىۋىتىگە ئائىت ئەڭ دەسلەپكى خاتىرە، بۇ خاتىرىدىكى «تۈرك تارخانى»نى بارتولد شاشنىڭ

ھۆكۈمرانى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ[57]. دېمەك، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە يابغۇ باشچىلىقىدىكى قارلۇقلارنىڭ بىر ئاساسىي كۆچى بارلىقى ئېنىق. ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن ۋاقتىنى تەخمىنەن VIII ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. بىز ئەلۋەتتە بۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلىپە مەھدىگە بويسۇنغانلىقىنى بىلدۈرگەن خاتىرىنى تارىخىي رېئاللىق بىلەن ماس كېلىدۇ، دەپ قارىمىساقمۇ، ئەينى چاغدا قارلۇقلار بىلەن ئەرەبلەرنىڭ دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى شۈبھىسىز. «تارىخى يەئقۇبى» نىڭ بىر يېرىدە قارلۇق يابغۇسى خەلىپە مەھدىنىڭ قولىدا ئىمان ئېيىتتى دېيىلگەن[58].

بۇ بەلكىم قارلۇقلار بىلەن ئەرەبلەرنىڭ دوستانىلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك ئازدۇر - كۆپتۇر مەلۇمات بار. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇر تەزكىرىسى. قىرغىزلار»دا خاتىرىلىنىشىچە قىرغىزلار، ئەرەبلەر، تۈبۈتلەر ۋە قارلۇقلار بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇشىدىكەن. خۇلاسە كالام، VIII ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىغا كەلگەندە قارلۇقلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالغانلىقى ھەم غەرب تەرەپتىكى ئەرەب قوشنىسى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاۋاتقانلىقى مۇقەררەر.

ئۇنداقتا قارلۇقلار تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە قاچان كېڭەيگەن؟ ئالىملار ئۇلارنىڭ جەنۇبقا كېڭەيگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرسىمۇ، جەنۇبقا كېڭەيگەن ۋاقىت مەسىلىسىدە ئىجابىي جاۋاب بېرىشەلمىدى.

VIII ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىدىكى پەرغانىگە دائىر ئەرەب - پارسچە تارىخي ماتېرىياللاردا، بىز قارلۇقلارنىڭ ئىزناسىنى ئۇچراتمىدۇق. ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە ئاباسىيلارنىڭ خەلىپىسى مەنسۇر (754 — 775 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) پەرغانىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. ئۇ چاغدا پەرغانە خانى قەشقەردە تۇرىدىكەن. ئەرەبلەر بىلەن پەرغانىلىكلەر كەسكىن جەڭ قىلىپ، ئاخىر پەرغانە شاھى سۇلھى تىلىگەچكە، سانسىز مال - دۇنيا تۆلىگەن ئىكەن[59]. بۇ ۋەقە بەلكىم مەنسۇر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن[60]. بۇ ئىشتىن ئۇزاق ئۆتمەي، ماۋارە- ئۇننەھردە بىر قېتىملىق مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ[61]، «سوغدىيانىيە بىلەن پەرغانە مالىمانلىشىپ كەتكەچكە ... (ئاباسىيە) دائىرلىرى ئەھمەد ئىبنى ئەسئەدنى پەرغانە خانى تۇرىدىغان كۈسەن شەھىرىگە ئەۋەتكەن[62]». بۇ ئىككى ۋەقەدىمۇ قارلۇقلارنىڭ ئىزناسىنى ئۇچرىتالمايمىز. 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋوكۇڭ راھىبمۇ ئەنەكتەك ئىلىدىن غەربىي يۇرت ئارقىلىق مەشرىققە قايتىشىدا پەرغانىدە قارلۇقلار بارلىقىنى ئاڭلىمىغان ئىكەن. ئېنىقكى، قارلۇقلار تېخى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە كېڭىيىپ بولالمىغان ئىدى.

قارلۇق كۈچلىرىنىڭ پەرغانىگە كىرگەن ۋاقتىغا دائىر بىۋاسىتە ماتېرىيال يوق. شۇنداقتىمۇ گەردىزىنىڭ بىر ئابزاس خاتىرىسى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ ھارۇن رەشىد دەۋرى (786 — 809 - يىللىرى)دە خوراساننىڭ نائىبى غىترىب ئىبنى ئەتا (792 -، 793 - يىللىرى) ئەمىر ئىبنى جەمىلنى پەرغانىگە

ئەۋەتىپ، قارلۇق يابغۇسىنىڭ قوشۇنلىرىنى قوغلاتتۇرۇۋەتكەن دەيدۇ[63]. بۇ قىممەتلىك ماتېرىيال قارلۇقلارنىڭ كېچىككەندىمۇ 90 - يىللارنىڭ بېشىدا پەرغانىگە كىرىپ بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، بىر بۆلەكتە ئىنچىكە كۆزىتىلىدىغان «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى»دا بېشبالىق ئۇرۇشىنى سۆزلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇقلار بىلەن تۇبۇتلەرگە قوغلاپ زەربە بېرىپ، قارلۇقلارنى «شىمال ۋە غەربتە پەرغانىگىچە قوغلىۋەتكەن»لىكىنى تىلغا ئالغان. بۇمۇ يەنە بىر جەھەتتىن قارلۇق كۆچلىرى ئەينى چاغدا پەرغانە رايونىغىچە كېڭىيىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## 2. قارلۇقلار بىلەن ئەرەبلەرنىڭ مۇناسىۋىتى

ئەرەبلەر تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىنلا تەڭرىتاغ رايونىدىن چېكىنىپ چىقتى. شۇڭا، قارلۇقلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچۈشى ئەرەبلەرنىڭ رەشكىنى قوزغىمىغان. ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى بىر مەھەل ناھايىتى ياخشى بولدى. ئابباسىيە خەلىپىلىكى ئۆمەييە خەلىپىلىكىنىڭ ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، جەمئىيەت تېزلا مۇقىملىشىپ، مال - تاپاۋەت كۈنسايىن ئاشتى. جەمئىيەتنىڭ باياشاتلىقى ئەرەب تەۋەلىكىدىكى ۋە تاشقى دۇنياغا بولغان سودىنى راۋاجلاندۇردى، ئاببىاسىيە خەلىپىلىكى بۇنداق سودا پائالىيىتىگە ئىلھام بېرىش ئارقىلىق، ئاردىن زور باج كىرىم قىلدى.

ئەرەبلەر سودا پائالىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ قاتناش لىنىيىسىدىكى باشقا ئاھالىلەرنىڭ تىجارەت قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتتى. ماۋارەئۇننەھردىكى سوغدىلار ئەزەلدىن تىجارەتكە ماھىر بولغاچقا، ئەرەبلەر ئۇلارنىڭ سىپىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، سودا پائالىيىتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى. «يېڭى تاڭنامە»دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەينى چاغدا يېنىساي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ئولتۇرۇشلۇق قىرغىز ئاياللىرى يوڭ ۋە يىپەكتىن كىيىم كىيگەن بولۇپ، ئۇلارغا ئەرەبلەر بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمى(كۇسەن، بېشبالىق)دىكى ئاھالىلەر سېتىپ بەرگەنكەن. ئەرەب سودىگەرلەر قىرغىزلارغا ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم بىر تۈركۈم تاۋار ھەدىيە قىلغان[64]. بىزدە گەرچە ئەينى چاغدا ئەرەبلەر بىلەن قارلۇقلارنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئاھالىلەر بىلەن سودا قىلىشقانلىقىغا دائىر بىۋاستە ماتېرىيال بولمىسىمۇ، ئېنىقكى بۇنداق سودىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تامامەن مۇمكىن ئىش. بۇنداق سودا ئەرەبلەر، قارلۇقلار، تۈبۈتلەر ۋە قىرغىزلارنى شەكىلسىز ئىتتىپاقداشقا ئايلاندۇرۇپ «بىر - بىرىگە يار - يۆلەك قىلىپ[65]»، بۇنداق سودا مۇناسىۋەتتىكە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئۇيغۇرلارغا تاقابىل تۇرغان.

لېكىن، ئەرەبلەر بىلەن قارلۇقلارنىڭ بۇنداق ئىتتىپاق ۋە دوستانە مۇناسىۋىتىنىڭ 792 - يىللىرى ئۆپچۆرىسىدە ئەرەب سەركەردىسى غىترىبىنىڭ قارلۇقلارنى پەرغانىدىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن مەۋجۇت بولغان - بولمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمما، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار 10 نەچچە يىلدىن

كېيىنكى ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى ھەقىقەتەنمۇ دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. «تارىخى يەئقۇبى»دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا[66] 806 — 810 - يىللىرى ئاباسىيە ھاكىمىيىتىگە قارشى غەليان كۆتۈرگەن رافىئى ئىبنى لەئىس ماۋارەئۇننەھردىكى ئاھالىلەر بىلەن تۈركلەر (ئوغۇز تۈركلىرىنى كۆرسەتسە كېرەك)، قارلۇقلار، توققۇز ئوغۇزلار ۋە تۈبۈتلەرنى ئۆزىنىڭ خەلىپىگە قارشى غەليانىنى قوللاشقا قىزىقتۇرغان. رافىئىنىڭ ئۇلارنىڭ، بولۇپمۇ تۈرك، توققۇز ئوغۇز ۋە تۈبۈتلەرنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرگەن - كەلتۈرمىگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمىسىمۇ، يەئقۇبى قارلۇقلارنىڭ رافىئىنى قوللىغانلىقىنى ئېنىق خاتىرىلىگەن. ئۇ خەلىپىنىڭ سەركەردىسى خەرساما رافىئىگە زەربە بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالغان (436 - بەت). «كېيىن رافىئى قارلۇق يابغۇسىدىن ياردەم تىلىدى. بۇ يابغۇ مەھدىنىڭ قولىدا ئىمان ئېيتقان ئىكەن. ئۇ خەرساماغا: رافىئىنى قوللىمايمەن، سىلى تەرەپتە تۇرىمەن، سىلىنى قوللاپ، ياردەم قىلىمەن، دەپ ئالداشقا باشلىدى. كېيىن، خەلىپىگە قارام بولمايدىغانلىقىنى، مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۇنىڭ مەيدانى بىلەن رافىئىنىڭ ئورنى مۇستەھكەملىنىپ قالدى.»

يەئقۇبىنىڭ خاتىرىسى ئاز بولغاندىمۇ رافىئى غەليان كۆتۈرگەن مەزگىلدە قارلۇق يابغۇسى ئۆزىنىڭ ئەرەبلەر بىلەن دۈشمەنلەشكەنلىكىنى ئاشكارا جاكارلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قارلۇق يابغۇسىنىڭ ئەرەبلەرگە قارشى غەليان كۆتۈرگەن بىر ئادەمنى سەۋەبسىزلا قوللىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. بەلكىم ئۇنىڭ كۈچى زورىيىپ قالغاچقا،

ئەرەبلەرگە باش ئېگمەۋرگۇسى كەلمىگەندۇ. 810 - يىلىغا كەلگەندە، قارلۇق يابغۇسىنىڭ دۈشمەنلىشىش مەيدانى ئەرەبلەرگە تېخىمۇ تەھدىت پەيدا قىلغان. بۇ چاغدا ئابباسىيلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا خەلىپىلىك تەختىنى تالىشىش كۈرىشى بولۇۋاتاتتى. 809 - يىلى مۇھەممەد ئەمىن باغدادتا خەلىپىلىك تەختىگە ئولتۇرغانلىقىنى جاكارلاپ ئاكىسى مەئمۇننىڭ خۇراساندىن ئىراققا قايتىپ كېلىشى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ قوشۇنىنى تارتىۋالماقچى بولىدۇ. تەبەرى ئەينى چاغدا خۇراساننىڭ شەرقىدە تۇرۇۋاتقان مەئمۇننىڭ يېقىنى فازىل ئىبنى ساھىل بىلەن قىلغان سۆھبىتىنى خاتىرىلىگەن. ئۇلار قارلۇق يابغۇسىنىڭ ئەرەبلەرگە بېقىندى بولۇشتىن قۇتۇلغانلىقىنى تىلغا ئالغان[67]. مەئمۇن قارلۇق يابغۇسىنىڭ ئەمدى بېقىنمىغانلىقىغا دەرغەزەپ بولسىمۇ، ئامالسىز قالغان. ئۇ فازىلنىڭ مەسلىھەتى بويىچە يابغۇنىڭ مەركىزى رايونىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ھەم باشقا خانلار بىلەن بولغان كۈرەشتە ئۇنى قوللاشقا ۋەدە بېرىپ، قارلۇقلارنىڭ بىتەرەپلىكىنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

شۇڭا، 813 -، 814 - يىللىرى مەئمۇن ئاخىر ئەمىننى[68] يېڭىپ خەلىپىلىكنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال نىشانىنى ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچلەرگە قاراتقان.

ئەزراقىنىڭ «مەككە تارىخى» خاتىرىسىدىن فازىل ئىبنى ساھىلنىڭ لەشكەر باشلاپ بېرىپ ئاۋۋال كابۇل خانىغا زەربە بەرگەنلىكىنى، بۇ خان يېڭىلگەندىن كېيىن ئىمان

ئېيتقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز[69]. ئارقىدىنلا فازىلنىڭ لەشكەرـ
لىرى تۇيۇت، ۋاخان قاتارلىق جايلاردا غەلىبە قىلىپ، ئەسىر
ئالغان تۇيۇتلەرنىڭ سەركەردە ـ سۇۋارلىرىنى باغدادقا ئەۋەتىپ
بەرگەن[70]. ئۇنىڭدىن كېيىن فازىل شىمالغا لەشكەر تارتىپ
816 ـ يىلى (ھىجرىيىنىڭ 200 ـ يىلى) ئوترار رايونىنى پەتھى
قىلىپ، قارلۇق يابغۇسىنىڭ خاتۇن ـ خانىكە ۋە باللىرىنى
ئەسىر ئالغان، يابغۇ يېگانە قىماق ئېلىگە قېچىپ كەتكەن[71].
فازىل ئىبنى ساھىلنىڭ بۇ قېتىمقى شەرقتە ئېلىپ بارغان
ئۇرۇشى ۋە غەلىبىسى باشقا ئەرەب ـ پارسچە ئەسەرلەردىمۇ
تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ قارلۇقلارنى مەغلۇپ قىلغان تەپسىلاتى
خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ بارغان
ئەڭ يىراق يەرلەرنىمۇ بىلەلمىسەكمۇ[72]، ئۇنىڭ قارلۇقلارغا
قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەنلىكى ئېنىق. ئەرەب ـ پارسچە تارىخىي
ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا قىماقلار
قارلۇقلارنىڭ شىمالىدا، يەنى تەڭرىتاغ رايونىنىڭ شىمالىدا
ئىكەن[73]. شۇڭا، كىشىلەر قارلۇق يابغۇسىنىڭ قىماق ئېلىگە
قاچقانلىقى قارلۇق قوۋمىنىڭ ھەممىسى شىمالغا
قاچقانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ، دەپ سورىماي قالمايدۇ. جاۋاب
شۇكى :«ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.»

ئۇزاق ئۆتمەي 821 ـ يىللىرى ئەتراپىدا، تەمىم ئىبنى
بەھر تالاس ئەتراپىدىن گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر قاغانىنىڭ
ئوردىسىغا كەلگەن. تەمىمنىڭ سەپەر خاتىرىسى ئىبنى خۇردە زـ
بەھ، ئىبنى فەقىھ، قۇدامە ۋە ياقۇتنىڭ ئەسەرلىرىدە ساقلانغان.
1948 ـ يىلى مىنورسكىي بۇ سەپەر خاتىرىسىنى ئىنچىكىلىك
بىلەن تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، تەمىمنىڭ شەرققە سەپەر قىلغان

ۋاقتى 821 - يىلى ئەتراپىدا، دەپ قارىغان[74]. بۇ خاتىرىدە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇنداق ئۈچ نۇقتا بار:

1) تەممىم سەپەرگە ئاتلانغان جاي تالاسنىڭ شەرقىگە يىراق بولمىغان تۆۋەنكى بارسخان[75].

2) ئۇ سەپەردە ئۇيغۇر قاغان ئەۋەتكەن ئۆتەك ئاتلىرىنى ئىشلەتكەن (1- ماددا).

3) ئۇ ئىسسىق كۆل يېنىدىكى بارسخاندىن ئۆتكەن. ئۇ يەرلىكلەر تۈركىي قەبىلىلەر ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈكلىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرى 10 قارلۇققا تاقابىل تۇرۇپ ھەممە جەڭدە غەلىبە قىپتۇ (9- ماددا).

تەممىم سەپىرىدە قارلۇقلارنى ئۇچراتمىغانلىقى ئېنىق. مىنورسكىي بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئەھۋاللارنى ئىزاھلايدىغان ئەرەب - پارسچە ماتېرىياللارنى تاپالمىغاچقا، غەرب خەنزۇشۇناسلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىغىلا تايىنىپ قارلۇقلارنىڭ غايىب بولۇشىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇقلارغا زەربە بەرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى»نىڭ خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىلغان 17 - قۇردىن 21 - قۇرغىچە بولغان بايانىدىكى ئۇيغۇرلار «ئۇنچۇ دەرياسىغىچە قوغلىدۇق» ۋە «شىمال ۋە غەربتىكى پەرغانىغىچە قوغلىدۇق» بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قىياس قىلغان[76]. بۇنداق «قوغلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەن ۋاقىت بۇرۇنراق بولسىمۇ (795 - يىلى ئەتراپىدا)، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ قارلۇقلار يەنىلا تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدا ھەرىكەت قىلىۋەرگەن. بۇنى كېيىنكى مەزمۇنلاردا دەلىللەيمەن.

شۇڭا، 821 - يىلى ئەتراپىدا تەممىمنىڭ شەرققە سەپەر

قىلغاندا قارلۇقلارنى ئۇچراتمىغانلىقى دەل 816 - يىلى فازىل ئىبنى ساھىل قارلۇقلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى شىمالغا قىچىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىدىن بولغان.

816 - يىلى فازىل شىمالغا يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، قارلۇقلار ئەرەبلەر بىلەن ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈل - كېسىل ئاياغلاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىن چېكىنىپ چىققان (ۋاقىتلىق چېكىنىپ چىققان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەلۋەتتە).

## 3. قارلۇقلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇجۇمى

قارلۇقلار ئالتۇنتاغنىڭ غەربىدىن تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچكەن چاغ دەل، غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان مەزگىل ئىدى. 755 - يىلى ئانلاغسان - سۇقان توپىلىڭى پارتلىدى. تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى زور تالاپەت يەپ، ئىككى ئاستانە ئارقا - ئارقىدىن قولدىن كەتتى. توپىلاڭچى قوشۇنغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، خېشى، لوڭيۇ، ئەنشى، بېشبالىقتىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تۈركۈملەپ يۆتكەپ كېتىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى كۈچى مىسلىسىز ئاجىزلاپ كەتتى.

بۇ چاغدا تۈبۈتلەر تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، ھەربىي جەھەتتىكى كۈچلۈك ئەل بولۇپ قالدى ھەم چىڭخەي، غەربىي يۇرت ۋە خېشى، لوڭيۇلارنى تاڭ سۇلالىسىدىن تالىشىۋاتاتتى. 730 - يىلى ئىككى تەرەپ ھەر يىلى ئۇرۇش قىلىۋېرىپ يۈكىنىڭ

ئېغىرلاپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ مۇرەسسەلەشكەن بولسىمۇ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىدىكى سەركەردىلىرى ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى ھەتتا خانمۇ ھەر قېتىم ھەربىي كۈچى زورايغاندا «ياۋايىلار»غا لەشكەر تارتىپ، تۆھپە كۆرسىتىشكە ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى.

737 - يىلى تاڭ سۇلالىسى ئەھدىنى بۇزۇپ، چىڭخەينىڭ غەربىدىكى تۈبۈتلەرگە ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت بۇزۇلۇپ، تۈگىمەس ئۇرۇشلار باشلىنىپ كەتتى. ئاتلاغسان - سۇقان توپىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، تۈبۈتلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، شەرقتىن غەربكە تەدرىجىي ئىلگىرىلەپ خېشى رايونىنى ئىگىلىۋالدى، ھەتتا ئىلگىرى ئەمىرلەشكەر كوسېنچى گىلگىت خانلىقىغا يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىگە قارام بولغان كۆكئارت ئەللىرىمۇ تۈبۈتلەرگە ئېغىپ كەتتى. تۈبۈتلەر شۇنداق كەسكىن ھۇجۇم قىلىپ تۇرسىمۇ، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئەنشى ۋە بېشبالىق قاتارلىق جايلار يەنىلا تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. تۈبۈتلەر خېشىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. قىيىنچىلىقتا قالغان تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى دائىم ئۇيغۇرلارغا بېقىنىشقا مەجبۇر بولاتتى («كونا تاڭنامە» 5209 - بەت).

ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ، ئاتلاغسان - سۇقان توپىلىڭىنى باستۇردى ھەم ئۆزىنىڭ كۈچىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇۋالدى. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە تۈبۈتلەر خېشى، لوڭيۇ، ئەنشى،

بېشبالىقنى ئىگىلىۋالغاندىن باشلاپ، غەربىي يۇرتتىكى ئەمەلدارلار ئوردا بىلەن ئالاقىلىشالمىغان. جېيەنجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى (781 - يىلى)غا كەلگەندە «يىشى، بېشبالىق ھەراۋۇلى لى يۈەنجوڭ تۆت بازارغا قاپسىلىپ قالغاندىن كېيىن، نىجاتلىق تىلەپ ئەۋەتكەن ئەلچى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۇيغۇر ئېلى ئارقىلىق يېتىپ كېلەلىگەن»، يەنى گوبىنىڭ شىمالى ئارقىلىق ئوردىغا كەلگەن. جېنيۈەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4-، 5- يىللىرى (788 -، 789 - يىللىرى) ۋۇكۇڭ راھىب غەربىي يۇرت ئارقىلىق ۋەتىنىگە قايتقاندا، خېشى كارىدورى توسۇلۇپ قالغانلىقتىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۆت بازار ۋە بېشبالىقتا تۇرۇشلۇق ئايغاقچىسى بىلەن ئەنشى، بېشبالىق ھۇدەيچىسىگە قوشۇلۇپ، «ئۇيغۇر يولى» يەنى شىمالنىڭ يايلاقلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەۋەلىكى ئارقىلىق قايتىپ كەلگەن. «كونا تاڭنامە» (5209 - بەت)دە ئەنشى ۋە بېشبالىقتىكىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تەۋەلىكى ئارقىلىق ئوردا بىلەن ئالاقىلىشىدىغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ «تويماس، بېشبالىققا يېقىن بولغاچقا، كىشى ئەۋەتىپ چاتاق تېرىپ، نەپ ئۈندۈرۈۋالىدىغانلىقى، يەنە ‹بېشبالىققا يېقىن› يەردىكى شاداپىتلارنىڭمۇ ئۇيغۇرلارغا بويسۇنىدىغانلىقى»نى تىلغا ئالغان. بۇ خاتىرىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ گوبىنىڭ شىمالىدا زوراۋان بولۇپلا قالماي، تەسىر كۈچىنى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىغىچە كېڭەيتىپ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىر كۈچىنى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىغا كېڭەيتكەن ۋاقتى تەخمىنەن 780 - يىلى دەپ قارىساق بولىدۇ[77]. 781 - يىلى ۋە 787 - يىلىغا كەلگەندە، يىجۇ، شاجۇنى

تۆبۆتلەر بىر-بىرلەپ ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن تۆبۆتلەر بىلەن ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت ئىككى كۈچلۈك قوۋمنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلاردا زومىگەرلىك تالىشىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

قارلۇقلار ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولسىمۇ، ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشتى. قارلۇقلار بىلەن قىرغىزلارنىڭمۇ قويۇق مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، قارلۇقلار بىلەن قىرغىزلار ئىتتىپاق تۈزۈپ، كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان ئۇيغۇر خانلىقىغا قارشى تۇردى. قىرغىز خاقانى يەنە قارلۇق يابغۇسىنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالدى («يېڭى تاڭنامە» 6149-بەت). لېكىن، «جيەنيۈەن يىللىرىدا ئۇيغۇرلار قىرغىزلارنىڭ جاجىسىنى بەرگەچكە، جۇڭگوغا كېلەلمەس بولۇپ كەتكەن» («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى. قىرغىزلار»). ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كىرىش يولىغا شىمالدىن كېلىدىغان تەھدىتىنى يوقىتىشى تەبىئىي ھالدا ئالتۇنتاغنىڭ غەربىدىكى قارلۇقلارغا ناھايىتى زور بېسىم پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان. قارلۇقلار 50-يىللاردىن باشلاپ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچۈپ، 70-يىللارغا كەلگەندە، ئۇ رايوندىكى ئاساسلىق كۈچ بولۇپ قالغان ھەم غەرب تەرەپتىكى ئەرەبلەر بىلەن قوشنا بولۇپ دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاۋاتقان ئىدى. لېكىن، ئۇلار تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئۈزۈل-كېسىل تاشلاپ كەتمىگەندەك قىلىدۇ. ھېچبولمىغاندا، ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىنىڭ شەرقىي ئۇچى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي ئېقىنى ۋە ئېبىنۇر كۆلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن. «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ 15-

بابىدا چۆلنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان قارلۇقلارنىڭ بىر بازىرىدىكى يېباغ دەرياسى تىلغا ئېلىنغان. مىنورسكىي مەزكۇر ئابىزاستىكى بايانلارنىڭ رەت تەرتىپىدىن قارىغاندا، ئۇ يەر بارسخاننىڭ شەرقىدىكى قارلۇقلار كونتروللۇقىدىكى رايوننىڭ ئەڭ شەرق تەرىپى بولۇپ، ئۇ يەرنى ماناس ئەتراپى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ[78]. بېشبالىق ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى ۋەزىيەت توغرىسىدا خەنزۇچە ماتېرىياللاردىمۇ قارلۇقلارنىڭ غەرب چېگرىسى بېشبالىقتىن يىراق ئەمەسلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. قارلۇقلار ئۇيغۇرلارغا يېقىن بولغاچقا دائىم ئۇيغۇرلارنىڭ بۇلاڭ - تالىڭىغا ئۇچراپ تۇرغان. يەنە كېلىپ تۇبۇتلەر «نۇرغۇن سوۋغا بېرىپ ئازدۇرغاچقا» قارلۇقلار ئاخىر تۇبۇتلەرنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇپ قالغان[79]. جېنيۇەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5- يىلى قىشتا، تۇبۇتلەر كەڭ كۆلەمدە غەربىي يۇرتتىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم باشلىغان. 2- يىلى (790 - يىلى) قارلۇقلار تۇبۇتلەرگە ئەگىشىپ بېشبالىقنى ئىگىلىۋالغان. قارلۇقلار يەنە غەلبىدىن پايدىلىنىپ بېشبالىقنىڭ شەرقىدىكى بۇتسار (قاغانبۇت)نى بېسىۋالغان («ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» 7522 - بەت).

لېكىن، تۇبۇتلەر بىلەن قارلۇقلار ئۇرۇش غەلبىسىگە ئۇزاققىچە ئىگە بولۇپ تۇرالىغانمۇ؟ موريياسۇ تاكائو بىر يۇرۇش بايانىدا[80] بۇ بىر مەيدان ئۇرۇشنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ غەلبىسى بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇپ، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇرلار جېنگۈەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7- يىلى (791 - يىلى) 8 - ئايدا تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ «تۇبۇتلەر بىلەن قارلۇقلارنى

بېشبالىقتا يېڭىپ زەپەر قۇچقانلىقىنى يەتكۈزۈپ، ئەسىر ۋە ئولجىلاردىن تارتۇق تۇتقان» لىقىنى ئىسپاتلاپ، ئاخىر ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىقنى تارتىۋالغانلىقىنى چۈشەندۈردۇ. بىراق، ئۇ بەزى ئاساسلىق دەلىللەرنى خاتا چۈشىنىۋالغان[81]. ئەمما، ئۇنىڭ خۇلاسىسىگە باشقىلار قوشۇلمىغان بولسىمۇ[82] قارشى كۆزقاراشتىكىلەر ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىيەلمىگەنلىكتىن بېشبالىق ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى يەنىلا ئېنىقلانمىدى. شۇڭلاشقا، «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە بولمىش ئالپ بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» نىڭ خەنزۇچە مەتىنىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش ئالاھىدە مۇھىمدەك قىلىدۇ.

«توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە بولمىش ئالپ بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۇ تېشى» دەپ ئاتايمەن) ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بايقالغان بولۇپ، خەنزۇچە مەتىنى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملاردىن[83] گ. دېۋېرىيە، رادلوف، ۋاسلىيېۋ، لى ۋېنتيەن، ۋاڭ گوۋېي، شچلېگېل، چاۋاننىس، فىللىئوت، لوجېنيۇ، خانېدا تورو، كولىن ماككېرراس، چېڭ سۇلۇ قاتارلىقلار بار بولسىمۇ، مەزكۇر مەڭگۇ تاش بايقالغاندا نەچچە پارچە بولۇپ كەتكەچكە، مەتىنمۇ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن، شۇڭا ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىدا ئىختىلاپ چوڭ.

مەزكۇر مەڭگۇ تاشنىڭ بىرىنچى قىسمى (3 — 7-قۇرغىچە)دا ئۇيغۇرلار خانلىق قۇرغاندىن باشلاپ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ، ئاتلاغسان - سۇقان توپىلىڭىنى تىنچىتىپ بەرگەنلىك تارىخى خاتىرىلەنگەن. ئىككىنچى قىسمىدا (8 — 10-قۇرغىچە) ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىنى قوبۇل قىلىش جەريانى

بىرقەدەر تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. 11- قۇردىن كېيىنكى مەتىنى تۆۋەندىكىدەك:

(11 - قۇر) تۈن باغا قاغان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ تالانتلىق ھەم باتۇر بولۇپ، ئىچكى - تاشقى ئىشلارغا پىششىق ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئاي تەڭرىدە بولمىش كۈلۈگ بىلگە قاغان تەختكە ئولتۇرۇپ، ئەلدىكى ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، قاتتىق تەرتىپ ئورناتتى. ئۇنىڭ ئوغلى قۇتلۇق بىلگە قاغان تەختكە ئولتۇردى. ئۇ خۇشخۇي تەبىئەتلىك كىشى بولۇپ، قازا قىلغاندىن كېيىن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ قۇتلۇق ئۇلۇغ بىلگە قاغان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى (داۋامى كەمتۈك).

(12 - قۇر) ئالپ بىلگە قاغان باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغاندا بەگلەرنىڭ كاتتىلىرى، تۇتۇقبەگ، ئايماقبېگى، ئىچكى - تاشقى ۋەزىرلەر، ئەمىر - لەشكەرلەر نامە تۇتۇپ «تەڭرى قاغانىنىڭ مەرھەمىتى بىلەن بىز مۇشۇ كۈنگە ئېرىشتۇق، قاغانىمىزنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش تالانتى دېڭىزدىن تىرەن، تاغدىن يۈكسەك، ئەل بۈيۈك پۈتۈن بىر گەۋدە، شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇن - نىزاملار ئېنىق بولۇشى كېرەك. شۇڭلاشقا، كەمىنىلەرنىڭ ئىلتىجاسىغا مەرھەمەت قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمىز» دېيىشتى.

(13 - قۇر) قاغان ئىش بېجىرگەندە، ئۆزگىچە مۇئامىلە كۆرسەتتى. ئۇ دۇنياغا كەلگەندىن باشلاپ سائادەت بەخش ئەتتى. كىچىكىدىن باشلاپلا قەھرىمان ۋە جەڭچى بولدى. چېدىردا ئولتۇرۇپ تۈزگەن پىلانى بىلەن نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلاتتى. ئۇ مېھرىبان، مۇلايىم بولۇپ، پۇقرالارغا دائىم شەپقەت يەتكۈزەتتى. ئەلگە ئۆلگە بولۇپ،

ئەلىنى ئىدارە قىلاتتى. ئەل ئۈچۈن قانۇن چىقىرىپ، دۆلەت ئۈچۈن پىلان تۈزەتتى. بۇرۇن شىمالدىكى قىرغىزلار ئىلىدە تۆت لەك ئوقياچى بار ئىدى. ھەم (داۋامى كەمتۈك).

(14 - قۇر) ئۇ كىچىكىدىن باتۇر، ئەقىللىق، نوپۇزلۇق جەڭ ماھىرلىرىدىن ئىدى. ئاتقان ئوقى دەل تېگەتتى. قىرغىز قاغانى ئۇ ئاتقان ئوقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئاتتىن تىك موللاق چۈشۈپ ئۆلدى. ئولجا ئالغان ئات - كالىلار بىلەن ۋادىلار تولۇپ كەتتى. قورال - ياراغلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. ئىلى ھالاك بولۇپ، ئولتۇرغۇدەك ئاھالە قالمىدى. قارلۇقلار بىلەن تۈبۈتلەر بىرلىشىپ، قايتىدىن بېسىپ كىردى. ئاتېزلار ھەمدەمدە بولۇپ دۈشمەنلەشتى. ئۇ يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئاقىلانە پىلانلار بىلەن (داۋامى كەمتۈك).

(15 - قۇر) بېشبالىقنىڭ يېرىمىنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى. تەڭرى قاغان شەخسەن بۈيۈك قوشۇن باشلاپ بېرىپ ئاسىيلارنىڭ كاتتىۋشىنى يوقىتىپ شەھەرنى قايتۇرۇۋالدى. زېمىنىدا ياشاپ، ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىۋاتقان پۇقرالارنىڭ ئوبدانلىرىغا كۆپ ئىلتىپات كۆرسەتتى. بويۇنتاۋلىق قىلغانلىرىنى ئۈجۈقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن (بۇ يەر كەمتۈك) قۇم، سەپەر قىلغان ئادەمزات ۋە ھايۋانات (داۋامى كەمتۈك).

(16 - قۇر) (بۇ يەر كەمتۈك) تاشلىنىپ قالغاچقا، تۈبۈتلەر قايتىدىن زور قوشۇن بىلەن كۈسەنگە ھۇجۇم قىلدى. تەڭرى قاغان شەخسەن لەشكەر باشلاپ ياردەمگە كەلدى. تۈبۈتلەر ئۇ يەرنى تاشلاپ ئۈچكە قاچتى. ئۇلارنى تۆت ئەتراپتىن قورشاپ بىرلا ھۇجۇم بىلەن بىتچىت قىلىۋەتتى. ياۋنىڭ جەسەتلىرى سېسىپ، پۇراپ كىشى قارىغۇسىز بولۇپ كەتتى. قالغانلىرىمۇ

تۈگەل يوقىتىلدى (داۋامى كەمتۈك).

(17 - قۇر) پۇقرالار ئاسىيلار بىلەن بىرلىشىپ تۈزكورلۇق قىلدى. تەڭرى قاغان بۈيۈك قوشۇن باشلاپ كېلىپ ئاسىيلارنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتتى. ئۇلارنى ئۆيغۇر دەرياسىغىچە قوغلاپ بېرىپ تۈمەنلىگەن ئاۋامنى ئەسىر ئالدى. ئولجا ئالغان ئات - ئۇلاغلار سانسىز بولۇپ، باشقا قوۋملار كېلىپ ئىتائەتكە كىردى (داۋامى كەمتۈك).

(18 - قۇر) (بۇ يەر كەمتۈك) ئۆز گۇناھىنى بىلىپ كەچۈرۈم قىلىشنى تىلىدى. تەڭرى قاغان ئۇلارنىڭ ساداقەتمەنلىكىگە قاراپ گۇناھىدىن ئۆتتى. بەگلىكنى بېرىپ، پۇقرالىرىنى ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋېرىشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تىز پۈككەن بەگلەر ئوردىغا تاۋاپقا كېلىپ سوۋغا - سالاملارنى ھەدىيە قىلىشتى. تۇخسىلار قوۋمىنىڭ ئوڭ - سول تەرىپى بىلەن (داۋامى كەمتۈك) .

(19 - قۇر) سانغۇن ۋە داقاۋۇللارمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئاسىيلار ئىبلىگە بېسىپ كېلىپ، ئۇدۇل يۇرتقا باردى. سانغۇنلاردىن سۇۋارلارغىچە نۇسرەت قۇچۇشقا پەرمان بەردى. كۈچلۈك ياۋنى بىتچىت قىلىپ، تامامەن تارمار بولغۇچە سۇر - توقاي قىلىۋەتتى. تۈمەنلىگەن ئاسىي ئۆلتۈرۈلدى (داۋامى كەمتۈك).

(20 - قۇر) (بۇ يەر كەمتۈك) قارلۇقلار ۋە تۈبۈتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ تۇغ - ئەلەملىرىنى تارتىۋالدى. بېشىنى كېسىپ سازايى قىلدى. سۇر - توقاي قىلىپ غەربتە پەرغانىگىچە باردى. پۇقرالىرىنى ئەسىر قىلىپ، مال - چارۋىلىرىنى ئولجا ئالدى، يابغۇسى پەرمانىنى ئاڭلىمىغاچقا زېمىنىدىن ئايرىۋېتىلدى[86]

(داۋامى كەمتۈك).
(21 - قۇر) (بۇ يەر كەمتۈك) توققۇز بىلگە قاغان قايتا باش ئەگكەن قارلۇقلارغا ئۈنچۈ بىلگە يابغۇنى باش قىلدى. يەنە ئون ئوق ۋە ئۈچ تۈركەش (داۋامى كەمتۈك).
(22 - قۇر) (بۇ يەر كەمتۈك) ئىبادەتخانا ۋە راھىبلارغا ئامان - ئېسەنلىك بېرىلىپ، خۇشال قىلىندى. روھانىيلار كەلگەندىن باشلاپ (بۇ يەر كەمتۈك) تامامەن تىز پۈكمىگەن ئىدى (داۋامى كەمتۈك).
(23 - قۇر) (بۇ يەر كەمتۈك) باردۇر (بۇ يەر كەمتۈك). ئەلنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى (بۇ يەر كەمتۈك)تاپشۇرۇپ (بۇ يەر كەمتۈك).
(24 - قۇر) (بۇ يەر كەمتۈك) ئاپەتنى تىنچىتتى...
خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇقۇ خان تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ ئاتلاغسان - سۇقان توپىلىڭىنى تىنچىتقان مەزگىللەردە، ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا كىرگەن بولۇپ، مەڭگۈ تاشنىڭ 11 - قۇرىدا تەختكە ئولتۇرغانلىقى تىلغا ئېلىنغان تۆت نەپەر ئۇيغۇر خانى تون باغا (779 — 789 - يىللىرى)، تالاس (789 -، 790 - يىلى)، ئاچۇر (790— 795- يىللىرى) ۋە قۇتلۇغ[87] (795 — 808 - يىللىرى)دۇر.
12- قۇردىن باشلاپ ئالىملار ئارىسىدا كۆرۈنەرلىك ئىختىلاپ بار. 12 - قۇرنىڭ بېشىدىكى «ئالپ بىلگە قاغان» بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىن كۆپ ئۇچرىغان «تەڭرى قاغان»غا بولغان ئوخشىمىغان تونۇشتىن مەزكۇر مەڭگۈ تاش تىكلەنگەن ۋاقىت، مەڭگۈ تاش تېمىسىدا كۆرسىتىلگەن قاغان مەسىلىسىدە، ئوخشىمىغان كۆزقاراشلار شەكىللەنگەن.

رادلوف[88] مەڭگۈ تاش تېمىسىدىكى «ئاي تەڭرىدە بولمىش ئالپ بىلگە قاغان» 11 - قۇردىكى ئاخىرقى قاغان «تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ قۇتلۇغ بىلگە قاغان» 12 - قۇرنىڭ بېشىدىكى «ئالپ بىلگە قاغان» ۋە ھەرقايسى قۇرلاردىكى «تەڭرى قاغان»لارنىڭ ھەممىسىنى قۇتلۇغ دەپ قاراپ، قۇتلۇغ قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ «مەرىپەتلىك قەھرىمان» لىقىنى مەدھىيىلەش ئۈچۈن مەزكۇر مەڭگۈ تاشنى تىكلىگەن دەيدۇ. بۇ خىل كۆزقاراشنىڭ تۈپ كەمچىلىكى شۇ يەردىكى، مەڭگۈ تاشتىكى قۇتلۇغنىڭ ئاتىلىشى (11 - قۇرنىڭ ئاخىردىكى كىشى) بىلەن مەڭگۈ تاش تېمىسىدىكى ئاتىلىشىنىڭ باشتىن - ئاخىر بىردەك ئە-مەسلىكىنى مۇۋاپىق ئىزاھلىيالمىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

شىلىبگېل[89] 11- قۇرنىڭ ئاخىردىكى قاغان بىلەن 1- قۇرنىڭ بېشىدىكى «ئالپ بىلگە قاغان» قۇتلۇغنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارىسىمۇ، «تەڭرى قاغان» تاڭ سۇلالىسى خانىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قاراپ، مەڭگۈ تاشنىڭ تېمىسىدىكى ئاتاق قاسار تېكىن (824 — 832 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان. ئۇيغۇرچە ئاتىقى بىلەن مەڭگۈ تاش تېمىسىدىكى ئاتىقى ئوخشاش) دەپ قارىغان ھەم مەڭگۈ تاشنىڭ 15- قۇردىن 18 - قۇرىغىچە بولغان كەمتۈك يەرلەرگە قۇتلۇغ قاغانغا ئۇلاپ كۆلۈگ بىلگە، ئاي تەڭرىدە بولمىش ئالپ بىلگە قاغان، كۈن تەڭرىدە بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان قاتارلىقلارنى قوشۇپ قويۇپ، يامان تەسىر پەيدا قىلغان[90]. شىلىبگېلنىڭ بۇنداق ئاشكارا خاتالىقىنى ئالىملار بايقىۋېلىپ: «تەڭرى قاغان تاڭ سۇلالىسى خانى ئەمەس، ئۇيغۇرخانى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى[91].

شۇنىڭدىن باشلاپ «تەڭرى قاغان» تاڭ سۇلالىسى خانىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن خاتا نەزەرىيىنى بىرەر كىشى قايتا تىلغا ئېلىپ قويمىدى ھەم ئۇنىڭ پۇتكۇل خۇلاسىسى پۇت تىرەپ تۇرالماس بولۇپ كەتتى.

1913 - يىلى چاۋاننىس بىلەن فىللىئوت «مانى دىنىنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشى ھەققىدە تەتقىقات[92]» دېگەن ئەسىرىدە شچلېگېلنىڭ كۆزقارىشىنى تەتقىق قىلىپ، 12 - قۇرنىڭ بېشىدا تىلغا ئالغان «ئالپ بىلگە قاغان» ئىبارىسىنى قۇتلۇغ (11- قۇرنىڭ ئاخىرىدىكى قاغان)دىن كېيىنكى قاغان «ئاي تەڭرىدە بولمىش ئالپ بىلگە قاغان»نىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىقى قاسار تېكىننىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، مەڭگۇ تاشتىكى ئاتىقى بىلەن بىردەكلىكىنى، شۇڭا مەزكۇر مەڭگۇ تاش ئاي تەڭرىدە بولمىش ئالپ بىلگە قاغاننى مەدھىيىلەيدىغان مەڭگۇ تاش ئىكەنلىكىنى، «ئالپ بىلگە قاغان» بىلەن 15 - قۇر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى «تەڭرى قاغان»لارنىڭ مەڭگۇ تاشتىكى باش پېرسوناژ ئاي تەڭرىدە بولمىش ئالپ بىلگە قاغاننى كۆرسىتىدىغانلىقىنى، 12 - قۇردىكى «تەڭرى قاغان» ئاي تەڭرىدە بولمىش ئالپ بىلگە قاغان «ۋاپات بولغاندا» تەختتە ئولتۇرۇۋاتقان قاغان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەپسۇسكى، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان 8 - قۇردىن 10 - قۇرغىچە مەتىننى تەرجىمە قىلىپ رەتلەپلا قويغان[93]. ئۇزاق ئۆتمەي لوجېنيۇ بۇ مەڭگۇ تاشنى «تەھقىقلىگەن». ۋاڭ گوۋېي «دىباچ»(خاتىمە) يازغان. ھەر ئىككىسى يەنىلا «ئاي تەڭرىدە بولمىش ئالپ بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» نەزەرىيىسىنى قوللانغان[94]. كېيىن

خانېدا تورو «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە مەزكۇر مەڭگۈ تاشنى مەخسۇس تەتقىق قىلغان[95]. خانېدا تورونىڭ ماقالىسىدە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇ چاۋاننىس بىلەن فىللىئوتنىڭ «تەڭرى قاغان» تەختتە ئولتۇرۇۋاتقان قاغاندۇر دېگەن ھۆكمى توغرىسىدا تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ شەرھى يازغان. ئۇ[96] مەزكۇر مەڭگۈ تاشنىڭ 5 - ۋە 7 - قۇرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەلۇم بىر مەرھۇم قاغاننى قايتا تىلغا ئالغاندا «قاغان» دەپلا ئاتىغان[97]، ئۇيغۇر بەگلىرى نامە سۇنغان چاغدىكى ئۇيغۇر قاغاننى «تەڭرى قاغان» دەپ ئاتىغان (12- قۇرغا قاراڭ). ئۇنداق ئىكەن «تەڭرى قاغان» شۈبھىسىزكى تەختتە ئولتۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر قاغاننىڭ ھۆرمەت نامى، مەڭگۈ تاشتا ھۆرمەت نامىنىڭ ئالدىغا ئىككى خەتلىك بوش يەر قالدۇرۇلغان، مەرھۇم قاغان ۋە باشقىلار (مەسىلەن تاڭ سۇلالىسى خانى، مانى روھانىيسى) نىڭ نام - زاتى ئالدىدا بىر خەتلىك يەر بوش قالدۇرۇلغان، ھەتتا بوش يەرمۇ قالدۇرۇلمىغان (5 - قۇرغا قاراڭ) دېگەن.

ئۇ شۇ بايانى ئارقىلىق چاۋاننىس ۋە فىللىئوتنىڭ مەزكۇر مەڭگۈ تاش ئاي تەڭرىدە بولمىش بىلگە ئالپ قاغان ھايات ۋاقتىدا (808 — 821 - يىللىرى) ئورنىتىلغان، يەنى 814 - يىلى بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن دېگەن ھۆكۈم[98]نى كۈچلۈك قوللىغان. بۇلارنىڭ مەڭگۈ تاشتا ئېيتىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ تۆبۈتلەر ۋە قارلۇقلار بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيالىنىڭ يىل ۋاقتىنى ھۆكۈم قىلىشىمىزغا خېلى ياردىمى بار.

چاۋاننىس، فىللىئوت ۋە خانېدا تورونىڭ كۆزقارىشىغا

قوشۇلمايدىغان ئالىملارمۇ بار، يەنى ئابى تاكېئو[99] مەزكۇر مەڭگۈ تاش ئاي تەڭرىدە بولمىش ئالپ بىلگە قاغان دەۋرىدە ئورنىتىلغانلىقىنى، مەتىندىكى ئۇنۋانىنىڭ ئاي تەڭرىدە بولمىش ئالپ بىلگە قاغانىنىڭ ئۇنۋانى ئىكەنلىكىنى ئىبتىراپ قىلىسمۇ، «تەڭرى قاغان» دېگەن نام قۇتلۇغ قاغاننى كۆرسىتىدۇ، 13 - قۇردىن باشلاپ بايان قىلىنغىنى ئاي تەڭرىدە بولمىش ئالپ بىلگە قاغانىنىڭ شانۇ تۆھپىسىدۇر، دەپ قارايدۇ. ئۇ قۇتلۇغ خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ۋەزىر (بويرۇق) بولغان چاغدىكى مۇھىم ئورنىنى ۋە ئۇ قۇرغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىستېمىسى (ئادىز جەمەتى)دىكى مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، كىشىنى يېڭى بىر پىكىرگە كەلتۈرىدۇ.

ئالىملار يۇقىرىقىدەك بەس - مۇنازىرىلەرنى قىلىشىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مەڭگۈ تاشنىڭ 13 - قۇردىن باشلاپ بايان قىلىنغان ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلار ۋە تۇبۇتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش قۇتلۇغ قاغان تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەردە (795 —808 - يىللىرى) يۈز بەرگەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرغان. ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا بېشبالىق، كۇسەن ۋە ئۇچتىكى بۇ ئۇرۇشنى 790 - يىللىرى ئەتراپىدا يۈز بەرگەن بېشبالىق ئۇرۇشى ياكى بېشبالىق ئۇرۇشىنىڭ بىر قىسمى دەپ ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ؟

بۇ مەڭگۈ تاشقا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار بىلەن تۇبۇت ۋە قارلۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقان. مەڭگۈ تاشنىڭ 17 - قۇردىكى «تەڭرى قاغان بۈيۈك قوشۇن باشلاپ كېلىپ ئاسىيلارنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتتى. ئۇلارنى ئۈنچۈ دەرياسىغىچە قوغلاپ

باردى›› بىلەن 20 - قۇردىكى ئۇيغۇرلار يەنە بىر رەت ‹‹قارلۇق ۋە تۇبۇتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ›› پەرغانىغىچە سۈر - توقاي قىلىپ بارغانلىقى ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. پەرغانە شۇ چاغدا ئەرەبلەرنىڭ تەسىر دائىرىسىدە ئىدى.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قارلۇقلار غەربكە كۆچۈپ، VIII ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئاساسلىق كۈچكە ئايلانغان بولۇپ، ئەرەبلەر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئىدى. بۇنداق دوستانە مۇناسىۋەت بولغاچقا، قارلۇقلار تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى پەرغانىگە سىلجىمىغان ئىدى. لېكىن، 790 - يىلى ئۆپچۆرىسىدە ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئەرەبلەرنىڭ خۇراساندىكى نائىبى غىترىب ئىبنى ئەتا سەركەردە ئەمۇر ئىبنى جەمىلنى پەرغانىگە ئەۋەتىپ، قارلۇق يابغۇسىنى قوغلىۋەتكەن ۋەقە ئەينى چاغدا (792-، 793 - يىلى) قارلۇقلارنىڭ پەرغانىگە كىرىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈ- رىدۇ. بۇ دەل ئۇيغۇرلار بىلەن تۇبۇتلەر بېشبالىقنى چۆرىدەپ كەسكىن ئۇرۇش قىلىۋاتقان مەزگىل ئىدى. قارلۇقلار تۇبۇتلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇرلارغا زەربە بېرىپ بېشبالىقنى ئىگىلىۋالدى. قارلۇقلار يەنە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇتسار دەرياسىنى ئىگىلىۋالدى (‹‹ئەلىنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى›› 7522 - بەت). شۇڭا، ‹‹كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى››دە ئۇيغۇرلار جېنگۇەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7- يىلى (791- يىلى) 8 - ئايدا تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، تۇبۇتلەر بىلەن قارلۇقلارنى مەغلۇپ قىلىپ بېشبالىقتا زەپەر قۇچقانلىقىنى مەلۇم قىلىپ، ئەسىر ۋە

ئولجىلاردىن ھەدىيە ئەكەلگەن»لىكى خاتىرىلەنگەن. يەنى 791 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇيغۇرلار بېشبالىقتا تۇبۇتلەر بىلەن قارلۇقلارنى مەغلۇپ قىلغان. ھازىر ساقلىنىۋاتقان باشقا ئېنىقراق خاتىرىلەردە تۇبۇتلەرنىڭ 792 - يىلى قوچۇ (تۇرپان ئويمانلىقى)نى ئىگىلىۋالغان (دۇنخۇاڭ ۋەسىقىلىرى 3918 - ۋە 2732 - بەتلىرىگە قاراڭ[100]) لىقى سۆزلەنسىمۇ، بۇ تارىخىي ماتېرىياللار 791 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىقتا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىنى ئىنكار قىلماستىن، ئەكسىچە تۇبۇتلەر ناھايىتى زور چىقىم بىلەن كۈچىنىپ قوچۇنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، پۈت تىرەپ تۇرالمايۋاتقانلىقى، بۇ تەھدىتنىڭ دەل بېشبالىقتىكى ئۇيغۇرلاردىن كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىنلىكىدىن بېشارەت بەرگەن[101]. «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى»دا ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىقتىكى غەلىبىسى ۋە غەلىبىدىن كېيىن تۇبۇتلەر بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي گىرۋەكلىرىنى تالىشىش جەريانلىرى (16 - قۇرغا قارالسۇن) ئېنىق خاتىرىلەنگەن.

ئۇيغۇرلارمۇ توپىلاڭدا توغاچ ئوغرىلايدىغان بۇرۇنقى ئىتتىپاقدىشىنى ئاسانلىقچە بوش قويۇۋەتمىگەن، ئەلۋەتتە. مەڭگۈ تاشنىڭ 16 - قۇردا ئۇيغۇر تەڭرى قاغانىنىڭ كۈسەننى قۇتقۇزۇشقا ياردەمگە بېرىپ، تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. 17- قۇردا تەڭرى قاغان ياۋنى مەغلۇپ قىلىپ ئۈنچۈ دەريا (سىر دەريا)سىغىچە قوغلاپ بېرىپ، سانسىز ئەسىر ۋە ئولجا ئالغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. 18- قۇردا يەنە (بۇ يەر كەمتۈك)ئۆز گۇناھىنى بىلىپ كەچۈرۈم قىلىشنى تىلىدى. تەڭرى قاغان ئۇلارنىڭ ساداقەتمەنلىكىگە قاراپ، گۇناھىدىن

ئۆتتى. بەگلىكنى بېرىپ، يۇقىرالىرىنى ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋېرىشكە بۇيرۇدى. بۇنىڭدىن تىز پۈككەن بەگلەر ئوردىغا تاۋاپقا كېلىپ سوۋغا - سالاملارنى ھەدىيە قىلىشتى. تاشلىق قوۋمىنىڭ ئوق - سول تەرىپى بىلەن (داۋامى كەمتۈك).

تاشلىق ئۈچ قارلۇقلارنىڭ بىر قوۋمى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئۇيغۇرلارغا ئىتائەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇلارنىڭ قارلۇقلارنىڭ مەلۇم قوۋمى ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇنىڭغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك قانائەتلىنەرلىك ئىككى خۇلاسە چىقىرالايمىز:

1) «كونا تاڭنامە» (5210 - بەت)، «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى (17 -، 18 - قۇرلىرى)» بىلەن ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرە (گەردىزىنىڭ خاتىرىسى) ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بار بولۇپ، «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى»نىڭ 13 - قۇرىدىن باشلاپ بايان قىلىنغان ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلار ۋە تۈبۈتلەر ئۇرۇشى دەل 790 - يىللىرىدىكى بېشبالىق ئۇرۇشى ياكى بېشبالىق ئۇرۇشىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

2) 791 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ زەربە بېرىشى بىلەن قارلۇقلارنىڭ بەزى قوۋملىرى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن جەنۇبىي ئېتىكىدىكى پەرغانە رايونىغا سىلجىپ كىرىپ، ئەرەبلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويغاچقا، 792 -، 793 - يىللىرى ئەمۇر ئىبنى جەمىل ھەربىي ھەرىكەت قوللانغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

گەردىزى ئەمۇر ئىبنى جەمىلنىڭ قوللانغان ھەربىي ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىنى خاتىرىلىمىگەن. «توققۇز ئۇيغۇر

قاغان مەڭگۈ تېشى»نىڭ 20 - قۇردىكى خاتىرىدىن قارىغاندا، قارلۇقلار پەرغانىدىن ئايرىلمىغاندەك قىلىدۇ[102]. يۇقىرىقى ۋەقەدىن كېيىن، 20 - قۇردا ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇق ۋە تۈبۈتلەرگە يەنە بىر رەت زەربە بەرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. زەربە بېرىش ئوبيېكتى ئاساسەن قارلۇقلار بولۇپ، زەربە بېرىش لىنىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي گىرۋىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈبۈتلەر كونتروللۇقىدىكى رايونلار ئىدى. قارلۇقلار بۇ قېتىم قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان، يابغۇسى«پەرماننى ئاڭلىمىغاچقا زېمىنىدىن ئايرىۋېتىلىپ» قاتتىق جازالانغان. 21 - قۇردىكى بايان بويىچە ئېيتقاندا، يەنى («توققۇز بىلگە قاغان قايتا باش ئەگكەن قارلۇقلارغا ئۇنچۇ يابغۇنى باش قىلدى. يەنە ئون ئوق ۋە ئۈچ تۈركەش...») ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرپەرەس بىرسىنى قارلۇق يابغۇسى قىلىپ تىكلىگەن.

ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلارنىڭ توقۇنۇشى مەڭگۈ تاشتا ئۈچ قېتىم خاتىرىلەنگەن، يەنى بىرىنچى قېتىم (14 - قۇردىن باشلاپ) تۈبۈتلەر بېشبالىقا ھۇجۇم قىلغاندا؛ ئىككىنچى قېتىم (18 - قۇر) 791 - يىلى ئۇيغۇرلار بېشبالىقنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن بولۇپ، ئۇنداقتا ئۈچىنچى قېتىم (20- قۇر) تەخمىنەن قاچان يۈز بەرگەن؟ مەڭگۈ تاشنىڭ 21- قۇردا ئۇچرايدىغان «توققۇز بىلگە قاغان» دېگەن ئاتاق بىزنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەڭگۈ تاشنىڭ 12- قۇردىن باشلاپ بايان قىلىنغىنى «تەڭرى قاغان»نىڭ شانۇتۆھپىسىدۇر.«تەڭرى قاغان» كىمنى كۆرسەتمىسۇن، ئەگەر ناھايىتى مۇھىم ۋەقە يۈز بەرمىسىلا «تەڭرى قاغان» دېگەن ئاتاق ئۆزگەرمەيدۇ. مۇبادا، بۇ خىل قاراش پۇت تىرەپ تۇرالىسا، بۇ يەردە ئۇچرىغان «توققۇز

بىلگە قاغان»نىڭ ئاتىقىنى قىياس قىلغىلى، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش بىلگە قاغان 808 - يىلى توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانلىق تەختىگە چىققانلىقىنىڭ بەلگىسى قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئالدىنقى قاغان «ۋاپات بولغان»دىن كېيىن، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان «تەختكە ۋارىسلىق قىلغان» لىقىدىكى مەزمۇن بەلكىم 18-، 19- ياكى 20- قۇرنىڭ كەمتۈك قىسمى بولۇشى مۇمكىن[103]. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن 19- قۇرنىڭ ئالدىدىكىسىدە 808 - يىلى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان تەختتە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇنقى ئىشلار خاتىرىلىنىپ «تەڭرى قاغان» دېگەن نام - شەرەپ قوللىنىلغان. 19- قۇردىن باشلاپ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان تەختتە ئولتۇرغاندىن مەڭگۈ تاش پۈتۈلگەنگە قەدەر تارىخ بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش بىلگە ئالپ قاغاننىڭ رەسمىي سەلتەنەت نامى ئاددىيلاشتۇرۇلغان شەكىلدە قوللىنىلغان. شۇڭا، مەڭگۈ تاشتا ئۇچىنچى قېتىم خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلارنىڭ توقۇنۇشى تەخمىنەن 808 - يىلدىن كېيىنكى مەلۇم ۋاقىتتا يۈز بەرگەن.

مەڭگۈ تاشنىڭ سوغدى يېزىقىدىكى قىسمىنىڭ ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىسى يۇقىرىقى قىياسنى قۇۋۋەتلەپلا قالماي، يەنە تېخىمۇ ئېنىق ۋاقىتنى قىياس قىلدۇردى. يوشىدا يۇتاكا[104] هانسېننىڭ 1930 - يىلىدىكى تەتقىقاتىنى قايتا تەكشۈرۈپ هانسېن ئورنىنى مۇقىملاشتۇرالمىغان يەتتىنچى ۋە توققۇزىنچى پارچىسىدىكى سوغدى يېزىقىنىڭ ترانسكرىپسىيىسىدە خاتالىق بارلىقىنى بايقىغان. يېڭى ترانسكرىپسىيىگە ئاساسلىنىپ بۇ

ئىككى تاش پارچىسىنىڭ ئورنىنى بېكىتكەن. شۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ تاشنىڭ سوغدى يېزىقىدىكى قىسمىدىن تۆۋەندىكى مەزمۇننى بىلگىلى بولىدۇ[105] (كۆپ چېكىت قويۇلغان يەر ئەسلىي كەمتۈك).

«نۇرغۇن قېتىم... ئۇ بۇيۇك تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇردى... ئەرەبلەرنىڭ پۈتكۈل تەۋەلىكىدە... قۇد[106] قاغانغا بولغان ۋەھىمە ۋە ساراسىمە...» (سوغدى يېزىقىدىكى 18 - قۇردىن 22 - قۇرغىچە بولغان مەزمۇن).

«قۇد قاغان چۇشكەندە خۇراساننىڭ ئەمىرى ۋە باشقا جايلارنىڭ ئەمىرلىرى بىلەن ھاكىملىرىغا بىر پەرمان چۈشۈردى» (سوغدى يېزىقىدىكى 21 - قۇر).

مەڭگۈ تاشنىڭ سوغدى يېزىقىدىكى مەزمۇنغا ئاساسەن، خەنزۇچە 19- قۇردىكى «سۇر - توقاي قىلىپ... غىچە باردى»نى «ئەرەبلەرگىچە باردى» دەپ قىياس قىلىشقا ئاساسىمىز بار. يوشىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۇيغۇرلار بىلەن ئەرەبلەرنىڭ بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشى بىر توقۇنۇش بولسا كېرەك، دەپ قارايدۇ ھەم مىنورسكىينىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسەن، بۇ قېتىملىق توقۇنۇشنى 806 — 810 - يىللىرى ماۋارەئۇننەھردىكى رافىئىنىڭ قوزغىلىڭىغا باغلايدۇ. يوشىدانىڭ تەتقىقاتى ۋە خىيالى ناھايىتى قىممەتلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەرەبچە تارىخىي ماتېرىياللارنى ئىزاھلىشى توغرا بولمىغان.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، «تارىخى يەئقۇبى» (2- جىلد، 435-، 436 - بەتلەر)گە ئاساسلانغاندا، ئەينى چاغدا رافىئى ماۋارەئۇننەھردىكى ئاھالىلەر بىلەن تۈركلەر (بەلكىم ئوغۇزلارنى كۆرسەتسە كېرەك)، قارلۇقلار، توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر)

لار ۋە تۈبۈتلەرنى ئۆزىنىڭ خەلىپىگە قارشى توپىلىڭىنى قوللاشقا قىزىقتۇرغان. رافىئى ئۇلارنىڭ بولۇپمۇ تۈركلەر (ئوغۇزلار)، توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) لار ۋە تۈبۈتلەرنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرەلىگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولمىسىمۇ، يەئقۇبى قارلۇقلارنىڭ رافىئىنى قوللىغانلىقىنى ئېنىق خاتىرىلىۋالغان. ئەرەبلەر بىلەن ئۇيغۇرلار، قارلۇقلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەرەب - پارس تارىخىي ماتېرىياللىرىدا تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرگەن. 810- يىلى (ھىجرىيىنىڭ 195 - يىلى) ئاباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەخت تالىشىش كۈرىشى بولۇۋاتاتتى. مۇھەممەد ئەمىن باغدادتا خەلىپىلىككە ئولتۇرغانلىقىنى جاكارلاپ، ئاكىسى مەئمۇن[108]نى خۇراساندىن ئىراققا قايتىشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنىنى تارتىۋالماقچى بولىدۇ. تەبەرى ئەينى چاغدا خۇراساننىڭ شەرقىدە تۇرۇۋاتقان مەئمۇن بىلەن سىردىشى فازىل ئىبنى سەھلىنىڭ ۋەزىيەت ھەققىدىكى پارىڭىنى خاتىرىلىۋالغان[109].

مەئمۇن دېدىلەركى: «ئورنۇم كۆچىيىپ، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلالىغىنىمدا، ئەگەر مۇشۇنداق ئىش يۈز بېرىپ قالسا، مەن ئوڭايلا تاقابىل تۇرالايتتىم. مۇھەممەت (ئەمىن) بىلەن تىركىشىشكە ئامال قىلالايتتىم. لېكىن، ھازىر بۇنداق ئىش يۈز بېرىپ، خۇراسان ۋەيران بولۇپ، ھەممە ياق قالايمىقانلىشىپ كەتتى. (قارلۇق) يابغۇسى بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇپ قالدى. تۈبۈت قاغانى بويۇنتاۋلىق قىلىۋاتىدۇ. كابۇل خانى قوشنىسى خۇراسانغا بېسىپ كىرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. ئوترار خانى خىراج تاپشۇرمايۋاتىدۇ. مەن بۇ ئىشلارغا قارىتا ئامالسىز قالدىم. مۇھەممەت (ئەمىن)نىڭ مېنى ئالدىغا چاقىرتىشىدا يامان

غەرىزى بار. قارىغاندا مەن ھازىرقى ئورنۇمدىن ۋاز كېچىپ، تۈرك قاغانىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئېلىنىڭ ھامىيلىقىنى تىلىمىسەم بولمىغۇدەك، ئەڭ ياخشىسى مەن ئۆز بىخەتەرلىكىمنى ساقلاپ، باشقىلارنىڭ مېنى يېگىۋېلىشى ۋە ئاسىيلىق قىلىشىدىن ساقلانغىنىم تۈزۈك»[110].

بۇ يەردىكى «تۈرك قاغان» ئۇيغۇر قاغانىنى كۆرسىتىدۇ[111]. مەئمۇننىڭ بۇ سۆزى ئەرەبلەر بىلەن قارلۇقلار مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ يامانلاشقانلىقىنى ھەم ئەرەبلەر بىلەن ئۇيغۇرلار مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى ياخشىلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەئمۇن ئامالسىز قالغاندا ئۇيغۇر قاغانىنىڭ «پېشىنى تۇتۇپ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئېلىنىڭ ھامىيلىقىنى تىلەش»نى ئويلاشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ تەبىئىي ھالدا «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۇ تېشى»نىڭ سوغدىچە ھەم خەنزۇچە مەزمۇنىدىكى ئەرەبلەرگە مۇناسىۋەتلىك خاتىرىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ ئەسلىمە خاتا بولمىسا، مۇنداق دەپ قاراشقا بولىدۇ:

1) مەڭگۇ تاشنىڭ خەنزۇچە مەتنى 19 - قۇردىكى «سۇر - توقاي قىلىپ ئەرەب ئېلىغىچە باردى» دېگىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرەبلەرگە زەربە بەرگەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى ياۋنى قوغلاپ ئەرەب ئېلىغىچە بارغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. زەربە بېرىش ئوبيېكتى بولسا، ئۇيغۇرلار بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولغان، يەنى مەڭگۇ تاشنىڭ خەنزۇچە مەتنىنىڭ 18-، 19-، 20-، 21 - قۇرلىرىدا تىلغا ئېلىنغان قارلۇقلار ۋە ئۇنىڭ قوۋمىدۇر.

2) بۇ ھەربىي ھەرىكەت 810 - يىلىدىن بۇرۇنراق، يەنى 806 - يىلى رافىئى ئىسيان كۆتۈرۈپ ئاباسىيە ھاكىمىيىتىگە

قارشى چىققاندىن، 810 - يىلى مەئمۇن يۇقىرىقى سۆزنى قىلغانغا قەدەر ئارىلىقتا يۈز بەرگەن. بۇ ۋاقىتنىڭ خەنزۇچە مەتىنى 21 - قۇردىكى «توققۇز بىلگە قاغان» دېگەن ئاتاق بىلەن ماس كەلگەنلىكىگە قاراپ[112]، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن حالدا بۇ ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى 808 — 810 - يىلىغىچە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئومۇمەن، مەڭگۇ تاشنىڭ مەزمۇنىدىن 789 — 791 - يىللىرى بېشبالىق ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار نەچچە رەت قارلۇقلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىر 808- يىلى ئاي تەڭرىدە بولمىش قۇت بىلگە قاغان تەختكە ئولتۇرغان مەزگىللەردە غايەت زور غەلىبىگە ئېرىشىپ، بىر قىسىم قارلۇقلارنى ئۆزىگە «ئىستائەت» قىلدۇرغانلىقى ھەمدە بىر قارلۇق يابغۇسىغا قايتىدىن ئۇنچۇ بىلگە يابغۇ دېگەن ئاتاقنى بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

808 - يىلى ئەتراپىدىكى جازا يۇرۇشىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار پەرغانىنى ئىلكىدە ساقلىمىغان. ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش بىلگە قاغان دەۋرىدە يېزىلغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن بولغان مانى دىنىنىڭ «مەھرنامە»نىڭ پارچىسى بولمىش بىرىنچى پارچىسىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى (1- قۇردىن 159 - قۇرغىچە)دا قاغان ۋە ئۇنىڭ جەمەتى ھەم ۋەزىر - ۋۇزرالىرىغا بەخت تىلىگەن. قاغاننىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى پەنچىكەنت(بېشبالىق)، چىنانكەنت (قۇچۇ)، كۇچ(كۇچا)، كاش(قەشقەر)، پەرۋان(پەرغانە)، ئارك (ئاگنى، قاراشەھەر)، ۋىچۇر(ئۇنسۇ) قاتارلىق جايلارنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىكەن[113]. بۇ تىزىملىك بىزگە ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي

قىسمىنىلا كونترول قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش بىلگە قاغان جازا يۈرۈشى قىلىپلا پەرغانىدىن چېكىنىپ چىققانلىقى ئېنىق. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈنچۈ بىلگە يابغۇ ئاتىقىنى بەرگەنلىكىگە كەلسەك، ئۇ بەلكىم 806 — 810 - يىللىرى رافىئى توپىلىڭىنى قوللىغان قارلۇق يابغۇسى ئەمەستۇر. مۇشۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلار جازا يۈرۈشى قىلغاندىن كېيىن، قارلۇقلار تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدا 816 - يىلى ئەرەب سەركەردىسى فازىل ئۇلارنى قوغلاپ چىقارغۇچە تەڭرىتاغ رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بېشبالىق ئۇرۇشىدىن كېيىن قۇچۇ ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، بۇ مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش زۆرۈر.

**ئىزاھلار:**

(1) VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىكى تەڭرىتاغ رايونىنىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا مورىياسۇ تاكائونىڭ «تۈبۈتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرىشى» دېگەن ماقالىسىنىڭ 4 -، 5 - بابىغا، بېكۋىسىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈبۈت ئىمپېرىيىسى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 5 - بابىغا، ۋاڭ شياۋ-پۇنىڭ «تاڭ سۇلالىسى، تۈبۈت ۋە ئەرەبلەرنىڭ سىياسىي مۇناسىۋەت تارىخى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 3 - ، 4 - بابلىرىغا قاراڭ.

(2) «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» (تولۇقلانغان نۇسخا) 49-، 50- بەتلەر، مورىياسۇ تاكائونىڭ ماقالىسىنىڭ 42 - بېتىگە ۋە

203 - ئىزاھاتقا قاراڭ.

(3) ھ .ئا. ر. گىب: «751 - يىلى ئەرەبلەرنىڭ سارىخ (قەشقەرگە)قا تاجاۋۇزى» دېگەن ماقالىسىدە بەزى ئەرەب تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى قۇتەيبەنىڭ قەشقەرگە لەشكەر تارتقانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىنى ئىنكار قىلىسىمۇ، قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلىشقا لەشكەر ئەۋەتىشىنىڭ ئېھتىمالى بارلىقىنى ئىنكار قىلمىغان. گىبنىڭ «ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىستېلاسى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 52 -، 53 - بەتلىرىدىكى بايانغا قاراڭ. بېكۇس گىبنىڭ ئىنكارىنىڭ ئاساسى يوق دېسىمۇ، تولۇق ئاساس كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن ھەم قۇتەيبە ئەۋەتكەن لەشكەرلەرنىڭ قەشقەرگە بارغانلىقىنىلا ئېتىراپ قىلغان.

(4) بۇ جايلار تۈبۈتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن ۋاقىت ھەققىدە موريياسۇ تاكائونىڭ ماقالىسى بىلەن ۋاڭ شياۋپۇنىڭ ئەسىرىگە قاراڭ.

(5) موريياسۇ تاكائو: «ئۇيغۇرلار بىلەن تۈبۈتلەرنىڭ بېشبالىقنى تالىشىش ئۇرۇشى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى غەربىي يۇرت ۋەزىيىتى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇرلار بىلەن تۈبۈتلەرنىڭ بېشبالىقنى تالىشىش ئۇرۇشى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىگە تولۇقلىما»، «ئۇيغۇرلار بىلەن تۈبۈتلەرنىڭ 789 — 792 - يىللىرى بېشبالىقنى تالىشىش ئۇرۇشى.»

(6) بارتولد (197 - بەتتە)، پرىتساك (275 - بەتتە) مۇ بۇنى «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگەن ئۇرۇش» دەپ قارىغان.

(7) موريياسۇ تاكائو: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى تىبەت»

113- بەت).

(8) مورىياسۇ تاكائونىڭ يۇقىرىقى ماقالىلىرىگە قاراڭ.

(9) بۇ نۇقتىنى ئەڭ بۇرۇن تەھقىقلىگەن كىشى بەي شۇيى ئەپەندىدۇر (بەي شۇيىنىڭ «تالاس ئۇرۇشىدىن ئىسلام دىنىغا دائىر ئەڭ دەسلەپكى خەنزۇچە خاتىرە»نىڭ ئۇچىنچىسى بولمىش، «تالاس ئۇرۇشىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئورنىغا كۆرسەتكەن تەسىرى» دېگەن ماقالىلىرىگە قاراڭ).

(10) گىب: «ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىستىلاسى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 97 - بېتىدە: «جۇڭگولۇقلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدەك ئەنئەنىسىگە ھەقىقىي ئەجەللىك زەربە بېرىش، تالاس ئۇرۇشىدەك تاسادىپىي ۋەقەدىن ئەمەس، بەلكى 757 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ قوشۇنلىرى تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ ئاتلاغسان - سۇقان توپىلىڭىنى تىنچىتىشىپ بېرىشىدىن بولغان. جۇڭگونى چەكسىز قۇدرەتلىك، يېڭىلمەس ئىمپېرىيە، دەپ قاراپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار، جۇڭگونىڭ ئۇزۇل - كېسىل خارابلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىناۋەت - ھەيۋىسى مۇشۇ زەربىدىن ئەسلىگە كېلەلمىگەن» دەيدۇ.

(11) بېكۋىسنىڭ ئەسىرىگە قاراڭ.

(12) مورىياسۇ تاكائو ماقالىسىنىڭ 220 — 224 - بەتلىرىگە قاراڭ.

(13) يۇقىرىدا كۆرسەتكەن ياپونىيىلىك ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىدىن باشقا يەنە، پرىتساكنىڭ «قارلۇقلاردىن

قاراخانىيلار غىچە»، ئېلدىكو ئەسەدى (ۋېنگرىيىلىك) نىڭ «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قارلۇقلار تارىخى ھەققىدە يېڭى تەتقىقات»، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى «س.س.س.ر. قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى تارىخى» ( I توم. IV باب. 4 - پاراگراف، 1984 - يىلى نەشرى، 250 — 257 - بەتلەر).

(14) ئۇچىدا گېنپۇ: «دەسلەپكى مەزگىللەردىكى قارلۇقلار تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، «سۇينامە. تېلې (ئوغۇز)لار تەزكىرىسى»دە تىلغا ئالغان «يەش ئوغۇز (قۇمۇل) نىڭ غەربىدىكى، ئاگنى (قاراشەھەر) نىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى» ئوغۇزلار ئىچىدە كېيىنكى ئۈچ قارلۇقلارنىڭ بىرى بولمىش چىگىللار بولسىمۇ «قارلۇق» دېگەن نام تىلغا ئېلىنغان. قارلۇق قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلما مەسىلىسى ھەققىدە مەسىلىنى ھەل قىلىپ بولدۇق، دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

(15) بارتولد: «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئىپتىدائىي تارىخي ماتېرىياللىرى» 27- بەت.

(16) چاۋاننىس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» 286 - بەت، مىنورسكىي «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ شەرھىسىدىمۇ مۇشۇنداق كۆزقاراشنى بايان قىلغان.

(17) بىچۇرىن: «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر توغرىسىدىكى مەلۇماتلار توپلىمى» 1950 - يىلى نەشرى، I توم 300 - بەت.

(18) «تېرخىن ياكى تارىيات مەڭگۈ تېشى»نىڭ مەزمۇنى ۋە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار ئاساسەن كىلياشتۇرنىينىڭ

«تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دېگەن ماقالىسى ۋە «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» ياكى «شىنە - ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى» ھەققىدە گىلىڭ شىمىن تەرجىمىسىگە قاراڭ.

(19) پرىتساكنىڭ ماقالىسى 275 - بەت، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى «قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخى» I توم 252- بەت)دا: «قارلۇقلارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە مۇستەقىل بولۇش نىيىتى ئۇلارنى ئۇيغۇرلار بىلەن توقۇنۇشتۇرۇپ قويدى. 746 - يىلى قارلۇقلار كونا ئىتتىپاقدىشىنىڭ بېسىمى بىلەن يەتتەسۇ رايونىغا كۆچتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلتەرىش بىلگە قاغان (مويۇنچۇر) سەلتەنىتى دەۋرىدە ئويۇلغان تېرخىن مەڭگۈ تېشىدا بۇ ۋەقە تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان» دېيىلگەن. بېكۆس بولسا: «كېيىن ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ كاتتىۋشىنى شەرقتىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ قاغانى قىلىپ تىكلىدى. نەتىجىدە، ئۈچ قارلۇق قوۋملىرى 745 - يىلى غەربىي تۈركلەر ئېلىگە كۆچتى. 751 - يىلىغا كەلگەندە، تۇمۇچ ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقا قورچاقلىرى بولسىمۇ ئۇلار (ئۇ جاينىڭ) مۇھىم كۈچلىرىدىن بولۇپ قالغان (ئەسلىي ئىزاھ «شىنە - ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى»نىڭ 11 - قۇرىغا ئاساسەن شەرھلەنگەن). يەنە پ. گولدېن 1972 - يىلى ئېلان قىلدۇرغان «كۆچمەن ئوغۇزلار» دېگەن ماقالىسىدە، ئۈچ قارلۇقلار 745 - يىلى ئون ئوق يېرىگە قېچىپ بېرىپ ئۇيغۇرلار بىلەن بىر تالاي ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، گوبىدا قالغان قارلۇقلارمۇ ئارقىدىنلا ئۇ يەرگە قېچىپ بارغان، دەپ قارايدىكەن (مەن مەزكۇر ماقالىنى تاپالمىغاچقا بېكۆسنىڭ ئەسىرىدىن سىتاتا ئالدىم). ئەسلىي ئەسەرنىڭ 126- بېتى 113 - ئىزاھاتىغا قاراڭ.

(20) بېكۋۇسىنىڭ ئەسىرى 126 - بەت، 114 - ئىزاھاتىغا قاراڭ. گىب «ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىستېلاسى» دېگەن ئەسىرى (6 - بەت)دە، تالاس ئۇرۇشى مەزگىلىدە قارلۇقلار «تۈركەشلەرنىڭ ئورنىنى بېسىپ غەربىي تۈرك يېرىدىكى زومىگەر بولۇپ قالغان ئىدى» دەپ قارايدۇ.

(21) «كونا - يېڭى تاڭنامە»دىكى خانلار تەرجىمھالى ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»دە تيەنباۋ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى (744 - يىلى) 8 - ئايدا باسمىللارنىڭ تۈرك ئۆزمىش قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى ئاستانىگە يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. بۇ ۋەقە «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»دە تېخىمۇ ئىنچىكە خاتىرىلەنگەن. «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ 24 - قۇرىدا: «... ئۆزمىش قاغان بولدى. قوي يىلى (743 - يىلى) مەن (25 - قۇر) ئىككىنچى قېتىم بېرىپ (ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتۇم)... مايمۇن يىلى (744- يىلى) مەن باردىم ... ئۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ، ئۇنى يەڭدىم (26 - قۇر). ئۇلارنىڭ قاغانىنى ئەسىر ئالدىم (تەرجىمىسى كىلياشتورنىينىڭ ئىنگلىزچە تولۇقلىمىسىدىن ئېلىندى) دېگەن خاتىرە بۇ يىل ۋاقتىنى تەستىقلايدۇ. خانېدا تورو (مەزكۇرنىڭ ماقالىلەر توپلىمى 183 — 186 - بەتلەر) نىڭ بۇ يىل ۋاقىت توغرىسىدىكى ئارىسالدى بولۇشىدىن خالاس قىلساق بولىدۇ.

(22) ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلار باسمىل قاغانىنى ئۆلتۈرگەن ھەم ئۇيغۇر ئاتامانى خان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى نام - ئاتاق بەرگەن ۋاقىت خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا قالايمىقانراق خاتىرىلەنگەن. خانېدا تورو (168-، 169 - بەتلەر)

تەھلىل قىلىپ 745 - يىلى دەپ بېكىتكەن.

(23) «ئايرىم - ئايرىم تۇتۇق بەلگىلىدى» دېگەننى «ھەر بىر قەبىلىگە بىردىن تۇتۇق بەلگىلىدى» دەپ چۈشىنىش كېرەك. «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»دىكى تيەنباۋ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئۈچىنچى يىلى «كۆزدىكى سەككىزىنچى ئاي» ماددىسىدىكى: «ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلار بىرلىشىپ باسمىل ئېلتەرىش قاغانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى. ئۇيغۇر كۆل بىلگە ئۆزىنى خان تىكلىدى... شۇنىڭ بىلەن... جەنۇبتا تۈركلەر ئېلىنى ئىگىلەپ، ئۆتۈكەن تېغىدا ئوردا قۇردى. بۇرۇندىن باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ياغلاقار قاتارلىق توققۇز ئورۇققا كېيىنچە باسمىل، قارلۇقنى قوشۇپ 11 قەبىلە قىلىپ ھەربىر قەبىلىگە بىردىن تۇتۇق بەلگىلىدى» دېگەنگە قاراڭ. ھەم «تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»دىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلاردىن پايدىلىنىڭ. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى. قارلۇقلار»دا «شۇنىڭ بىلەن قارلۇقلار يېرىدىكى ۋە ئۆتۈكەن تېغىدىكىلەر ئۇيغۇرلارغا تىز پۈكتى. ئالتۇنتاغ ۋە بېشبالىقتىكىلەر ئۆزى يابغۇ تىكلەپ، ھەر يىلى تاۋاپقا كېلىپ تۇردى» دېيىلگەن.

(24) 10 — 12 - غىچە بەلگە ئۈچۈپ كەتكەن. كىلياشتورنىينىڭ ئىنگلىزچە تولۇقلىمىسىدىكى ترانسكرىپسىيىسىدىن ئېلىندى.

(25) 3-، 4 غىچە بەلگە ئۈچۈپ كەتكەن. مەنبە يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

(26) موريياسۇ تاكائو: «ئۇيغۇرلار بىلەن تۇبۇتلەرنىڭ بېشبالىقنى تالىشىش ئورۇشى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى غەربىي

يۇرت ۋە زىيىتىگە تولۇقلىما» دېگەن ماقالىسىدە، بۇ يەردىكى ئۆتۈكەن تېغى بولسا ئالتۇنتاغ دېگەننىڭ خاتا يېزىلىپ قېلىشى، بۇ بىر بۆلۈك قارلۇقلار بولسا، ئاساسىي گەۋدىسى غەربكە كۆچۈپ كېتىپ قېپقالغانلىرىدۇر، دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراشنىڭ ئاساسى يوق. ئەمەلىيەتتە بىز «موينچۇر مەڭگۈ تېشى»دا ئۇيغۇرلارنىڭ قېپقالغان قارلۇقلارغا جازا يۈرۈش قىلغىنىنى دائىم ئۇچرىتىمىز.

(27) «ئون ئوق يېرى»نىڭ شەرقىي چېگرىسى «جۇڭگو تارىخىنىڭ ئاتلىسى» 5- قىسىم (63-، 64- بەتلەر) «لۇڭيۇ ۋىلايىتىنىڭ غەربىي قىسمى»دا: ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ غەربىدە، دەپ كۆرسىتىلگەن. «كونا تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى. قارا»دا «دەسلەپتە ئاشىنا بايان ئېلىگە قايتىپ كەتتى. تولۇق قاغان شۇنىڭ بىلەن قارانى يابغۇلۇققا تەيىنلىدى. ئۇ بايانىنىڭ ئورنىنى بېسىپ تالاس ۋادىسىغا كۆچۈپ، قۇچۇنىڭ ئۇدۇلىغىچە بولغان 1500 چاقىرىم ئارىلىقتىن چۇمۇل، چىگىل، قۇشۇ، قارلۇق ۋە ساداقلىقلار قەبىلىسىدىن ئىبارەت بەش قوۋمنى ئىدارە قىلدى» دېيىلگەن. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە: (جېنگۇەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 22 - يىلى) «غەربىي تۈرك قاغانى ئاشىنا قاراغا بەشىنچى چۇر، ئالتىنچى ئېركىن ۋە 20 نەچچە قوۋمنى ئىدارە قىلىشقا ئەمىر قىلدى. ئۇلار تالاس دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، قۇچۇدىن ئاتلىق ماڭغاندا، 15 كۈنلۈك مۇساپە ئىدى» دېيىلگەن. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئون ئوق بولمىش غەربىي تۈركلەر ئېلىنىڭ شەرقىي چېگرىسى ئەڭ يىراق بولغاندا، تالاس دەرياسى (چاۋانىس قارا ئېرتىش دەرياسى دەپ قارايدۇ)غىچە

ئىكەن.

(28) «ئەلىنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» 6919 - بەت، «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى توپلىمى» 128- جىلد 690 - بەت.

(29) ئەن سىشۇن تيەنباۋ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 11 - يىلى خېشىدىن سۇفاڭ (شىمال تەرەپ)كە كۆچكەن. ئۇنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىنى «چېگرىدىكى قورغانلار يىلنامىسى»دىن كۆرۈۋېلىڭ.

(30) «يېڭى تاڭنامە. ھون تەزكىرىسى»دە «قۇمدىن ئۆتۈپ» دېگەن سۆز چۈشۈپ قالغان.

(31) ۋاڭ گوۋېي: «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۇ تېشىغا كىرىش »تە بۇ ۋاڭ يەندې « قۇچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»دىكى «قۇملۇق چۆلى» دەپ قارايدۇ. ۋاڭ يەندېنىڭ خاتىرىلىشىچە قۇمۇلنىڭ غەربىدىكى لاپچۇق قۇملۇق چۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، يەنى قۇملۇق چۆلى قۇمۇلنىڭ غەربىي شىمالىدا ئىكەن. ۋاڭ گوۋېي يەنە قۇملۇق چۆلى باغاقان چۆلىدۇر، دەپ قارايدۇ. لېكىن، باغاقان چۆلى قۇمۇلنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا («شەپقەت ساڭرامى تەزكىرىسى» 1- جىلد چاۋننىسىنىڭ تەھقىقىگە قاراڭ). شۇڭا، قۇم چۆلىنى بېشبالىقنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتا ئۇدۇللاش كېرەك. بۇنداق ئۇدۇللاش ھۇن جيەننىڭ ھەربىي ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشىگىمۇ ئۇيغۇن. يەنە كېلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىقنى ئىگىلىۋېلىشى بۇ يەرنىمۇ تىنچ قويمايدۇ. شۇڭا، موڭغۇللار دەۋرىدىكى ئالتۇنتاغ بىلەن ئۆرۈنگۇ دەرياسىدىن بېشبالىققا بارغۇچە ئارىلىقتىكى بۆرتىن چۆلىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

(32) چاۋانىنس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 37 -، 38 -، 92- بەتلەر خەنزۇچە تەرجىمىسى.

(33) يۇقىرىقى كىتاب 32 - بەت 6 - ئىزاھات.

(34) مىنورسكىي «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ شەرھى 196 - بەت ئىنگلىزچە.

(35) مىنورسكىي: «شەرەفىز زامان تاھىر مەرۋىزىنىڭ جۇڭگو، تۈركلەر ۋە ھىندىستان ھەققىدىكى بايانى» 31 - بەت ئىنگلىزچە.

(36) مىنورسكىينىڭ شەرھىسى بولۇپ، «ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ 31 - بېتىگە قاراڭ.

(37) بەي شۈيى ئەپەندىنىڭ ستاتىستىكىسىدىكى تەھقىقكە قاراڭ.

(38) «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» 6742 -، 6743 - بەتلەر.

(39) يۇقىرىقى كىتاب 6752 - بەت.

(40) يۇقىرىقى كىتاب 6728 - بەت.

(41) «كونا تاڭنامە»نىڭ (كوسېنچى تەزكىرىسى) 3206 - بېتىگە قاراڭ.

(42) قانچىلىك لەشكەر چىقارغانلىقىغا قارىتا ئىختىلاپ بار، بۇ ھەقتە بەي شۈيى ئەپەندى ئىستاتا ئالغان تەھقىقكە قاراڭ. ئەمما، دۈيونىڭ «ئومۇمىي قائىدە - تۈزۈمنامە»دىكى «يەتتە تۈمەن قوۋم» دېگىنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، باشقا ماتېرىياللار بىلەن دەلىللەش كېرەكتەك قىلىدۇ.

(43) بۇ ئۇلپان تاپشۇرۇشقا دائىر خاتىرىلەرنى ئاساسەن چاۋانىنس «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» (خەنزۇچە

تەرجىمىسى 281 — 339 - بەتلەر)غا كىرگۈزگەن. «كىتابلار جەۋھىرى»نىڭ 971 - جىلدىدا «تيەنباۋ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 12 - يىلى (753 - يىلى) 12 - ئايدا قارلۇقلار بىلەن شاش ئېلىدىن ئەلچى كېلىپ سوۋغا ھەدىيە قىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بېكۇس (كىتابىنىڭ 126 - بېتى، 114 - ئىزاھاتى) شاش ئېلى بىلەن بىرگە كەلگەنلىكى قارلۇقلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچۈپ كېلىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارنى خاتا چۈشىنىۋالغان، «بىلەن»، «ھەم» دېگەن سۆز قوشنا ئەللەر بىللە تاۋاپقا كەلگەن دېگەن مەنىنى بېرىشى ناتايىن. مەسىلەن، «كىتابلار جەۋھىرى» 971 - جىلدتا تيەنباۋ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 14 - يىلى «4 - ئايدا سىللا ھەم تۈركەشلەر ئەلچى ئەۋەتىپ قۇتلۇقلىدى» دېيىلگەن.

(44) «كىتابلار جەۋھىرى» 975 - جىلدىكى يارلىققا قاراڭ.

(45) پرىتساك (ماقالىسىنىڭ 275 - بېتىدە): «جۇڭگولۇقلار ئەرەب ئىستېلاچىلىرى بىلەن بولغان كۈرەشتە بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان تالاس ئۇرۇشىدا، قارلۇقلار ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھۆكۈمرانى بولمىش جۇڭگولۇقلار تەرەپتە ئەمەس، بەلكى ئەرەبلەر تەرەپتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز» دېگەن. بۇ پىكىر دېگۈدەك ھەممە ئالىملارنىڭ كۆزقارىشىنىڭ بايانىغا ۋەكىل بولۇپ قالغان. ئەمدى بۇنىڭغا تۈزىتىش بېرىش كېرەك.

(46) «موبۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»دا ئۇيغۇرلار قارلۇقلارغا زەربە بەرگەن يەر ئىسمى «بولچۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «بولچۇ»

دېگەن بۇ يەر نامى باشقا مەڭگۈ تاشلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» (35 - قۇر)دا: بىز ماڭغىلى بولمايدىغان ئالتاي تېغىدىن ئېشىپ، كېچىكسىز ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتتۇق. كېچىلەپ ئىلگىرىلەپ، تاڭ ئاتقاندا بولچۇغا يېتىپ كەلدۇق (39 - قۇر)... بىز ھۇجۇم قىلىپ ياۋنى يوقاتتۇق. ئەتىسى ئۇلار (يەنە) كەلدى. (40 - قۇر). ئۇلار يالقۇندەك شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلدى. بىز ئۇرۇشتۇق (41 - قۇر) ... بىز (ئۇلارنى) يەڭدۇق. قاغاننى ئەسىر ئالدۇق. يابغۇ بىلەن شاد (42 - قۇر)نى ئۇ يەردە ئۆلتۈردۇق، 50 دەك كىشىنى ئەسىر ئالدۇق، شۇ كېچىسى ھەربىر قوۋمغا ئىلچى ئەۋەتتۇق، خەۋەرنى ئاڭلاپ ئون ئوقنىڭ بەگلىرى ۋە خەلقلىرى تولۇق (43 - قۇر) كېلىپ، باش ئەگدى» دېيىلگەن.

«كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»دا: «(شەرق تەرەپ 36 - قۇر): ئۇ يىلى تۈركەشلەرگە جازا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن، ئالتاي تېغىدىن ئۆتتۇق (37 - قۇر) ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۇخلاۋاتقان تۈركەشلەرگە زەربە بەردۇق، تۈركەش قاغانىنىڭ قوشۇنلىرى ئوت - بوراندەك بولچۇدىن كەلدى، ئۇرۇشتۇق. كۆلتېكىن (38 - قۇر) ... ئۆز قولى بىلەن تۈركەش قاغانىنىڭ بۇيرۇقى (ۋەزىرى) ئازتوتۇقنى ئەسىر ئالدى. ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ قاغانىنى ئۆلتۈرۈپ ئېلىگە ئېرىشتۇق. تۈركەش خەلقى تامامەن تىز پۈكتى» دېيىلگەن.

«بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»دا: (27 - قۇر) ئۇ يىلى تۈركەشلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ئالتاي تېغىدىن ئېشىپ، ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتتۇم. ئۇخلاۋاتقان تۈركەشلەرگە ھۇجۇم قىلدىم. تۈركەش قاغانىنىڭ قوشۇنى ئوت - بوراندەك ئېتىلىپ

كەلدى. بىز بولچۇدا ئۇرۇشتۇق. مەن ئۇ يەردە قاغان، يابغۇ، شادنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئېلىگە ئېرىشتىم.» دېيىلگەن. كىلياشتورنىي «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ ئىپتىدائىي ماتېرىيالى — تۈرك رونىك مەڭگۈ تاشلىرى» (140-، 141 - بەت) دېگەن كىتابىدا تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، يۇقىرىقى ئۈچ مەڭگۈ تاشنىڭ ھەممىسىدە 710 -، 711 - يىلى تۈركلەرنىڭ تۈرگەشلەرگە جازا يۈرۈش قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەنلىكىنى دەلىللەپ چىققان. ئەينى چاغدا تۈرگەشلەر ساقالنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، 708 - يىلى ئۇ ئەنشى قاتارلىق جايلارنى بىر مەزگىل ئىگىلىۋالغان. كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى نورماللاشقاندا، تاڭ سۇلالىسى ساقالغا «ئون قاغان» («كىتابلار جەۋھىرى») ۋە «چىنخۇا (ھۆرمەتلەنگۈچى) قاغان» ئاتىقىنى بېرىپ، «شۇجۇڭ (ساداقەتنى ساقلىغۇچى)» دېگەن نامنى ھەدىيە قىلغان. جىڭلۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4 - يىلى (710 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ لەشكىري كۈچىدىن پايدىلىنىپ، گوبىنىڭ شىمالىدىكى تۈرك بەگچۇر ھاكىمىيىتىگە زەربە بېرىشنى ئويلاشقان بولسىمۇ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى ئالمىشىش سەۋەبىدىن بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىغان. شۇنداقتىمۇ جىڭلۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4 - يىلى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سۈيتىڭ يوللىغان «لۇشۇجىڭ قاتارلىقلارنى شىمالغا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇش لايىھىسى» دىكى: «ئالتۇنتاغ ۋىلايىتىنىڭ تۇرشاۋۇل قوشۇن ئەلچىسى، تېكىن، قارابىلگە چىنخۇا قاغان تۈرگەش شۇجۇڭ ئەلدە ئىناۋەت تاپقان، ھەيۋىسى جاھانغا تارالغان، سادىق ھەم پەملىك، باتۇر ھەم كەسكىن بولغاچقا، ۋاسساللار ئىچىدىكى ئەڭ ئەتىۋارلىق ۋە ئالاھىدە ھۆرمەتلىك

كىشى. شۇڭا، ئۇنىڭ تۆھپە يارىتىپ، جۇڭگونىڭ خىزمىتىدە بولغۇسى بار بولغاچقا، ئىنىسى ئوڭ قول قورۇقچى سانغۇن شۇجىنى (ئەدەپ ساقلىغۇچى) ئەۋەتىپ ئۇدۇل قومۇلۇققا بېسىپ زەر تۇغىنى كۆزلەۋاتىدۇ. لېكىن، بەگچۇر ئۇنىڭ ئادەملىرىنى قوترىتىپ، ئۆزئارا قارشىلاشتۇرۇۋاتىدۇ. جەڭگى - جېدەلدە بەك ھالسىراپ كېتىشتى. پاراكەندە بولۇپ كەتكەن بولسا، يىراقتا تۇرۇپمۇ پايخانلىۋەتكىلى بولىدۇ. قىرغىزلار ئوڭ تەرەپتە بولغاچقا، شەرقتىن ھەمدەم بولىدۇ ھەم ئۇلار نەچچە رەت نامە يوللاپ ئۇۋىسىدىلا تۇنجۇقتۇرۇۋېتىش تەكلىپىنى بەرگەن» دېگەن بايانلار دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. بۇ يەنە ئەينى چاغدا تۈركەشلەرنىڭ تەسىر كۈچى كېڭىيىپ قىرغىزلارنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتاي تېغى ئەتراپىغا بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، تۈركلەر غەربىتىكى تۈركەشلەرگە ھۇجۇم قىلغاندا ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۇرۇشقان جاي ئېرتىش دەرياسىدىن يىراق ئەمەس. ئۈچ مەڭگۈ تاشتىن ئىككىسى (تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى بىلەن بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنى كۆرسىتىدۇ. تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشىدىن ئىلگىرى پۈتكەن، بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى بولسا كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشىدىن كېيىن پۈتكەن)دە ئۇرۇشقان جاينى بولچۇ دېگەن. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دا تېخى تۈركلەر ئېرتىش دەرياسىدىن بىر كېچىلىك يىراقلىقتىكى تۈركەشلەرگە زەربە بەرگەندىن كېيىن، ئەتىسى تۈركەش قاغانى يېتىپ كېلەلىگەنلىكىنى تەپسىلىي خاتىرىلىگەن. شۇڭا، بولچۇنى ئېرتىش دەرياسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەر، دەپ بېكىتىمەن. كىلياشتورنىي (كىتابنىڭ 36 - بېتى). گىرىم گىرىمەيلونىڭ «غەربىي موڭغۇلىيە ۋە ئۇرانغاي

چېگرا رايونى» (لېنىنگراد، 1926 - يىلى نەشرى II توم، 262 -، 263 - بەتلەر) دېگەن كىتابىدا بولچۇنى يەتتەسۇدا، دېگىنى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. (كىلياشتورنىيمۇ ئەمەلىيەتتە بۇ گەپتىن گۇمانلانغان). مۇبادا، يۇقىرىقى دەلىللەر خاتا بولمىسا، بىز بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، مويۇنچۇر 751 - يىلى قارلۇقلارغا ھۇجۇم قىلغاندا، قارلۇقلار يەنىلا ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايمىز.

(47) «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى.»

(48) «كىتابلار جەۋھىرى» 965 - جىلد.

(49) «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۈرنەكلىرى» تيەنباۋ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى (742 - يىلى) 3- ئاي دېگەن ماددىسىدا: «لەشكەر باشلاپ ماڭغان ئون قاغان ئاشىناشىن تۈركەش ئېلىگە كېلىپ، قۇلان بالىققا يېتىپ بارغاندا باغا تارقان ئۆلتۈرۈۋەتتى» دېيىلگەن. بۇ تۈركەش قوۋملىرىنىڭ غەربكە كۆچكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

(50) «كىتابلار جەۋھىرى» 965 - جىلدقا كىرگۈزۈلگەن تيەنباۋ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 8 - يىلى 7 — ئايدا ئون تۈر- كەشلەرنىڭ ئىبال قاغانغا چۈشۈرگەن يارلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. يارلىقتا بۇ يېڭى قاغاننىڭ پەيلى يامانلارغا ئەگەشمىگەنلىكى» خاتىرىلەنگەن. ئۇنداقتا، ئالدىنقى قاغان چوقۇم تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرغان «پەيلى يامانلاردىن» بولۇشى مۇمكىن.

(51) «ئومۇمىي قائىدە - تۈزۈمنامە»گە دوخۇەننىڭ «سەپەر خاتىرىلىرى» بىلەن «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. شاش ئېلى»دىن كىرگۈزۈلگەن.

(52) «كىتابلار جەۋھىرى» 965 - جىلد.

(53) «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە: (چيەنيۈەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى) 9- ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۇيغۇرلار ئاتامان سانغۇنلارنى ئەۋەتىپ، قۇنچۇيىنى ياتلىق قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى ھەم قىرغىزلاردىن 50 تۈمەن كىشىنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شەپەق قەسرىدە زىياپەت راسلاپ قۇتلۇقلىدى ھەم سوۋغا - سالام ھەدىيە قىلدى» دېيىلگەن. شىلىپگېل («قارا بالغاسۇن ئۇيغۇر مەڭگۈ تېشىنىڭ خەنزۇچە مەتنى» 82 - بەت). خانېدا تورو («تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» 148 - ئىزاھات) «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ 14 - قۇرىدا خاتىرىلەنگىنى مۇشۇ ئىش دەپ قارايدۇ. ۋاڭ گوۋېي («توققۇز ئۇيغۇر مەڭگۈ تېشى»غا كىرىش 994 - بەت) باشقا بىر ئىش، دەپ قارايدۇ.

(54) بۇ يەردە جيەنيۈەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قىرغىزلار ۋە قارلۇقلارغا ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇنقى ئىشنى تىلغا ئالغان، ھەم بۇقىرىدا ستاتا ئالغان «بۆيۈك تاڭ سۇلالىسى يارلىقلىرى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن «لۇشۇجىڭ قاتارلىقلارنى شىمالغا يۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇش لايىھىسى»دە خاتىرىلەنگەن تاڭ سۇلالىسى تۈركەش، قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ، تۈركلەرگە زەربە بەرگەن ۋەقەگە دىققەت قىلىڭ.

(55) جىدىي سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3 - يىلىدىن جيەنيۈەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلىغىچە بولغان ئارىلىققا دىققەت قىلىڭ.

(56) «تارىخى يەئقۇبى» 2- جىلد 387 — 398 - بەتلەر. بۇ ماددا ھىجرىيىنىڭ 164 - يىلى (780-، 781 - يىلى) ۋە 165 - يىلى (781-، 782 - يىلى) ئارىلىقىغا قىستۇرۇلغان. مەزكۇر كىتابنىڭ ئەھۋالىنى بارتولدنىڭ «موڭغۇللار ئىستىلاسىغىچە تۈركىستان» دېگەن ئەسىرىدىن كۆرۈۋېلىڭ؛ «تارىخى يەئقۇبى»دىكى ئەسلىي مەتىنى تۆۋەندىكىدەك: مەھدى (775 — 785 - يىللىرى خەلىپىلىكتە ئولتۇرغان) ھەرقايسى ئەللەرنىڭ شاھ - خانلىرىغا ماڭا قارام بولۇڭلار، دەپ ئەلچى ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، يەنى كابۇلشاھ، تەبرىزستان شاھى ئەسپەھبەد، سوغدى خانى ئىكشىد، توخارىستان خانى شەرۋائىن، باميان شاھى ئەلىشىر، پەرغانە خانى، سۇترشانا خانى ئەفشىن، قارلۇق يابغۇسى، شىستان خانى رىتبىل، تۈرك تارقانى، تۈبۈت خانى جەھۇران، ھىندى شاھى راج، چىن پەغپۇرى، ھىند ۋانراسى، توققۇز ئوغۇز قاغانىدىن ئىبارەت.

(57) بارتولد: «موڭغۇللار ئىستىلاسىغىچە تۈركىستان» 202- بەت «تارقان» دېگەن تۈركچە ئاتالغۇنىڭ ئەرەبچە ماتېرىياللاردا ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى دۆئېرفېر، گېرخاردنىڭ «يېڭى پارس تىلىدىكى تۈركچە - موڭغۇلچە تەركىبلەر» دېگەن ئەسىرىنىڭ 879 - ماددىسىدىكى خۇلاسىدىن كۆرۈۋېلىڭ. ئۇمۇ يەئقۇبىنىڭ بۇ يەردە تىلغا ئالغىنى ئېھتىمال شاش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ.

(58) «تارىخى يەئقۇبى» 2 - جىلد 436- بەت.

(59) «تارىخى يەئقۇبى» 2 - جىلد 387- بەت.

(60) بۇ خاتىرە ھىجرىيىنىڭ 155- يىلى (772- يىلى) يۈز بەرگەن ۋەقەلەر كەينىگە قىستۇرۇلغان.

(61) بارتولد: «موڭغۇللار ئىستىلاسىغىچە تۈركىستان» 198 - بەت.

(62) «تارىخى يەئقۇبى» 2- جىلد 397- بەت.

(63) بارتولدنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىنىڭ 202 - بېتىدىن سىتاتا ئېلىندى.

(64) موريياسۇ تاكائو: «ئۇيغۇرلار بىلەن تۇبۇتلەرنىڭ بېشبالىقنى تالىشىش ئۇرۇشى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىگە تولۇقلىما» دېگەن ماقالىسىنىڭ 202 — 204- بەتلىرى ۋە بېكۋىسىنىڭ كىتابىنىڭ 147-، 148 - بەتلىرىدە بۇ باسقۇچتىكى تارىخىي ماتېرىياللار قايسى ۋاقىتنى كۆرسىتىدىغانلىقى مۇزاكىرە قىلىنغان. بىز بېكۋىسىنىڭ «790 - يىلىدىن ئىلگىرى» دېگەن كۆزقارىشىنى قۇۋۋەتلەيمىز. لېكىن، بېكۋىسىنىڭ بۇ تۇبۇتلەر بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن كۆزقارىشىنى قوبۇل قىلغىلى بولمىغۇدەك.

(65) «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى. قىرغىزلار» (6149 - بەت) «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»نىڭ 24-، 25 - قۇرلىرىغا قاراڭ.

(66) «تارىخى يەئقۇبى» 2- جىلد 435-، 436 - بەتلەر.

(67) «تارىخى تەبەرى» 3- جىلد 815-، 816 - بەتلەر.

(68) مۇھەممەد ئەمىن شۇ يىلى ئۆلگەن.

(69) بېكۋىسىنىڭ ئەسىرىنىڭ 160-، 161 - بەتلىرىدىن سىتاتا ئېلىندى.

(70) بېكۋىسىنىڭ ئەسىرىنىڭ 162 - بېتىگە قاراڭ ھەم

ئاندىراس روناتاسنىڭ «تۈبۈت تىلى ۋە مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە لېكسىيە»سى (64-، 65 - بەتلەر، ئەرەبچە ئەسلى مەتنى ۋە ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بېرىلگەن)گە قاراڭ.

(71) بېكۋىسنىڭ ئەسىرى 162 - بەتكە قاراڭ. پرىتساك «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» دېگەن ماقالىسىنىڭ قوشۇمچە ئىزاھاتىدا بۇ تارىخىي ماتېرىيالنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ پايدىلانمىغان.

(72) تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا، تالاسمۇ ئەرەبلەر كونتروللۇقىغا كىرىپ قالغاندەك قىلىدۇ. II بابتىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا قاراڭ.

(73) مىنورسكىي: «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ شەرھى 304 — 310 - بەتلىرىگە قاراڭ.

(74) مىنورسكىي: «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ساياھات خاتىرىسى» 300-، 301 - بەتلەر.

(75) يۇقىرىقى ماقالە 292 — 294 - بەتلەر.

(76) يۇقىرىقى ئەسەر 300 -، 301 - بەتلەر، مىنورسكىي بۇ يەردىكى ئۈنچۈ دەرياسىنى سىر دەرياسى، دەپ قارايدۇ.

(77) مورىياسۇ تاكائو: «ئۇيغۇرلار بىلەن تۈبۈتلەرنىڭ بېشبالىقنى تالىشىش ئۇرۇشى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى غەربىي يۇرت ۋە زىيىتىگە تولۇقلىما» 201 - بەت. ۋاڭ شياۋ پۇ: «تاڭ سۇلالىسى. تۈبۈتلەر ۋە ئەربلەرنىڭ سىياسىي مۇناسىۋەت تارىخى» IV باب 1- پاراگراف.

(78) مىنورسكىي: «ھودۇدۇلئالىم»نىڭ شەرھى، 98 — 293- بەتلەر، بارسخان ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي گىرۋىكىگە جايلاشقان. مورىياسۇ تاكائو (يۇقىرىقى ماقالە 223 - بەت)

قارلۇقلار شەرقتە ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىغىچە يېتىپ بارغان، دەپ قارايدۇ.

(79) ۋاڭ شياۋپۇ تۇبۇتلەر بىلەن قارلۇقلار 786 - يىلى ئىتتىپاق تۈزگەن دەپ قارايدۇ.

(80) موريياسۇ تاكائونىڭ 5 - ئىزاھاتىدا كۆرسىتىلگەن ماقالىلىرىگە قاراڭ.

(81) موريياسۇ تاكائو ستاتا ئالغان ماقالىلەردە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان يازمىلاردىن 2732- ۋە 3918- بەتتىكى پۇتۇكلەرنى تەتقىق قىلغان؛ چىن گوسەن: «VIII، IX ئەسىرلەردە تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇچۇغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئالمىشىشى» 15 — 19 - بەتلەر) بىلەن ۋاڭ شياۋ پۇ (208 -، 209 - بەتلەر)نىڭ موريياسۇ تاكائو قىلغان تەنقىدىگە قاراڭ. بېكۋىس (156-، 157- بەتلەر) موريياسۇ تاكائونىڭ كۆز قارىشىنى قوبۇل قىلغان.

(82) مەسىلەن، چىن گوسەن بىلەن ۋاڭ شياۋپۇ تۇبۇتلەرنىڭ بېشبالىقنى ئۇزاق مەزگىل ئىگىلەپ تۇرغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن.

(83) گ. دېۋېرىيە: «ئورخۇن ۋادىسىدىن تېپىلغان مەڭگۇ تاشلار» (فېن - ئوغۇر تەتقىقاتى 1980 - يىلى ھىلسىڭفوس نەشرى) .

رادلوف: «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى تۈرك مەڭگۇ تاشلىرى»؛ ۋاسلىيېۋ «ئورخۇن ئېكسپېدىتسىيىسى» 1897 - يىلى سان پېتېربورگ نەشرى، 3- بەت. (ماككېرراسىنىڭ كىتابىدىن ئېلىندى). لى ۋېنتيەن: «قورۇم مىتال ۋە تاش پۈتۈكلىرى»، لوجېنيۇنىڭ «««شەرقىي شىمالدا يېزىلغان

ئەبجەش خاتىرىلەر»گە قاراڭ؛ ۋاڭ گوۋېي «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشىغا كىرىش»، «گوەنتاڭ توپلىمى» 14- جىلد 989— 997 - بەتلەرگە قاراڭ؛ شچلېگېلنىڭ «قارا بالغاسۇندىكى ئۇيغۇر مەڭگۈ تېشىنىڭ خەنزۇچە مەتىنى» گە قاراڭ؛ چاۋاننىس بىلەن فىللىئوتنىڭ «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى ھەققىدە تەتقىقات»غا قاراڭ («غەربىي يۇرت، جەنۇبىي دېڭىز تارىخ- جۇغراپىيىسىگە دائىر ئىسپاتلاشلار تەرجىمە مەجمۇئەسى» 8 - توپلام، فېڭ چېڭجۈن تەرجىمىسى 1962 - يىلى سودا نەشرىياتى نەشرى. خەنزۇچە تەرجىمىسىدە نۇرغۇن مۇھىم ئىزاھلار قىسقارتىۋېتىلگەن)؛ خانېدا تورو «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»؛ كولىن ماككېرراس «تاڭ سۇلالىسى تارىخىدىكى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى» 1972 - يىلى كانبېررا نەشرى؛ چېڭ سۇلۇ «توققۇز ئۇيغۇر بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»نىڭ خەنزۇچە مەتىنىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى مۇناسىۋىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنىڭ شەرھى» (مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1978 - يىلى 2 - سان).

(84) مەڭگۈ تاش ھەققىدە شچلېگېل، لوجېنيۇ، خانېدا تورولارنىڭ تەتقىقاتىغا قاراڭ؛ خەنزۇچە مەتىننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىجتىھاتىدا شچلېگېلنىڭ ئەمگىكى (بولۇپمۇ ئۇ مۇقىمدىغان مەتىننىڭ ھەربىر قۇردىكى خەت سانى) كېيىنكىلەرگە تەسىرى ئەڭ زور بولغان ھەم تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. بېيجىڭدىكى دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا مەزكۇر مەڭگۈ تاشنىڭ چاپى نۇسخىسى ساقلىنىۋاتىدۇ.

(85) مەن خانىدا تورونىڭ كۆچۈرمىسى بىلەن بېيجىڭدىكى دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان چاپى نۇسخىسىدىن پايدىلاندىم.

(86) 20 - قۇردىن باشلاپ ھەربىر قۇردىكى خەت سانى ئېنىق ئەمەس؛ خانىدا تورو 1 - قۇردىن 19 - قۇرغىچە ھەر قۇردا 75 خەت بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. لېكىن، 20 - قۇردىن باشلاپ مەتىنى مەڭگۈ تاشنىڭ سول تەرىپىگە ئويۇلغاچقا، ھازىر مەڭگۈ تاشتا 45 خەتتىن كېيىنكى مەزمۇن پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتكەن. شۇڭا، مەڭگۈ تاشنىڭ يان يۈزىدىكى خەت سانىنى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

(87) 850 — 808 - يىللىرى قۇتلۇغ قاغان تەختتە ئولتۇرۇۋەرگەنمۇ - قانداق، دېگەن مۇزاكىرە توغرىسىدا ماككېر-راسنىڭ كىتابى 187 — 190 - بەتلەرگە قاراڭ.

(88) رادلوف: «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى» 285 — بەت.

(89) شچلېگېلنىڭ كىتابى 72 — 76- بەتلەرگە قاراڭ.

(90) مەسىلەن، چېك سۇلۇ ئەپەندى ماقالىسىدە شچلېگېلنىڭ تولۇقلىمىسى بىلەن مەڭگۈ تاشتا ھازىر ساقلىنىۋاتقان خەتلەرنى بىرلا ۋاقىتتا سىتاتا ئېلىپ كىشىلەرگە خاتا چۈشەنچە بېرىپ قويغان؛ لېۋمېيسۇڭ ئەپەندى بۇ ئىشتىن 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ شۇنداق خاتالىقنى يەنە سادىر قىلغان. گەرچە ئاتالمىش كۈلۈگ بىلگە، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان، كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغانلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردا سىتاتا ئالمىغان بولسىمۇ 10 يىلدىن كېيىنمۇ يەنە شۇنداق خاتالىق

سادىر قىلغان. (لىيومىپىسوڭ: «كونا - يېڭى تاڭنامىلەردىكى ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى ھەققىدە شەرھى تەتقىقات» مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى 1989 - يىلى نەشرى 207 — 214 - بەتلەر).

(91) ۋاسلىيېۋنىڭ ماقالىسى 184- بەت. (ماككېرراسنىڭ كىتابىنىڭ 184 - بېتىدىن ئېلىندى).

(92) چاۋاننىس بىلەن فىللىئوتنىڭ ئەسىرى 179- بەت.

(93) چاۋاننىس بىلەن فىللىئوتنىڭ ئەسىرى196— 199- بەتلەر.

(94) لوچېنيۇنىڭ كىتابى بىلەن ۋاڭ گوۋېينىڭ «گۇەنتاڭ توپلىمى» 14 - جىلد 989 — 997 - بەتلەرگە قاراڭ.

(95) خانېدا تورونىڭ ئەسىرى 321 - بەتكە قاراڭ.

(96) 8 - قۇردىكى 62 -، 63 - خەتمۇ مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

(97) چاۋاننىس بىلەن فىللىئوتنىڭ ئەسىرى 181 - بەت.

(99) ئابى تاكېئونىڭ كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىگە قاراڭ. 1954 - يىلى، 435 — 450 بەتلەرگىچە، ئىنگلىزچە ماقالە) (ماككېرراسنىڭ ئەسىرى 184 —187 - بەتلەردىن ئېلىندى).

(100) چېن گوسەننىڭ ماقالىسى بىلەن ۋاڭ شياۋپۇنىڭ كىتابىغا قاراڭ.

(101) بېكۇس مورىياسۇ تاكائونىڭ «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان يازمىلار»نىڭ 3918 - ۋە 2732 - بەتلىرىدىكى پۈتۈكلەرگە بەرگەن شەرھىسىدىن پايدىلىنىپ 792 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇچۇنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى ئۆزىنىڭ باشقا

بايانلىرىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى قىلغان. بۇنداق قاراشقا تۈزىتىش بېرىش لازىم. لېكىن ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ قاچان قوچۇنى تولۇق كونترول قىلغانلىقىنى بېكىتكىلى بولمىسىمۇ، قارىغاندا ئۇيغۇرلار بىلەن تۈبۈتلەرنىڭ چېگرىسى ئەتراپى ئىكەن ھەم بۇ شەھەر نەچچە رەت باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ، ئۆتكۈرلۈك بىلەن كۆرسەتكەن (كىتابنىڭ 157 - بېتىگە قاراڭ).

(102) ۋاڭ شياۋپۇ 794 -، 795 - يىلى ئەرەبلەرنىڭ خۇراساندىكى نائىبى فازىلنىڭ پائالىيىتىنى بايان قىلغاندا، فازىل رەشىد (ھازىرقى «گىرىم»دە) بىر قەلئە ياساتقان بولۇپ، قارلۇقلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى سوياب ئەتراپىدىن، پەرغانىدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا بېسىپ كىرىشىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، دەپ قارايدۇ (كىتابنىڭ 212 — 214 - بەتلىرىگە قاراڭ).

(103) مەڭگۈ تاشنىڭ مەتنىدىكى كەمتۈك قىسمى ناھايىتى قىزىقارلىق تەتقىقات تېمىسى بولۇپ قالدى. شچلېگېلنىڭ ئۆزمەيلىچە تولۇقلاپ قويغان ئەمگىكى ئەمدى كارغا كەلمەس بولۇپ قالدى. 20 - قۇردىن باشلاپ مەڭگۈ تاشنىڭ بۇرجىكىگە يۆتكەپ يېزىلغان ھەربىر قۇردىكى خەت سانىمۇ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

(104) يوشىدا يوتاكانىڭ ماقالىسىنىڭ 119 - بېتىگە قاراڭ.

(105) 1- ئابزاستىكى سوغدىچە مەتنى 19 — 22 - قۇرغىچە ۋە مەڭگۈ تاش 7- پارچىسىدىن ئىبلىندى. 2- ئابزاستىكى سوغدىچە مەتنى 21 - قۇر، مەڭگۈ تاشنىڭ 6 -، 7 - پارچىسىدىن

ئېلىندى.

(106) ئەسلىي مەتىنىدىكى سوغدىچە «قۇد» سۆزىنى يوشىدا يوتاكا «بەخت ـ ئامەت» دەپ تەرجىمە قىلغان، بۇنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

(107) توققۇز ئوغۇز بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە «مۇسۇلمانچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى توققۇز ئوغۇز ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىمۇ ياكى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىمۇ؟» دېگەن ماقالىگە قاراڭ. («غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 1991 - يىلى 2 - سان).

(108) كېيىن ئاباسىيە خەلىپىلىكىگە خەلىپە بولغان.

(109) «تارىخى تەبەرى» 3 - جىلد 815 -، 816 - بەتلەرگە قاراڭ.

(110) تەبەرى يەنە: «فازىل ئىبىتتىلەركى، مىنىڭچە ھازىرقى ئورۇنلىرىدىن ئايرىلىپ مۇھەممەدگە باش ئەگمىسىلە... ئەكسىچە، يابغۇ ۋە قاغانغا خەت يېزىپ ئۇلارنى ئۆز ئېلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلەپ، باشقا خانلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا ھەمدەم بولۇشقا ۋەدە بەرسىلە، كابۇل شاھىغا خۇراساننىڭ سوۋغاتلىرىدىن ھەدىيە قىلسىلا ھەم ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بويىچە ئۇنىڭدىن سۇلھى تىلىسىلە، ئوترارخانىغا بۇ يىللىق خىراجنى قايتۇرۇپ بېرىپ، خىراجنى ئىككىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تۈگۈنى قىلسىلا» دەپ خاتىرىلىگەن.

(111) بۇ مەزگىلدىكى تارىخىي ماتېرىياللار ھەققىدىكى تەپسىلىي تەتقىقاتنى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان مەلۇماتتىن كۆرۈڭ.

(112) بېكۇسىنىڭ كىتابى 165 - بەت «تارىخى تەبەرى» دىكى بىر ئابزاس 821 - يىلدىكى توققۇز ئوغۇزلارغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىنى ئاساس قىلىپ، مەڭگۇ تاشنىڭ

خەنزۇچە مەتىندىكى 17 - قۇردىن كېيىنكى ۋەقەلەرنى 821 - يىلىدىن كېيىن يۈز بەرگەن، دەپ قىياس قىلغان بولسىمۇ، ئۇ بۇنداق ئىزاھلاش ئۇچۇن بەك زورۇقۇپ كەتكەن.

(113) موريياسۇ تاكائوننىڭ تولۇقلىما ماقالىسىنىڭ 221 — 225 - بەتلىرىدىكى ستاتا ۋە تەھقىقكە قاراڭ.

# II باب ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە تۈركىي قوۋملارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيىتى

## §1 . ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى

### 1 . ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر

VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ گوبىنىڭ شىمالىدا زومىگەر ئاتىلىپ، غەربىي يۇرتتا ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى ئىچكى قالايمىقانچىلىق، تەبىئىي ئاپەت ۋە يات قوۋمنىڭ تاجاۋۇزى بىلەن 840 - يىللىرى پارچىلىنىپ كەتتى. پارچىلانغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار ۋە تەۋە قوۋملار ئاساسەن ئىككىگە بۆلۈندى. ئۆگە قاغان باشچىلىقىدىكى 13 قەبىلە گوبىنىڭ جەنۇبىغا قېچىپ كېلىپ، تىرىپىرەن بولۇپ كۆپ قىسمى باشقا قوۋملارغا سىڭىشىپ كەتتى. بۇ بۆلۈك ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار كۆپرەك، پائالىيىتىگە دائىر يىپ ئۇچىمۇ ئېنىق، ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىمۇ تەپسىلىيرەك. يەنى، خانىدا تورونىڭ «تاڭ

سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» بىلەن مائىيدا ماسانانىڭ «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە ئىزدىنىش» دېگەن ماقالىسىدە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بولغاچقا[1] مەن قايتا بايان قىلىپ يۈرمەيمەن. يەنە بىر قىسمى غەربكە قاراپ قاچقان. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» (6130-، 6131 - بەتلەر)دە:

«... كېيىن كۆلۈگ باغا قىرغىزلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنغا قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر بالىققا ھۇجۇم قىلىپ قاغاننى ئۆلتۈردى، كۈرەبىرنى قەتل قىلدى. ئوردىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. پۇقرالار تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. ۋەزىر ساۋچى بىلەن مەڭلىگ تېكىن* 15 قەبىلىنى باشلاپ قارلۇقلار تەرەپكە قاچتى. قالغانلىرى تۈبۈتلەر تەۋەسىگە ۋە ئەنشىگە كېلىپ ماكانلاشتى. شۇنىڭ بىلەن، قاغان ئۇرۇقىدىن بولغان 13 قەبىلە ئۆگە تېكىننى قاغان قىلىپ تىكلىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

بۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە قېچىشى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى پائالىيىتى ھەققىدە ئالىملار ئارىسىدا كۆزقاراش مۇنازىرىسى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىگە دائىر ئاساسلىق كۆزقاراشلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۆۋەندىكىدەك جەدۋەللەشتۈردۈم[2].

* بۇ ئىسىم ئىلگىرىكى مەنبەلەردە «پانتېكىن» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ھاملىتون «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن كىتابىدا بۇ ئىسىمنى خەنزۇچىدىكى «ماڭلىي تېكىن» دەپ، يەنە بىر خىل يېزىلىشىغا ئاساسلىنىپ «مەڭلىگ تېكىن» دەپ ئۇيغۇرچە ترانسكرىپسىيە قىلغان. مەن تەرجىمە جەريانىدا شۇ كۆزقاراشنى ياقلىدىم — ت.

### [ 1- جەدۋەل: ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىگە دائىر ئاساسلىق كۆزقاراشلار جەدۋىلى ]

| تەگرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمى | تەگرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمى | تۇبۇتلەر تەۋەلىكىدىكى زېمىن | كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئالىم |
|---|---|---|---|
| مەگلىگ تېكىن 15 قەبىلىنى ئۆزى باشلاپ قارلۇقلاردىن پاناھ ئىزدەپ ماڭغان. | بىر قىسمى ئەنشىدە قالغان. | بىر قىسمى تۇبۇتلەر تەۋەلىكىدە قالغان. | برېتسىنېيدىر 1910-يىلى |
| بەزىلىرى قارلۇقلاردىن پاناھ تىلەپ ماڭغان بولسىمۇ، كېيىنكى ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس. | بەزىلىرى كۇسەنگە پاناھ ئىزدەپ ماڭغان. مەگلىگ تېكىننىڭ ئەۋلادى گەنجۇغا كەتكەن. | بەزىلىرى تۇبۇتلەردىن پاناھلىق ئىزدىگەن. | خانېدا تورو 1957-يىلى |
| مەگلىگ تېكىن باشلاپ ماڭغان قەبىلىلەر كېيىن ئىككىگە بۆلۈنگەن. | مەگلىگ تېكىن بىر تارماقنى باشلاپ كۇسەنگە كەتكەن. كېيىن ماڭغانلار گەنجۇدا ماكانلاشقان. | بىر تارمىقى تۇبۇتلەر تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. | كۇۋاتا روكۇرۇ 1929-، 1930-يىللىرى |
| بىر تارمىقى قارلۇقلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ قاراخانىيلارنى قۇرغان. | بىر تارمىقى كەلگەن. | بىر تارمىقى كەلگەن (ئۆزئارا بېقىنمايدىغان قەبىلىلەر) | ۋاڭ رىۋېي 1936-يىلى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۇيغۇرلارنىڭ 15 قەبىلىسى (ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىمىغا يېقىن) ئالتاي ئەتراپىدىكى قارلۇقلارنى پاناھ تارتىپ كېلىپ، ئىككىگە بۆلۈنگەن. | مەڭلىگ تېكىن باشچىلىقىدا كۆسەن بىلەن بېشبالىققا كەلگەن. | بىر تارمىقى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە گەنجۇ رايونىدىكى تۈبۈتلەرگە يۈزلەنگەن. | هاملىتون 1955-يىلى |
| ئاساسلىق قىسمى قارلۇقلار تەۋەسىگە كۆچۈپ كېيىنكى بېشبالىق ئۇيغۇرلىرى (ئامۇ دەرياسىدىن قوچۇغىچە)نى شەكىللەندۈرگەن. | بىر قىسمى مەڭلىگ تېكىن باشچىلىقىدا قاراشەھەرگە كەلگەندىن كېيىن، گەنجۇغا يۆتكەلگەن. | بىر قىسمى تۈبۈتلەر تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتكەن. | ئابى تاكېئو 1955-يىلى |
| بىر تارمىقى پامىرنىڭ غەربىگە كۆچۈپ قاراخانىيلارنى قۇرغان. | ئاساسىي كۆچى بولمىش بىر تارمىقى قوچۇغا كەتكەندىن كېيىن كۆسەننى ئىگىلىگەن. | بىر تارمىقى دەسلەپتە تۈبۈتلەرگە تەۋە بولغان. كېيىن جاڭيېچاۋغا بېقىنىپ تەدرىجىي كۆچىيىپ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بولغان. | فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلۇ، مۇگۇاڭۋېن 1958-يىلى |
| بىر تارمىقى قارلۇقلار تەۋەلىكىدىكى سوياب دەرياسىغا كەلگەن. | بىر تارمىقى مەڭلىگ تېكىن باشچىلىقىدا كۆسەنگە كەلگەندىن كېيىن خېشىغا يۆتكىلىپ، مەڭلىگ تېكىننىڭ ئەۋلادى بولغان. | بىر تۈركۈمى خېشىغا كىرگەن. | مائېدا ماسانا 1962-يىلى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| مەڭلىگ تېكىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلە قارلۇقلار تەۋەلىكىگە بېرىپ قاراخانىيلارنى قۇرغان. قارلۇقلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالغاندەك قىلىدۇ. | مەڭلىگ تېكىن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى باشلاپ كۆسەنگە، ئاندىن خېشىغا كۆچكەن. بۇلار خېشىغا ئىككىنچى تۈركۈمدە كەلگەن ئۇيغۇرلار بولۇپ، مەڭلىگ تېكىننىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. | قالغانلىرى بېشبالىق بىلەن تۇبۇتلەر تەۋەلىكىدىكى گەنجۇغا كەلگەن (بۇ يەردە يەنە بىر مەڭلىگ تېكىن بار). | ليۇ يىتاڭ 1975-يىلى |
| بىر قىسمى قارلۇقلار تەۋەلىكىدىكى تەگرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن يەتتەسۇغا كىرگەن. | بىر تارمىقىنى مەڭلىگ تېكىن قاراشەھەرگە باشلاپ كېلىپ خان بولغان. شىيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىدە بېشبالىقتىكى بۇگۇچۇننى يوقاتقان. | بىر تارمىقى خېشىغا كىرگەن. | مورىياسۇ-تاكائو 1977-يىلى |
| ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي كۆچى (يەتتەسۇدىكى) قارلۇقلار تەۋەسىگە بېرىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان. مەڭلىگ تېكىن بالاساغۇندا ئوردا قۇرۇپ خان بولغان. | مەڭلىگ تېكىن زېمىنىنى ئەنشى، بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە تەۋە جايلارغىچە كېڭەيتكەن. | | ۋېي لياڭتاۋ 1982-يىلى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| مەڭلىك تېكىن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى باشلاپ قارلۇقلار تەۋەلىكىگە قاچقان. قارلۇقلار يابغۇسى خان بولۇپ، قاراخانىيلارنى شەكىللەندۈرگەن. | | | پرىتساك 1951- يىلى |
| بىر قىسمى قارلۇق تەرەپكە كەتكەن بولسىمۇ، ئاقىۋىتى ئېنىق ئەمەس. قارلۇقلار قاراخانىيلارنى قۇرغان. | مەڭلىك تېكىن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى باشلاپ بېشبالىققا بارغاندىن كېيىن، قاراشەھەرگە بارغان. | | يامادا نوبۇئو 1971- يىلى |

ئالىملارنى تۇگىمەس مۇنازىرىگە سالغان تارىخىي ماتېرىياللاردىن يۇقىرىقى «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى ماتېرىياللارمۇ بار. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» (5213 - بەت):

«كۆلۈگ باغا ئاتلىق بىر سانغۇننىڭ كۈرەبىرگە ئاداۋىتى بولغاچقا، قىرغىزلار يېنىغا بېرىپ بىر لەك سۇۋار قوشۇن باشلاپ كېلىپ ئۇيغۇر بالىققا ھۇجۇم قىلدى. قۇشۇۋۇشاتنى ئۆلتۈرۈپ، كۈرەبىرنى قەتل قىلدى. شەھەرنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورۇۋەتتى. ئۇيغۇر ۋەزىرى ساۋچى جىيەنى مەڭلىك تېكىن بىلەن نوملۇغ قاتارلىق بەش ئاغا - ئىنىسىنى ۋە 15 قەبىلىنى ئېلىپ غەربتىكى قارلۇقلار تەرەپكە قاچتى. ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى تۇبۇتلەر تەۋەسىگە كەتتى. يەنە بىر قىسمى كۇسەنگە

كەتتى. قاغاننىڭ ئورۇقىغا يېقىن 13 قەبىلىدىكىلەر تېكىن ئۆگەنى قاغانلىققا كۆتۈرۈپ، جەنۇبقا كېلىپ خەنزۇلارغا ئەل بولدى.»

«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى. تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى كەيچېك سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5-يىلى» (7947 - بەت):

«ئۇيغۇر سانغۇنى كۆلۈك باغا قىرغىزلارنىڭ بىر لەك سۇۋارىنى باشلاپ، ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىپ يېڭىۋەتتى. قۇشۇۋۇشات بىلەن كۆرە بىرنى ئۆلتۈردى. ئوردىسىنى كۆيدۈرۈپ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتتى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى پىتىراپ كېتىشتى. ۋەزىر ساۋچى بىلەن مەڭلىگ تېكىن 15 قەبىلىنى باشلاپ قارلۇقلار تەرەپكە قاچتى. ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى تۇبۇتلەر تەۋەسىگە، يەنە بىر تارمىقى كۇسەنگە كەتتى.»

يۇقىرىقى ئۈچ ئابزاس خاتىرىدە «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇر تەزكىرىسى» مۇئەللىپىنىڭ ئۆز چۈشەنچىسىگە ئاساسەن «كونا تاڭنامە»دىكى خەتلەرنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى ئېنىقتىمالغا يېقىن. موريياسۇ تاكائو ياپونىيىلىك ئالىملارنىڭ تەتقىقاتى ھەققىدە سۆزلىگەندىمۇ مۇشۇنداق كۆزقاراشنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ: «خۇلاسە قىلغاندا، كونو كاۋا ئەپەندىدىن ئۆزگە، ھەممە ئالىملار ‹كونا تاڭنامە›دىكى خاتىرىلەر ‹يېڭى تاڭنامە›دە ئاددىيلاشتۇرۇلغان ھەم بۇرمىلانغان، ‹كونا تاڭنامە›دىكى خاتىرىلا ھەقىقەتەن ئىشەنچلىك دەپ قارايدۇ» دېگەن[3]. «يېڭى تاڭنامە» بىلەن بىر زاماندا تاماملانغان «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»دىمۇ، مۇئەللىپ سىماگۇاڭ ئەينى چاغدا ئېرىشكىلى بولىدىغان ھەر خىل تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان بولسىمۇ، بۇ ۋەقەنىڭ جەريانىنى

ئاڭقىرالماي، كىتابىدىكى بۇ ئابزاستا ئاساسەن «يېڭى تاڭنامە»دىكى مەزمۇننى كۆچۈرگەن بولسىمۇ، تەپسىلاتىنى جەھەتتە «كونا تەڭنامە»گە ھۆرمەت قىلغان. ئەمەلىيەتتە، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكىلەر بۇ ئىشنى ئاڭقىرالمايلا قالماستىن، ئەينى چاغدىكى سىياسىي سەھنىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان تاڭ سۇلالىسىدىكىلەرمۇ كەيچىلىك، خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئاڭقىرالمىغان. لى دېيۇ ۋۇزۇڭ خانىنىڭ ۋەزىرى بولۇپ، ئۇنىڭ خانغا ۋاكالىتەن يازغان بىرمۇنچە يارلىقى ئۇنىڭ «خۇيچاڭ سەلتەنەت يىللىرىدا يېزىلغان شېئىرلار توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ قەلەم تەۋرەتكەن «ئۇيغۇر ئوزمۇزد تېكىن قاتارلىقلارغا يارلىق»تا: «مەرھۇم قاغاننىڭ تەزىيىسىگە بارغان ۋاڭ روڭدىن ئېلىنغانلاردا قازايىقەدەر بولۇپ، قەبىلىلەرنىڭلارنىڭ پىترىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق» دەپ خاتىرىلەنگەن[4] . ئېنىقكى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋېنزوڭ خان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا تەزىيە خەۋىرى بەرگىلى بارغان ئەلچىدىن كەيچىڭ سەلتەنەت يىللىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقنى بىلەلىگەن. لى دېيۇ يەنە «قوشنىلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، ياردەم قىلماي قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغىلى بولماس، ئەلنى ئەمىن تاپتۇرۇش ئۈچۈن، پەرمان بىلەن ئەلچى چىقارتتۇق. ئەمدى يەنە قىرغىز قاتارلىق بەش قوۋمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقىڭلارنى بىلدۇق. قاغان ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، قۇنچۇي بىلەن يېڭى قاغان باگەلەر باشقا يۇرتتا مۇساپىرچىلىقتا ئىكەن. تېكىننىڭ كۈچى ئاجىز كېلىپ، كېلەچىكىنى كۆزلەپ قەبىلىلەرنى باشلاپ يىراق يۇرتقا

كېتىپتۇ» دەپ يازغان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تاڭ سۇلالىسى ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن ئەلچىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىغا دائىر ئىشلارنى بىلگەن. ئۇيغۇر خانلىقىدا تېخىمۇ چوڭ ۋەقە - ھالاكەت يۈز بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبقا كۆچكەن بىر تارماق ئۇيغۇرلارغا قارىتا، خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى (841 - يىلى) 11 - ئايدا تەيخې مەلىكە مەلۇمات يوللىغاندا ھەم ئىككىنچى يىلى قىرغىزلار ئەلچى ئەۋەتكەندە، تاڭ سۇلالىسى ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىنى بىلەلىگەن. غەربكە قاچقان ئۇيغۇرلار ھەققىدە تاڭ سۇلالىسى بەزىبىر ئەپقاچتى پاراڭلارنىلا ئاڭلىيالىغان. كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرغان خاتىرىلەر بولسا تولىمۇ ئېنىق بولمىغان يازمىلاردىن ئىبارەت[5].

ئېنىق بولمىغان ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئېنىق بولمىغان مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش تۈگىمەس مۇنازىرىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى تەبىئىي. ئۇنداقتا قانداق قىلىپ ئېنىق بولمىغان مەسىلىلەرنىڭ ئاچقۇچىنى تېپىپ چىققىلى، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندە، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ تارىخى قانداق ئىكەنلىكىنى مۇۋاپىقراق تونۇۋالغىلى بولىدۇ؟

## 2. مەڭلىگ تېكىنىڭ ئۆزىنى خان تىكلىشى ۋە ئۇنىڭ ئاتاققا ئېرىششى

بۇنداق نائېنىق ھەتتا قالايمىقان خاتىرىلەنگەن تارىختا، كىشىلەر ئېتىراپ قىلىشقان ھەقىقەت بار، يەنى داجۇڭ

سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10 ـ، 11 ـ يىلى (856 ـ، 857 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى ئەنشى ئۇيغۇر قاغانى مەڭلىگ تېكىنگە نام ـ ئاتاق بەرگەن.

بۇ قېتىملىق ئاتاقنى تاڭ سۇلالىسى خانى شۋەنزۇڭ بەرگەن. ئۇ خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 6 ـ يىلى (846 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا ۋۇزۇڭخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن تەختكە چىققان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە خان جەمەتى، ئوردا ئەھلى ۋە ئاغۋاتلار قاتارلىق ھەر خىل كۈچلەر ئارىسىدا كۈرەش ئۈزۈلمىگەچكە بۇ خان تەختكە چىقىپلا ئالدىنقى خاننىڭ ۋەزىرلىرىنى ئالماشتۇرۇپ كونا سىياسەتلەرنى ئىنكار قىلغان. ئالدىنقى خاننىڭ ۋەزىرى لى دېيۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ياجۇ (ھازىرقى خەينەن چوڭشەننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) ئۆلگەن. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇگە قاغانغا زەربە بېرىپ مەلىكە تەيخېنى قايتۇرۇۋالغاندا خىزمەت كۆرسىتىپ، نام ـ ئاتاققا ئېرىشكەن شى شيۇڭ قاتارلىقلارمۇ ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلانغان[6]. خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىدە ئۇگە قاغان باشچىلىقىدىكى بىر تارماق ئۇيغۇرلارغا زەربە بېرىش يېڭى سىياسەتتە «بۇرۇنقى ئوغرىلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋېلىپ پالتا ـ پىچاق ئوينىتىپ يۈرگەچكە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كۈچ يىغىپ، ئىش تېرىماقچى. شۇڭا، بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇشنى ئەستىن چىقارماي، ئىشنىڭ ئوڭغا تارتىشىغا كۈچەش كېرەك» دەپ قارالغان[7]. ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىششى بولۇپمۇ، خېخۋاڭدىكى تۇبۇتلەرنىڭ ئەل بولۇشى، شاجۇ ئايمىقىدىكى جاڭ يىچاۋ 11 ئايماق خەرىتىسىنى ھەدىيە قىلىپ ئەل بولۇشىدىن كېيىن، شۋەنزۇڭ خان ئۇيغۇر ئەلچىسىنىڭ تاۋاپقا كەلگەن

پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر قاغانغا نام- ئاتاق بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

داجۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10 - يىلى (856 - يىلى) 2 - ئايدا «ئۇيغۇر قاغانى تىكلەشنى كېڭەشىش يارلىقى»دا مۇنداق دېيىلگەن[8]:

«كەمىنە ھەر مەرتەم ئىلتىپات قىلغۇم كەلگەندە ئەسلەپ تۇرۇۋاتىمەن. شۇڭا، نەچچە رەت يارلىق چۈشۈرۈپ سىلەرنى ئىزدەتتىم. يايلاقلىرىڭلار تۈزلىنىپ، چېدىرلىرىڭلار كۆرۈنمەس بولۇپ كېتىپتىمىش. ئىگىسىگە سادىق بولمىغان پۇقرا قانداقمۇ ياشىيالايدۇ؟ بۆلۈك - پۇچقاقلاردا قاغانىنىڭ ئالىي نەسەبىدىن قېپقالغانلارنى ئىزدىدۇق. سىلەرنى سېغىنىپ خېلى زامان ئۆتتى. قوملۇق قۇرۇقدىلىپ قالغان بولسىمۇ، بالىق - ئۆتەڭلەر تېخى بار ئىكەن. يېقىندا ئۇيغۇر قوۋمىدىن سوۋغا كۆتۈرۈپ كەلگەنلەرنى شىمالدىكى سەردار - ئەمەلدارلار ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. قىرغىزلى جەڭگە ئەگىشىپ كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن ئوردىدىكى ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىسى كاتتىۋىشىڭلار قەيەردىكەن، دەپ سۈرۈشتۈردى. سۈرۈشتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە بىر خىل جاۋابلا بېرەلىدى. ئۇلار ئەلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ مۆمىن پۇقرا بولۇشنى ئىستەيدىكەن. ھەممىسى مەڭلىگ تېكىن ھازىر قاغان بولۇپ ئەنشىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ھەممىمىز خۇشاللىق بىلەن باش ئېگىپ ۋەزىر ئەزەمنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ئوردىنى قايتۇرۇۋېلىشقا قەسەم قىلىشتى. پۇقرالار ئىرادىسىدىن بوران چىقىرىپ، ھەممە يەرگە تارىتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەسۇم قەلبىنى تىندۇرۇپ، ياخشى نىيەتلىرىگە تەسەللىي سەۋر بەردۇق. ئۇلارنى ماكانىغا

قايتۇرغاندىن كېيىن، ئوردىدا كېڭىشىپ ئالاھىدە نام- ئاتاق بەرمەكچى بولدۇم. تەسەللى يارلىقىنى يەتكۈزۈشكە بۇگۈن ئەلچى ئەۋەتتىم. ئاشۇ ۋەقەدىكى پاراكەندىچىلىك سىلەرنىڭ تۆھپەڭلەر بىلەن ئوڭلاندى. شۇڭا، سىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ئەل بەرپا ئىلىپ، كونا مۇناسىۋىتىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئىلىكىدە ئالەمگە جاكارلاپ بۇ يارلىقنى يەتكۈزدۈم». يارلىق چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى ئەنشىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. ئەلچى لىڭۋۇغا كەلگەندە، ئۇيغۇر قاغانىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئاستانىگە بىرگە قايتقان. شۇ يىلى 11 - ئايدا شۆنزۇڭ خان «ئۇيغۇر قاغانغا بېرىلگەن ئاتاقنى يەتكۈزۈشكە ئەلچى ئەۋەتىش يارلىقى»نى چۈشۈرۈپ مۇنداق دېگەن[9]:

«كەمىنە ئېلىڭلارنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمە ئىزدەندىم. ئەلچى ئەۋەتىپ بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا قالغانلارنى ئەمىن تاپتۇرۇش، خان تىكلەپ بېرىشكە ماقۇل بولغان ئىدىم. ئۇلار لىڭۋۇغا بارغاندا سىلەرنىڭ ئەلچى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئىلتىجالارغا ئاساسەن، خانسىز قالغان ئوردىدا قاغان تىكلىنىپ، ھەممە قەبىلىلەرنىڭ بەيئەت قىلغانلىقىنى بىلدىم. ئىتتىپاقلىشىپ بىرنىيەت - بىرمەقسەتتە ئەلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مېنىڭمۇ ئارزۇيۇم ئىدى. قوۋمىڭلارنىڭ يېڭى ئەل قۇرۇشقا ئارىسالدى بولۇشىدىن ئەنسىرىگەن ئىدىم. شۇڭا، ئالاھىدە ئەلچى ئەۋەتىپ نام- ئاتاق ئەۋەتتىم. بەرگەن ئاتىقىم (توققۇز ئۇيغۇر) تەڭرىدە بولمىش ئالپ كۈلۈگ بىلگە جەنخۇەي (ئەل قۇرۇش كويىدا بولغۇچى) قاغاندۇر.»

بۇ قېتىملىق نام - ئاتاق بېرىشكە «كونا تاڭنامە.

شۇەنزۇڭ خان خاتىرىسى»(640 - بەت)دە: «(داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 11 – يىلى، 857- يىلى ) ئۇيغۇرلارغا ئاتاق يەتكۈزۈش ئەلچىلىكىگە ياساۋۇل بەگ ۋاڭ دۇەنجاڭنى خىخۇ ئايمىقىنىڭ ئەمىرلەشكىرى قىلىپ، يانداش ئەلچىلىككە خانلىق قائىدە - يوسۇن كاتىپى لى شۇننى جىنجۇ ئايمىقىنىڭ ئەمىر لەشكىرى قىلىپ، يازغۇچىلىققا خىنەن مەھكىمىسىنىڭ كاتىپى ساۋلىجىنى يوڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئەمىرلەشكىرى قىلىپ ئەۋەتتى. ۋاڭ دۇەنجاڭلار چېگرىدىن چىقىپ بولغاندا، قارا ھارۋىلىقلار يولنى توسۇۋالغاچقا قايتىپ كەلدى» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. تۇبۇتلەر تەزكىرىسى» ۋە دۇنخۇاڭدا ساقلانغان خەنزۇچە ۋەسىقىنىڭ 6342 - بېتىدىكى «جاڭ يىچاۋنىڭ تاۋاپقا كېلىش جەدۋىلى»دە خاتىرىلىنىشىچە لىياڭجۇ ئايمىقى شەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى (861 - يىلى)غا كەلگەندە تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغانلار تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىنغان. شۇڭا، ۋاڭ دۇەنجاڭلارنىڭ سەپىرىدە خېشى كارىدورى ئارقىلىق مېڭىشى مۇمكىن بولمىغاچقا، تيەندى ئارقىلىق شىمالىي يول بىلەن چېگرىدىن چىقىپ ئايلىنىپ ماڭغان. ئۇلار سەپەردە ئۇچراتقان «قارا ھارۋىلىقلار» بولسا، سىبىر - تاتار قوۋمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ شىمالغا بېرىپ گوبىنىڭ جەنۇبىدىكى يايلاقلار بىلەن سەپەر قىلغانلىقىنى چۈشەندۈردۇ[10]. لېكىن، ئۇلار سەپەردە تالاپەتكە ئۇچراپ ئاتاقنامە بۇلانغان. بۇرچىنى ئادا قىلالماي قايتىشقان[11].

تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ قېتىملىق ئەلچى ئەۋەتىشى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، بىزگە مەڭگۈلۈك تېكىنىنىڭ داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10 - يىلى (856 - يىلى)دىن بۇرۇن كۆسەن

ئەتراپىدا خان بولغانلىقىدىن ئېنىق مەلۇمات بەردى. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇر تەزكىرىسى»(5215- بەت)دە خاتىرىلىنىشىچە، داجۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2 - يىلى (848 - يىلى) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاخىرقى بىر قاغان ئوكنىر غايىب بولغان[12]. قىرغىزلار سىبىرلارغا باش ئەگكەن ئۇيغۇرلارنى گوبىنىڭ شىمالىغا قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، «يەنە نۇرغۇن ئۇيغۇرلار تاغ - ئورمانلارنىڭ ئىچكىرىسىدە بۇلاڭچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىۋېتىپتۇ. ھەممىسى كۆسەندىكى مەڭلىگ تېكىن قېشىغا كېتىش ئارزۇسىدا ئىكەن. مەڭلىگ تېكىن ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، چۆلنىڭ غەربىدىكى شەھەرلەرنى ئىگىلىۋاپتۇ» دېيىشكەن. گەرچە، بۇ تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆزدە تۇتۇلغان ۋاقىت ئېنىق بولمىسىمۇ، داجۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10 - يىلىدىكى ئەھۋاللار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مەڭلىگ تېكىننىڭ تەختكە چىققان ۋاقتىنى داجۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2 - يىلىدىن كېيىن، 10 - يىلىدىن بۇرۇن دەپ قاراشقا بولىدۇ. داجۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3 - يىلى ئەتراپىدا تەختكە چىققان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. چۈنكى، ئۇنىڭ تەختكە چىقىشى ئوكنىر قاغاننىڭ غايىب بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»گە قوشۇمچە قىلىنغان «تۈركەشلەر تەزكىرىسى» (6069 - بەت)دە: «ئۇيغۇرلار ھالاك بولغاندا، مەڭلىگ تېكىن قارا شەھەردە يابغۇ بولغان، قالغان قەبىلىلەر تەگرىتېگى[13]نى قوغداپ قالغان بولۇپ، ئۇلار 20 تۈمەنگە يېتەتتى» دېيىلگەن. ئەگەر خاتا بولمىسا، ئۇ ئاۋۋال يابغۇ بولۇپ، كېيىن قاغان بولغان. «قالغان قەبىلىلەر 20 تۈمەنگە يېتەتتى»

دېگەنلىك سانىنىڭ كۆپتۈرۈلگەنلىكى[14] بولسىمۇ، «كونا تاڭنامە»دىكى «چۆلنىڭ غەربىدىكى شەھەرلەرنى ئىگىلىۋالغان[15]» لىقى بىلەن «يېڭى تاڭنامە»دىكى خاتىرىلەر مەڭلىگ تېكىن قاغان بولۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى بىر مەزگىللەردە ئۇنىڭ ناھايىتى روناق تاپقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مەڭلىگ تېكىن خان بولغان ئەنشى قەيەرنى كۆرسىتىدۇ؟ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بۇ جۇغراپىيىلىك ھەم مەمۇرىي نام كەڭ ۋە تار مەنىدە ئىككى خىل قوللىنىلغان.

تار مەنىدىكى ئەنشى بولسا، ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى كۆرسىتىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى[16] نەچچە رەت ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، چاڭشۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى (692 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى سەركەردىسى ۋاڭ شياۋجيې تۇبۇتلەرنى تارمار قىلىپ، تۆت بازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تۇرۇشلۇق ئورنىنى كۇسەنگە كۆچۈرگەندىن 792 - يىلى ئەنشى ئاخىر تۇبۇتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ[17] كەتكەنگە قەدەر بولغان مەزگىللەردە، تار مەنىدىكى ئەنشى باشتىن - ئاخىرى كۇسەن شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «راھىب خۇيچاۋنىڭ ئەنەكتەكتىكى بەش ئەلگە سەپەر قىلىش تەزكىرىسى[18]»دە خۇيچاۋ كەييۇەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلىدا ۋەتەنگە قايتقاندا « ‹سارىغ› (قەدىمىي قەشقەر)دىن شەرققە قاراپ بىر ئاي مېڭىپ كۇسەن ئېلىگە، يەنى ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە كېلىپ، خەنزۇ لەشكەرلەرنىڭ تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن. ئەنشىدىن يەنە جەنۇبقا قاراپ 2000 چاقىرىم ئېلى باركەن... كەييۇەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 15 - يىلى (727 - يىلى) 11 - ئاينىڭ تۇنجى ھەپتىسىدە ئەنشىگە

كەلگەندە، باش ھەرىۋۇل جاۋجۇن ئەنشىدا ئىكەن. ئەنشىدىن يەنە شەرققە قاراپ مېڭىپ ئاگنى (قارا شەھەر) ئېلىگە كەلگەن»لىكى خاتىرىلەنگەن. يەنە «راھىب ۋۇكۇڭنىڭ ئەنەكتەككە بېرىش خاتىرىسى»دە ۋۇكۇڭ 780 - يىللىرى ۋەتىنىگە قايتقاندا، سارىخ، ئۇدۇن، ئەنشى، ئاگنى ئارقىلىق بېشبالىقتا بارغان. بۇ يەردىكى ئەنشىمۇ كۇسەننى كۆرسىتىدۇ[19]. تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئەڭ ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىپ قوغدىغان ئەنشىمۇ كۇسەننى كۆرسىتىدۇ[20].

كەڭ مەنىدىكى ئەنشى بولسا، ئەنشى قورۇقچىبەگ تەۋەسىنى يەنى كۇسەن، ئۇدۇن، سارىخ، ئاگنى ياكى سويابنى كۆرسىتىدۇ. بىراق، چاڭئەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2 - يىلى (702 - يىلى) بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، سوياب بېشبالىقتا ئايرىپ بېرىلىپ، تۆت بازار سويابنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان بولغان. شۇڭا، مەڭلىگ تېكىن خانلىق تەختىگە چىققان ئەنشى تەخمىنەن تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ كۇسەن ئەتراپى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن[21]. «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»دە تىلغا ئېلىنغان مەڭلىگ تېكىنىنىڭ ئاگنىدا يابغۇ بولغانلىقىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلغان پەرىزىمنى ئىسپاتلايدۇ. ھاملىتونمۇ مۇشۇنداق كۆزقاراشتا بولۇپ، «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار» دېگەن كىتابىدا «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەنشى ئاساسەن بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى، تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئەينى چاغدىكى ئەنشى

قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولمىش بۈگۈنكى كۇچا شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئىككىنچى تارماق ئۇيغۇرلار (ئەنشىگە كەلگەن بىر قىسمىنى كۆرسىتىدۇ) تەڭرىتېغىنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى بىر رايونغا، يەنى كۇسەن بىلەن بېشبالىق ئارىلىقىدىكى جايلارغا كېلىپ، تۇبۇتلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى زېمىنلارنىڭ چېگرىسى بىلەن قارىشىپ تۇرغان» دەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، گەردىزى كىتابىدا توققۇز (ئوغۇز)لارنىڭ قاغانى تۇرۇشلۇق ئازال شەھىرى[22]نى خاتىرىلىگەن. مورىياسۇ تاكائو بۇ قاغان مەڭلىك تېكىن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن، دەپ قارايدۇ[23]. گەردىزى ئۇ يەرگە بارىدىغان مۇساپىنى[24] سۆزلەپ كېلىپ:

«ئۇ يەرگە بارىدىغان مۇساپە بولسا بارسخاندىن ئۇنسۇ[25]غا، ئۇنسۇدىن كۇچاغا، كۇچادىن ئازالغا، ئازالدىن سىكاتقا[26]، سىكاتتىن سىمىغنا سۇر[27]غا(؟)، سىمىغنا سۇردىن كات[28] (جىناجكات)قا(؟) بىر كۈنلۈك مۇساپىدۇر. بۇ ۋىلايەت كۇچادىن كىچىك بولۇپ، 22 مەھەللىسى بار...» دەيدۇ.

«ھۇدۇدۇلئالەم»دىمۇ مۇشۇ يەرلەرگىچە بايان قىلىنغان. مىنورسكىي ئازال — ئاراق بولسا، كۇسەننىڭ شەرقىدىكى بۈگۈرمىكىن دەپ گۇمانلانسا، ھېنىنىڭ ئاگىنى[29] دەپ قارايدۇ. ئېھتىمال مورىياسۇ تاكائو ئېيتقاندەك، قاراشەھەرنىڭ شىمالىدىكى يولدۇز جىلغىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى بىلەن تۈركلەرنىڭ بۇ يەردە ئوردا سالدۇرغان تارىخىنى ئويلىغاندا، ھېنىنگنىڭ كۆزقارىشىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ[30]. قايسى بىر خىل قىياس مۇۋاپىقراق بولمىسۇن شۇنداق بىر نۇقتىنى

مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇكى، ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللارمۇ مەڭلىگ تېكىننىڭ كۇسەن - ئاگنى ئەتراپىدا قاغان بولغانلىقىنى تېرىپ - تۆشەپ بايان قىلىپ بولسىمۇ، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## 3. تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى

داجۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى ئەتراپىدا ئەنشىدە خانلىق تەختىگە چىققان مەڭلىگ تېكىن بىر مەزگىل روناق تاپتى. لېكىن، بۇنداق روناق تېپىش ئۇزاق داۋاملىشالمىدى. داجۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10-،11 - يىلى (856 -، 857 - يىللىرى) تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر قاغانى تىكلەش، ئاتاق بېرىش كويىدا يۈرگەندە، بىز ئۈچ تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەنلىكىنى بىلدۇق. بۇلارنىڭ ئىككى تۈركۈمى داجۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10 - يىلى 2 - ئايدا ياكى بۇنىڭدىن بۇرۇنراق؛ يەنە بىر تۈركۈمى بولسا، 2 - ئاي بىلەن 11 - ئاي ئارىلىقىدا تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەن[31]. ئۈچىنچى تۈركۈمدىكىلەرنى ئەنشىدە خانلىق تەختكە ئولتۇرغان مەڭلىگ تېكىننىڭ ئەۋەتكەنلىكى ئاساسەن شۈبھىسىز. ئالدىنقى ئىككى تۈركۈمدىكى ئۆزى «سوۋغات كۆتۈرۈپ كەلگەنلەر» بىلەن «قىرغىز لى جەنگە ئەگىشىپ كەلگەن» ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانى ياكى ئەسلىي ماكانى بەلكىم ئەنشىدىن يىراق بولمىسا كېرەك. چۈنكى، تاڭ سۇلالىسى ئۇلاردىن «مەڭلىگ تېكىن ھازىر قاغان بولۇپ ئەنشىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇر قوۋملارنىڭ

خۇشاللىقتىن باش ئەگكەن[32]» لىكىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال ئەنشىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. ئەگەر بۇ خەۋەرنى ئەنشىدىن كۆپ يىراقتىكى ئۇيغۇرلار ئىلىپ كەلگەن، دەپ قىياس قىلغاندا، تاڭ سۇلالىسى بۇنىڭلىق بىلەن يەڭگىللىك قىلىپ ئەنشىگە ئەلچى ئەۋەتەرمۇ؟ بىراق، بۇ ئىككى تۇركۇمدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرگىزمۇ مەڭلىگ تېكىننىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئەمەسلىكى ئېنىق.

بۇ ئىككى تۇركۇمدىكى ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىگە كېلىشتىن نەچچە يىل ئىلگىرى، يەنە بىر تۇركۇم ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەن. تاڭ سۇلالىسى كەلگەنلەرگە (بەلكىم كاتتىۋېشىدۇر) ئەمەل - ئاتاق بەرگەن. بۇ ئىش دۇمۇ قەلەم تەۋرەتكەن «قۇچۇدىن كەلگەن ئۇيغۇرغا شىرمەت سانغۇن ئۇنۋانى بېرىش پەرمانى[33]»دا ئۇچرايدۇ.

«قۇچۇلۇق مالچى[34] بېشى بولمىش ئىگە[35] قاشكۇگۇ ئالىپ ئۇگەمىش باغا تۇتۇق ۋە زىر ئەمىنلىك ئۇچۇن جاسارىتى بىلەن كارامەت كۆرسەتتى. ئالىيجاناب سىيماسى غەربىي قوۋملارنىڭ قەلبىنى ئىپادىلەپ، ئىلىمىزنىڭ كاپالىتى بولدى. ئۇلارنىڭ ئاتامىنى ئاقىل كىشى بولغاچقا، بوگۇن دوستلىشىش ئارزۇسىدا ئىلتىپات تىلەپ كەپتۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئالىي مەرتىۋە ئىنئام قىلىپ، ئاسمان كۆمتۇرۇلۇپ چۈشكەندىمۇ ئىلتىپا- تىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۇچۇن سول قانات شىرمەت ياساۋۇل سانغۇن مەرتىۋىسىگە ئوخشاش يەنە بىر ئەمەل تەسىس قىلىپ ئىنئام قىلىنسۇن.»

بۇ پەرمان يېزىلغان ۋاقىت ئەسكەرتىلمىگەن. لېكىن، دۇمۇ كاتاۋۇللۇق ئەمىلى ئۇچۇن شاپاشلاپ، ئەمىر - پەرمان

ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىپ يۈرگەندە، داجۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5 - يىلى ۋە 6 - يىلى 11 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆلگەن بولۇپ، بىر يىل ئەتراپىدا ۋاقىت ئۆتمىگەن ئىدى[36]. بۇ پەرمان مۇشۇ مەزگىلدىلا يېزىلغان. ھەم دۇمۇنىڭ «پەنچۇەن توپلىمى»غا بۇ پەرمانغا ئۇلاپلا يەنە بىر «شاجۇ ئەلچىسى ئېلىپ كەلگەن ۋۇئەنجېڭ قاتارلىق 29 كىشىگە ئەمەل بېرىش پەرمانى» كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا:

«سەركەردەڭلار جاڭ يىچاۋ ساداقەتمەن قەلبىگە تايىنىپ ياۋايىلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپتۇ. سىلەر سەركەردىگە سادىق بولۇپ، ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، جاپا - مۇشەققەتلەر ئالدىدا ساداقەتنى ئەلا بىلىپسىلەر. شۇنداق ئىكەن، ئىلىمىزنى قوغدىغان مەردانە كىشىگە ئەمەل بەرمەي بېخىللىق قىلغىلى بولماس. شۇڭا، شانۇ شەۋكەتلەر ئارقىلىق تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، ئالدىنقى ئىشلارغا ئاساسلانساق بولىدۇ» دېيىلگەن.

شياڭ دا بۇ ئەمەل بېرىش پەرماننى داجۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5 - يىلى قىشتا يېزىلغان دەپ قارايدۇ[37]. شۇڭا، پەرماندىكى «ئالدىنقى ئىشلارغا ئاساسلانساق بولىدۇ» دېگەن جۈملە ئالدىنقى «قۇچۇدىن كەلگەن ئۇيغۇرغا شىرمەت سانغۇن ئۇنۋانى بېرىش پەرمانى»غا ئاساسلانغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ ئىككى پارچە پەرماننىڭ بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، بۇ ئىككى تۈركۈم كىشىلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە يېتىپ بارغان ۋاقتىدىمۇ ئانچە پەرق يوق. بۇ دەل جاڭ يىچاۋنىڭ گۇاجۇ، شاجۇ ئايماقلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەن مەزگىل

بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ خاتىرىلىرى، يەنى شۇەنزۇڭ خانىنىڭ رەسمىي تارىخىدىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا،[38] جاڭ يىچاۋنىڭ ئەلچىسى 851 - يىلى 2 - ئايدا تيەندىي قوشۇنىغا يېتىپ كەلگەن. 10 - ئايدا جاڭ يىچاۋ ئىنىسى جاڭ يىتەننى[39] ئەۋەتىپ، گۇاجۇ، شاجۇ، يىجۇ، سۇجۇ قاتارلىق 11 ئايماقنىڭ خەرىتىسى بىلەن نوپۇس ئەھۋالىنى تاڭ سۇلالىسىگە ھەدىيە قىلغان.

باشقا تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ 11 ئايماق يەنە شىجۇ، گەنجۇ، لەنجۇ، شەنجۇ، خېجۇ، مىنجۇ، گوجۇ قاتارلىق ئايماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن[40]. «قوچۇدىن كەلگەن ئۇيغۇرغا شىرمەت سانغۇن ئۇنۋانى بېرىش پەرمانى»دىن ئەينى چاغدا قوچۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز خانى ۋە ۋەزىرلىرى بارلىقىنى بىلەلەيمىز. داجۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4 - يىلى (850 - يىلى) جاڭ يىچاۋ يىجۇ[41]نى قايتۇرۋالغاندىن كېيىن، بۇ بىر تارماق ئۇيغۇرلارنىڭ شاجۇ ھاكىمىيىتىگە تەۋە بولغان - بولمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. فۇجىي ئاكىرانىڭ ئەينى چاغدا جاڭ يىچاۋنىڭ تەسىر كۈچى قوچۇغىچە كېڭەيگەن[42] دەپ قارىشىنىڭ ئاساسى يوق. شۇڭا، جاڭ يىچاۋنىڭ قوچۇغا ئىگە بولدۇم دېگىنىگە ۋە بۇ چاغدا ئۇيغۇر ئەلچىسىنىڭمۇ تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا يېتىپ كەلگەنلىكىگە قاراپ، بۇ چاغدا ئىككى تەرەپ ھېچبولمىغاندا دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە ئەمەس ئىدى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

لېكىن، قوچۇنى كونترول قىلىۋاتقان بۇ ئۇيغۇرلار مەڭلىگ تېكىننىڭ تەۋەلىكىدە ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بىرنەچچە يىلدىن

كېيىن، يەنى داجۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10 - يىلى تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى مەڭلىگ تېكىننى ئۇيغۇر قاغانى قىلىپ تەيىنلىمەكچى بولغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئالىي نەسەبلىرى»نى، يەنى قاغاننىڭ ئەۋلادىنىڭ ئېنىق خەۋرىنى ئالالمىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. موريياسۇ تاكائو قاتارلىقلار[43] تەشەببۇس قىلغاندەك قىياس قىلىپ داجۇڭ سەلتەنەت يىلىنىڭ 5 - يىلى تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەن ئۇيغۇرلارنى مەڭلىگ تېكىننىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلار دەپ قارىساق، داجۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10 - يىلىغا كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىكىلەر ئاندىن «ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىي نەسەبىدىن» بولغان مەڭلىگ تېكىننىڭ خەۋرىنى ئالالىشى ناتايىن. بۇ ئۇيغۇرلار ئىلگىرى مەڭلىگ تېكىنگە ئەگىشىپ غەربكە كۆچكەنلەر ھەم ئۇنىڭ ئىدارە قىلىشىنى ئېتىراپ قىلغان كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن. يەنى «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» (6069 - بەت)دىكى «قالغانلىرى تەڭرىتېغىنى قوغداپ قالدى»دىكى «قالغانلىرى» بولۇپ، بۇلار ئۇ چاغدا ئۆز خاقانىنى تىكلەپ بولغان ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر 2962 - بەتتىكى «جاڭ يىچاۋ ھەققىدىكى مەدداھلىق قىسسىسى»[44]دىن، داجۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10 - يىلى ئەتراپىدا، شاجۇ ھاكىمىيىتى بىلەن يىجۇ شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى لاپچۇق ناھىيىسى ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقۇنلار بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇڭا، يىجۇنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن قۇچۇدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك «مەدداھلىق ئەدەبىياتى»دا جاڭ يىچاۋنىڭ تاڭ

سۇلالىسى نام ـ ئاتاق بەرگەن ئەنشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ دېۋەنجاڭنىڭ[45] قول ئاستىدىكىلەرگە دوستانە مۇئامىلىدە بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ چېن يېۋەنخۇڭ ئاتلىق كىشى ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ تىرىپ ـــ رەن قىلىۋېتىلگەنلىكىنى مەلۇم قىلغاندا، جاڭ يىچاۋ دەرغەزەپ بولۇپ: بۇ ئۇيغۇرلار نېمىسگە بۇنداق ئەزۋەيلىشىپ كېتىدۇ. ئەلچىلەر ھازىرچە قەسىرگە قايتىپ تۇرسۇن، مەن تاپتۇراي» دېگەن. ئەگەر تاڭ سۇلالىسى نام ـ ئاتاق بەرگەن مەڭلىگ تېكىن بىلەن قۇچۇ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار مۇناسىۋەتلىك بولسا، جاڭ يىچاۋ بۇنداق ئىپادە بىلدۈرمىگەن بولاتتى، ئەلۋەتتە. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى چاغدا قۇچۇ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئەنشىدىكى مەڭلىگ تېكىن ھەرگىز بىر قوۋمدىن ئەمەس.

يۇقىرىدا بايان قىلغان بىرنەچچە نۇقتىدىن قارىغاندا، بىر مەزگىل روناق تاپقان تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئۇيغۇرلار پارچىلىنىپ كەتكەن. مەڭلىگ تېكىن ئالىي نەسەبلىك بولغاچقا، كۇسەن ـ ئاگنى ئەتراپىدا قاغان بولغان ھەم تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ۋە نام ـ ئاتاق (گەرچە يېتىپ بارالمىغان بولسىمۇ) بېرىشكە مۇيەسسەر بولغان. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ كۈچى زور بولۇشى ناتايىن. قۇچۇنى ئىگىلىگەن ئۇيغۇرلار، «قىرغىز لى جەنگە ئەگىشىپ» كەلگەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۆزى «سوۋغات ئېلىپ كەلگەن» ئۇيغۇرلار بەلكىم قۇچۇنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت تىكلەپ، بىر ـ بىرىگە بويسۇنماس بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بەزىلىرى مەڭلىگ تېكىننىڭ قاغانلىقىغا بويسۇنغۇسى بولسىمۇ، بەزىلىرى ئۇنى پەقەت كۆزگە ئىلمىغان. بۇنداق

پارچىلىنىش ۋەزىيىتى، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋاللارنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ چۈشەندۈرەلەيدۇ. داجۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 11 - يىلىدىن كېيىن نام- ئاتاق ئېلىشقا رەسمىي مۇيەسسەر بولالمىغان توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى مەڭلىگ تېكىن ئەنشىدە تۇيۇقسىز غايىب بولدى. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مەڭلىگ تېكىننىڭ ئەۋلادى ياكى ئۇنىڭ بىر تارمىقى گەنجۇغا كۆچۈپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى داجۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10 -، 11 - يىلىدىكى نام - ئاتاق يەتكۈزۈشتە ئەلچىلىرىنىڭ ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلاپ بىر تەرەپ قىلىغاندىن باشقا، ئۇيغۇر قاغانغا ئاتاق بېرىش ئىشىنى قايتا تىلغا ئالمىغان. شۇڭا، ئارىدىن 10 نەچچە يىل ئۆتكەندە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قايتا ئۇنىڭغا بەرمەكچى بولغىنى، ئەنشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانى بولماستىن، بەلكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانىدۇر.

## 4. قىرغىزلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىنى كونترول قىلىشى

تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئۇيغۇرلار بىر مەزگىل روناق تاپقان، لېكىن ئۇلار گوبىنىڭ شىمالىدا قىرغىزلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ خانىۋەيران بولغاندا غەربكە كۆچۈپ، تېزلا تەڭرىتېغى رايونىدا يەنە ھاكىمىيەت قۇرغانمۇ - يوق؟ مۇئەييەنلەشتۈرۈش پىكرىدىكى ئالىملار ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى ئىسپاتلاشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتىدۇ. ھازىر ساقلىنىۋاتقان

تارىخىي ماتېرىياللار ھېچبولمىغاندا، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئەھۋاللار بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىنىڭ تامامەن ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاۋاتىدۇ.

خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2 - يىلى (842 - يىلى) 10 - ئايدا، قىرغىزلار ئۇيغۇر خانلىقىنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، تۇنجى رەت تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنىڭ كەيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىلى (840 - يىلى) ئۇيغۇرلارنى ھالاك قىلغان ۋەقەنى مەلۇم قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەيخې مەلىكىسى ئۆزىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ھەم «ئاۋۋال لۇ شىخې قاتارلىق كىشىلەرنى مەلىكىنى بۇيۇك تاڭ ئېلىگە يەتكۈزۈپ قويۇش ئۇچۇن ئاستانىگە ئەۋەتكەنلىكىنى، ھازىرغىچە بىرەر ئۇچۇرىنى ئالالمىغانلىقىنى، يېتىپ بارالمىغان ياكى ئوغرىلار تۇتۇپ قالغان بولسا دەرھال لەشكەر چىقىرىپ ئىزدىتىپ، ھەر قانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، چوقۇم تېپىپ كېلىدىغانلىقىنى» ئېيتقان. قىرغىزلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى ھېچبولمىغاندا ئۇيغۇر خانلىقىنى ھالاك قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ئۈمىدىدە ئىكەنلىكى ئېنىق. قىرغىز ئەلچىسى يەنە «قارا ئۆكۈزگىچە سۈرۈلۈپ ئۇيغۇر ئېلىگە ئولتۇراقلاشقانلىقىنى، ئەنشى، بېشبالىق، ئاتار قاتارلىق بەش قەبىلىنى بويسۇندۇرغان[46]» لىقىنى ئېيتقان. ئەسلىدە ئىككى يىلدىن بېرى قىرغىزلار دىققىتىنى غەربكە (غەربىي جەنۇبقا) بۇراپ، ئەنشى، بېشبالىق رايونلىرىنى ئىگىلىۋالغان ئىكەن. ئەمدى ئۇلار ئەنشى بىلەن بېشبالىق رايونىنى، يەنى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىنى كونترول قىلغاندىن كېيىن، قارا ئۆگۈز، يەنى ئەسلىدىكى

گوبىنىڭ شىمالىدىكى مەركىزىي رايوندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنىغا چىقىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر يېڭى بۈيۈك خانلىق قۇرماقچى بولۇۋېتىپتۇ. قىرغىز ئەلچىسىنىڭ بۇنداق دېيىشى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قارشى پوزىتسىيىدە بولماسلىقىنى تىلىگەنلىكىمۇ ئېنىق.

ئەمدىلا قىرغىزلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن تاڭ سۇلالىسىگە بۇ ئىش چوقۇم چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بىر-نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، قىرغىزلار ئەلچىسى تاڭ سۇلالىسىگە قايتا كەلگەن ھەم ۋۇزۇڭ خان قوبۇل قىلغاندا، بوخەي ئېلى ئەلچىسىنىڭ تۆرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىكىلەر مۇشۇ پۇرسەتتە يەنە قىرغىزلارغا قانداق تاكتىكا قوللىنىشنى رەسمىي مۇزاكىرە قىلىپ، قىرغىزلارغا كىشى ئەۋەتىپ ئىلگىرى تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولغان ئەنشى، بېشبالىق رايونىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش-قىلماسلىقنى قارار قىلغان. «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»دە تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەنگەن (تاڭ سۇلالىسى خاتىرىسى. 36-جىلد 7973-، 7974-بەتلەر): «خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3-يىلى 2-ئاينىڭ ئاخىرلىرى، قىرغىزلار زۇغۇقۇشنى ئەلچى قىلىپ ئىككى تۇياق ئېسىل ئات ئەۋەتىپتۇ. ئوردا مىراقۇلبەگ جاۋفەننى ئەلچىلەرنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىشقا بۇيرۇدى. 11-كۈنى خان قوبۇلدا بوخەي ئەلچىسىنىڭ ئالدىغا تىزىلدى. خان جاۋفەنگە قىرغىزلاردىن ئەنشى، بېشبالىقنى تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇماقى بولدى. لى دېيۇ قاتارلىق ئەكابىرلەر: «ئاستانىدىن ئەنشىگە 7000 چاقىرىم، بېشبالىققا 5000 چاقىرىمدىن كۆپرەك كېلىدۇ. بۇ ئەلچىدىن ئۇ

بەرلەرنى سوراپ ئېلىپ، قايتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلساق، نەچچە تۈمەن تاڭ سۇلالىسى لەشكىرى قوغدىمىسا بولمايدۇ. بۇنداق ئەسكەرلەرنى قەيەردىن ئېلىپ، يەم - خەشەكنى قايسى يول بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىشنى بىلمەيمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن بار ئاقچىنىمۇ يوق قىلىۋېتىمىز. شۇڭا، بولماسمىكىن»، دەپ توسۇپ قويدى. لى دېيۈنىڭ «قۇربانلىق كۆرسىتىپ بېرىش خاتىرىسى»دىمۇ مۇشۇنداق خاتىرە بار[47]. بۇ ئىككى تۈركۈمدىكى قىرغىزلار ئەلچىسىگە دائىر خاتىرىدىن، قىرغىزلار ئۇيغۇر خانلىقىنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن دەرھال غەربكە قوشۇن تارتىپ، ئاخىر بېشبالىق ۋە ئەنشى رايونىنى كونترول قىلىۋالغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

شۇنداقتىمۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئالىملار ئادەتتە قىرغىزلار 840- يىلى ئۇيغۇر خانلىقىنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن بېشبالىق بىلەن ئەنشىگە يېتىپ بارغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ رايونلارنى كونترول قىلغانلىقىدىن ئېغىز ئېچىشمۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا بۇ ئىشنى قەتئىي تىلغا ئالمايدۇ. ئابى تاكېئو «غەربىي ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىپ[48] قىرغىزلارنىڭ ئەنشى بىلەن بېشبالىق بىزنىڭ قولىمىزدا دەۋالغىنى سېپى ئۆزىدىن يالغان گەپ، دەپ قارايدۇ ھەم لى دېيۇ كۆچمەيلا قىرغىزلارنىڭ ھىيلىسىنى بىلىۋالغان، دەپ تونۇيدۇ. بۇ ئالىملارنىڭ ئاساسلىنىدىغىنى خانېدا تورونىڭ «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»ناملىق ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەن[49]، «كونا تاڭنامە. لى دېيۇ تەزكىرىسى»دىكى: «(خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ) 3- يىلى 2-

ئايدا، جاۋفەن قىرغىزلار ئەنشى بىلەن بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە ھۇجۇم قىپتۇ. لەشكەر چىقىرىپ ھەمدەم بولماق كېرەك، دەپ مەلۇمات سۇندى»». ئۇلار ئەگەر جاۋفەن خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى قىرغىزلارنىڭ بېشبالىق بىلەن ئەنشىگە ھۇجۇم قىلماقچى ياكى قىلىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار ئۇنىڭدىن بۇرۇن چوقۇم ئىگىلىۋالمىغان. شۇڭا خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى 10- ئايدا، قىرغىزلار ئەلچىسىنىڭ ئېيتقانلىرى لاپ گەپ، دەپ قارايدۇ.

لېكىن، «كونا تاڭنامە»دىكى بۇ گەپ شۇبھىلىك. ھۆكۈمەت تەرەپ يازغان «ئوردا خاتىرىسى» بىلەن لى دېيۇنىڭ «قۇربانلىق كۆرسىتىپ بېرىش خاتىرىسى»دە جاۋفەننىڭ خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى ئېيتقان بۇ گېپى خاتىرىلەنمىگەن[50]. سىماگۇاڭ ئەينى چاغدا «كونا تاڭنامە»دىكى خاتىرىنى ئىنكار قىلىپ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»گە «ئوردا خاتىرىسى بىلەن قۇربانلىق كۆرسىتىپ بېرىش خاتىرىسى»دىكى مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن ھەم «كونا تاڭنامە. لى دېيۇ تەزكىرىسى»دىكى لى دېيۇنىڭ مەلۇماتى (4522-، 4523- بەت)مۇ ئىسپات بولالايدۇ، دېگەن. لى دېيۇ يەنە مۇنداق دېگەن:

«مۇشكۇل كۈنلىرىمىز ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن خېلۇڭ رايونى تۇبۇتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. ئەنشى ۋە بېشبالىققا بارماقچى بولساق ئۇيغۇر يولى بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئەمدى ئۇيغۇرلار ھالاك بولدى. ئۇ جايلارنىڭ قىرغىزلارغا تەۋە بولۇپ كەتكەن - كەتمىگەنلىكىنى بىلمەيمىز. ئۇ جايلارنى قۇتقۇزۇۋالساق، قورۇقچىبەگ قويۇپ خەنزۇ ئەسكەرلەرنىڭ

قوغدىشىغا توغرا كېلىدۇ. ھەربىر جايىنى بىر تۈمەندىن لەشكەر قوغدىسا، بۇ لەشكەرلەرنى قەيەردىن يىغىپ كېلىمىز؟ يەم - خەشەكلەرنى قايسى يول بىلەن توشۇيمىز؟ پېقىر بەدەۋىيلەرنىڭ ھېيلىسىنىڭ كۆپلۈكى، ئەل كۈچىنىڭ يېتىشمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە تاۋار - دۇردۇن بېرىڭلار، دەپ بىزنى قاقتى - سوقتى قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن.» لى دېيۇنىڭ بۇ گېپى قىرغىزلارنىڭ ئەنشى بىلەن بېشبالىقنى ئىگىلەپ بولغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ ھازىر ھۇجۇم قىلىۋاتقاندەك ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«يېڭى تاڭنامە. لى دېيۇ تەزكىرىسى»دىكى مۇنۇ مەزمۇنمۇ ئۇيلاپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ: «قىرغىزلار ئەۋەتكەن ئەلچى كېلىپ ئەنشى بىلەن بېشبالىقنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. خان ئالىيلىرى قىرغىزلاردىن ئۇ يەرلەرنى تەلەپ قىلماقچى بولغاندا، لى دېيۇ ئۇنداق قىلساق بولماس. ئۇيغۇرلار ھالاك بولغان بولسىمۇ، قىرغىزلارنىڭ راست شۇ يەرلەرگە ئىگە بولغان - بولمىغانلىقىنى تېخى بىلمەيمىز.» بۇ يەردىكى «قىرغىزلاردىن» دېگەن سۆز ئالاھەزەل «كونا تاڭنامە»دىكى «لەشكەر چىقىرىپ ھەمدەم بولماق كېرەك» دېگەنگە باراۋەر كەلسىمۇ، «يېڭى تاڭنامە»نىڭ مۇئەللىپى قىرغىزلارنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىگە زامانى نائېنىق ئىپادە بىلدۈرۈپ، «كونا تاڭنامە»دىكى جاۋفەننىڭ گېپىدىن گۇمانلانغانلىقىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. «كونا - يېڭى تاڭنامە»دىكى «قىرغىزلارنىڭ ئەنشى بىلەن بېشبالىققا ئىگە بولغان - بولمىغانلىقىنى تېخى بىلمەيمىز» دېگەن مەزمۇن تاڭ سۇلالىسى ئېرىشكەن ئۇچۇرنىڭ قىرغىزلار ئەنشى بىلەن بېشبالىققا ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئەمەس، بەلكى ئىگىلەپ بولغانلىقىنى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ

راست - يالغان ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمايۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، «كونا تاڭنامە. ۋۇزۇڭ خان تەزكىرىسى» دىكى «خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى 2- ئاي» ماددىسىدىكى مەزمۇندا يېزىق خاتالىقى بار. يەنى، «قىرغىزلار ئەۋەتكەن ئەلچى زۇغۇقۇش ئوردىغا كېلىپ ئىككى تۇياق ئېسىل ئات ھەدىيە قىلدى. قاغانىمىز ئۇيغۇرلارنى ھالاك قىلىۋەتتى، مەلىكە تەيخېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىپ ئېلىڭلارغا يەتكۈزۈپ قويماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر قالدۇقلىرىنىڭ يول توسۇپ بۇلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدۇق، دېدى. شۇنىڭ بىلەن خان ئالىيلىرى زۇغۇقۇشقا قوشۇپ تەيخې مەلىكىنى ئەكېلىش ئۈچۈن تەيىۋەنگە ئەلچى ئەۋەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تاڭ سۇلالىسى سەركەردىسى شى شۇڭ بىر ئاي بۇرۇن ئۇگە قاغاننى مەغلۇپ قىلىپ، مەلىكە تەيخېنى يۇنجۇ ئايمىقى تەۋەسىگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئىدى[51]. «كونا تاڭنامە. ۋۇزۇڭ خان تەزكىرىسى»دىكى قىرغىزلار ئەلچىسىنىڭ گېپى ئەسلى خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى 10- ئايدا كەلگەن ئەلچىنىڭ گېپى بولۇپ «كونا تاڭنامە»دە خاتا خاتىرىلەپ قويۇلغان ياكى «كونا تاڭنامە. لى دېيۇ تەزكىرىسى»دىكى جاۋفەننىڭ ئاشۇ ئايدا ئېيتقان گېپىمۇ خاتا خاتىرىلىنىپ قالغان. ئىشقىلىپ «كونا تاڭنامە»دىكى جاۋفەننىڭ گېپىنى ئىشەنچلىك ئاساس قىلغىلى بولمايدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، خانېدا تورو[52] ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى تۇتۇش بىلەن بىرگە، 840- يىلدىن كېيىن قىرغىزلار قىسقا مۇددەت ئەنشى بىلەن بېشبالىقنى

ئىگىلىۋالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئاشۇ ئالىملارنىڭ خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4- يىلى كۆزدە ئۇتكە قاغاننىڭ ئەنىشگە پاناھلانماقچى بولغانلىقى ۋە شيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4- يىلى (863- يىلى) قىرغىزلارنىڭ ئەنىشى ئۇيغۇرلىرىغا قايتا جازا يۈرۈش قىلماقچى[53] دېگەن خاتىرىسىدىكى دەلىللىرىگە قارىتا كېيىنكى پاراگرافتا ئانالىز قىلىمەن. ئاخىرىدا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، جاڭ گۇاڭدا ئەپەندى «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى تومى»نىڭ «ئۇيغۇرلار» ماددىسىدا، مەگلىك تېكىن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار 843- يىلى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن جەنۇبقا ئۆتۈپ قارا شەھەردە ماكانلىشىپ، قۇچۇنى ئىگىلەپ، قوغلاپ كېلىۋاتقان قىرغىزلارنى چېكىندۈرگەنلىكىنى يازغان. بۇنى سۆز تاللاش يۈزىسىدىن قالدۇرۇپ قويدۇم.

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن باشقا، ئەرەب ـ پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ قىرغىزلارنىڭ ئەنىشى ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئىزناسىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. «ھۇدۇدۇلئالەم[54]» نىڭ «ياغمىلارنىڭ زېمىنى ۋە شەھەرلىرى» دېگەن بابىدا «كاشغەر چىننىستانغا تەۋەدۇر. ئۇلار ياغمىلار، تۇبۇتلەر، قىرغىزلار ۋە چىننىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. ئىلگىرى كاشغەرنىڭ خانلىرى قارلۇقلاردىن، ياغمىلاردىن بولۇدىكەن» دېيىلسە، «قارلۇقلارنىڭ زېمىنى ۋە شەھەرلىرى» دېگەن بابىدا يەنە «ئۇنسۇ قارلۇقلارنىڭ زېمىنىدە بولۇپ، ئىلگىرى ئۇلارنىڭ خاقانى توققۇز ئوغۇزلارغا ۋەكىللىك قىلىدىكەن. ئۇ يەرنى ئەمدى قىرغىزلار ئىگىلىۋاپتۇ» دېيىلگەن. بىز 840- يىلىدىن بۇرۇن قىرغىزلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى بىرەر جاينى

بېسىۋالغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق تارىخىي ماتېرىيال ئۇچراتمىدۇق. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ 790- يىلىدىن بۇرۇن قىرغىزلارنىڭ بۇ يەرگە ئاياغ باسقانلىقىغا دائىر ھېچقانداق بېشارەت يوق. ئۇيغۇرلار 791- يىلى بېشبالىقنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، قىرغىزلارنىڭ جەنۇبقا كېلىپ زېمىن ئىگىلىيەلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بۇ ماتېرىياللارنىڭمۇ IX ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدىن كېيىنكى ۋەقەلەرنى كۆزدە تۇتۇشى ناتايىن. چۈنكى، شيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرى (860— 874- يىللىرى)دە قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى روناق تاپقاندىن كېيىن، گوبىنىڭ شىمالىدىكى قىرغىزلارمۇ قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنىدىن ئۆتۈپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن زېمىن ئىگىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ھازىر ساقلىنىۋاتقان IX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، X ئەسىرنىڭ بېشىدا خوتەن ساك تىلىدا يېزىلغان ماتېرىياللار[55]، گۇاجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇچە ۋەسىقىلەر[56]»، 938 — 942 - يىللىرى جاڭ كۇاڭيى، گاۋجۇخۇينىڭ «ئۇدۇنغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»[57] ، 947- يىلى قوزۇقتا يېزىلغان 3- نومۇرلۇق ۋەسىقە[58] ، 964— 976 - يىللىرى جى يېنىڭ غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىش خاتىرىسى[59] بىلەن يەنە شۇ يىللىرىدا يېزىلغان «ئەرش يولىنىڭ چېگرىسى[60]» قاتارلىق تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا قىرغىزلارنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنمىغان[61] . بارتولدمۇ «ھۇدۇدۇلئالەم»دىكى بۇ تارىخىي ماتېرىياللارغا قىرغىزلارنىڭ زورايغان چاغدىكى تارىخى خاتىرىلەنگەن، دەپ قارايدۇ[62]. شۇڭا، «ھۇدۇدۇلئالەم»دىكى

خاتىرە 840- يىلىدىكى ۋەقەدىن كېيىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمىگەن چاغدىكى ئەھۋالدۇر. ئەگەر ئانالىز قىلىشىمىزدا خاتالىق بولمىسا، ئەرەب - پارسچە خاتىرىلەر بىلەن خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارنى دەلىللەشكە بولىدۇ ھەم 840- يىلىدىن كېيىن قىرغىزلار ھەقىقەتەن بىر مەزگىل بېشبالىق بىلەن ئەنشىنى كونترول قىلغانلىقىنى، يەنە كۇسەن بىلەن قاراشەھەرنى قوغداشقا لەشكەر تۇرغۇزۇش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

لېكىن، قىرغىزلار بېشبالىق بىلەن ئەنشىدە ئۇزاق تۇرالمىغان. شىيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4- يىلى (863- يىلى) قىرغىزلار تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ «ئۇيغۇرلارغا يەنە جازا يۈرۈش قىلىپ، ئەنشىنى ئەسلىدىكى ئىگىسى بولمىش تاڭ سۇلالىسىگە قايتۇرغۇزۇپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى» بىلدۈرگەن[63] لىكى بۇ چاغدا قىرغىزلارنىڭ ئەنشىدە ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. داجۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى (848- يىلى)دىن كېيىن جاڭ يىچاۋنىڭ گۇاجۇ، شاجۇ، يىجۇ، سۇجۇ ئايماقلىرىنى قايتۇرۇۋالغانلىقىغا ئائىت خاتىرىلەردە قىرغىزلارنى پەقەت تىلغا ئالمىغان. بەلكىم خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4- يىلى (844- يىلى) كۈزدە، تاڭ سۇلالىسى ئۇگە قاغاننىڭ ئەنشىگە قاچماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندا[64]، قىرغىزلار چېكىنىپ چىقىپ بولغان بولسا كېرەك.

ئەمدى ئانچە تولۇق بولمىغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن، 840- يىلىدىكى ۋەقەدىن كېيىنكى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ تارىخى ئۇچۇرىنى تۆۋەندىكىدەك رەتلەپ چىقىشقا بولىدۇ.

840- يىلى قىرغىزلار ئۇيغۇر خانلىقىنى ھالاك قىلغان.

مەڭلىگ تېكىن قاتارلىقلار غەربكە پاناھلىنىپ كەلگەن.

قىرغىزلار ئىز قوغلاپ زەربە بەرگەن ھەم ئەنشى بىلەن بېشبالىقنى كونترول قىلغان.

843-، 844- يىلى(؟) قىرغىزلار تەڭرىتېغى رايونىدىن چېكىنىپ چىققان.

مەڭلىگ تېكىن قاراشەھەردە يابغۇ بولغان ھەم بىر مەزگىل روناق تاپقان بولۇشى مۇمكىن.

849- يىلى(؟) مەڭلىگ تېكىن قاغانلىق تەختىگە ئولتۇرغان.

851- يىلى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئۇيغۇرلار پارچىلىنىپ كەتكەن.

856- يىلى مەڭلىگ تېكىن تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ نام ـ ئاتاق بېرىشى ئەمەلگە ئاشمىغان.


## §2 . ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەن مەزگىلدىكى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى

### 1. ئىككى خىل مۇخالىپ كۆزقاراش ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى

يېقىنقى زامانلاردىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇقلار ئېلىگە كۆچكەنلىكىگە ئائىت خاتىرىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن

ئاساستا، ھەرقايسىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى تەرەققىياتى ھەققىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىقات ئېلىپ باردى. بۇ بابنىڭ 1- پاراگرافىدىكى (1- جەدۋەل) «تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمى» دېگەن تۇرنىڭ مەزمۇنىدا بۇلارنى ئاساسەن تونۇشتۇردۇم. X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سامانىيلارنى مۇنقەرز قىلغان قاراخانىيلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە دەسلەپكى تارىخى مۇجمەل بولۇپ كېلىۋاتقانلىقتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىگە دائىر تەتقىقات يەنە قاراخانىيلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تەتقىقات بىلەن بىرىكىپ كەتتى. پرىتساكنىڭ قاراخانىيلار قارلۇق تۈركلىرىدىن كېلىپ چىققان، دېگەن قىياسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە دەلىللىشىگە كەلسەك[65]، ئىلىم ساھەسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىگە دائىر مەسىلىلەرگە قارىتا ئىككى خىل ئاساسلىق كۆزقاراش شەكىللەندى. بىر قىسىملىرى ئاساسەن ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا بارغاندىن كېيىن قارلۇقلار ھاكىمىيىتىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ قارلۇقلارنىڭ ھاكىمىيىتى تەرەققىي قىلىپ كېيىنكى كۈنلەردىكى قاراخانىيلارغا ئايلانغان، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل كۆزقاراشنى زامانىمىزدىكى كۆپ سانلىق غەرب ئالىملىرى قوللايدۇ[66]. يەنە بىر قىسىملىرى ئاساسەن خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇرلار تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن يەرلىك قارلۇقلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ تەدرىجىي قاراخانىيلارنى شەكىللەندۈرگەن، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل كۆز قاراش نۆۋەتتە

دۆلىتىمىز ئىچىدە يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى[67]. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يۇقىرىقى ئىككى خىل كۆزقاراشنىڭ چىقىش نۇقتىسى 840- يىلى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندە، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارغا يېتىپ بارغانلىقى ھەم يۇقىرىقى ئىككى خىل كۆزقاراشمۇ كېيىنكىلەرنىڭ ماتېرىياللىرى بىلەن دەلىللەنگەن، يەنى ئەرەب- پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتى قارلۇقلاردىن ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى خاتىرە بىلەن خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بالاساغۇندا يەرلەشكەنلىكىگە ئائىت ماتېرىياللاردۇر. ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللار ئىچىدىكى ئەڭ ۋەكىللىك تارىخىي ئەسەر بەلخىيەلەر سىزغان دۇنيا خەرىتىسىدۇر (قوشۇمچە 1- خەرىتىگە قاراڭ)[68].




1- خەرىتە: ئىبنى ھەۋقەلنىڭ «ھەرقايسى جايلارنىڭ پايدىلىق يەرلىرى» دېگەن كىتابىدىن ئېلىنغان «دۇنيا خەرىتىسى»

1) چىن؛
2) تۈبۈتلەر؛
3) توققۇز ئوغۇزلار؛
4) قارلۇقلار؛
5) ماۋارەئۇننەھر؛
6) جەيھۇن (ئامۇ) دەرياسى؛
7) ئوغۇزلار؛
8) قىرغىزلار؛
9) قىماقلار؛
10) رۇسلار؛
11) بۇلغارلار؛
12) يەجۇج - مەجۇج.

X ئەسىردىكى بۇ خەرىتىدە، قارلۇقلارنىڭ تەۋەلىكى ئاساسەن تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئەرەب تارىخشۇناسى مەسئۇدى (IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 957 - يىلىغىچە)نىڭ «كىتابى مۇرۇجى ئەززەھەب ۋە مەئادىنۇل جەۋھەر» («ئالتۇن يايلاق ۋە ئۈنچە - مارجان بايلىقلار» تۈۋەندە قىسقارتىپ «مۇرۇجى ئەززەھەب» دەپ ئېلىنىدۇ) دېگەن ئەسىرىنىڭ 3284- پەسلىدە 893- يىلى تالاسنى ئىگىلىۋالغان تۈركىي قوۋمىنىڭ خاقانى قارلۇق ئىدى، دەيدۇ[69].

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى «ئالتان خانلىقى تارىخى»نىڭ 121- جىلد «جانگېقاننۇر تەزكىرىسى»دىكى خاتىرە تولىمۇ قىزىقارلىق بولۇپ: «دادىڭ سەلتەنەت دەۋرى (1161 — 1189 - يىللىرى)دە ئۇيغۇر ئىسلامىلىرىدىن ئۈچ كىشى غەربىي جەنۇبتىكى جازا يۇرۇش قىلىش مەھكىمىسىگە تىجارەت بىلەن كېلىپ: ‹ ئېلىمىز ئۇيغۇر زورقو قوۋمىدىن بولۇپ، قوس ئوردو دېگەن شەھەرگە ماكانلاشقان دېيىشتى › » دېيىلگەن. بۇ يەردىكى «ئىسلام» سۆزى بولسا تۇنجى خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە[70]، «قوس ئوردۇ» بولسا قاراخانىيلارنىڭ ئاستانىلىرىدىن بىرىدۇر.

مۇشۇ ئاساستا ئالىملار تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ ئېنىق يىلنامە بىلەن تۈزۈلگەن 840- يىلى ئەتراپىدىكى ماتېرىياللارنى ئىزدەپ ھەر خىل دەلىللەرنى توپلاپ، ئۆز كۆزقارىشىنى ئىسپاتلىشىۋاتىدۇ.

تېخىمۇ قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بۇ تارىخىي ماتېرىياللاردىكى ئاز ھەم قالايمىقان مەسىلىلەرگە نىسبەتەن، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئاساسەن ئوخشاش، ھەتتا ئىسپاتلاشنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قەدىمىدە ئاساسلانغان تارىخىي ماتېرىياللارمۇ ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، خۇلاسىسى بىر ـ بىرىگە مۇخالىپ. كېيىنكىلەر يازغان تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان قىياسلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىزدىنىش مۇساپىمىزدە يەنە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار بار. شۇڭا، كېيىنكىلەر يازغان تارىخىي ماتېرىياللارنى ۋاقتىنچە بىر ياقتا قويۇپ تۇرۇپ، ئاۋۋال ئالىملار ئىسپاتلىغان چىقىش نۇقتىسى بىلەن ئېنىق يىلنامىسى بار ماتېرىياللارنى مۇھاكىمە قىلىپ باقايلى.

## 2. 840- يىلىدىكى ۋەقەدىن كېيىنكى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار

1. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا بولغان تەتقىقات

«كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» قاتارلىق تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ

ھەممىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇقلار ئېلىگە پاناھ ئىزدەپ كەتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ئۇ تارىخىي ماتېرىياللاردىن ستاتا ئېلىپ ئۆتتۇق. بۇ ماتېرىياللار ئوتتۇرىسىدىكى مىراسخورلۇق ئاساسىي جەھەتتىن «يېڭى تاڭنامە» «كونا تاڭنامە»دىن كۆچۈرۈلگەن.

«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» بولسا ھەم «كونا تاڭنامە» دىن، ھەم «يېڭى تاڭنامە» دىن كۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، «كونا - يېڭى تاڭنامە»دە قارلۇقلارنىڭ 840- يىللىرى ئەتراپىدىكى ئەھۋالىغا دائىر ھېچقانداق ۋەقە تىلغا ئېلىنمىغان. ئەكسىچە، قارلۇقلار غەربتىن سوياب، تالاسقا كۆچكەندىن كېيىن قايتا تاۋاپقا كەلمىدى، دېيىلگەن. مەسىلەن، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى. قارلۇقلار» (6143- بەت) ماددىسىدا: «جىدى سەلتەنەت دەۋرىدىن كېيىن، قارلۇقلار كۈچىيىپ قالغاچقا، ئۇيغۇرلار بىلەن بەس تالاشقان. ئون ئوق قاغانى يېرىگە كۆچۈپ بېرىپ، سوياب، تالاستىكى جىمى شەھەرلەرگە تارقالغان. ئۇيغۇرلار توسۇپ قويغاچقا، ئۇلار خالىغانچە ئېلىمىزگە تاۋاپقا كېلەلمەيدۇ[71]» دېيىلگەن. ئۇنداقتا، ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇقلار ئېلىگە پاناھلىنىپ بارغانلىقىغا دائىر ماتېرىياللار قەيەردىن كەلگەن؟«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»دە، سىماگۇاڭ ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن ئىبارەت ۋەقەنى كەيچېڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5- يىلى (840- يىلى) 9- ئايدا لى دېيۇ ئاستانىگە كېلىپ ھاكىمىيەت باشقۇرغاندىن كېيىن ۋە شۇ يىلى 10- ئاينىڭ 14- كۈنى تىيەندې قوشۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ بىسىپ كىرگەنلىكىنى مەلۇم قىلىشتىن بۇرۇنقى مەزگىلگە

ئورۇنلاشتۇرغان ھەمدە بۇ مەزمۇنلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھقىقلىگەن. تۆۋەندىكى جەدۋەل ئارقىلىق «كونا ـ يېڭى تاڭنامە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»دىكى خاتىرىنى سېلىشتۇرىمەن:

**[ 2 ـ جەدۋەل: ئۇيغۇر خانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ خويچاڭ سەلتەنەت دەۋرىدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا دائىر خاتىرىلەر ]**

| تەھقىقلەر | «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»(*تەھقىقتە ئىزاھلانغان ئورۇن) | كونا تاڭنامە ۋە يېڭى تاڭنامە | يىللار |
|---|---|---|---|
| | 9- ئاينىڭ 1- كۈنى (لى دېيۇ) ئاستانىگە كەلگەن. 14- كۈنى خاس ياندىاش بەگ، خانلىق مۇئەككىلى قىلىپ تەيىنلەنگەن... لى دېيۇ ھەشقاللا ئېيتقىلى كىرىپ، خانغا مەلۇمات سۇنغان (7945-، 7946- بەتلەر). | «كونا تاڭنامە»:...لى- دېيۇنى مەنسەپ- تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ دىۋانبېگى، خانلىق مۇئەككىلى، خاس ياندىاش بەگلىككە تەيىنلىدى». «يېڭى تاڭنامە»:... 14- كۈنى لى دېيۇنى خاس ياندىاش بەگ، خانلىق مۇئەككىلى قىلىپ تەيىنلىگەن. | كەيچېڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5- يىلى 9- ئايدا |
| *لى دېيۇ «خويچاڭ سەلتەنەت دەۋ- رىدە يېزىلغان شېئىرلار توپ ـ | دەسلەپكى چاغلاردا قۇ- مۇلنىڭ غەربى، قارا- شەھەرنىڭ شىمالىدا قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ نامى خاككاسقا ئۆز ـ | | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| | | گەرتىلگەن* چيەنيۈەن<br>سەلتەنەت دەۋرىنىڭ<br>ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرلار<br>ۋەتۋەرىكىنى چىقىـ -<br>رىۋەتكەچكە، جۇڭگوغا<br>كېلەلمەس بولغان .<br>(7946- ، 7947-<br>بەتلەر). | لىمى. «ئۇيـ -<br>غۇرلارنى ئەل<br>قىلىش چارىـ -<br>لىرى» دە «خېـ -<br>خېىسى، خېـ -<br>گىسى» دەپ<br>يازغان. مەن<br>بۇ يەردە لى-<br>دېيۈننىڭ «خۇيـ -<br>چاڭ سەلتەنەت<br>دەۋرىدە ئا-<br>سىيلارغا جازا<br>يۈرۈش قىلىش<br>خاتىرىسى»،<br>«پەنچۈەن<br>توپلىمى»،<br>«كونا - يېڭى<br>تاڭنامە»-<br>لەردىكى «ئۇيـ<br>غۇرلار تەزكى-<br>رىسى»، «رەسـ<br>مىي تارىخ» نى<br>ئاساس قىلدىم. |
| | | كۆلەبىر بىلەن قۇسار<br>تېكىن ئۆلتۈرۈلۈپ،<br>ساۋىنچى تەختكە<br>چىقتى. ئۇيغۇر سەر-<br>كەردىسى كۆلۈگ باغا*<br>قىرغىزلارنىڭ ئون تۈ-<br>مەن سۇۋار لەشكىرىنى<br>باشلاپ ئۇيغۇرلارنى | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| | | هالاك قىلدى. قاغاننىڭ قېرىندىشى ئورمۇزد قاتارلىقلار بىلەن ۋەزىر، بۇقۇ تېكىن، نائىبلچۇر ۋە باشقا سەركەردىلەر قوۋمىنى باشلاپ تيەندي قورۇلىغا كېلىپ ئاشلىق سودىسى قىلغان، تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلغان(7947- بەت). | |
| -10 ئايدا | «يېڭى تاڭنامە»دە «ئۇيغۇرلار تيەندي لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلغان» دېيىلگەن. | تيەندىنىڭ ھەربىي باشلىقى ۋېن دېيى مەلۇمات سۇنۇپ: «ئۇيغۇرلارنىڭ قاچاق لەشكەرلىرى غەربىي قورۇلغا قىستاپ كەلدى. 60 چاقىرىم يىراقتىمۇ ئۇلارنىڭ سىپى ئۈزۈلمەپتۇ. ئەتراپتىكىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، ئەمىن تاپالمايۋاتىدۇ.» دېگەن. جېنگوۋ ھىراۋۋلى ليۇ گەيگە جياگوەن*قوۋۇقىنى ئوبدان مۇداپىئە قىلىشقا پەرمان بېرىلگەن (4947- بەت). | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى 1- ئايدا | | لىيۇ گەي: ئۇيغۇرلار چېكىنىپ كەتتى، دەپ مەلۇمات سۇنغاندىن كېيىن قايتىشقا پەرمان بېرىلگەن (7948- بەت). | |
| 2- ئايدا | | ئۇيغۇرلارنىڭ 13 قەبىلىسى بىلەن ئوردىغا يېقىن يەردىكى قوۋملار ئۇچ تېكىننى ئۆگە تېكىننىڭ ئورنىغا قاغان قىلىپ تىكلىدى*. | *«ئاسىيالارغا جازا يۈرۈش قىلىش خاتىرىسى»دە ئۆگە 2- ئايدا تەختكە ئولتۇرغان، دېگىنىگە ئاساسلاندىم. «تاڭ سۇلالىسى بۇزرۇكۋارلىرىغا بېغىشلانغان يىلنامە»دە: «شاھزادە ئۇچ تېكىن بولسا، قاسار تېكىننىڭ ئىنىسى؛ قۇسار تېكىننىڭ تاغىسى قىرغىزلارنىڭ زورىدىن بىزگە ئەل بولغىلى سوزىشەنگە كەلگەندە ئۆزىنى قاغان تىكلىۋالغان. 2 - يىلى 7- ئايدا «ئۆگە |

| | | | |
|---|---|---|---|
| | | | قاغان» دېگەن ئاتاقىنى بەر- دۇق» دەپ خا- تىرىلەنگەن. |

جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سىماگۇاڭ ئۇيغۇر-
لارنىڭ غەربكە كۆچۈشكە دائىر خاتىرىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا
«كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «ئوردا خاتىرىسى»، لى
دېيۈننىڭ «خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىدە يېزىلغان شېئىرلار
توپلىمى» ۋە «خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىدە ئاسىيالارغا جازا
يۈرۈش قىلىش خاتىرىسى»، دۇمۇنىڭ «پەنچۈەن توپلىمى»،
«تاڭ سۇلالىسى بۇزرۇكۋارلىرىغا بېغىشلانغان يىلنامە»
قاتارلىق كىتابلاردىن پايدىلانغان. لېكىن ھازىر بىز غوۋغاسىنى
قىلىۋاتقان مەڭلىگ تېكىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلە
قارلۇقلارنى پاناھ تۇتقانلىقى مەسىلىسى ھەققىدە ئەينى چاغدا
«كونا - يېڭى تاڭنامە»لەردىلا مەلۇمات بېرىلگەنلىكى ئېنىق.
تاڭ سۇلالىسى گاۋزۇخاندىن ۋۇزۇڭ خانغىچە بولغان ھەرقايسى
دەۋرلەردە رەسمىي تارىخ تۈزدۈرگەن بولۇپ، مۇشۇ رەسمىي
تارىخلار ئاساسىدا سۇلالە تارىخىنى يېزىپ چىققان. كېيىنكى
تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنفۇ سەلتەنەت دەۋرىدىن كېيىنكى جىن
سۇلالىسىنىڭ كەيۈەن سەلتەنەت دەۋرىدىكى «كونا تاڭنامە»
يېزىلغان چاغدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى
قالايمىقانچىلىقتا ئارخىپ ۋە تارىخىي ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپ
يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، شۈەنزۇڭ خان (847 — 859-
يىللىرى) دىن ئىلگىرىكى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى نۇرغۇن

دەستۇرلار ساقلىنىۋاتقان ئىدى. «بەش دەۋرنىڭ يېڭى تارىخى» 57- جىلدتا خاتىرىلىنىشىچە بەش دەۋردىكى مەشھۇر مۇئەررىخ (تارىخشۇناس) ۋېي تارىخ ئىلمىگە كامىل كىشى ئىدى. تاڭ سۇلالىسىدىكى ۋۇزۇڭ خاندىن باشلاپ ئوردا خاتىرىسى تۈزۈلمىگەچكە تارىخ يېزىش ئەمەلدىن قېلىۋاتقاندا، قايتا پەرمان قىلدۇرۇپ، «تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسىگە تولۇقلىما»نىڭ 60- جىلدىنى تولۇقلىغان، دېگەن مەزمۇن ئەينى چاغدا شۇەنزۇڭ خاندىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى ماتېرىياللارنىڭ كەمچىل ئەمەسلىكىنى، ھەتتا ۋۇزۇڭ خانغا دائىر ئوردا خاتىرىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۈرنەكلىرىگە ئائىت تەھقىقلەر»دىكى رەسمىي تارىختىن ئېلىنغان سىتاتالارنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇ مەسىلىنى دەلىللەيدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جاۋيىمىڭ «كونا تاڭنامە»دىكى خانلار تەزكىرىسىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى (خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقىلار) پۈتۈنلەي رەسمىي تارىخ، سۇلالە تارىخىدىكى ئەسلىي مەنبەدىن ئېلىنغان، دەپ كۆرسەتكەن[72]. لېكىن، ئوردا خاتىرىسى ۋە سۇلالە تارىخىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇقلارنى پاناھ تارتىپ كۆچكەنلىكى توغرىسىدىكى خاتىرىنىڭ يوقلۇقى ئېنىق. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە كەلگەندە يېزىلغان «يېڭى تاڭنامە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۈرنەكلىرى»دىنمۇ، ئوردا خاتىرىسىدىنمۇ بۇنداق خاتىرىنى بايقىمىغان[73].

بۇنىڭدىن باشقا، خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى (841- يىلى) 8- ئايدا تېيەندېدىكى ھەربىي باشلىق

تـيـەن مـــو، نـــازارەتچى ۋېـي جوڭپـىـڭ مـــەلۇمان سـۇنۇپ: «ئۇيغۇرلاردىـن ئاسـىي سـەركەردە ئورمـۇزد قاتـارلىقلار چېگـرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كەلدى. ئۇلار تۇغقۇن، شادا پىت، تاڭغۇتلار بىلەن دۇشمەنلىشىپ كەلگەن. شۇڭا، لەشكەر چىقىرىپ قوغلىۋېتىشنى سورايمىز» دېگەن. بۇ يەردە ئوردىدىكى بەس ـ مۇنازىرە ئەھۋالىنى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئەينى چاغدا ئوردىدىكى ۋەزىرلەر ھەممىسى «ئاسـىي قاغـان ئورمـۇزد كەلسـە قوبـۇل قىلغىلـى بولمـاس. تـيـەن مـو قاتارلىقلارنىڭ تەكلىپىدىكىدەك لەشكەر چىقىرىپ زەربە بەرگـەن تـۇزۇك، دەپ قاراشقان». لېكىـن، لى دېيۇ لەشكەر چىقىرىپ زەربە بېرىشكە قوشۇلمىغان، ئەكسىچە ئـەلچى ئـەۋەتىپ ئـەل قىلـدۇرۇش، يـەم ـ خەشـەك يـەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. «ئەلـنى ئىداره قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»دە بۇنىڭغا ئۇلاپلا: «شۇ زامان ھۆدەيچى جاڭ جيانى چېگرا مۇپەتتىشى قىلىپ تەيىنلەپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى (جاڭ جيا) قايتىپ كەلمىدى». خان لى دېيۇدىـن «ئورمـۇزد قاتـارلىقلارنى ئـەل قىلىشـقا ھـۆددە قىلالامسـىز» دەپ سـورىغاندا ئـۇ: « ئـوردا ئەھلىگـە ھـۆددە قىلالـمىغـان يـەردە، نەچچـە مىـڭ چاقىـرىم يىراقلىقـتىكى بەدە ۋېينىـڭ نىيىتىگـە قـانداقمۇ ھـۆددە قىـلاي! ئۇنـى ئاسـىي سەركەردە دېيەلمەك بولمـاس. ئەگـەر ئېلىدە قاغانى بار تۇرۇقلۇق ئورمـۇزد قاغـانلار قوۋمـىـنى باشـلاپ كەلسـە، ئـەدەپ بىلـەن قايتۇرۇۋېتىش كېرەك. ئەمدى ئاڭلىساق ئېلى ھالاك بولۇپ، قاغانسـىز قاپـتۇ. سـەركەردە ـ ۋەزىرلـىرى قېچىپ كېتىپـتۇ. بەزىلىرى تۇبۇتلەر تەۋەلىكىگە، يەنە بەزىلىرى قارلۇقلاردىن پاناھ ئىزدەپ كېتىپتۇ. پەقەت مۇشۇ بىر تۈركۈملا بۇيۇك ئېلىمىزنى

باشپاناھ بىلىپ شۇنچە يىراقتىن كەپتۇ. گەپ - سۆز ۋە قىياپىتىدىن ئىلتىجا بىلەن ئۆتۈنۈش چىقىپ تۇرسا، قانداقمۇ ئاسىي سەركەردە دېگىلى بولسۇن. ئورمۇزد بۇلتۇر 9- ئايدا تېيەندېغا كەلگەندىن تارتىپ بۇ يىل 2- ئايدا ئۇگەنى قاغان تىكلىگۈچە، ئۆزىنى قاغان- پۇقرادىن ئايرىماي يۈرۈپتۇ... شۇڭا، خېدۇڭ، جېنۇۋدىكى لەشكەرلەرگە پەرمان چۈشۈرۈپ مۇداپىئەنى كۈچەيتسەك، يەنە تېيەن مو، ۋېي جۇڭپىڭغا يارلىق چۈشۈرۈپ خىزمەت كۆرستىمەن، دەپ ئىش تىرىپ قويماسلىققا، ئىناۋىتىمىزنى تۆكۈۋالماسلىققا بۇيرۇساق، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۇتقىلى بولىدۇ. ئۇلار گەرچە بەدەۋىيلەردىن بولسىمۇ، مېھىر - شەپقەتنى بىلگۈچىلەردىندۇر، دېدى. شۇنىڭ بىلەن تېيەن موغا سەركەردە سەرۋاز ۋە قۇللىرىنى ئوبدان ئىدارە قىلىپ، ئالدىراپ ئۇيغۇرلارغا چېقىلىپ قويماسلىققا يارلىق چۈشۈردى» دېيىلگەن.

«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرىگە ئائىت تەھقىقلەر»دىن بۇ ماتېرىياللارنىڭ لى دېيۈنىڭ «خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىدە ئاسىيالارغا جازا يۈرۈش قىلىش خاتىرىسى»دىن ئېلىنغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ[74]. بۇ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ماتېرىياللار ئىچىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇقلاردىن پاناھ ئىزدەپ كەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان بىردىنبىر خاتىرە. ئەمما، ئەينى چاغدا تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى تېخى ئوبدان بىلمەيتتى. يېڭىدىن تەختكە چىققان قاغاننىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى ۋە مەلىكە تەيخېنىڭ قەيەردىلىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئورمۇزدنىڭ ئەل بولۇشقا كېلىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشەنمىگەچكە، ئۇنى

ئېپقېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان[75]. شۇڭا، لى دېيۇننىڭ «ئاڭلىساق ئۇيغۇر ئېلى ھالاك بولۇپ، قاغانسىز قاپتۇ. سەركەردە ۋەزىرلىرى قېچىپ كېتىپتۇ. بەزىلىرى تۇبۇتلەر تەۋەلىكىگە، يەنە بەزىلىرى قارلۇقلاردىن پاناھ ئىزدەپ كېتىپتۇ» دېگەن مەلۇماتى گوبىنىڭ شىمالىدىن كەلگەن ئاخبارات بولماستىن، جەنۇب تەرەپكە قېچىپ تاڭ سۇلالىسى چېگرىسىغا كەلگەن (ئورمۇزدەك ئەل بولغىلى كەلگەن) ئۇيغۇرلار ئېلىپ كەلگەن خەۋەر ئىدى[76]. ئورمۇزد ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى ھالاك بولغان مەزگىلدە بىر قىسىم قوۋملارنىڭ غەربكە كۆچكەنلىكىنى ياكى كۆچۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن. لېكىن، ئۇلار تاڭ سۇلالىسىنى خەۋەر بىلەن تەمىنلىگەندە غەربكە كۆچكەن قوۋملارنىڭ ھەقىقىي ئۇچۇرىنى ئالالىغان بولۇشى ناتايىن. ئەينى چاغدا لى دېيۇ ئۇزىمۇ بۇ خەۋەرگە تولۇق ئىشىنىپ كەتمىگەن. شۇڭا، بۇ خەۋەرنى «ئاڭلىشىمچە» دەپ تەكىتلىگەن. كېيىن بۇ خەۋەر تولۇق دەلىللەشكە ئېرىشەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە يازغان «ياقىا يۇرتلاردىن قايتىپ كەلگەن ساداقەتمەنلەر تەزكىرىسىگە كىرىش[77]» دېگەن كىتابىدا «ئىلىدىكى سەركەردىلەر لەشكەرلىرىنى باشلاپ غەربتىكى بەدەۋىيلەر ياكى باشقا قوۋملارغا قوشۇلۇپ كېتىپتۇ. يالغۇز ئورمۇزد ساداقەتتە كامالەتكە يەتكەچكە، تەڭرىنىڭ دىلىغا سىڭىشى بىلەن، بۆرە قاپلىغان تاغلاردىن ئۆزىنى تارتىپ، ئەجدىھا سۈرەتلىك خانىمىزغا باش ئۇرماق ئۈچۈن كەپتۇ» دەپ يېزىپ، «قارلۇق» بىلەن «تۇبۇتلەر» دېگەن سۆزگە «غەربتىكى بەدەۋىيلەر»نى ئالماشتۇرۇپ، تېخىمۇ ئېنىق ھالدا غەربتىكى قوۋملارنى

كۆرسىتىدىغان كەڭ مەنىدىكى سۆزلەرنى ئىشلەتكەن. كېيىن ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئەلچىلەر ھەتتا مەڭلىگ تېكىنىنىڭ ئەلچىسى تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەندىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنشى بىلەن خېشىغا كۆچكەنلىكىنىلا تىلغا ئېلىپ، قارلۇقلارنى قەتئىي تىلغا ئالمىغان[78]. شۇڭا، «كونا ـ يېڭى تاڭنامە»دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇقلار ئېلىگە كۆچكەنلىكى توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنى مۇئەللىپنىڭ خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىدە ئاڭلىغان ئەپسانىلىرى ۋە كېيىنكى كۆنلەردىكى تارىخىي رېئاللىقنىڭ خاتا ئومۇملاشتۇرۇلۇشى، دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

ئەمما، بۇ ماتېرىياللار بىزنى قىممەتلىك بېشارەتلەر بىلەن تەمىنلىدى، يەنى ئەينى چاغدا قارلۇقلار ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىدە ئىكەن. مورىياسۇ تاكائۇ قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا[79] 840- يىلدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارنى كونترول قىلىۋاتقان ئىكەن. شۇڭا، 840- يىلى ئەتراپىدا قارلۇقلار تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدا بولغان بولىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دىكى مەڭلىگ تېكىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلە قارلۇقلار ئېلىگە كۆچكەنلىكى توغرىسىدىكى خاتىرىنىڭ ئۆزى مۇجمەل. بىز ئەمدى ئەرەب ـ پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا يېتىپ كەلگەنلىكىگە دائىر خاتىرە يوقلۇقىنى سۆزلەپ ئۆتمەكچى. شۇڭا بىز ئۇنى ھېچبولمىغاندا مۇقىمدالغان ھەقىقەت، دەپ قارىماسلىقىمىز ھەم ھەممە تەتقىقاتنى بۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇۋالماسلىقىمىز

كېرەك.

2. ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللارغا بولغان تەتقىقات

ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىنى تەتقىق قىلغاندا، خەنزۇچە دەستۇرلاردىكى مەڭلىگ تېكىننىڭ 15 قەبىلىنى باشلاپ قارلۇقلار ئېلىگە كۆچكەنلىكىگە دائىر خاتىرە مۇجمەل بولغانلىقتىن، ئۇ دەستۇرلار تەمىنلىگەن ئۇچۇردىن پايدىلىنىش بىلەن بىرگە، يەنە باشقا ماتېرىياللارنى ئىسپاتلاشقا ھەمدەم قىلىش زۆرۈر. شۇڭا، ئالىملار ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللارغا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، بۇلاردىن قارلۇقلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى پائالىيىتىگە دائىر ئەكس سادا بايقاش ئۈمىدىدە بولۇپ كەلدى. بۇ ئەكس سادا بىر مەزگىل ھەقىقەتەن بايقالغاندەك بولدى.

1951- يىلى پرىتساك «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» دېگەن ماقالىسىنىڭ 2- پاراگرافى بولمىش «840- يىلدىكى ۋەقە[80]»دە، قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرى قارلۇقلاردىن كېلىپ چىققان، دېگەن قىياسنى دەلىللەش ئۈچۈن، 840- يىلدىكى ۋەقەدىن كېيىن، تۈركىي قوۋملارنىڭ ئورتاق ئىدارە قىلىش ئورنى بۇرۇنقى ئۆتۈكەن تاغلىرىدىكى ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ قولىدىن تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قارلۇقلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن، دېگەن كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇ مۇنداق قارايدۇ: 1) 840- يىلى ئۇيغۇر خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندا، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار قارلۇقلار ئېلىگە كۆچكەن؛ 2) قارلۇقلار يابغۇسى تۈركىي قوۋملارنى ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاپ، يېڭى بىر ئورتاق ئىدارە قىلغۇچى

بولۇۋالغان؛ 3) قارلۇقلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى غەرب تەرەپتىكى قوشنىسىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويغاچقا، سامانىيلار جەمەتىدىن نوھ ئىبنى ئەسئەد لەشكەر چىقىرىپ ئىسپىجاب شەھىرىنى ئىگىلىۋالغان.

پىرىتساك ئاساسەن ئۈچ تارىخىي ماتېرىيالغا ئاساسلىنىپ يۇقىرىقى ئۈچ ھالقىنى قۇراشتۇرۇپ چىققان. بىرىنچى ھالقىنىڭ ئاساسى بولمىش «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىنىڭ مۇجمەل ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا ئانالىز قىلىپ ئۆتتۇم. پىرىتساك بولسا بىچۇرىنىنىڭ تازا توغرا بولۇپ كەتمىگەن تەرجىمىسىدىن پايدىلانغان[81]. كېيىنكى ئىككى ھالقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىرقانچە ماتېرىيالدىن سىتاتا ئالغان. ئۇ ئىشەنچلىكرەك، مۇھىمراق دەپ قارىغىنى ئالمائى كاشغەرىنىڭ «تارىخى كاشغەر» بىلەن سەمئانىنىڭ «كىتابى ئەنساب» دېگەن ئەسىرىدۇر.

ئالمائى كاشغەرىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇل فۇتۇھ ئابدۇغەففار ئالمائى كاشغەرى بولۇپ، XI ئەسىردىكى كاشغەرلىك[82] كىشىدۇر. ئۇنىڭ «تارىخى كاشغەر» دېگەن ئەسىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، XII—XIV ئەسىرلەردىكى باشقا كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ساقلانغان. XIII—XIV ئەسىردىكى غەربىي يۇرتلۇق ئالىم جامال قارشى XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يازغان «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما[83]»غا «تارىخى كاشغەر»دىن نەقىل ئالغان.

ئۇ كىتابتا سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەجدادى بولمىش بىلگە كۆر قادىرخان دەۋرىدە شاشنىڭ ئاھالىسى تۈركىي قوۋملار يۇرتىدا تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى (ئەينى

چاغدىكى)، ئەرەب ئەمىرى نوھ ئىبنى مەنسۇر رازى سامانىي قادىرخانغا لەشكەر تارتىپ، قادىرخاننىڭ تەۋەلىكىدىكى ئىسپىجاب شەھىرىگە بېسىپ كېلىپ، سانسىز مال- دۇنيا ئولجا ئېلىپ، قايتىپ كەتكەنلىكى يېزىلغان ئىكەن[84]. بۇ ئەسەر قەدىمىيرەك بولسىمۇ، تولىمۇ رەتسىز، بولۇپمۇ ئىلگىرىرەك يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە دائىر خاتىرىلەر تېخىمۇ قالايمىقان. شۇڭا، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەجدادى قادىرخان ئۇنۇۋانىغا ئېرىشكەن- ئېرىشمىگەنلىكى گۇمانلىنىشقا ئەرزىيدۇ.[85]

پرىتساك بۇنىڭدىن گۇمانلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بۇ خاتىرىلەرنى سەمئانىنىڭ «كىتابى ئەنساب»[86]تىكى خاتىرە بىلەن باغلاشتۇرغان. سەمئانى XII ئەسىردە مەرۋىدە تۇغۇلغان. ئۇ كۆپ ساياھەت قىلىپ ماۋارەئۇننەھرنىڭ سىرتى ۋە خارەزمنى زىيارەت قىلىپ ماتېرىيال توپلىغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۆپ بولسىمۇ، بىزگە يېتىپ كېلەلىگىنى پەقەت «كىتابى ئەنساب» تىنلا ئىبارەت.

مەزكۇر كىتاب بىر كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى بولۇپ، ئەرەب- پارسچە ئىسىملاردىن تۇغۇلغان يېرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، يەنى «نىسبەت» تەرتىپى بويىچە تىزىلغان. ئۇ، ئۇتتۇرا ئەسىرلەردىكى مەلۇم بىر رايوننىڭ جۇغراپىيىسى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، بولۇپمۇ، ئەرەب- پارس ئەللىرى ۋە ئەتراپىدىكى رايونلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ تارىخىي ماتېرىيالغا ئەڭ بۇرۇن بارتولدنىڭ دىققەت نەزىرى چۈشكەن. بۇ ماتېرىيالدا ئىسپىجابنى ھىجرىيىنىڭ 225- يىلى (840- يىلى) نوھ ئىبنى ئەسئەد لەشكەر چىقىرىپ ئىگىلىۋالغان، دەپ خاتىرىلەنگەن[87]. پرىتساكنىڭ بۇنداق

باغلاشتۇرۇشى تولىمۇ قىزىقارلىق بولغان (بۇ ھەقتە كېيىن بايان قىلىمەن). بۇنىڭغا ئاساسەن چىقارغان خۇلاسىسى، يەنى يۇقىرىقى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ھالقا، بولۇپمۇ، 840- يىلىدىكى ۋەقە قارلۇق يابغۇسىنىڭ مۇشۇ يىلى قاغان بولۇشىغا سەۋەب بولغان دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشتا قاپ يۈرەكلىك قىلغان.

سەمئانىنىڭ بۇ تارىخىي ماتېرىيالىدىن باشقا ئالىملار رمۇ پايدىلانغان. ئۇلار 840- يىلى سامانىيلارنىڭ ئىسپىجابقا ھۇجۇم قىلىشى، قارلۇقلار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن زور ۋەقە ئىپھىتىمال مەڭلىگ تېكىن قەبىلىلىرىنى باشلاپ قارلۇقلار چېگرىسىغا كىرگەندە ئىككى تەرەپ توقۇنۇشۇپ قالغاندا، سامانىيلار توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلىغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، بۇ ۋەقەمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇقلار ئېلىگە كۆچۈپ بارغانلىقىغا دائىر بىر ئەكس سادا بولۇپ قالغان[88].

نوھ ئىبنى ئەسئەدنىڭ ئىسپىجاب شەھىرىنى ئىگىلىۋالغانلىقى «تارىخى كاشغەر» ۋە «كىتابى ئەنساب»تىن ئۆزگە يەنە ئىبنى ئەسىرنىڭ «كامىل فىت تارىخ»تىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ يىلنامىدە ئۇ ۋەقە 839- يىلىدىكى ماددىغا كىرگۈزۈلگەن[89] بولۇپ: «بۇ يىلى نوھ ئىبنى ئەسئەد پەرغانىدىكى سۇلھىگە خىلاپلىق قىلغان كاسان بىلەن ئۇرەشتىنى پەتھى قىلدى. ئۇ يەنە ئىسپىجاب شەھىرىنى پەتھى قىلدى. ئىسپىجاب شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا سېپىل سېلىنغان بولۇپ، سېپىل ئاھالىلىرىنىڭ تەكلىگى بىلەن ئېتىزلىقىنى قوغدايدىكەن» دېيىلگەن.

ئىبنى ئەسىرنىڭ خاتىرىلىشىچە، سامانىي جەمەتى لەشكەر چىقارغان ۋاقىت ھىجرىيىنىڭ 224- يىلى، يەنى 838- يىلى 11- ئاينىڭ 22- كۈنىدىن 839- يىلى 11- ئاينىڭ 11- كۈنىگىچە بولۇپ، بۇ ۋەقە ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن بۇرۇن يۈز بەرگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. يەنى نوھنىڭ ئىسپىجاب شەھىرىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى 225- يىلى (839- يىلى 11- ئاينىڭ بېشىدىن 840- يىلى 10- ئاينىڭ 30- كۈنىگىچە)دىكى ۋەقە دەپ[90]، نوھنىڭ پەرغانە بىلەن ئىسپىجاب شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقتىنى 224- يىلى دەپ، ئىسپىجاب شەھىرىنى ئىگىلىگەن ئاخىرقى ۋاقتى 225- يىلى (840- يىلى) دەپ تەسەۋۋۇر قىلغاندىمۇ، كەيچىڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5- يىلى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى، غەربكە كۆچۈشى بىلەن قارلۇقلار يابغۇسىنىڭ قاغان بولۇشى ۋە نوھنىڭ لەشكەر چىقىرىشىدەك ئۈچ ۋەقە ئوتتۇرىسىدا سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى بار، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

كەيچىڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5- يىلى 1- ئاينىڭ 1- كۈنى ھىجرىيىنىڭ 225- يىلى 3- ئاينىڭ 29- كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. ئاشۇ يىلى ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغان كونكرېت ۋاقىت ئېنىق بولمىسىمۇ، «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»گە ئاساسلانغاندا، خانلىق مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، جەنۇبقا يۆتكەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرشاۋۇللىرى كەيچىڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5- يىلى 9- ئايدا، يەنى مىلادىيە 840- يىلى 10- ئايدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالدىكى چېگرىسىغا ئاران قېچىپ كېلەلىگەن.

«يىپگى تاڭنامە. ۋۇزۇڭ خان خاتىرىسى»دە ھەتتا 10- ئايدا، يەنى مىلادىيە 840- يىلى 11- ئايدا يىتىپ كېلەلىگەن، دەپ خاتىرىلەنگەن[91]. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا كېلىشى ئۇچۇن كەتكەن ۋاقىت جەنۇبقا يۆتكەلگەنلەرگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە كۆپ بولىدۇ. ئۇلار قارلۇقلار يابغۇسىنىڭ قاغان بولۇشىغا تۇرتكە بولالىغان ھەم سامانىي جەمەتىنىڭ ئىنكاسىنى قوزغىيالىغاندىمۇ بۇ ۋەقە ھىجرىيىنىڭ 225- يىلىدا، يەنى مىلادىيە 840- يىلى 10- ئاينىڭ 30- كۈنىدىن بۇرۇن يۈز بەرمىگەن.

ۋاھالەنكى، «تارىخى كاشغەر»دىن نەقىل ئېلىنغان خانلىق تەختكە چىقىش توغرىسىدىكى گەپمۇ شۇبھىلىك. مەزكۇر كىتابتا تۈركىي قوۋملارغا تەۋە يەرلەردىن ئەڭ بۇرۇن ئىسلام دىنىغا كىرگەن جاينى شاش، دېگەن گەپ پرىنسىپ جەھەتتىن توغرا. تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەرەبلەر شاش ئەتراپىغا بېكىنىۋالغان، كېيىنكى كۈنلەردە ئىسيان يۈز بەرگەن بولسىمۇ (رافئى ئىسيانىنى قوللاشتەك)، يەنىلا ئەرەبلەرنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرۇۋەرگەن[92].

بولۇپمۇ 816- يىلى فازىل ئىبنى ساھىل لەشكەر تارتىپ قارلۇقلارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندىن كېيىن ئەرەبلەر شاشنى تېخىمۇ مۇستەھكەم كونترول قىلىۋالغان، ئارقىدىنلا سامانىي جەمەتى يەنە شاشنى ئىدارە قىلىش پەرمانىغا ئېرىشكەن. ئاتالمىش «ئەڭ بۇرۇن ئىسلام دىنىغا كىرگەن» دېگىنى مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆرسەتسە كېرەك. شۇڭا، مۇبادا «تارىخى كاشغەر»دىكى خاتىرىدە خاتالىق يوق دەپ، بىلگە كۆرنىڭ ئۆزىنى قادىرخان دەپ ئاتىشىغا ئىشەنگەندە، بۇ ئىشلار

ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن بۇرۇن بولغان بولىدۇ. يەنە كېلىپ «تارىخى كاشغەر»دىمۇ بىلگە كۇرنى قارلۇقلاردىن دېيىلگەن. پرىنتساك خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن كەلگەن ئېزىقتۇرۇشلاردىن قايمۇقۇپ قالغان.

كىشىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدىغان يەنە بىر ئىش شۇكى، پرىنتساك ماقالىسىنى تاماملىغاندا، ئەزرەقىنىڭ «مەككە تارىخى»دىكى 816- يىلى قارلۇقلار ياغبۇسى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي ئۇچىدا ئەرەب سەركەردىسى فازىل ئىبنى ساھىلغا يېڭىلىپ، قىماق ئېلىگە قېچىپ كەتكەنلىكىگە دائىر خاتىرىگە دىققەت قىلغان[93]. ئۇ بۇ ئىشنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلمىغان بولسىمۇ، بىز 821- يىلى تەمىم ئىبنى بەھر تۆۋەنكى بارسخاندىن شەرققە سەپەر قىلغاندا ئۆزىنىڭ قارلۇق قوۋمىنى ئۇچراتقانلىقىنى تىلغا ئالمىغانلىقىغا دىققەت قىلدۇق. بىز بۇ خاتىرىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆردۇق ھەم بۇ ماتېرىياللار فازىل لەشكەر چىقارغاندىن كېيىن قارلۇقلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، دەپ قارىدۇق. ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندە قارلۇقلار يەنىلا تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدا ئىكەن، دېگەن بېشارەتمۇ بىر مەسىلە بولۇپ قالدى.

خۇلاسىلىگەندە، ئالىملار ھازىرغىچە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ماتېرىياللار 840- يىلى ئەتراپىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ۋەزىيەتنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

## 3 · 840- يىلى ئەتراپىدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى پائالىيىتى

### 1 · 840- يىلىدىن بۇرۇنقى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۈركىي قوۋملار ۋە ماۋارەئۇننەھردىكى سامانىيلار ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى بابنىڭ ئىككىنچى پاراگرافىدا 816- يىلى قارلۇقلار يابغۇسى ئەرەب سەركەردىسى فازىلغا يېڭىلىپ، قىماقلار ئېلىگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدىم. 821- يىلى ئەتراپىدا ئەرەبلەرنىڭ ئەلچىسى تەمىم ئىبنى بەھر تۆۋەنكى بارسخاندىن گوبىنىڭ شىمالىغا بېرىش سەپىرىدە، تەڭرىتېغى رايونىدا قارلۇق قوۋملىرىنى ئۇچراتمىغان. ئۇنداقتا، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ رايوننىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇپ كەتكەن؟

فازىل قارلۇقلارغا لەشكەر تارتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئاباسىيلار خەلىپىسى مەئمۇن، غەسسان ئىبنى ئەببادنى خۇراساننىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلەپ ماۋارەئۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى بەزى شەھەرلەرنى رافىئى توپىلىڭىنى تىنچىتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن سامانىي جەمەتىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇغان[95]. 820- يىلى غەسسان ئىبنى ئەببادنىڭ ئورنىغا تاھىر ئىبنى ھۇسەيىن چىققاندىن كېيىنمۇ سامانىي جەمەتى ئىلگىرىكىدەك قوللاشقا ئېرىشىۋەرگەن. ئەينى چاغدا سامانىيلار جەمەتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا نوھ سەمەرقەنتنى، ئەھمەد پەرغانىنى، يەھيا شاشنى، ئىلياس ھىراتنى ئىدارە

قىلىۋاتقان بولسىمۇ، چوڭ ئاكىسى نوھ پۈتۈن ئىلىنىڭ كاتتىۋېشى دەپ قارىلىپ يۇقىرىقى شەھەرلەرگە ھاكىملىق قىلاتتى[96]. بۇ خاتىرىلەردىن قارىغاندا، 816- يىلى قارلۇقلار بىلەن ئوتىرارغا لەشكەر چىقارغاندىن كېيىن، ئەرەب قوشۇنى شاش ئەتراپىغا چېكىنگەن ھەم شاشنى يەنە سامانىي جەمەتىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىبنى خۇردەزبېھنىڭ «مەسالىك ۋە مەمالىك» (مۇساپە ۋە ئەللەر تەزكىرىسى)دە 211-، 212 - يىلى (826 — 828- يىلى) خۇراساندىن باج يىغقاندا نوھ ئىبنى ئەسئەدگە تەۋە «تۈرك شەھەرلىرى» تاپشۇرغان خىراجنى بىر - بىرلەپ خاتىرىلىگەن[97]. سەمەرقەنت، پەرغانە، شاش قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان سامانىي جەمەتى، بىر قىسىم تۈركىي قوۋملارنى ئىدارە قىلىۋاتقان، ھېچبولمىغاندا نامدا بولسىمۇ ئىدارە قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق. بۇ تۈركىي قوۋملار كونترول قىلىۋاتقان شەھەر - بازارلارمۇ سامانىي جەمەتىگە خىراج تاپشۇرغان.

تېخىمۇ قىزىقى شۇكى، بۇ باج يىغىش تىزىملىكى ئەينى چاغدىكى ماۋارەئۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى خارە زىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلارنىڭ باج تاپشۇرغاندا ئىشلەتكەن پۇل ئەھۋالىنى تەمىنلىگەن (تەپسىلاتىنى 3- جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىڭ). بارتولد ئەينى چاغدا ماۋارەئۇننەھردە ئوبوروت قىلىنىۋاتقان نەچچە خىل پۇلنى تونۇشتۇرغاندا، بۇ خىل ئەھۋال ھەربىر خىل پۇلنىڭ مەلۇم بىر ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك دائىرىدە ئومۇملاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن[98].

[ 3- جەدۋەل: ماۋارەئۇننەھردىكى پۇللارنىڭ ئوبوروت قىلىنىش ئەھۋالى ]

| پۇل ئوبوروت قىلىندىغان رايون | پۇلنىڭ نامى |
|---|---|
| خارەزىم، كۇردار[99] | خارەزىم دەرھىمى |
| «تۈرك شەھەرلىرى» | خارەزىم دەرھىمى، مۇساياب دەرھىمى |
| شاش، ئىرەك، خوجەند | مۇساياب دەرھىمى |
| سۇتۇرشانا | مۇساياب دەرھىمى، مۇھەممەد دەرھىمى |
| پەرغانە، سوغدىيانا، كەش، ناسەپ | مۇھەممەد دەرھىمى |
| بۇخارا | ھىترىپ دەرھىمى |

بۇ تىزىملىكتىن خارەزىم دەرھىمىنىڭ ئاساسەن ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى خارەزىم بىلەن كۇردار ئەتراپىدا ئومۇملاشقانلىقىنى، مۇساياب دەرھىمىنىڭ ئاساسەن سۇتۇرشانا، شاش قاتارلىق سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلاردا ئوبوروت قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنداقتا سامانىيلار جەمەتى ئىدارە قىلىۋاتقان ماۋارەئۇننەھرنىڭ سىرتى، سىر ۋە ئامۇ دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرىقى ئىككى خىل پۇل ئوبوروت قىلىنىدىغان «تۈرك شەھەرلىرى» قەيەرلەرنى كۆرسىتىدۇ؟ پەقەتلا شاش (تاشكەنت)، غەربىي شىمال (سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنى) ۋە

شەرقىي شىمال (تالاس تەرەپلەر)دىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ كونتروللۇقىدىكى شەھەر - بازارلار ئىكەنلىكى ئېنىق. سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى ۋە ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ شەھەرلىرى «دىھى نەۋ» (يېڭى كەنت) بىلەن خارەزىمنىڭ ئارىلىقى يېقىنراق بولغاچقا، ئۇ يەرلەردە چوقۇم خارەزىم دەرھىمى ئوبوروت قىلىنىدۇ. مۇساياب دەرھىمى ئوبوروت قىلىنىدىغان «تۈرك شەھەرلىرى» ئەلۋەتتە شاشنىڭ شىمالى، شەرقىي شىمالى ۋە غەربىي شىمالى ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەرلەر دەل 816- يىلى فازىل قارلۇقلار بىلەن ئوترارغا جازا يۈرۈش قىلغان جەڭگاھتۇر. قارىغاندا ئاشۇ ئۇرۇش «تۈرك شەھەرلىرى»نى ئەرەبلەرگە بويسۇندۇرغان ھەم سامانىيلار جەمەتىگە خىراج تاپشۇرىدىغان قىلىۋەتكەن.

X ئەسىردىكى قۇدامە يازغان «كىتابى خەرەج[100]»دە ئاببىاسىيە خەلىپىلىكىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىن يىغىدىغان بېجى بايان قىلىنغان. ئۇ: «خۇراسان رايونىدىكى بۇست، رەخج، كابۇل، تەباس، جاغۇدا، قۇھستان، ھىرات، تەلىقان... بەدغىش، باسانج، توخارىستان، بەلخ، خۇلىم، مەرۋىرۇد، ۋاشجەرد، بۇخارا، شىخاننا، شاش، پەرغانە، سۇتۇرشانا، تۇس، فەرىياب، ئەبەرشەھر، سەمەرقەنت، سوغدىيانا، خوجەند، خارەزىم، ئىسپىجاب، تېرمىز، نىسا، ئابىۋەرد، مەرۋى، كەش، بارسخان، بۇتتام، ئاخرۇن(؟)، ناسىب لاردىن ئابدۇللا ئىبنى تاھىرنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، 221- يىلى (836- يىلى) خۇراساننىڭ بېجىنى يىغىدۇ. بۇ قۇل، قوي، توقۇلمىلارغا قويۇلغان باج بولۇپ جەمئىي 38 مىليون دەرھەم ئىكەن» دەپ يازغان. قۇدامە بۇ يەردە ئىشلەتكەن ئىسپىجاب شەھىرى ئىبنى خۇردەزبىھنىڭ

تىزىملىكىدىكى «تۈرك شەھەرلىرى»نىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن بولۇپ، بىزنىڭ «تۈرك شەھەرلىرى»نىڭ ئورنى ھەققىدىكى ئانالىزىمىزنى دەلىللەيدۇ. يەنە تۈركىي قەبىلىلەر كونترول قىلىۋاتقان شەھەرلەرنىڭ ئىسپىجاب شەھىرىنىلا كۆرسەتمەيدىغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك، لېكىن قۇدامە 836-يىلى سامانىيلار جەمەتىگە خىراج تاپشۇرىدىغان بىرلا ئىسپىجاب شەھىرىنى ئېنىق خاتىرىلىگەن.

قۇدامە خاتىرىلىگەن« ئىسپىجاب شەھىرى»نى ئىسپىجاب رايونى دەپ قارىغاندىمۇ، خىراج تاپشۇرىدىغان بۇ دائىرە ئېبنى خۇردە زىبھىنىڭ تىزىملىكىدىكى «تۈرك شەھەرلىرى»نىڭ دائىرىسىدىنمۇ كىچىك. بۇ دائىرە نېمە ئۈچۈن كىچىكلەپ كەتتى؟ بۇنى 816- يىلى قارلۇقلار يېڭىلىپ شىمالغا قاچقاندىن كېيىن بىر مەزگىل قارام بولۇپ ئولپان تاپشۇرغان «تۈرك شەھەرلىرى» ئەمدى سامانىيلار جەمەتىگە خىراج تاپشۇرمايدىغان بولۇپ قالغان، دەپ ئىزاھلاشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىنى چوقۇم مەلۇم تەسىر كۈچنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىدىن، دەپ ئويلاشقا بولىدۇ.

839- يىلى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى شەھەرلەرنى كونترول قىلىۋاتقان تۈركىي قوۋملار بىلەن سامانىيلار جەمەتىنىڭ كەسكىن مۇناسىۋىتى ئاخىرقى چەككە يېتىپ، نوھ ئىبنى ئەسئەد شاشتىن لەشكەر چىقىرىپ، ئىسپىجاب شەھىرىنى ئىگىلىۋالغان. چۈنكى، قۇدامە خاتىرىلىگەن 836- يىلى ھازىر ساقلىنىۋاتقان تارىخىي ماتېرىياللار ئىچىدىكى سامانىيلار جەمەتى «تۈرك شەھەرلىرى» بولمىش ئىسپىجاب شەھىرىدىن خىراج ئالغان ئاخىرقى يىلنى

تىلغا ئالغاچقا، 836- يىلىدىن كېيىن، ئىسپىجاب شەھىرىنىڭمۇ خىراج تاپشۇرۇشىنى رەت قىلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئويلاپ يەتكىلى بولىدۇ. ئىسپىجاب شەھىرى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي ئۇچىغا جايلاشقان بولۇپ، سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە شاشتىن ئىبارەت ئۈچ رايون ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تۈگۈنى بولغاچقا، سامانىيلار جەمەتىنىڭ بۇ شەھەرنى ئىگىلىۋېلىشى، سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئېقىنى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى تۈركىي قوۋملارنى ئۇنۇملۇك كونترول قىلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكى ئېنىق. سامانىيلار جەمەتى ئىسپىجاب شەھىرىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، سېپىل ياساتتىپ، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ باغۋارانلىرى بىلەن تېرىلغۇ يەرلىرىنى قوغدىغان[101]. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسپىنجاب شەھىرى ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئالدىنقى سېپى، دەپ قارالغان[102].

لېكىن، 30- يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا سامانىيلار ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ جىددىيلىكى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئاھالىلەرگىلا ئەمەس، جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ئاھالىلەرگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. كاسان[103] پەرغانە خانىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولۇپ، پەرغانىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شىمالىغىراق جايلاشقان. ئۇراشت بولسا ئوشنىڭ غەربىي رايونى بولۇپ[104]، قۇتەيبە لەشكەر تارتىپ كەلگەندە، ئەرەبلەر بۇ ئىككى جاينى بىر مەزگىل ئىگىلىگەن ھەم كېيىنمۇ نەچچە رەت ئىگىلىۋالغان. مەئمۇن خەلىپىلىكنى تالىشىۋاتقاندا، بۇ يەرنىڭ ئاھالىلىرىمۇ

تۇبۇت، قارلۇقلارنىڭ تەركىبىگە كىرگەن. شۇڭا، 814 — 816- يىللىرى فازىل ئىبنى ساھىل شەرققە يۈرۈش قىلغاندا كاسان شەھىرى بىلەن پەرغانىدىكى باشقا قەلئەلەرنىمۇ ئىگىلىۋالغان[105]. لېكىن، 839- يىلىدىن بۇرۇن بۇ ئىككى جاينىڭ ئاھالىسى سامانىيلارغا قايتا ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن، 839- يىلى نوھ ئىبنى ئەسئەد لەشكەر چىقىرىپ، بۇ ئىككى جاينى ئىگىلەپ، «ئاخىر ئەرەب ئەللىرىگە قوشۇۋەتكەن»[106]. گەردىزىنىڭ خاتىرىلىشىچە 839- يىلى پەرغانىدە يەر تەۋرىگەن[107]. نوھنىڭ مۇشۇنداق بالايىئاپەت بولغاندا لەشكەر چىقارغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن، چۈنكى سامانىيلارنىڭ ئەمىرى ناسىر ئىبنى ئەھمەد (875—892- يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) 849- يىلى خەيلام شەھىرىدە تۇغۇلغان[108]. ئادەتتە خەيلام ھازىرقى نارىن دەرياسى بولۇپ، ئۇ دەريا بويىدىكى خەيلام شەھىرىگە جايلاشقاچقا، مۇشۇ نام بېرىلگەن، دەپ قارىلىدۇ[109]. ناسىر بۇ يەردە تۇغۇلغان ئىكەن، ئۇنىڭ دادىسى سامانىيلار جەمەتىنىڭ پەرغانىدىكى ھۆكۈمرانى بولمىش ئەھمەد (864- يىلى ئۆلگەن) ئەينى چاغدا تەسىرىنى چوقۇم نارىن دەرياسى (ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنى؟) ۋە خەيلام شەھىرىگىچە كېڭەيتىپ بولغان.

پەرغانىنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى توپىلاڭ يېگانە ھەرىكەت بولۇشى ناتايىن. چۈنكى، بۇ يەر بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا ئوشتىن ئۆزكەنتكە، ئاتباشقا، نارىن دەرياسىنىڭ شىمالىغا ئۆتۈپ، دولان تاغ ئېغىزىدىن ئېشىپ، ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىي ئۇچىدىكى ھازىرقى رىبات ئەتراپىغا بارىدىغان قولايلىق قاتناش لىنىيىسى بار ئىدى[110]. بۇ «ئومۇمىي

قائىدە ـ تۈزۈمنامە »دە خاتىرىلەنگەن تۈبۈتلەرنىڭ « بەش ئېركەن يولى[111]» دېگىنى بولسا كېرەك. پەرغانىدىكى توپىلاڭنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ۋەزىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

بىز يۇقىرىدا تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى «تۈرك شەھەرلىرى»نىڭ خىراج تۆلەشنى رەت قىلغانلىقىنى مەلۇم كۆچلەرنىڭ قوللىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قىياس قىلغان ئىدۇق. پەرغانە بىلەن باغلىنىشلىق ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بۇ خىل ئېھتىماللىق تېخىمۇ چوڭدەك قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ كۈچنى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئۇيغۇرلار، دېمەي تۇرالمايمىز. چۈنكى، IX ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىدىن باشلاپ تارىمنىڭ جەنۇبىي ۋە خېشى رايونىدىكى تۈبۈتلەر گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇرۇشۇۋەرگەندىن باشقا، يېنىساي دەرياسىنىڭ شىمالىي ئېقىنىدىكى قىرغىزلارمۇ جەنۇبقا بېسىپ كېلىپ، ئۇيغۇرلارغا توختىماستىن ھۇجۇم قىلغان ھەم نەچچە رەت ئۇيغۇر لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلغان. قىرغىزلار ھەتتا «ماكانىڭدىن قوغلىۋېتىپ، ئوردىنى ئىگىلىگىنىمىز ئىگىلىگەن[112]» دەپ ئاشكارا جار سالغان. 30- يىللاردا ئىككى تەرەپتىن رەقىبكە دۇچ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولمىغان. ئۇلار تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئاساسلىق شەھەرلەرنى كونترول قىلىۋاتقان تەقدىردىمۇ، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەرەبلەر ۋە سامانىيلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشىنى قوللىغۇدەك ئارتۇقچە ماغدۇرى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

بۇنداق بولغاندا، بىز ئۇيغۇرلاردىن ئۆزگە بىر تەسىر كۆچنى ئويلاپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ تەسىر كۆچ چوقۇم قارلۇقلار بولۇشى مۇمكىن.

2. ئىبنى خۇردە زبىھنىڭ شەرقتىكى تۈركىي قوۋملار ھەققىدىكى خاتىرىسى

IX ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىسپىجاب قاتارلىق «تۈرك شەھەرلىرى» بىلەن پەرغانىنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەرەبلەر ۋە سامانىيلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشىگە كىمنىڭ ھەمدەم بولغانلىقى مەسىلىسىگە جاۋاب بېرىش ئانچە تەس ئەمەس. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار ھېچقانداق ياردەم بېرەلمىگەچكە، ئەرەب ـ پارسچە ئەسەرلەردىن ياردەم سوراشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلە يەنە IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن كېيىن تاماملانغان ئەرەب ـ پارسچە ئەسەرلەرنىڭ شەرقتىكى تۈركىي قوۋملارغا بولغان بىر پۈتۈن تونۇشقا چېتىشلىق.

تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئىبنى خۇردە زبىھنىڭ «مەسالىك ۋە مەمالىك» دېگەن ئەسىرىدە بىرنەچچە ئابزاس مۇھىم خاتىرە بار. بۇنىڭ بىرسى، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى «شاش ۋە تۈرك يولى[113]»دا مۇنداق بايان قىلىنغان: «شاشتىن كۇمۇش، يەنى ئىلاك ۋە بەلانكانكقا يەتتە پەرسەخ[114]، يەنە تۆمۈر قاپىغقا ئىككى چاقىرىم، كابۇلغا 12 پەرسەخ، كاركاردقا ئالتە پەرسەخ، يەنە چۆلدىن ئۆتۈپ ئىسپىجاب شەھىرىگە تۆت پەرسەخ كېلىدۇ. يەنى شاشتىن ئىسپىجاب شەھىرىگە 13 پەرسەخ (78 كىلومېتىرغا تەڭ) كېلىدۇ.

(ئىسپىجاب شەھىرىدىن) شارابقا تۆت پەرسەخ، بەدۇخاتقا بەش پەرسەخ، تەمتاجغا تۆت پەرسەخ، ئابارجاجقا تۆت پەرسەخ، يەنە دەريانىڭ ئۈستىدىكى بىر جايغا تۆت پەرسەخ كېلىدۇ. ئابارجاجدا بىر تاغ بار بولۇپ، تاغ ئەتراپىدا سۈيى شەرققە ئاقىدىغان 1000 بۇلاق سۈيى بار بولۇپ، «بەركۇ ئاب» يەنى «تەتۈر ئاقىدىغان سۇ[115]» دەپ ئاتىلىدىكەن... بۇ يەردىن ئۆتۈپ جۇۋىكاتقا بەش پەرسەخ، تالاسقا ئۈچ پەرسەخ كېلىدۇ. شۇڭا، ئىسپىجاب شەھىرىدىن بۇ يەرگىچە 26 پەرسەخ (156 كىلومېتىرغا تەڭ) كېلىدۇ.

تالاستىن تۈۋەنكى بارسخانغا ئۈچ پەرسەخ، كاسراباسقا ئىككى پەرسەخ كېلىدۇ. ئۇ ھاۋاسى ئىللىق جاي بولۇپ، قارلۇقلار بۇ يەردە قىشتىن ئۆتۈۋاتىدۇ. خالاجلارنىڭ قىشلىقى شۇ ئەتراپتا ئىكەن. يەنە كۇلشۇبقا تۆت پەرسەخ، جەلشۇبقا تۆت پەرسەخ، باياشات يېزا كۇلانغا تۆت پەرسەخ، چوڭ بازار بىركىغا تۆت پەرسەخ، ئاسراباتقا تۆت پەرسەخ، نۇنكات[116]قا تۆت پەرسەخ، خارانجاۋان بازىرىغا تۆت پەرسەخ، جۇلغا تۆت پەرسەخ، سارىغ بازىرىغا يەتتە پەرسەخ، تۈركەش قاغانىنىڭ شەھىرىگە تۆت پەرسەخ، نەۋاكات (يېڭى شەھەر)قا تۆت پەرسەخ، كۇپەلگە ئۈچ پەرسەخ[117] كېلىدۇ. يەنە چىن چېگرىسى بولمىش ئۇستۇنكى بارسخانغا بارىدىغان كارۋانلار ئوتلاقلار بىلەن 15 كۈن، تۈرك رابانلىرى بىلەن ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىنى باسىدۇ». بۇ يوللاردا قارلۇقلارنىڭ تالاستا قىشتىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۇبەل (سوياب)نىڭ غەربىگە يەتتە پەرسەخ (42 كىلومېتىر) كېلىدىغان جايدا تۈركەش قاغانىنىڭ شەھىرى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ يولنىڭ ئىككى ئۇچى بىلەن شاش (تاشكەنت) يەنىلا

ئەرەبلەرنىڭ چىگىرىسى دەپ، ئۈستۈنكى بارسخان بولسا چىن چىگىرىسى، دەپ قارالغان. مىنورسكىي بۇ يوللار ھەققىدىكى خاتىرىلەر بىلەن تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ سەپىرىنى مۇناسىۋەتلىك دەپ جەزملەشتۈرۈشكە بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ[118]. ئەمەلىيەتتە، ھازىر مۇقىملىشىپ VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىقىشتەك بىر ھەقىقەتتىن قارىغاندا، يۇقىرىقى خاتىرە VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىنكى تارىخ بولۇشى ناتايىن. تۈركەش قاغانىنىڭ شەھىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قارلۇقلارنىڭ تالاس ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى، سوياب، يەنى كۆپەلدىن ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي ئۇچىدىكى چىن چىگرىسىدىكى ئۈستۈنكى بارسخان[119]غىچە بولغان جايلاردا تۈرك ئۆتەڭلىرى بولۇشتەك ئەھۋاللارغا ئاساسەن، يۇقىرىقى بىرنەچچە ئابزاس خاتىرىنى VIII ئەسىرنىڭ 60— 70- يىللىرى قارلۇقلار بىلەن تۈركەشلەر تەگرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدا ئورتاق پائالىيەت ئېلىپ بارغان تارىخ، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى خاتىرىگە نىسبەتەن ئاددىيراق ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ دېيىلسە، يەنە بىر ئابزاس خاتىرىدە ئازراق ئوخشىماسلىق ئۇچراپ قالىدۇ. مۇئەللىپ ياۋروپا ـ ئاسىيا يايلاقلىرى ۋە ماۋارەئۇننەھرنىڭ سىرتىنىڭ شەرقىدىكى تۈركىي قوۋملار ھەققىدە بايان قىلىپ مۇنداق خاتىرىلىگەن[120]: «تۈركلەر رايونى[121]»دىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ زېمىنى تۈركلەر رايونىدىكى ئەڭ چوڭ دائىرە بولۇپ، چىن، تۈبۈت، قارلۇقلار ھەمدە قىماق، ئوغۇز، مەجغارى[122]، پەچەنەك، تۈركەش، ئادخىش[123]، قىپچاق، قىرغىزلار بىلەن قوشنا. ئۇلارنىڭ

ئېلىمدىن ئىپار چىقىدۇ. قارلۇقلار دەريانىڭ بۇ يېقىدىكى خالاجلار بىلەن قوشنا[124].

بۇ يەردە ئوغۇز، قىماق، قىرغىز، پەچەنەك ۋە قىپچاقلار ھەققىدە ئارتۇقچە تەسۋىرلىمىگەچكە[125]، ۋاقتىنچە مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرمايمەن. يەنە كېلىپ IX ئەسىر ئەتراپىدا ئوغۇز، قىماق قاتارلىق قوۋملارنىڭ ئولتۇراقلاشقان جايىدا ئاساسەن چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغاچقا بۇ يەردىمۇ ئارتۇقچە سۆزلەش بىهاجەت[126]. لېكىن، توققۇز ئوغۇز، قارلۇقلار ۋە تۈركەشلەر دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قارلۇقلار تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچكەندىن كېيىن، تۈركەشلەر «كېلىپ قارلۇقلارغا بېقىنغان[127]». كېيىنكى تارىخىي ۋەقەلەردە، شەرقنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئەمەس، ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردا دېگۈدەك تۈركەشلەرنىڭ تەڭرىتېغى رايونىدىكى سىياسىي سەھنىدە ئوينىغان رولىنى قايتا تىلغا ئالمىغان. شۇڭا، قارلۇقلار بىلەن تۈركەشلەرنىڭ بۈيۈك تۈركىي قوۋم بولۇپ ئۇيۇشقان تارىخى كېچىككەندىمۇ VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ئاياغلاشقان. ئىبنى خۇردە زىبەھنىڭ بۇ ئابزاس تارىخىي ماتېرىيالىدىكى يىل ۋاقتىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغىنى توققۇز ئوغۇزلار ھەققىدىكى تەسۋىردۇر. بۇ يەردە تىلغا ئالغان توققۇز ئوغۇزلار تۈركىي قوۋملار ئىچىدىكى دائىرىسى ئەڭ چوڭ بىر قوۋم دەپ قارالغان بولۇپ، بۇ غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئەمەسلىكى ئېنىق. چۈنكى، مەڭلىگ تېكىننىڭ غەربكە كۆچۈشى بولسۇن ياكى شيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7- يىلى

(866- يىلى) ئۇيغۇر بوقوچۇن قوچۇ، بېشبالىقنى ئىگىلەپ، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تىكلىنىش نۇقتىسى قىلغان بولسۇن، ھېچقانداق ماتېرىيالدا مەزكۇر كىتاب تاماملىنىشتىن ئىلگىرى (885- يىلى)[128] ئۇيغۇرلارنىڭ قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت تىكلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. يەنە كېلىپ ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ ئۇزاق ئۆتمەي تۇبۇت ئىمپېرىيىسىمۇ پارچىلانغان. خېشىدىكى تۇبۇت كۈچلىرىمۇ (866- يىلىدىن كېيىن) ھالاك بولغان. ئەينى چاغدا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى شەكىللىنىپ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ چېگرىسىدا، تىركىشەلىگۇدەك تۇبۇت تەسىر كۈچى قالمىغان[129]. 840- يىلىدىن ئىلگىرى گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنىسى دەل تاڭ سۇلالىسى، تۇبۇتلەر ۋە قارلۇقلار بولغاچقا، بۇ بىرنەچچە ئابزاس خاتىرىدە مەلۇم بولغىنى ياكى مۇئەللىپنىڭ كالىلىسىدا مەۋجۇت بولغىنى 840- يىلىدىن ئىلگىرىكى، VIII ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىدىكى تارىخىي مەنزىرە بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

ئىبنى خۇردە زىبىھ ھىجرىيىنىڭ 232- يىلى (846-، 847- يىللىرى) «مەسالىك ۋە مەمالىك» دېگەن ئەسىرىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، مەزمۇنىنى تەدرىجىي ئاۋۇتقان ھەم 272- يىلى (885-، 886- يىللىرى) تولۇقلىما نۇسخىسىنى تاماملىغان[130]. گوللاندىيىلىك شەرقشۇناس دې گوجې دەلىللەپ چىققان بۇ ۋاقىت (بولۇپمۇ 272- يىلى)نى دۇنيادىكى كۆپ سانلىق ئالىملار قوبۇل قىلغان[131]. بۇ ئەسەر IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تاماملانغان بولسىمۇ، يۇقىرىقى ئانالىز ئارقىلىق ئىبنى خۇردە زىبىھنىڭ شەرقتىكى تۈركىي قوۋملار ھەققىدىكى ماتېرىيالىنىڭ كونىراق ئىكەنلىكىنى

چۈشـەنمىگىلى بولىدۇ. بۇنداق كونىلىق بولۇپمۇ ياۋروپا ـ ئاسىيا يايلاقلىرى ۋە خۇراساننىڭ شەرقىدىكى تۈركىي قوۋملارغا بولغان ئومۇمىي تونۇشىدا ئىپادىلەنگەن. ئەرەب ـ پارسچە ئەسەرلەردىكى بۇنداق ئالاھىدىلىك دېگۈدەك كىيىنكىلەرگە پۈتۈنلەي خاتا ئۇچۇر يەتكۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئابى تاكائو مەزكۇر ئەسەرنى غەرب دۇنياسىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىغا دائىر خاتىرىلەر يېزىلغان تۇنجى ئەسەر دېگەندەك خاتا تونۇشقا كېلىپلا قالماي، ماكۋارت، بارتولدلارمۇ بۇ خاتىرىگە نىسبەتەن ئارىسالدى بولۇپ قالغان[132]. ئەمەلىيەتتىمۇ يۇقىرىقى بىرنەچچە ئابزاس خاتىرە بىلەن مۇئەللىپ ياشىغان دەۋر قىلچە ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا، بۇ خاتىرىنى 840- يىلى ئەتراپىدىكى خاتىرە قىلىپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ.

لېكىن، ئىبنى خۇردە زىبھىنىڭ يۇقىرىقى بايانىغا ئۇلاپلا يازغان مۇنۇ بىر ئابزاس گېپى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ: «فاراب شەھىرىدە مۇسۇلمان قورۇقچىلار بار، قارلۇق قورۇقچىلارمۇ بار». بۇ گەپ كىشىگە غەلىتىلىك تۇيغۇسى بەرسىمۇ، بۇ كىتابتىن بىزگە يېتىپ كەلگىنى ئاددىي بىر نۇسخا[134] ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ گەپنىڭ ئەسلىدىكى مەزمۇنىنىڭ كۆپرەك بولۇشى مۇمكىنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى ھەم ئالدى ـ كەينىدە باشقا گەپلەرنىڭ بار بولۇشى مۇمكىنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئىبنى فەقىھنىڭ «مۇختەسەر كىتابى بۇلدان[135]» («ھەرقايسى ئەل- شەھەرلەرنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى») بىلەن ياقۇتنىڭ «مۇئىلجەم بۇلدان» («يەر ناملىرى لۇغىتى») دېگەن ئەسىرىدە بۇ گەپنى نەقىل ئېلىپ بۇ كۆزقاراشنى قوللىغان[136]. ياقۇتى

مۇنداق يازغان: «تۈركلەر رايونىدا دائىرىسى ئەڭ چوڭ بولغىنى توققۇز ئوغۇزلار بولۇپ، ئۇلار چىن ۋە تۈبۈت بىلەن چېگرىداش (باشقا تۈرك رايونلىرىدىن) قارلۇق، قىماق، ئوغۇز، جەفىر، پەچەنەك، تۈركەش[137]، ئادخىش، قىپچاق، قىرغىزلار بار. ئۇلاردىن مۇسۇلمانلارغا ئەڭ يېقىن يەردىكىسى فارابتۇر. كىشىلەر ئۇلارنىڭ 16 مەشھۇر شەھىرى بار دېيىشىدىكەن. تۈركلەردىن بولغان توققۇز ئوغۇزلار كۆچمەن چارۋىچى خەلق بولۇپ، ئۇلار چېدىردا تۇرىدىكەن. مۇقىم ئولتۇراقلاشمىغان ئىكەن. تۈركەشلەرنىڭ ئاھالىسى شەھەردە تۇرىدىكەن. بىزمۇ ياقۇتتەك فارابنى ئىبنى خۇردە زىبىھ بايان قىلغان تۈرك قوۋملىرى بىلەن ئەرەبلەر چېگرىسىدىكى جاي، دەپ قارىشىمىز كېرەك.

فاراب سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن رايون. ئاساسلىق ئاھالىلەر رايونى كېيىنكى كۈنلەردىكى ئوترارغا توغرا كېلىدۇ. سىر دەرياسىنىڭ شەرقىي قىسمى ئارىسىر دەرياسىنىڭ نۆۋەنكى ئېقىنىدىكى رايون بولۇپ، ئارىسىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئىسپىجابتىن ئانچە يىراق ئەمەس[138]. شاش ياكى تالاستىن فارابقا بارىدىغان يول ئىسپىجابتىن ئۆتىدۇ. موڭغۇللار دەۋرىدە چۇچۇجى، لىيۇيۇ، ياللۇغ چۇسەي مۇشۇ يولنى بويلاپ ماڭغان[139]. شۇڭا، بۇ تارىخىي ماتېرىيالدا فاراب ئەرەبلەر بىلەن قارلۇقلارنىڭ چېگرىسى، ئەرەبلەر بىلەن تۈركىي قوۋملار ئەڭ يېقىن رايون قىلىپ قويۇلغان.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئەرەبلەر 751- يىلى تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن، تالاسنى ساقلاپ ياتماي سىر دەرياسى

ئەتراپىغا چېكىنگەن ھەم شاشنى ئەرەبلەر بىلەن تۈركىي قوۋملارنىڭ چېگرىسى قىلىپ، سېپىل ياسىتىپ، شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە كۆرگەن[140]. ئەمەلىيەتتە، ئاباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ماۋارەئۈننەھرنىڭ سىرتىدىكى جايلاردا تۇپىلاڭ ئاۋۇپ كەتكەچكە، ئەرەبلەر بۇ رايوننى ساقلاپ قالالمىغان. ھېچبولمىغاندا رافىئى ئىسيان كۆتۈرگەندە «شاشنىڭ بىر ئاتامىنى ۋە ئۇنىڭ تۈركلىرى» ئىسيانچىلار تەرەپتە تۇرغان[141]. ئەرەبلەرنىڭ تەسىر كۈچى شىمالغا قاراپ قايتا كېڭەيگەن چاغ، 816- يىلى ئەتراپىدا فازىل قارلۇقلار بىلەن ئوترارغا لەشكەر تارتىپ زەربە بەرگەن ۋاقىتتۇر. ئەرەبلەر زەربە بېرىپ بولۇپلا شاشقا چېكىنگەن. ئۇزاق ئۆتمەي (817-، 818- يىللىرى) مەزكۇر رايونلارنى سامانىيلار جەمەتىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. شاشنىڭ شىمالىدىكى تۈركىي قوۋملار ئەرەبلەرگە خىراج تاپشۇرۇپ ئەرەبلەرنى رازى قىلغان. بۇ يەرگە كەلگىچە ئەرەبلەر بىلەن تۈركىي قوۋملارنىڭ ئەڭ يىراق چېگرىسى شاش ئەتراپىدىلا بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ ئىسپىجابتىن يىراق جايلارغا قوغدىغۇچى ئەۋەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. شۇڭا، ئىبنى خۇردەزبىھنىڭ فاراب توغرىسىدىكى خاتىرىسى 839-، 840-يىللىرى نوھ ئىبنى ئەسئەد ئىسپىجابنى ئىگىلىگەندىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەگەر بۇلار خاتا بولمىسا، قارلۇقلارنىڭ قىماقلار ئېلىدىن تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتېكىگە قايتىپ كېلىپ بولغانلىقى ئېنىق، لېكىن قايتىپ كەلگەن كونكرېت ۋاقىت ئېنىق ئەمەس. ئەرەبلەرنىڭ فاراب ۋە باشقا رەقىبلىرى

بار تالاسقا بېسىپ كىرمىگىنىگە قاراپ[142] قارلۇقلارنىڭ شۇ چاغدىكى كۈچىنى ئاجىز ئەمەسكەن دېيىشكە بولىدۇ. قارلۇقلار 839- يىلىدىن بۇرۇن تەڭرىتېغى رايونىنىڭ غەربىي قىسمىغا قايتىپ كېلىپ بولغان.

3. سەلامنىڭ شەرققە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى

ئىبنى خۇردەزبىھنىڭ «مەسالىك ۋە مەمالىك» دېگەن ئەسىرىدە 840- يىلى ئەتراپىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر بۆلۈك ماتېرىيال تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ ئابباسىيلارنىڭ خەلىپىسى ۋاسىق شەرققە ئەۋەتكەن ئەلچى «تىلماچ» سەلام قالدۇرغان ئۇچۇردۇر[143].

بۇ ئەرەب ئەلچىسىنىڭ يولغا چىققان كونكرېت ۋاقتى ئېنىق ئەمەس[144]. ئىبنى خۇردەزبىھ بېرىشقا 16 ئاي، قايتىپ كېلىشكە 12 ئاي[145]، جەمئىي 28 ئاي سەپەر قىلغانلىقىنىلا خاتىرىلىگەن. شۇڭا، سەلامنى خەلىپە ۋاسىق 841- يىلى 12- ئاينىڭ ئاخىرى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن[146] ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇ قايتىش سەپىرىدە كۆرۈشۈپ ئۆتكەن خۇراساننىڭ سەركەردىسى ئابدۇللا ئىبنى تاھىر 844- يىلى 11- ئاينىڭ ئاخىرى ۋاپات بولغىنىغا قاراپ[147] سەلامنىڭ شەرقتە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋاقتىنى ئاساسەن 843- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن، 844- يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ.

ئەلچىلىككە بېرىشنىڭ مەقسىتى، رىۋايەتلەردىكى يەجۇج-مەجۇج، يەنى سەددى ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش[148] ئىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، خەلىپە ۋاسىق يەجۇج -

مەجۇجلەر جەنۇبتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا بېسىپ كىرىشنى توسۇش ئۇچۇن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ياساتقان سېپىلنىڭ بۇزۇۋېتىلگەنلىكىنى چۈشىدە كۆرگەنمىش. شۇنىڭ بىلەن «تىلماچ» سەلامنى ئادەم باشلاپ بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەشكە ئەۋەتكەن. سەلامنىڭ ئەلچىلىككە بېرىش ئەھۋالىنى ئىبنى خۇردە زىبەھ «مەسالىك ۋە مەمالىك» دېگەن ئەسىرىگە كىرگۈزگەن.

ئەلچىلەر ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ ئاستانىسى سەمارادىن يولغا چىقىپ ئەرمىنىيە، سەرىر[149]، ئالان، فىلار، شاھنىڭ زېمىنى، ھەزار، باشقىرستان[150]، زۇلمەت جايلار، خارابە شەھەرلەر، تاغ تەرەپتىكى قەلئەلەردىن ئۆتۈپ، ئاخىر ئايكۇت شەھىرىگە ۋە يەجۇج - مەجۇج تەقىب قىلىنغان سېپىلگە ئۇچ كۈنلۈك كېلىدىغان يەرگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ يەردە ئەھۋاللارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، لوب ۋە تەبانويەن دېگەن خانلارنىڭ تەۋەلىكى، ئىسپىجاب، سۇتۇرشانا، سەمەرقەنت، بۇخارا، تېرمىزنى بېسىپ ئۆتۈپ، نىشاپۇرغا كېلىپ ئابدۇللا ئىبنى تاھىر بىلەن كۆرۈشكەن. خۇراسان ئارقىلىق سەماراغا قايتىپ كېلىپ خەلىپىگە ئەلچىلىككە بېرىش ئەھۋالىدىن دوكلات بەرگەن.

بۇ ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسىنى كېيىن ئىبنى فەقىھ (X ئەسىرنىڭ باشلىرى)، جەيھانى (X ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى)، مۇقەددىسى (X ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى)، ئىدرىسى (XII ئەسىر) لار نەقىل ئالغان[151]. ئادەتتىكى يىلنامە ئەسەرلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا بۇ ئىشنى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، مۇقەددىسى ئىبنى خۇردە زىبەھنىڭ ھۆكۈمەت ئارخىپلىرىغا

يىقىنلىشالايدىغانلىقىغا قاراپ، بۇ ماتېرىياللار يەنىلا ئىشەنچىلىك دەپ قارىغان[152]. يېقىنقى زاماندىكى ئالىملار بۇ خاتىرىدىكى زىددىيەتلىك جايلارنى بايقىغان بولسىمۇ، ئاساسىي جەھەتتىن ئۇنىڭ رېئال ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقان. ھەتتا ئۇستا قۇسۇرچى سوۋېت ئىتتىپاقلىق شەرقشۇناس كىراچكوۋىسكىيمۇ[153]: «ئۇ ئىككىسى (مىنورسكىي بىلەن دې گوجېنى دېمەكچى) سەلامنىڭ ھەقىقىي ساياھىتى ھەققىدە بىر پارچە دوكلات تاپشۇرغانلىقىنى، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت قىلىشىغا ئەرزىيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمدى ۋىزانتىيەشۇناس ۋاسىلىيېۋ سەلام خەلىپىگە ئاڭلىتىۋالغانلىرىنى يەتكۈزگەن دەپ جاكارلاش مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، بۇ پىكىرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەلۇم ئوخشاشلىقى بار. شۈبھىسىزكى، بۇ بايانلارنىڭ مەزمۇنى مۇشۇنداق ماتېرىياللارغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، جۇغراپىيە ئەسىرى بولالمايدۇ. بەلكى ئەدەبىي ئەسەر بولالايدۇ. بۇنىڭدا ھەم كىتابى ماتېرىياللارمۇ بار ھەم ئاپتورنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ تەركىبىمۇ بار» دەيدۇ.

سەلامنىڭ ئايكۇت شەھىرىگە بارغانلىقى ۋە يەجۇج - مەجۇج تەقىب قىلىنغان سېپىلنىڭ ئورنى توغرىسىدا بەزى تەتقىقاتلارمۇ ئېلىپ بېرىلغان. دې گوجې ئايكۇت شەھىرى چوقۇم ھازىرقى قۇمۇل دەپ قاراپ يەجۇج - مەجۇج سېپىلىنى قاش قوۋۇق، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان[154]. ۋېلسىن بۇ تەسەۋۋۇرغا قوشۇلماي، بۇنداق قىياس قىلىشنىڭ ئاساسىي يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ ھەم يەجۇج - مەجۇج سېپىلىنى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردىن ئىزدەش كېرەك، دەپ قارايدۇ[155]. بۇ

بەلكىم XI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ياشىغا مۇھەممەد خارەزمىنىڭ «كىتابى سۇرەتۇل ئەرز» (ئالەم خەرىتىسى)دىكى يەجۇج - مەجۇج گوبىنىڭ شەرقىدە، دەپ كۆرسىتىلگەن مەزمۇننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خاتىرە ئاددىي ھەم مۇجمەل بولغاچقا، ھازىرغىچە جامائەت ئېتىراپ قىلغۇدەك خۇلاسە چىقىرىلمىغان بولسىمۇ، سەلامنىڭ سەپىرىدىكى يەرنامى، كىشى ئىسمى قاتارلىق مەخسۇس ئاتالغۇلار تولىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

سەلامنىڭ شەرققە قىلغان سەپىرىنىڭ مەنزىلى ئايكۇت ئەسلىي تېكىستتە «ايكە» دەپ يېزىلغان. دې گوجې تەھقىقلەپ فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلغاندا، ئۇ شەھەرنى قۇمۇل دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ «ئايكۇت» دېگەن ئىسىمنى «يىكە» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان[156]. ۋېلسىن «ئىكا، ئىگا» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان بولسىمۇ، بۇنداق ترانسكرىپسىيە قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئاساسىنى كۆرسىتەلمىگەن. ئەگەر بىز يەجۇج - مەجۇجنى ئۇيغۇرلار بىلەن باغلاپ چۈشەنسەك، ئۇنداقتا بۇ يەرنامە ئايكۇت دەپ ئوقۇلۇشى مۇمكىن ھەم ئۇنى«ايغە» (ئايغۇت) دەپ ئەسلىگە ياندۇرۇپ ترانسكرىپسىيە قىلغىلى بولىدۇ ھەم تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ «ايغر» (ئۇيغۇر) دەپ ئەسلىگە ياندۇرساق يەنى، سەلام ئۇيغۇر بالىققا كەلگەن بولىدۇ.

خان لۇب ئەسلىي تېكىستتە «اللب» دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇنى «ئەللۇب،ئەللىب ، ئەللەب» دەپ ئوقۇشقا بولىدۇ. دې گوجې: «خانى لۇب دەپ ئاتالغان جاي لوپنۇر رايونىنىڭ مەركىزى بولۇشى ياكى خاننىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان جاي بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارايدۇ[157]. ۋېلسىن بۇنىڭ ئاساسى يوق

قىياس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، بۇ يەر نامى ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئەمما، بىز 1375- يىلىدىكى كاتالان خەرىتىسىدىن ئىسسىق كۆلنىڭ شىمالىدا ھەقىقەتەن لوپ شەھىرى بارلىقىنى كۆردۇق[158].

تەبانويەن خان ئەسلىي تېكىستتە «Tabanoyan» بولۇپ: «بىز تەبانويەن دېگەن خاننىڭ زېمىنىگە يېتىپ كەلدۇق. ئۇ ساھىبىل خەراج بولۇپ ئۇ يەردە نەچچە كۈن تۇردۇق» دەپ خاتىرىلەنگەن. دىي گوجى بۇ جۈملىنى: «ئارقىدىن تەبانويەن خاننىڭ ئېلىگە يېتىپ كەلدۇق، ئۇ خۇراساننىڭ ھۆكۈمرانىدىن خەراج ئالىدىكەن. بىز خاننىڭ تۇرالغۇسىدا بىرنەچچە كۈن تۇردۇق» دەپ تەرجىمە قىلغان (VI توم. 130-، 131- بەتلەر، فرانسۇزچە نەشرى). دىي گوجى تەرجىمە مەزمۇنىغا ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىنى قوشۇپ قويغانلىقى ئېنىق، يەنى «ساھىبىل خەراج» («باج يىغقۇچى»، «باج تاپشۇرغۇچى»)نى «خۇراسان ھۆكۈمرانىدىن خەراج ئالغۇچى» دەپ تەرجىمە قىلغان. دىي گوجى بۇ خان تۇرىدىغان جاينى «ئۇستۇنكى نوشەجان» دەپ قاراپ، بۇ نامنى قاشتېشى چىقىدىغان خوتەن دېگەن نامغا ئۇدۇللاش كويىدا بولغان، ئۇ قاشتېشىنىڭ خەنزۇچە «يۈشى» دەپ ئوقۇلۇشىغا ئاساسلىنىپ، بۇ نامنى «يۈشەجان» دەپ ئەسلىگە ياندۇرغان (ۋېلسىنىڭ ماقالىسىدىن ئېلىنغان نەقىل 603- بەت). لېكىن، ھازىر بىز ئەرەبچە تارىخىي ماتېرىياللار-دىكى «نوشەجان»، «بارسخان» بولۇپ، راستىنلا يېزىقتىكى خاتالىق ئىكەنلىكىنى بىلدۇق[159]. شۇڭا، دىي گوجىنىڭ تەتقىقاتىنىڭ قىممىتى قالمىدى. بىراق، بۇ خاننى نوشەجان (بارسخان)دا دېگەن مۆلچېرى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

ۋىلسىن بولسا بۇنى بىلگىلى بولمايدىغان جاي دەپ قارايدۇ (يۇقىرىقى نەقىل بىلەن ئوخشاش 610- بەت).

ئىدرىسىنىڭ كىتابىدىكى سەلامنىڭ قايتىش سەپىرىدىكى مۇساپىسى ھەققىدىكى خاتىرە باشقا كىتابلاردا ئۇچرىمايدۇ. ئۇ مۇنداق يازغان[160]: «بىز ئاشۇ قەلئەدىن يولغا چىقىپ (ئايكۇت شەھىرىگە يىراق بولمىغان يەردىكى يەجۈج - مەجۈج تەقىب قىلىنغان سىپىل ئەتراپىدىكى قەلئەنى كۆرسىتىدۇ — ئاپتوردىن) لەخمان، غەريان، نۇشەجان، تەران، سەمەرقەنتتىن ئۆتۈپ ئابدۇللا ئىبنى تاھىرنىڭ (خۇراساندىكى) ھۇزۇرىغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن سەماراغا قايتىپ كەلدۇق». بۇ يەردىكى بىرقانچە يەر نامى ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

لەخمان (لخمان): بۇ نامنى مەشھۇر بويلا سانغۇن شەھىرى دېيىشكە بولىدۇ (مەزكۇر كىتابنىڭ III باب 4- پاراگرافىغا قاراڭ). ۋىلسىن لەخماننىڭ ئورنىنى ئىلى دەرياسى بويىغا قويىدۇ.

غەريان (غريان): كۆلان دېگەن يەر نامى دەپ پەرز قىلدىم. دې گوجې ئىدرىسىنىڭ كىتابىدىكى خاتىرىگە ئاساسەن ئەسلى مەتىنى «غوران» دەپ تەھقىقلەپ، مەزكۇر كىتابتا خاتىرىلەنگەن قارلۇقلارنىڭ ئاستانىسى، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ يەنە بۇ يەرنامى خەنزۇچە مەنبەلەردىكى كرورەن، دەپ قويغان[161]. دې گوجېنىڭ خۇلاسىسى تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، ئۇ نەقىل ئالغان ماتېرىياللار بۇ قارلۇقلار شەھىرى دەل كۆلان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

نۇشەجان (بارسخان): تەڭرىتېغى رايونىدا «ئۇستۈنكى» ۋە «ئاستىنقى» ئىككى بارسخان بارلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

ئۈستۈنكى بارسخان ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىگە جايلاشقان بولسا، ئاستىنقى بارسخان تالاسنىڭ شەرق تەرىپىدىن ئۈچ پەرسەخ، يەنى تەخمىنەن 18 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان[162]. بۇ يەردىكى بارسخان ئېنىقكى ئاستىنقى بارسخاننى كۆرسىتىدۇ.

تەران تالاسنى كۆرسىتىدۇ[163].

سەلامنىڭ بۇ يەرلەردىن ئۆتكەن - ئۆتمىگەنلىكىگە قارىتا، هازىر ساقلىنىۋاتقان ئىبنى خورداد زىبھىنىڭ «مەسالىك ۋە مەمالىك» قىسقارتىلما نۇسخىسىدىن جاۋاب تاپقىلى بولمايدۇ. لېكىن، ئىدرىس بۇ ھەقتىكى خاتىرىسىنى ئىبنى خورداد زىبھ بىلەن جەيھانىنىڭ ئەسەرىدىن ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ[164]. شۇڭا، بىز ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئىنكار قىلالمايمىز. سەلامنىڭ سەپەر خاتىرىسىدىكى ئىسپىجاب شەھىرى ۋە سەمەرقەنت، بۇخارا قاتارلىق جايلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى بايانلاردىن قارىغاندا، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بويلا سانغۇن شەھىرى، كۇلان، بارسخان ۋە تالاسنىڭ ئورنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. ئىدرىس يەنە لەخمان (بويلا سانغۇن شەھىرى) قارلۇقلار رايونىغا جايلاشقان[165]، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئىدرىسنىڭ كىتابىدىكى بىر خەرىتىدىمۇ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكى قارلۇقلار رايونى[166] دەپ كۆرسىتىلگەن. بىز ئىدرىسنىڭ ئەسلىي كىتابىنى تاپالمىغان، ئەسلىي كىتابتىكى خاتىرىلەرنى بىۋاستە تەتقىق قىلالمىغان بولساقمۇ، ئىتالىيىلىك ئالىم ر. روبناسى ئىدرىسنىڭ تۇبۇتلەر توغرىسىدىكى خاتىرىسىنى تەتقىق قىلغاندا 840- يىلى ئەتراپىدا قارلۇقلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە تۇرىدىغانلىقىنى

ئېسپاتلىغان[167]. شۇڭلاشقا، ئەگەر «تىلماچ» سەلام توغرىسىدىكى خاتىرىلەردە خاتالىق بولمىسا، ئىدرىسىنىڭ كىتابىدىكى ماتېرىياللارنىڭ مەنبەسى ئىشەنچلىك بولغان بولسا ھەم ئالىملارنىڭ ئۇ ماتېرىياللارغا قارىتا تەھقىقلىشى ئورۇنلۇق بولغان بولسا، ئۇنداقتا قارلۇقلار ھەقىقەتەن 840- يىلىدىن بۇرۇن تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارغا قايتىپ كەلگەن بولىدۇ.

4 · 840- يىللار ئەتراپىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۈركىي قوۋملار

يۇقىرىقى بىر يۈرۈش تەتقىقاتلار ئارقىلىق، 840- يىللار ئەتراپىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل مۇھىم خۇلاسىنى چىقىرالايمىز.

بىرىنچى، 814— 816- يىللىرىغىچە ئەرەبلەر شەرقتىكى قارلۇق قاتارلىق رەقىب كۆچمەنلەرگە زەربە بەرگەندىن كېيىن، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي رايونلىرىدىكى تۈركىي قوۋملار ماۋارەئۇننەھردىكى ئەرەب ھاكىمىيىتىگە ئىتائەت قىلىپ، ئەرەبلەرگە خىراج تاپشۇرغان. خىراج تاپشۇرۇش IX ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملاشقان. شۇنىڭدىن كېيىن، بەلكىم قارلۇقلار تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا قايتىپ كەتكەنلىكتىن ھەم كۆچمەن زورىيىپ، ئەرەبلەر بىلەن قارشىلاشقانلار قوللىغانلىقتىن «تۈرك شەھەرلىرى» ماۋارەئۇننەھردىكى ئەرەب ھاكىمىيىتىگە خىراج تاپشۇرۇشنى توختاتقان. پەرغانىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىدىكى ئاھالىلەرمۇ ئەرەبلەرگە قارشى چىققان. سامانىيلار جەمەتى ئۇ

ئىشتىن قاتتىق غەزەپلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن 839- يىلىدىكى يەر تەۋرەشتە كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلانغان. ئەرەبلەر لەشكەر تارتىپ كېلىپ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي ئۇچىدىكى قاتناش تۈگۈنى بولغان ئىسپىجاب شەھىرى بىلەن پەرغانىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىنى ئىگىلىۋالغان. بۇ ئەھۋاللار خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندە قارلۇقلار تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنى كونترول قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە بەرگەن بېشارەتنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىككىنچى، ھازىرقى ماتېرىياللار ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيلا قالماستىن، 840- يىلىدىن بۇرۇن، ھەتتا ئۇنىڭدىن كېيىنكى چاغلاردىمۇ قارلۇقلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى جايلارنى كونترول قىلغانلىقىغا دائىر ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئۇچۇرلارنى باشقا ئاپتورلارنىڭ بايانلىرى ئارقىلىق تولۇقلىۋالغىلى بولىدۇ. بارتولد 897- يىلى قازا قىلغان يەئقۇبىنى ماۋارەئۇننەھرنىڭ ئەھۋالى بىلەن پىششىق تونۇشقان دەپ قارايدۇ. يەئقۇبى «كىتابى بۇلدان» دېگەن ئەسىرىدە ئەرەبلەر ئىسپىجابتىن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى تۈركىي قوۋملار بىلەن جەڭ قىلغانلىقىنى سۆزلەپ، تۈركىي قوۋملار دائىرىسىدىكى قەبىلىلەرنى بىر - بىرلەپ ئىسمىنى ئاتاپ چىققان ھەم قارلۇقلارنى تۈركىي قوۋملارنىڭ بېشىغا تىزغان[168] (كېيىنكى بابتا پرىتساك قانداق قىلىپ بۇ خاتىرىدىن خاتا پايدىلىنىپ بۈيۈك قارلۇق خانلىقىنىڭ

مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىغانلىقى ھەققىدە ئانالىز يۈرگۈزىمەن).
لېكىن، ئەكسىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خاتىرىلەرمۇ ئوغۇز ۋە توققۇز ئوغۇزلاردىن باشقا ھەقىقەتەن قارلۇقلار ئىسلام دۇنياسى چېگرىسىدىكى ئىسپىجاب شەھىرى تەرەپتىكى بىر كۈچلۈك تۈركىي قوۋم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندە ۋە شۇ چاغلار ئەتراپىدا قارلۇقلار تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنى كونترول قىلىۋاتقان ئىدى. ھازىرقى بار ماتېرىياللار 840- يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتەلمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**ئىزاھلار:**

(1) خانېدا تورو: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» 3- پەسىل I باب «ئۆگە خانغا تەۋە ئۇيغۇرلار» 238 — 264- بەتلەر. مائېدا ماسانا: «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە تەتقىقات» 4 — 7- بەتلەرگىچە.

(2) جەدۋەلدىكى مەزمۇنلارنىڭ تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى كىتابلاردىن كۆرۈۋېلىڭ: بىرىتچىنېدېر: «شەرقىي ئاسىيادىكى قەدىمكى خەلقلەر ھەققىدە تەتقىقات»1- جىلد 241- بەت؛ 1910- يىلى لوندون ئىنگلىزچە نەشرى.

بۇنداق كۆزقاراشتىكىلەر غەرب ئالىملىرىدىن يەنە پاركېرنىڭ «تاتارلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» 207- بەت؛ خانېدا تورونىڭ «توققۇز ئۇيغۇرلار بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە» 56-، 57- بەتلەر؛ كوۋادا روكۇرونىڭ

«ئۇيغۇرلارنىڭ ھالاكىتى ھەققىدە تەتقىقات» 113-، 114- بەتلەر؛ ۋاڭ رىۋپىڭنىڭ «تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»؛ ھامىلتون: «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» خەنزۇچە تەرجىمىسى 9— 15- بەتلەر؛ ئابى تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» خەنزۇچە تەرجىمىسى 169— 205- بەتلەر؛ فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلۇ، مۇ گۇاڭۋېن: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام»؛ مائېدا ماسانانىڭ «گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە» 9 — 13- بەتلەر؛ لىيۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» 157—202- بەتلەر؛ مورىياسۇ تاكائو: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە» خەنزۇچە تەرجىمىسى 753—771- بەتلەر؛ ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىنىڭ تىزىسى» 27—52- بەتلەر؛ پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە»؛ يامادا نوبۇئو: «تۈركىستاننىڭ شەكىللىنىشى» 468 —487- بەتلەر.

(3) مورىياسۇ تاكائو: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە» 755- بەتلەر؛ بۇ تارىخىي ماتېرىياللاردىكى «غەربتىكى قارلۇقلار تەرەپكە كۆچكەن» دېگەن مەزمۇن ھەققىدىكى تەتقىقاتنى كېيىنكى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىڭ.

(4) «خۇيچاڭ سەلتەنەت يىللىرىدا يېزىلغان مەكتۇپلار توپلىمى» 5- جىلد 25- بەت؛ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە: «ۋۇزۇڭ خان تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ۋاڭ روڭ يوللىغان مەلۇماتتىن ئۇيغۇرلار ئېلىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدى. ئېل كۆلۈگ باغا بىلەن قىرغىزلار بىرلىشىپ 10 تۈمەن ئاتلىق لەشكەر بىلەن ئۇيغۇر بالىققا

ھۇجۇم قىلىپ خاقاننى ئۆلتۈرۈپتۇ» دېيىلگەن. لى دېيۇ قەلەم تەۋرەتكەن پەرمان بىلەن «يېڭى تاڭنامە» (لى دېيۇنىڭ يازغىنى تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن)دىن قارىغاندا، ۋاڭ روڭ قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇم قىلغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلمىگەن. «كېيىنكى تاڭ سۇلالىسىدە ئەجدادلارغا بېغىشلانغان خاتىرلەر»دە ۋاڭ روڭنىڭ ئەلچىلىككە بارغانلىقى خاتىرلەنگەن بولسىمۇ، سىماگۇاڭ بۇ خاتىرىنىڭ باش - ئاخىرىنىڭ زىددىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان («ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» 7942- بەت).

(5) بۇ مەسىلىنىڭ تېخىمۇ ئىنچىكە تەپسىلاتى ھەققىدە «خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقاتى» دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ؛ مەن بۇ يەردە لى دېيۇنىڭ «خۇيچاڭ سەلتەنەت يىللىرىدا يېزىلغان مەكتۇپلار توپلىمى»دا ئۇيغۇرلارنىڭ غەربتىكى قارلۇقلار يېرىگە كۆچكەنلىكىنى بىرەر يەردىمۇ تىلغا ئالمىغانلىقىنى كىتابخانلارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويماقچىمەن، خالاس.

(6) «كونا تاڭنامە. شى شيوڭ تەزكىرىسى» (4237- بەت)دە «لى دېيۇ ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ پىرقىسىدىكى شى شيوڭ ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاندى. ئۇ، لى- دېيۇنىڭ ۋەزىرلىكتىن قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئاغرىپ ئۆلدى» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. شى شيوڭ تەزكىرىسى» (5196- بەت)دە «ۋۇزۇڭ خان تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن قانات - قۇيرۇق چىقىرىپ قالغانلارنى بېسىقتۇردى. ئۇلار لى دېيۇ بىلەن تونۇشلۇقى بولغاچقا ئۆسكەن ... لى دېيۇ ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇلدى... ئەلەم ئىلاھىغا تېۋىندى ... ئەمەلدىن

قالغاچقا، ھەسرەتتە ئۆلۈپ كەتتى» دېيىلگەن.

(7) «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمىر - پەرمانلار توپلىمى» 128- جىلد (692-، 693- بەتلەر): «ئۇيغۇر خاقانى تىكلەش پەرمانى ھەققىدە كېڭەش»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» (8059- بەت)نىڭ «داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10- يىلى 3- ئايدىكى ئىشلار»غا قاراڭ.

(8) يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

(9) «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمىر - پەرمانلار توپلىمى» 128- جىلد 693- بەت. مەزكۇر توپلامنىڭ 129- جىلد 298- بەتتىكى «داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 11- يىلى ئۇيغۇر خاقانىغا ئاتاق بېرىش پەرمانى»نىڭ سۆز ئىشلىتىلىشىدە ئازراق ئوخشىماسلىق بار. چۈنكى، ئالدىنقىسى شۇ سۇلالىدىكى ئەمەلدارلارغا، كېيىنكىسى ئۇيغۇر خاقانى ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن. بۇ يەردە نەقىل ئالغان خۇەيجىيەن خاقانىنىڭ ئاتىقىغا ئەسلىي مەتىنىدە «توققۇز ئۇيغۇر» سۆزى يوق، لېكىن كېيىنكىسىگە ئاساسەن ئالدىنقىسى تولۇقلانغان. «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى. تاڭ سۇلالىسى خاتىرىسى» (8061- بەت) نىڭ «داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10- يىلى 10-،11- ئايلاردىكى ئىشلار»غا قاراڭ.

(10) ۋاڭ گوۋېي نۇرغۇن يەردە «قارا ھارۋىلىقلار»نى تىلغا ئالغان. ئۇ «تاتارلار ھەققىدە ئىزدىنىش»تە «تاتارلارنىڭ جوغاي ئەتراپىغا كۆچكەنلىكىنى، خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرى بىلەن شيەنتوڭ سەلتەنەت دەۋرى ئارىلىقىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۇق» دەيدۇ. ئۇ يەنە «قارا ھارۋىلىق سىبىرلار ھەققىدە ئىزدىنىش»تە «ئۇيغۇر ئېلى ھالاك بولۇپ، ئادەملىرى تارقىلىپ كەتكەندە، بۇ

قەبىلە (ئورمۇزد بىلەن مۇناسىۋەتلىك قارا ھارۋىلىق تاتارلارنى كۆرسىتىدۇ) ياكى باشقا سىبىرلارنىڭ بىر قەبىلىسىمۇ ئۇيغۇرلارغا ئەگىشىپ جۇڭگو چېگرىسىغا كەلگەن» دەيدۇ.

(11) يۇقىرىدا نەقىل ئالغان «كونا تاڭنامە. شۇەنزۇڭ خان خاتىرىسى»دە، ۋاڭ دۇەنجاڭ قاتارلىق كىشىلەرنى قارا ھارۋىلىقلار تۇسۇۋالغاچقا، ئەلچىلىك بۇرچىنى ئادا قىلالمىغان. لېكىن، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇچە ۋەسىقە 2962- بەتتىكى «جاڭ يىچاۋ ھەققىدىكى مەدداھلىق قىسسىسى»دا ئۇلار «قارلىق تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە كەلگەندە، 1000 دىن ئارتۇق ئاسىي ئۇيغۇرلارغا ئۇچراپ قېلىپ، دۆلەت خېتى ۋە باشقا ئالاقىلەرنى تارتتۇرۇپ قويغان» دېيىلگەن. بۇ يەردىكى «قارلىق تاغ» چىلەنشەن تېغى ئەمەس. ئەلچىلەرنىڭ چىلەنشەن تېغىنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ بارالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىكى بەزى تەپسىلاتلار بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت مەزمۇنى بولۇشى مۇمكىن.

(12) ئۇگەنىڭ خانلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان ئىنەل (846—848- يىللىرىچە تەختتە ئولتۇرغان) خوتۇنى ۋە ئوغلىنى ئېلىپ غەربكە قاچقاندىن كېيىنكى ئاقىۋىتى ئېنىق ئەمەس.

(13) خان تەڭرى چوققىسىنى كۆرسىتىدۇ. «يېڭى تاڭنامە» 218- جىلد «شاداپىتلار»دا «چىگىللار خان تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي، بارىكۆلنىڭ شەرقىدە» دېيىلگەن. ئالىملار خان تەڭرى تېغى چوققىسىنى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي ئۇچىدىكى مەلۇم بىر جاي دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە چاۋاننىس، مائېدا ماسانا، مورىياسۇ تاكائولارنىڭ ماقالىلىرىگە قاراڭ. مائېدا ماسانا بۇ «يېڭى تاڭنامە.جۇغراپىيە تەزكىرىسى. قۇچۇ»نىڭ

«يارغول» ماددىسىدا ئىپتىلغان. يارغولنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتېغى، يەنە بىر نامى «تىلەنتاغ» دەيدۇ.

(14) «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى تۆتىنچى»دە قۇچۇدا «ئىلگىرى بەش ناھىيىدە 6466 تۈتۈن، تيەنباۋدىكى بەش ناھىيىدە 9016 تۈتۈن، جەمئىي 49476 نوپۇس بار، بۇنىڭغا يىجۇ (قۇمۇل)دىكى «10157 نوپۇس» بىلەن بېشبالىقتىكى 9964 نوپۇس»نى قوشقاندىمۇ يەنىلا 20 تۈمەنگە يەتمەيدۇ.

(15) ھامىلتون: «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» (خەنزۇچە تەرجىمىسى 11-بەت)تە خەنزۇچىدىكى «چۆل» سۆزى خانئاي تاغ تىزمىسى ياكى تېخىمۇ شىمالدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. «چۆلنىڭ غەربى» ئاساسەن ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئابى تاكېئو («غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» خەنزۇچە تەرجىمىسى 187- بەت) ساتوناگاشىنىڭ «دەسلەپكى دەۋردىكى چۆلنىڭ غەربىدىكى ھىراۋۇل» دېگەن ماقالىسىدىن پايدىلىنىپ، بۇ يەردىكى «چۆلنىڭ غەربى» گوبى قۇملۇقىنىڭ غەربى ئەتراپى دېگەن مەنىدە، بولۇپمۇ، بېشبالىقنىڭ غەربىدىكى سوياب، غەرغانە رايونىغىچە بولغان كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق شەرھلىشى مۇۋاپىق ئەمەس.

(16) ئىدارە قىلىش ئورنى ئاساسەن قۇچۇ ياكى كۇسەن بولغان. بۇ ھەقتە ماسۇدا خىسائونىڭ كىتابىدىكى «سوياب بىلەن ئاگنى» (خەنزۇچە تەرجىمىسى 428 — 471- بەتلەرگىچە)، ۋۇ-يۈگۇينىڭ «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، كۇۋايامما ماسىسىنى

تۇزگەن «راھىب خۇيچاۋنىڭ ئەنەكتەك ئىلىگە بارغۇچە بېسىپ ئۆتكەن بەش ئەل تەزكىرىسى ھەققىدە تەتقىقات» (كىيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ئورنى 1992- يىلى ياپونچە نەشرى)دىكى مورىياسۇ تاكائو يازغان «ئەنشى قورۇقچىبەگ باش مەھكىمىسى» دېگەن 206- ئىزاھقا قاراڭ.

(17) چېن گوسەن: «Ⅷ، Ⅸ ئەسىرلەردىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇچۇغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ يۆتكىلىشى» 15—19- بەتلەرگىچە.

(18) «تايشونومىلار دىۋانى» 51- جىلد 979- بەت. خانېدا تورو «ماقالىلەر توپلىمى» 1957- يىلى ياپونچە نەشرى، I توم. تارىخ سەھىپىسى؛ كوۋايامىا ماساسىسى «راھىب خۇيچاۋنىڭ ئەنەكتەك ئىلىگە بارغۇچە بېسىپ ئۆتكەن بەش ئەل تەزكىرىسى ھەققىدە تەتقىقات»؛ كوۋا يامانىڭ «ئەنشى» ۋە «ئەنشىدىكى تۆت بازار» توغرىسىدىكى ئىزاھات ھەققىدە، كىتابنىڭ 187 —— 194- بەتلىرىگە قاراڭ.

(19) «تايشونومىلار دىۋانى» 51- جىلد 980- بەت.

(20) «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» (5209-، 5210- بەت)دە ئەنشىنى توبۇتلەر ئىگىلىۋېلىشتىن ئىلگىرى ئەنشى بىلەن قۇچۇ ئىنىق ئايرىپ بايان قىلىنغان.

(21) ھاملىتون: «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» خەنزۇچە تەرجىمىسى 13- ۋە 57- بەت. فۇجىي ئاكىرا «شاجۇدىكى ھەقىقەتكە قايىتقان لەشكەرلەر ھىراۋۇللىرىنىڭ باش - ئاخىرى» (88- ئىزاھ)دا تار مەنىدىكى كۇسەن بىلەن كەڭ مەنىدىكى ئەنشى ھەققىدە سۆزلەپ، ئەينى چاغدا دائىم مۇشۇ سۆز بىلەن بۈيۈك تاڭ ئىلىنىڭ غەربىي

چېگرىسىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق، ئۇ مەڭلىگ تېكىن تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچۈپ بارغان دەپ قارىمايدۇ.

(22) «گەردىزىنىڭ تۈركلەر ھەققىدىكى بايانلىرى» 133- بەت؛ «ئازال» ھەققىدە مىنورسكىينىڭ «شەرافىل زەمان»، تاھىر مەرۋىزىنىڭ «چىن، تۈرك ۋە ھىند ھەققىدىكى بايانى» 273-، 274- بەتلەر؛ ھېنىڭنىڭ «ئارگى بىلەن توخارلار» 564-، 565- بەتلەر. مورىياسۇ تاكائو «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە» 761- بەت.

(23) مورىياسۇ تاكائو: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە».

(24) بۇ تارىخىي ماتېرىيالنىڭ ئەسلىي مەتىنىنى «گەردىزىنىڭ تۈركلەر ھەققىدىكى بايانلىرى» 194- بەتتىكى فوتو نۇسخىسىدىن كۆرۈۋېلىڭ.

(25) بەنچۇل بىلەن ئۇنسۇ (ھازىرقى ئاقسۇ)نى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى بارتولدنىڭ «يەتتەسۇ تارىخى» 91-بەت، «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى ھەققىدە 12 لېكسىيە» خەنزۇچە تەرجىمىسى 78- بەت، «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ قىرغىز ماددىسىغا قاراڭ، مىنورسكىي « ‹ھۇدۇدۇلئالەم› نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» (293 — 297- بەتلەرگىچە)دە بۇنىڭغا گۇمانلىنىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقان.

(26) مىنورسكىي: « ‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» (270- بەت)دە، بۇ سوغدى تىلىدىكى «ئۈچ شەھەر» دەپ قارىغان. لېكىن، كېيىنكى تولۇقلىمىسىدا «سىكەت» يەنى «يارغول» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان. ھامىلتون «ستائىل

خولىستەيىن توپلىغان ۋەسىقىلەر ھەققىدە ئىزدىنىش» (141-بەتلەر)تە بۇنداق ئۇدۇللاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ، بۇنى بەلكىم «سىناكەت» يەنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاگنىنىڭ شەرقىدىكى «يېڭى شەھەر» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن يەنە، بۇنداق بولۇشنىڭ «ئېھتىماللىقى ناھايىتى كىچىك» دەيدۇ. ھېنىنىڭ «ئارگى ۋە توخارلار» دېگەن ماقالىسىنىڭ 565-بەتلىرىدە ئاگنى بىلەن كۇمۇشنىڭ ئارىلىقىدىكى تۇتقاۋۇل قورۇقى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ.

(27) ھامىلتون: «ستائىل خولىستەيىن توپلىغان ۋەسىقىلەر ھەققىدە ئىزدىنىش»تە «سىمىفناتۇر‹كىمىسفىيە› كۇمۇش تاغ» دەپ ئۆزگەرگەن دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىدۇ.

(28) يەنى «چىنكەنت»؛ ھامىلتوننىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىگە قاراڭ.

(29). مىنورسكىينىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىنىڭ 273-، 274-بەتلىرىگە قاراڭ.

(30) موريياسۇ تاكائو: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە» 761 — 764-بەتلەرگىچە.

(31) يۇقىرىدا نەقىل ئالغان داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10-يىلى 2-ئاي ۋە 11-ئايدىكى يارلىققا قاراڭ.

(32) يۇقىرىدا نەقىل ئالغان داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10-يىلى 2-ئايدىكى يارلىققا قاراڭ.

(33) دۇمۇ «پەنچۇەن توپلىمى» 20-جىلد 169-بەت.

(34) ئەسلىي مەتىندە بۇ بىر خەت خاتا يېزىلغان.

(35) ئەسلىي مەتىندە بۇ بىر خەت خاتا يېزىلغان.

(36) مىياۋ يۈ: «دۇمۇنىڭ شەجەرىسى» (2- قىسىم) («دۆلەتلىك جېجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى توپلىمى» ئىككىنچى توپلام. 1942- يىلى).

(37) شاڭ دا: «تاڭنامىدىكى جاڭ يىچاۋ تەزكىرىسىگە تولۇقلىما-تۈزىتىش» فۇجىي ئاكىرا «شاجۇدىكى ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەر ھىراۋۇللىرىنىڭ باش – ئاخىرى»دا «قۇچۇ ئۇيغۇر خانىغا پاسىبان بۇيۇك سانغۇن ئاتىقى بېرىش يارلىقى»مۇ داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5- يىلى قىشتا يېزىلغان، دەپ قارايدۇ.

(38) «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» 8049- بەت.

(39) بۇ خەت لوجېيۇنىڭ «تاڭنامىگە تولۇقلىما. جاڭ يىچاۋ تەزكىرىسى»گە ئاساسەن تۈزىتىلدى.

(40) «يېڭى تاڭنامە. شۈەنزۇڭ خان تەزكىرىسى»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» (8048-، 8049- بەت.

(41) «شاجۇ، يىجۇ ئايمىقىنىڭ يەرلىك تەزكىرىسى»دە «تاڭ سۇلالىسىز يىجۇ ئايمىقى (قۇمۇل) تەسىس قىلدى. باۋيىڭ سەلتەنەت دەۋرىدە تۇبۇتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4- يىلى جاڭ يىچاۋ قايتۇرۇۋالدى» دېيىلگەن.

(42) فۇجىي ئاكىرا: «شاجۇدىكى ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەر ھىراۋۇللىرىنىڭ باش - ئاخىرى» 56- بەت.

(43) مورىياسۇ تاكائو: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە» خەنزۇچە تەرجىمىسى 56- بەت.

(44) تولۇق تېكىستىنى جاڭ خوڭشۈن تاللاپ ئىزاھلىغان «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مەدداھلىق ئەدەبىياتىغا دائىر

ئەسەرلەردىن تاللانما» (گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 1987- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 214 — 221- بەتلەر)؛ سۇن كەيدى «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان جاڭ يىچاۋ ھەققىدىكى مەدداھلىق ئەدەبىياتىغا كىرىش»؛ جۇشاۋلياڭ، بەي خۇاۋېنلار تۈزگەن «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مەددەھلىق ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالىلەر مۇندەرىجىسى» (2- قىسىم 713 — 722- بەتلەرگىچە).

(45) ۋاڭ دۋەنجاڭنىڭ ئىسمى بەزى ماتېرىياللاردا ۋاڭ رۇيجاڭ، دەپ يېزىلغان.

(46) «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» (7968- بەت).

(47) «قۇربانلىق كۆرسىتىش خاتىرىسى»دە «3- يىلى 2- ئاينىڭ 11- كۈنى يەنىڭ سارىيىدا لى دېيۇ 9- كۈندىكى جاكارغا بىنائەن، پېقىر جاۋفەنگە قىرغىزلارنى ئەنشى بىلەن بېشبالىقتا تەكلىپ قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، دەپ مەلۇمات يوللىغان». مەزكۇر كىتاب ھازىر ساقلانمىغاچقا «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» (7974- بەت)كە قاراڭ.

(48) ئابى تاكېئو: « غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» خەنزۇچە تەرجىمىسى 177- بەت.

(50) «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» 7974- بەت.

(51) «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»؛ «خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى 1- ئايدىكى ۋەقەلەر»؛ «كونا تاڭنامە. ۋۇزۇڭ خان تەزكىرىسى»دىكى «خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى 2- ئايدىكى ۋەقەلەر»گە قاراڭ.

(52) خانىدا تورو: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر

تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» 268- بەت.

(53) «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» 8012 — 8107- بەت.

(54) مىنورسكىي: « ‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» 95 — 98- بەتلەر.

(55) بائىلىي: «قەدىمكى خوتەن ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەر»دە مەركەزلەشتۈرۈپ تونۇشتۇرۇلغان.

(56) فۇجىي ئاكىرا: «شاجۇدىكى ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەر ھېراۋۇللىرىنىڭ باش - ئاخىرى»؛ روڭ شىنجاڭ «ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەرنىڭ ئەتراپىدىكى مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش.»

(57) «يېڭى بەش دەۋر تارىخى. ۋاسساللار. 3- قوشۇمچە» 917 — 919- بەتلەر.

(58) مۇللېر: «تۇرپاندىن تېپىلغان ئىككى قوزۇققا يېزىلغان ۋەسىقە» 22— 24- بەتلەر.

(59) «تايشونومىلار دىۋانى» 51- جىلد 981-، 982- بەت؛ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. چەت ئەللەر تەزكىرىسىنىڭ ئالتىنچىسى. ئەنەكتەك تەزكىرىسى»دە چىيەندې سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4- يىلى راھىب شىڭچىن قاتارلىقلارنىڭ نوم ئىلىش ئۈچۈن غەربكە بارغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرە» (14104-بەت)كە قاراڭ.

(60) خۇاڭ شېڭجاڭ: «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ‹غەربتىكى يوللار› دېگەن ۋەسىقىدىكى تارىخ - جۇغراپىيە ھەققىدە تەتقىقات» («تارىخ - جۇغراپىيە» ژۇرنىلى تۇنجى سان 9— 20 - بەتلەرگىچە).

(61) 6511- نومۇرلۇق تېكىستتە تىلغا ئالغان قىرغىزلار

بىلەن ۋالى يەندىنىڭ قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسىدىكى «قىرغىزلار» قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شىمالىدىكى بەزى قىرغىز قوۋمىنى ياكى «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. تەيزۇڭ خان خاتىرىسى»دىكى تيەنشەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4- يىلى (932- يىلى) باھار بايرىمىدا، غەربىي جەنۇب سانغۇنى قىرغىز ئېلىدىكىلەرنى ئېلىپ كەلگەندىكى قىرغىزلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

(62) بارتولد: «يەتتەسۇ تارىخى»دا بۇ ماتېرىيالنىڭ ۋاقتىنى شەرھلىمىگەن بولسىمۇ، «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «قىرغىزلار» ماددىسىدا پانچۇل شەھىرىدىكى قىرغىزلارنى X ئەسىردە كۆچۈپ كەلگەن دەپ قارايدۇ. «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى ھەققىدە 12 لېكسىيە» (خەنزۇچە تەرجىمىسى 78- بەت)دە «ئۇ تۈۋەندىكى خۇلاسىنى چىقىرىشقا ئاساس بىلەن تەمىنلىدى، يەنى قىرغىزلار جەنۇبقا كۆچۈشكە باشلىغان، ھازىرقى ماكانىغا ئولتۇراقلاشقان ۋاقتى X ئەسىردىن كېيىن ئەمەس» دەپ قارايدۇ. «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ كىرىش سۆزىدە، بارتولد «بۇ تەپسىلاتلار مۇئەللىپ ياشىغان دەۋر بىلەن ماس كەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ، IX ئەسىرنىڭ ئاخىرى X ئەسىرنىڭ بېشىدىكى قىرغىز ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ۋەزىيەتنى ئەكس ئەتتۈرگەن» دەيدۇ. ئەگەر قىرغىزلارنىڭ «زورايغان مەزگىلىنى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرىلىغاندا (IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قىرغىزلارنىڭ گوبىنىڭ مەركىزى ئەتراپىنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىيال يوق)، بىزنىڭ تەھلىلىمىزگە دەل ماس كېلىدۇ. لېكىن، بارتولد نېمە ئۈچۈن كېيىنكى تارىخىي ماتېرىياللاردا

«ئۇنسۇ قىرغىزلىرى» تىلغا ئېلىنمىغانلىقىنى ئىزاھلىمىغان. بۇ ھەقتىكى تەھلىلىمىنى كېيىنكى مەزمۇنلاردىن كۆرۈۋېلىڭ. مىنورسكىي «ھودۇدۇلئالەم»نى ئىزاھلىغاندا، بۇ كىتابتىكى يېنساي قىرغىزلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى X ئەسىرگە تەۋە دەپ قارىسىمۇ، قەشقەر ئەتراپىدىكى ۋە بەنچۇل قىرغىزلىرى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنىڭ ۋاقتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرمىگەن (203 — 207- بەتلەرگىچە).

(63) «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» 8107- بەت.

(64) «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆر- نەكلىرى» (8012- بەت)دە «خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4- يىلى 9- ئايدا لى دېيۇ: «يۇجۇ ئايماق بېگىنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، ئۇيغۇرلاردا بۆلىنىش بولۇپتۇ، خاقان ئەنشىگە كەتمەكچى ئىكەن، قەبىلىسىدىكىلەر ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى تاڭ ئېلىدە. شۇڭا، تاڭ ئېلىگە كەتكىنىمىز تۈزۈك دېيىشكەنمىش، تېخى بەزىلىرى سىبىرلارغا سىڭىشكەنمىش، ئەل بولغىلى كېلىش ياكى بىر - بىرىنى يوق قىلىشنى پىلانلاۋېتىپتۇدەك» دەپ مەلۇمات يوللىغان.

(65) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە.»

(66) يامادا نوبۇئو: «تۈركىستاننىڭ شەكىللىنىشى» بەشىنچى بۆلۇم «قارلۇق ئېلى ۋە قاراخانىيلار» (يىۋانامى لېكسىيىدىكى دۇنيا تارىخى. VI توم، 1971- يىلى ياپونچە نەشرى، 480 — 488- بەتلەرگىچە)؛ «قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى تارىخى» (1984- يىلى رۇسچە نەشرى 290 — 297- بەتلەرگىچە)؛ «تاجىكلار تارىخى» (1964- يىلى نەشرى)؛ ئەنگىلىيىلىك

پوسۋوسىنىڭ «ئىسلام سۇلالىلىرى قوللانمىسى: يىلنامە ۋە شەجەرە» (1967- يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 111 — 114- بەتلەرگىچە) بىلەن «ئىلىك خانىيلار ۋە قاراخانىيلار» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

(67) دۆلىتىمىزدە بۇرۇن چىققان ئەسەرلەردىن فېڭ جىاشېڭ، چېڭ سۇلۇ، مۇگۋاڭۋېن تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام» (بىرىنچى قىسمى) بىلەن لىيۇ يىتاڭنىڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»؛ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن ۋېي لىياڭتاۋ-نىڭ «قاراخانىيلار تارىخى ھەققىدە تېزىس» دېگەن كىتابى بىلەن بىر يۈرۈش ماقالىلىرى؛ ياپونىيىلىك ئابى تاكېئونىڭ «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»مۇ مۇشۇ كۆزقاراشنى ياقىلايدۇ.

(68) ۋەكىللىك خەرىتىلەردىن ئىبنى ھەۋقەلنىڭ «كىتابى سۇرەتۇل ئەرز» 2- جىلد 8-، 9- بەتلەر ئارىلىقىغا قاراڭ.

(69) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلەرگىچە» دېگەن كىتابى (286-، 287- ۋە 289-، 290- بەت)دا بۇ ئىككى تارىخىي ماتېرىيالدىن پايدىلانغان.

(70) خەن رۇلىن: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 348- بەت.

(71) «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى. قارلۇقلار» (6143- بەت).

(72) ۋۇزۇڭ خان ۋە باشقا دەۋرلەردىكى ئوردا خاتىرىلىرىنىڭ يېزىلىش ئەھۋالى ھەققىدە چېن گاۋخۋا، چېن جىچاۋلارنىڭ «جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى تارىخىي ماتېرىيالشۇ-ناسلىق» (بېيجىڭ نەشرىياتى 1983- يىلى خەنزۇچە نەشرى،

187 — 190- بەتلەرگىچە)قا قاراڭ.

(73) سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تۈزۈلگەن «يېڭى تاڭنامە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»نىڭ «ۋۇزۇڭ خانغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»نىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدىن پايدىلانغان ياكى پايدىلانمىغانلىقى ھەققىدە سېن جوڭمىيەن «تاڭ سۇلالىسى تارىخىدىن تامچە شەربەتلەر» (جۇڭخۇا نەشرىياتى 1960- يىلى نەشرى، 183— 185- بەت)دە ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقان.

(74) بۇ كىتاب يوقىلىپ كەتكەن، لېكىن «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»دە نەچچە رەت پايدىلانغان.

(75) لى دېيۇ قەلەم تەۋرەتكەن «ئۇيغۇر ئورمۇزد تېكىن قاتارلىقلارغا ئاتاق بېرىش پەرمانى» بىلەن «ئۇيغۇر ئورمۇزدقا ئاتاق بېرىش پەرمانى» («خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىدە يېزىلغان مەكتۇپلار »5- جىلد 25- بەت)دە تاڭ سۇلالىسى جاڭ جىيا ئەلچىلىككە بېرىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئورمۇزد قاتارلىقلارغا گوبىغا قايتىپ كېلىشكە نەسىھەت قىلىپ كەلگەن.

(76) مەسىلەن، ئورمۇزد قاتارلىقلارنىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ ئەل بولۇشى ۋە جاڭ جيانىڭ بېرىپ ئەمىنلىك يەتكۈزگەن ۋاقتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(77) «خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىدە يېزىلغان مەكتۇپلار توپلىمى» 2- جىلد 10-، 11- بەتلەر.

(78) «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمىر ـ پەرمانلار توپلىمى» 128- جىلد («ئۇيغۇر خاقانى تىكلەش ھەققىدە كېڭەش») 129- جىلد («ئۇيغۇر خاقانىغا ئاتاق يەتكۈزۈشكە ئەلچى ئەۋەتىش ھەققىدە يارلىق»).

(79) مورىياسۇ تاكائو: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە.»

(80) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 279 — 287- بەتلەرگىچە.

(81) بىچۇرىن: «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر ئەھۋالىغا دائىر توپلام» I توم، 301 — 339- بەتلەرگىچە) («يېڭى تاڭنامە.ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»نىڭ رۇسچە تەرجىمىسى).

(82) «مۇلھەقەتۇل سۇرراھ»، «سەمئانى»، «كىتابى ئەنساب». ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. ئۇ ئاتىسىدىن بۇرۇن ۋاپات بولغان ئىكەن. «مۇلھەقەتۇل سۇرراھ»قا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ئاتىسى ھىجرىيىنىڭ 486- يىلى (1093- يىل 2- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 1094- يىلى 1- ئاينىڭ 20- كۈنىگىچە) يىل بېشىدا ۋاپات بولغان ئىكەن. سەمئانىنىڭ «كىتابى ئەنساب»قا ئاساسلانغاندا، ئالمائى ئاتىسىدىن 20 يىل بۇرۇن ۋاپات بولغان بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 466- يىلى(1073-، 1074- يىلى ئەتراپىدا ۋاپات بولغان ئىكەن. بارتولد «موڭغۇللار ئىستىلاسىغىچە تۈركىستان»دىكى تونۇشتۇرۇشىدا بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلمىغان.

(83) «مۇلھەقەتۇل سۇرراھ» كىتابىنىڭ ئاخىردىكى 2- قوشۇمچىگە قاراڭ.

(84) بارتولد: موڭغۇللار ئىستىلاسىغىچە تۈركىستان» I توم، 130- بەت، رۇسچە نەشرى.

(85) مۇشۇ كىتابىنىڭ ئاخىردىكى «قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ مىللەت تەۋەلىكى مەسىلىسى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن قوشۇمچە ماقالەمگە قاراڭ.

(86) سەمئانىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ سەئىد ئابدۇكەرىم ئىبنى مۇھەممەد سەمئانى. بارتولد «كىتابى ئەنساب»قا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، خېلى ئۇزاق سەھىپە بىلەن تونۇشتۇرغان ھەم قىسمەن مەزمۇنلارنى «موڭغۇللار ئىستېلا - سىغىنچە تۈركىستان»نىڭ (رۇسچە) «تارىخىي ماتېرىياللار» قىسمىغا كىرگۈزگەن. بارتولد «كىتابى ئەنساب»نىڭ ئىككى قولىيازمىسى بارلىقىنى تىلغا ئالغان. بىرى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى بولۇپ، پروفېسسور مارگولئوس «گىبىنى خاتىرىلەش مەجمۇئەسى»نىڭ 20- توپلىمىدا ئېلان قىلدۇرغان. مەنمۇ مۇشۇ قولىيازمىدىن پايدىلاندىم. يەنە بىرى «ئاساسەن مۇكەممەل ساقلانغان» قولىيازما بولۇپ، رۇسىيىنىڭ ئاسىيا مۇزېيىدا ساقلىنىۋېتىپتۇ. بارتولد ھەر ئىككى نۇسخىسىدىن پايدىلانغان.

(87) ئەسلىي مەتىنىدە «ئەبۇ ئاببباس مۇستەغپىرنىڭ خاتىرىلىشىچە ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەدال غۇنجار ھاپىز، ئىسپىجاب پەتھىسى ھىجرىيىنىڭ 225- يىلى نوھ ئىبنى ئەسئەد ئىبنى سەمانى قولىدا ئېلىپ بېرىلغان. ئەبۇ مۇھەممەد نوھ ھىجرىيىنىڭ 227- يىلى ۋاپات بولغان، دەپ بايان قىلىندۇ.»

(88) ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخى ھەققىدە تېزىس» 73-بەت.

(89) ئىبنى ئەسىر : « كامىل فىت تارىخ » 6- جىلد 509- بەت.

(90) مەسىلەن، نوھنىڭ پەرغانە بىلەن ئىسپىجابقا يۈرۈش قىلغان ۋاقتىنى ھىجرىيىنىڭ 224- يىلى (839- يىلى)،

ئىسپىجابنى ئىشغال قىلغان ۋاقتىنى ھىجرىيىنىڭ 225- يىلى (840- يىلى) دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

(91) «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»دە «كەيچىپاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5- يىلى (840- يىلى) 9- ئايدىكى ئىشلار» (7947- بەت)؛ «يېڭى تاڭنامە. ۋۇزۇڭ خان خاتىرىسى»دا «كەيچىپاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5- يىلى 10- ئاي» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە ئىلگىرىكى ۋاقىتنى ئېلىپ تۇردۇم.

(92) «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «تاشكەنت» ماددىسىغا قاراڭ.

(93) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» قوشۇمچە ئىزاھات؛ بېكۋېس «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈبۈت ئىمپېرىيىسى» 162- بەت.

(94) مىنورسكىي: «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى» 283-، 284- بەتلەر.

(95) سامانىيلار جەمەتىنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا قاتناشقان ئىشلىرى ھەققىدە نارشەخىنىڭ «تارىخى بۇخارا» 76-، 77- بەتلەرگە قاراڭ.

(96) بۇ ۋەقەلەرگە دائىر بايانلار ئاساسەن بارتولدنىڭ «موڭغۇللار ئىستېلاسىغىچە تۈركىستان» (209-، 210- بەت)تىن پايدىلاندىم. نارشەخىنىڭ «تارىخى بۇخارا»دا بۇ ۋەقەنى ھىجرىيىنىڭ 202- يىلى (817-، 818- يىلى) يۈز بەرگەن دېگىنىگە دىققەت قىلىڭ.

(97) ئىبنى خۇردە زىبھ : «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» 6- جىلد، ئەرەبچە ئەسلىي مەتنى 34 — 39- بەتلەرگىچە.

(98) بارتولد: «موڭغۇللار ئىستېلاسىغىچە تۈركىستان»

206- بەت.

(99) «كۆردار» بولسا خارەزمنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان رايون، ياقۇتنىڭ «مۆئىلجەم بۇلدان»دىكى «كۆردار» ماددىسىغا ۋە بارتولدنىڭ «موڭغۇللار ئىستىلاسىغىچە تۈركىستان» (151- بەت)غا قاراڭ.

(100) قۇدامە ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشلارنى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ « قۇدامە» ماددىسى ۋە جاڭ گۇاڭدا، ۋاڭ شياۋپۇنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتىدىكى كىتابلارنى تونۇشتۇرۇش ( II )»تىن كۆرۈڭ. مەن دې گوجې تەھرىرلىگەن قۇدامەنىڭ «خەراج» دېگەن كىتابىنىڭ ئەرەبچە ئەسلىي مەتنىنى 6- جىلد 243- بەتتىن پايدىلاندىم.

(101) ئىبنى ئەسىر: «كامىل فىت تارىخ» 6- جىلد 509- بەت؛ بالازورى «كىتابى فۇتۇھۇل بۇلدان» (422- بەت)دا «ئاخىر خەلىپە مۇئتەسىم (833 — 842- يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىگە كەلگەندە، نوھ ئىبنى ئەسئەد ئۇ يەرنى پەتھى قىلىپ، ئاھالىسىنىڭ ئۈزۈمزارلىقى ۋە ئېكىنزارلىقى ئەتراپىغا سېپىل ياساتتى» دېيىلگەن.

(102) ياقۇتنىڭ «مۆئىلجەم بۇلدان»نىڭ «ئىسپىجاب» ماددىسىدا: «بۇ ماۋارەئۇننەھردىكى تۈركىستانغا چېگرىداش شەھەرلەردىن بىرىنىڭ نامى. ئۇنىڭ بىپايان تەۋەلىكى ۋە شەھەردەك نۇرغۇن بازارلىرى بار. ئۇ بەشىنچى بەلۋاغقا تەۋە بولۇپ "6°98 لۇق ئۇزۇنلۇق، "50°39 لۇق كەڭلىككە توغرا كېلىدۇ. ئۇ ئاللانىڭ ئالىمىدىكى ئادىمى ئەڭ كۆپ، ئەڭ گۈللەنگەن، ئەڭ بىپايان زېمىنلارنىڭ بىرى. يېرى مۇنبەت، دەرەخلىرى كۆپ، ئېقىن سۈيى بار، ھويلا - ئاراملىرى ئاۋات؛

خوْراسان ۋە ماۋارەئۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى جايلار ئىچىدە پەقەت مۇشۇ شەھەرلا خىراج تۆلىمەيدۇ. ئاھالىلىرىنى خىراج پۇلىغا قورال - ياراغ سېتىۋالغۇزىدۇ، سىپىل - قەلئە ياساتتۇرىدۇ. ئۇنىڭغا قوشنا تالاس، سەبران، سانىكەت(؟) ۋە فاراب قاتارلىق شەھەرلەرمۇ ئىسپىجابتەك خىراج تۆلىمەيدۇ» دېيىلگەن.

(103) فىللىئوت: «موڭغۇللار ئىستىپلاسىغىچە تۈركىستانغا باھا» خەنزۇچە تەرجىمىسى 14- بەت.

(104) بارتولد: «موڭغۇللار ئىستىپلاسىغىچە تۈركىستان» 159- بەت.

(105) ئەرزاقىنىڭ كىتابى 231- بەت. بېكۋىسىنىڭ كىتابىدىكى 162- بەتتىن نەقىل ئالدىم.

(106) بالازورى: «كىتابى فۇتۇھۇل بۇلدان» (420- بەت)دا قۇتەيبە دەۋرىدىكى پەتھى قىلىنىشلارنى سۆزلەپ «كاسان بىلەن ئۇراشتىنى ئاخىرقى پەتھى قىلغۇچى نوھ ئىبنى ئەسئەد بولۇپ، ئەينى چاغدا ئۇ يەردىكى ئاھالىلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ خەلىپە مۇتەسىر (861-، 862- يىلى تەختتە ئولتۇرغان)گە قارشى چىققان» دېيىلگەن. لېكىن، نوھنىڭ 842- يىلى ۋاپات بولغانلىقىنى بىلىمىز. ئىبنى ئەسىرنىڭ كىتابى (6- جىلد 509- بەت)دىكى خاتىرىلەر بىلەن بىرلەشتۈرگەندە، بۇ تارىخىي ماتېرىيالدا خەلىپە مۇئتەسىمنى مۇنتەسىر دەپ خاتا خاتىرىلەپ قويغانلىقىنى بايقايمىز.

(107) بارتولد: «موڭغۇللار ئىستىپلاسىغىچە تۈركىستان» رۇسچە 3- بەت، ئىنگلىزچە نەشرى 210- بەت.

(108) ئىستەخرى: «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» (دۆلەتلەر ۋە يوللار) 1- جىلد 334- بەت.

(109) بارتولد: «موڭغۇللار ئىستىلاسىغىچە تۈركىستان» 155-، 156- بەتلەر؛ مىنورسكىي « ‹ھۇدۇدۇلئالەم› نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى»دىكى ئىندېكىسقا قاراڭ. لېكىن، بۇ شەھەرنىڭ كونكرېت ئورنى ئېنىق ئەمەس.

(110) بۇ يوللار ۋە ئاتباش ھەققىدە «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي تۈركلەردىن تومەننىڭ لەشكەر تارتىش تارىخى ھەققىدىكى ئىزدىنىش» دېگەن ماقالەمگە قاراڭ.

(111) «قائىدە - يوسۇننامە» 190- جىلد، ۋاڭ شياۋپۇ «تاڭ سۇلالىسى، تۇبۇتلەر ۋە ئەرەبلەرنىڭ سىياسىي مۇناسىۋەت تارىخى» 29-، 30- بەتلەر.

(112) «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۈرنەكلىرى»دە «كەيچېڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5- يىلى 9- ئايدا، ئۇيغۇرلار ۋەزىرى بىلەن سەركەردە - لەشكەر ئەۋەتىپ، ئۇدا 20 نەچچە يىل زەربە بەرگەن. قىرغىزلار نەچچە رەت يېڭىلىپ ‹ماكانىڭدىن قوغلىنىپ ئالتۇن ئورداڭنى تارتىۋالىمەن› دەپ تىللىغان. ئالتۇن ئوردا بولسا ئۇيغۇر خاقانىنىڭ قارارگاھىدۇر» دېيىلگەن.

(113) بۇ ئەسلىي كىتابنىڭ نامى بولۇپ، ئىبنى خۇردە زىبھنىڭ «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» (6- جىلد 25- بەت)قا قاراڭ؛ كونكرېت تەسۋىر ھەققىدە مەزكۇر كىتابنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدىكى 30 — 32- بەتلەرگە قاراڭ.

(114) بىر پەرسەخ تەخمىنەن ئالتە كىلومېتىرغا تەڭ. بۇ ھەقتە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ پەرسەخ ماددىسىغا ۋە مىنورسكىينىڭ «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى» 194- بەتتىكى 4- ئىزاھقا قاراڭ.

(115) خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى «مىڭ بۇلاق» تالاسنىڭ

شەرقىدە بولۇپ، بۇ تالاسنىڭ غەربىدىكى 1000 كۆز بۇلاق رايونىنى ئۆدۈللاشقا تېخى ئامالسىزمىز. بۇ ھەقتە جى شيەنلىن تەھقىقلەپ ئىزاھلىغان «بۈيۈك تاڭ ئېلىدىن غەربىي يۇرتقا سەپەر خاتىرىسى» 76-، 77- بەتلەرگە قاراڭ.

(116) ئىبنى خۇردە زبە: «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك»تا تىلغا ئالغان بۇ يەر نامى گەردىزىنىڭ ئەسىرى ۋە «ھۇدۇدۇل ئالەم»دە ئۇچرىمايدۇ. 1889- يىلى توماسچېك خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن بۇ سۆزنى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى «تۇنكەنت» دەپ ئۇدۇللايدۇ. بۇ ھەقتە مۇشۇ كىتابنىڭ IV بابىدىكى 67- ئىزاھقا قاراڭ.

(117) خەنزۇچە ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، بالاساغۇندىن سۇيابقا 20 چاقىرىم كېلىدىكەن. يەنە 10 چاقىرىم ماڭسا مەرمەرگە، يەنە 30 چاقىرىم ماڭسا نۇچقا، يەنە 60 چاقىرىم ماڭسا تۇنكەنتكە، يەنە 50 چاقىرىم ماڭسا ئاشىرەگە، يەنە 70 چاقىرىم ماڭسا كۆلان شەھىرىگە، يەنە 10 چاقىرىم ماڭسا سۇبكەنتكە، يەنە 50 چاقىرىم ماڭسا تالاسقا يېتىپ بارغىلى بولىدىكەن. ھازىرقى زامانىۋى خەرىتە ئۆلچەشكە ئاساسلانغاندا سۇياب (توقماق ئەتراپى)دىن تالاسقا تەخمىنەن 320 كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن ئارىلىق بەك كىچىك (ئاران 280 چاقىرىم). ئەرەب - پارسچە ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن ئارىلىق 59 پەرسەخ (240 كىلومېتىر) بولۇپ، رېئال ئەمەلىيەتكە يېقىنراق. بۇ ھەقتە مىنورسكىينىڭ « ‹ھۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» (289-، 290- بەتلەر)دىكى تەھقىقكە قاراڭ؛ بۇ يولنىڭ شەرقىي ئۇچى كوپال (سۇياب) ئەتراپىدا بولۇپ، جاڭ گۇاڭدانىڭ «سۇياب

شەھىرىنىڭ ھازىرقى ئورنى ھەققىدە ئىزدىنىش» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

(118) مىنورسكىي: «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى» 292-، 293- بەتلەر.

(119) تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەگرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ھۆكۈمرانلىقى 790- يىلى تۈبۈتلەرنىڭ بېشبالىقنى ئىگىلىۋېلىشى بىلەن ئاخىر ئاياغلاشقان.

(120) ئىبنى خۇردە زبىھ: «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» نىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسى 6- جىلد 22-، 23- بەتلەردىكى: «توققۇز ئوغۇزلار ئولتۇراقلاشقان رايون بولسا، تۈركلەر ئېلىدىكى ئەڭ چوڭ زېمىنلارنىڭ بىرى. ئۇ چىن، تۈبۈت ۋە قارلۇق ئېلى بىلەن چېگرىداش، باشقا تۈركىي قوۋملار بولسا قىماقلار (قىسقارتىلدى)» دېگەننى بۇنداق چۈشىنىش ۋە تەرجىمە قىلىش توغرا ئەمەس. مىنورسكىينىڭ «‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» 347- بەتكە قاراڭ.

(121) ئەسلىي مەتىنىدە بۇ سۆزنىڭ «دۆلەت» ھەم «رايون» دېگەن مەنىسى بار. مەن بۇ كىتابتا «رايون» دەپ نەقىل ئالدىم.

(122) ئەسلىي مەتىندە «al—J·f·r» بولۇپ، مىنورسكىي «‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» (319- بەت 2- ئىزاھ)دە «ماجغەرى» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ترانسكرىپسىيە دې گوجې بىلەن ماكۋارتنىڭ «چىگىل» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغىنىغا قارىغاندا تېخىمۇ قايىل قىلىش كۈچى بار.

(123) بۇ قوۋمنىڭ نامىغا دائىر ئەھۋاللار ئېنىق ئەمەس.

(124) «خـــالاج»لار هـــەققىدىكى بايانلارغـــا «ئىســـلام ئېنسىكلوپېدىيىســى»نىــڭ «خــالاج» ماددىســىغا قــاراڭ هــەم مىنورسكىينىڭ « ‹هۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكستى ۋە يەشمىسى» 347-، 348- بەتلەرگە قاراڭ.

(125) قىرغىـــزلار ئولتۇراقلاشـــقان رايونلاردىـــن ئىپـــار چىقىدىغانلىقى ئەرەب - پارسچە ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرايدۇ.

(126) ئوغـۇزلار بىلـەن قىماقلارنىــڭ ئـەھۋالى هــەققىدە ئىســتەخرىنىڭ «كىــتابى مەســالىك ۋە مــەمالىك» (1- جىلــد) بىلـەن ئىبنى ھەۋقەلنىڭ «كىتابى سۇرەتۇل ئەرز» (2- جىلد) ۋە ئۇلارنىڭ بايانىغا ئاساسەن سىزىلغان مۇشۇ كىتابتىكى « X ئەســـىرنىڭ دەسلەپـــكى مەزگـــىلىدىكى تۈركـــي قوۋملارنـــىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش خەرىتىسى»گە قـاراڭ؛ هـەم مىنورسكىينىڭ « ‹هۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكستى ۋە يەشمىسى»دىكى ۋە «ئىســلام ئېنسىكلوپېدىيىســى»نىــڭ «غــۇز» ۋە «قىمــاق» ماددىسىغا قاراڭ؛ قىرغىزلارنىڭ 840- يىلى جەنۇبقا كەلگەنلىكى هــەققىدە ئــەرەب - پارســچە تارىخـــي ماتېرىـــياللاردا ئاساسەن ھېچقانداق ئىنكاس بولمىغان. بۇ ھەقتە «ئىسلام ئېنسىكلو-پېدىيىسى»نىڭ «قىرغىز»لار ماددىسىغا ۋە مۇشۇ كىتابنىڭ II باب 1- پاراگرافىغا قاراڭ. قىپچاقلارنىڭ دەسلەپكى تارىخى ئالىملارنــىڭ مۇھاكىمــە تېمىســى بولــۇپ كېلىۋاتقاچقا، مــەن ئارتۇقچە بايان قىلمىدىم.

(127) «يېڭى تاڭنامە. تۈركلـەر تەزكىرىسى. ئىككىنچى بايان، تۈركەشلەر» (6069- بەت).

(128) ئىبنى خۇردە زىبــھ: «كىــتابى مەســالىك ۋە مــەما-لىك»نى تاماملىغان ۋاقىت ھەققىدىكى تەھقىقنى دې گو-

جىنىڭ مەزكۇر كىتابقا يازغان كىرىش سۆزىگە قاراڭ ھەم بارتولدنىڭ «‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ رۇسچە تەرجىمىسى»گە يازغان كىرىش سۆز 13-، 14- بەتلەرگە قاراڭ.

(129) ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردا 840- يىلىدىن كېيىنكى تۈبۇتلەر ھەققىدە ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. بۇ بەلكىم تۈبۇتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىققانلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

(130) ئىبنى خۇردە زبىھ: «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» 6- جىلد «كىرىش سۆز.»

(131) كراچكوۋسكى: «ئەرەبلەرنىڭ جۇغراپىيە ماتېرىياللىرى» 1957- يىلى رۇسچە نەشرى، 747 — 750- بەتلەرگە قاراڭ؛ ماكۇارت بىلەن بارتولدمۇ ھىجرىيىنىڭ 272- يىلى تاماملانغان دېگەن ۋاقىتقا شۇبھىلەنمىگەن. بارتولد «‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ رۇسچە تەرجىمىسى» 12-،13- بەت.

(132) ئابى تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» خەنزۇچە تەرجىمىسى 196- بەت. ماكۇارت بىلەن بارتولد توققۇز ئوغۇزلارنىڭ شاداپىتلار ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدىكى مۇنازىرىسى بېسىقمىغان. بۇ ھەقتە مىنورسكىينىڭ «‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى»(266—268- بەتلەر) ۋە «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى» (289-، 290- بەتلەر) ۋە بارتولدنىڭ «ئوتتۇرائاسىيا تۈرك تارىخى ھەققىدە 12 لېكسىيە» (خەنزۇچە تەرجىمىسى 53-، 54- بەتلەر) ۋە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «توققۇز ئوغۇز» ماددىسىغا قاراڭ.

(133) ئىبنى خۇردە زبىھ: «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك»

(فرانسۇزچە نەشرى) 23- بەت. بۇ ئابزاسنىڭ ئاخىردا يەنە «تۈركلەرنىڭ جەمئىي 16 شەھىرى بار» دېگەن بىر جۈملە سۆز بار.

(134) يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

(135) ئىبنى فەقىه: «كىتابى بۇلدان» 5- جىلد 329- بەت.

(136) ياقۇتى: «مۆئىلجەم بۇلدان»2- جىلد 23-، 24- بەتلەرگە قاراڭ.

(137) ياقۇتنىڭ ئەسلىي مەتنىگە «بەدخش» دەپ يازغىنىدا خاتالىق باردەك قىلىدۇ. بۇ يەر ئىبنى خۇردە زبەھنىڭ «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك»دا «تۈركەش» دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

(138) فارابنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى ھەققىدە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «فاراب» ماددىسىغا ۋە بارتولدنىڭ «موڭغۇللار ئىستىلاسىغىچە تۈركىستان»نىڭ 176 — 178- بەتلىرىگە قاراڭ.

(139) «راھىب چۇ چۇجيېنىڭ غەربكە سەپىرى»؛ ليۇيۇنىڭ «غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» ۋە ياللۇغ چۇسايىنىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»گە قاراڭ.

(140) «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «تاشكەنت» ماددىسىغا قاراڭ. ئىبنى خۇردە زبەھ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ كىتابىدا يەنە « شاش بىلەن تۈرك ئېلىگە بارىدىغان يول» دېگەن قاراش بار.

(141) «تارىخى تەبەرى» 4- جىلد 712- بەتتە «بۇ يىلى (ھىجرىيىنىڭ 191- يىلى، مىلادىيە 807- يىلى).

نەسەب ئاھالىسى رافىئىگە خەت ئەۋەتىپ بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۆزلىرىنىڭ ئىسائىبنى ئەلى (ئەرەب مۇنتىزىم ئارمىيىسىنىڭ سەركەردىسى) بىلەن ئۇرۇشۇشقا

ياردەمگە كىشى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاشكەنت هاكىمىنى ئۆزىنىڭ تۈركلىرىنى ۋە بىر سەركەردىسىنى باشلاپ بېرىشقا بۇيرۇغان» دەپ يېزىلغان.

(142) مۇسۇلمانلار ئاخىر 893 - يىلى تالاسنى ئىگىلىۋالغان. 816- يىلى فازىل بۇ يەرنى قىسقا مەزگىللا ئىشغال قىلىپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن.

(143) ئىبنى خۇردە زىبە: «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» 6- جىلد 162 — 170- بەتلەرگىچە. ۋىلسوننىڭ «‹يەجۇج - مەجۇج›دىن مۇداپىئەلىنىدىغان ئىسكەندەر سېپىلى ۋە 842- يىلى خەلىپە ۋاسىقنىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ تەكشۈرتۈشى» 592 — 597- بەتلەر.

(144) ۋىسلون سەلامنى 842- يىلى 1- ئايدا يولغا چىققان دەيدۇ. لېكىن، ھېچقانداق ئاساس كۆرسەتمىگەن.

(145) ئىبنى خۇردە زىبە: «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» 6- جىلد 170- بەت؛ ۋىلسوننىڭ ماقالىسى 597- بەت.

(146) «تارىخى تەبەرى» 4- جىلد 1329- بەتتە: «ۋاسىقنىڭ خەلىپىلىك تەختىگە ئولتۇرغان ۋاقتى ھىجرىيىنىڭ 227- يىلى شەبئان ئېيىنىڭ 8- كۈنى چارشەنبە» دېيىلگەن (لېكىن، بۇ كۈنى 841- يىلى 12- ئاينىڭ 26- كۈنى دۈشەنبە ئىدى).

(147) «تارىخى تەبەرى» 4- جىلد 1338- بەتتە «ھىجرىيىنىڭ 230- يىلى 3- ئاينىڭ 11- كۈنى دۈشەنبەدە ۋاپات بولغان دېيىلگەن (لېكىن بۇكۈنى چارشەنبە ئىدى).

(148) «يەجۇج - مەجۇج» ھەققىدە فىللىئوتنىڭ «ماركو پولو»غا يازغان ئىزاھىغا قاراڭ.

(149) كاۋكاز تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىدىكى بىر ئاۋار

(جوٚرجان؟) قەبىلىسىنى كوٚرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە مىنورسكىينىڭ «‹ھۇدۇلئالەم›نىڭ تىكىستى ۋە يەشمىسى» 447 — 450- بەتلەر ۋە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «داغىستان» ماددىسىغا قاراڭ.

(150′ ۋىلسون ئىدرىسىنىڭ ئەسىرىدىن نەقىل ئېلىپ تولۇقلىغان.

(151) ئىبنى فەقىھ: «كىتابى بۇلدان» 5- جىلد 301- بېتىدە «تىلماچ سەلام خەلىپە ۋاسىق ۋە ۋەھاكازالارنى تىلغا ئېلىپ، بىر سەمارادا خەلىپە ۋاسىق يېنىدىن يولغا چىقىپ، 28 ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ ھوزۇرىغا قايتىپ كەلدۇق دېگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. مەزكۇر كىتاب ئىبنى خوٚردە زىبھىنىڭ «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» تىن نۇرغۇن مەزمۇنلارنى تاللاپ كىرگۈزگەن بولسىمۇ، قولىمىزدىكى «كىتابى بۇلدان» بولسا بىر تاللاپ تۈزۈلگەن نۇسخىسىدۇر. بۇ يەرنى ئەسلىي كىتابنى تاللاپ تۈزگۈچى قىسقارتىۋەتكەنلىكى ئېنىق. جەيھانىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «جەيھانى ماددىسىغا قاراڭ؛ ئۇنىڭ سەلامنىڭ سەپىرى ھەققىدىكى خاتىرىسىنى كېيىنكى مەزمۇنلاردىن كۆرۈۋېلىڭ؛ مۇقەددەسى «ئەھسەنۇت تەقاسىم فى مەرىفەتىل ئەقالىم» (3- جىلد 362 — 365 - بەتلەرگىچە)دا ئىبنى خوٚردە زىبھىنىڭ خاتىرىسىنى قىسقىچە بايان قىلغان بولسىمۇ، بەزى مەزمۇنلار ئىبنى خوٚردە زىبھىنىڭ «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» (6- جىلد)تىكى تەپسىلاتلاردا ئۇچرىمايدۇ ھەم سەلامنىڭ شەرقتىكى پائالىيىتىنىڭ ئورنىنى تىلغا ئالمىغان. ئىدرىسىنىڭ سەلامنىڭ سەپىرى ھەققىدىكى خاتىرىسى ھەققىدە ۋىلسوننىڭ ماقالىسىگە

قاراڭ.

(152) مۇقەددەسى: «ئەھسەنۇت تەقاسىم فى مەرىفەتىل ئەقالىم» 3- جىلد 362- بەت.

(153) كراچكوۋسكىي: «ئەرەبلەرنىڭ جۇغراپىيە ھۆججەتلىرى» 1957- يىلى رۇسچە نەشرى 138- بەت.

(154) ۋىلسون ماقالىسىنىڭ 599 — 601-، 602- بەتلىرىدە دې گوجېنىڭ كۆزقارىشى ھەققىدە توختالغان.

(155) ۋىلسوننىڭ ماقالىسى 610- بەت.

(156) دې گوجېنىڭ: «يەجۇج - مەجۇج سېپىلى» دېگەن ماقالىسىنى ئۆزكۆزۈم بىلەن كۆرمىدىم.

(157) ۋىلسوننىڭ ماقالىسىنىڭ 602- بېتىدىن نەقىل ئالدىم.

(158) يۇلى: «جۇڭگو ۋە جۇڭگوغا بارىدىغان يوللار» 1- قىسىمغا كىرگۈزگەن قوشۇمچە خەرىتىگە قاراڭ.

(159) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسلىي مەتنى 625 ۋە 98- بەتلەر بىلەن يۇمىلاق خەرىتىگە قاراڭ؛ مىنورسكىينىڭ «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى» 290-، 291- بەتلەرگە قاراڭ.

(160) ۋىلسوننىڭ ماقالىسىنىڭ 599- بېتىدىن نەقىل ئالدىم. بۇ ئابزاس قۇدامەنىڭ كىتابىدىكى 169-ئىزاھتىمۇ بار.

(161) ئەسلىي مەتىننىڭ باسمىسىدا خاتالىق بار. ۋىلسون «كرورەن» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان.

(162) بارسخان ھەققىدىكى، نۇشەجان بىلەن بارسخاننىڭ مۇناسىۋىتى ۋە يۇقىرىقى تۆۋەنكى بارسخاننىڭ ئورنى ھەققىدىكى تەھقىقلەرنىڭ تەپسىلاتىنى مىنورسكىينىڭ «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى» دېگەن ماقالىسىنىڭ 290-،

291- بەتلىرىگە قاراڭ.

(163) دې گوجې تەھقىقلىگەن قۇدامەنىڭ كىتابى (6- جىلد) 169- بەتتىكى 6- ئىزاھىغا قاراڭ.

(164) ئىدرىسى ئالتىنچى بەلۋاغ توققۇزىنچى رايونىنى بايان قىلغاندا «‹يەجوج - مەجوج سېپىلى› بەزى ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ئىش بولۇپ، ئەمدىلىكتە تارىخنامىلەر مۇئەييەنلەشتۈردى. تىلماچ سەلام بايان قىلغان ئىشلارنى ئىبنى خۇردە زىبىھ كىتابىدا بايان قىلغان. ئەبۇ ناسىر جەيھانىمۇ ئوخشاشلا بۇ ئىشنى يېزىپ قويغان» دەيدۇ. ۋىلسون (ماقالىسىنىڭ 597-، 598- بەتلەر) ئىبنى خۇردە زىبىھنىڭ «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك»تىكىگە ئوخشىمايدىغان مەزمۇنلار جەيھانىنىڭ كىتابىدىن ئېلىنغان دەپ قارايدۇ.

(165) ۋىلسوننىڭ ماقالىسىگە قاراڭ.

(166) كومېپكوۋ: « XI — IX ئەسىرلەردىكى قىماقلار ئېلى» 1972- يىلى رۇسچە نەشرى، 69- بەتتە ئىدرىسىنىڭ كىتابىدىكى خەرىتىنى نەقىل ئالغان.

(167) موريياسۇ تاكائونىڭ: «تۈبۈتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇزى» دېگەن ماقالىسىنىڭ 271- ئىزاھىغا ئېلىنغان نەقىلدىن نەقىل ئالدىم.

(168) يەئىقۇبى «كىتابى بۇلدان» 7- جىلد 295- بەت.

# III باب قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى تەرەققىياتى

## §1 . قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى

840- يىلىدىكى ۋەقەدىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئاساسەن تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارغا يەرلەشتى ھەم تەدرىجىي ھالدا يېڭى بىر ھاكىمىيەت تىكلىدى. بۇ ھاكىمىيەت، تارىخىي ماتېرىياللاردا قوچو ئۇيغۇر- لىرى دەپ ئاتالدى. قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تىكلىنىشى ۋە تەرەققىياتى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي رايونلىرىدىكى كاتتا ۋەقە ھېسابلىنىدۇ.

داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10- يىلى (856- يىلى) تاڭ سۇلالىسى كۇسەن - ئاگنى ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر قاغانى مەڭلىگ تېكىنگە نام - ئاتاق بېرىپ يەتكۈزەلمىگەندىن كېيىن، ھەر- قايسى تارىخىي ماتېرىياللاردا تەڭرىتاغنى يادرو قىلغان غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى پائالىيەتلەرگە نىسبەتەن سۈكۈتتە تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا مەڭلىگ تېكىن ياكى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ

گــەنجۇغا كۆچكەنلىكىگــە دائىــر مۇجمــەل خاتىــرىلەرلا قالدۇرۇلدى[1].

«كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» (5215- بەت)دە:
«ئۇگە سىگىلىسىنى سىبىرلارغا ياتلىق قىلىپ، ئۇبدان خەۋەر ئېلىشقا تاپشۇردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىرى گىگىنچۇر ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئالتۇنتاغدا ئۇگەنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قىستىدى ھەم ئۇنىڭ ئىنىسى ئىنان تېكىننى قاغان قىلىپ تىكلىدى، يەنە 5000 دىن ئارتۇق قوۋملىك بولدى. ئۇلار يەيدىغان ئاشلىق ۋە قويلارنى تاتابى خانى شوشران تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئىدى. داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى (847- يىلى) باھاردا، جاڭ جوڭۋۇ تاتابىلارنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ تەمىنلىنىش مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، ئۇلار تەدرىجىي توزۇپ كەتتى. 2- يىلى باھارغا كەلگەندە بەگ - تۆرە ئۇنۋانى بار 500 كىشىلا سىبىرلارغا باش ئېگىپ كەلدى. دەل شۇ چاغدا جاڭ جوڭۋۇ تەنتەنە قىلىپ يۇجۇغا قاراپ مېڭىپ سىبىرلار تەۋەلىكىگە كېلىپ قالدى. جاڭ جوڭۋۇ ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇۋېتىشنى، ئىنان قاتارلىق كىشىلەرنى يۇجۇغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇدى. ئىنان قاتارلىق كىشىلەر قورقۇپ كەتكەچكە شۇ كېچىسى ئايالى قارلۇق، ئوغلى دۇس تېكىن قاتارلىق توققۇز كىشى ئات بىلەن غەربكە قاراپ قاچتى. ئۇنىڭ قوۋملىرى قوغلاپ يېتىشەلمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىر، بەگ - تۆرىلىرىدىن باشلاپ چوڭ - كىچىك ھەممىسى ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. سىبىرلار ئۇيغۇر قوۋملىرىنى يەتتە تۈركۈمگە بۆلۈپ، يەتتە سىبىر قەبىلىسى بىر تۈركۈمدىن بۆلۈشىۋالدى. ئۈچ كېچە ئۆتكەندە، قىرغىزلار ۋەزىرى ئابار يەتتە تۈمەن لەشكەر بىلەن كەلدىم، دەپ

داۋراڭ سىلىپ، غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى تيەندى قورۇقىنىڭ شىمالىي چىگرىسىغا كېلىپ ئىنان ۋە باشقا ئۇيغۇرلارنى بىزگە بېرىسەن، دەپ ئۇرۇشۇپ سىبىرلارنى ئىغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. سىبىرلار تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئابار چۆلىنىڭ شىمالىغا قايتۇرۇپ كەتتى. سىرتتا قالغان نەچچە تۇمەن ئۇيغۇرلار ئورمانلىقلارنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىۋېلىپ بۇلاڭچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ئەنشىدىكى مەڭلىگ تېكىنىنىڭ يېنىغا كېتىشكە تەلپۈنىدىكەن. مەڭلىگ تېكىن ئۇزىنى قاغان تىكلەپ چۆلنىڭ غەربىدىكى شەھەرلەرنى ئىگىلىۋاپتىمىش. ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان قاغان زەئىپ بولۇپ، ھوقۇقىنى ۋەزىرى چاڭگىلىغا ئىلىۋالغانىمىش، ئۇلار گەنجۇغا يەرلىشىپتۇ. ئۇلار بۇرۇنقىدەك گۈللەنگەن ھالىتىگە كېلەلمەپتىمىش. ئەمدى «سۇلالىمىزگە ئەلچى ئەۋەتتى ھەم قاشتېشى ۋە ئات بىلەن يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشىپ قايتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» (6133- بەت) بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۈرنەكلىرى. تاڭ سۇلالىسى خاتىرىسى»نىڭ «شۈەنزۇڭ خانىنىڭ داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى ۋە ئىككىنچى يىلى» (8030 — 8032- بەتلەر)دىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ تاتابى خانى ۋە سىبىرلارغا باش ئەگكەنلىكى بىلەن كېيىن قىرغىزلارنىڭ قايتۇرۇپ كەتكەنلىكىگە دائىر خاتىرە «يېڭى تاڭنامە»دىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۈرنەكلىرى»دىكى كونكرېت خاتىرىلەنگەن يىل - ئاي

ۋاقىتتىغا قاراپ، ئۇ ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنىڭ «ئۇردا خاتىرىسى»دىن ئېلىنغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن، سۆزلىڭ سۆلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن بۇ ئىككى كىتابتىكى ئەنشى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا دائىر بايانلاردا قالايمىقانلىق كۆرۈلگەن. يەنى، «يېڭى تاڭنامە»دە:

... (قىرغىزلار) تامامى ئۇيغۇرلارنى چۆلنىڭ شىمالىغا كۆچۈرۈپ كەتكەن. قالغانلىرى ئورمانلىقلارغا مۆكۈنۈۋېلىپ قاراقچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان. ئاز بىر قىسمى مەڭلىگ تېكىن تەرەپكە كەتكەن. بۇ چاغدا مەڭلىگ تېكىن ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، گەنجۇغا يەرلىشىپ، چۆلنىڭ غەربىدىكى شەھەرلەرنى ئىگىلىۋالغان. شۇەنزۇڭ خان خارابە - چەت ياقىلارنى بېقىندۇرۇشنى زۆرۈر بىلىپ، ئۇلارنىڭ لىڭجۇ ئايمىقىدىكى ئاقساقىلىغا ئەلچى ئەۋەتكەن. ئۇيغۇرلارمۇ ئەلچىگە قوشۇپ ئاستانىگە كىشى ئەۋەتكەن. شۇەنزۇڭ خان رەملۇغ تەڭرىدە بولمىش ئالپ كۈلۈگ بىلگە جيەنخۇەي (ئەل قۇرۇش ئىستىكىدە بولغۇچى) قاغان دەپ ئاتاق بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى 10 نەچچە يىلدا ئۇزۇلدۇرمەي يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سوۋغا قىلىپ تۇرغان، دەپ يېزىلغان بولسا، «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمى ئۆرنەكلىرى»دە: «(قىرغىزلار) ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق قالدۇق قوۋملىرىنى چۆلنىڭ شىمالىغا قايتۇرۇپ كەتكەن. قالغان نەچچە تۈتۈن تاغ - ئورمانلارغا قېچىپ كىرىۋېلىپ، بۇلاڭچىلىق قىلغان. باشقا قەبىلىلەر دەسلىپىدە ئەنشىدە مەڭلىگ تېكىننىڭ قولىدا بولۇپ، گەنجۇغا يەرلىشىپ چۆلنىڭ غەربىدىكى تامامى شەھەرلەرنى ئىگىلىۋالغان. بۇلار ناھايىتى ئاجىزلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بەزىدە ئوردىغا سوۋغا

ئەكېلىپ تۇرغان» دەپ يېزىلغان.

داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10- يىلى مەڭلىگ تېكىن ئەنشىدە بولغاچقا، بۇ ئىككى كىتابنى تۈزگۈچىلەر چوقۇم مەڭلىگ تېكىننىڭ ئەنشىدە قاغان بولۇپ، چۆلنىڭ غەربىدىكى شەھەرلەرنى ئىگىلىۋالغانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ نام- ئاتاق بەرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان قاغاننى ۋەزىرى كونترول قىلىۋالغانلىقى، ئۇلارنىڭ گەنجۇغا يەرلەشكەنلىكىدەك ئۈچ ئىشنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» (14114- بەت) بىلەن «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما. ئەتراپتىكى يات قوۋملاردىن ئۇيغۇرلار» (7714- بەت)دا تېخىمۇ قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەن. نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار بۇنداق خاتىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە مايىل[2] ھەم كېيىنكى كۈنلەردىكى قوچو ئۇيغۇرلىرى خانلىقىنى مەڭلىگ تېكىن ياكى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قۇرغان بولماستىن، بەلكى 866- يىلى ئەتراپىدا تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدا پەيدا بولۇپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ كاتتىۋېشى بۇقۇچىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. مەڭلىگ تېكىن ياكى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ گەنجۇغا كۆچكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان، ياكى مەڭلىگ تېكىننىڭ گەنجۇغا كۆچكەنلىك ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئالىملاردىن كۇۋادا روكۇرو، ۋاڭ رىۋېي، ھامىلتون، ئابى تاكېئو، خانېدا تورو، مائىدا ماسانا قاتارلىقلار بار. فېڭ جاشېڭ، چېڭ سۇلۇ، مۇ گۇاڭۋېن قاتارلىقلارمۇ مەڭلىگ تېكىننى گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ بوۋىسى دەپ قارايدۇ. مەڭلىگ تېكىن ياكى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ گەنجۇغا كۆچكەنلىكىگە دائىر كۆزقاراشلارنىڭ ئىشەنچلىكرەك

بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، تارىخىي ماتېرىياللار تولۇق بولمىغان ئەھۋالدا، «كونا تاڭنامە»نى تۈزۈشكە نازارەتچىلىك قىلغان. كېيىنكى تاڭ سۇلالىسى ۋە كېيىنكى جىن سۇ- لالىسىدە ۋەزىر بولغان لىيۇشۇ (887 — 946- يىلىغىچە ياشىغان)نىڭ كۆزقارىشى ھەممىدىن مۇھىم. ئەينى چاغدىكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى كېيىنكى تاڭ سۇلالىسى ۋە كېيىنكى جىن سۇلالىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغان. لىيۇشۇ ئۇيغۇر ئەلچىلىرىدىن ئەجدادلىرىغا دائىر ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلىگەن. بۇ ئۇچۇرلار زامانىمىزدىكى خاتىرىلەر ياكى تارىخ كىتابلىرىدا ھەرگىز ئۇچرىمايدۇ.

بۇقۇچىنىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار تۆۋەندىكىچە:

«كونا تاڭنامە. يىزۇڭ خان ھەققىدە خاتىرە» (660- بەت)[3]: (شىيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7- يىلى، 866- يىلى) 10- ئايدا (11- ئاينىڭ 11- كۈنىدىن 12- ئاينىڭ 10- كۈنىگىچە) شاجۇ ئايمىقىدىكى جاڭ يىچاۋ مەلۇمات يوللاپ ئۇيغۇرلارنىڭ كاتتىۋېشى بۇقۇچىنىنى تۇبۇتلەرنىڭ ۋەزىرى زان كومبېزېر بىلەن ئۇرۇشۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇ تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ زان كومبېزېرنىڭ بېشىنى ئاپتۇ. ئاستانىگە يەتكۈزمەكچى، دەپ خەۋەر بەردى.

«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» (6133-، 6134- بەتلەر).

يىزۇڭ خان دەۋرى (860 — 874- يىللىرى)دە، بۈيۈك كاتتىۋاش بۇقۇچىن بېشبالىقتىن كېلىپ تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ زان كومبېزېرنىڭ بېشىنى كېسىپتۇ. قۇچۇ، ئۇرۇمچى قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلەپ، تارقان بىقاينى

سەلتەنتىمىزگە ئەسىرلەردىن ھەدىيە قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ. پەرمان كۈتۈپ تۇرىدۇ. يارلىق چۈشۈرسەڭ.

«يېڭى تاڭنامە. تۈبۈتلەر تەزكىرىسى» (6108- بەت).

(شيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7- يىلى)، بېشبالىق ئۇيغۇرلىرىدىن بولمىش بۇقۇچىن قۇچۇغا تېگىش قىلىپ، قۇچۇ تەۋەلىكىدىكى جايلارنى تارتىۋاپتۇ. شەنجۇ ئايمىقىنىڭ ھىسار بېگى جاڭ جيۇڭ زان كومبېزېر بىلەن ئۇرۇشۇپ، غەلىبە قىپتۇ. ئولجا ئالغان دۇبۇلغا - ساۋۇتلارنى تۆھپە قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. تۈبۈتلەرنىڭ قالدۇقلىرى بىنىڭغا تېگىش قىلغاندا ھىراۋۇل شۆخوگزوڭ چېكىندۈرۈپتۇ. بۇقۇچىن تۈبۈتلەر بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپ زان كومبېزېر بېشىنى ئاستانىگە ئەۋەتىپتۇ.

«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى. تاڭ سۇلالىسى ھەققىدە خاتىرە» (8113- بەت).

(شيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7- يىلى) باھاردا، يەنى 2- ئاي (2- ئاينىڭ 19- كۈنىدىن 3- ئاينىڭ 20- كۈنىگىچە)دا ھەقىقەتكە قايتقان ھىراۋۇل جاڭ يىچاۋ بېشبالىق ئۇيغۇر- لىرىدىن بولمىش بۇقۇچىن قۇچۇ، بېشبالىق، بۆگۈر، چىڭ جىن (؟) قاتارلىق شەھەرلەرنى پەتھى قىپتۇ، دەپ مەلۇمات يوللىغان.

زان كومبېزېر گوجۇدا ئەتراپتىكى قەبىلىلەرنى يىغىپ چېگرىدا چاتاق چىقارماقچى بولغاندا باشقا قەبىلىلەر ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى دۈشمەن بىلىپ، بىرسىنىمۇ كەچۈرمەپتۇ. دۈشمەنلىرى شەنجۇدىكى توبا (تابغاچ) خوۋيگۇاڭغا ھال ئېيتىپتۇ. كەبىسە ئېيى (4 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 17-

كۆنگىچە)دا تۆپۆتلەر بىنىڭغا تېگىش قىلغاندا، ھىراۋۇل شۆخوڭرۇڭ چېكىندۈرۈپتۇ.

قىشتا، يەنى 10- ئايدا (11- ئاينىڭ 11- كۈنىدىن 12- ئاينىڭ 10- كۈنىگىچە)... توبا خۇيگۇاڭ 500 كىشىلىك سۇۋار قوشۇن بىلەن گوجۇغا بېسىپ كىرىپ، زان كومپېزېرنى تىرىك تۇتۇپتۇ. ئاۋۋال پۇتىنى كېسىپ نەچچە كۈندىن كېيىن بېشىنى كېسىپ ئاستانىگە ئەۋەتىپتۇ. زان كومپېزېرنىڭ قوۋملىرى شەرقتىكى چىنجۇغا قېچىپ بېرىپتۇ. شاڭ يەنشىن لەشكەر چىقىرىپ تارمار قىلغانلىقىنى لىڭنەندىن بەرگەن مەلۇماتى ئارقىلىق ئۇققان، تۆپۆتلەر شۇنىڭدىن باشلاپ خارابلىشىپ كەتتى. خان ۋە پۇقرالىرىنىڭ قاياققا كەتكەنلىكىدىن خەۋەر يوق.

«يېزوڭ خانغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»[4]: (شيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7- يىلى باھارنىڭ 2- ئېيىدا) جاڭ يىچاۋ مەلۇمات يوللاپ بۇقۇچىنىنىڭ شىچى ۋە ئەتراپتىكى قەبىلىلەرنى قايتۇرۇۋالغانلىقى، ئۇيغۇر - خەنزۇ لەشكەرلەرنى پىستىرمىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قۇچۇنى تارتىۋالغانلىقىنى تەبرىكلەش داۋرىقى قىلىۋاتقانلىقىنى يەتكۈزگەن.

جاڭ يىچاۋ يەنە شەنجۇنىڭ ھىسار بېگى جاڭ جيۇڭ توباخۇيگۇاڭ ئەۋەتكەن زان كومپېزېرنىڭ سەردارلىرى ۋە ئۇنىڭ قورال - ياراغلىرىنى تۆھپە قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات يوللاپتۇ.

1942- يىلى فۇجىي ئاكىرا «شاجۇدىكى ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەر ھىراۋۇلىنىڭ باش - ئاخىرى(2)» دېگەن ماقالىسىدە بۇقۇچىن ۋە پۈتكۈل ۋەقەنى تەتقىق قىلىپ «ئەلنى ئىدارە

قىلىشىنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشىنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرىگە دائىر تەھقىقلەر»دە نەقىل ئېلىنغان. «يىزوڭ خانغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، «كونا - يېڭى تاڭنامە»دە بۇقۇچىننىڭ قۇچۇ، بېشبالىقنى تارتىۋالغانلىقى بىلەن جاڭ جىيوڭ، توبا خۇەيگۇاڭ زان كومبېزېرنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن، دەپ قارايدۇ[5]. فۇجىي ئاكىرا بۇ ئىككى ۋەقەنى توغرا پەرقلەندۈرۈپ، «بۇقۇچىن قۇچۇ ئۇيغۇرخانلىقىنى قۇرغان» دېگەن كۆزقاراشقا ئاساس سالغان بولسىمۇ، بۇقۇچىن بىلەن جاڭ يىچاۋ ۋە مەڭلىگ تېكىننىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلماي، كۇۋادا رىوكۇرونىڭ «جاڭ يىچاۋ بۇقۇچىننى ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن» دېگەن گۇمانىغا مۇنداقچىلا قوشۇپ قويغان[6] ھەم «بېشبالىق ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتىلىشىغا قاراپ، بۇقۇچىن بىلەن مەڭلىگ تېكىن بىر تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلار ئەمەس دەپ ئويلاپ، بۇقۇچىننىڭ «تارتىۋالغىنى» داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5- يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىكى قۇچۇ ئىدى، دەيدۇ. بۇنىڭدىن نۇجىي ئاكىرانىڭ بۇقۇچىننىڭ دۇمۇ يازغان «پەنچۇەن توپلىمى»دا تىلغا ئېلىنغان قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى ئىكەن دەپ قارايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1955- يىلى ئابې تاكېئو «غەربىي ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە[7]، فۇجىي ئاكىرانىڭ كۆزقارىشىنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ دەلىللەپ چىقىپ، بۇقۇچىن بولسا داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5- يىلى تاڭ سۇلالىسىگە تاۋاپقا كەلگەن قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كاتتىۋېشى ئىل ئۆگە، يەنى بېشبالىقتا

تۇرىدىغان ئۇيغۇر خانى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتىدۇ ھەم شىيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7- يىلى بۇقۇچىن قوغلاپ چىقارغانلار تۇبۇتلەر ئىدى، دەپ قارايدۇ.

1977- يىلى موريياسۇ تاكائو ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىسىدە[8]، فۇجىي ئاكىرا، ئابى تاكېئونىڭ بۇقۇچىن بىلەن زان كومبېژېرنى ئايرىپ ئانالىز قىلىشىغا قوشۇلغان ھەم ئۇلارنىڭ تۇبۇتلەر داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5- يىلى (851- يىلى)دىن كېيىنكى مەلۇم بىر چاغدا قۇچۇ بىلەن بېشبالىقنى ئىگىلىۋالغانلىقىغا دائىر كۆزقاراشلىرىنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى، ئاگنى مەڭلىگ تېكىننىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى؛ گۇاجۇ بىلەن شاجۇنى جاڭ يىچاۋنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان قوشۇنلىرىنى ساقلاۋاتقاچقا 840- يىلىدىن كېيىن، تەسىر كۈچى خوراپ كەتكەن تۇبۇتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە قۇچۇ، بېشبالىق ئەتراپىغا يېتىپ بارالمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. ئۇ «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»دىكى ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، «مەڭلىگ تېكىن ئاگنى شەھىرىدە يابغۇ بوپتۇ. باشقا قوۋملار جىنىشا چوققىسىنى قوغداۋېتىپتۇ. ئىككى لەك ئادىمى بارمىش» دېگەن خاتىرىگە دىققەت قىلىپ، بۇقۇچىن ئەسلىي مەڭلىگ تېكىننىڭ قول ئاستىدىكى ئادەم، دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە گەردىزىنىڭ كىتابىدىكى پەنجىكەنت ۋە چىناجكەنتنىڭ خانى كۆل تېكىن ئاكىسىنى يوقاتقانلىقى، ئاگنى (قاراشەھەر)دىكى توققۇز ئوغۇز قاغان ھەققىدىكى خاتىرىلەر بۇقۇچىننىڭ مەڭلىگ تېكىن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنى، يەنى شىيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7- يىلى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئۇرۇش ئۇيغۇرلارنىڭ

ئىچكى قىسمىدىكى جەڭگى - جېدەللەرنى ئەكس ئەتتۇرگەن دەپ قارايدۇ.

1983- يىلى، مالىياۋكىن يۇقىرىقى تەتقىقاتلار ئاساسىدا، يۇرەكلىك بىلەن بۇقۇچىننى ئەسلىي گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىدا ھەرگىزمۇ تار مەنىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ رەھبىرى بولماستىن، بەلكى ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ داھىيسى ئىكەن دەپ بىلىپ، ئۇلار مەڭلىگ تېكىن ياكى ئۇگە بىلەن قاچىغان بولسىمۇ، 866- يىلى ئەتراپىدا قىتانلارنىڭ بېسىمى بىلەن گوبىنىڭ شىمالىدىن بېشبالىق ۋە قۇچۇغا كۆچۈپ كېلىپ قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان، دەپ قارايدۇ[9].

يۇقىرىقى تەتقىقاتلاردا، بولۇپمۇ 70 — 80- يىللاردا مورىياسۇ تاكائو بىلەن مالىياۋكىننىڭ بۇقۇچىن ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىدا كەمچىللىك ساقلانغان. مالىياۋكىننىڭ بۇقۇچىن ئوغۇز قوۋملىرىنى باشلاپ 866- يىلى ئەتراپىدا گوبىنىڭ شىمالىدىن «چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان» دېگەن قارىشى پەقەت لوگىكىلىق قىياس بولۇپ، تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئاساس تاپقىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە ئەينى چاغدا گوبىنىڭ شىمالى ھاكىمىيەتسىز بوشلۇقتا تۇرۇۋاتاتتى. «لىياۋ سۇلالىسى تارىخى»دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، قىتانلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنفۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى (902- يىلى) كۆزدە يوللۇغ ئاپاگى تۆت لەك لەشكەر باشلاپ خېدوڭنىڭ شىمالىغا جازا يۈرۈش قىلغاندىن باشلاپ غەربكە كېڭەيگەن. ھەم IX ئەسىرنىڭ 60 — 70- يىللىرىدا قىتانلارنىڭ گوبىنىڭ شىمالىدا زومىگەر بولغانلىقىغا دائىر چۈشەندۈرگۈدەك تارىخىي ماتېرىيال يوق. ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن بىر-

بىرلەپ غەربكە يۆتكەلگەن سىبىر، تاتار قوۋملىرىمۇ مەلۇم كۆلەمگە ئىگە ھاكىمىيەت قۇرالمىغان[10]. ئەكسىچە، «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» (8181- بەت)دە تاڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنفۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى (875- يىلى) «ئۇيغۇرلار قارا ئۇگۇز (ھازىرقى ئىدزىنغول دەرياسى)گە قايتىپ كەلگەن. 11- ئايدا يالۋاچ توڭرا ئۇلۇغنى ئوردىغا ئەۋەتكەن. (تاڭ سۇلالىسى) تۇمەن توپ قۇتقۇزۇش تاۋار- دۇردۇنى ھەدىيە قىلغان» دېگەن مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر ئەينى چاغدىكى قارا ئۇگۇز، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىي ماكانى ھاكىمىيەتسىز بوشلۇقتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇرىياسۇ تاكائونىڭ ئويى مۇۋاپىقراق بولسىمۇ، ئۇنىڭ داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5- يىلى تاڭ سۇلالىسىگە تاۋاپقا كەلگەن قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كاتتىۋېشىنى مەڭلىگ تېكىن ئەۋەتكەن[11] دەپ قارىشىنىڭ ئاساسى يوقلۇقى ئېنىق. يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، قۇچۇ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5- يىلى مەڭلىگ تېكىندىن بۆلۈنۈپ چىققان. 10- يىلىغا كەلگەندە گۇاجۇ ھاكىمىيىتى بىلەنمۇ قارشىلىشىپ قالغان. بۇقۇچىن بۇ چاغدا گۇاجۇ ھاكىمىيىتى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالمىغان. «كونا تاڭنامە»، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»دىكى بۇقۇچىننى جاڭ يىچاۋ ئەۋەتكەنلىكىگە دائىر خاتىرىلەرنى «ئوردا خاتىرىلىرى» ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولمىسىمۇ، بۇ بۇقۇچىن بىلەن گۇاجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى يامان ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىدىكى قۇچۇ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنى كېيىنكى كۇنلەردىكى بۇقۇچىن، دەپ تەھقىقلەش ئۇمىدىدە بولساق، كۆز ئالدىمىزدا يەنە نۇرغۇن

ئاساسسىز، ماتېرىيال ئىشلەتمەي ياسىۋالغان بوش ھالقىلار نامايان بولىدۇ.

شۇنداقتىمۇ 866- يىلىدىكى ۋەقەنى چۈشەندۈرمەك تەس بولسىمۇ، بۇقۇچىنىڭ قۇچۇنى ئىگىلىۋالغانلىقى شۈبھىسىز.

دۇنخۇاڭ ۋەسىقىلىرىدىكى 3451- ۋاراق «جاڭ خۇەيشىن ھەققىدىكى مەداھىلىق قىسسىلىرى» (قىياسەن قويۇلغان نام) دەپ ئاتالغان[12] بولۇپ، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن مەزمۇنغا باشقىچىرەك كۆزقاراشتا بولۇۋاتىمەن. شيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 8- يىلى (867- يىلى) جاڭ يىچاۋ ئوردىغا تاۋاپقا كېلىپ ئاستانىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغاندىن كېيىن، جاڭ خۇەيشىن پەرمانغا بىنائەن ھەقىقەتكە قايىتقان لەشكەرگە رەھبەرلىك قىلىپ، داشۇن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى (890- يىلى) ۋاپات بولغان[13]. بۇ مەداھىلىق قىسسىدىكى باش پېرسوناژ بولمىش «دىۋان بېگى» غەربتىن، يەنى قۇچۇ ئەتراپىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلارغا جازا يۈرۈش قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. سۈن كەيدىنىڭ تەتقىق قىلىشىچە بۇ «دىۋان بېگى» بولسا جاڭ خۇەيشىن، بۇ ۋەقە بولسا كېچىككەندىمۇ جوڭخې سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4- يىلى (884- يىلى)دىن كېيىن ياكى چيەنفۇ سەلتەنەت دەۋرىدىكى يىللار (874 — 879 - يىللىرى)دا يۈز بەرگەن ئىكەن[14]. ۋاڭ جوڭمىن قاتارلىقلار تۈزگەن «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مەداھىلىق قىسسىلىرى توپلىمى»نىڭ «تەھقىقلەش خاتىرىسى»دە بۇنداق قاراشنى ئاساسەن توغرا دەپ قاراپ، جاڭ جىڭچۇ يازغان «جاڭ خۇەيشىننىڭ قەبرە تېشى»دىكى «چيەنفۇ سەلتەنەت دەۋرىدە، قايتا تۆھپە - كارامەت نامايان قىلىپ، داغدۇغا ھەشەمەتلەر

بىلەن قەلئەگە قەدەم تەشرىپ قىلدىلەر، كەلگەن تۆرە سوڭ گۇاڭتىڭ ئېيدىلەر» دېگىنى بەلكىم مۇشۇ ۋەقەنى كۆرسەتسە كېرەك. سوڭ گۇاڭتىڭ بولسا «توققۇزنىڭ بىرى» دەيدۇ[15]. لېكىن، يېقىندا روڭ شىنجاڭنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، مەدداھلىق قىسسىسىدىكى دېۋان بېگىنىڭ جاڭ خۇەيشىن ئىكەنلىكى شەك - شۈبھىسىز بولسىمۇ، مەدداھلىق قىسسىسىدىكى ۋاقىتنى چيەنفۇ، جوڭخې سەلتەنەت دەۋرىدىكى يىللار، دەپ بېكىتىشكە بولمايدىكەن. چۈنكى، قىسسىنىڭ ئاخىردىكى مىسرادا ئېيتىلغان «ئەمرى زېمىن» دېگەن ئاتالغۇنى تەتقىق قىلىشقا ئاساسلانغاندا، مەدداھلىق قىسسىسى تۈزۈلگەن ۋاقىت جاڭ يىچاۋ ئوردىغا تاۋاپقا كەلگەن شيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 8-يىلىدىن 13- يىلى (867 — 872- يىللىرى)غىچە بولۇشى تەسۋىرلەنگەن. ۋەقەمۇ شۇ مەزگىللەردە ياكى شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمىگەن ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بولۇشى، «مەدداھلىق قىسسىسىنى شيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 13- يىلىدىن ئۇزاق ئۆتمىگەن بىر چاغدا شاجۇلۇق بىر ئەدىب يازغان بولۇشى كېرەك[16]» ئىكەن. شۇڭا، بۇ مەدداھلىق قىسسىسى بىزگە شيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 8- يىلى جاڭ يىچاۋ ئوردىغا تاۋاپقا كېلىپ ئاستانىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغاندىن ئۇزاق ئۆتمەي، شاجۇنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەندە، جاڭ خۇەيشىننىڭ لەشكەرلىرى تارمار قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلار شيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7- يىلى ئەمدىلا قۇچۇ ۋە بېشبالىق قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىۋالغان بۇقۇچىندۇر.

دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇچە «تۆت كۆپلىپ شېئىر»

بۇقۇچىن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكىتى مەسىلىسىنى تېخىمۇ يېڭى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ شېئىرنىڭ تۆتىنچى كۇپلېتىدىكى «تەڭرىدە بولمىش بۇقۇخان چىيەنفۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى 4- ئاينىڭ 24- كۈنى يىجۇ (قۇمۇل)نى پەتھى قىلدى... جۇچۇەنىنى تالان - تاراج قىلغاندىن كېيىن چېكىنگەنلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالدى. تەسىس قىلغاچ ...» دېگەنلەر بىلەن «ئۇيغۇرلار ئالامەت ۋەھشىي ئاتالدىلەر» دېگەن جۈملىدىن شىيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7- يىلى ئۇيغۇرلار قۇچۇ، بېشبالىقنى ئىگىلىگەندىن كېيىن 2- يىلى شاجۇغا تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەندە جاڭ خۋەيشىننىڭ زەربە بەرگەنلىكىنى، چىيەنفۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلىغا كەلگەندە، ئۇيغۇرلار تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي رايونىدا پائالىيەت قىلىۋېتىپلا قالماي، يەنە قوشنىسى يىجۇغا ھۇجۇم قىلىپ شەرققە قاراپ تەرەققىي قىلىش كويىدا بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ[17]. ئەمەلىيەتتە قۇمۇل ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار شاجۇ ھاكىمىيىتى نەچچە رەت كۈچ سىنىشىپ بولغان ئىدى. «جاڭ خۋەيشىن ھەققىدىكى مەدداھلىق قىسسىسى»نىڭ ئاخىرىغا كۆچۈرۈپ قويۇلغان جاڭ خۋەيشىن مەدھىيىلەنگەن بىرقانچە مىسرادىن «غەربتىكى يىجۇنى تارتىۋېلىپ... (بۇ يەرلەر كەمتۈك) ئەسلىي يۇرتىنى قايتۇرۇۋالدۇق؛ قوشنا ئەللەر ھەرچاغ... (بۇ يەرلەر كەمتۈك) تاڭ ئېلىگە» دېگەنلەرنى تاپقىلى بولىدۇ[18]. بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلارمۇ شاجۇ ھاكىمىيىتى بىلەن يىجۇدا كۈچ سىناشقان ھەم بىر مەھەل قۇمۇلنى ئىگىلىۋالغان.

ئۇنداقتا، بۇقۇچىن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار چيەنفۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلىدىن كېيىن يىجۇ (قۇمۇل)نى ئۇزاق مۇددەت ئىگىلىۋالغانمۇ؟

«شاجۇ، يىجۇ تەزكىرىسى[19]» ئۇنداق بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ تەزكىرىنى جاڭ خۇەيشىننىڭ مۇشاۋىرى جاڭدا چىڭ گۇاڭچى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى 12- ئاينىڭ 25- كۈنى (886- يىلى 2- ئاينىڭ 9- كۈنى) لىڭجۇنىڭ سىلاۋچىبېگىدىن كۆچۈرۈۋالغان ئىكەن. قىزىق يېرى شۇكى، بۇ تەزكىرىدە بۇقۇچىن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇمۇلغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان. تەزكىرىنىڭ مەزمۇنى، بولۇپمۇ «سۇلالىمىز يىجۇ ئايمىقىنى تەسىس قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي تۇبۇتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4- يىلى جاڭ يىچاۋ يىجۇنى قايتۇرۇۋالدى. شاجۇدا چاڭ، لوڭ قەبىلىلىرىدىن 1300دەك كىشى ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئىكەن» دېگەندىن قارىغاندا، داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4- يىلى (850- يىلى)دىن تەزكىرە تاماملانغۇچە بولغان ئارىلىقتا يىجۇ ئاساسەن شاجۇدىكى ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولغان. تەزكىرە تاماملانغان ئېنىق قەرەلىنى بىلەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، تەزكىرىنىڭ «تەگرىدە بولمىش بۇقۇخان چيەنفۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى 4- ئاينىڭ 24- كۈنى يىجۇنى پەتھى قىلغان»دىن بۇرۇنقى ياكى كېيىنكى ۋەقەنى كۆرسىتىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلماق تەس، ھەتتا شيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7- يىلى بۇقۇچىن مەيدانغا چىقىشتىن ئىلگىرىكى ۋەقەلىكمۇ ئېنىق ئەمەس. شۇنداقتىمۇ تەزكىرىدىكى لوڭ جەمەتى ياكى لوڭ قەبىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك

خاتىرىلەر، بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

تەزكىرىدە «لوڭ قەبىلىسىدىكىلەر ئەسلىي ئاگىنى (قاراشەھەر)لىك بولۇپ ھازىر، گەنجۇ، سۇجۇلارنىڭ ھەربىرىدە كاتتىۋاشلىرى بار. ئۇلار جەبدەس، جەڭگە ماھىر بولۇپ، خانىمىزنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن» دېيىلگەن. يەنى، تاڭ سۇلالىسى نام - ئاتاق بەرگەن ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەر ھىراۋۇلىنىڭ ئىدارە قىلىشىدا ئىكەن. ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە[20]، يىجۇ ۋە خېشىنىڭ غەربىدىكى لوڭ قەبىلىسى ئەڭ بۇرۇن بولغاندا IX ئەسىرنىڭ ئاخىردا پەيدا بولغاندەك قىلىدۇ. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىن 389- ۋاراقتىكى «سۇجۇ قورۇقچىبېگىنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەر ھىراۋۇلى ئۇستىدىن ئەرزى»دە يېزىلىشىچە، جوڭخې سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4- يىلى (884- يىلى) يىل ئاخىردىن ئىلگىرى لوڭ خانى باشچىلىقىدىكى لوڭ جەمەتىدىكىلەر گەنجۇنىڭ خوجايىنى بولۇۋالغان بولسىمۇ، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە غەربكە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئەسلىدىكى ۋەزىيەتنى كونترول قىلالماي، لوڭ جەمەتى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى تۇغقۇن، چاڭ قاتارلىق قەبىلىلەر گەنجۇنى تاشلاپ تەدرىجىي ھەقىقەتكە قايتقان قوشۇن تەۋەلىكىدىكى سۇجۇغا بېسىپ كىرگەن ھەم ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەر بىلەن دۈشمەنلىشىپ «كۆندۈرمەك تەس، دىلى قارا رەقىب» بولۇشتىن «ئەمدى ئاۋام بولۇپ ئۇبدانلىشىپ» كېتىشكە يۈزلىنىپ ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەرگە ئەل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالقىشلىشىغا مۇيەسسەر بولغان[21]. لوڭ جەمەتى

ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەرگە جوڭخې سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4- يىلى ئەل بولغاچقا، «تەزكىرە»دە «خانىمىزنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن» دېيىلگەن. شۇڭا، «تەزكىرە» جوڭخې سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4- يىلىدىن كېيىن تاماملانغان بولىدۇ. ئەگەر بۇلار خاتا بولمىسا، «تەزكىرە» ھېچبولمىغاندا، جوڭخې سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4- يىلى يىجۇنىڭ شاجۇ ھاكىمىيىتى قولىدا ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. چيەنفۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلىدىن كېيىن، شاجۇدىكى ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەر بۇقۇچىن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار ئىگىلىۋالغان يىجۇنى قايتۇرۇۋالغان.

بۇ «تەزكىرە» دە يەنە «تۇت يول بار، شەرقىي جەنۇبقا ماڭسا يىجۇغا 300 چاقىرىم، غەربىي جەنۇبقا ماڭسا قۇچۇغا 800 چاقىرىم، غەربكە ماڭسا بېشبالىققا 780 چاقىرىم كېلىدۇ. شەرقىي شىمالدا ئوغرىلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ» دېيىلگەن. قومۇلنىڭ شەرقىي شىمالىدىن «ئوغرىلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ» دېگىنىدىن بۇ چاغدا مۇئەللىپىنىڭ قۇچۇنى «ئوغرى» دەپ قارىمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «تەزكىرە»نى كۆچۈرۈۋالغۇچى جاڭ داچىڭ جاڭ خۇەيشىننىڭ غەربتىن تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇشىغا قاتناشقان[22] بولۇپ، ئۇ «تەزكىرە»نى ئۆز پېتى كۆچۈرگەن ياكى ئۇ «تەزكىرە» نىڭ مۇئەللىپىدەك قۇچۇ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنى دۈشمەن كۆرمەيدۇ. شاجۇ بىلەن قۇچۇ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بەلكىم گۇاڭمىڭ (880-، 881- يىللىرى)، جوڭخې (881—885- يىللىرى) ياكى چيەنفۇ (874 — 879- يىللىرى) سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى پەسىيىپ بولغان بولسا كېرەك.

دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىن 2762- ۋاراقتىكى «جاڭ خۇيشىنىڭ تۆھپە خاتىرىسى»دە: جاڭ خۇيشىن ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىللەردە «ئەتراپتىكى بەدەۋىيلەر مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن سۈلھى تىلەپ كېلىشتى. ھەر ياقلاردىن كەلگەن مېھمانلار پەشتاق ئالدىدا باش ئۇرۇپ كېتىشتى. شىمالدىكى ياۋايىلار ئەتىۋارلىق ئارغىماقلىرىنى، جەنۇبتىكى بەدەۋىيلەر ئاق قاشتاشلىرىنى سوۋغا قىلىپ كېلىشتى. دېھقانلار قارا قىشتىمۇ ئىشلەپ، كۈزدە مول ھوسۇل، دارامەت ئېلىشتى» دېيىلگەن. گەرچە بۇ خاتىرە زىيادە پەردازلىغۇچى كەلىمىلەر بىلەن تولغان بولسىمۇ، تاشقى مۇناسىۋەتلەرنىڭ نورماللىشىپ قالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

جاڭ خۇيشىن يىجۇنى تارتىۋالغان بولسىمۇ، قۇچۇنى ئىگىلىۋېلىشقا ماغدۇرى يەتمىگەچكە قۇچۇ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر-لارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىقنىڭ ئاساسەن ئىككى تەرەپنىڭ بىر - بىرىگە يول قويغانلىقىدىن ۋۇجۇتقا چىققانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىن 3596- ۋاراقنىڭ[23] مەزمۇنىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى، مەيپۇرۇش ماسەننىياڭ ھۆكۈمەتكە ئۆزىنىڭ ئامباردىن ئالغان ئاشلىقتىن قانچىلىك مەي ياسىغانلىقى ۋە مەينىڭ چىقىم قىلىنىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ يەنە ئاشلىق ئېلىشنى تەلەپ قىلغان؛ ئىككىنچى، يايى يىن جىغبېك پەرمان بويىچە تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن يۇقىرىغا مەي ھېسابىنى ئىنچىكە مەلۇم قىلغان. ۋاقتى چىگۋاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى 4-

26- ئاي (887- يىلى 4- ئاينىڭ 27- كۈنىدىن 5- ئاينىڭ 26- كۈنىگىچە) دەپ خاتىرىلەنگەن. مەي ھېسابىدىن ئاشۇ ئايدا شاجۇغا ئەلچىلىككە كەلگەنلەر ئىچىدە قوچۇ ئۇيغۇرلىرى (35 نەپەر)، شەنۋېيدىن كەلگەنلەر (ئالتە نەپەر)، لىياڭجۇدىن كەلگەنلەر (ساۋ ۋەنچىڭ قاتارلىق ئۈچ كىشى)، لىياڭجۇدىن كەلگەن ياغمىلار ۋە سۇجۇلۇقلار (11 نەپەر) ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. قوچۇدىن كەلگەن ئۇيغۇر ئەلچىلەرنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولۇپ، تېخى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ مەخسۇس كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. بۇ ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىقىنى ھەم ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ دەل جاڭ خۇەيشېن ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىللەرنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئىدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن، يەنى داشۇن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى (890- يىلى) جاڭ خۇەيشېن ئۆلۈپ، ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەر پاراكەندىچىلىك مەزگىلىگە كىردى. سوشۇن ھوقۇقنى ئىگىلىۋېلىپ ئۆزىنى ۋاڭ تىكلىدى. لى شى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. جاڭ چېڭفېڭ جىنشەن ئېلىنى قۇرۇپ مۇستەقىل بولۇۋالدى[24]. شۇنىڭ بىلەن ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەرنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە خوراپ كەتتى. بۇ مەزگىلدە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى تەرەققىي قىلىپ خېشى رايونىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە بولۇۋالدى. 911- يىلى شاجۇ پۇقرالىرىدىن نەچچە تۈمەن كىشى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇلۇغ تەڭرى قاغانىغا سۇنغان ئەرزىدە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانىنى ئاتا، جىنشەن ئېلى

تەگرىقۇتىنى بالا دەپ ئاتىغان ھەم گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شاجۇغا
ھۇجۇم قىلىشۋەرمەسلىكىنى ئىلتىجا قىلغان[25].
ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەرنىڭ خارابلىشىشى قۇچۇ
ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ زورىيىشىغا پۇرسەت يارىتىپ
بەرگەن. «ستائىل خولستەين تېپىلغان ۋەسىقىلەر»نىڭ
ۋاقتىنى ئې.گ. پۇللېيبلانك تەتقىق قىلىپ 925- يىلى ئىكەن،
دەپ ھۆكۈم قىلغان[26]. بۇ خوتەن ساك تىلىدا يېزىلغان
ۋەسىقىلەر بولۇپ (2- ۋە 3- قىسىملىرى) قەدىمكى ئۇدۇن
ئەلچىسىنىڭ دوكلاتى ئىكەن. دوكلاتتا[27] قۇچۇنى ئاستانە،
باشقا نۇرغۇن شەھەرلەرنى «قۇچۇنىڭ شەھەرلىرى» دەپ
ئاتىغان. «قۇچۇنىڭ بىر ھاكىمىيەتنى كۆرسىتىشى ئېنىق
بولۇپ، ئۇ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى قۇچۇ ئۇيغۇر
خانلىقى»نى كۆرسىتىدۇ. «قۇچۇ شەھەرلىرى»نىڭ بىرىنچىسىدە
يىجۇ (قۇمۇل) كۆرسىتىلگەن بولۇپ، قارىغاندا يىجۇ ھەقىقەتكە
قايتقان لەشكەرلەرنىڭ كونتروللۇقىدا ئەمەس ئىكەن.
دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇچە ۋەسىقىلەرنىڭ 1366- ۋارىقى
شاجۇدىكى بىر ئىبادەتخانىنىڭ ھېساب دەپتىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا
گەنجۇ ئەلچىسى، يىجۇ ئەلچىسى، ئۇدۇن ئەلچىسى، سۇجۇ
ئەلچىسى ۋە تېكىن ئەلچىسى قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان. تاڭ
چاگىرۇ ئەپەندى تېكىننى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
قاغانى تېكىن (924 — 926- يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)
دەپ، گەنجۇ ئەلچىسى بىلەن تېكىن ئەلچىسىنىڭ تەڭ تىلغا
ئېلىنغانلىقى تېكىننىڭ بۇ چاغدا تېخى گەنجۇ ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ قاغانى ئەمەسلىكىنى، ۋەسىقىدە خاتىرىلەنگىنى
924- يىلى تېكىن قاغان بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئىش

ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ[28]. ئەگەر بۇلار خاتا بولمىسا، ئەينى چاغدا يىجۇ، سۇجۇغا ئوخشاشلا ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەرنىڭ ئىدارە قىلىشىدا ئەمەسكەن. يىجۇ مۇستەقىل بىر گەۋدە بولۇپ، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر[29]نىڭ 1366-، 3728-، 2629- ۋاراقلىرىدا ئۇچراپ تۇرىدۇ. 981- يىلى ۋاڭ يەندې قۇچۇغا ئەلچىلىككە ماڭغاندا يىجۇدا چىن سانغۇننى ئۇچراتقان. چىن سانغۇن ۋاڭ يەندېگە «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى يىجۇنى ئىگىلىۋالغاندىن بېرى، نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان ئەجدادىم مۇشۇ يەردە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن. بىراق، جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ۋە «ستائىبل خولىستەين توپلىغان ۋەسىقىلەر»دىكى قاراشلارغا ئاساسلانغاندا، يىجۇنىڭ مۇستەقىللىقىنىڭ يالغانلىقى ئېنىق بولۇپ، ئۇلار قۇچۇ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ بولغان ئىدى.

يۇقىرىقى تارىخىي ماتېرىياللار شىيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7- يىلى (866- يىلى) بۇقۇچىن سەھنىگە چىققاندىن باشلاپ بۇقۇچىن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار تەدرىجىي تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئىگىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چيەنفۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلىدىكى «تەڭرىدە بولمىش بۇقۇخان» بۇقۇچىننى ياكى بۇقۇچىننىڭ ۋارىسىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە ھەرخىل كۆزقاراشلار مەۋجۇت بولسىمۇ[30]، بۇ مىسرالار بۇقۇچىن باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ قۇچۇ قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى چاغلاردا تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ھەقىقەت

ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. «سىتائىل خولىستەين توپلىغان ۋەسىقىلەر»دىكى تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «قۇچۇ خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۇ تېشى»دىكى بۇقۇ قاغانغا دائىر رىۋايەتلەر بۇقۇچىن باشچىلىقىدىكى قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەيدۇ. شىيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7- يىلى (866- يىلى)نى قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ باشلىنىشى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## §2 . قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دىپلوماتىيە پائالىيىتى

قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان مەزگىللەردە قىتانلار «مىسلى كۆرۈلمىگەن قۇدرەت بىلەن قوشنا قوۋملارنى بىر- بىرلەپ خارابلاشتۇرۇۋاتقان يېڭى مۇھىتتا[31]» تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. X ئەسىرنىڭ باشلىرى يالۇغ ئاپاگىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، قىتانلار گوبىنىڭ شىمالىدىكى ناھايىتى قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ قالدى. ئاپاگى ئەتراپىدىكى ئەللەر، قوۋملارغا كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قىلىپ، زېمىن دائىرىسىنى كېڭەيتتى. 927- يىلى يالۇغ دېگۇاڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. 936- يىلى شى جىڭتاڭغا ياردەملىشىپ كېيىنكى تاڭ سۇلالىسىنى يوقىتىشىپ بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يۇجۇ، يۇنجۇ قاتارلىق 16 ئايماقنى بېسىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. 943- يىلىدىن كېيىن، جىن سۇلالىسىگە نەچچە يىللاپ ھۇجۇم

قىلدۇردى. 947- يىلى ياللۇغ دېگۇاڭ (تەيزۇڭ خان) جىن سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسى كەيفېڭنى ئىگىلەپ «بۈيۈك قىتان خانلىقى[32]»نى قۇردى.

تەيزۇ خان (907 — 926- يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)، تەيزۇڭ خان (927 — 947- يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە قىتان قوشۇنلىرى ئاساسەن گوبىنىڭ شەرقىي قىسمىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، تيەنفۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى (902- يىلى) زور قوشۇن بىلەن خېدوڭدىكى دەيبېيغا هۇجۇم قىلغان[33]. شېنسې سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى ( 916 - يىلى) تەيزۇخان ئۆزىنى ئىمپېراتور ئاتاپ، 7- ئايدا «شەخسەن تۈركلەر، تۇغقۇنلار، تاڭغۇتلار، تۇبۇتلەر ۋە شاداپىت قوۋملىرىغا هۇجۇم قىلىش بىلەن ھەممىسىنى جىمىقتۇرۇۋەتكەن[34]» قىتان قوشۇنلىرى غەربتىن شەرققە ئۈزلۈكسىز هۇجۇم قىلىپ ئىگىلىگەن سۇجۇ (ھازىرقى سەنشىنىڭ سۇشەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا)، ۋېيجۇ (ھازىرقى خېبېينىڭ ۋېشەن ناھىيىسى)، شىنجۇ (ھازىرقى خېبېينىڭ جۇلۇنىڭ شىمالىدا)، ۋۇجۇ (ھازىرقى خېبېينىڭ شۋەنخۇا)، ۋېيجۇ (ھازىرقى بېيجىڭنىڭ غەربىي شىمالى)، رۇجۇ (ھازىرقى بېيجىڭنىڭ يەنچىڭ چېگرىسىدا) لىنىيىسىدىن قارىغاندا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈركلەر، تۇغقۇن، تاڭغۇت، تۇبۇت، شاداپىتلارنىڭ ئولتۇراق جايى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ خېچۇ ئەگمىسىدىن يەنبېي ئەتراپىغىچە بولۇپ، بۇ قەبىلىلەر ئۇيغۇر خانلىقى هالاك بولۇپ، جەنۇبقا كۆچكەن مەزگىللەردىكى خەنزۇچە خاتىرىلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ قېتىملىق جازا يۈرۈشىدە قىتانلار «دەيبېيدىن خېچۇيگە بېرىپ، چوغاي

تېخىدىن ئۆتۈپ ھەممە يەرلەرنى ئىگىلىۋالغان. ئەگەر قىتانلارنىڭ بۇ قېتىم خېشى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىغا قوشۇن تارتىشىنى چوڭ زىلزىلە پەيدا قىلغانلىق دېسەك، تىيەنزەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى (924- يىلى)دىن باشلاپ غەربكە قوشۇن تارتىشىنىڭ زىلزىلىسى تېخىمۇ زور بولغان. 924- يىلى 9- ئايدا، تەيزۇخان گوبىنىڭ شىمالىدا قوشۇن تارتىپ يۈرگەن. 10- ئاينىڭ بېشىدا «لەشكەر ئەۋەتىپ، چۆللۈكتىن ئۆتۈپ، بۇتسارباللىقنى تارتىۋالغان، غەرب تاماندىكى تامامىي قوۋملارنى باش ئەگدۈرگەن»[35]. گەرچە ئاخىرقى خۇلاسە چىقارغىلى بولغۇدەك ماتېرىيال بولمىسىمۇ، بۇتسارباللىق جەزمەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېيتىلغان «قاغان بۇتسارباللىق»نىڭ دەل ئۆزى[36] بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي ئۇچىدىكى قاتناش تۈگۈنىدۇر. يەنى، قىتانلار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چېگرىسىغىچە ئۇرۇش قىلىپ بارغان. بىراق، بۇ تارىخىي ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا چۆللۈكتىن ئۆتكەن، لەشكەرلىرى ئاز بولۇپ بۇتسارباللىقنىلا ئالالىغان، ئىچكىرىلەپ كىرەلمەي «غەرب تاماندىكى قوۋملارنى باش ئەگدۈرگەن»، يەنى باش ئەگكەنلىك ۋەدىسىنى ئالغاندىن كېيىن زەپەر قۇچۇپ قايتىشقان. قىتانلار بۇ قېتىم غەربكە لەشكەر تارتقاندا، «11- ئاينىڭ بېشىدا، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇتۇقى بىلگېنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ئورمۇزد قاغانغا پەرمان بەتكۈزۈشكە ئەۋەتكەن»[37]. «ئورمۇزد» بەلكىم سوغدىچە ماتېرىياللاردىن كەلگەن ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ گەنجۇ قاغانى چوقۇم بەش دەۋر تارىخىي ماتېرىياللىرىدا تىلغا ئېلىنغان گەنجۇ

قاغانى تېكىن بولۇشى كېرەك[38].

«قىتانلار تارىخى. تەيزۇخانغا دائىر خاتىرىلەر»دە خاتىرىلىنىشىچە، تەيزۇخان سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7- يىلى (913- يىلى) قىشتا «خې جۇ ئۇيغۇرلىرى» قىتانلارغا ئولپان ئەكەلگەن[39]. ئادەتتە ئالىملار بۇ «خې جۇ» دېگەن نامنى تۈركىي تىللاردىكى «قوچۇ»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ[40]. بۇنىڭدىن قوچۇ ئۇيغۇرخانلىقىنىڭ قىتانلارنىڭ شەرقتىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنى ئاللىبۇرۇن سېزىپ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئولپان ئاپىرىشنى باھانە قىلىپ ئۇچۇر بىلىۋالماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، بۇ «خې جۇ ئۇيغۇرلىرى» تيەنزەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى تەيزۇخان غەربكە قوشۇن تارتقاندىن كېيىنكى ئەھۋاللارغا دائىر خاتىرىلەر ھازىر ساقلىنىۋاتقان تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچرىمايدۇ. پۈتۈنسۈرۈك «قىتان تارىخى»دىمۇ چوڭشى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 18 - يىلى (1049- يىلى) «قوچۇ ئېلى» بىلەن تيەنچىڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى (1112- يىلى) «خې جۇ ئۇيغۇرلىرى» ئولپان تاپشۇرغان دېگەن خاتىرىلەر بار (1164 — 1180- بەتلەر). شۇنداقتىمۇ سۈڭ سۇلالىسىنىڭ قوچۇغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ خاتىرىسىدىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قىتانلار سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇنداقتا تيەنزەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلىدىن كېيىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قىتانلار سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى يىراقلىشىپ كەتكەنمىدۇ؟

تيەنزەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى (924- يىلى)

غەربكە لەشكەر تارتقاندىن كېيىنكى بىر قانچە يىللاردا، ئىككىنچى يىلى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئوزمۇزد قاغان ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرغاندىن باشقا، «قىتانلار تارىخى»دا يەنە تيەنشيەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 8- يىلى (933- يىلى) «ئۇيغۇر ئارسلان» قىتانلارغا ئولپان تاپشۇرۇشقا كەلگەن. بۇ «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى» بىلەن قىتانلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك باردى - كەلدىسىنىڭ باشلىنىشىدۇر. كىشىلەر ئادەتتە بۇ «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى»نى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىن كەلگەنلەر، دەپ قارايدۇ. ئۇلار «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قوچو تەزكىرىسى»دىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى تەيپىڭ شىڭگو سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 6- يىلى (981- يىلى) «قوچو خانى ئارسلانخان دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى» دەپ خاتىرىلىگەن. ئىككى يىلدىن كېيىن قوچوغا ئەلچىلىككە بارغان ۋاڭ يەندېمۇ ئارسلانخان دېگەن ئاتاقنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان.

1955- يىلى هامىلتون بۇ تارىخىي ماتېرىيالدىكى «دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى» دېگەن مەسىلىگە قارىتا باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان[41]. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى بەزى ئالىملار تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ هۆكۈمرانلىرى 981- يىلىدىن بۇرۇن ئۆزىنى «ئارسلانخان» دەپ ئاتىمىغان ئىكەن. ئۇنداقتا 933- يىلى قىتانلارغا ئولپان تاپشۇرۇشقا كەلگەن «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى» قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىكىلەر بولماستىن، بەلكى دائىم «ئارسلانخان» دېگەن ئاتاقنى قوللىنىدىغان قاراخانىيلار بولسا كېرەك، دېگەننى تەكىتلەۋاتىدۇ[42]. لېكىن، هەر خىل ئېهتىماللار ئىچىدىكى «ئارسلان ئۇيغۇر» دېگەن مۇجمەل ئاتالغۇنىڭ قوچو ئۇيغۇر

خانلىقىنى كۆرستىش ئىھتىماللىقى ھەممىدىن چوڭ. چۈنكى، خۇيتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى (940- يىلى) قىتانلار ئەلچىسى بۆرىغۇر بارس زىيارەتكە كەلگەن «ئارسلان ئۇيغۇر» بولسا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدۇر.

تيەنشيەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 8- يىلى (933- يىلى)دىن كېيىن «ئارسلان ئۇيغۇر» توغرىسىدىكى تۇنجى خاتىرە «قىتانلار تارىخى. تەيزۇڭ خان ھەققىدە خاتىرە»دە مۇنداق ئۇچرايدۇ:

«خۇيتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى 2- ئايدا (940- يىلى 3- ئاينىڭ 26- كۈنى) بۆرىغۇر بارس ئۇيغۇر ئارسلانغا ئەلچىلىككە بېرىپ قايتتى. ئۇنىڭغا ئىگىن تارتۇق قىلىندى». بۇ ئەلچى ئىككى يىل ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن بولۇپ، «تەيزۇڭ خان ھەققىدە خاتىرە. تيەنشيەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 12- يىلى ( 937 - يىلى )»دىكى خاتىرىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: « 9- ئايدا (10- ئاينىڭ 30- كۈنى ئۇيغۇرلار ئولپان ئەكەلدى. 10- ئايدا (11- ئاينىڭ 6- كۈنى) خانىش يوڭ نىڭجىيې ئانا ئۇيغۇرلارنى تارتۇقلىدى. دۇنخۇاڭ ئەتراپىدىكى ئەللەرمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ قۇتلۇقلىدى (11- ئاينىڭ 8- كۈنى) ئۇيغۇر ئەلچىسى قولىچ، ئاراپالارنى چاقىرتىپ ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى سورىدى (11- ئاينىڭ 13 - كۈنى) ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ئەلچىلەر قايتىشتى. پۇلىڭگۇشىقرمولىنى ئەلچى قىلىپ ئۇيغۇر ئېلىگە ئەۋەتتى» .

خاتىرىدىكى «ئۇيغۇر دۇنخۇاڭ» دېگەننى ۋىتخورگىل بىلەن فېڭ جياشېڭ ئىزاھلاپ «دۇنخۇاڭ بوستانلىقىدا ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقاچقا، ئەسلىي خاتىرىدىكىسىنى دۇنخۇاڭ ئۇيغۇر- لىرى دەپ ئوقۇش كېرەك، ئۇيغۇر دۇنخۇاڭ دېگىنىدىن ئۇيغۇر بىلەن دۇنخۇاڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنخۇاڭى ياكى ئۇيغۇرلار

ئولتۇراقلاشقان دۆنخۇاڭ دېگەنلىگىنى ئاڭقىرىۋالغىلى بولمايدۇ» دەيدۇ[43]. ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇنداق ئىزاھلىشى خاتا. ھامىلتون «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن ئەسەرنىڭ 52 — 54 - بەتلىرىدىكى ناھايىتى ئۇزۇن بىر ئىزاھتا[44] نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللارنى نەقىل ئېلىپ گۇاجۇ ۋە شاجۇ ھاكىمىيىتى بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق بولۇپ، ئۇلار دائىم گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەلچىلىرىگە قوشۇلۇپ، بەش دەۋردىكى ئوتتۇرا ئىقلىمدا قۇرۇلغان سۇلالىلەرگە ئەلچىلىككە كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى ھەم بۇ ئارقىلىق ئۇلار بۇ قېتىممۇ گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەلچىلىرىگە ئەگىشىپ قىتانلارغا ئەلچىلىككە كەلگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۈردى. ھامىلتون يەنە «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»دا 977- يىلىدىن باشلاپ «گەنجۇ ۋە شاجۇ ئۇيغۇر خانلىقى قاغانى» دەپ ئاتىغان «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»دا 1014- يىلى تۇنجى قېتىم «شاجۇ ئۇيغۇر خانلىقى» دەپ تىلغا ئالغان بولسىمۇ، بۇ 940- يىلى دۆنخۇاڭ بوستانلىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى. ھامىلتوننىڭ پىكرىنى ھازىر ساقلىنىۋاتقان دۆنخۇاڭدىكى تارىخىي ماتېرىياللارمۇ دەلىللەپ بېرىدۇ[45].

يۇقىرىقى ئىككى تارىخىي ماتېرىيالدىن قومۇلنى ئىسمىلىك ئەلچىنىڭ ھېچبولمىغاندا ئىككى ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچىلىككە بارغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز[46]. كېيىنكى جىن سۇلالىسى ۋە دۆنخۇاڭ بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلار چوقۇم گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەينى چاغدىكى قۇدرىتى ۋە دۆنخۇاڭدىكى ھەقىقەتكە قايتقان

لەشكەرلەر قورغان ساۋ جەمەتى ھاكىمىيىتى (914— 974- يىللار) ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق مۇناسىۋەت ھەرقانداق بىر تارىخىي ماتېرىيالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ 3633-، 3272-، 2968- ۋاراقلىرىدا گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇدرەتلىكلىكى ۋە مۇگاۋكۇ ئۆڭكۈرلىرىدىكى تام يازمىلىرىدا گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ساۋ جەمەتى ھاكىمىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن[47]. دۇنخۇاڭدىكى ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەر ھاكىمىيىتىنىڭ غەربىدىكى «ئۇيغۇر ئارسلانخان» ھاكىمىيىتىنى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، دەپ پەرەز قىلىش كېرەك. بۇ خانلىقنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىن 6551- ۋاراقتىكى «بۇددا مۇكاللىمىسى»نى جاڭ گۇاڭدا بىلەن روڭ شىنجاڭ ئەپەندىلەر تەھقىقلەپ بۇ «بۇددا مۇكاللىمىسى»دا X ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىدىكى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى تەسۋىرلەنگەن، دەپ قارايدۇ[48]. نۇرغۇن ئالىملار 947- يىلى يېزىلغان دەپ بېكىتكەن تۇرپاندىن چىققان ئۈچىنچى نومۇرلۇق ياغاچ قوزۇقمۇ بۇ نۇقتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ[49]. بۇنىڭ ئەكسىچە، تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ھېچقايسىسىدا ئەينى چاغدا تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدا ھېچقانداق بىر قۇدرەتلىك تۈركىي قوۋمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ياكى قىتانلار ئەھمىيەت بەرگۈدەك ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

«لياۋ سۇلالىسى تارىخى»دىكى يالۇغ خۇاگېنىڭ غەرب تەرەپنى تىنچىتقانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرە «ئارسلان ئۇيغۇر»نىڭ زېمىنى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدا

ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «قىتانلار تارىخى. ياللۇغ خۇاگېي تەزكىرىسى» (1381-، 1382- بەتلەر)دە: «كەيتەي سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى (1012- يىلى) (ياللۇغ خۇاگېي) سىبىرلارغا ھۇجۇم قىلغاندا، سىبىرلار يۇك - تاقلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. نۇرغۇنى ئەسىرگە چۈشتى. (قىتان) خان مۇكاپاتلاش ئۈچۈن بىر بېگى ئاتىقىنى بەردى. كېيىن چېگرىدىكى ئەمەلدارلار خۇاگېي قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاشلىق، يەم - خەشەكلەر تۈگەپ كەتكەچكە ئات - ئۇلاغلار زەئىپلىشىپ كەتتى. ۋەزىيەتنى كونترول قىلالمايۋاتىمىز، دەپ نامە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن خۇاگېينى غەربتىكى چېگرىلارنى تىنچىتىشقا قايتا ئەۋەتتى. خۇاگېي چېگرىدىكى سەركەردىلەر بىلەن تېخىمۇ ئىچكىرىسىگە يۈرۈش قىلدى. قارام قوۋملارنىڭ پەرمانىغا بويسۇنماي ئېرتىش دەرياسىغا بېرىپ ئولتۇ-راقلىشىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ شۇياققا لەشكەر تارتىپ باردى. بىر بالىقتىن ئۆتكەندە ئارسلان ئۇيغۇرلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. نازارەتچىبەگ ئارقىدىن يېتىپ كېلىپ خۇاگېيغا: جانابلىرى خاتا قىپتىلا، بۇ قوۋم بىزگە چىن ساداقەتمەن ئىدى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن خۇاگېي تامامىي ئەسىرلەرنى قويۇۋەتتى. قارام قوۋملار بۇ ئىش بىلەن باش ئېگىشتىن ئۆزىنى تارتتى. ئۇلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئەمىن تاپتۇرغاندىن كېيىن، (خۇاگېي)نىڭ بەگلىك ئەمىلىنى ئېلىۋەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «قىتانلار تارىخى. ياللۇغ شىلياڭ تەزكىرىسى»دىمۇ بۇ توغرىدا ئازدۇر - كۆپتۇر خۇاگېي بارغان ئېرتىش دەرياسى ئادەتتە ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى دەپ قارىلىدۇ[50]. ياللۇغ خۇاگېي بۇ يەر ياكى بۇ يەرنىڭ غەربىدە پەرمانغا بويۇنتاۋلىق قىلغان قارام قوۋملارغا

زەربە بېرىپ قايتىشىدا ئۆتكەن «بىر بالىق» موڭغۇللار دەۋرىدىكى ھايتۇن ئۇلۇنگو دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى غۇمسىغۇردىن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ يېتىپ كەلگەن جاي. ھازىرقى مورى ۋە مورىنىڭ غەربىدىكى«قەدىمىي شەھەر» خارابىسى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ[51]. «بىر بالىق» ئەينى چاغدىكى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگىنىدۇر. ئەگەر بۇ نۇقتا خاتا بولمىسا، ئۇ ئەتراپتا ئۇچراتقان «ئارسلان ئۇيغۇر» چوقۇم قوچو ئۇيغۇرلىرى ھەم نازارەتچىبەگىنىڭ بۇ قوۋم بىزگە چىن ساداقەتمەن ئىدى» دېگىنىمۇ 983- يىلى ۋاڭ يەندې ئىگىلىگەن قوچولۇقلار بىلەن قىتانلارنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىگىمۇ ئۇيغۇن.

يەنە يېقىنقى يىللاردىن بېرى، بەزى ئالىملار ياللۇغ خۇاگېنىڭ بۇ قېتىملىق غەربكە يۈرۈش قىلىشىنى ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ، قاراخانىيلار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشقا باغلايدۇ ھەم بۇ ئارقىلىق «قىتانلار تارىخى»دا تىلغا ئېلىنغان «ئارسلان ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنى قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ[52]. قاراخانىيلارنىڭ بۇ قېتىملىق ئۇرۇشقا لەشكەر تارتقانلىقى ئىبنى ئەسىرنىڭ «كامىل فىت تارىخ» دېگەن ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ. تولۇق تېكىست تۆۋەندىكىچە:

ھىجرىيىنىڭ 408- يىلى (1017- يىلى 5- ئاينىڭ 30- كۈنىدىن 1018- يىلى 5- ئاينىڭ 19- كۈنىگىچە) «تۈركلەرنىڭ چىندىن لەشكەر تارتقانلىقى ۋە توغان خان ئۆلۈمىنىڭ بايانى»: «بۇ يىلى زور ساندىكى تۈركلەر، يەنى 30 تۈمەن ئۆيلۈكتىن ئارتۇق تۈركىي قوۋملار چىندىن تاجاۋۇز قىلىپ چىقتى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (كېيىن) ماۋارەئۇننەھرنىڭ سىرتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان قىتانلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئەھۋالى ھەققىدە كېيىنچە بايان قىلىمەن.

تۈركلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، توغان خان تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، ئۇزاق مۇددەت ئۆرە بولالمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (تۈركلەر) بۇ جايلارغا شۆلگىيىنى ئېقىتقىنىچە كېلىپ بىر قىسىم جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مال - مۈلۈكلەرنى بۇلاپ-تالاپ، كىشىلەرنى تۇتۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بالاساغۇن بىلەن بولغان ئارىلىقى سەككىز كۈنلۈك مۇساپە ئىدى. بۇ خەۋەرلەر ئاغرىپ ياتقان توغان خانغا يەتكەندە، ئۇ ساقىيىپ ئاشۇ دىنسىزلارنى جازالاپ، يۇرتۇمنى قوغدىسام، دەپ ئاللادىن سالامەتلىك بېرىشىنى تىلىدى. ئاللا ئۇنى ئارمانىغا يەتكۈزۈپ سالامەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، لەشكەرلىرىنى يىغدى. ئىسلام ئەللىرىگە نامە ئەۋەتىپ پۈتكۈل خەلقنى سەپەرۋەر قىلدى. 22 تۈمەن غازاتچى توپلاندى. تۈركلەر توغان خاننىڭ ساقىيىپ لەشكەرلىرىنى يىغقانلىقىنى ۋە سانسىز پىدائى توپلىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئېلىگە چېكىنىپ كەتتى. توغان خان تۈركلەرنى ئۈچ ئايدەك ئىز قوغلاپ يەتكەندە، ئۇلار خېلى بەك ئۇزاپ كەتتۇق، ئەمدى ھېچ ئىش بولمايدۇ، دەپ بىخۇدلىشىپ تۇرغان ئىكەن. توغان خان تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ بىرلەك ئادەمنى قىرىۋەتتى. بىرلەكتەك ئادەمنى ئەسىر ئالدى. قوي - كالا، چېدىر- بارگاھ ۋە چىنىنىڭ كۆرۈپ باقمىغان ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلىرىنى ئولجا ئالدى. ئۇ قايتىپ بالاساغۇنغا بارغاندا يەنە كېسەل تېگىپ ئاخىر ۋاپات بولۇپ

كەتتى. ئۇ ئادىل، ئاق كۆڭۈل، مۆمىن ئىلمى ئىرپان ۋە خەلقنى سۆيىدىغان، دىنىي ئۆلىمالار بىلەن كۆپ ئۇلپەتلىشىدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ھېكايىسى خەندەك ئۇرۇشىدا شېھىد بولغان سەئىد ئىبنى مۇئەززى ئەنسارىنىڭكىگە نېمە دېگەن ئوخشايدۇ-ھە! يەنە رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ئۇرۇشنى توغان خاننىڭ قېرىندىشى ئەھمەد ئىبنى ئەلى قاراخان ھىجرىيىنىڭ 403-يىلى (1012- يىلى 7- ئايدىن 1013- يىلى 7- ئايغىچە) قىلغانىمىش».

بارتولد بىلەن پرىتساكنىڭ تەتقىق قىلىشىچە[53] XII ئەسىردە ئۆتكەن مۇسۇلمان مۇئەررىخ ئۇتبىمۇ «تارىخى يەمەن» دېگەن ئەسىرىدە بۇ ۋەقەنى تىلغا ئالغان ئىكەن. گەرچە بىز ئۇ كىتابنى ئۇچرىتالمىغان بولساقمۇ بارتولد بىلەن پرىتساك ئىككىسى «تارىخى يەمىنى»دىكى خاتىرە بىلەن ئىبنى ئەسىرنىڭ خاتىرىسىدىكى بىرلا پەرق تۈركلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 30 تۈمەن بولماستىن، بەلكى 10 تۈمەن ئىكەن. ئۇتبى ھىجرىيىنىڭ 403- يىلى دېگەنلىمۇ تىلغا ئالمىغان. بۇنىڭدىن بىز بۇ ئىككى تارىخشۇناسنىڭ بۇ ۋەقەنى ھىجرىيىنىڭ 408-يىلى (1017-، 1018- يىللىرى) يۈز بەرگەن، دەپ بېكىتىشكە مايىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇڭا، بۇ ۋەقە ياللۇغ خۇاگېنىڭ غەربنى تىنچىتقان ۋاقتىغا ماس كەلمەيدۇ.

يەنە بىر خىل كۆزقاراشنىڭ ئۆزى زىددىيەتلىك بولۇپ، ئەھمەد ئىبنى ئەلى توغان خاننىڭ قېرىندىشى بولماستىن دەل ئۆزىدۇر[54]. بىراق، ھەممە ئىشقا ئېھتىياتچان ئىبنى ئەسىر بۇ كۆزقاراشنى ئەسىرىگە كىرگۈزگەن ئىكەن. ئۇنداقتا ئۇ ئەينى چاغدا بۇ گەپلەرنى تولۇق ئېنىكار قىلىۋېتىشكە ئامالسىز

قالغان. «قىتانلار تارىخى. شېڭزوڭ خان ھەققىدە خاتىرە»گە ئاساسلانغاندا، «ياللۇغ خۋاگې تۇنجى رەت غەربكە لەشكەر تارتىپ غەلىبە قازىنىپ، كەيتەي سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىل 1- ئېيى (1013- يىلى 2- ئاينىڭ 13- كۈنىدىن 3- ئاينىڭ 14- كۈنىگىچە)دا خان مۇكاپاتلاش ئۈچۈن بىر بېگى ئۇنۋانىنى بەرگەن» . ياللۇغ خۋاگې جازا يۈرۈش قىلغان گوبىنىڭ غەربىدىكى سىبىر قوۋمى غەربكە قېچىپ قاراخانىيلارنىڭ تەۋەسىگە كىرىپ قېلىپ، توغان خان ئۇلارغا قارشى لەشكەر تارتقان بولۇشى، سىبىر قەبىلىسى توغان خاننىڭ زەربە بېرىشى بىلەن شەرققا قايتقاندا، قىتانلار «غەربنى تىنچىتىشقا ياللۇغ خۋاگېنى قايتا ئەۋەتكەن» بولۇشى مۇمكىن. «قىتانلار تارىخى. شېڭزوڭ خان ھەققىدە خاتىرە»گە ئاساسلانغاندا، ياللۇغ خۋاگېنىڭ قايتا ئەۋەتىلگەن ۋاقتى كەيتەي سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى 5- ئاينىڭ بېشى (1013-يىلى 6- ئاينىڭ 11- كۈنى) بولۇپ، غەربكە يۈرۈش قىلغان مۇھىم ھەرىكەت كەيتەي سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى 1- ئاي (1013- يىلى 2-،3- ئايلار)دا يۈز بەرگەن بولۇپ، «بىر بېگى ئۇنۋانى بېرىش»تىن ئىلگىرى بولسا، توغان خاننىڭ شەرققە يۈرۈش قىلغان ۋاقتى 1013- يىلى 6- ئايدىن ئىلگىرىكى مەلۇم بىر ۋاقىت بولۇشى مۇمكىن. 7- ئاي (1013- يىلى 8- ئاينىڭ 27- كۈنى)دا ياللۇغ خۋاگې يەنە گوبىنىڭ غەربىدە سىبىرلارنىڭ ئاتامىنى ئۇبا قاتارلىقلارنى بىتچىت قىلىۋەتكەن. شۇ يىلى 11- ئاي (1013- يىلى 12- ئاينىڭ 29- كۈنى)دا غەربكە يۈرۈش قىلغاندا ئۇقۇشماستىن «ئارسلان ئۇيغۇر»لارنى بۇلاپ قويغانلىق گۇناھى ئۈچۈن ئۇنۋانى ئېلىپ تاشلانغان. شۇڭا، قاراخانىيلار خانى

توغان شەرققە لەشكەر تارتقان ۋەقەنى ھىجرىيىنىڭ 403- يىلى يۈز بەرگەن دېگەندىمۇ، يالىلۇغ خۇاگىي بىلەن توغان خانىنىڭ توقۇنۇشۇپ قېلىشىنىڭ ئېھتىماللىقى مەۋجۇت ئەمەس. خۇلاسىلىگەندە، يوللۇغ خۇاگىي يولۇقتۇرغان «ئارسلان ئۇيغۇر»لار قاراخانىيلارنىڭ لەشكەرلىرى بولماستىن، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدۇر. ئەگەر بۇ ئىشنى يالىلۇغ خۇاگىېنىڭ كەيتەي سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى غەربنى تىنچىتىشقا بارغان ۋەقەگە باغلىۋالماقچى بولساق، ھازىرچە ئىشەنچلىك ئاساسىمىز يوق.

يەنە بىر جەھەتتىن، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. چەت ئەللەر تەزكىرىسىنىڭ ئالتىنچىسى. قوچۇ ئېلى تەزكىرىسى»دىكى «تەيپىڭ شىڭگو سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 6- يىلى (981- يىلى) ئۇلارنىڭ خانى قوچۇلۇق جىيەن ئارسلان خان، دەپ ئاتىلىشقا باشلاپ، تۇتۇق باي ساغۇندىن تۆھپە سالام ئەۋەتتى» دېگەن خاتىرە ناھايىتى ئېنىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قالايمىقان يەرلىرى بار. نىمە ئۈچۈن «ئارسلانخان» دېگەن ئاتاقنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىگە قوشۇپ، خەنزۇچە مەنە تەرجىمىسى خاتىرىلەنگەن؟ بۇنداق ئەھۋال يەنە مۇنۇ ئىككى تارىخىي ماتېرىيالدىمۇ ئۇچرايدۇ. « ‹ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى›نىڭ قوشۇمچىسى» (1490- بەت)دا: «(تەيپىڭ شىڭگو سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 6- يىلى 3- ئاي) قوچۇ خانى ئارسلانخان قوچۇلۇق جىيەن دەپ ئاتىلىشقا باشلاپ، تۇتۇق باي ساغۇندىن يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئەۋەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن («شەنتاڭ ھۇجرىسىدا يېزىلغان تەھقىقلەر»دىمۇ ئوخشاش). «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. تەيزۇڭ خان ھەققىدە خاتىرە»دە: «قوچۇ ئېلى ئەلچى ئارقىلىق ئولپان ئەۋەتتى» دەپ

خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىدىكى «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. چەت ئەللەر تەزكىرىسىنىڭ ئالتىنچىسى. قوچۇ ئېلى تەزكىرىسى»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. تەيزۇڭ خان ھەققىدە خاتىرە» ۋە «‹ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى›نىڭ قوشۇمچىسى» قاتارلىق ئۈچ خاتىرىدىن «‹ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى›نىڭ قوشۇمچىسى»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. تەيزۇڭ خان ھەققىدە خاتىرە»دە كونكرېت ۋاقىت بار ھەم «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. چەت ئەللەر تەزكىرىسىنىڭ ئالتىنچىسى. قوچۇ ئېلى تەزكىرىسى»دىكى بارلىق جەريانلار كىرگۈزۈلگەن، مەزمۇنىدىمۇ زىددىيەت يوق. شۇڭا، ئىشەنچىلىك بولىدۇ[55].

«‹ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى›نىڭ قوشۇمچىسى»دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، قوچۇ ئېلى خانى ئىلگىرى «ئارسلانخان» دەپ ئاتالغان. 981- يىلى سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەندە تۈركىي تىللاردىكى «ئارسلانخان» دېگەن ئاتاققا خەنزۇچە مەنە تەرجىمىسىنى قوشۇۋەتكەن ھەم ئالايىتەن «جىيەنى» دېگەن سۆزنى قوشۇپ، سۇڭ سۇلالىسىدىكى خەنزۇلار ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەكىتلىمەكچى بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى نەچچە رەت ئوڭۇشسىزلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاخىر تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىدىكى يىللاردا، بۇقۇچىنىنىڭ رەھبەرلىكىدە خانلىق تىكلىگەن. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا

ئىقلىمدىكى ھاكىمىيەتلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ھەققىدىكى تۇنجى ئىنىق خاتىرە كېيىنكى جۇ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى (951- يىلى) يېزىلغان[56]. ئىككىنچى رەت ئەۋەتكەن ئەلچى ھەققىدىكى خاتىرە سۇڭ سۇلالىسى تەيزۇخاننىڭ جيەنلوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى (962- يىلى) 4- ئايدا يېزىلغان[57]. بۇ ئىككى رەت ئەۋەتىلگەن ئەلچىلىكنىڭ مەقسىتىدە ۋەزىيەتنى تىڭ - تىڭلاش پىلانى بولۇشى مۇمكىن. كېيىن چيەندې سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى 11- ئايدا (965- يىلىنىڭ ئاخىرى) قۇچۇلۇقلار سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەندەك قىلىدۇ[58]. لېكىن، مۇشۇنداق بولغاندىمۇ قىتانلار بىلەن بولغان بېرىش - كېلىشكە سېلىشتۇرغاندا قۇچۇ خانى ئوتتۇرا ئىقلىمدىكى ھاكىمىيەتلەرگە مۆتىدىل پوزىتسىيە تۇتقانلىقىمۇ ئىنىق.

لېكىن، 70- يىللارنىڭ ئاخىرى 80- يىللارنىڭ بېشىغا كەلگەندە، سۇڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا ئىقلىمدىكى ئاخىرقى تەرىققىي ھاكىمىيەت بولمىش شىمالىي خەن سۇلالىسىنى يوقاتتى. تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىتانلارغا لەشكەر تارتىپ يۇ جۇ، يۈنجۇ ئايماقلىرىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەھكەملەنگەنلىكىنى ھەم مەلۇم دەرىجىدە كۈچەيگەنلىكىنى نامايان قىلدى. بۇ چاغدا قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سۇڭ سۇلالىسىگە بولغان پوزىتسىيىسىمۇ قىزغىنلىشىپ كەتتى. «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما. ۋاسساللار. ھەرقايسى دەۋرلەردە تاپشۇرۇلغان ئولپانلار»(7844- بەت)دا: «تەيپىڭ شىڭگو سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 6- يىلى (981- يىلى) 3- ئاينىڭ 11- كۈنى

قوچۇ ئىلى ئامىچىڭنى ئەلچى قىلىپ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئۇلپان ئەۋەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «‹ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى›نىڭ قوشۇمچىسى» (566- بەت)دە: «(تەيپىڭ شىڭگو سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 8- يىلى (983- يىلى) تاتار ئىلىنىڭ ئەلچىسى توتەم بىلەن قوچۇ ئىلىنىڭ ئەلچىسى ئاتكۇلۇگ بىرلىكتە ئۇلپان ئەكەلدى. كۇلۇگ يەنە شياجۇ ئارقىلىق قايتىپ كەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

«سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما. ۋاسساللار. ھەرقايسى دەۋرلەردە تاپشۇرۇلغان ئۇلپانلار» (7845- بەت)دا «9- يىلى (984- يىلى) 5- ئاينىڭ 3- كۈنى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن پارسلار ئۇلپان ئەكەلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن ( «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئەنئەنىك تەزكىرىسى»، «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. ۋاسساللارنىڭ تۆتىنچىسى. ئەنئەنىك» 7758- بەتكە قاراڭ).

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى 981-، 983-ۋە 984- يىللىرى ئوتتۇرا ئىقلىمغا ئارقىمۇئارقا، نەچچە رەت ئەلچى ئەۋەتىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ تۈركىي تىللاردىكى ئاتىقىنى خەنزۇچىغا مەنەن تەرجىمە قىلغان ھەم «جىيەن» سۆزىنى قوشۇپ قويغان. بىلىشىمىزچە، تاڭ سۇلالىسى خانى كۆپ قېتىم مەلىكىلىرىنى ئۇيغۇر ۋە تۈبۈت خانلىرىغا ياتلىق قىلغان. تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى ۋە ئۇيغۇرلار، تۈبۈتلەر دائىم «تاغا - جىيەن» سۆزىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىككى تەرەپنىڭ قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتىنى تەكىتلەپ كەلگەن[59]. ئالدىنقى بابتا نەقىل كەلتۈرگەن «داجوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10- يىلى 11- ئايدا ئۇيغۇر قاغانىغا بېرىلگەن ئاتاقنى يەتكۈزۈشكە ئەلچى ئەۋەتىش

ياﺭﻟﯩﻘﻰ» ﺑﯩﻠﻪﻥ «ﺩﺍﺟﻮﯓ ﺳﻪﻟﺘﻪﻧﻪﺕ ﺩﻩﯞﺭﯨﻨﯩﯔ 11- ﻳﯩﻠﻰ ﺋﯘﻳﻐﯘﺭ ﻗﺎﻏﺎﻧﯩﻐﺎ ﺋﺎﺗﺎﻕ ﺑﯧﺮﯨﺶ ﭘﻪﺭﻣﺎﻧﻰ[60]»ﺩﯨﻦ ﻫﻪﺗﺘﺎ ﮔﻮﺑﯩﻨﯩﯔ ﺷﯩﻤﺎﻟﯩﺪﯨﻜﻰ ﺋﯘﻳﻐﯘﺭ ﺧﺎﻧﻠﯩﻘﻰ ﻫﺎﻻﻙ ﺑﻮﻟﯘﭖ، ﺋﯘﻳﻐﯘﺭﻻﺭ ﻏﻪﺭﺑﻜﻪ ﻛﯚﭼﻜﻪﻧﺪﯨﻦ ﻛﯧﻴﯩﻨﻤﯘ ﺗﺎﯓ ﺳﯘﻻﻟﯩﺴﻰ ﻣﻪﯕﻠﯩﻚ ﺗﯧﻜﯩﻨﮕﻪ ﻧﺎﻡ - ﺋﺎﺗﺎﻕ ﺑﻪﺭﮔﻪﻧﺪﻩ، «ﺗﺎﻏﺎ - ﺟﯩﻴﻪﻥ » ﻣﯧﻬﺮﯨﻨﻰ ﺋﯘﻧﺘﯘﭖ ﻗﺎﻟﻤﯩﻐﺎﻥ ﻳﺎﻛﻰ ﻫﯧﭽﺒﻮﻟﻤﯩﻐﺎﻧﺪﺍ «ﺗﺎﻏﺎ - ﺟﯩﻴﻪﻥ» ﺋﯩﺒﺎﺭﯨﺴﯩﻨﻰ ﺋﯩﺸﻠﯩﺘﯩﺸﻨﻰ ﺋﯘﻧﺘﯘﭖ ﻗﺎﻟﻤﯩﻐﺎﻥ. ﺷﯘﯕﺪﺍﻗﺘﯩﻤﯘ ﻣﻪﻳﻠﻰ ﺋﯘﻳﻐﯘﺭ ﻳﺎﻛﻰ ﺗﯘﺑﯘﺕ ﺧﺎﻧﻠﯩﺮﻯ ﺑﻮﻟﺴﯘﻥ، ﺋﻪﺯﻩﻟﺪﯨﻦ ﺋﯚﺯﯨﻨﯩﯔ ﺋﺎﺗﯩﻘﯩﻐﺎ «ﺟﯩﻴﻪﻥ» ﺳﯚﺯﯨﻨﻰ ﻗﻮﺷﯘﭖ ﺑﺎﻗﻤﯩﻐﺎﻥ. ﺷﯘﯕﺎ، 981- ﻳﯩﻠﻰ ﻗﯘﭼﯘ ﺧﺎﻧﻰ ﻗﻮﻟﻼﻧﻐﺎﻥ ﺋﺎﺗﺎﻗﻨﯩﯔ ﻣﯘﻫﯩﻤﻠﯩﻘﻰ «ﺋﺎﺭﺳﻼﻧﺨﺎﻥ» ﺋﺎﺗﯩﻘﯩﻨﻰ ﺧﻪﻧﺰﯗﭼﻪ ﻣﻪﻧﯩﺴﻰ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺋﯩﭙﺎﺩﯨﻠﯩﮕﻪﻧﻠﯩﻜﯩﺪﯨﻼ ﺑﻮﻟﻤﺎﺳﺘﯩﻦ، ﺋﻪﯓ ﻣﯘﻫﯩﻤﻰ ﺋﺎﺗﯩﻘﯩﻐﺎ «ﺟﯩﻴﻪﻧﻰ» ﺳﯚﺯﯨﻨﻰ ﻗﻮﺷﻘﺎﻥ. ﺑﯘ ﻗﯘﭼﯘ ﺋﯘﻳﻐﯘﺭ ﺧﺎﻧﻠﯩﻘﯩﻨﯩﯔ ﺋﺎﻛﺘﯩﭗ ﻫﺎﻟﺪﺍ ﺳﯘﯓ ﺳﯘﻻﻟﯩﺴﯩﮕﻪ ﻳﯧﻘﯩﻨﻼﺷﻘﺎﻧﻠﯩﻘﯩﻨﯩﯔ ﻣﯘﻫﯩﻢ ﺋﯩﭙﺎﺩﯨﺴﯩﺪﯗﺭ. ﺩﻩﻝ ﻣﯘﺷﯘ ﺳﻪﯞﻩﺑﺘﯩﻦ، ﺳﯘﯓ ﺳﯘﻻﻟﯩﺴﻰ ﯞﺍﯓ ﻳﻪﻧﺪﯦ ﻗﺎﺗﺎﺭﻟﯩﻘﻼﺭﻧﻰ ﻗﯘﭼﯘﻏﺎ ﺋﻪﻟﭽﻰ ﻗﯩﻠﯩﭗ ﺋﻪﯞﻩﺗﻜﻪﻥ ﺑﻮﻟﯘﺷﻰ ﻣﯘﻣﻜﯩﻦ.

ﻟﯧﻜﯩﻦ، ﻗﯘﭼﯘﻟﯘﻗﻼﺭ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺳﯘﯓ ﺳﯘﻻﻟﯩﺴﯩﻨﯩﯔ ﻣﯘﻧﺎﺳﯩﯟﯨﺘﻰ ﺋﻪﻣﺪﯨﻼ ﻗﯩﺰﻏﯩﻨﻠﯩﺸﯩﭙﻼ، ﻳﻪﻧﻪ ﺳﯘﯞﯗﭖ ﻗﺎﻟﻐﺎﻥ. ﺷﯘﻧﯩﯖﺪﯨﻦ ﻛﯧﻴﯩﻨﻜﻰ ﺋﻮﻥ ﻧﻪﭼﭽﻪ ﻳﯩﻠﺪﯨﻜﻰ ﺳﯘﯓ ﺳﯘﻻﻟﯩﺴﯩﻨﯩﯔ ﺗﺎﺭﯨﺨﯩﻲ ﻣﺎﺗﯧﺮﯨﻴﺎﻟﻠﯩﺮﯨﺪﺍ ﻗﯘﭼﯘﺩﯨﻦ ﺋﻪﻟﭽﻰ ﻛﻪﻟﮕﻪﻧﻠﯩﻜﯩﮕﻪ ﺩﺍﺋﯩﺮ ﺧﺎﺗﯩﺮﻩ ﻗﺎﻟﺪﯗﺭﯗﻟﻤﯩﻐﺎﻥ. ﻗﺎﺭﯨﻐﺎﻧﺪﺍ، ﻳﯘﯕﺸﻰ ﺳﻪﻟﺘﻪﻧﻪﺕ ﺩﻩﯞﺭﯨﻨﯩﯔ 3- ﻳﯩﻠﻰ (986- ﻳﯩﻠﻰ) ﺳﯘﯓ ﺳﯘﻻﻟﯩﺴﯩﻨﯩﯔ ﺗﻪﻳﺰﯗﯓ ﺧﺎﻧﻰ ﺯﻭﺭ ﻗﻮﺷﯘﻥ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺷﯩﻤﺎﻟﻐﺎ ﻳﯜﺭﯛﺵ ﻗﯩﻠﻐﺎﻥ ﭼﯧﮕﻮﯞﮔﻮﻥ ﺋﯘﺭﯗﺷﯩﺪﺍ ﻗﺎﺗﺘﯩﻖ ﻣﻪﻏﻠﯘﭖ ﺑﻮﻟﯘﭖ، ﺳﯘﯓ ﺳﯘﻻﻟﯩﺴﻰ ﻗﯩﺘﺎﻧﻼﺭﻏﺎ ﻗﺎﺭﺍﺗﻘﺎﻥ ﺗﻪﺷﻪﺑﺒﯘﺳﻜﺎﺭﻟﯩﻖ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﻫﯘﺟﯘﻡ ﻗﯩﻠﯩﺸﻘﺎ ﺧﺎﺗﯩﻤﻪ ﺑﯧﺮﯨﻠﮕﻪﻥ ﻫﻪﻡ

قىتانلار سۇلالىسىگە قايتىدىن ھۇجۇم باشلىشىدەك بىر يۈرۈش ۋەقەلەر قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەندەك قىلىدۇ. «قىتانلار تارىخى»دا چيەنخىڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى (979- يىلى)دىن باشلاپ، 10 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە «ئارسلان ئۇيغۇر» ئەلچىسىنىڭ كەلگەنلىكى خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، توڭخې سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 6- يىلى (988- يىلى)دىن باشلاپ «ئارسلان ئۇيغۇر» ئەلچىسى تارىخي كىتابلاردا تولا ئۇچرايدۇ. بۇلار يەنە بىر تەرەپتىن بىزنىڭ قىياسىمىزنى ئىسپاتلاپ قالماستىن، «قىتانلار تارىخى»دىكى «ئارسلان ئۇيغۇر» دەل سۇڭ سۇلالىسى تارىخي ماتېرىياللىرىدىكى قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ ھەم تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بوستانلىقلارنى ماكان تۇتقان خانلىق باشتىن - ئاخىر ئۆزىنىڭ شەرقتىكى قۇدرەتلىك ھاكىمىيەتنىڭ ھەيۋە كۈچىنى نەزەردە تۇتۇشقا مەجۇر بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## §3 . «تۇقۇز ئوغۇزلار» مەسىلىسى ھەققىدە تەتقىقات

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئەرەب- پارسچە تارىخي ماتېرىياللارنىڭ قېزىلىشىغا ئەگىشىپ، IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار ئاتالمىش «توغۇزغۇز (توققۇز ئوغۇز)»لارغا دىققەت قىلىپ كەلدى ھەم

تەدرىجىي پىكىر بىرلىكىگە كېلىپ، ئەرەب ـ پارس مۇئەللىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قاراشتى.

لېكىن، IX، X ئەسىرلەردىكى ئەرەب ـ پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى توققۇز ئوغۇزلارغا دائىر خاتىرىلەرنى دەۋرگە بۆلۈش مەسىلىسى، يەنى گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى ياكى 840- يىلى غەربكە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدىغانلىقىغا قارىتا پىكىر بىرلىكى يوق. بارتولد: توققۇز ئوغۇزلار ئەسلىي خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى شاداـ پىتلارنى كۆرسەتكەن. كېيىن ئەرەبلەرنىڭ ئالماشتۇرۇپ قويۇشى بىلەن ئۇيغۇرلارنى كۆرسەتكەن. لېكىن، تارىخىي ماـ تېرىياللاردىكى كونكرېت يىلنى بېكىتكىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ[61]. ئۇنىڭ «شاداپىت نەزەرىيىسى» مەسئۇدىنىڭ «مۇرۇجى ئەززەھەب» (ئالتۇن يايلاق)دىكى خاتىرىنى خاتا چۈشىنىۋالغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. 1936- يىلى فىللىئوت بىر تەقرىزىدە گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى «توققۇز ئۇيغۇر ئېلى» دېگەن نامنى قوللانغان، كېيىن ئەرەب ـ پارس مۇئەللىپلىرى مۇشۇ نام بىلەن يەنە تۇرپان ئەتراپىدا قايتا قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىنى «توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتاشقان دېيىشىمۇ، يەنە «راستىنى ئېيتقاندا، مەن بۇنداق مۇرەككەپ نامنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ۋە قوللىنىشىنى ئەزەلدىن ئايدىڭلاشتۇرالمىدىم» دەيدۇ[62]. 2- يىلى مىنورسكىي «ھۇدۇ- دۇلئالەم»نىڭ تولۇق تەتقىق قىلىنغان تەرجىمىسى بىلەن تەرجىمە ـ شەرھىسىنى ئېلان قىلىپ، مەزكۇر كىتابتىكى توققۇز ئوغۇزلارغا دائىر بايانلارنىڭ قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى

ھەققىدىكى تەسۋىر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ بىر تەرەپتىن ئەرەب ـ پارسچە ئەسەرلەردىكى ئۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئىشلىتىلىشىدە بەزى ئېنىقسىزلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەرەب ـ پارس مۇئەللىپلىرى قوللانغان توققۇز ئوغۇزلار تەگرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ماكانلاشقان كېيىنكى ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ[63].

1948- يىلى مىنورسكىي «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى[64]»نى قايتا تەتقىق قىلىپ، بۇرۇنقى بەزى كۆزقاراشلىرىنى تۈزىتىدۇ ۋە قودامەنىڭ كىتابىدىكى توققۇز ئوغۇزلارغا دائىر خاتىرىنىڭ «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى»دىن ئېلىنغانلىقىنى، تەمىم ئىبنى بەھر زىيارەت قىلغان توققۇز ئوغۇزلار گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى ئىكەنلىكىنى تەھقىقلەپ چىققان. ئۇ IX ، X ئەسىرلەردىكى ئەرەب ـ پارسچە ئەسەرلەردىكى توققۇز ئوغۇزلار ھەققىدىكى مەسىلىلەرنى قايتا تولۇق تەتقىق قىلمىغان، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھېچكىم بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ باقمىدى. نەتىجىدە، ئىلىم ساھەسىدە بۇ مەسىلىگە قارىتا يەنىلا ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئابى تاكېئو ئەرەب ـ پارسلار بۇ نام بىلەن رەسمىي تونۇشقان چاغ 840- يىلى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئىش، 846-، 847- يىللىرى يېزىلغان ئىبنى خۇردە زبەھنىڭ «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» دېگەن ئەسىرى بولسا غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تۇنجى ماتېرىيال ئىكەن، دەپ قارايدۇ[65]. ئېلىمىزدە 80- يىللاردا نەشر قىلىنغان «جۇڭگو تارىخىنىڭ ئاتلىسى» 5-

قىسمىدىكى «قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئۇدۇن، توققۇز ئوغۇز، قارلۇق قاتارلىق قوۋملار» خەرىتىسىدە، قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قارلۇق قاتارلىق قوۋملارنىڭ ئارىسى ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا توققۇز ئوغۇزلارنى كىرگۈزۈپ قويغان. ئاپتورلارنىڭ توققۇز ئوغۇزلارنى قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى سىرتىدىكى بىر قوۋم، دەپ ئويلاپ قالغانلىقى ئېنىق[66]. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئېلىمىزدىكى بەزى ئالىملار يەنىلا مىنورسكىينىڭ 30-يىللاردىكى كۆزقارىشىنى قوللاپ، ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى توققۇز ئوغۇزلار ئاساسەن قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ[67].

VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تاڭ سۇلالىسى تەسىر كۈچلىرى غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، تەڭرىتاغ رايونىنىڭ ئەھۋالىغا دائىر خەنزۇچە خاتىرىلەر ئازلاپ كەتكەن. IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئىقلىم قالايمىقانچىلىق مەزگىلىگە ئۆتكەن. يەنە كېلىپ مۇساپە يىراق، خەنزۇلار ئېلىدىكى ھاكىمىيەت بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ باردى - كەلدىسى خېلىلا ئازلاپ كەتكەن.

خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا دائىر خاتىرىلەر ھەم ئاز ھەم قالايمىقان بولغاچقا، غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ھەققىدە ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش ۋە ئىلمىي بايان قىلىشتا، IX ، X ئەسىرلەردىكى مۇكەممەلرەك ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلانماي بولمايدۇ. بۇ تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئاۋۋال بۇ تارىخىي ماتېرىياللاردىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرستىدىغان ـ كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك.

## 1 · IX ئەسىردىن بۇرۇنقى ئەرەب ـ پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن توققۇز ئوغۇزلار

فىللىئوت ۋە ھامىلتونىنىڭ تەتقىق قىلىشىچە[68] توققۇز ئوغۇز دېگەن نامىنىڭ مەنىسى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىكەن. ھامىلتون بۇ سۆزنىڭ VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ مەۋجۇت بولغانلىقى توغرىسىدا ئىزدىنىپ، بۇ سۆزنىڭ گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. لېكىن، بۇ نام ئەرەب ـ پارسچە تارىخىي ماتېرىياللار مەيدانىغا چىققاندا، پەقەت گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قولىمىزدا ساقلىنىۋاتقان ئەرەب ـ پارسچە يىلنامە ئەسەرلىرىدىكى توققۇز ئوغۇزلارغا دائىر تۇنجى خاتىرە «تارىخى يەئقۇبى»دا ئۇچرايدۇ. يەئقۇبى مەزكۇر ئەسەرنىڭ يىلنامە قىسمى ھىجرىيىنىڭ 164- يىلى (780-، 781- يىلى) دىكى ۋەقەلەرنى مۇنداق خاتىرىلىگەن[69]: «خەلىپە مەھدى (ئابباسىيلارنىڭ خەلىپىسى 775 — 785- يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ھەرقايسى ئەللەرنىڭ خانلىرىغا يارلىق ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار بولسا[70] كابۇلشاھ ... تەبەرىستان شاھى ئەسباباد، سوغدى شاھى ئىكشىد، توخار خانى شەرۋائىن، باميان خانى ئەلشىر، پەرغانە خانى ...، سۇتۇرشانا

خانى ئەفشىن، قارلۇقلار يابغۇسى، شىستان شاھى رتبىل، تۈرك تارخانى، تۈبۈت خانى جەھۇران، ھىندىستان شاھى راجى، چىن خانى پەغپۇر، ھىندى ۋانزاسى يەنى فۇر، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خاقانى.»

بۇ تارىخىي ماتېرىيالدا ئېيتىلغان ۋەقە، بولۇپمۇ چىن قاتارلىق شەرقتىكى ئەللەرنىڭ خان - شاھلىرى ئەرەبلەرگە بويسۇنغانلىقىنى باشقا ھېچقانداق ماتېرىيال ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. لېكىن، بۇ ئەللەرگە ئەلچى ئەۋەتىلگەن بولۇشى تامامەن مۇمكىن ئىش ياكى بولمىسا خەلىپە ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى سۇلالىلىرىدەك كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسىنى «ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى» دەپ قاراپ، ئىتائەت قىلدىغانلىقىنى بىلدۇردى، دەپ چۈشىنىپ قالغان.

بۇ يەردە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىكى شۇكى، توققۇز ئوغۇز، تۈركلەر ۋە قارلۇقلارنىڭ رەھبەرلىرىگە قوللانغان ئاتاق ئوخشاش ئەمەس. مىنورسكىي «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى» دېگەن ئەسىرىدە بىردىنبىر «قاغان» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن توققۇز ئوغۇزلار گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى دەپ قارايدۇ.

يەئقۇبى ماۋارەئۇننەھردىكى رافىئى ئىبنى رەسىنىڭ غەلىيانىنى خاتىرىلىگەندە، ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئارىسىدا تۈركلەر، قارلۇقلار ۋە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغان[71]. تەبەرى «تارىخى رۇسۇل ۋە مۇلۇك» دېگەن ئەسىرىدىكى ھىجرىيىنىڭ 205- يىلى (820-، 821- يىللىرى)دا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردە توققۇز ئوغۇزلارنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق

دېگەن[72]: بۇ يىلى 11- ئاي (821- يىلى 4- ئاي)دا تاھىر ئىبنى ھۈسەيىن (خۇراساننىڭ نائىبى) خۇراسانغا بېرىپ ئىككى ئاي تۇردى. ئابدۇرەھمان نىشاپورى مۇتەۋەئىنىڭ نىشاپوردا ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ (باستۇرغىلى) كەتتى. توققۇز ئوغۇزلار سۇتۇرشاناغا كەلدى.»

بۇ تەبەرى تىلغا ئالغان بىردىنبىر توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئورنى ھەققىدىكى خاتىرە بولسىمۇ، توققۇز ئوغۇزلار سۇتۇرشاناغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنلىكى ياكى ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى كەلگەنلىكىنى ئېيتمىغان. شۇڭا، سۇتۇرشانانىڭ ئورنى ۋە 817-، 818- يىللىرىدىن كېيىن ساماني جەمەتىنىڭ شاش، پەرغانە ۋە سەمەرقەنتنى ئىدارە قىلغانلىقىدەك بۇ بىر رىئاللىققا قاراپ، بارتولدتەك[73] بۇ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ھەربىي ھەرىكىتى، دەپ ئويلاشقا بولمايدۇ. يەنە مەقرىزىنىڭ ئېيتىشىچە مىسىردىكى تولۇن سۇلتانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەھمەد ئىبنى تولۇننىڭ ئاتىسى توققۇز ئوغۇزلاردىن بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 200- يىلى (815-، 816- يىلى) بۇخارانىڭ ھۆكۈمرانى، ساماني جەمەتىدىن بولمىش نوھ ئىبنى ئەسەد تۆھپە قىلىپ ئاباسىيلارنىڭ خەلىپىسى مەئمۇنغا ھەدىيە قىلغان ئىكەن[74].

بۇ يىلنامە ـ ئەسەرلىرىدىن باشقا، يەنە ئەينى چاغدىكى ئەرەب ـ پارسچە ئەسەرلەر ۋە ساياھەت خاتىرىلىرىدىمۇ دائىم دېگۇدەك توققۇز ئوغۇزلار تىلغا ئېلىنغان. ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسلىقىغا ئۇل سالغانلارنىڭ بىرى[75] بولمىش مۇھەممەد خارەزىم «سۈرەتىل ئەرز» («ئالەم خەرىتىسى») دېگەن ئەسىرىدە تېپولېمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان رامكىسى بويىچە

ئەينى دەۋردىكى دۇنيانى تەسۋىرلىگەن.

ئۇ ئەسەردىكى نۇرغۇن ماتېرىياللار، بولۇپمۇ ئەرەب - پارس ئەللىرىگە يىراقراق بولغان رايونلارغا دائىر ماتېرىياللار تېپىلمىنىڭ ئەسىردىن ئېلىنغان بولىسىمۇ، خارەزىم ئۇ ماتېرىياللارنى ئەينى دەۋردىكى بىلىملەر بىلەن ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشقان. مەزكۇر كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن[76]: سىكتاي (ساك) رايونى، يەنى تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۇزۇنلۇقى 154°05′، كەڭلىكى 30°57′ غا توغرا كېلىدۇ. سىكتاي رايونى، يەنى توققۇز ئوغۇز ئېلىنىڭ مەركىزى ئۇزۇنلۇقى 148°05′، كەڭلىكى 59°30′ قا توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئەسەردە باغداد ئۇزۇنلۇقى 78°05′، كەڭلىكى 33°09′ قا[77]، سەمەرقەنت ئۇزۇنلۇقى 88°30′، كەڭلىكى 36°37′ قا، ئىسپىجاب شەھىرى ئۇزۇنلۇقى 98°10′، كەڭلىكى 39°50′ قا، تالاس ئۇزۇنلۇقى 133°30′، كەڭلىكى 40°24′ قا، يەغفۇر شەھىرى ئۇزۇنلۇقى 159°30′، كەڭلىكى 37°80′ قا[78] جايلاشتۇرۇلغان. بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشتىن «توققۇز ئوغۇز ئېلى»نىڭ دەل گوبىنىڭ شىمالىنىڭ مەركىزىي رايونى ئىكەنلىكىنى، «توققۇز ئوغۇز ئېلى» گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەرەب - پارسچە ئەسەرلەردىكى توققۇز ئوغۇزلارغا دائىر يۇقىرىقىدەك خاتىرىلەردىن باشقا يەنە «تۈركلەر»گە دائىر خاتىرىلەرمۇ گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خەلىپە مەئمۇن ھىجرىيىنىڭ 195- يىلى (810- يىلى) خۇراساننىڭ شەرقىدىكى سىياسىي ۋەزىيەت ھەققىدىكى سۆھبىتى بۇنىڭ ئەڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك مىسالىدۇر. ئەينى

چاغدا، ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەخت تالىشىش كۆرىشى بولۇۋاتاتتى.

مۇھەممەد ئەمىن ھىجرىيىنىڭ 193- يىلى (809- يىلى) باغدادتا خەلىپىلىك تەختىگە ئولتۇرغانلىقىنى جاكارلاپ، ئاكىسى مەئمۇننى خۇراساندىن ئىراققا قايتىپ كېلىشكە بۇيرۇپ، ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى تارتىۋالماقچى بولغان، تەبەرى ئەينى چاغدا خۇراساننىڭ شەرقىدە تۇرۇۋاتقان مەئمۇننىڭ يېقىنى فازىل ئىبنى ساھىل بىلەن ۋەزىيەت ھەققىدە دېيىشكەن سۆھبىتىنى خاتىرىلىگەن[79]: «مەئمۇن دېدىكى: ئورنۇم كۆچىيىپ، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلالىغىنىمدا، ئەگەر مۇشۇنداق ئىش يۈز بېرىپ قالسا، مەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالايتتىم. (ئەمىن بىلەن) تىركىشىشكە ئامال قىلالايتتىم. ھازىر بۇنداق ئىش يۈز بېرىپ خۇراسان ۋەيران بولدى. ھەممە ياق قالايمىقانلىشىپ كەتتى. (قارلۇق) يابغۇسى بېقىندىچىلىقتىن قۇتۇلۇپ قالدى. تۈبۈت قاغانى بويۇنتاۋلىق قىلىۋاتىدۇ. كابۇل خانى قوشنىسى خۇراسانغا بېسىپ كىرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. ئوترار خانى خىراج تاپشۇرمايۋاتىدۇ. مەن بۇ ئىشلارغا قارىتا ئامالسىز قالدىم. مۇھەممەد (ئەمىن)نىڭ مېنى ئالدىغا چاقىرتىشىدا يامان غەرەزى بار. قارىغاندا مەن ھازىرقى ئورنۇمدىن ۋاز كېچىپ تۈرك قاغانىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئېلىنىڭ ھامىيلىقىنى تىلىمىسەم بولمىغۇدەك، ئەڭ ياخشىسى مەن ئۆز بىخەتەرلىكىمنى ساقلاپ، باشقىلارنىڭ مېنى يېڭىۋېلىشى ۋە ئاسىيلىق قىلىشىدىن ساقلانغىنىم تۈزۈك». ئۇ بولالمىغاندا بىشىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغان. «تۈرك قاغان»نىڭ ئېلى بولسا ئەرەبلەر بىلەن

چېگرىلانمىسىمۇ، تەسىرى كىچىك بولمىغان، ئەرەبلەر ئەھمىيەت بەرگەن بۇ قاغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى ئىكەنلىكى ئېنىق[80].

يۇقىرىقى خاتىرىلەر VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئەرەبلەرنىڭ شەرق ياپلاقلىرىدا يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن قۇدرەتلىك كۆچمەن چارۋىچى مىللەتنىڭ تەسىرىنى بىلگەنلىكى ھەم ئۇلارنىڭ توققۇز ئوغۇز، دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەرەبلەر ئۇيغۇرلارنى يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن تۈرك كۆچلىرى، تۈركلەرنىڭ يېڭى بىر خانلىقى دەپ قاراپ «تۈركلەر» دەپمۇ ئاتىغان.

لېكىن، يۇقىرىقى خاتىرىلەر ئەرەبلەر بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىۋاسىتە ئۇچرىشىشىنىڭ ئازلىقىنى، بىلگەنلىرىنىڭمۇ يۈزەكىلىكىنى، خاتىرىلەردە بەزى باياناتلارنىڭ كەملىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 2. IX ئەسىردىكى ئەرەب ـ پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن توققۇز ئوغۇزلار

821 ـ يىلى ئەتراپىدا تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ شەرققە سەپەر قىلىشى، IX ئەسىردىكى ئەرەب ـ پارس تارىخ ـ جۇغراپىيىشۇناسلىرىنىڭ توققۇز ئوغۇزلارغا بولغان تونۇشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. تەمىم ئىبنى بەھر توققۇز ئوغۇز ئېلىگە بېرىش سەپىرىدىكى مۇساپىلەر، ئۇ يەرلەرنىڭ مۇھىتى ۋە شەھەر ـ بازارلىرى، خان ـ پادىشاھلىرى، قوشنا ئەللەر ۋە ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلارنى

خاتىرىلەپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب ئەللىرى گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەپسىلىي چۈشىنىشكە ئېرىشكەن. بۇ خاتىرىنى ئىبنى خوردە زبىھ[81]، ئىبنى فەقىھ[82]، قۇدامە[83]، ياقۇتى[84] قاتارلىق مۇئەللىپلەرنىڭ ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزۈشىدىن قارىغاندا، تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ بۇ قېتىملىق زىيارىتى ئەرەب ئەللىرىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا، IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەرەب ئەللىرى كىتابى - دەستۇر يېزىش ئەۋج ئالغان مەزگىلگە كىرگەندە، ئەرەب - پارس مۇئەللىپلەر گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار (توققۇز ئوغۇزلارنى شەرقتىكى كۆچمەن چارۋىچى بۈيۈك ئەل دەپ تونۇش)نىڭ ئەنئەنىۋى كۆزقاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى ھەم تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ خاتىرىسىدىن بەزى تەپسىلاتلارغا ئېرىشتى. ئىبنى خوردە زبىھ ئاشۇ مەئەللىپلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇ 846-، 847- يىللىرى تاماملىغان «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» دېگەن ئەسىرىنى 885- يىلى تولۇقلاپ تۈگەتكەن[85]. بۇ ئەسەرگە تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ خاتىرىسىنى كىرگۈزگەندىن باشقا، يەنە تۈركىي قوۋملارغا دائىر باياندا توققۇز ئوغۇزلارنى تىلغا ئالغان. ئۇ: «تۈركلەر رايونىدىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ زېمىنى تۈركلەر رايونى بويىچە ئەڭ چوڭ، ئۇلار چىن، تۈبۈت ۋە قارلۇقلار بىلەن قوشنا، قارلۇقلار قىماق، ئوغۇز، ماجغارى، پەچەنەك، تۈركەش، ئازكىش، قىپچاق، قىرغىزلار بىلەن قوشنا، قىرغىزلار يېرىدىن ئىپار چىقىدۇ. ئۇلار قارلۇقلار ۋە دەريانىڭ بۇ تەرىپىدىكى خالاجلار بىلەن قوشنا» دەپ خاتىرىلىگەن[86].

خەنزۇچە تارىخي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قارلۇقلار تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن،

تۈركەشلەر «قارلۇقلارغا باش ئەگكەن». شۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخي ۋەقەلەردە، شەرقنىڭ تارىخي ماتېرىياللىرىدا، بولۇپمۇ ئەرەب - پارسچە تارىخي ماتېرىياللاردا تۈركەشلەرنىڭ نېمە رول ئوينىغانلىقىغا ئائىت بىرەر ئۇچۇر قايتا تىلغا ئېلىنمىغان. شۇڭا، تۈركەشلەر بۈيۈك قوۋم بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقا تۈركىي قوۋملار بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇش تارىخى VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇرۇن ئاخىرلاشمىغان. شۇڭا، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان توققۇز ئوغۇزلار غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى، مەڭلىگ تېكىن باشچىلىقىدىكى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار بولسۇن ياكى بۇقۇچىن قۇچۇ بىلەن بېشبالىقنى ئىگىلەپ، قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان بولسۇن، ھازىرچە قولىمىزدا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركەشتىن ئىلگىرى تۈركىي قوۋملار ئىچىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت بولۇۋالغانلىقىنى چۈشەندۈرگۈدەك ماتېرىيال يوق. ھەم ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ ئۇزاق ئۆتمەي تۈبۈت ئىمپېرىيىسى دارما ئۆلگەندىن كېيىن چەك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەن. خېشىدىكى تۈبۈت كۈچلىرىمۇ گۇمران بولغان، ئەينى چاغدا قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇپ بولغان دېگەندىمۇ، ئۇنىڭ چېگرىسىدا تىركىشەلىگۈدەك تۈبۈت كۈچلىرىمۇ قالمىغان. 840- يىلىدىن بۇرۇن گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چېگرىداش قوشنىسى دەل جۇڭگو، تۈبۈتلەر ۋە قارلۇقلار. شۇڭا، بۇ ماتېرىياللاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى ياكى مۇئەللىپنىڭ كاللىسىدىكى 840- يىلىدىن بۇرۇنقى، بەلكىم VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 30- يىللىرىدىكى تارىخي مەنزىرىدۇر. بۇ توققۇز ئوغۇزلار چوقۇم گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ماكۇارت بىلەن بارتولد مەزكۇر كىتابىتا تىلغا ئېلىنغان توققۇز ئوغۇزلار ھەققىدە ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى بايان قىلغان بولسىمۇ، بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان بۇ تارىخي ماتېرىيالنى تىلغا ئالمىغان[87]. مىنورسكىي «ھۇدۇدۇلئالەم»نى تەرجىمە قىلىپ شەرھى يازغاندا توققۇز ئوغۇزلار ھەققىدە مۇھاكىمە قىلغان بولسىمۇ، توققۇز ئوغۇزلار ھەققىدە باھا يازمىغان[88]. قارىغاندا، ئۇلار تالاشقۇدەك ھېچ ئىش يوق. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئېگىلىگەن يېرى بىپايان، كۈچ ـ قۇدرەتلىك، ئۇلار گوبىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەپلا قارىسا كېرەك.

كۆپچىلىككە تونۇشلۇق بولغان «سۇلايماننىڭ ساياھەت خاتىرىسى»دىمۇ توققۇز ئوغۇزلار توغرىسىدا، خاتىرىنىڭ 73- پەسلىدە «چىننىڭ سىرتىدىكى زېمىندا تۈركلەردىن توققۇز ئوغۇزلار ۋە تۈركلەرگە چېگرىداش تۈبۈت قاغانى بار» دەپ خاتىرىلەنگەن[89]. بۇ كىتابنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدە ئادەتتە ھەممەيلەن مەزكۇر كىتابنىڭ داۋامىنى يازغان ئەبۇ زەيدنىڭ ھىجرىيىنىڭ 237- يىلى (851- يىلى 7- ئايدىن 852- يىلى 6- ئايغىچە) يېزىلغان، دېگەن قارىشىغا قوشۇلىدۇ[90]. ساۋۋاگېت 1948- يىلى بۇ كىتابنىڭ يېڭىچە تەرجىمە ـ شەرھى نۇسخىسىنى ئېلان قىلغاندا، تەپسىلىي دەلىللەش ئېلىپ بارغان[91]. ئۇ يۇلي[92]، فىللىئوت[93]تەك كىتابتا بىرلا تىلغا ئېلىنغان سۇلايماننى ھەرگىز مۇئەللىپ ئەمەس، چوڭ بولغاندىمۇ يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگۈچى دەپ قاراپلا قالماستىن يەنە ئەينى چاغدا بۇنداق ژانىردىكى ئەسەرلەر («ئەخبار» — كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلار خاتىرىسى) ئەرەبلەردە ناھايىتى ئوموملاشقانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. شۇڭا بىز، ئۇ

كىتابىتىكى ماتېرىياللار 850- يىلى ئەتراپىدىكى تارىخ بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ ھېسابلاشقا تولۇق ھەقلىقمىز. ئۇ خاتىرىدە يېزىلغىنى چوقۇم كېمە بىلەن جۇڭگوغا كەلگەن ئەرەب ئەلچىلەر ئاڭلىغان بۇرۇنقى تارىخ توغرىسىدىكى ئەپقاچتى گەپلەر. يۇقىرىدىكى نەقىل كەلتۈرگەن ماتېرىيالدىكى توققۇز ئوغۇزلارمۇ چوقۇم 840- يىلىدىن بۇرۇنقى گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇ نامى چىقمىغان مۇئەللىپ جەنۇبىي دېڭىز ياكى جۇڭگونىڭ جەنۇبىي قىسمىدا تۇرۇپ غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەۋرىنى ئېلىشى مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، ھەتتا ئوتتۇرا ئىقلىمدىكى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ ئەينى چاغدا تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلىيەلمىگەن. ئەبۇ زەئىد مەزكۇر كىتابىنىڭ داۋامىدا تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ خۇاڭ چاۋ قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشۇپ بەرگەنلەر تۈركلەردىن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خانى دەيدۇ[94]. بۇ شاداپىتلاردىن لى كېيوڭ ھەققىدە تارقالغان رىۋايەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ خاتىرە X ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگۈچە جۇڭگونىڭ جەنۇبىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئەرەب سودىگەرلەرنىڭ توققۇز ئوغۇز توغرىسىدىكى بىلىدىغانلىرىنىڭ كونىراپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

دەجلە ـ فىرات دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان جاھىزى (776 — 869- يىللىرى) كىتابى[95]دا: «تۈركلەرنىڭ توققۇز ئوغۇزلىرى ئۇلار (تۈركلەرنى كۆرسىتىدۇ — مىنورسكىينىڭ ئىزاھى)نىڭ باھادىرلىرىدۇر. ئۇلار گەرچە قارلۇقلاردىن ئىككى ھەسسە كۆپ بولسىمۇ، قارلۇقلارنىڭ داھىيسى بولۇپ قالغان» دەپ، ئۇلارنىڭ خارابلىشىش سەۋەبىنى مانى دىنىنىڭ زىيانلىق تەسىرىگە

ئارتىپ قويغان. بۇ تارىخىي ماتېرىيالدىن ئەڭ دەسلەپ ماكۇرات پايدىلىنىپ، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان خارابىلىشىش ئۇيغۇرلارنى 840- يىلى قىرغىزلار ھالاك قىلغان ۋەقەنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارىغان[96]. ھازىر قولىمىزدا جاھىزىنىڭ كىتابى يوق. بۇ تارىخىي ماتېرىيال ھەققىدە مۇھاكىمە قىلغان ئالىملار ئەسلىي مەتىنىنى تەپسىلىي كەلتۈرمىگەن ھەم جاھىزىنىڭ توققۇز ئوغۇزلار توغرىسىدىكى خاتىرىسىنى تولۇق تەكشۈرمىگەن. شۇڭا، ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىۋېتىشكە ئامالسىزمەن. بىراق، بىز بۇ مۇئەللىپىنىڭ ئەدىب ئىكەنلىكىنى، شەرقتىكى جۇغراپىيىۋى مەسىلىلەرگە ئائىت بەزى بايانلىرىنى مەسئۇدى تەنقىد قىلغانلىقىنى بىلىمىز[97] ھەم زامانىمىزدىكى ئالىملار 869- يىلى ۋاپات بولغان بۇ مۇئەللىپىنىڭ غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە باشقا خاتىرە قالدۇرغانلىقىنى تىلغان ئالمىغان. ئەكسىچە بارتولد جاھىزىنىڭ يەنە بىر ئابزاس خاتىرىسىدە توققۇز ئوغۇزلار يېقىندا كۆچۈپ كەلگەن قوۋم سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى قارلۇقلارنىڭ كونا قوشنىسى قىلىپ تەسۋىرلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن[98]. شۇڭا، بارتولد[99] بىلەن مىنورسكىي[100] بىز مۇھاكىمە قىلغان بۇ تارىخىي ماتېرىيال 840- يىلىدىن بۇرۇنقى ۋەقەلەرنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. خۇلاسىلىگەندە، جاھىزىنىڭ كىتابىدا 840- يىلىدىكى ۋەقەگە دائىر ياكى شۇنىڭدىن كېيىنكى توققۇز ئوغۇزلارغا دائىر خاتىرە بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

«تارىخى يەئقۇبى» دېگەن ئەسەردىكى توققۇز ئوغۇزلارغا ئائىت خاتىرە ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. كىتابنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى يىلنامە (پۈتۈن كىتابنىڭ ئۈچتىن ئىككى

قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. 872-، 873- يىللىرى تاھىرىلار سۇلالىسى مۇنقەرز بولغان ۋاقىتقىچە بولغان يىلنامە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ)دىن باشقا، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەھۋالىنى بابلار بويىچە مەخسۇس بايان قىلغان. ئالدىنقى يېرىمىدىمۇ توققۇز ئوغۇزلارنى تىلغان ئالغان. «شىمالدىكى خانلىقلار» دېگەن بابتا، يەئقۇبى: ئامۇر (ئىبنى تۇبلە ئىبنى ياپەس ئىبنى نوھ)نىڭ ئەۋلادىدىن بىر توپ كىشىلەر ماۋارەئۇننەھرگە كېلىپ، ھەر ياقلارغا تارقالدى ھەم ئوخشاشمىغان سۇلالە ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللەندى. ئۇلار خۇتتال، قەۋادىيان، سۇتۇرشانا، سوغدى، پەرغانە، شاش، تۈركلەر، قارلۇقلار، توققۇز ئوغۇزلار، قىماق تۈركلىرى، تۈبۈتلەر ئىدى. تۈركلەردىن شەھەر - قەلئەلەردە ئولتۇراقلاشقانلارمۇ، تاغۇباياۋاندا چارۋىچىلىق قىلىدىغانلارمۇ بار. ئۇلار چېچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىدۇ، چېدىردا تۇرىدۇ. ئۇرۇشقا چىققاندا 20 لەشكەر بىر بارگاھ قۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوقى دەل جايىغا تېگىدۇ، ئۇلارنىڭ چېدىرلىرى خۇراسان چېگرىسىدىن تۈبۈت تاغلىرى ۋە چىن تاغلىرىغىچە ئۇزۇلمەيدۇ، دەپ خاتىرىلىگەن[101]. يەئقۇبى بۇ بابتا يەنە رىۋايەتلەردىكى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى دۇنيانى بۆلۈشۈۋېلىپ، ماكان تۇتۇپ، ئەل قۇرغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللارنى تىلغا ئالىدۇ. بۇلار بىزگە ئۇلارنىڭ ئەرەب - پارسلار ئارىسىدىكى تۈركلەرگە دائىر قەدىمىي رىۋايەتلەرنى خاتىرىلىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. يەئقۇبىنىڭ ئەسىرى IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تاماملانغان بولسىمۇ، ئۇ كىتابتا تىلغان ئېلىنغان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئىكەن، دېمەك تەس. ئەمەلىيەتتە مەزكۇر ئەسەرنىڭ يىلنامە قىسمى بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىپ

بولغان. يىلنامىدىن خەلىپە مەئمۇندىن كېيىنكى خۇراساننىڭ شەرقىدىكى جايلارغا ئائىت تارىخىي خاتىرىلەرنى زادى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. «تارىخى يەئقۇبى»دىكى شەرقىي ئەللەرگە دائىر ماتېرىياللار، يەنى توققۇز ئوغۇزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماتېرىياللار ئىبنى خۇردەزبېھنىڭ خاتىرىلىگىنىدەكلا كونا خاتىرىلەر، خالاس.

يەئقۇبىنىڭ يەنە بىر ئەسىرى بولمىش «كىتابى بۇلدان» ھىجرىيىنىڭ 278- يىلى (891-، 892- يىللىرى) مىسىردا تاماملانغان. ئۇ بۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن نۇرغۇن تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان[102]. يەئقۇبى ئۇ كىتابتا ئاۋۋال ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ ئىككى ئاستانىسى بولمىش باغداد بىلەن سامارانى تەپسىلىي تەسۋىرلەپ، ئاندىن دۇنيانى تۆت بۆلەككە بۆلۈپ (ئەرەبچىدىكى «روب» سۆزى تۆتتىن بىرى دېگەن مەنىدە) بايان قىلغان، بىرىنچى بۆلەك، شەرق يەنى باغدادنىڭ شەرقىدىن «خۇراسانغا تۇتاشقان تۈبۈت ۋە تۈركىستان» بولۇپ، بىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنى مۇشۇ بۆلەك[103].

يەئقۇبى ماۋارەئۇننەھردىكى جايلارنى بايان قىلىپ مۇنداق خاتىرىلىگەن[104]: «بۇ (ئامۇ) دەرياسى سىرتىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر يۆنىلىشكە توخارىستان، سوغدىيانە، سەمەرقەنت، شاش، پەرغانە قاتارلىق شەھەرلەر جايلاشقان، بۇنىڭدىن ئۆزگىسى كۆپ دېنلىق رايونلاردۇر. ئىشقىلىپ خۇراسان بىلەن سىجىستان ئۆپچۆرىسى تۈركىستاندۇر. تۈركلەر نەچچە قوۋم ۋە خانلىق بولۇپ كەتكەن. ئۇلار قارلۇقلار، توققۇز ئوغۇزلار، تۈركەشلەر، قىماقلار ۋە ئوغۇزلاردىن ئىبارەت. تۈركلەردىكى ھەر بىر قوۋمنىڭ بىر خانلىقى بار. ئۇلار دېگۈدەك ئۆزئارا ئۇرۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇقىم

تۇرالغۇسى، قەلئەسى يوق. ئۇلار تۇركچە گىرۋەكلىك ئۆگزىلىك، يۇمىلاق چېدىردا تۇرىدۇ. چېدىرنى تېرە ۋە تاسما بىلەن مىخلىۋېتىدۇ. چېدىرنىڭ سىرتىنى كىگىز بىلەن يۆگەيدۇ. ئۇلار كىگىز ئېتىشكە بەك ماھىر بولغاچقا، كىيىملىرىمۇ كىگىزدىن تىكىلگەن. تۇركىستاننىڭ زىرائەتلىرىدىن ئادەتتىكى بىر خىل گۇرۇچلا بار، ئۇلار قىمىز ئىچىپ، ئات گۆشى يەيدۇ، ئوۋ گۆشىنى كۆپرەك يەيدۇ. ئۇ يەرلەردىن تۆمۈر چىقمىغاچقا سۆڭەكتىن ئوق ياسايدۇ، ئۇلارنىڭ زېمىنى خۇراساننى ئوراپ تۇرغاچقا، ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىۋېرىدۇ. خۇراساننىڭ ھەرقايسى جايلىرى تۇركلەرنىڭ ھەرقايسى قوۋملىرى بىلەن ئۇرۇشمىغىنى يوق». بۇ يەردە خاتىرىلەنگەن توققۇز ئوغۇزلار گويىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتەمدۇ ياكى غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتەمدۇ؟ يەئقۇبىنىڭ خاتىرىسىدىكى ئەرەبلەرنىڭ شەرقىي تەرەپتىكى چېگرىسى ئىسپىجاب بىلەن كاسانغىچە سوزۇلغان بولۇپ، ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ(105): «شاشتىن ئىسپىجابتىكى ئەڭ چوڭ چېگرا رايونغىچە ئىككى مۇساپە بار بولۇپ، كىشىلەر (ئىسپىجابتىن) تۇركلەر بىلەن ئۇرۇشقىلى بارىدۇ. ئۇ سەمەرقەنتنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر تەۋەلىكىدۇر». 839-، 840- يىللىرى ساماني جەمەتىنىڭ ئىسپىجاب شەھىرىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى(106) نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ، يەئقۇبى چوقۇم 840- يىللاردىن كېيىنكى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەھۋاللاردىن ئازدۇر- كۆپتۇر خەۋەردار ئىكەن، دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، 839- يىلى نوھ يەنە پەرغانىنىڭ شەرقىدىكى ئۇراشت رايونى (ئوشنىڭ غەربى)(107)نى ئىگىلىۋالغان. ئۇزاق ئۆتمەي

سامانىيلار يەنە نارىن دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ سىلجىپ خەيلام (نارىن دەرياسى بويىدىكى مۇھىم بازار) غىچە بېسىپ بارغان[108]. بۇ ئەھۋاللار يەئقۇبىنىڭ ئەسىرىدە ئۇچرىمايدۇ ھەم يەئقۇبىنىڭ پەرغانىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار ھەققىدىكى خاتىرىسىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ[109] ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ۋاخش (سۇرخەب) ۋادىسىدىكى مۇنىك شەھىرى (ھازىرقى تاجىكىستانىنىڭ بەلجان)[110] «تۈركىستانغا، رەشت (ھازىرقى تاجىكىستانىنىڭ گەرم)، كۇماد (ۋاخش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى سايلىق بولۇشى مۇمكىن)[111] ۋە پامىر (ئالاي تاغ تىزمىسى)[112] غا بارىدىغان چېگرا» دېگەن. ئۇ يەنە[113] ۋاشجىرد (ھازىرقى تاجىكىستاندىكى پەيزئاباد)[114] نى چېگرادىكى مۇھىم يەرلەرگە جايلاشقان شەھەر بولۇپ، زېمىنى بىپايان، 700 مۇستەھكەم قەلئەسى بار، چۈنكى ئۇلار تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشىۋاتىدۇ؛ ئۇلار بىلەن تۈركىستانىنىڭ ئارىلىقى تۆت پەرسەخ (24 كىلومېتىر) كېلىدۇ؛ «ئۇلارنىڭ 700 قەلئەسى بار، چۈنكى ئۇلار تۈركلەر بىلەن چېگرىداش» دەپ خاتىرىلىگەن.

لېكىن، ئىبنى خۇردە زىبەنىڭ سەل بۇرۇنراق يېزىلغان كىتابىدا بۇ رايونلارنى باشقىچە تەسۋىرلەپ، مۇنداق خاتىرىلىگەن[115]: «ۋاشجىردتىن رەشتقىچە تۆت كۈنلۈك مۇساپىدۇر. رەشت بۇ تەرەپتىن خۇراساننىڭ ئەڭ چېتى ھېسابلىنىدۇ. رەشت ئىككى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان شەھەر بولۇپ، ئىلگىرى تۈركلەرنىڭ خۇراسانغا ھۇجۇم قىلىدىغان ئېغىزى ئىدى. شۇڭا، فارىل ئىبنى يەھيا ئىبنى خالىد ئىبنى بارماك بۇ يول ئېغىزىنى ئەتتۈرۈۋەتكەن».

ئىبنى خۇردە زىبھىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، فازىل ئىبنى يەھىيا (794-، 795- يىللىرىدىكى خۇراساننىڭ نائىبى) ئەرەبلەرنىڭ چىگرىسىنى رەشتقىچە سۈرۈۋە تكەن. فازىلنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىنى يەئقۇبى كىتابىغا كىرگۈزگەن[116] بولسىمۇ، باشقا مۇئەللىپلەر ئەرەبلەرنىڭ رەشتتىن جەنۇبقا ۋە غەربكە چېكىنگەنلىكىنى تىلغا ئالمىغان. شۇڭا، يەئقۇبىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلغان خاتىرىسى سەل بۇرۇنقى مەزگىللەردىكى ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۇرسە كېرەك.

يۇقىرىدا بايان قىلغان ئەھۋاللار يەئقۇبى بىلەن ئىبنى خۇردە زىبھىنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ شەرقتىكى رايونلىرىنى تەسۋىرلىگەندە 840 - يىلدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ماتېرىياللاردىن ئوخشاش پايدىلىنىۋەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا يەئقۇبى بولسا ئىبنى خۇردە زىبھىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان مۇئەللىپلەرنىڭ بىرى ئىكەن[117]. شۇڭا، يۇقىرىدا بايان قىلغان ئەھۋاللاردىن ئەجەبلىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، يەئقۇبى كىتابىنىڭ بېشىدىلا ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق قىلىش پرىنسىپىنى جاكارلىۋەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممە جايلارنى سەيلە - ساياھەت قىلغانلىقىنى سۆزلەپ[118]: «مەن توختىماستىن بۇ ئەھۋاللارنى خاتىرىلەپ كىتاب قىلدىم، ھەربىر ئۇچۇرنى مۇۋاپىق ئورۇنغا كىرگۈزدۈم، ھەرقايسى شەھەردىكى ئاھالىلەر ئارىسىدىكى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئاڭلىغانلىرىمنى ئىلگىرى ئىگىلىگەن بىلىملىرىمگە تولۇق قوشۇۋەتتىم» دېگەن.

بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان مەسىلە ئۇچۇن ئېيتقاندا، قارلۇقلار، تۈركەشلەر توققۇز ئوغۇز قاتارلىق بىرنەچچە بۈيۈك

خانلىق (كۆچلەر) تەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت IX ئەسىردىن ئىلگىرىكى ئىشلارغا تەۋە. بىز 840- يىلىدىن كېيىن تۈركەش قەبىلىسى مۇتلەق مەۋجۇت بولمىغان دەپ كېسىپ ئېيتالمايمىز. چۈنكى، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىن 6551 - ۋاراقتىكى «بۇددا مۇكالىمىسى»(119)، «ھۇدۇدۇلئالەم» (17- بابى) ۋە گەردىزىنىڭ كىتابى(120)دا، ھەتتا «تۈركىي تىللار دىۋانى»(121)دىمۇ مىنورسكىي تۈركەشلەرنىڭ بىر ئۇرۇقى ئىكەن دەپ تەتقىق قىلىپ چىققان «توخسى»لارنى ئۇچرىتىمىز. بۇنىڭغا قارىغاندا، تۈركەش قەبىلىسىنى مەۋجۇت دېگەندىمۇ، ئۇلار چوقۇم ناھايىتى كىچىك، ئاجىز خەلقلەر بولۇپ، دالى سەلتەنەت دەۋرىدىن كېيىن «قارلۇقلارغا باش ئەگكەن» بولۇپ، توققۇز ئوغۇزلار، قارلۇقلار، ئوغۇزلار ۋە قىماقلار بىلەن تىركىشە-لەيدىغان مۇستەقىل تۈركەش خانلىقى ئاللىقاچان يوقالغان. شۇڭا، مۇئەللىپلەرنىڭ كاللىسىدىكى تۈركەشلەر ۋە ئۇلارنىڭ شەرقىدىكى توققۇز ئوغۇزلار تەسۋىرى IX ئەسىردىن بۇرۇنقى تارىخىي ئەھۋاللاردۇر.

ئىبنى فەقىھنىڭ «كىتابى بۇلدان»(122)دا، ئىبنى خۇر-دەزبىھنىڭ «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» بىلەن يەئقۇبىنىڭ «كىتابى بۇلدان»غا ئوخشاش مۇئەللىپ ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى تارىخنى خاتىرىلەش بىلەن بىرگە يىل ۋاقتى يېزىلمىغان، ئەمەلىيەتتە ناھايىتى كونىراپ كەتكەن ما-تېرىياللارنىمۇ كىرگۈزۈۋەتكەن. X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاماملانغان بۇ تارىخنامىدە ئىبنى فەقىھ سامانىي جەمەتىدىن نوھ ئىبنى ئەسەد (842- يىلى ئۆلگەن) بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەلەرنى تىلغا ئېلىپلا قالماي، ئىسمائىل

ئىبنى ئەھمەد (892 — 907- يىللىرىدىكى سامانىي ئەمىرى)-نىڭ تۈركلەرگە جازا يۈرۈش قىلغاندا يولۇققان مۈشەققەتلى (تۈركلەر يادا تاش بىلەن رەقىبىگە تاقابىل تۇرغان) ۋە نۇسرەت قازىنىش جەريانىنى تەپسىلىي تەسۋىرلىگەن[123]. يىلنامىلەر ۋە باشقا تارىخنامىلەردىكى خاتىرىلەرگە سېلىشتۇرساق، بۇ ئىسمائىلنىڭ 893- يىلى تالاسقا لەشكەر تارتقان ۋەقە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز[124]. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەرەب ئەللىرىنىڭ چېگرىسى سىرتىدىكى تۈركىي قوۋملار، بولۇپمۇ توققۇز ئوغۇزلار ھەققىدىكى تونۇشى زامانىنىڭ كەينىدە قالغان.

دې گوجىي تەھرىرلىگەن ئىبنى فەقىھنىڭ كىتابى (V توم)دا توققۇز ئوغۇزلار ئىككى يەردە تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭ بىرسى سەمەرقەنتتىن زەمىن ئارقىلىق شاشقا، تۈركلەر ۋە پەرغانىگە بارىدىغان مۇساپە توغرىسىدىكى خاتىرە بولۇپ، بۇ خاتىرە ئىبنى خۇردە زىبھىنىڭ كىتابىدىن ئېلىنغان. توققۇز ئوغۇزلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بولسا تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن ئېلىنغان[125]. يەنە بىر يەردىكى خاتىرىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە[126]: (مەن ئابزاسلارغا بۆلۈپ، رەتكە تىزدىم).

1) تۈرك تائىپىسى توققۇز ئوغۇزلار بولۇپ، ئۇلار تۈركلەر-دىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ئەل. ئۇلار چىن، تۇبۇت، قارلۇق، ئوغۇز، يەچەنەك، تۈركەش، ئاركۇش، قىپچاق ۋە قىرغىزلار بىلەن چېگرىداش؛ تۈركلەرنىڭ جەمئىي 16 شەھىرى بار. توققۇز ئوغۇزلار تۈركلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىرى.

2) كىشىلەر تۈركلەرنىڭ قويلىرى تۆتتىن كەم تۆللىمەيدۇ،

دېيىشكەن. ناۋادا كۆپ بولغاندا قانجۇقتەك بەش - ئالتىنى تۆللىشۋېتىدىكەن. قىسمەن ئەھۋاللاردىلا ئىككى - ئۈچىنى تۆللەيدىكەن. قويلىرى ناھايىتى يوغان بولۇپ قۇيرۇقلىرى يەردە سۆرۈلۈپ تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئېلىدە قارا بۇلغۇن بىلەن تۈلكىلەر ناھايىتى كۆپ. ئۇلار ئوۋچىلىققا پىششىق، ئۇلاردىن يەنە بەلەن ئىپار چىقىدۇ. ئىپار ھايۋاناتنىڭ پېشانىسىدىكى مۈڭگۈزىكەن.

3) تۈركلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ[127].

4) تۈركلەردىكى ئاجايىپ ئىشلارنىڭ بىرى قار - يامغۇر تىلەيدىغان يادا تاش. يادا تاشنى ھەممە كىشى بىلىدىكەن ھەم ھېچكىم ئىنكار قىلمايدىكەن. بۇ يادا تاش ھازىر ھېچقانداق تۈرك خانىغا ئەمەس، بەلكى توققۇز ئوغۇز خانىغىلا تەئەللۇقكەن.

5) رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۇلار قۇياش چىقىدىغان يەردە بۆكەندىن (يادا تاشقا) ئېرىشكەنمىش، ئۇ يەرلەرنىڭ بۆكەنلىرى يادا تاش بىلەن قۇياشنى توسقانمىش.

بۇ خاتىرىدىكى بىرىنچى ئابزاس ئىبنى خۇردە زبەھنىڭ كىتابىدىن ئېلىنغان. ئىبنى خۇردە زبەھنىڭ كىتابىدىكى خاتىرىدىن نەقىل كۆرسەتكىنىمىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا بۇنىڭ بىر قىسمى قىسقارتىلغان ھەم كۆپەيتىلگەن. مەسىلەن، ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملىسى شۇنداق.

ئىككىنچى ئابزاسنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس. بۇ تېما بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى يوق.

ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئابزاس «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ساياھەت خاتىرىسى» (12 — 14- پەسىل)دىن ئېلىنغان[128].

بىراق، قولىمىزدىكى ئىبنى خۇردە زىبھىنىڭ كىتابى بىلەن ئىبنى فەقىھنىڭ كىتابى قىسقارتىلغان نۇسخىسى بولۇپ، ئىبنى فەقىھنىڭ كىتابى ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. يەنە كېلىپ مىنورسكىي رەتلىگەن تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ساياھەت خاتىرىسىمۇ مۇكەممەل بولمىغان خاتىرە بولغاچقا، چىقىرالايدىغان يەكۈنىمىز ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ قويۇشتىنلا ئىبارەت. بۇنداق ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتىدىن ئىبنى فەقىھنىڭ كىتابىدىكى توققۇز ئوغۇزلار ئاساسەن گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. ئىبنى فەقىھنىڭ قەدىمىيراق بولغان مەشھەد نۇسخىسىدىكى كىتابىنى ئوقۇيالمىغىنىمىزغا تولىمۇ ئەپسۇس(129). شۇنداقتىمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان «تۈركمەنىستان ۋە تۈركمەنلەر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»غا ئۇزۇن بىر ئابزاسنى تەرجىمە قىلىپ كىرگۈزگەن(130) ھەم بۇ ئابزاس ياقۇتنىڭ «مۆئجەم بۇلدان» («يەر ناملىرى لۇغىتى»)دىمۇ ئۇچرايدۇ(131). ئۇ خاتىرىدە ئىبنى فەقىھنىڭ زامانىدىشى ئەبۇ ئابباس ئىسا ئىبنى مۇھەممەد مەرۋىزى ئەرەب ئەللىرىگە قوشنا قوۋملاردىن ئوغۇزلار، توققۇز ئوغۇزلار ۋە قارلۇقلار بارلىقىنى تىلغا ئالغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئەبۇ ئابباس توققۇز ئوغۇزلارغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق بىر تەپسىلاتلارنى تىلغا ئالمىغان. مۇبادا بۇ توققۇز ئوغۇزلار ھەققىدە ئەبۇ ئابباسنىڭ دەۋرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار يەنى قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسەتسە يەنىلا ئېتىراپ قىلغىنىمىز تۈزۈك. توققۇز ئوغۇزلار VIII ئەسىرنىڭ

ئاخىرلىرىدىن باشلاپ تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدا، بولۇپمۇ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە ئاكتىپ پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقاچقا، ئىبنى فەقىھ مەلۇمات بەرگەن ئەھۋاللار يەنە بىر قېتىم مىنورسكىينىڭ يەكۈنىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. يەنى ئەينى چاغدىكى ئەرەب - پارس ئالىملىرى ئەمەلىيەتتە 840- يىلىدىن بۇرۇن ئىگىلىگەن تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى توققۇز ئوغۇزلار (گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى) بىلەن 840- يىلىدىن كېيىنكى ماكان تۇتۇپ يەرلەشكەن توققۇز ئوغۇزلار (غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار بىلەن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى)نى تۇپتىن پەرقلەندۈرمىگەن[132].

IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلى ۋە X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەرەب - پارس مۇئەللىپلىرى تەسۋىرلىگەن توققۇز ئوغۇزلار ئاساسەن گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ ھەم قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا دائىر ئازراق خاتىرىلەرمۇ ئارىلىشىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى مەسئۇدىنىڭ ئەسىرىدىمۇ يەنە بىر قېتىم ئىپادىلەنگەن. 956- يىلى ۋاپات بولغان مەسئۇدى[133] ھاياتىدا نۇرغۇن ئەسەر يازغان بولسىمۇ، بىزگە يېتىپ كەلگەنلىرىدىن «مۇرۇجى ئەززەھەب ۋە مەئادىنۇل جەۋھەر» («ئالتۇن يايلاق ۋە ئۈنچە - مەرۋايىت بايلىقلار» 947- يىلى يېزىپ، 956- يىلى تۈزەتكەن) بىلەن «كىتابى تەنبىھ ۋە ئىشراپ» (نەسىھەتنامە. ئۆمرىنىڭ ئاخىردا يېزىلغان) بار. «مۇرۇجى ئەززەھەب» مەسئۇدىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى بولۇپ، قامۇس دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن. «كىتابى تەنبىھ ۋە ئىشراپ» بولسا ئۇنىڭ خۇلاسە خاراكتېرلىك ئەسىرى بولۇپ، بۇنىڭدا

ئۆزىنىڭ كونا ئەسەرلىرىگە تولۇقلىما بەرگەن. «مۇرۇجى ئەززەھەب»دىكى توققۇز ئوغۇزلارغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە يەردە ئۇچرايدۇ:

1) (333- يەسىل) (چىن) خاقانى قوشنىسى بولمىش تۇبۇتلەرنىڭ مەدۇ شەھىرى[134]گە پاناھلىق تىلەپ كەپتۇ (يۇقىرىدا بۇلارنى بايان قىلىپ ئۆتتۇم) ھەم ئۇ يەردىن تۈركلەرنىڭ قاغانى ئۇيغۇر خانغا ئىلتىجانامە ئەۋەتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرخان 40 تۇمەن ئەتراپىدىكى پىيادە - سۇۋارى لەشكەرلەرگە ئوغلىنى باش قىلىپ ياردەمگە ئەۋەتىپتۇ. بانشاۋ (خۇاڭ چاۋ)[135] ۋەقەسى يوغىناپ كېتىپتۇ. ئىككى تەرەپ زور تالاپەت يەپتۇ. بانشاۋ يوقاپ كېتىپتۇ. بەزىلەر ئۆلتۈرۈلۈپتۇ دېسە، يەنە بەزىلەر تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ، دېيىشىدىكەن. ئۇنىڭ ئوغلى ۋە بەزى مەھرەم - ياساۋۇللىرى ئەسىرگە چۈشۈپتۇ. چىن خاقانى ئاستانىگە قايتىپ كېلىپ سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. بۇ پەسىل بىلەن 329 — 332- پەسىللەردە 878- يىلىدىن كېيىنكى خۇاڭ چاۋ رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى بايان قىلىنغان[136]. بۇ مەزمۇنلار ئەبۇ زەئىد ھەسەن يازغان «ئەخبارىسىن ۋەھىند» (داۋامى)[137]دىمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇ كىتابتىكى چىن خاقانى ئىلتىجانامە ئەۋەتىپ، ياردەم تىلىگىنى «تۈركلەرنىڭ توققۇز ئوغۇز خانى»دۇر. بۇ توققۇز ئوغۇزخانى يەنى ئۇيغۇر خانى ھەققىدە، شاداپىتلاردىن لى كېيوڭ توغرىسىدىكى ئەپىقاچتى پاراڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ھىجرىيىنىڭ 303- يىلى (915-، 916- يىللىرى) مەسئۇدى بەسىرەدە ئەبۇ زەئىد بىلەن كۆرۈشكەن[138]. مەسئۇدى ئەبۇ زەئىدنىڭ خاتىرىسىدىن نەقىل ئالغاندا «ئۇيغۇر خان»نى

«توققۇز ئوغۇز خانى»غا ئالماشتۇرۇۋەتكەنلىكى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

2) (227- پەسىل) ئوخشاشلا، جانجىس يەنى ھىندى دەرياسى ھىندىستاننىڭ ئەڭ چېتىدىكى تاغلاردىن باشلىنىدۇ. ئۇ يەر چىنغا يېقىن بولغان تۈرك توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئېلى بىلەن قوشنا. ئۇ دەريا ھىندى دېڭىزى قىرغاقلىرىدىن ئۆتۈپ، ھەبەش دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ[139]. ئېقىن مۇساپىسى 400 پەرسەخ كېلىدۇ.

بۇ يەردىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئەھۋالىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئامالسىز بولساقمۇ، مەسئۇدىنىڭ «كىتابى تەنبىھ ۋە ئىشراپ» دېگەن كىتابىدا بۇ دەريانىڭ باشلىنىش مەنبەسى «تۈبۈت رايونىدىكى تاغلار» دېيىلگەن[140].

3) (326- پەسىل) يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك[141]، ئۇلار (چىنلىقلار)نىڭ ئېلى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئېلى قوشنا[142]، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا، مانى دىنى بىلەن يورۇق - تۇتۇق ئىككى مەنبە تەلىماتى بار. ئۇلار ئىلگىرى نادان - قاششاق بولۇپ، مانى دىنىدىكى كاززاپنى يولۇقتۇرغۇچە، ئېتىقادى بارلىق تۈركلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ كەلگەن ئىكەن.

مانى دىنىدىكى كاززاپ ئۇلارغا ئۆز تەلىماتىنى كۆپتۈرۈپ سۆزلەپ، پانىي ئالەمدىكى زىددىيەتلەرنى تونۇپ يېتىشكە چاقىرىپتۇ. ئۇلارغا ھايات بىلەن مامات، سالامەتلىك بىلەن كېسەللىك، باياشاتلىق بىلەن كەمبەغەللىك، يورۇقلۇق بىلەن زۇلمەت، توپلىنىش بىلەن تارقىلىش، مۇناسىۋەت بىلەن ئايرىلىش، شەرق بىلەن غەرب، مەۋجۇتلۇق بىلەن مەۋھۇملۇق،

كېچە بىلەن كۈندۈز قاتارلىق ھەر خىل مۇخالىپ شەيئىلەرنى بايان قىلىپ، ئىدراكلىق ھايۋانات بىلەن باشقا ھەر خىل ھايۋانات يولۇققىدىغان ھەر خىل ئازابلارنى تىلغا ئېلىپ، بالىلار، دەلىتىلەر، ساراڭلار دۇچ كېلىۋاتقان بارلىق مەسىلىلەرنى بايان قىپتۇ...

(327- پەسىل) چۈنكى چىن خاقانى شامان دىنى مۇرىتى بولۇپ ھايۋانلارنى ئۆلتۈرسە، چىن خاقانى بىلەن تۈرك خاقانى ئۇيغۇرخان ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلايدىكەن. چىن خاقانى مانى دىنى مۇرىتى بولسا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار بىردەكلىشىپ كېتىدىكەن». مەسئۇدى بۇ يەردە تىلغا ئالغان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىش جەريانى، ئېنىقكى 763- يىلى گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىغا كىرىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ[143].

ئەينى چاغدا «ئاتلاغسان - سۇقان توپىلىڭى» پارتلىغىلى 7 — 8 يىل بولغان، شۇەنزۇڭ خان بىلەن سۇزۇڭ خان ئۆلۈپ كېتىپ، ئاسىي ئاتامان شى چاۋيى ئۇيغۇر خانلىقىدىكى بۆكۈ قاغاننى تاڭ سۇلالىسىگە لەشكەر تارتىشقا كۈشكۈرتكەندە، تاڭ سۇلالىسى ئەلچىسى نەسىھەت قىلىپ توسۇپ قالغان. قاغان چاڭئەنگە لەشكەر تارتماي، لوياڭغا كېلىپ شى چاۋيىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرغان. بۆكۈ قاغان لوياڭدا مانى دىنى راھىبلىرىنى ئۇچراتقان. مانى ئۆلىمالىرىدىن تۆت كىشى ئېلىمىزگە كېلىپ، ئىككى تەلىماتنى بايان قىلىپ، ئۈچ نەزەرىيىنى شەرھ ئەتتى. ئۆلىمالارنىڭ زېھنى ئۆتكۈر، يەتتە كەلامغا كامىل بولغاچقا، كارامەت ئىلمى بىلەن ئۆتكۈر پىكىر قىلغاچقا، ئۇيغۇرلارنى ھىدايەتكە باشلىيالىدى[144].

بىز مەسئۇدىنىڭ خاتىرىسىدىن بىر قىسىم مانى راھىبلىرىنىڭ دىن تارقىتىش جەريانىنى بىلىش بىلەن بىرگە، بۇ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدىغانلىقىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. لېكىن، مەسئۇدى خاتىرىلىگەن تاڭ سۇلالىسى بىلەن توققۇز ئوغۇزلار مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسىدە جەڭگى - جېدەل بولغانلىقىنى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. بۇ بەلكىم بىر ئەپقاچتى گەپ بولسا كېرەك. ئەمما، جۇڭگودىمۇ مەلۇم بىر مەزگىلدە مانى دىنى ئومۇملاشقانلىقى توغرىسىدىكى قاراش خۇيچاڭ سەلتەنەت دەۋرىدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئىقلىمدا مانى دىنىنىڭ گۈللەنگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

كەيچىڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنى قىرغىزلار ھالاك قىلغاندىن كېيىن، ۋۇزۇڭ خان خەنزۇلار زېمىنىدىكى مانى دىنىغا قاتتىق زەربە بەرگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن خەنزۇلار زېمىنىدىكى مانى دىنى تەدرىجىي بىر خىل مەخپىي دىنغا ئايلانغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. خەنزۇلار زېمىنىدىكى مانى دىنىنىڭ ئەھۋالىمۇ مەسئۇدىنىڭ بۇ خاتىرىسى 840- يىلىدىن بۇرۇنقى تارىخنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. لېكىن، مەسئۇدى 326- پەسىلنىڭ بېشىدا ھازىرقى زامان پېئىلى ئىشلىتىپ («يەتتەسىل» قوشنا مەنىسىدە) جۇڭگو بىلەن توققۇز ئوغۇزلار چېگرىداش ئىدى، دەيدۇ ھەم كىتابىنىڭ بېشىدا بۇ ئىشنى بايان قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمدى بىز كىتابىنىڭ

بېشىدىكى خاتىرىگە قاراپ باقايلى.

4) (312- پەسىل) ئامۇرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر بەلخ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، چىندا ماكانلىشىپتۇ. ئۇلار بىر قانچە خانلىققا بۆلۈنۈپ تارقىلىپتۇ. ئۇلار خۇتتال يەنى خۇتتالان ئاھالىسى، ئۇرىۋسان، سۇتۇرشانا، بۇخارا ۋە سەمەرقەنت ئارىلىقىدىكى سوغدىلار ھەم پەرغانە، شاش، ئىسپىجاب، فارابتىكى ئاھالىلەر ئىكەن. ئۇلار شەھەر ۋە قورۇق قۇرۇپ ماكانلاشقان ئىكەن. باشقىلىرى بولسا ئۇلاردىن ئايرىلىپ يايلاقلارنى ماكان تۇتقان ئىكەن. ئۇلار تۈركلەر، قارلۇقلار، توققۇز ئوغۇزلار بولۇپ، توققۇز ئوغۇز كۇشان شەھىرى يەنى خۇراسان ۋە چىن ئارىلىقىدىكى ئەلنىڭ ئىگىسى بولۇپ، ھازىر يەنى ھىجرىيىنىڭ 332- يىلى (943-، 944 - يىلى) تۈرك قوۋمىدىن ئۇلاردەك جاسارەتلىك، باھادىر، مەزمۇت ھۆكۈمدار يوق. ئۇلارنىڭ خاقانى ئۇيغۇر خان بولۇپ تۈركلەردە يالغۇز ئۇلارلا مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

مەسئۇدىنىڭ بۇ بايانلىرىنىڭ مەزمۇنى بىز نەقىل كۆرسەتكەن يەئقۇبىنىڭ خاتىرىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. شۇڭا، ئالدىنقى ئانالىزىمدا، ئەرەب - پارسلاردا تارقىلىپ يۈرگەن تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى قەدىمىي رىۋايەتلەرنىڭمۇ خاتىرىلىنىپ قالغانلىقىنى، ئۇ توققۇز ئوغۇزلار گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن. لېكىن، مەسئۇدى يەنە بۇ توققۇز ئوغۇزلارنى ئۆز دەۋرىدىمۇ مەۋجۇت قوۋم دەپ قالغان. ئۇ كۆرسەتكەن «چىن بىلەن خۇراسان ئارىلىقى»دىكى ئورۇنغا ئاساسەن، توققۇز ئوغۇزلارنى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئىكەن، دەپلا قاراشقا

بولىدۇ.

5) (395- پەسىل) چىن، ھىندى ۋە زەبەج خاقانى بىلەن دۇنيادىكى بارلىق خان ـ شاھلار بابىل خاقانىغا ھۆرمەت بىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ دۇنيادىكى بىرىنچى خاقانلىقىنى، بارچە خانلار ئۇنى يۇلتۇزلار ئاينى ئورىۋالغاندەك چۆرىدەپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئىقلىمدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك، بايلىقى ئەڭ كۆپ، مىجەزى ئەڭ ئوبدان، ئەڭ چىچەن، كەسكىن خاقاندۇر. بۇ مۇشۇ ئەتراپتىكى خانلارنىڭ بۇرۇنقى تەسۋىرى بولۇپ، ھازىرقى يەنى ھىجرىيىنىڭ 332- يىلىدىكى ئىشلار ئەمەس. ئۇ ئىلگىرى «شاھىنشاھ» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ پايتەختى ئالەمدىكى ئورنى گويا تەندىكى يۈرەكتەك، مارجاندىكى ياقۇتتەك ئىكەن. ئۇنىڭدىن قالسا ھىندى خانى بولۇپ ئۇ «بىلگە خان» ئىكەن. «پىل ئىگىسى» ئىكەن. چۈنكى، باشقا قۇدرەتلىك خانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا بىلىگ ھىندىستاندىن چىقارمىش.

(396- پەسىل) ھىندى خانىدىن قالسا چىن خانى بولۇپ، ئۇ ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ماھىر ئىكەن. قوشۇنى بىلەن پۇقرالىرىنى ئىدارە قىلىشتا دۇنيادىكى خانلار ئىچىدە ئۇ ئەڭ تەدبىرلىك ئىكەن. ئۇ ئەلەمگە مايىل كىشى بولۇپ، دائىملىق قوشۇنى ۋە ياراغ ـ جابدۇقلىرى بار ئىكەن. ئۇ بابىل خانىدەك لەشكەر باقىدىكەن. ئۇنىڭدىن قالسا تۈرك خانلىرى ئىچىدىكى بىر خان بولۇپ، ئۇ كۇشان (كەۋشان)نىڭ ھۆكۈمرانى، تۈرك توققۇز ئوغۇزلىرىنىڭ خاقانى بولۇپ، ئۇ يىرتقۇچ ھايۋانلار ئىگىسى ۋە ئاتلار ئىگىسى ئىكەن. چۈنكى، دۇنيادىكى خانلار ئىچىدە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئەڭ قەبىھ، قانخورلۇقتىن

قورقمايدىغان، ئېيتى ئەڭ كۆپ خان ئىكەن. ئۇنىڭ ئېلى چىن بىلەن خۇراساننىڭ ئارىلىقىدا، كۆپ قوللىنىدىغان نامى ئۇيغۇرخان ئىكەن. تۈركلەردە نۇرغۇن خان ۋە قوۋم بولۇپ، بىر-بىرىگە ئىتائەت قىلمىسىمۇ، ھېچقايسىسى ئۇنىڭ خانلىقىنى ئىنكار قىلمايدىكەن.»

(397-پەسىل) ئۇنىڭدىن قالسا رۇم خانى بولۇپ، ئۇ «ئادەم ئىگىسى» ئىكەن. دۇنيادىكى خانلار ئىچىدە ئۇنىڭ پۇقرالىرى ئەڭ گۈزەل ئىكەن ...

مەسئۇدىنىڭ بۇ يەردە تىلغا ئالغىنى ئاتالمىش «تۆت تەڭرىقۇت تەلىماتى» بولۇپ «مۇرۇجى ئەززەھەب»نىڭ 344-پەسلىدە ئۇچرايدۇ.

ئۇ يەنە ئەبۇ زەئىد خاتىرىلىگەن ئىبنى ۋەھھابنىڭ[145] چىن خاقانى تەۋسىدە ئاڭلىغان «تۆت تەڭرىقۇت تەلىماتى»نى نەقىل ئېلىپ بايان قىلغان.

1923-يىلى فىللىئوت جوڭگو، ھىندىستان ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «تۆت تەڭرىقۇت تەلىماتى»نى تەپسىلىي تەھقىقلەپ چىققان[146]. 1931-يىلى گ. فېرراند يەنە بىر قېتىم تولۇقلاپ چىققان[147].

تۆۋەندىكى جەدۋەلدە ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەسەرلەردە خاتىرىلەنگەن «تۆت تەڭرىقۇت تەلىماتى» كۆرسىتىلگەن:

## [ 4 - جەدۋەل: «تۆت تەڭرىقۇت تەلىماتى» جەدۋىلى ]

| ۋاقتى | ئەسەر ياكى مۇئەللىپ | ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئەھۋالى (رەقەملەر بايان قىلىنىش تەرتىپىنى بىلدۈرىدۇ) | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 240—250-يىللىرى | كاڭ تەي | | جۇڭگو① (كىشى ئېگىسى) | داكچىن② (گۆھەر ئېگىسى) | توخار③ (ئات ئېگىسى) | |
| IV ئەسىر | 12 سەيلە دەستۇرى | | جۇڭگو① (كىشى ئېگىسى) | داكچىن③ (ئالتۇن-كۈ-مۈش) | توخار④ (ئات) | ئەنەتكەك② (پىل) |
| 646-يىلى | شۈەنزاڭ | | چىن④ (كىشى) | پارس② (گۆھەر) | ھون③ (ئات) | ھىندىستان① (پىل) |
| 650—667-يىللىرى | داۋشۈەن | | چىن④ (كىشى) | ھون② (گۆھەر) | تۈرك③ (ئات) | ھىندىستان① (پىل) |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 851- يىلى | سۇلايمان | ئەرەب① | چىن② | رۇم③ | | ھىندىستان④ |
| 870- يىللىرى | ئىبنى ۋەھھاب | ئىراق① | چىن② (كىشى) | رۇم⑤ (ساھىبجامال) | تۇرك③ (يىرتقۇچ ھايۋان) | ھىندىستان④ (پىل) |
| 947 — 956- يىللىرى | مەسئۇدى | بابىل (؟) | چىن③ (؟) | رۇم⑤ (كىشى) | توققۇز ئوغۇز④ (يىرتقۇچ ھايۋان) | ھىندىستان④ (پىل) |
| 1029—1070- يىللىرى | ئەبۇقاسىم | | چىن① | پارس④ رۇم⑤ | تۇرك③ | ھىندىستان② |

بۇ جەدۋەلدىن VII ئەسىردىن كېيىن شىمالدىكى كۆچلۈك ئەللەرنىڭ ئورنىنى تۈركلەر ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئېنىقكى، مەسئۇدى بۇ نۇقتىنى ئېنىق قىلمىغان بولسىمۇ، ئات ئىگىسى ۋە يىرتقۇچ ھايۋانات ئىگىسىلىك ئورنىنى ئىگىلىگەن تۈرك قاغانى ھەققىدە تېخىمۇ ئېنىقلىكلەپ

شەرھلەش كويدا بولغان[148].

ئۇنىڭ بۇنداق نىيىتى پارسلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە دۇنيانى يەتتە ئىقلىم[149]غا بۆلۈپ بايان قىلغانلىقىدا ئىپادىلەنگەن. ئۇ «مۇرۇجى ئەززەھەب»نىڭ 189- پەسلىدە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئىقلىملارنى قىسقىچە بايان قىلىپ، يەتتە ئىقلىمنىڭ بىرسى «تۈرك، ھەزەر (قاسار) دەيلام ۋە سلاۋىيە رايونى» دەيدۇ. ئۇ «كىتابى تەنبىھ ۋە ئىشراپ»نى تولۇقلاپ يازغاندا دۇنيادىكى يەتتە ئىقلىم قىلىپ، «تۈرك» دېمەك قارلۇقلار، ئوغۇزلار، قىماقلار ۋە توققۇز ئوغۇزلار دەپ كونكرېت ئىزاھلىغان[150].

قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، تۈركلەرنىڭ ئورنىغا چىقىپ زومىگەر بولۇۋالغان «شىمال»دىكى توققۇز ئوغۇزلار گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، ئۇلار يەنە كۇشان (كەۋشان) شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانى دېيىلگەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، 943- يىلى ئەتراپىدا جۇڭگونىڭ غەربىدە زومىگەر بولۇۋالغان توققۇز ئوغۇزلار قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بولۇپ، بۇ نۇقتىنى مىنورسكىيمۇ مۇئەييەنلەشتۈرگەن[151].

كىتابىمىنىڭ «قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسى» دېگەن پاراگرافىدىن X ئەسىرنىڭ 40- يىللىرى ئەتراپىدا قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى راسا گۈللەنگەن بولۇپ، غەربىي چېگرىسىنى ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىن ئايرىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ يۇقىرىقى تارىخىي ماتېرىيالنى شەرھلەشكە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. فونولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كۇشان دېگەن

نامىنى قوچو ھەم كوسەن دەپ بېكىتىشكىمۇ بولىدۇ[152]. ئەرەبچىدىكى بۇ نامىنى كۇشان ياكى كەۋشان، دەپ ئوقۇشقا بولىسمۇ، ئالىملار كوسان، دەپ ئوقۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە باربېردې مېينارد «مۇرۇجى ئەززەھەب»نى فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلغاندىن بېرى، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ نامنى قوچو دەپ بېكىتىشتى.

لېكىن، 1912- يىلى فىللىئوت «قوچو. قارا قوچو دېگەن نام ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ماقالىسىدە كۇشاننى قوچو دەپ بېكىتىشتە تىلشۇناسلىق جەھەتتىن بەزى قىيىنچىلىقلارنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭغا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ خەنزۇچىدىكى گاۋچاڭ سۆزىنى ئىشلەتمەي، تۈركچە قوچو سۆزىنى ئىشلەتكەنلىكى ئاساسلىق سەۋەب بولغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

1931- يىلى خانېدا تورو تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن چىققان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا كوسان دېگەن نامنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرگە يېزىلغان كوسان سۆزى بىلەن خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى كوسەن، دەپ بېكىتكەن. مەسئۇدىنىڭ خاتىرىلىگىنى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى كوسەن ئۇيغۇرلىرى دەپ قارىغان. لېكىن، كوسەن ئۇيغۇرلىرى كېيىنچىكىدىمۇ XI ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن تارىخىي ماتېرىياللارغا كىرگۈزۈلگەن. X ئەسىردە كوسەن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنىدىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، دېگەندىمۇ ئۇ بىر پۈتۈن خانلىققا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ پىكرى بويىچە بۇ نامنى كوسەن دەپ بېكىتكەندىمۇ، بۇ توققۇز

ئوغۇزلار چوقۇم غەربكە كۆچكەندىن كېيىن تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت، خالاس.

خۇلاسىلىگەندە، مەسئۇدى پۈتكۈل بایاندا، گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. ئۇ 840-يىلىدىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت بەزى خەۋەرلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەرەب - پارسچە ئەسەرلەردىكى گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر توغرىسىدىكى كونا بىلىملەرگە ئېسىلىۋالغان. مەسئۇدى كەڭ دائىرىدە ساياھەت سەپىرى قىلىپ پارس، ھىندىستان، سىرلان قاتارلىق ئەللەرگە بارغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۇ يەنە سودىگەرلەرگە ئەگىشىپ چىن دېڭىزىغا بارغان ئىكەن، يەنە ھەزەر (قاسار) كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى بويلاپ سەپەر قىلغانمۇ ئىكەن[153]. لېكىن، ئۇ ئامۇ دەرياسىدىنمۇ ئۆتمىگەن. ئۇنىڭ ماۋەرائۇننەھر توغرىسىدىكى، بولۇپمۇ سىر دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى رايونلار توغرىسىدىكى بايانىدا نۇرغۇن زىددىيەتلىك يەرلەر بار. مەسىلەن، قارلۇقلارغا ئائىت قالايمىقان خاتىرىدىن پايدىلانغان. پىرىتساك خاتا ھالدا X ئەسىرنىڭ بېشىدا تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدا بىر بۈيۈك قارلۇق خانلىقى بارلىقىنى دەلىللەپ يۈرگەن[154]. شۇڭا، بىز مەسئۇدىنىڭ توققۇز ئوغۇزلار توغرىسىدىكى خاتىرىلىرىگە تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

## 3. بەلخ ئېقىمدىكىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار

ئاساسەن مەسئۇدى بىلەن بىر زاماندا، ئەرب - پارسلارنىڭ جۇغراپىيىشۇناسلىقىدا ئاتالمىش بەلخ ئېقىمى مەيدانغا چىقتى. بۇ ئېقىمنىڭ ۋەكىللىك شەخسلىرى بەلخ (920- يىلى ئەتراپىدا ئەسەر يازغان)، ئىستەخرى (930 — 951- يىللىرى ئەتراپىدا ئەسەر يازغان) ئىبنى ھەۋقەل (977- يىلى ئەتراپىدا ئەسەر يازغان) ۋە مۇقەددەسى (985 — 997- يىللىرى ئەتراپىدا ئەسەر يازغان) دىن ئىبارەت[155]. بۇ ئالىملار ئىلگىرىكىدەك يۇنانلىقلارنىڭ كەڭلىك گرادۇسى بويىچە رايونلار (ئىقلىم بەلۋېغى)غا بۆلۈش ئۇسۇلىغا ۋارىسلىق قىلىشۇېرىشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇلار ھەرقايسى رايونلارنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيە جەھەتتىكى بىرلىككە كېلىشىگە ئەھمىيەت بېرىپ، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى نىسپىي ئورۇنلارنى بىلدۈرىدىغان يۇملاق دۇنيا خەرىتىسى بىلەن تەپسىلىيرەك بولغان رايونلار خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى ھەم مۇشۇ خەرىتىلەرنى چۆرىدەپ دۇنيانى ۋە ھەرقايسى رايونلارنى تەسۋىرلەشتى. يەنە كېلىپ بۇ ئالىملار ماۋارەئۈننەھر رايونىدا پائالىيەتمۇ ئېلىپ بارغان. ئۇنداقتا بۇ مۇئەللىپلەرنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمى ھەققىدىكى بايانى قانداق بولغان؟


ئىستەخرىنىڭ «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» («ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مۇساپىسى») دېگەن ئەسىرىدە دېگەندەك توققۇز ئوغۇزلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تىلغا ئالماي ئۆتۈپ كەتكەن، يەنى

پەرغانىدىكى بەزى تاغلاردا ئۆزۈم، ياڭاق ۋە باشقا مېۋىلەرنىڭ ئۆسىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، بۇ تاغلار پەرغانە ۋە تۈركىي قوۋملار رايونىغىچە سوزۇلىدۇ، دېيىلىدۇ[156]، پەرغانىنىڭ شەرقىدىكى توققۇز ئوغۇزلارنى كونكرېت تىلغا ئالمىغان. ئۇ ۋاخش دەرياسى تۈركىستاندىن ئېقىپ كېلىدۇ[157] دېگەن بولسىمۇ، قايسى تۈركىي قوۋمنىڭ ئېلىدىن ئېقىپ كېلىدىغانلىقىنىمۇ تىلغا ئالمىغان.

بۇ ئابزاستىكى مەزمۇنلارنى قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چېگرىسى سىرتىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئىكەن دېگەندىمۇ، مۇنۇ خاتىرىدىكى مەزمۇن قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چېگرىسىغا خېلىلا كىرىپ كەتكەن. ئۇ مۇنداق خاتىرىلىگەن[158]: «ئۇ تاغنىڭ قۇيرۇقى ۋاركا كەنتىدە بولۇپ، ئۇ كەشمىر ۋە سەمەرقەنت ئارىسىدىن سەمەرقەنت تەرەپكە سوزۇلغان. پەرغانىدىكى سۇتۇرشاناغا بارغاندا، بۇتمان تاغ تىزمىسى بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ، يەنە شالجى ۋە تالاس تەرەپلەرگە سوزۇلغان. ئۇ يوللاردىن ماڭغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تاغ يەنە چىن چېگرىسىغىچە سوزۇلىدىكەن». تالاستىن جۇڭگو چېگرىسىغىچە سوزۇلغان بۇ تاغ چوقۇم قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ. لېكىن، مۇئەللىپ تىلغا ئالماي ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇ يەنە مۇنداق خاتىرىلىگەن[159]: «سۇتۇرشانا، پەرغانە، شالجى ۋە لۇباندىن قىرغىز ئېلىگىچە بولغان جايلار مەدەنلەر بۇ تاغ ياكى بۇ تاغقا تۇتاش تاغلارغا جايلاشقان». بۇ يەردە تېخى قىرغىزلارنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقانلارنى تىلغا ئالمىغان. ئىستەخرى قاتارلىق بەلخ ئېقىمىدىكىلەر تەگرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدا تۈركىي قوۋملارنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى

بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئىراق، ئۇلار تەكرىتىيغىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئولتۇراقلاشقانلارنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن[160]، يەنى «ئىراقتىن بەلخقىچە ئىككى ئايلىق مۇساپە. بەلخ دەرياسىدىن پەرغانە چېگرىسىدىكى ئىسلام ئەللىرىنىڭ چېكىگە بارغۇچە جەمئىي 20 نەچچە مۇساپە، ئۇ يەردىن قارلۇقلار ئېلىدىن ئۆتۈپ، توققۇز ئوغۇزلار تەۋەسىگە كىرگۈچە 30 نەچچە مۇساپە كېلىدۇ. بۇ يەردىن چىن زېمىنى چېتىدىكى ئوكيانغىچە ئىككى ئايلىقچە مۇساپە كېلىدۇ».

بۇ يەردە تىلغا ئالغان بەلخ دەرياسى ئامۇ دەرياسى بولۇپ، پەرغانىنىڭ شەرقىي چېتىدىكى ئەرەب ئەللىرىنىڭ چېگرىسى، ئىستەخرىنىڭ يەنە بىر جايدىكى تەسۋىرىگە ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن ئۆزگەنچ ئەتراپىغا جايلاشقان[161]. ئەسەردىكى «مۇساپە» بىر كۈندە ئاتلىق باسىدىغان ئوتتۇرىچە ئارىلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدى ئىستەخرى بايان قىلغان ئارىلىقنى كۆرسەتكۈچ بىلەن ئىپادىلەپ باقايلى:




بارتولد بۇ مۇساپىنى «ئىسلام ئەللىرىدىن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ تەۋەسىگە بارغۇچە 30 نەچچە كۈن سەپەر قىلىشقا، پۈتكۈل قارلۇقلارنىڭ بىپايان زېمىنىنى كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ» دەپ چۈشەنگەن[162].

لېكىن، ئەسلىي تېكىستكە ئاساسەن سىزغان يۇقىرىقى

كۆرسەتكۈچ ھەم ھازىرقى خەرىتىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 30 نەچچە مۇساپە بىلەن ئىككى ئايلىق مۇساپىنىڭ چېگرىسى شاجۇ ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ، مۇشۇنداق بولغاندا ئەرەبلەر چېگرىسىنىڭ شەرقىدىكى 30 نەچچە مۇساپە قارلۇقلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئېلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق، توققۇز ئوغۇزلار غەربتە يەرغانىنىڭ شەرقىدىكى قارلۇقلار بىلەن چېگرىداش بولسا، شەرقتە جۇڭگو چېگرىسى، يەنى شاجۇدىكى ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەرگە يېقىن، ئىستەخرى يەنە ھەرقايسى سىياسىي تېررىتورىيىلەر ۋە تۈركىي قوۋملارنىڭ چېگرىداش رايونلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بايان قىلغان[163].

...تۈركىي ئەللەر بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئوغۇزلارنىڭ چېگرىسى ھەزەر(قاسار)، قىماق، قارلۇقلار ئېلى، بۇلغار بىلەن جۇرجاندىن فاراب، ئىسپىجابتىكى ئىسلام چېگرىسىغىچە بارىدۇ.

قىماقلار ئېلى قارلۇقلارنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ئوغۇزلار، قىرغىزلار ۋە ساقالىب(سلاۋيان) تاغلىرى ئارىسىدا؛

يەجىلەر ئۇلارنىڭ شىمالىدا، ئەگەر ساقالىب ۋە قىماقلار ئارىسىدىن ئۆتسەك، ئۇلارنىڭ يېرى ۋە باشقا ئەللىرىنى ئالالا بىلىدۇ؛


قىرغىزلار بولسا، توققۇز ئوغۇزلار، قىماقلار، ئوكيان ۋە قارلۇقلار ئېلى ئارىسىدا؛

توققۇز ئوغۇزلار بولسا، تۈبۈتلەر، قارلۇقلار ئېلى، قىرغىزلار ۋە چىن ئارىسىدا؛

چىن بولسا، ئوكيان، توققۇز ئوغۇزلار ۋە تۈبۈتلەر ئارىسىدا؛

ھەزەر (قاسار) ... ھەزەر كۆلى، سەرىر، ئورۇس ۋە ئوغۇزلار ئارىسىدىكى بىر رايون؛

تۈبۈتلەر چىن ئېلى، ھىندىستان، قارلۇقلار ئېلى، توققۇز ئوغۇزلار ۋە پارس دېڭىزى بىلەن چېگرىداش. ئۇنىڭ بىر قىسمى ھىندىستاندا، يەنە بىر قىسمى چىندا ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆز ئېلىدە تۇرۇشلۇق بىر خانى بار ئىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلارنىڭ ئەجدادى تۈببەلەردىن كېلىپ چىققانمىش، بۇلارنى ئاللا بىلىدۇ.




2- خەرىتە: X ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ تارقىلىشى

بۇ خاتىرىگە ئاساسەن، X ئەسىرنىڭ ئەسلەپكى مەزگىللىرىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ تارقىلىش كۆرسەتكۈچىنى سىزىپ چىققىلى بولىدۇ (قوشۇمچە 2- خەرىتىگە قاراڭ). يۇقىرىقى بايانلار ۋە كۆرسەتكۈچتىن، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئەسىر كۈچى گوبىنىڭ شىمالىغىچە كېڭەيگەن بولسا، ئۇلارنىڭ دائىرىسى جۇڭگو بىلەن قىرغىزلارغا ئوخشاشلا يىراق شەرقتىكى ئۇلۇغ ئوكيانغىچە كېڭەيمىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەسىر كۈچى گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىكلەرگىچە كېڭەيمىگەنلىكى ئېنىق. بۇنىڭغا قارىغاندا گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىكلەر بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان توققۇز ئوغۇزلار چوقۇم تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدۇر. بۇ خاتىرىلەردىكى جۇڭگو بىلەن قىرغىزلارنىڭ چېگرىلانماسلىقى، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىكلەر بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىغا قاراپ ھەم مۇھەممەد خارەزمىنىڭ «كىتابى سۇرەت ئەرز» دېگەن ئەسىرىدىن ئالغان نەقىلدىكى خاتىرىگە قاراپ، يۇقىرىقى خاتىرىلەر بەلخ ئېقىمىدىكى جۇغراپىيىشۇناسلار IX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ياكى X ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قىرغىزلار يەنسەي دەرياسى ۋادىسىغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، گوبىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا ھاكىمىيەتسىز بوشلۇق ۋە زېمىننى ئىگىلىۋالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، دەپ قاراشقا بولىدۇ[164].

ئالىملار بەلخ ئېقىمىدىكىلەر بىلەن باشقا ئەرەب - پارسچە جۇغراپىيە ئەسەرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن بەلخ ئېقىمىدىكىلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلگىنى

ئاساسەن ئەرەب ئەللىرى ئىكەن دەپ قاراشقان[165]. قولىمىزدىكى ئىستەخرى، ئىبنى ھەۋقەلنىڭ بىرقانچە رايونلارغا ئايرىغان خەرىتىسىدىن، بولۇپمۇ ماۋارەئۇننەھرنىڭ خەرىتىسىدىن قارىغاندا، ئۇلار قەدىمىي ئەرەب ئەللىرىدىن ئايرىلمىغان ئىكەن[166]. شۇڭا، ئۇلارنىڭ توققۇز ئوغۇزلار ھەققىدە نىسبەتەن توغرا تونۇشقا ئىگە بولغانلىقىنى بىلىۋېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىتابىتىكى كەم قالغان مۇناسىۋەتلىك بايانلاردىن ئارتۇقچە ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىشىمۇ بىھاجەت.

بەلخ ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى كەم قالغان توققۇز ئوغۇزلارغا ۋە باشقا ئەرەب - پارسلار بولمىغان رايونلار توغرىسىدىكى بايانلار، بەختىمىزگە يارىشا ئەرەب - پارسچە ماتېرىياللاردا ئۇچرىمايدىغان بىر ئەسەردە ساقلىنىپ قالغان. ئۇ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىردا بايقالغان «ھۇدۇدۇلئالەم»دۇر. ئاپتورى خاتىرىلەنمىگەن بۇ پارسچە ئەسەر ھىجرىيىنىڭ 372- يىلى (982- يىل 6- ئاينىڭ 26- كۈنىدىن 983- يىل 6- ئاينىڭ 14- كۈنىگىچە) يېزىلىشقا باشلىغان. ئۇ كىتابتا توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئاستانىسى «جىنانجىكەنت» دېيىلگەن بولۇپ، «جىنانجىكەنت خانلىقىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى، چىن چېگرىسىغا يېقىن، تومۇز پەسلى تولىمۇ ئىسسىق بولۇپ، قىش پەسلىنىڭ ھاۋاسى كىشىگە بەك ياقىدۇ». بۇ «جىنانجىكەنت»نىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قۇچۇ شەھىرى ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇ يەرنى ئاستانە قىلغان توققۇز ئوغۇزلار ئەلۋەتتە قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدۇر. مەزكۇر كىتابتا خاتىرىلەنگەن قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەۋەلىكلىرى توغرىسىدىكى كونكرېت تەسۋىرلەر ھەققىدە مىنورسكىي بىلەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن ئالىملار

تەتقىقات ئېلىپ بارغان. مېنىڭچە، مەزكۇر كىتابتا ئەكس ئەتتۈرگەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار 925- يىلى ئەتراپىدىكى ئەگرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىغا دائىر ئەھۋاللاردىن ئىبارەت[167]. ھازىر قاراپ باقساق، تەتقىقاتنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، بەزى خۇلاسىلەرنى يېڭىۋاشتىن چىقىرىش كېرەك ئىكەن.

خۇلاسىلىگەندە، X ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئەرەب - پارس مۇئەللىپلىرىنىڭ توققۇز ئوغۇزلار توغرىسىدىكى تونۇشى ۋە بايانىدا ھەل قىلغۇچ ئۆزگىرىشلەر تاماملانغان. لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەرەب - پارسلارنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىدە توققۇز ئوغۇزلارغا دائىر خاتىرىلىرىدە مەسىلە يوق ئەمەس. ئەرەب - پارسلارنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىدە شۇنداق بىر ئەنئەنە باركى، دېگۈدەك مۇئەللىپلەر ئىشنى ئىلگىرىكىلەرنىڭ كىتابىنى تۈزىتىش ۋە تولۇقلاشتىن باشلايدۇ. تۈزىتىپ بولغاندىن كېيىن مەزكۇر كىتاب ئۆزىنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا كىتاب ئىسمىنىمۇ ئۆزگەرتمەيدۇ. بۇنداق ئەنئەنە بىلەن ھەممىسى خاتا بولۇپ كەتمىسىمۇ، كىتابتىكى ماتېرىياللارنىڭ ئوپمۇئوخشاش بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنالمىغان[168]. بۇ ئەنئەنە X ئەسىردىن كېيىنكى ئەرەب - پارس مۇئەللىپلىرىنىڭ كونا خاتىرىلەر بىلەن يېقىنقى خەۋەرلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشىگە سەۋەبچى بولغان، بۇنداق مەسىلىلەرگە بەك دىققەت قىلىش كېرەك.

## §4 . قوْچوْ ئوْيغوْر خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسى

قوْچوْ ئوْيغوْر خانلىقى تاڭ سوْلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قوْروْلغان بولوْپ، قوْچوْ بىلەن بېشبالىقنى پائالىيەت مەركىزى قىلغان. تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدا 400 يىلدىن ئارتوْق سەلتەنەت سوْرگەن بوْ خانلىق بوْددا دىنى ۋە مانى دىنىغا تەئەللوْق شانلىق ئوْيغوْر مەدەنىيىتىنى ياراتقان. بوْ خانلىقنىڭ تارىخى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كېلىۋاتىدوْ. لېكىن، قاراخانىيلار X ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە باش كۆتوْروْپ چىقىشتىن ئىلگىرى قوْچوْ ئوْيغوْر خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسى، يەنى ئوْلارنىڭ تەسىر كوْچى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنوْبىدىن غەربكە تەرەققىي قىلىپ قەيەرگىچە بارغانلىقى توغرىسىدا تەتقىقاتچىلار بىردەك پىكىرگە كېلەلمىدى. 1906- يىلى فىللىئوت XI ئەسىردىكى ئەرەب ئالىمى ئىدرىسىنىڭ خاتىرىسىنى تەتقىق قىلغاندا، قوْچوْ ئوْيغوْر خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسى ئاقسوْغىچە ئىكەن، دېگەن قاراشقا مايىل بولسىموْ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئەھۋاللارنى تىلغا ئالمىغان[169]. 1937- يىلى مىنورسكىي «ھوْدوْدوْلئالەم»دىكى خاتىرىلەرنى تەپسىلىي موْھاكىمە قىلىپ، مەزكوْر كىتابنىڭ 12- بابىدا تىلغا ئېلىنغان توققوْز ئوغوْزلارنى قوْچوْ ئوْيغوْر خانلىقى دەپ بېكىتىپ، بوْ خانلىقنىڭ چېگرىسى غەربتە خانتەڭرى چوققىسى ئەتراپى ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسىغىچە ئىكەن، دەپ قارىغان[170]. ئوْ ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئوْزگە خاتىرىلەرنى نەزەرگە ئالمىغان، ھەتتا 1915- يىلى موْللېر ئېلان قىلدوْرغان

تۇرپاندىن تېپىلغان قوزۇقتا يېزىلغان ۋەسىقىنىمۇ تىلغا ئالمىغان. 1955- يىلى ئابى تاكېئو يوەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۇجىننىڭ «ئىدىقۇت خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» بىلەن «يوەن سۇلالىسى تارىخى. بارس ئارت تېكىن تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىگە ئاساسەن، قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چېگرىسى غەربتە ئامۇ دەرياسىغىچە، ھېچبولمىغاندا سىر دەرياسىغىچە ئىدى، دەپ قارايدۇ[171]. ئۇ ئەينى چاغدا تۇرپاندىن تېپىلغان قوزۇقتا يېزىلغان 3- نومۇرلۇق ۋەسىقە (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا) بىلەن ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى ئىسپاتلىغان. لېكىن، ئۇ ئەھمىيەت بەرگەن يۇجىننىڭ «مەڭگۈ تېشى» بىلەن يوەن سۇلالىسى تارىخىدىكى تەزكىرە ناھايىتى قالايمىقان، مۇجمەل بولسىمۇ، بۇ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىيالنى ئىسپاتلاشقا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوزۇقتا يېزىلغان ۋەسىقىنى ئىشلەتكەنلىكى ئۇنىڭ تەتقىقاتىدىكى چوڭ نەتىجىسىدۇر. 1958- يىلى ھاملتون «ستائىل خولستەين توپلىغان ۋەسىقىلەر» ئىچىدىكى ئۇدۇن يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلغان[172]. ئۇنىڭ بۇ تەتقىقاتىنىڭ بۇ تېما ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيىتى بار. 70- يىللارنىڭ بېشىدا يامادا نوبۇئو قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسىنى تەسۋىرلىگەندە، ئابى تاكېئونىڭ كۆزقارىشىغا قوشۇلمىغان[173]. ئۇ قوزۇقتا يېزىلغان ئۈچىنچى نومۇرلۇق ۋەسىقىدىكى قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسى بولمىش نۇچ بولسا ئۈچ (ھازىرقى ئۈچتۇرپان)نىڭ خاتا يېزىلىشى بولۇپ، قارىغاندا بۇ خانلىقنىڭ تەسىر دائىرىسى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن چىقىپ كەتمىگەن، دەپ قارايدۇ. بىراق، ئۇنىڭ «نۇچ» بولسا «ئۈچ» دېگەن تەسەۋۋۇرىنىڭ قىلچە ئاساسى

يوق. شۇنىڭدىن كېيىن موريياسو تاكائومۇ بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلدى[174]. ئۇ دۇنخۇاڭنىڭ گۈللىنىش - خارابلىشىش تارىخىغا ئاساسەن، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسى XI ئەسىرنىڭ بېشىدا مىسلىسىز كېڭەيگەن، دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئۇ «نۇچ» ۋە «بارسخان» دېگەن نامنى قانداق ئىزاھلاش مەسىلىسىدە دەرگۇماندا بولۇپ كەلدى.

ئېلىمىزدىكى ئالىملار ئىچىدە چېڭ سۇلۇ ئەپەندى بۇ مەسىلىنى ئەڭ ئۇزاق مەزگىل تەتقىق قىلغان[175]. 50- يىللاردا ئۇ تۈزۈشكە قاتناشقان «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام» (1- قىسىم)دا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى 1001- يىلىدىن بۇرۇن غەربكە كېڭىيىپ كۇسەنگىچە بېرىپ بولغان، دەيدۇ. 1984- يىلى ئۇ ئىلگىرىكى كۆزقارىشىغا تولۇقلىما ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، X ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە بۇ خانلىقنىڭ چېگرىسى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا يېقىنلاشقان، دەيدۇ. 1989- يىلى ئۇ قايتىدىن يەنە تولۇقلىما ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، قىتانلاردىن ئىلگىرىكى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسى «ھۇدۇدۇلئالەم»دە خاتىرىلەنگەندەك ئىلى دەرياسى ۋە مۇز داۋان (ئاقسۇنىڭ شىمالى) ئەتراپىغىچە بولۇشى كېرەك، دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ كۆزقارىشى «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن[176]. يەنە 1985- يىلى نەشر قىلىنغان ليۇجىشياۋ ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» (1- قىسىم)دىمۇ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسى كۇچاغىچە ئىدى، دېگەن كۆزقارىشىدىن پايدىلانغان بولسىمۇ، غەربىي چېگرىسىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئورنى ھەققىدە بىرنېمە دېمىگەن. 1987- يىلى لىن گەن

ئەپەندى X ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە قوچۇ ئۇيغۇرلىرى كۆسەنگىچە تارقالغان بولۇپ، كونترول قىلغان زېمىنلار غەربتە پامىرغىچە بولغان، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى[177]. يەنە كېلىپ 1982- يىلى رەسمىي نەشر قىلىنغان «جۇڭگو تارىخىنىڭ ئاتلىسى»نىڭ 5- قىسمىدىكى «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئۇدۇن، توققۇز ئوغۇزلار ۋە قارلۇق قاتارلىق قوۋملار» خەرىتىسىدە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قوچۇ ۋە بېشبالىق ئەتراپىدا، بۇ خانلىقنىڭ غەربىدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا توققۇز ئوغۇزلار بار، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ غەربىدە قارلۇقلار بار دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ يەردىكى توققۇز ئوغۇزلار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بولۇپ، كونىراپ كەتكەن كۆزقاراش ئاتلاسقا كىرگۈزۈلگەن. ئەگەر بۇ خاتا قاراشنى چۆرۈۋەتسەك، خەرىتە سىزغۇچىنىڭ قارىشى بىلەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»دىكى كۆزقاراشنىڭ ئاساسەن ئوخشاشلىقىنى بايقايمىز. مۇشۇنداق بولغاندا يۇقىرىقى ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسى سىر دەرياسىغىچە، ھەتتا ئامۇ دەرياسىغىچە ئىدى، دېگەننى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ قارىشى؛ يەنە بىرى بولسا، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى غەربىي پاسىل ئىلى دەرياسى ۋادىسىغىچە، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى غەربىي پاسىل قەشقەرنىڭ شەرقىغىچە، كونكرېت ئېيتقاندا، كۇچا ياكى كۇچانىڭ غەربىغىچە دېگەننى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ قارىشى. ئەمدى X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئەتراپىدىكى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى غەربىي پاسىلنى ئاساس قىلىپ مۇھاكىمە قىلىمەن.

## 1. «ستائىل خولىستەيىن توپلىغان ۋەسىقىلەر»دە تەسۋىرلەنگەن قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چېگرا - پاسىللىرى

840- يىلى مەڭلىگ تېكىن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى باشلاپ تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىغا كۆچۈپ كەلدى. داجۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10- يىلى (856- يىلى) تاڭ سۇلالىسى ئەنشى (كۇسەن - ئاگنى)دىكى ئۇيغۇر قاغانى مەڭلىگ تېكىنگە نام - ئاتاق ئەۋەتىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغاندىن كېيىن، ھەر خىل تارىخىي ماتېرىياللار مەڭلىگ تېكىنىنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى سىياسىي سەھنىدە ئوينىغان رولىغا خاتىرە يازماي سۈكۈتتە تۇردى. شيەننۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7- يىلى (866- يىلى)غا كەلگەندە، بۇقۇچىن سەھنىگە چىقىپ تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇقۇ جەمەتىدىكى ئۇيغۇرلار تەدرىجىي تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىنى ماكان تۇتتى. شيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7- يىلىنى قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان يىلى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىنى ماكان تۇتقاندىن كېيىن، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلدى ھەم شاجۇدىكى ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. لېكىن، جاڭ خۇەيشىن ھاكىمىيەت تۇتقان دەۋرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە، ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە يول قويۇشۇپ، تاشقى مۇناسىۋەتلەر نورماللاشتى. داشۇن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى (890- يىلى) جاڭ خۇەيشىن ۋاپات بولۇپ، ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەر قالايمىقانلىشىپ كەتتى.


ئۇلارنىڭ خارابلىشىشى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغا ئۆزىنى مۇستەھكەملىۋېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇۋېلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى.

بۇ مەزگىلدە قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قانچىلىك راۋاجلانغانلىقى 925- يىلى يېزىلغان «ستائىل خولستەين توپلىغان ۋەسىقىلەر»دە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن[178]. ئۇدۇن يېزىقىدىكى مەزكۇر ۋەسىقە(2- ۋە 3- قىسمى) ئۇدۇن ئەلچىسىنىڭ دوكلاتى بولۇپ، دوكلاتتا[179] قوچونى ئاستانە، باشقا نۇرغۇن شەھەرلەرنى «قوچو شەھەرلىرى» دەپ ئاتىغان. «قوچو»نىڭ قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاستانىسى بولۇپلا قالماي، يەنە قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىمۇ ئېنىق.

«قوچو شەھەرلىرى»نىڭ بىرىنچىسىگە قومۇل كۆرسىتىلگەن. قارىغاندا، قومۇل ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەرنىڭ كونتروللۇقىدىن چىقىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. بۇ ھەقتە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان 1366- ۋاراق خەنزۇچە ۋەسىقىنى نەقىل كۆرسەتكەن ئىدىم. 924- يىلىدىن ئىلگىرى يېزىلغان[180] شاجۇدىكى بىر ئىبادەتخانىنىڭ ھېسابىدا گەنجۇ ئەلچىسى، قومۇل ئەلچىسى، ئۇدۇن ئەلچىسى، سۇجۇ ئەلچىسى ۋە تىبەت ئەلچىسى كۆرسىتىلگەن. ئەگەر خاتا بولمىسا ئۇ چاغدا قومۇل گەنجۇ ۋە سۇجۇغا ئوخشاش ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەرنىڭ كونتروللۇقىدا ئەمەس ئىكەن. شۇڭا، قومۇلنىڭ خېلى مەزگىللەرگىچە مۇستەقىل ھاكىمىيەت بولغانلىقى دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن[181]. 1366-، 3728- ۋە 2629- ۋاراقلار بۇنىڭ تىپىك مىسالى. ۋاڭ يەندې 981- يىلى

قۇچۇغا ئەلچىلىككە ماڭغاندا، قۇمۇلدا ئۇنىڭغا چىن نەسلىدىن بولغان سەركەردە ئۇچرىغان، ئۇ سەركەردە: «ئەجدادىم تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيىۋەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى بۇ ئايماقنى ئىگىلىۋالغاندىن بېرى نەچچە ئون زامان ئۆتتى» دېگەن. لېكىن، جۇغراپىيىلىك ئورۇن ۋە «ستائىل خولىستەين توپلىغان ۋەسىقىلەر»دىكى قاراشلاردىن قارىغاندا، قۇمۇلنىڭ مۇستەقىللىقى ئېنىق يالغان بولۇپ، ئاللىقاچان قۇچۇ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن.

ھامىلتوننىڭ تەتقىق قىلىشىچە[182]، «ستائىل خو-لىستەين توپلىغان ۋەسىقىلەر»دە خاتىرىلەنگەن قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەھەرلىرىنى تۆۋەندىكى كۆرسەتكۈچ بىلەن ئىپادىلىگىلى بولىدىكەن. بۇ، ئەينى چاغدىكى قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چېگرا - پاسىللىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى:




3- خەرىتە: «ستائىل خولىستەين توپلىغان ۋەسىقىلەر»دە خاتىرىلەنگەن قۇچۇ ئۇيغۇرخانلىقى شەھەرلىرىنىڭ جايلىشىشى

«قوچو شەھەرلىرى»نى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەسىر دائىرىسى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى Camaida Badaika نى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇ يەر نامىنى «جامىل بالىق» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغىلى بولىدۇ ھەم «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ 12- بابىدىكى «جەمەلكەس»گە ئۇدۇللاشتۇرغىلى بولىدۇ[183]. مەزكۇر بابتا مۇنداق يەر نامىدىن ئىككىسى خاتىرىلەنگەن. 12- بابنىڭ 2- بۆلىكىدە تىلغا ئېلىنغان «جەمەلكەس» تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى بەش شەھەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس. 12- بابنىڭ 10- بۆلىكىدە تىلغا ئېلىنغان «جەمەلكەس» بولسا «بىر چوڭ كەنت بولۇپ، كاتتىۋېشى يابغۇ دەپ ئاتىلىدىكەن. يابغۇنىڭ پۇقرالىرى ئاشۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. چۈنكى، ئىلگىرى قىماقلار، قارلۇقلار ۋە ياغمىلار دېگۇدەك بۇ كەنتنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ تۇرىدىكەن». مىنورسكىي بۇ يەر نامىنى تۈركلەرنىڭ چۇمۇل قەبىلىسىگە باغلاپ توغرا قىلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا، چۇمۇللار (ۋە چىگىللار) ماكانلاشقان يەرلەر توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئېنىقراق بولۇپ، «قوچۇنىڭ خەرىتىلىك تەپسىرى»دە: ئاقسۇ ئېقىنى ئوڭ تەرەپتىن يارغول پاسىلىغا بارىدۇ. غەربىي شىمال تەرەپتىن چىگىللارنىڭ غەربىدىكى قوۋملارغا بارىدۇ[184]، دېيىلگەن. XI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندىمۇ بۇ تۈركىي قەبىلە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان[185]. شۇڭا، Camaida Badaika ياكى جەمەلكەس تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، بېشبالىقنىڭ

غەربى، قىماقلار بىلەن قارلۇقلارغا يېقىن بىر جايدا بولۇپ، ماناس ۋە شىخۇ دەرياسى ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن[186].

«يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى. «تۆتىنچى» »دە خاتىرىلىنىشىچە، شىيەنتۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7- يىلى بۇقۇچىن ئىگىلىۋالغان شەھەرمۇ مۇشۇ رايوندا ئىكەن. قارىغاندا، نەچچە ئون يىللىق مۇستەھكەملەش ئارقىلىق قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ماناس ئەتراپىدا پۇت تىرەپ بولغان ئىكەن.

## 2. قوزۇقتا يېزىلغان ۋەسىقىدىكى «نۇچ» بىلەن «بارىسخان»

قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پاسىلى مەسىلىسىدە مۇللېر ئېلان قىلدۇرغان، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندىن تاپقان، بىرقانچە قوزۇقتا يېزىلغان ۋەسىقىگە كىشىلەر ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. قوزۇقتا يېزىلغان ۋەسىقىلەردىن ئۈچىنچى نومۇرلۇق ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىنى ئالىملار دېگۇدەك نەقىل ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. (كۆپ چېكىت قويۇلغان جاي كەمتۈك)[187]:

(بىرىنچى قۇر) قۇتلۇغ كى ئوت، قۇتلۇغ قوي يىلى 2- ئاينىڭ بېشىدا (بىزنىڭ) كۈن ئاي تەڭرىدە بولمىش كۈلۈگ...

(ئىككىنچى قۇر) بولمىش ئورنانمىش، ئالپىن، ئاردام ئېل تۇغ بولمىش ئالپ ئارسلان قۇتلۇغ كۈل بىلگە تەڭرى خان ... خانلىق تەختىدە بولۇپ، شەرقتە شاجۇدىن...

(ئۆچىنچى قۇر) غەربتە نۇچ، بارسخانغىچە ئەللەرنى ئىدارە قىلغاندا... خان... تەڭرى خان... ئېل ئۇگە...
(تۆتىنچى قۇر) ئۇگە قۇتلۇغ قۇچۇنى ئىدارە قىلغاندا، مەن، پاكلىقتا ئۈچ گۆھەردەك قەلبىمگە...
بۇ خاتىرىدىكى ۋەسىقىگە ئاساسلانغاندا، قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەسىر دائىرىسى غەربتە نۇچ، بارسخانغىچە يەتكەن. لېكىن، بۇ ئىككى جاينىڭ ئورنى ۋە ۋەسىقە يېزىلغان دەۋر مەسىلىسىدە ئىلىم ساھەسىدە چوڭ ئىختىلاپ بار.
مۇللېر ئېلان قىلدۇرغان قوزۇققا يېزىلغان ئىككىنچى نومۇرلۇق خەنزۇچە ۋەسىقىنىڭ يىل ۋاقتىنى فىللىئوت 983-يىلى ئىكەن، دەپ تەتقىق قىلىپ چىققان. بۇنى ئابى تاكېئو، گابائىن، هامىلتون، موريياسۇ تاكائو قاتارلىق ئالىملار ئاساسەن توغرا تاپقان[188]. قوزۇققا يېزىلغان بىرىنچى نومۇرلۇق ئۇيغۇرچە ۋەسىقىگە «قۇتلۇغ يەر، قۇتلۇغ مايمۇن يىلى» دەپ يېزىلغان[189] بولسا، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن ئۈچىنچى نومۇرلۇق ئۇيغۇرچە ۋەسىقىگە «قۇتلۇغ Ki ئوت، قۇتلۇغ قوي يىلى» دەپ يېزىلغان. بۇ ئىككى ۋەسىقىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرىسىدا خېلى كۆپ مۇنازىرە مەۋجۇت. مۇللېر بىلەن پىرتساك بۇ ۋەسىقىنى گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بۆگۈ قاغان تەختتە ئولتۇرغان مەزگىل (759 — 779-يىللىرى)لەردە يېزىلغان دەپ قارىسا، ئابى تاكېئو، هامىلتون، بازىن ۋە موريياسۇ تاكائو قاتارلىقلار ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن يېزىلغان، دەپ قارايدۇ[190]. گابائىن دەسلەپتە (1949- يىلى) ئالدىنقىلارنىڭ كۆزقارىشىنى قوللىغان بولسا، كېيىن كېيىنكىلەر (1973- يىلى)نىڭ كۆزقارىشىنى

قوللىغان. ئۈچىنچى نومۇرلۇق ۋەسىقىدىكى «قۇتلۇغ Ki ئوت، قۇتلۇغ قوي يىلى»دىكى «Ki»نى مۈللېر خەنزۇچە «چى»(气) خېتىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەن،دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان[191]. خەن رۇلىن ئەپەندى خەنزۇچە «چى» (期) خېتىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ ئويلاشقا بولىدۇ، دەپ قاراپ، «قۇتلۇغ كى» بەلكىم «قۇتلۇق چاغلار» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ[192]. خەن رۇلىن ۋە باشقا نۇرغۇن ئالىملار «كى»نى يىل - ئايغا مۇناسىۋەتلىك ماھىيىتى بار سۆز، دەپ قارىمايدۇ ھەم مۈللېرنىڭ شەرھىسىنى قوللايدۇ. لېكىن، گابائىن بىلەن بازىن «كى»نى خەنزۇچە «جى» (己) دېگەن خەت دەپ تونۇپ، بۇ ئون بۇرۇچنىڭ ئالتىنچىسى بولمىش «جى» ۋە 12 مۇچەلنىڭ سەككىزىنچىسى بولمىش «قوي» يىلى، يەنى 60 لىك ئايلانما تەقۋىمنىڭ 56- يىلىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ[193]. بىراق، ئۇلار «جى»نى «كى» ئوقۇپ ۋەسىقىدىكى «ئوت» سۆزىگە سەل قارىغان. قوزۇقتا يېزىلغان بىرىنچى نومۇرلۇق ۋەسىقىدىكى «تۇپراق — مايمۇن يىلى» بىلەن مۈللېر مىسال ئېلىپ كۆرسەتكەن باشقا ئىسپاتلاردىن بۇ قۇچۇدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان ۋەسىقىلەردە بەشلىك تەرتىپتىكى بۇرۇچ يىلى، يەنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار، تۇبۇتلەر ۋە موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردە ئومۇملاشقان بەشلىك تەرتىپ خەنزۇلارنىڭ بۇرۇچ يىلىنىڭ ئورنىغا ئالماشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ[194]. شۇڭا، مۈللېرنىڭ كۆزقارىشى مۇۋاپىقراق.

بۇرۇچ يىلى مۇنازىرىسىدىن باشقا، ئالىملار ئارىسىدا ئۈچىنچى نومۇرلۇق ۋەسىقىنىڭ كونكرېت دەۋرى توغرىسىدىكى ئىختىلاپ تېخىمۇ چوڭ. مۈللېر 767- يىلى دەپ قارايدۇ. بازىن

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 899- يىلى دەپ قارايدۇ. گابائىن بولسا ئېھتىمال 1019- يىلى بولۇشى، يا ئۇنىڭدىن 60 يىل بۇرۇن ياكى 60 يىل كېيىن بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ.

ھامىلتون ۋەسىقىنىڭ مەزمۇنىنى ئاساس قىلىپ قوزۇقتا يېزىلغان ئۈچىنچى نومۇرلۇق ۋەسىقىدىكى ئوت — قوي يىلى 947- يىلى ياكى 1007- يىلىغا توغرا كېلىدۇ دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئابى تاكېئو 887 — 947- يىللىرى ئارىلىقىدىكى نەرسە بولۇشى كېرەك، 947- يىلى بولۇشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن، دەپ قارايدۇ[195].

مورىياسۇ تاكائو بۇ تارىخىي ماتېرىيالنى تەتقىق قىلغان[196]. ئۇ گابائىن بىلەن بازىننىڭ «جى»نى «كى» دەپ ئوقۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئۇ قوزۇقتا يېزىلغان ۋەسىقىدىكى ئۇيغۇر قاغانىنىڭ نامى «ئالپ ئارسلان قۇتلۇغ كۆل بىلگە»نى «باھادىرلىقتا شىردەك، پاراسەتتە دېڭىزدەك» دەپ تەرجىمە قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا، 1120- يىلى ئوتتۇرا ئىقلىمغا ئەلچى ئەۋەتكەن كۇسەن قاغانىنىڭ نامى خەنزۇچە «قاغان ئارسلانخان پاراسەتتە دېڭىزدەك» دەپ خاتىرىلەنگىنىگە دىققەت قىلغان. شۇڭا، كۇسەن قاغانىنى قۇچۇنىڭ ھۆكۈمرانى دەپ قاراپ، بۇ ۋەسىقىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى 1019- يىلىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ بېكىتكەن. ئۇ يەنە شاجۇنىڭ تارىخىدىن پايدىلىنىپ قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى زورىيىپ دۈنخۇاڭنى بويسۇندۇرغانلىقى، يەنى قوزۇقتا يېزىلغان ۋەسىقىدىكى ئاتالمىش «شەرقتە شاجۇدىن» دېگىنى XI ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئىشلار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن. بىراق، مورىياسۇ تاكائو مۇشۇنداق تەسەۋۋۇر قىلغاندىن

كېيىنمۇ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتتە بۇ يىلنى 899-، 959- ياكى 1019- يىلى دەپ مۇقىمدىيالمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. ئۇ يەنە 1019- يىلى دېگەن قاراشنىڭ قاراخانىيلار تارىخى بىلەن ماسلاشمايدىغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلغان. ئەمەلىيەتتە نۇچ بىلەن بارسخاننىڭ ئورنىنى كونكرېت تەھقىقلەش ئارقىلىق، ئەگەر قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسى ھەققەتەن ۋەسىقىدە يېزىلغاندەك بولسا، ۋەسىقىدىكى بۇرۇچ يىلىنىڭ قاچان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ چاغلار قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ تېخى كۈچەيمىگەن ۋاقىتلىرى، يەنى 947- يىلى ياكى 959- يىلى ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ.

تەڭرىتاغ رايونىدا ئىككى بارسخان بار. ئىبنى خۇردە زە-بېھنىڭ «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» دېگەن ئەسىرىدە تالاسنىڭ شەرقىدىكى مۇساپىلەرنى مۇنداق خاتىرىلىگەن[197]:

«تالاستىن تۆۋەنكى بارسخانغىچە ئۈچ پەرسەخ (بىر پەرسەخ ئالتە كىلومېتىرغا تەڭ)، كاسراباسقا ئىككى پەرسەخ كېلىدۇ. ئۇ بىر ھاۋاسى ئىللىق جاي بولۇپ، بۇ يەردە قارلۇقلار قىشنى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. خالاجلارنىڭ قىشلىقىمۇ مۇشۇ ئەتراپتا. يەنە ماڭسا كۆلسۇبقا تۆت پەرسەخ، جالسۇبقا تۆت پەرسەخ، باياشات يېزا كۆلانغا تۆت پەرسەخ، نۇچكەت (تومكەت)كە تۆت پەرسەخ، خارانجاۋان يېزىسىغا تۆت پەرسەخ، جۇلغا تۆت پەرسەخ، سارىغقا يەتتە پەرسەخ، تۇركەش قاغان بالىقىغا تۆت پەرسەخ، نەۋاكاتقا تۆت پەرسەخ، كوپال (سوياب[198])غا ئۈچ پەرسەخ كېلىدۇ، يەنە ماڭسا چىن چېگرىسىدىكى ئۈستۈنكى بارسخانغا بارىدۇ. كارۋانلار ئۈچۈن يايلاقتا 15 مۇساپە، تۈرك ئۆتەڭلىرىنىڭ ئاتلىرى ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىدۇر.»

ئىبنى خۇردە زىبھ بىلەن قۇدامە[199]نىڭ خاتىرىسىدىن تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمى شىمالى ئېتىكىدىكى شەرقتىن غەربكە بارىدىغان يولغا ئىككى بارىسخاننىڭ جايلاشقانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى تۆۋەنكى بارىسخاننىڭ ئورنىنى تالاس (ھازىرقى جامبۇل)نىڭ قارشى قىرغىقىدا، ئۈستۈنكى بارىسخاننى ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي ئۇچىدا، دەپ بېكىتكەن[200]. مىنورسكىي تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسىنى تەتقىق قىلغاندا بۇ ئورۇننى بېكىتىشنى مۇئەييەنلەشتۇرگەن، يەنە ياقۇتنىڭ «مۆئىبلجەم بۇلدان» دېگەن ئەسىرىدىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇخارا ئەتراپىدىمۇ بارىسخان ناملىق بىر كەنت بار ئىكەن[201].

بۇ يەردىكى «نۇچ» سوغدى تىلىدا «يېڭى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «نۇچ ھىسار» دېگەن نام «يېڭى بالىق» دېگەن مەنىدە بولىدۇ. «يېڭى تاشنامە. پارسلار تەزكىرىسى» 221- جىلدنىڭ ئاخىرىدا شاش ئېلى (ھازىرقى تاشكەنت)نىڭ شەرقىدە بىر يېڭى شەھەرنىڭ بارلىقى، يەنە «نۇچ ھىسار» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. شۇەن زاڭ «بۈيۈك تاڭ ئېلىدىن غەربىي ئەللەرگە سەپەر خاتىرىسى»دىمۇ شاش ئېلىنىڭ شەرقىدە «نۇچكەنت» بارلىقىنى خاتىرىلىگەن[202]. 1915- يىلى مۇللىېر قوزۇققا يېزىلغان ۋەسىقىنى ئېلان قىلدۇرغاندا، ۋەسىقىدىكى «نۇچ» دېگەن نامنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغان «نۇچ ھىسار»غا ئەرەب - پارسچە ماتېرىياللاردىكى « نۇچكەنت »كە ئۇدۇللاشتۇرغان[203]. 50-يىللاردا ئابى تاكېئو «ئىدىقۇت قۇچۇ خانلىرى تۆھپە مەڭگۈ تېشى»دىكى قۇچۇنىڭ چېگرا - پاسىللىرى توغرىسىدىكى

خاتىرىلەرنى تەتقىق قىلغاندا، مۇللېرنىڭ ئۇدۇللاشتۇرۇشى ئاساسىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، قوزۇقتا يېزىلغان ۋەسىقىدىكى نۇچىنىڭ ئىسپىجابنىڭ جەنۇبى، شاشنىڭ شىمالىدىكى نۇچ ھىسار، نۇچكەنت ئىكەنلىكى، بارسخاننىڭ بولسا، تالاس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى تۆۋەنكى بارسخان ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەم مۇشۇلارغا ئاساسەن «ئىدىقۇت قوچو خانلىرى تۆھپە مەڭگۇ تېشى»دىكى قوچو «شىمالدا ئاشۇ دەرياسىغىچە» دېگەننى «غەربتە ئامۇ دەرياسىغىچە» دەپ ئىزاھلاپ، ئەينى چاغدا قوچونىڭ غەربىي چېگرىسى ئامۇ دەرياسىغىچە ئىدى، دەپ كېسىپ ھۆكۈم چىقارغان[204]. ئابى تاكېئونىڭ بايانىنىڭ تەسىرى بەك چوڭ بولۇپ كەتكەچكە، بۇنى نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار قوبۇل قىلغان[205]. لېكىن، بۇنداق ئۇدۇللاش ئەمەلىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

«بۈيۈك تاڭ ئېلىدىن غەربىي ئەللەرگە سەپەر خاتىرىسى» بىلەن «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دىكى نۇچ ھىسار ۋە نۇچكەنتنىڭ ئورنىنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن ھازىرقى تاشكەنتنىڭ شىمالىدىكى خانئاباد دەپ بېكىتكەن[206]. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىسپىجاب شەھىرىنىڭ ئورنىنى خانئابادنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى چىمكەنت، تالاسنىڭ ئورنىنى جامبۇل دەپ بېكىتكەن.

مۇئەررىخ سەمئانى (1166- يىلى ۋاپات بولغان) «كىتابى ئەنساب» («نەسەپنامە») دېگەن ئەسىرىدە، ئىبنى ئەسىر (1234- يىلى ۋاپات بولغان) «كامىل فىت تارىخ» دېگەن ئەسىرىدە IX ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تەڭرىتېغىنىڭ

غەربىي قىسمىدىكى تۈركىي قوۋملار بىلەن سامانىيلارنىڭ سۈركىلىشى ۋە 839-، 840- يىللىرى سامانىيلارنىڭ ئىسپىجاب شەھىرىنى ئىگىلىۋالغان ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن[207]. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسپىجاب شەھىرى ئەرەب ئەللىرىنىڭ شەرقىي قاراۋۇلخانىسى بولۇپ قالغان. يەئقۇبى (897- يىلى ۋاپات بولغان) «كىتابى بۇلدان» دېگەن ئەسىرىدە شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسپىجابنىڭ ئەرەبلەر بىلەن تۈركىي قوۋملارنىڭ جەڭگى - جېدەل قىلىدىغان ئالدىنقى سېپى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ[208]. «تارىخى تەبەرى»، «تارىخى بۇخارا» ۋە «مۇرۇجى ئەززەھەب» تىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، سامانىيلار 893- يىلى تالاسنىمۇ ئىگىلىۋالغان[209]. ئەرەبلەر ئىسپىجاب شەھىرى بىلەن تالاستىن ئىبارەت تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى مۇھىم ئىككى جاينى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۆز تەسىر كۈچىنى ئىسپىجاب ۋە تالاسنىڭ غەربىدىكى نۇچقىچە كېڭەيتەلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئابى تاكېئو تەسەۋۋۇر قىلغاندەك بۇخارا ئەتراپىدىكى بارسخانغىچە كېڭەيتەلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. قوزۇققا يېزىلغان ۋەسىقىدىكى نۇچ بىلەن بارسخان چوقۇم تالاسنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان.

يۇقىرىدا ئىبنى خۇردە زىبەھنىڭ خاتىرىسىدە بىر «نۇچ ھىسار» بارلىقىنى نەقىل كۆرسەتكەن ئىدىم. بىراق، بۇ نام ھەرقايسى كۆچۈرمە نۇسخىلاردا ئوخشاش بولمىغاچقا، دې گوجې «نۇچ» دەپلا ئالغان[210]. 1899-يىلى توماسچېك خەنزۇچە خاتىرىلەرگە ئاساسەن بۇ نامنى «تۇمكەت» دەپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەم خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى «تۇنكەنت»

شەھىرىگە ئۇدۇللاشتۇرغان[211]. بۇ ساختىنا «يېڭى شەھەر»دىن باشقا يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن ئەسەردە يەنە بىر يېڭى شەھەر نەۋاكەت («نەۋ» سۆزى پارسچىدا «يېڭى» دېگەن مەنىدە، «كەت» سۆزى سوغدى تىلىدا «شەھەر» مەنىسىدە) بار. «يېڭى تاڭنەمە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى. (يەتتىنچى، ئاخىرقى بۆلۈم)»دە خاتىرىلىنىشىچە «سويابتىن غەربكە قاراپ 10 چاقىرىم ماڭسا مەرمەرغ شەھىرىگە، يەنە 30 چاقىرىم ماڭسا يېڭى شەھەرگە، يەنە 60 چاقىرىم ماڭسا تۇنكەنتكە، يەنە 50 چاقىرىم ماڭسا ئاشىبىرا شەھىرىگە، يەنە 70 چاقىرىم ماڭسا كۇلان شەھىرىگە يېتىپ بارغىلى بولىدىكەن». ئالىملار سويابنىڭ توقماقنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئاق بېشىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققىتى[212]. خەنزۇچە ماتېرىياللاردا سوياب بىلەن يېڭى شەھەرنىڭ ئارىلىقى 40 چاقىرىم دەپ خاتىرىلىنىشى دەل ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى سوياب بىلەن نەۋاكەتنىڭ ئارىلىقى ئۈچ پەرسەخ كېلىدىغانلىقىغا توغرا كېلىدۇ. قۇدامە «نەۋاكەت بىر چوڭ شەھەر بولۇپ، زەركەت دېگەن بىر يول ئۇدۇل ئۇستۇنكى بارسخان شەھىرىگە تۇتىشىدۇ» دېگەن[213]. بۇ نەۋاكەت قوزۇققا يېزىلغان ۋەسىقىلەردىكى نۇچ بولۇشى كېرەك. بايان تەرتىپى ۋە مۇھىملىق دەرىجىسىدىن قارىغاندا، ۋەسىقىدىكى بارسخان بولسا ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى ئۇستۇنكى بارسخاندۇر. ئەگەر يۇقىرىقى ئانالىز قىلىنىشىم خاتا بولمىسا، X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسى ئىسسىق كۆل ئەتراپىغىچە كېڭەيگەن.

قوزۇققا يېزىلغان ئۈچىنچى نومۇرلۇق ۋەسىقىدە قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسى نۇچ بىلەن بارسخانغىچە

ئىكەنلىكىگە دائىر خاتىرە X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلار، بولۇپمۇ ئىسسىق كۆل ئەتراپىنىڭ ۋەزىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

893- يىلىدىن ئىلگىرى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمى قارلۇقلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولۇپ، 893- يىلىدىن كېيىن تالاسنى سامانىيلار ئىگىلىۋالغان ھەم تەدرىجىي ئەرەبلەر بىلەن قارلۇقلارنىڭ سودا مەركىزىگە ئايلاندۇرغان[214]. بەلخى، ئىستەخرى ۋە ئىبنى ھەۋقەلنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمى توغرىسىدىكى خاتىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق X ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قارلۇق خانلىقىنىڭ بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى، ئىلگىرى «قارلۇقلار» دەپ ئاتالغان قوۋملار ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

«ھۇدۇدۇلئالەم»دە قارلۇق خانلىقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى ئەھۋال ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن. مەزكۇر ئەسەرنىڭ 16- بابىدا چىگىل ئۇرۇقى ھەققىدە بايان بېرىلگەن. مەزكۇر ئەسەر بىلەن مەرۋىزىنىڭ كىتابىدا چىگىللار ئەسلىي قارلۇقلارغا تەۋە ئىدى دېيىلگەن[215]. چىگىللارنىڭ خەنزۇچە ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن قارلۇق قوۋمىنىڭ بىرى بولغان «چىگىللار» ئىكەنلىكى ئېنىق. قارلۇقلاردىن بىر ئۇرۇق مۇستەقىل بولۇپ چىقىپ، بىر ناھىيە (رايون)نىڭ خوجىسى بولۇۋالغان. مەزكۇر ئەسەرنىڭ 17-بابىدا توخسى ئۇرۇقى ھەققىدە بايان بېرىلگەن. گەردىزى[216] نەۋاكەنتتىن چىگىل ۋە توخسىلارغا بارىدىغان يولنى بايان قىلغاندا، تۈركلەر چوقۇنىدىغان بىر تاغ (سويابنىڭ شىمالىدا بولۇشى مۇمكىن؟)

بارلىقىنى، بۇ مۇقەددەس تاغدىن ئۆتكەندىن (سول تەرەپتىن ياكى شەرق تەرەپتىن[217]) كېيىنكى زېمىن ۋىلايىتى تۈركىيە (تۈركەشلەر تەۋەلىكى) ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ توخسى ۋە ئازلاردىن تەشكىللەنگەنلىكىنى تىلغا ئالغان. ئۇ يەردە ئۆزگەت بىلەن ئازلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سوياب دېگەن بىر كەنت بار ئىكەن. مەرۋىزى قارلۇقلار تۈلىس تېغىدىن كۆچۈپ كەلگەن ھەم ئۇلار تۈركەشلەرنىڭ زېمىنىنى ئىدارە قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدا توخسى قەبىلىسى بار دېگەن[218]. قارىغاندا، توخسىلار مىنورسكىي ئويلىغاندەك تۈركەشلەرنىڭ ساقلىنىپ قالغان بىر قەبىلىسى بولسا كېرەك[219]. لېكىن، قارلۇقلار تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، قارلۇقلارغا قارام بولغان توخسىلارمۇ مۇستەقىل بولۇۋالغان.

قارلۇق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە زورىيىشىغا ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. بۇنىڭغا دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان 6551- ۋاراقتىكى خەنزۇچە ۋەسىقە ئىسپات بولالايدۇ. بۇ ۋەسىقە يېزىلغان دەۋرنى ئالىملار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق 930- يىللىرى ئەتراپىدا، دەپ بېكىتكەن[220]. ئۇنىڭدا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇدرەتلىكلىكى تەسۋىرلەنگەندىن كېيىن: «شۇنىڭ بىلەن قارلۇقلار، ياغمىلار، يېمىكلەر، تاتارلار بەيئەت قىلىش بەيگىسىگە چۈشۈپ، بەس - بەستە ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت سوۋغا قىلىشتى. توخسىلار ئات - تۆگە ھەدىيە قىلسا، تۈبۈتلەر ئالتۇن - كۈمۈش سوۋغا قىلدى. باسمىللار ئەزەلدىن مەدىكارىمىز بولۇپ كەلدى. قىرغىزلار بولسا قول - دېدەكىمىز

بولۇپ كەلدى. باشقا قەبىلىلەر قوشقاچ بۆركۈتتىن قورققاندەك ئاستانىگە ئەيمىنىپ ئاران كېلىپ، يولۋاسقا ئۇچراپ قالغان قويدەك شۈمشىيىپ ئېلىمىزنى قۇدرەتلىك، دەپ ماختاپ كېتىشلىرى ھەرگىز يالغان ئەمەستۇر» دېيىلگەن.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇدرەتلىكلىكىنى بۇنداق تەسۋىرلەشتە روشەن ئەدەبىي ئىجادىيەت تۈسى بار. ئەمما، قارلۇقلار، ياغمىلار ۋە توخسىلارنىڭ بەيئەت قىلىپ ئولپان تاپشۇرغانلىقى، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قارلۇق خانلىقىنىڭ پارچىلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، يەنە قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەسىر كۈچى 925- يىلى ئۆپچۆرىسىدىن باشلاپ ماناس ئەتراپىدىن تېخىمۇ غەربكە كېڭەيگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. بۇ يەردە تېخى ئۇلارنىڭ زېمىنى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. يۇقىرىقى ۋەسىقىنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ يەردىكى تۈركىي قوۋملار پەقەت ئەلچى ئەۋەتىپ بەيئەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن ھەم ئولپان ھەدىيە قىلىشقان، خالاس.

X ئەسىرنىڭ 40 — 50- يىللىرىغا كەلگەندە قوزۇتقا يېزىلغان ئۇچىنچى نومۇرلۇق ۋەسىقىدە تەسۋىرلىگەندەك قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەرب تەرەپتىكى زېمىنى ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى نۇچ بىلەن بارسخانغىچە يېتىپ بېرىپ بولغان. ئۇ يەر قارلۇقلار، توخسىلار ۋە چىگىللار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، قوزۇتقا يېزىلغان ئۇچىنچى نومۇرلۇق ۋەسىقىدە قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنى غەربكە قاراپ كېڭىيىش جەريانى چۈشەندۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، نىزامۇل مۇلۇكنىڭ

«سىياسەتنامە» دېگەن ئەسىرىدە بۇ ھەقتە بىر بايان بار. «سىياسەتنامە»دە 943- يىلى سامانىيلار ھېلىلا مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەرنىڭ بالاساغۇننى ئىگىلىۋالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان دېيىلگەن[221]. پىرىتساك قاتارلىق ئالىملارنىڭ تۈركلەرنى قەشقەر تۈركلىرى ۋە سۇتۇق بۇغراخان قاتارلىقلار دېيىشىنىڭ ھېچقانداق تارىخىي ماتېرىيال ئاساسى يوق[222]. شۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل كېيىن قوزۇققا يېزىلغان ئۈچىنچى نومۇرلۇق ۋەسىقىدىكى تەسۋىردىن قارىغاندا، بالاساغۇننى ئىگىلىۋالغان بۇ تۈركلەر قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاتالمىش بالاساغۇننى ئىگىلىۋېلىش بولسا ئۇلارنىڭ زېمىنىنى بۇ رايونغىچە كېڭەيتىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسى ئىسسىق كۆل ئەتراپىغىچە كېڭىيىپ بولغان.

## 3. «ھۇدۇدۇلئالەم»دىكى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چېگرا - پاسىللىرى

«ھۇدۇدۇلئالەم»دە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ چېگرا - پاسىللىرىغا دائىر تەپسىلىي تەسۋىر بېرىلگەن. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تېپىلغان[223]، ئاپتورى نامەلۇم بۇ پارسچە ئەسەردىكى ئۇچۇرلار تولىمۇ قالايمىقان بولسىمۇ، بەلخى تەرەپدارلىرى بولمىش ئەرەب - پارس مۇئەللىپلىرى تەسۋىرلىگەندەك، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ تەسىر كۈچى موڭغۇلىيە

يايلاقلىرىدا ئەمەس، بەلكى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىغا كېڭەيگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەزكۇر ئەسەردە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئاستانىسى «جىنانجكەنت» دېيىلگەن بولۇپ، «جىنانجكەنت خانلىقنىڭ ئاستانىسى، چىن چېگرىسىغا يېقىن، يازدا قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ. قىش پەسلىنىڭ ھاۋاسى كىشىگە تولىمۇ ياقىدۇ». گوبىدىكى ئېگىزلىكلەر بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھەم تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قۇچۇنى ئاستانە قىلغان ئۇيغۇرلار ئېنىقكى، چوقۇم قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدۇر[224].

«ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ 12- بابىدا تەسۋىرلەنگەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بەزى يەرلىرى تۆۋەندىكىدەك:

«Jinan jkath»: «توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئاستانىسىدۇر، بۇ ئوتتۇرا ھال شەھەر بولۇپ، خانلىق مۇشۇ يەردە، چىن چېگرىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. يازكۈنلىرى بەك ئىسسىق، قىش بولغاندا ھاۋاسى كىشىگە بەك ياقىدۇ». بۇنى چىن بالىق ياكى قۇچۇ، دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ.

«T·fqan»: قۇچۇ ئەتراپىدىكى بىر تاغنىڭ نامى بولۇپ، تاغ كەينىدە بەش بازار ـ كەنت بار. ھامىلتون بۇنى تيانشان (تەڭرىتاغ) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان.

«كولوك» (كۇلۇك): تۇفقان تېغىنىڭ كەينىدىكى بەش بازارنىڭ بىرى. ھامىلتون بۇنى «كۇلۇك» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان.

«J·m·lkath» (جەمىلكەنت): تۇفقان تېغىنىڭ كەينىدىكى بەش بازارنىڭ بىرى.

«Panjikath» (پەنجىكەنت): «بەش شەھەر» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. تۇفقان تېغىنىڭ كەينىدىكى بەش بازارنىڭ بىرى.

«توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خاقانى ياز پەسلىدە مۇشۇ يەردە تۇرىدىكەن». بۇ شەھەرنىڭ نامى ۋە تەسۋىرىدىن قارىغاندا، بۇ شەھەرنىڭ «بېشبالىق» ئىكەنلىكى ئېنىق.

«Barlugh» (بارلۇغ): تۇفقان تېغىنىڭ كەينىدىكى بەش بازارنىڭ بىرى. هاملىتون بۇنى (يارلىغ) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىشنى ئويلىغان ئىكەن.

«Jamghar»(جامغەر): مەزكۇر كىتابنىڭ X V باب 12-ماددىسىدا بۇ يەرنى قارلۇقلار تەسىر كۆچىنىڭ شەرقىي ئۇچى دېيىلگەن. مىنورسكىي بۇ يەرنى بارسخاننىڭ شەرقى، ماناس ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان.

«K·msighiya»(كمسيغيا): «ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدىكى بازار» دېيىلگەن. بۇنى هاملىتون «كۆمۈشتاغ» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان.

«S·tkath» (سەتكەنت): «بىر كىچىك جاي بولۇپ، ئۈچ بازار» دېيىلگەن. ئالىملارنىڭ بۇ هەقتىكى پىكرى بىردەك ئەمەس، بەلكىم قاراشەھەر بىلەن «كۆمۈشتاغ» ئوتتۇرىسىدىكى بىر جاي بولۇشى مۇمكىن.

«Ark» (ئارك): «دەريا بويىدىكى شەھەرچە بولۇپ، يەتتە بازىرى بار، ئىككى تۈمەن لەشكەر چىقىرالايدۇ»دېيىلگەن. ئادەتتە قاراشەھەر، دەپ قارىلىدۇ.

«K·rarkhum» (كەرارخۇن): «چۆللۈكتىكى بىر بازار»، «ئاهالىسى ئاز ئەمەس» دېيىلگەن. هاملىتون بۇنى لۈكچۈن دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان.

«Bek—Tegin» (بېك تېگىن كەنتلىرى): ئورنى ئېنىق ئەمەس، تاغلار بىلەن ئورالغان سوغۇق جاي، دېيىلگەن.

«Kum·s—Art» كۇمس ئارت (كۇمۇس ئارت): «تاغدىكى بىر بازار» دېيىلگەن. مىنورسكىي بۇنى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «كۇمى-تالاس» (تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تالاس دەرياسى، يەنى قارا ئېرتىش دەرياسى بولۇشى مۇمكىن[225])قا ئۇدۇل كېلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغان.

«Kh·mud» خمود (خۇمۇد): «ئوتلىقى ۋە يايلىقى بار بىر جاي بولۇپ، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ چېدىرى ۋە كىگىز ئۆيلىرى بار» دېيىلگەن. مىنورسكىي بۇ نامنى «خۇمۇل» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىشنى ئويلىغان ئىكەن (پارس تىلىدا «د» بىلەن «ل» (ئالمىشىش هادىسىسى بار). شۇڭا، بۇ يەرنى گەردىزىنىڭ كىتابىدىكى «چىنكەنت» (قۇچۇ بىلەن شاجۇنىڭ ئارىلىقىدىكى قۇمۇل دەپ قارىغان بولسىمۇ، كېيىن ئارىسالدى بولۇپ قالغان. چۈنكى ئۇ، «ھۇدۇدۇلئالەم»دىكى يەر نامىلىرىنىڭ رەت تەرتىپىگە ئارتۇقچە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ جەملىكەس بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەرقىدە ئەمەس، بەلكى غەربىدە بولۇشى كېرەك ئىكەن، دەپ قالغان. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئارىسالدى بولۇشى بىھاجەت بولۇپ، يۇقىرىدىكى يەر-جاي نامىلىرىدىن باشتىكىلىرىنىڭ ئورنى ئاساسەن شەرقتە، ئاخىرىدىكىلەرنىڭ ئورنى غەربكە سۈرۈلۈپ بايان قىلىنغان.

«J·mlikath» (جەملىكەنت): «چوڭ بازار بولۇپ، ئاتامىنى يابغۇ دەيدىكەن[226]. يابغۇنىڭ پۇقرالىرىمۇ شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. چۈنكى، قىماقلار، قارلۇقلار ۋە ياغمىلار ئىلگىرى دائىم بۇ بازارنى تالان-تاراج قىلىپ تۇرىدىكەن» دېيىلگەن. بۇ يەر ماناس دەرياسى بىلەن شىخۇ

دەرياسى ئارىلىقىغا جايلاشقان[227]. بۇنداق ئاساسەن ئوخشاش يەر ناملىرى كۆلۈك بىلەن جەمەلكەس ماددىلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

مىنورسكىي بۇ نامنى تۈركلەرنىڭ چۈمۈل قەبىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قاراپ توغرا قىلغان. مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تۈركىي قوۋملارنى كۆرسەتكەندە، ئۇيغۇر ۋە تاڭغۇتلارنىڭ غەربىدە چۈمۈل قوۋمى بارلىقىنى تىلغا ئالغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىمۇ چىگىل ۋە چۈمۈللارنىڭ ماكانى ھەققىدە خاتىرە بار. مەسىلەن، «قۇچۇنىڭ خەرىتىلىك تەپسىرى»دە «ئاقسۇ يارلىقىنىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن يارغۇل چېگرىسىغا بارىدۇ. غەربىي شىمال تەرەپتىن چىگىللارنىڭ غەربىدىكى قوۋملارغا تۇتىشىدۇ» دېيىلگەن[228]. كۆلۈك بىلەن جەمەلكەس ۋە خۇمۇدنىڭ بىر جاي ياكى بىر جاي ئەمەسلىكىگە ئالدىراپ خۇلاسە چىقىرىۋېتىش ياخشى ئەمەس. ھاملىتون «ستائىل خولىستەين توپلىغان ۋەسىقىلەر»دىكى خوتەن ساك تىلىدىكى Camaida Badaika دېگەن يەر نامىنى («چامىل بالىق» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان) «جەملىكەس»كە ئۇدۇللاشتۇرغان. لېكىن، Camaida Badaika نى كۆلۈك بىلەن جەمەلكەسكە ئۇدۇللاشتۇرغاندىن جەملىكەسكە ئۇدۇللىشىدىكەن، دەپ قارىغان تۈزۈك.

«T·znagh—Art» (تۈنزاغ ئارت): «بىر توپا تاغ بولۇپ كارۋان ـ سودىگەرلەر چۈشىدىغان ئۆتەڭ» دېيىلگەن. مىنورسكىي تۈنزاغ ئارتتىن ئىغراج ئارتقۇچە بولغان يەر ناملىرىدىكى «ئۆتەڭ» ئاتالغۇسىغا دىققەت قىلىشنى

ئەسكەرتكەن. بۇ ئۆتەڭلەرنى تەڭرىتاغ ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى يوللارغا جايلاشقان دەپ قارىسمۇ، رەتكە تىزىش تەرتىپى ئېنىق بولمىغان، بۇنداق ئەھۋال مابەنج جەراباس بەلخمەكان، سۇھۇك ئارت قاتارلىق جايلارنىڭ جايلىشىشىدا گەۋدىلىنىك ئىپادىلەنگەن.

مىنورسكىي «تونزاغ» دېگەننى «توپراغ» دەپ پەرەز قىلىپ، «بىر توپا تاغ» دېگەن تەسۋىرگە ماسلاشتۇرغان، لېكىن بىز بۇ يەر نامىنى «سارىغ» دېگەننىڭ خاتا يېزىلىشى دەپ قارىساق، ئۇنداقتا ئىبنى خۇردە زىبە بۇ جاينى ئاتالمىش «تۈركەش قاغانى كەنتى» نىڭ غەربىگە تۆت پەرسەخ كېلىدىغان يەردىكى بىر چوڭ كەنت دەيدۇ. بېرنىشتام بۇ جاينى بېشكەكنىڭ شەرقىگە 32 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە دەپ بېكىتكەن.

«Mab·njj·rabas» (مابەنخ جەراباس): «بىر ئۆتەڭ بولۇپ، ئۇ يەردە بىر چوڭ دەريا ۋە مول ئوت - چۆپلەر بار» دېيىلگەن. مىنورسكىي «بىر چوڭ دەريا» بويىدا ئىكەنلىكىگە قاراپ «مابەنج» نى ئىلى دەرياسى ئەتراپىدىكى «يافەنج» بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغان. مېنىڭچە، بۇ يەر نامىدا خاتالىق بولمىسا كېرەك. ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ بەش نۇشىب ئاسكىل قەبىلىلىرى تۇمەن ئىگىلەپ، كېيىن سۇدىڭفاڭ تارتىۋالغان ماباۋ شەھىرىدىكى «ماباۋ» سۆزىگە سوغدى تىلىدىكى مۇئەننەس ئارقا قوشۇمچە «ئانج» قوشۇلغان[229]. شۇڭا، ئاتباش بەلكىم مەزكۇر يەر نامىنىڭ ئاخىرقى يېرىم ئاتىلىشى بولمىش «جەراباس» بىلەن مۇناسىۋە تىلىكتۇر.

بــۇ جــاي نارىــن دەرياســىنىڭ يۇقىــرى ئېقىنىنىــڭ جــەنۇبىدىكى ئاتــباش ئەتراپــىدا. ئــۇ، تەڭرىتېغىنىــڭ ئوتــتۇرا قىســمىدىن جــەنۇب ـ شــىمال ئېتەكلىرىگــە ئۆتىدىغــان قاتــناش تۈگــۈنى بولــۇپ، تــاڭ سۇلالىســى دەۋرىــدە «ئېركىــن يولــى»دەپ ئاتالغان. بۇنداق ئۇدۇللىشىشنىڭ ئېھتىماللىقىنى «بەلەخمە- كان»،«سىدنىك» دېگەن يەر ناملىرى، بولۇپمۇ «ئىغراج ئارت» دېگەن يەر نامى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«B·lkh·mkan» (بەلەخمــەكان): «بــۇ ئىلگــىرى توققــۇز ئوغۇزلار ئولتۇراقلاشقان، ھازىر تاشلىۋېتىلگەن ئۆتەڭ» دېيىلگەن. ئالىملار بۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق غەيرىي پىكىردە بولمىغان. لېكىن، بۇ يەر نامىنىڭ ئىدرىسىنىڭ كىتابىدىكى «لەخمەن» دېگــەن يــەر نــامى بىلــەن بــەكمۇ ئوخشىشــىپ كېتىدىغانلىقىــنى بايقايمىــز. ئىدرىســىنىڭ كىــتابىدىكى «لــەخمان» بىــر شــەھەر بولــۇپ ئالتىــنچى بەلۋاغنىــڭ سەككىزىنچى رايونغا جايلاشقان. ۋېلســونىنىڭ تەھقىقلىشــىچە، «لەخمــەن» بالقــاش كۆلىنىــڭ جــەنۇبى، تەڭرىتېغىنىــڭ شــىمالى ۋە جۇڭغــار ئويمــانلىقى ئەتراپىنى ئۆز ئىچىگــە ئالغــان رايونلارنــى كۆرســىتىدىكەن[230]. ئىدرىسى بۇ شەھەرنى قارلۇقلار رايونىدا بولۇپ، سۇنىيە تېغىغا بىنا قىلىنغان، بۇ شەھەرگــە بۇ تاغنىــڭ چوققىســىدىن ئېقىپ چۈشكەن بىر دەريانىڭ نامى بويىچە نام قويۇلغان[231] دېگەن. ئىدرىسىنىڭ كىتابىدىكى بىر خەرىتىدىن قارلۇقلارنىڭ ئارال دېڭىزى بىلــەن ئىسســىق كۆلىنىــڭ ئوتتۇرىســىغا جايلاشــقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىــز[232]. شــۇڭا، «لــەخمان» شــەھىرىمۇ بــۇ رايونىــدا بولۇشى كېرەك. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىدرىسى خاتىرىلىگەن (جەيھانىنىڭ ئەسىرىدىن نەقىل ئالغان) «تىلماچ»

سەلەمىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە بۇ لەخمان بىلەن كۆلان، تۆۋەنكى بارسخان ۋە تالاس بىرگە تىلغا ئېلىنغان[233]. شۇڭا، بۇ جاي ئىسسىق كۆل ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇشى مۇمكىن.

مۇشۇنداق بولغاندا، بۇ دەرياني «سەيھۇن» (چۇ دەرياسى) دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ[234]. (بۇ دەريا نامىنىڭ بۇرۇلۇپ ئۆزگىرىش جەريانىنى مۇنداق فورمۇلا بىلەن ئىپادىلىگىلى بولىدۇ: سۇنىيە > سەيھۇن > سوياب. ناۋادا بۇ پەرىزىم يۇت تىرەپ تۇرالىسا، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەريا بويىدىكى تاغدىكى لەخمانىنى بەلەخمەكان دەپ، بەلەخمەكانىنى بولسا بەلاسكانىنىڭ خاتا يېزىلىشى، يەنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بويلا سانغۇن شەھىرى ۋە كېيىنكى چاغلاردىكى بالاساغۇن، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ[235].

«S·d·nk» (سىدنىك): «قار - يامغۇر توختىمايدىغان ئۆتەڭ» دېيىلگەن. مىنورسكىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «سىدنىك» دېگەن بىر كۆل تىلغا ئېلىنغانلىقىغا دىققەت قىلغان. بۇ كۆل «قوچقار باشى» ئەتراپىغا جايلاشقان[236]. بارتولدنىڭ تەھقىقلىشىچە[237] مەھمۇد كاشغەرى تىلغا ئالغان «قوچقار باشى»ناملىق بۇ شەھەر بالاساغۇن ئەتراپىدا ئىكەن. شۇڭا، سىدنىك كۆلىمۇ بالاساغۇن ئەتراپىغا جايلاشقان. لېكىن، مىنورسكىي بۇ ئىككى سىدنىك بىر يەر ئەمەس. چۈنكى، «ھۇدۇدۇلئالەم»دىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ زېمىنى چۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ئىكەن، دەپ قارايدۇ. بىراق، بىز مەزكۇر كىتابتا تونزاغ ئارتتىن ئىغراج ئارتقۇچە بولغان بايان بېشىدىكى باشقا يەر نامى ھەققىدىكى

بايانغا ئوخشىمايدۇ. بىر - بىرىگە ئۇلاپ بايان قىلغىنى بولسا، قاتناشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۆتەڭ نامىدىن ئىبارەت. «بەلەخمەكان»دا ئىلگىرى توققۇز ئوغۇزلار ماكانلاشقان بولۇپ، ھازىر تاشلىۋېتىلگەن دېيىلگەن. 925- يىلىدىكى خوتەن ساك تىلىدا يېزىلغان «ستائىل خولىستەين توپلىغان ۋەسىقىلەر»دە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسى Camaida Badaika (جەملىكەس) ۋە ئارگ دېيىلگەن. شۇڭا، بۇلار بەلكىم مۇئەللىپىنىڭ باشقا مەنبەلەر ئارقىلىق توققۇز ئوغۇزلارنىڭ، يەنى گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بۇرۇنقى ئۆتەڭلىرى توغرىسىدىكى ماتېرىياللىرى بولسا كېرەك. بۇ ئۆتەڭلەر قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

«S·h·k·art» (سەھەك ئارت): بىر ئۆتەڭنىڭ نامى.

«IrguzgukAth» (ئىرگۇزگۇكەس): «ئوت - سۇيى بار ئۆتەڭ» دېيىلگەن. مىنورسكىي بۇ يەر نامىنى «ئىككى ئۆگۈز»نىڭ خاتا يېزىلىشى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن دەپ قارايدۇ. «ئىككى ئۆگۈز»نىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئورنى ئېنىق ئەمەس بولۇپ، ئۇ كىتابنىڭ مەتنىسىدە ئىككى ئۆگۈز ئىلى دەرياسىغا يېقىن[238]، «ئىلى دەرياسى بىلەن يافەنج ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان[239] دېيىلسىمۇ، يۇمىلاق خەرىتىدە يافەنج دەريانىڭ غەربىي (جەنۇبىي) تەرىپىدە، ئىككى ئۆگۈز بولسا دەريانىڭ شەرقىي (شىمالىي) تەرىپىدە بولۇپ، ئىلى دەرياسى بىلەن يافەنج ئوتتۇرىسىدا ئەمەس.

1253- يىلىنىڭ ئاخىرىدا رۇبرۇك بۇ رايوندا سەپەر قىلىپ بىر چوڭ دەريادىن ئۆتكەن. بۇ دەريا ئادەتتە ئىلى دەرياسى، دەپ

قارىلىدۇ. ئۇ دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر تاغ جىلغىسىدا تاشلىنىپ قالغان قەلئەنى كۆرگەن، ئارقىدىن ئېكىيۇس دېگەن بىر چوڭ شەھەرگە كەلگەن. ئەتىسى جەنۇبتىن سوزۇلۇپ كەلگەن ئېگىز تاغلاردىن ئۆتۈپ بىر تۈزلەڭلىككە كىرگەن. تۈزلەڭلىكنىڭ ئوڭ تەرىپى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئېگىز تاغلار، سول تەرىپى بىر چوڭ كۆل (كۆلنى بىر ئايلىنىپ چىقىشقا 25 كۈن كېتەرمىش) بولۇپ، تاغدىن كۆلگە ئېقىپ چۈشكەن دەريا ئېقىنى تۈزلەڭلىكنى سۇغىرىۋاتقان ئىكەن. ئۇ داۋاملىق مېڭىپ چوڭ شەھەر قايالىققا كەلگەن. ئۇ ئالاتاۋ ئېغىزى، ئىمېل قاتارلىق جايلار ئارقىلىق شەرققە سەپەر قىلغان[240]. قايالىقنىڭ ھازىرقى قازاقىستاننىڭ كۆپال ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. شۇڭا، ئەگەر بۇ ئېكىيۇس ھەقىقەتەن ئىككى ئۆگۈز بولسا، بۇ ئىككى ئۆگۈز ئىلى دەرياسىنىڭ شەرقىي شىمالى، قايالىقنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مەلۇم بىر جايدا بولۇشى كېرەك. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىمۇ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە ئىككى ئۆگۈز بارلىقى خاتىرىلەنگەن.

«كونا تاڭنامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى»دە يوڭخۇي سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى (651- يىلى) قارا ئوغلى تىرگىن بىلەن قوۋمىنى باشلاپ غەربكە قېچىپ كېلىپ، تۇغلۇق قاغاننىڭ زېمىنىنى ئىگىلىگەن. غەربىي يۇرتتىكى تامامىي ئايماقلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ ئىككى ئۆگۈز ۋە مىڭبۇلاقنى ئاستانە قىلىپ، ئۆزىنى ئىشبارا قاغان دەپ ئاتاپ، تۇغلۇق، نوشىب، ئون ئوق ئېلىنى ئىدارە قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. كېيىن سۇدىڭفاڭنىڭ شيەنچىڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2-


يىلى (657- يىلى) قاراغا لەشكەر تارتقانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىدىمۇ «ئىككى ئۆگۈز» تىلغا ئېلىنغان. ماسىدا ھىسائو خېلى بۇرۇنلا ئىككى ئۆگۈزنىڭ ئورنى ھەققىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلىشتا، يۇقىرىقى خاتىرىلەرگە تايىنىش كېرەكلىكىنى ئېيتقان. ماسىدا ئانالىز قىلغاندىن كېيىن، سۇدىڭفاڭ لەشكەر تارتقان مۇساپىنى خەرىتىلەشتۈرگەن (قوشۇمچە 4- خەرىتىگە قاراڭ) ھەم ئىككى ئۆگۈزنى بورتالا دەرياسى دەپ قارىغان[241]. لېكىن، بورتالانىڭ ئورنى غەربكە يۆرۈش قىلغان ئىككى قوشۇننىڭ بۇ جايدا ئۇچراشمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. چۈنكى، ئەگەر ئىككى قوشۇن سايرام كۆلىنىڭ جەنۇبى ئارقىلىق غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، سۇدىڭفاڭنى بورتالادىن ئۆتكەن دېگەندىمۇ مىشە بىلەن بۇكۇننىڭ قوشۇنى بۇ يەردىن ئۆتمەيدۇ. ئەگەر ئىككى قوشۇن ئالاتاۋ ئېغىزىنىڭ غەربىدىكى شىمالىي يول ئارقىلىق غەربكە ماڭغان بولسا، (رۇبرۇك مۇشۇ يول بىلەن ماڭغان) مىشە بىلەن بۇكۇننىڭ قوشۇنى بورتالادىن ئۆتكەن بولسىمۇ، سۇدىڭفاڭنىڭ قوشۇنى بۇ يەردىن ئۆتمىگەن. ئەكسىچە، بىز ئىككى ئۆگۈزنىڭ ئورنىنى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى قارا سۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا دېسەك، ئىمىل، ئالاتاۋ ئېغىزى ۋە كوپال ئارقىلىق كەلگەن سۇدىڭفاڭ، جىڭ، سايرام ۋە قورغاس ئارقىلىق كەلگەن. مىشە ۋە بۇكۇن بىلەن دەل مۇشۇ يەردە ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئالتۇنتاغ ئەتراپىدىكى قارانى مەغلۇپ قىلغان.

يۇقىرىقى تەھقىقلىشىم خاتا بولمىسا، «ھۇدۇدۇلئالەم»دىكى بۇ يەر نامى ھەقىقەتەن «ئىككى ئۆگۈز» بولسا، مېنىڭ قىياسىم مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرالىغان بولىدۇ، يەنى بۇ ئۆتەڭلەر

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۆتەڭلىرى ئەمەس. چۈنكى، بۇ يەرلەر ھەقىقەتەن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە ئەمەس.

«Ighraj—Art» (ئىغراج ئارت): «يىل بويى مۇز ئېرىمەيدىغان ئۆتەڭ» دېيىلگەن. مەزكۇر جايدا نۇرغۇنلىغان ياۋايى ھايۋانلار ۋە بۆغا ـ مارالىلار بولغاچقا، تاغدىن كۆپ مىقداردا بۆغا مۈڭگۈزى چىقىدىكەن. مىنورسكىي بۇ يەر نامىنىڭ كىتابتا نەچچە يەردە ئۇچرايدىغانلىقىنى، «تەڭرىتېغىنىڭ ئوتتۇرىسى» دېگەن مەنىسى بارلىقىنى كۆرسەتكەن. لېكىن، بۇ يەر مۇھىم بىر تاغ ئېغىزىنى كۆرسىتىدۇ. كونكرېت قەيەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بېكىتمەك تەس بولسىمۇ، بۇ يەر نامىنىڭ مەنىسى ناھايىتى مۇھىم. بىز يەرە زىقىلغان ئاتباش، بالاساغۇن ۋە مىنورسكىي يەرە زىقىلغان سىدنىك ئىككى ئۆگۈز قاتارلىق يەرلەر ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ ئۆتەڭلەرنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

«ھۇدۇدۇلئالەم» بىلەن «ستائىل خولستەين توپلىغان ۋەسىقىلەر»دە تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئۇيغۇر ئاستانىسى ۋە ئاساسلىق شەھەر ـ بازارلىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئاساسەن ئوخشاش. گەرچە بۇ خاتىرىلەردە ئەرەب ـ پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى ئوخشىمىغان دەۋرلەرگە ئائىت مەزمۇنلار ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىدەك ئالاھىدىلىك بار بولسىمۇ ھەمدە قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا دائىر كونكرېت تەسۋىرلەر كەم بولسىمۇ، بىزگە قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ X ئەسىرنىڭ 20 — 30- يىللىرى زورىيىپ تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بىر بۈيۈك كۈچ بولۇپ قالغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرىدۇ.




4 ـ خەرىتە: شىيەنچىڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2 ـ يىلى سۇدىڭفاڭ قاتارلىقلارنىڭ قاراغا جازا يۈرۈش قىلىش لىنىيىسى

**ئىزاھلار:**

(1) يۇقىرىقى ھەر خىل تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن «كىتابلار جەۋھىرى» (97- جىلد، ۋاسسالالارنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ئەھۋالى)، «بەش دەۋرگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» (28- جىلد، ئۇيغۇرلار)نىڭ تەھلىلى ھەققىدە مائېيدا ماسانانىڭ «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە ئىزدىنىش» (5- ئەنشى ئۇيغۇرلىرى مەڭلىگ تېكىن خاقانىنىڭ باشچىلىقىدا گەنجۇغا كۆچكەن يىل ھەققىدىكى مۇلاھىزە)، تاڭ كەيجەنىنىڭ «مەڭلىگ تېكىننىڭ گەنجۇدا ئولتۇراقلىشىشىنى پەرقلەندۈ- رۈش» ۋە هامىلتوننىڭ «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» (خەنزۇچە تەرجىمىسى 9 — 15- بەتلەرگىچە)غا قاراڭ.

(2) سۇن كەيدى، مورىياسۇ تاكائو، يامادا نوبۇئو، لىيۇيىتاڭ، پىنكىس، فەن ۋېنلەن قاتارلىق ئالىملار گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن مەڭلىگ تېكىننىڭ مۇناسىۋىتى يوق دەپ قارايدۇ («جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى، جۇڭگو تارىخى قىسمى»- دىكى جاڭ گۇاڭدا يازغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار ماددىسىغا قاراڭ).

(3) «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 97- جىلد، «تۈبۈتلەر»دىكى خاتىرە بۇنىڭ بىلەن ئوخشاش. پەقەت جاڭ يىچاۋنىڭ ئىسمى كەينىگە «شاجۇ ھىراۋۇلى» دېگەن سۆز قوشۇپ قويۇلغان.

(4) «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر ھەققىدىكى تەھقىقلەر»دىن نەقىل ئېلىندى. «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» 8113- بەت.

(5) «شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى» (1942- يىلى كيوتو نەشرى) 12- قىسىم 4- كىتاب 54 — 56- بەتلەر.

(6) كوۋادا روكورو: «ئۇيغۇرلارنىڭ خارابىلىشىشى ھەققىدە ئىزدىنىش» 118-، 119- بەتلەر.

(7) ئابى تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» خەنزۇچە تەرجىمىسى 179 — 185- بەتلەر.

(8) موريياسۇ تاكائو: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە» خەنزۇچە تەرجىمىسى 765 — 767- بەتلەر.

(9) ماليا ۋكىن: «IX — XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» رۇسچە نەشرى 131- بەت.

(10) ۋاڭ گوۋېي: «سىبىرلار ھەققىدە ئىزدىنىش»، «تاتارلار ھەققىدە ئىزدىنىش».

(11) موريياسۇ تاكائو: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە»

(12) «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مەدداھلىق ئەدەبىياتى توپلىمى»؛ جاڭ خوڭشۇن تاللاپ ئىزاھلىغان «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مەدداھلىق ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەردىن تاللانغانلىرىغا ئىزاھات»قىمۇ كىرگۈزۈلگەن.

(13) لوجېنيۇ: «تاڭنامىدىكى جاڭ يىچاۋ تەزكىرىسىگە تولۇقلىما»، شياڭ دا «تاڭنامىدىكى جاڭ يىچاۋ تەزكىرىسىگە تولۇقلىمىغا تولۇقلىما»، سۈن كەيدى «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان جاڭ خۈيشىنگە دائىر مەدداھلىق ئەدەبىياتىغا كىرىش».

(14) سۈن كەيدى: «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان جاڭ خۈيشىنگە دائىر مەدداھلىق ئەدەبىياتىغا كىرىش» 386- بەت.

(15) جاڭ خوڭشۇن تاللاپ ئىزاھلىغان «دۇنخۇاڭدىن

تېپىلغان مەدداھلىق ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەردىن تاللانغانلىرىغا ئىزاھات»نىڭ 232- بېتىدىن نەقىل ئېلىندى.

(16) روڭ شىنجاڭ: «شاجۇدىكى ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەر ھىراۋۇللىرىنىڭ ئاتىقى ھەققىدە ئىزدىنىش» (1988- يىلى بېيجىڭدا ئېچىلغان دۇنخۇاڭ - تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تاپشۇرۇلغان ماقالە). مەن دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەمدە سۇن كەيدى بىلەن ۋاڭ جوڭمىننىڭ كۆزقارىشىغا ۋارىسلىق قىلغان ئىدىم. روڭ شىنجاڭ ئەپەندى كۆرسەتمە بېرىپ تۈزىتىپ بەرگەن ئىدى.

(17) ۋاڭ جوڭمىن: «‹تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان پۈتۈن شېئىرلارغا تولۇقلىما›غا قوشۇمچە» (54- بەت)دە: بۇقۇ تەڭرىخان بەلكىم بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاقساقىلى بۇقۇچىن بولسا كېرەك. بۇ شېئىرنى ئەينى چاغدا شۇ يەرلىك كىشىلەر يازغان، شۇڭا ئۇنى «تەڭرىخان» دەپ ئاتىغان. چيەنپۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى (876- يىلى) قۇمۇلنى ئىشغال قىلغانلىقى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچرىمايدۇ. ئەپسۇسكى، شېئىرنىڭ تېمىسى كەمتۈك، شېئىرمۇ ئاران ئالتە خەت بولغاچقا قاراتما مەنىسى ئانچە ئېنىق ئەمەس. بۇ ۋاقىتتا بۇقۇچىن جاڭ يىچاۋنىڭ قوماندانلىقىدا تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلغان. مەن بۇنى جاڭ يىچاۋنىڭ پەرمانىمىكىن دەپ ئويلايمەن» دېگەن. بۇنداق مۆلچەرلەش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس.

(18) «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مەدداھلىق ئەدەبىياتى توپلىمى» 127- بەت مەتىنىنىڭ تەھقىق خاتىرىسىدە «باشتىكى مەزمۇن بىلەن ماسلاشمىغان، شۇڭا كېيىنكىلەر تولۇقلاپ

قويغانمىكىن، دەپ گۇمانلىنىمەن. مەدداھلىق ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرىغا چاپلىما قۇيرۇق قىلىپ قويغان» دەيدۇ. روڭ شىنجاڭ ئەپەندىمۇ باشقىلارنىڭ قولىدا كۆچۈرۈلگەن، دەپ قارايدۇ.

(19) خانىدا تورو: «تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭچى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى يېزىلغان شاجۇ، يىجۇ (قۇمۇل) جۇغراپىيىسى ھەققىدىكى تۇرلىمە ۋەسىقە».

(20) روڭ شىنجاڭ: «لوڭ جەمەتى ھەققىدە ئىزدىنىش» (ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق ژۇرنىلى، 4- سان).

(21) روڭ شىنجاڭ نەقىل ئالغان، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان 2187- ۋاراقتىكى خەنزۇچە ۋەسىقىگە قاراڭ؛ فۇجىي ئاكىرا ۋەسىقىنىڭ ئاخىرىدا تىلغا ئېلىنغان «مەرھەم ھىماتچىمىز» دېگەن سۆز جاڭ يىچاۋنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ۋەسىقە يېزىلغان ۋاقىت جاڭ يىچاۋ ۋاپات بولغان 872- يىلىدىن كېيىن بولۇشى كېرەك ھەم 389- ۋاراقتا خاتىرىلەنگەن سۇجۇغا كىرگەن لوڭ جەمەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

(22) «جاڭ خۇيشىن ھەققىدىكى مەدداھلىق ئەدەبىياتى»دا «دىۋان بېگى ئۇيغۇرلارنىڭ... سەردارلىرى قاۋۇل، لەشكەرلىرىنىڭ خىللىقىنى ئاڭلاپ ھونلارغا يۈرۈش قىلماقچى بولدى. مۇشاۋۇر جاڭ داچىڭ بەن چىغا خالىغانچە لەشكەر تارتقىلى بولمايدۇ، كۆز پەسلىدە غەربكە يۈرۈش قىلايلى، ئەلەم ئەھلىدىن ھەزەر ئەيلەيلى دېدى» دېيىلگەن.

(23) فۇجىي ئاكىرا: «شاجۇدىكى ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەر ھىراۋۇللىرىنىڭ باش - ئاخىرى» (شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى كيوتو نەشرى 12- قىسىم 4- بۆلۈم)دا، بۇ ۋەسىقىنى نەقىل ئالغان. لېكىن، 71- بەت، 8- قۇردىكى كېيىنكىلەر

ئەسلىي مەتىنىگە مەشىق قىلىپ يېزىپ قويغان خەتنىمۇ نەقىل كەلتۈرۈۋەتكەن.

(24) ۋاڭ جوڭمىن: «جىنشەن ئېلىگە دائىر تولۇقلىما» ۋە روڭ شىنجاڭنىڭ «جىنشەن ئېلى تارىخى ھەققىدە تەھلىل»گە قاراڭ.

(25) 3633- ۋاراقنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى «شاجۇ پۇقرالىرىدىن تۈمەن كىشىنىڭ ئۇيغۇر بۈيۈك تەڭرى خاقانغا سۇنغان ئەرزى» (911- يىلى) بىلەن خې شىجې ۋە سۈن شيۇشېننىڭ «گۇاجۇ - شاجۇدىكى ساۋ جەمەتىنىڭ يىلنامىسىگە تولۇقلىما»غا تولۇقلىما (گەنسۇ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1980- يىلى 3- سان)غا قاراڭ.

(26) پۇللىيېبلانك: «ستائىل خولىستەين توپلىغان ۋەسىقىلەر نىڭ يىل دەۋرى ھەققىدە ئىزدىنىش» 1945- يىلى نەشرى، 90 — 97- بەتلەر ھەم خۇاڭ شېڭجاڭنىڭ «ستائىل خولىستەين توپلىغان ۋەسىقىلەر ۋە غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات» 1984- يىلى.

(27) قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار توغرىسىدا ھامىلتوننىڭ «ستائىل خولىستەين توپلىغان ۋەسىقىلەر ھەققىدە ئىزدىنىشلىرىم» بىلەن خۇاڭ شېڭجاڭنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىگە قاراڭ.

(28) تاڭ چاڭرۇ: «ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەر ھىراۋۇللىرىغا ئائىت بىرنەچچە خىل ماتېرىيالغا كىرىش» (دۇنخۇاڭشۇناسلىققا دائىر ماقالىلەردىن تاللانما) 30- ئىزاھقا قاراڭ. مەزكۇر ماقالىدە يەنە «ئاساسەن جاڭ خۇەيشېن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ھەقىقەتكە قايتقان

لەشكەرلەر ھەراۋۇللىرى ئىدارە قىلىدىغان دائىرە يەنىلا خېشىدىكى 11 ئايماق دېيىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە گۇاجۇ ۋە شاجۇدىن ئىبارەت ئىككىلا ئايماق قالغان» دەپ قارايدۇ.

(29) 1366-، 3728-، 2629- بەتلەرگە قاراڭ.

(0_) 13- ئىزاھقا قاراڭ، جاڭ گۇاڭدا، روڭ شىنجاڭنىڭ «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىر پارچە خەنزۇچە ماتېرىيال ھەققىدە»دە تەڭرىخاننى، بۇقۇچىن ياكى ئۇنىڭ ۋارىسى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. ئۇلار ئىككىسى يەنە يىجۇ (قۇمۇل) شەھىرى ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەرنىڭ ئىدارە قىلىشىدا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

(31) سەي مېيبىياۋ، جۇ چىڭشۇ، جۇرۇيشى، دىڭ ۋېيجى، ۋاڭ جوڭ يازغان «جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى» 6- قىسىم 18- بەتكە قاراڭ.

(32) قىتانلار ۋە لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئادەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە سەي مېيبىياۋ قاتارلىقلار يازغان يۇقىرىقى كىتاب بىلەن «جۇڭگو تارىخى ھەققىدە تېزىس» 5- قىسمىغا قاراڭ.

(33) «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. تەيزۇخان خاتىرىسى. 1- بۆلۈم» (تيەنفۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى) كۈز، 7- ئايدا 40 تۈمەن لەشكەر بىلەن خېدوڭنىڭ دەيبېيغا جازا يۈرۈش قىلدى...

(34) «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. تەيزۇخان خاتىرىسى» 1- بۆلۈم 11- بەت.

(35) «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. تەيزۇخان خاتىرىسى» 2- بۆلۈم 19 — 21- بەتلەرگىچە. شىمازاكى ئاكىرا «چۆل» ئاساسەن جۇڭگونىڭ غەربىدىكى قۇملۇقنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى

ئېيتقان. («سۈي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇركىستان ھەققىدە تەتقىقات» توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1983- يىلى ياپونچە نەشرى، 240- بەت).

(36) «كونا تاڭنامە. غەربتىكى قوۋملار تەزكىرىسى. قۇچۇ» (5296- بەت)، («يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. قۇچۇ»مۇ ئاساسەن ئوخشاش) بىلەن «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى (1- جىلد، 18- بەت)دا قاغانساي (پۇتسار) شەھىرىنىڭ ئورنى تىلغا ئېلىنغان. چاۋاننىس «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» (خەنزۇچە تەرجىمىسى 105- بەت)دا شۇسوڭنىڭ «غەربىي يۇرتتىكى سۇ - ئېقىنلار تەزكىرىسى»دىكى تەھقىقنى ماقۇللاپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنيۈەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 6- يىلى (790- يىلى) تۇبۇتلەر بېشبالىقنى ئىشغال قىلىۋالغاندا «قارلۇقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىگىلىۋالغان پۇتسار بىلەن قاغانساينىڭ مۇناسىۋىتى بار»، دەپ قارىغان. ماسىدا خىسائو «قەدىمكى دەۋردىكى تەڭرىتېغىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات»تا ئاساسەن شۇ شۇسوڭ بىلەن چاۋاننىسنىڭ قاغانساينى بۇتسار بالىق دېگەن كۆزقارىشىنى ياقلىغان ھەم ئېنىق قىلىپ، پۇتسار جىمسارنىڭ جەنۇبىدىكى دەريا جىلغىسىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارىغان. ئابى تاكېئو ئۇنىڭ قاغانساينىڭ پۇتسار ئىكەنلىكىگە دائىر تەھقىقىنى ئاساسەن ماقۇللىسىمۇ، قاغانساي موريدا، دەپ قارايدۇ. ئابى تاكېئونىڭ «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى (124 — 127- بەتلەرگە قاراڭ)؛ شىمازاكى ئاكىرا «سۈي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇركىستان ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە يۇقىرىقى

كۆزقاراشلارنى تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ، پۇتسار بالىق ھازىرقى مورىنىڭ غەربىدىكى «قەدىمىي شەھەر» ئەتراپىدا بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تۆت تەرەپكە تۇتىشىدىغان مۇھىم ئۆلكىلەرنىڭ بىرى، دەپ قارايدۇ.

(37) «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. تەيزۇڭ خان خاتىرىسى 2-بۆلۇم» (20-بەت)؛ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. تىيەنزۇخان خاتىرىسى (تۆتىنچى)غا قوشۇمچە قىلىنغان يوللۇغ تايشى خاتىرىسى»دە يوللۇغ تايشى گوبىنىڭ شىمالى بىلەن غەربكە ماڭغاندا، «ئاۋۋال ئۇيغۇر خانى بىلگىگە نامە ئەۋەتىپ: ئۆتمۈشتە بۇزرۇكۋارىم تەيزۇخان شىمالغا يۈرۈش قىلىپ بۆگۈ خان شەھىرىدىن ئۆتكەندە، گەنجۇغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇزرۇكۋارلىرى ئورمۇزدخانغا يارلىق ئەۋەتىپ، ئانا يۇرتلىرىنى سېغىنىسىلا مەن قايتۇرۇپ بېرەي، ناۋادا قايتالمىسا، مېنىڭ تەۋەلىكىمدە تۇرسۇن. مېنىڭ ئىلكىمدە تۇرغىنى، سىلىنىڭ ئىلكىلىرىدە تۇرغانغا باراۋەر دېسە، بۇزرۇكۋارلىرى ئېلىمىنىڭ بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگىلى نەچچە زامان بولدى. لەشكەرلەر ۋە پۇقرالىرىم بۇ يەرگە ماكانلىشىپ كۆنۈپ قالدى. ئەمدى قايتىپ كېتەلمەيمىز، دەپ ئۆزرە ئېيتقان. بىز سىلەر بىلەن بىر كۈنلۈك دوستلاردىن ئەمەس. ئەمدى مەن ئەرەب ئېلىگە ماڭغان سەپىرىمدە ئەللىرىدىن ئۆتمەكچى بولۇۋاتىمەن. ھەرگىز گۇمانلىنىپ قالمىسىلا، دېگەن. بىلگە خان نامىدىن ۋاقىپلىنىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۈچ كۈن زىياپەت بەرگەن. قايتىشىدا 600 ئات، 3000 قوي، 100 تۆگە ھەدىيە قىلغان. قارام بولغۇسى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ بالىلىرىنى تۇرغاۋلىققا تۇتۇپ، چېگرىغىچە ئاپىرىپ قويغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. يوللۇغ تايشى غەربكە ماڭغاندا،

گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى تاڭغۇتلار (1028- يىلى) ھالاك قىلىپ
بولغان، شۇڭا ئادەتتە بۇ ئۇيغۇر خانى بىلگىنى قوچۇ ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ خانى دەپ قارايدۇ، ھەتتا بەزىلەر بۇنىڭغا ئاساسەن
ئورمۇزدنىڭ قوچۇ ۋە گەنجۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق خانى
ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. لېكىن، بۇ تارىخىي ماتېرىيالدا خېلى
كۆپ مەسىلىلەر ساقلانغان. بىرىنچىدىن، لياۋ سۇلالىسىنىڭ
تەيزۇخانى تيەنزەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى غەربكە يۈرۈش
قىلغاندا گەنجۇغا ھۇجۇم قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ گەنجۇ ئۇيغۇر
خانلىقىنى ھۆرمەتلەش زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان
ماتېرىيال يوق. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى شۇنىڭدىن تارتىپ
ئۈزۈلدۈرمەستىن ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرۇشى ۋە توڭخې،
تەيپىڭ سەلتەنەت دەۋرىدىكى يىللاردا گەنجۇغا يۈرۈش
قىلغانلىقىدىن قارىغاندا، تەيزۇخان گەنجۇ تۇتۇقىنى ئەسىر
ئالغاندىن كېيىن، چوقۇم ئەلچى ئەۋەتىپ گەنجۇلۇقلارنى ئۆزىگە
ئەل بولۇپ بېقىنىشقا چاقىرغان. يوللۇغ تايشى ئېيتقاندەك،
ھېلىقى تەكەللۇپ سۆزلىرىنى ئېيتقان بولۇشى تامامەن
مۇمكىن ئەمەس. ئىككىنچىدىن، يوللۇغ تايشى ئورمۇزدنىڭ
گەنجۇغا كۆچۈپ كەلگىلى نەچچە زامان بولدى دېگەن سۆزى
بولۇپ، نەچچە زاماننى ئاز دېگەندىمۇ 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت
بولىدۇ، يەنى گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى
قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. 50 نەچچە يىل
ئىلگىرى سۇن كەيدى «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان جاڭ خۇەيشىن
ھەققىدىكى مەدداھلىق ئەدەبىياتىغا كىرىش» تە گەنجۇ
ئۇيغۇرلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تۈرك
خانلىقىدىن قېچىپ كەلگەن ئۇيغۇر قوۋملىرى ئاساسىدا

تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ تارىخىي ماتېرىيال ئۇنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى. لېكىن، بۇنداق كۆزقاراش تالاش سۇئاللىسى بىلەن توبۇتلەرنىڭ بۇ يەرنى ئۇزاق مۇددەت ئىگىلەپ تۇرغانلىقىنى يېشىپ بېرەلمىگەچكە، ئاساسەن ھېچكىم قوللىمىغان (موريياسۇ تاكائونىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ). شۇڭا، بۇ تارىخىي ماتېرىيالنى يەن سۇئاللىسى دەۋرىدىكى ئوردا تارىخچىلىرى خاتا قىلىپ قويمىغان بولسا، ئۇنداقتا، يوللۇغ تايشى تارىخنى ئويدۇرۇپ چىقارغان، يوللۇغ تايشى ئۆلىما بولغاچقا يەنە بەزىبىر تارىخلارنى ۋە ئويدۇرما ماتېرىياللارنى بىلىشى تەبىئىي. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ تارىخىي ماتېرىيال ئورمۇزدنىڭ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرەلمەيدۇ.

(38) ھامىلتون: «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» خەنزۇچە تەرجىمىسى 153-، 154-، 168- بەتلەر.

(39) «لياۋ سۇئاللىسى تارىخى. قارام ئەللەر»دە بۇ ۋەقە خاتىرىلەنمىگەن. لېكىن، تەيزۇخان سەلتەنەتىنىڭ تۇنجى يىلى (907- يىلى) 12- ئايدا «قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئولپان ئەكەلگەن» لىكى خاتىرىلەنگەن. بەزى ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى «تەرجىمىھال» ۋە «قارام ئەللەر»دىكى خاتىرىلەردە پەرقلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولسىمۇ، يىغىپ ئېيتقاندا «قارام ئەللەر» خاتىرىسىدە ساقلانغان مەسىلىلەر كۆپرەك. مەسىلەن، تيەنزەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى 11- ئاي، تيەنشەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى 2- ئايدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر شۇنداق. شۇڭا، بۇ خاتىرىلەر پۈتۈنلەي «تەرجىمىھال»دىكى خاتىرىلەردىن ئېلىندى.

(40) فىللىئوت: «قوچو ۋە قارا قوچو دېگەن ناملار ھەققىدە ئىزدىنىش»؛ ھامىلتون «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» خەنزۇچە تەرجىمىسى 152- بەت.

(41) ھامىلتون: «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» خەنزۇچە تەرجىمىسى 157-،158- بەتلەر.

(42) ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلارنىڭ سۇڭ، لياۋ سۇلالىلىرى ۋە قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»؛ چېڭ سولۇ «لياۋ، جىن سۇلالىلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا» («لياۋ، جىن سۇلالىلىرىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» 1- قىسىم شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 1987- يىلى نەشرى).

(43) ۋىتتفوگېل بىلەن فېڭ جاشېڭ «جۇڭگونىڭ جەمئىيەت تارىخى. لياۋ سۇلالىسى» 255- بەت.

(44) خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 56- بېتىدە خاتالىق بار.

(45) روڭ شىنجاڭنىڭ: «ھەققەتكە قايتقان لەشكەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» بىلەن بائىلېينىڭ «قەدىمكى خوتەن ساك تىلى مەدەنىيىتى» ۋە ئۇ تەرجىمە قىلغان بىر يۈرۈش خوتەن ساك تىلىدىكى ماتېرىياللارغا قاراڭ.

(46) 9- ئايدا ئولپان ئەكەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قاياقتىن كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

(47) خې شىجې، سۇن شيۇشېنلارنىڭ «گۇاجۇ ۋە شاجۇدىكى ساۋ جەمەتى يىلنامىسى»گە تولۇقلىما.

(48) جاڭ گۇاڭدا، روڭ شىنجاڭ: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك دۈنخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇچە ماتېرىيال —

6551- ۋاراقىتىكى بۇددا مۇكالىمىسى ھەققىدە تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتى»(بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1989- يىلى 2- سان).

(49) مۇللېر: «تۇرپاندىن تېپىلغان قوزۇققا يېزىلغان ئىككى ۋەسىقە» 22- بەت.

(50) «جۇڭگو تارىخىنىڭ ئاتلىسى» 6- قىسىم 38-، 39- بەتلەر. بۇنىڭدىن باشقا ئېرتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

(51) بو ئېل «ھايتوننىڭ سەپەر خاتىرىسى» خەنزۇچە تەرجىمىسى، جۇڭخۇا نەشرىياتى 14- بەت؛ ھامىلتون «ستائىل خولىستەين توپلىغان ۋەسىقىلەر ھەققىدە ئىزدىنىش»؛ شىمازاكى ئاكىرا «سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تۈركىستان ھەققىدە تەتقىقات»دا بىر بالىقنىڭ ئورنى ھازىرقى مورىنىڭ غەربىدىكى «قەدىمىي شەھەردە» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان كۆز-قارىشىنىڭ خېلى قايىل قىلىش كۈچى بار.

(52) ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلارنىڭ سۇڭ، لياۋ سۇلالىلىرى ۋە قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، «قاراخانىيلار تارىخى ھەققىدە تېزىس».

(53) پرىتساك: «قاراخانىيلار». ۋېي لياڭتاۋنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسى ۋە كىتابىغا قاراڭ.

(54) «‹ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى›نىڭ قوشۇمچىسى»نىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ماتېرىيال جەھەتتىكى قىممىتى ھەققىدە چېن گاۋخۇا، چېن جىچاۋلارنىڭ «جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى تارىخىي ماتېرىيالشۇناسلىق» دېگەن كىتابىنىڭ 251 — 255- بەتلىرىگە

قاراڭ.

(56) بۇ قېتىمقى ئولپان ئەكېلىشكە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، جۇ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى 2- ئايدا، ئەلچى بولۇپ كەلگەن مانى 77 كالىلەك قاشتېشى، ئاق ماتا، بۇلغۇن تېرىسى، قوتاز قۇيرۇقى ۋە دۇلارنى سوۋغا قىلدى («كونا بەش دەۋر تارىخى. چەت ئەللەر تەزكىرىسىنىڭ ئىككىنچىسى. ئۇيغۇرلار» 612- بەت).

ئىككىنچى، جۇ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇخانى گۇاڭشۇن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى 2- ئايدا، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى تۇتۇقنى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرغان (كونكرېت ئولپان نامى قىسقارتىلدى) ئۇيغۇرلار مانىنى ئەلچى قىلىپ 77 كالىلەك قاشتېشى، 350 توپ ئاق ماتا، كۆك ۋە قارا سۆسەر تېرىسىدىن 28 قاشتېشى بەلۋاغ، قاشتېشى ئىگەر ۋە بىر چاچ تورگۈچ، 424 قوتاز قۇيرۇقى، 20 دانە چوڭ ھەقىق، 300 جىڭ قىزىل تۇز، 390 جىڭ توغرىغا(؟) (胡桐泪) ئولپان قىلىپ ئەۋەتكەن. دورا مەھسۇلاتلىرى بۇ سانلارنىڭ سىرتىدا («كىتابلار جەۋھىرى. قارام ئەللەر قىسمى. ئولپانلار» 11425- بەت).

ئۈچىنچى، (گۇاڭ شۇن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى) قوچۇ ئۇيغۇرلىرى تۇتۇقنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئارقىدىن قىتان ئۇلۇغ ئىگۈچىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. سوغۇق تائام ئايىمىدە پوچى كۆلىدە نەزىر - چىراغ بېرىلدى... ئۇيغۇر ئەلچىسى مانى كەلدى («يېڭى بەش دەۋر تارىخى. جۇ جەمەتىدىكى خانلارنىڭ تەرجىمىھالى. تەيزۇخان»؛ «كونا بەش دەۋر تارىخى. جۇنامە. تەيزۇخان خاتىرىسى. ئىككىنچى»دىمۇ

مۇشۇنداق خاتىرە بار. لېكىن، قىتان ئەلچىسىنىڭ «گوجى» دەپ قىسقارتىلغان سوغۇق تائام ئايىمىدىكى ئىشى خاتىرىلەنمىگەن. ئۇيغۇر ئەلچىسى مانىنىڭ كەلگەنلىكى بولسا «ئۇيغۇرلار ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان يەتكۈزدى» دەپلا خاتىرىلەنگەن).

تۆتىنچى، جۇ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇخانى گۇاڭشۇن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى 2- ئايدىكى سوغۇق تائام ئايىمىدە، تەيزۇخان شۆەنخۇا قوۋۇقىدىن چىقىپ پۇچى كۆلىدە بارگاھ تىكلىدى. «قىتان ئەلچىسى ئىگۇچ، ئۇيغۇر تۇتۇقىنى چاقىرتىپ مەي - تائام ئىنئام قىلدى. يۇقىرىقى خاتىرىدىن تۆۋەندىكىدەك كونكرېت كۈنتەرتىپنى كۆرسەتكىلى بولىدۇ. 2- ئاينىڭ 9- كۈنى (3- ئاينىڭ 19- كۈنگە توغرا كېلىدۇ) قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەلچىسى تۇتۇق يېتىپ كەلگەن. 2- ئاينىڭ 15- كۈنى (3-ئاينىڭ 25- كۈنگە توغرا كېلىدۇ) قىتان ئەلچىسى يېتىپ كەلگەن. 2- ئاينىڭ 21- كۈنى (3- ئاينىڭ 31- كۈنگە توغرا كېلىدۇ) قىتان ئەلچىسى بىلەن ئۇيغۇر ئەلچىسىگە مەي-تائام ئىنئام قىلىنغان. 2-ئاينىڭ 25- كۈنى (4- ئاينىڭ 4- كۈنگە توغرا كېلىدۇ) ئۇيغۇر ئەلچىسى مانى يېتىپ كەلگەن.

فىلىلئوت بىلەن چاۋاننىس «مانى دىنىنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشى ھەققىدە ئىزدىنىش» (خەنزۇچە تەرجىمىسى 81-، 82- بەتلەر كۆپ قىسقارتىۋېتىلگەن — ت) تە يۇقىرىقى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى قىسمىغا ئاساسلىنىپ، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى مانىنى ئەلچى قىلىپ جۇ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن، دەپ قارايدۇ. ھامىلتون «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» (خەنزۇچە تەرجىمىسى 92- بەت، 43-

ئىزاھ)دا تارىخىي ماتېرىيالنىڭ بىرىنچىسىدە ئۇلار قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەلچىسىگە ئەگىشىپ كەلگەن دېگەندەك قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن ھەم فىللىئوت بىلەن چاۋاننىسنى خاتالاشقان دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، بىز ھازىر ئاخىرقى يەكۈننى چىقىرىشقا ئالمايمىز.

(57) « ‹ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى›نىڭ قوشۇمچىسى» (66- بەت)؛ (چيەنلۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى 4- ئايدا) قوچو ئۇيغۇرلىرىدىن ئارتۇق قاتارلىقلار يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئولپان ئەكەلدى. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى.تەيزۇخان خاتىرىسى» (11- بەت)مۇ ئوخشاش. يوخەي(قاش - دېگىنى) «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما. ۋاسساللار» 7840- بەتتىن ئېلىنغان نەقىلدە «قاتارلىق 42 كىشى» دېگەن سۆز ئارتۇق.

(58) «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. چەت ئەللەر تەزكىرىسىنىڭ ئالتىنچىسى. قوچو» (14110- بەت) ۋە «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما. ۋاسساللارنىڭ يەتتىنچىسى. ھەرقايسى دەۋرلەردە ئولپان ئەكەلگەنلەر»(7841- بەت) قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا؛ لېكىن « ‹ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى›نىڭ قوشۇمچىسى»نى (159- بەت چيەندې سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى 11- ئاي)دا، پەقەت «ئۇيغۇرلار راھىب فايۇەندىن يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئولپان قىلىپ ئەۋەتتى» دېيىلگەن. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. تەيزۇخان خاتىرىسى» (22- بەت، چيەندې سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى 11- ئاي)دە، ھەتتا ئەلچى ئەۋەتكىنى بولسا گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى دېيىلگەن.

«ئەلىنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»نىڭ قوشۇمچىسىدىكى مۇجمەل مەزمۇنلار بىلەن «سۈك سۇلالىسى تارىخى»دىكى زىددىيەتلىك بايانلارغا نىسبەتەن، ھازىرچە يەكۈن چىقىرىشقا ئامالسىزمەن. بىراق، كېيىنكى ئايدا گەنجۇ خاقانى ئەۋەتكەن ئەلچىنىڭ ئۇدۇن، گۇاجۇ ۋە شاجۇ ئەلچىلىرىگە ئەگىشىپ ئولپان ئەكەلگەنلىكىگە دائىر خاتىرىنى نەزەرگە ئالغاندا، « «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»نىڭ قوشۇمچىسى» (161- بەت)، «سۈك سۇلالىسى تارىخى. تەبزۇخان خاتىرىسى» (23- بەت) ۋە «سۈك سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما. ۋاسساللارنىڭ يەتتىنچىسى. ھەرقايسى دەۋرلەردە ئولپان ئەكەلگەنلەر» (7841- بەت)، 11- ئايدا ئولپان ئەكەلگەنلەر چوقۇم قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدۇر.

(59) دېمپۋىللې: «تۇبۇت راھىبلىرىنىڭ نەسەبنامىلىرى» گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 1984- يىلى خەنزۇچە نەشرى 7— 10- بەتلەر.

(60) «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يارلىق - پەرمانلىرى توپلىمى» (سودا نەشرىياتى نەشرى) 693 — 698- بەتلەر.

(61) بارتولدنىڭ: «يەتتەسۇ تارىخى» ۋە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «توغۇزغۇز» ماددىسى ھەم «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى ھەققىدە 12 لېكسىيە» (خەنزۇچە تەرجىمىسى 47 — 58- بەتلەرگىچە)دىكى كۆزقارىشىغا قاراڭ؛ مىنورسكىي بارتولدنى «مۇرۇجى ئەززەھەب»نىڭ 332- پەسلىدىكى خاتىرىنىڭ خاتا يېتەكلىشىگە ئۇچرىغان، دەپ تەنقىدلىگەن. مىنورسكىينىڭ «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى» (289- بەت) دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

(62) فىللىئوت: «جۇڭگو تارىخىدىكى تىجارەت خە-
رىتىسىگە باھا» (فېڭ چىڭجۈننىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى
«غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىز تارىخ - جۇغراپىيىسى
ھەققىدىكى تەھقىق ماقالىلەر تەرجىمىسىنىڭ مەجمۇئەسى،
بەشىنچى توپلام» جۇڭخۇا نەشرىياتى 1956- يىلى نەشرى، 76-،
77- بەتلەر).

(63) مىنورسكىي: «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى، 263 — 265- بەتلەر.

(64) مىنورسكىي: «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى».

(65) ئابى تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» خەنزۇچە تەرجىمىسى 196- بەت.

(66) خەرىتە نەشرىياتى 1982- يىلى نەشرى 94- بەت.

(67) «بارتولد ماقالىلەر توپلىمى» V توم. 54- بەت 30- ئىزاھ (مۇھەررىرنىڭ ئىزاھاتى): ۋاڭ جىلەي «ھۇدۇدۇلئالەم ۋە ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ - جۇغراپىيىسى» (15- بەت)؛ لىيۇيىڭشېڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۆسەن - تارىم ھەققىدە ئىزدىنىش» (249- بەت) 6- ئىزاھقا قاراڭ.

(68) ھامىلتون: «توققۇز ئوغۇزلار ۋە ئون ئۇيغۇرلار» خەنزۇچە تەرجىمىسى 130— 133- بەت.

(69) «تارىخى يەئقۇبى» 2- جىلد، 397-، 398- بەتلەر، بۇ ھىجرىيىنىڭ 164- يىلى (780-، 781- يىلى) ۋە 165- يىلى ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە قوشۇمچە قىلىنغان. مەزكۇر كىتابنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە بارتولدنىڭ «موڭغۇللار ئىستىلاسىغىچە تۈركىستان» دېگەن ئەسىرىنىڭ 6- بېتىگە

قاراڭ.

(70) بۇ يەرنى «ئستائەت قىلدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن خانلاردىن» دەپ ئەمەس، بەلكى «ئەمر - پەرمان يەتكۈزۈلگەن خانلاردىن» دەپ چۈشىنىش كېرەك. خانلارنىڭ نامى كەم قالغان جايلار قىسقارتىش بەلگىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. مىنورسكىينىڭ «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى» 301- بەتتىكى بىر قىسىم نام - ئاتاقلارنىڭ يەشمىسىگە قاراڭ.

(71) «تارىخى يەئقۇبى» 2- جىلد، 435-، 436- بەتلەر.

(72) «تارىخى تەبەرى» 3- جىلد، 1044- بەت.

(73) «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «غۇز» ماددىسىغا قاراڭ (بارتولد يازغان).

(74) مىنورسكىينىڭ: «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى» 287- بەتتىن نەقىل ئالدىم. ھىتتى: «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى» (خەنزۇچە تەرجىمىسى 540- بەت)دا ئىبنى خەلدۇننىڭ «دۇنيا تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە ئۇنى پەرغانىلىك تۈرك دېگەنلىكىنى نەقىل ئالغان.

(75) مۇھەممەد خارەزمىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. ھاياتى ھەققىدە «ئىسلام ئېنسىكلو- پېدىيىسى»نىڭ «خارەزم» ماددىسىغا قاراڭ؛ ئۇنىڭ ئەسىرى 836- يىلدىن 840- يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە يېزىلغان ئىكەن (بارتولدنىڭ «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ تەرجىمىسىگە يازغان 10-، 11- بەتلەردىكى باياننىغا قاراڭ).

(76) خارەزم: «كىتابى سۇرەتۇل ئەرزى» 103- بەت.

(77) خارەزمى: «كىتابى سۇرەتۇل ئەرزى» 21- بەت.

(78) خارەزمى: «كىتابى سۇرەتول ئەرزى» 397 — 409-بەتلەرگىچە ۋە 27-، 28- بەتلەر.

(79)«تارىخى تەبەرى»: 3- جىلد، 815-،816- بەت.

(80) بېكۋىس: « ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈبۈت ئىمپېرىيىسى» (159- بەت)دە، «تۈرك خانى خاقان»نى «تۈبۈت خانى خاقان» دەپ تەھقىقلەش كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇ پىكىر ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا «تارىخى تەبەرى»نى تەھقىقلەپ نەشىر قىلغاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان («تارىخى تەبەرى»نىڭ ئىندېكس قىسمىغا قاراڭ). لېكىن، تەبەرىنىڭ بايانى ھەرگىز مۇجمەل ئەمەس، شۇڭا يۇقىرىقى پىكىرنىڭ دەلىلى يېتەرلىك ئەمەس. مەئمۇننىڭ گېپى ئەرەبلەر بۇ تۈركلەرنى ئۆزى بىلەن باراۋەر قۇدرەتلىك كۈچ، دەپ قارايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەينى چاغدىكى ياۋروپا - ئاسىيا يايلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا، بۇ پەقەتلا گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

(81) ئىبنى خۇردە زىبە: «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» 6- جىلد، 28 — 31- بەتلەرگىچە.

(82) مىنورسكىي: «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى» 276-، 277- بەتلەر.

(83) ئىبنى خۇردە زىبە: «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» 6- جىلد، 205-، 206- بەتلەر ۋە 262- بەت.

(84) ياقۇتى: «مۆئىلجەم بۇلدان» 2- جىلد 24- بەت.

(85) دې گوجىنىڭ تەھقىقىنى ئىبنى خۇردە زىبەنىڭ «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» دېگەن ئەسىرىگە يازغان مۇقەددىمىسىگە قاراڭ.

(86) ئىبنى خۇردە زىبە: «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك»

6- جىلد 31- بەت. فرانسۇزچە تەرجىمىسى (22-، 23- بەتلەر)دە، «توققۇز ئوغۇزلار ئولتۇراقلاشقان رايون، تۈركلەر ئېلىدىكى ئەڭ چوڭ بىر رايون بولۇپ، ئۇلار چىن، تۈبۈت ۋە قارلۇقلار ئېلى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. باشقا تۈركىي قوۋملار بولسا قىماق... (قىسقارتىلدى)» دېيىلگەن بولۇپ، بۇنداق چۈشىنىش ۋە تەرجىمە قىلىش توغرا ئەمەس. مىنورسكىينىڭ «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى (347- بەت)گە قاراڭ.

(87) بارتولد: « ھۇدۇدۇلئالەم »نىڭ رۇسچە تەرجىمىسى 13- بەت.

(88) مىنورسكىي: «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ يەشمىسى (319- بەت)دە بۇ تارىخىي ماتېرىيالنى نەقىل ئالغان بولسىمۇ، باھا ـ تەقرىزىنى بەرمىگەن.

(89) ساۋۋاگېت: 1948- يىلى تەھقىقلەپ تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان «ئەخبارىسسىن ۋە ھىند»نىڭ 27- بېتى ۋە ئىزاھىغا قاراڭ. بۇ كىتاب «جۇڭگو ۋە ھىندىستاندا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن نامدا (جۇڭخۇا نەشرىياتى) خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئابزاس بولسا «جۇڭگونىڭ غەربىدە تۈركلەرنىڭ توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىسى ۋە تۈبۈتلەرنىڭ خاقان قەبىلىسى بار. خاقان قەبىلىسى بىلەن تۈركلەر ئېلى چېگرىداش» (25- بەت) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇنىڭ ئەرەبچە ئەسلىي مەتنى ۋە فرانسۇزچە تەرجىمىسى بىلەن خېلى چوڭ پەرقى بار.

(90) ئەبۇ زەئىد: «ئەخبارىسسىن ۋە ھىند» خەنزۇچە تەرجىمىسى،2- جىلد 95- بەت.

(91) ساۋۋاگىيت يازغان «مۇقەددىمە». خەنزۇچە تەرجىمىسى قىسقارتىۋېتىلگەن.

(92) يۇلې: «جۇڭگو ۋە جۇڭگوغا بارىدىغان يوللار» ئىنگلىزچە نەشرى 2-، 3- بەت.

(93) فىللىئوت: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەققىدە ئىزدىنىش» 401-، 402- بەتلەر.

(94) «ئەخبارسىن ۋە ھىند»، خەنزۇچە تەرجىمىسى 97- بەت.

(95) ھاياتى ھەققىدە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «جاھىز» ماددىسىغا قاراڭ. ئۇنىڭ ئۆمرىدە يازغان ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، بىر جۇغراپىيە ئەسىرى ئاساسەن يوقىلىپ كەتكەن. بۇ نەقىلنى مىنورسكىينىڭ « «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» نىڭ 267- ۋە 287- بېتىدىن ئالدىم. بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى ھەققىدە 12 لېكسىيە»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى 54- بېتىدە: «جاھىزنىڭ ئېيتىشىچە، توققۇز ئوغۇزلار يۇرەكلىك، ئۇرۇشقا ماھىر مىللەت ئىكەن. مانىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ، قارلۇقلار بىلەن ئۇرۇشقاندا دائىم غەلىبە قىلىدىكەن. مانىي دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار مەغلۇپ بولۇشقا باشلاپتۇ» دەپ بايان قىلغان. لېكىن، ئەسلىي مەتىنى قايسى كىتابتىن ئېلىنغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

(96) ماكۇرات: «شەرقىي ياۋروپاغا ساياھەت». بارتولدنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى ھەققىدە 12 لېكسىيە» (خەنزۇچە تەرجىمىسى 54- بەت)دىن نەقىل ئالدىم.

(97) مەسئۇدى: «مۇرۇچى ئەززەھەب»نىڭ 217- پەسلىدە

ئۇنى «ھىندىستاندىكى مىھران دەرياسىنىڭ بېشىنى مىسىر-دىكى نىل دەرياسى، دەپ خاتا تونۇپ قالغان. ئۇ ھەرقايسى جايلارنى ساياھەت قىلمىغاچقا، ھەر قايسى جايلار ھەققىدە بىر نېمە دېيەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە.» دەپ تەنقىد قىلغان.

(98) بارتولد: « ھۇدۇدۇلئالەم »نىڭ رۇسچە تەرجىمىسى 13- بەت.

(99) بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى ھەققىدە 12 لېكسىيە» خەنزۇچە تەرجىمىسى 54- بەت.

(100) مىنورسكىي: «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى 268- ۋە 287- بەتلەر. لېكىن، «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى» (287- بەت 3- ئىزاھ)دە، مىنورسكىي «جاھىزنىڭ كاللىسىغا .840- يىلىدىكى ۋەقە ئارىلىشىپ قالغان» دېگەن قاراشقا ئۆزگەرتىۋالغان. پرىتساك «قارلۇقلاردىن قارا خانىيلارغىچە» (280- بەت)دە ناھايىتى ئەجەبلىنەرلىك ھالدا مىنورسكىينىڭ يۇقىرىقى كۆزقارىشىدىن پايدىلىنىپ، مىنورسكىينىڭ كۆزقارىشىنىڭ ماكۇئارتنىڭكى بىلەن ئوخشاشلىقىنى چۈشەندۈرگەن.

(101) «تارىخى يەئقۇبى» 1- جىلد، 178-، 179- بەتلەر.

(102) «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «يەئقۇبى» ماددىسىدا «تاھىرىيلار سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئۇ خۇراسان بىلەن ھىندىستاننى ساياھەت قىلغان» دېيىلگەن.

(103) 2- قىسمى بولسا قىبلە بولۇپ، باغدادنىڭ جەنۇ-بىدىكى كۇفە، مەدىنە، مەككە ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ باشقا يەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. 3- قىسمى بولسا ھىندىستان،

جۇڭگو ۋە ۋىزانتىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ قىسىمنىڭ قولىيا زمىسى ھازىر ئاساسەن يوقىلىپ كەتكەن. 4- قىسمى غەرب تەرەپ بولۇپ، سۇرىيە، مىسىر، نۇبىيە ۋە مەغرۇبىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

(104) يەئقۇبى: «كىتابى بۇلدان» 7- جىلد 292 — 295- بەتلەرگىچە.

(105) يەئقۇبى: «كىتابى بۇلدان» 7- جىلد 295- بەت.

(106) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 283-، 284- بەتلەر.

(107) ئىبنى ئەسىر: «كامىل فىت تارىخ» 6- جىلد 509- بەت.

(108) ئىستەخرى: «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» (1- جىلد 334- بەت) تا سامانىيلار ئەمىرى ناسىر ئىبنى ئەھمەدنىڭ 849- يىلى مەزكۇر شەھەردە تۇغۇلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. «خەيلام» ھەققىدىكى تەھقىقنى بارتولدنىڭ «موڭغۇللار ئىستىلاسىغىچە تۈركىستان» دېگەن كىتابىنىڭ155-، 156- بەتلىرىدىن كۆرۈۋېلىڭ.

(109) يەئقۇبى: «تارىخى يەئقۇبى» 7- جىلد 290- بەت.

(110) بارتولد: «موڭغۇللار ئىستىلاسىغىچە تۈركىستان» 69- بەت.

(111) رەشىد ۋە كۇمادىنىڭ ئورنى ھەققىدە مىنورسكىينىڭ « ‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تىكىستى ۋە يەشمىسى» 361 — 363- بەتلەرگە قاراڭ.

(112) بارتولد: «موڭغۇللار ئىستىلاسىغىچە تۈركىستان» 70- بەت.

(113) يەئقۇبى: «كىتابى بۇلدان» 7- جىلد 290 — 292- بەتلەر.

(114) بارتولد: «موڭغۇللار ئىستىلاسىغىچە تۈركىستان» 71- بەت.

(115) يەئقۇبى: «كىتابى بۇلدان» 7- جىلد 34- بەت.

(116) يەئقۇبى: «كىتابى بۇلدان» 7- جىلد 304- بەت.

(117) بارتولد: «ھۇدۇدۇلئالەم »نىڭ رۇسچە تەرجىمىسى 13-، 14- بەتلەر؛ كراچكوۋسكىينىڭ «ئەرەبلەرنىڭ جۇغراپىيە ئەسەرلىرى» رۇسچە نەشرى 150 — 154- بەتلەرگىچە.

(118) يەئقۇبى: «كىتابى بۇلدان» 7- جىلد 223- بەت.

(119) جاڭ گۇاڭدا، روڭ شىنجاڭ: «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك خەنزۇچە ماتېرىيال — 6551- ۋاراقتىكى بۇددا مۇكالىمىسى ھەققىدىكى تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتى» (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1989- يىلى 2- سان).

(120) «گەردىزىنىڭ تۈركلەر ھەققىدىكى بايانى».

(121) مەھمۇد كاشىغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىنگلىزچە نەشرى.

(122) ئىبنى فەقىھنىڭ: «كىتابى بۇلدان» (5- جىلد، ھىجرىيىنىڭ 209- يىلى (903- يىلى) تاماملانغان مىنو- رسكىينىڭ «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى 168- بەتكە قاراڭ.

(123) «تۈركمەنلەر ۋە تۈركمەنلەر تارىخىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار»نىڭ 154-، 155- بەتلىرىدىكى مەزمۇنلار مەشھەد نۇسخىسىدىن ئېلىنغان. ياقۇتنىڭ «مۇئىلجەم بۇلدان»دىكى

تولۇق مەتىنى نەقىل ئېلىنغان. ئىبنى فەقىھنىڭ «كىتابى بۇلدان» (5- جىلد)نىڭ 329- بېتىدە بۇ ۋەقەنى ناھايىتى ئاددىي قىلىپ تىلغا ئالغان.

(124) نارشەخى: «تارىخى بۇخارا» 295- ئىزاھ .

(125) ئىبنى فەقىھ: «كىتابى بۇلدان» 5- جىلد 327-، 328- بەتلەر؛ ئىبنى خۇردە زبىھ «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» 6- جىلد 30-، 31- بەتلەر ھەم مىنورسكىينىڭ «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى» 292 — 294- بەتلەرگە قاراڭ.

(126) ئىبنى فەقىھ: «كىتابى بۇلدان» 5- جىلد 329-، 330- بەتلەر.

(127) ئەسلىي مەتىندە «زىندىق» بولۇپ، مىنورسكىي «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى» (296- بەت)دە «مانى دىنى» دەپ ئىزاھلىغان.

(128) مىنورسكىي «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى» ئەرەبچە مەتىنى 289—292- بەتلەرگىچە، ئىنگلىزچە 284-، 285- بەتلەر.

(129) مىنورسكىي: «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى» 276- 277- بەتلەر؛ جاڭ گۋاڭدا، ۋاڭ شياۋپۇ «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتىغا دائىر كىتابلارنى تونۇشتۇرۇش(2)» (ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىغا دائىر ماتېرىياللار 1984- يىلى 4- سان).

(130) 151 — 155- بەتلەرگىچە.

(131) ياقۇتى: «مۇئىلجەم بۇلدان» 2- جىلد 24 —26- بەتلەرگىچە.

(132) مىنورسكىي: «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى 267- بەت.

(133) ھاياتى ھەققىدە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «مەسئۇدى» ماددىسىغا قاراڭ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە دې-گوجېنىڭ 8- جىلدقا يازغان مۇقەددىمىسىگە قاراڭ.

(134) خاكائىچىئۇ: «چېگدۇنىڭ تىبەتچە نامى توغرىسىدا» (شەرقىيەت ژۇرنىلى، 31- توپلام، 1948- يىلى نەشرى)دە، بۇ چېگدۇنىڭ تىبەتچە نامى ئىكەنلىكىنى دەلىللىگەن. مائېشماشىنجىسى «ئەرەبچە ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن خۇاڭ چاۋ توپىلىڭى ھەققىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ قىممىتى» (ئوتتۇرا شەرق تەتقىقاتى 1958- يىلى بىرىنچى توپلام، بىرىنچى مەزمۇن)دە بۇ يەر نامىنىڭ چېگدۇ ئىكەنلىكى شۈبھىسىز بولسىمۇ، تىبەت تىلىدىكى مەنىسى بويىچە ئىزاھلاشقا بولىدىغان- بولمايدىغانلىقى ھەققىدە خېلى مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ، دەيدۇ. بۇنى «ئەخبارسىن ۋە ھىند»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى، 2- جىلد (141-، 142- بەت، 9- ئىزاھتىن نەقىل ئالدىم.

(135) ئەرەبچە مەتىنىدە: «يەنشاۋ» بولۇپ، فىللىئوت بەنشاۋ (خۇاڭ چاۋ) دەپ تەھقىقلەنگەن.

(136) «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»دە خاتىرىلىنىشىچە، چەنفۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5- يىلى(878- يىلى) 2- ئايدا زېڭ يۈەنيۇ ۋاڭ شەنجىنى خۇاڭ مېيدا تارمار قىلدۇق. بەش تۈمەندىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردۇق، ۋاڭ شەنجىنى قوغلاپ تۇتۇپ، بېشىنى كېسىپ ئەۋەتتۇق. مۇرىتلىرى تارقاپ كەتتى، دەپ مەلۇمات يوللىغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ

قوزغىلاڭغا خۇاڭ چاۋ رەھبەرلىك قىلغان.

(137) «ئەخبارسىن ۋە ھىند» خەنزۇچە تەرجىمىسى96-، 97- بەتلەر.

(138) «مۇرۇجى ئەززەھەب»تە، مەسئۇدى ئۆزىنىڭ ھىجرىيىنىڭ 303- يىلى بەسىرەدە ئەبۇ زەئىد بىلەن سۆھبەتلەشكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. لېكىن، ئەبۇ زەئىدنىڭ كىتابىدىكى ئىبنى ۋەھاب «مۇرۇجى ئەززەھەب»تە «ئىبنى خەببەر» دەپ يېزىلغان.

(139) يەنى بۇيۇك ئوكيان؛ مۇقەددەسىنىڭ «ئەھسەنۇت تەقاسىم فى مەرەفەتىل ئەقالىم» 3- جىلد 51- بەت.

(140) مەسئۇدى: «تەنبىھ ۋە ئىشراب» 8- جىلد 45- بەت.

(141) مەسئۇدى: «مۇرۇجى ئەززەھەب»نىڭ تەھرىر ئىلاۋىسى 312-، 313- پەسلىگە قاراڭ.

(142) «يەتتەسىل» (قوشنا) سۆزى ھازىرقى زامان پېئىلى قىلىپ قوللىنىلغان.

(143) مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشى ھەققىدە چاۋانىس بىلەن فىللىئوتنىڭ «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى ھەققىدە ئىزدىنىش» (خەنزۇچە تەرجىمىسى)؛ چېن يۈەنىنىڭ «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا كىرىشى ھەققىدە ئىزدىنىش»؛ لىن ۋۇشۇنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي مەنبەسى» دېگەن ئەسەر - ماقالىلىرىگە قاراڭ.

(144) «توققۇز ئۇيغۇر خاقانى مەڭگۈ تېشى»نىڭ خەنزۇچە مەتنى ۋە چاۋانىس بىلەن فىللىئوتنىڭ «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى ھەققىدە ئىزدىنىش» 58-، 59- بەتلەر.

(145) ئەبۇ زەئىدنىڭ كىتابىدىكى ئىبنى ۋەھاب: «مۇرۇجى ئەززەھەب» تە «ئىبنى خەبەر» دەپ يېزىلغان (342— 347- پەسلىگە قاراڭ).

(146) فىللىئوت «تۆت تەڭرىقۇت تەلىماتى».

(147) فېرنارد «دۇنيادىكى بۈيۈك ئەللەر» 329 — 339- بەتلەرگىچە.

(148) مەسئۇدىنىڭ ئېنىق قىلىپ مۇسۇلمانلار خەلىپىسى ئىگىلىگەن ئورۇننى قىسقارتىۋەتكەنلىكى ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مەسئۇدى شاھلارنىڭ كاتتىسى بولمىش بابىل شاھى، ئەمدى مەۋجۇت بولمىغاندىن كېيىن، تەختىنى ئەرەب خەلىپىسىگە ئۆتۈنۈپ بەرمىگەنلىكىنى كېسىپ ئېيتىدۇ.

(149) IX ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ، ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسلىرى قەدىمكى يۇنان جۇغراپىيىسىدىكى كەڭلىك (پاراللېل) بويىچە دۇنيانى رايونلارغا بۆلۈش ئۇسۇلىغا ۋارىسلىق قىلغان. مەسىلەن، مۇھەممەد خارەزمى، بىرۇنى، ياقۇتى، قەزۋىنى، ئىدرىسى قاتارلىقلار؛ كېيىن بەلخى تەرەپدارلىرى دۇنيانى رايونلارغا بۆلۈشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىسلام ئەللىرىنى 12 رايونغا بۆلگەن. تەبىئىي ئالاھىدىلىككە ئەھمىيەت بەرگەن. لېكىن، پارسلاردا ئەرەبلەرگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل رايونلارغا بۆلۈش ئۇسۇلى بار. ئۇلار پارسلار ئېلىنى دۇنيانىڭ مەركىزى دەپ قاراپ، ھىندىستان، جۇڭگو، تۈركلەر، رىم، ئافرىقا ۋە ئەرەبىستان قاتارلىق تۆت بۈيۈك ئەلنى ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. مەسئۇدىنىڭ پارسلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئېنىق. «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ

«ئىقلىم» ماددىسىغا قاراڭ.

(150) مەسئۇدى: «تەنبىھ ۋە ئىشراب» (8- جىلد)نىڭ 83- بېتىدە، «بەشىنچى مىللەت بولسا قارلۇق، ئوغۇز، قىماق، توققۇز ئوغۇز ۋە قاسار قاتارلىق تۈركىي قوۋملاردۇر» دېگەن. مەسئۇدىنىڭ بۇ كىتابىدىكى دۇنيادىكى يەتتە ئىقلىمنى بايان قىلىشتا بەزى تەپسىلاتلار «مۇرۇجى ئەززەھەب»نىڭ 189- پەسلىگە ئوخشىمىسىمۇ، ئاساسىي مەزمۇنى ئۆزگەرمىگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭ.

(151) مىنورسكىي: «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى» 288- بەت.

(152) فىلىلىئوت: «قۇچۇ ۋە قارا قۇچۇ دېگەن نام ھەققىدە ئىزدىنىش»؛ خانېدا تورو: «توخرىلار بىلەن كۇشانلار ھەققىدە» (1957- يىلدىكى ماقالىلىرى توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن). بۇ سۆزنى قانداق ئۇدۇللاش مەسىلىسىدە نۆۋەتتە تېخى ئاخىرقى يەكۈننى چىقارغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مايوڭ ئەپەندىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى «چۇيسۇ» دېگەن ئاتالغۇ ھەققىدىكى تەھقىقى («جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ھەققىدە تەتقىقات» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1984- يىلى 50 — 55- بەتلەرگىچە) دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن يەر ناملىرى «چۇيسۇ»نىڭ ئوقۇلۇشى بىلەن ئوخشاش، بەلكىم مۇشۇ يول ئارقىلىق يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلساق بولار.

(153) «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «مەسئۇدى» ماددىسىغا قاراڭ.

(154) مەسئۇدى: «مۇرۇجى ئەززەھەب» 313- پەسىل،

پرتساك «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە»، پېقىرنىڭ «قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ماقالەمگە قاراڭ.

(155) «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «جۇغراپىيە» ۋە «بەلخى» ماددىسىغا قاراڭ؛ بارتولد «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ رۇسچە تەرجىمىسى 13— 23- بەتلەرگىچە؛ جاڭ گۇاڭدا، ۋاڭ شاۋپۇ «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتىغا دائىر كىتابلارنى تونۇشتۇرۇش»؛ بەلخىنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسەن يوقىلىپ كەتكەن. ئىستەخرى «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك»؛ ئىبنى ھەۋقەل «كىتابى سۇرەتۇل ئەرزى»؛ مۇقەددەسى «ئەھسانۇل تەقاسىم فى مەرىفەتۇل ئەقالىم» ئايرىم - ئايرىم ئۈچ جىلدقا قاراڭ.

(156) ئىستەخرى: «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» 1- جىلد 295- بەت.

(157) ئىستەخرى «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» بىرىنچى جىلد 296- بەت.

(158) ئىستەخرى: «كىتابى مەمالىك ۋە مەسالىك» 1- جىلد 312- بەت؛ سالجى تالاسنىڭ جەنۇبىغا تۆت پەرسەخ (24 كىلومېتىر) كېلىدىغان تاغدا (مىنورسكىينىڭ « «ھۇدۇدۇلئالەم»- نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» 358- بەتكە قاراڭ).

(159) ئىستەخرى «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» بىرىنچى جىلد 312- 313- بەتلەر؛ لۇبان بالاساغۇننىڭ شەرقى ئەتراپىغا جايلاشقان (مۇقەددەسىنىڭ «ئەھسانۇل تەقاسىم فى مەرىفەتۇل ئەقالىم» 3- جىلد 281 ۋە 312- بەتلەرگە قاراڭ).

(160) ئىستەخرى: «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» 1- جىلد 6- بەت؛ ئىبنى ھەۋقەل «كىتابى سۇرەتۇل ئەرزى» 2-

جىلد 11- بەت بىلەن ئوخشاش.

(161) ئىستەخرى: «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» 1- جىلد 333- بەتتە «ئۆزكەنت پەرغانىگە ئەڭ يېقىن دۈشمەن ئەلنىڭ بىر شەھىرى بولۇپ، سېپىل - قورۇقى، ئېقىن سۈيى ۋە ئېكىنزارلىقى بار» دېيىلگەن.

(162) «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «غوز» ماددىسىغا قاراڭ.

(163) ئىستەخرى: «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» 1- جىلد 9- 10- بەتلەر؛ ئىبنى ھەۋقەل «كىتابى سۇرەتۇل ئەرزى» 2- جىلد 12- پەسلى ئاساسەن ئوخشاش.

(164) قىرغىزلار گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، گوبىنىڭ مەركىزىي بەلۋىغىدىن چېكىنىپ چىققان ۋاقىت ھەققىدە تېخى بېكىتىلگەن پىكىر يوق.

(165) «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «ئىقلىم» ماددىسىغا قاراڭ.

(166) بۇ خەرىتىلەر ھەققىدە ئىبنى ھەۋقەلنىڭ «كىتابى سۇرەتۇل ئەرزى» (2- جىلد) بىلەن كرامېرسىنىڭ «بەلخى، ئىستەخرى، ئىبنى ھەۋقەلنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئىسلام خەرىتىسى» 9 — 30- بەتلەرگىچە، ئىستەخرىنىڭ كىتابى بىلەن ئىبنى ھەۋقەلنىڭ كىتابىدىكى «ماۋارەئۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى جايلار خەرىتىسى» (2- جىلد 458-، 459- بەت ئارىلىقى ۋە 462-، 463- بەت ئارىلىقى)نىڭ شەرقىي شىمالى تالاسنى پاسىل قىلغان. شەرقىي جەنۇبى بولسا پەرغانىنىڭ شەرقىنى چېگرا قىلغان.

(167) مېنىڭ «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي

تۈركلەردىن تۈمەننىڭ لەشكەر تارتىشى تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىش» (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى 1989- يىلى 3- سان).

(168) جاڭ گۇاڭدا: «تېپىلغان ۋەسىقىلەر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ جۇغراپىيە ئەسەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ - جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەھمىيىتى» (ئىككىنچى بۆلۈم).

(169) ئىدرىسى پەرغانىدىن قۇچۇنىڭ ئاستانىسى بالىققا، توچاجان (بارسخان بولۇشى كېرەك)غا ۋە تۈبۈتنىڭ مۇھىم بازىرىغا بارىدىغان ئۈچ يولنى خاتىرىلىگەن. فىللىئوتنىڭ مۇھاكىمىسى گىرېناردنىڭ نەقلى ۋە ئۇدۇللىنىشىنى ئاساس قىلغان. لېكىن، گىرېناردنىڭ ئۇدۇللىشىنىڭ ئىلمىي قىممىتى قالمىغان.

(170) مىنورسكىي: « ‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» 263 — 277- بەتلەرگىچە، بولۇپمۇ 276-، 277- بەتلەرگە قاراڭ.

(171) ئابى تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» خەنزۇچە تەرجىمىسى 281 — 288- بەتلەرگىچە.

(172) ھامىلتون: «ستائىل خولستەين توپلىغان ۋەسىقىلەر» 115 — 153- بەتلەرگىچە؛ ئۇ «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» (خەنزۇچە تەرجىمىسى 50— 52- بەتلەر)دا 911- يىلىدىن ئىلگىرى قۇچۇ بىلەن قۇمۇل گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا قارىغان، دەپ ھېسابلىغان. بۇ كۆزقاراشنى ئەمدى قوللايدىغانلار قالمىدى.

(173) يامادا نوبۇئو: «تەڭرىتاغدىكى ئۇيغۇر خانلىقى»476- بەت، ياپونچە.

(174) موريياسۇتاكائو: «ئۇيغۇرلار بىلەن تۈبۈتلەرنىڭ 789—792- يىللىرىدىكى بېشبالىقنى تالىشىش ئۇرۇشى» 334-، 335- بەتلەر، 337- بەتتىكى 54-، 55- ئىزاھ.

(175) فېڭ جاشېڭ، چېڭ سۇلۇ، مۇ گۋاڭۋېن: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام» 1956- يىلى نەشرى 43-بەت ۋە 43-، 44- بەتلەردىكى قوشۇمچە خەرىتە؛ چېڭ سۇلۇ «قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي مەدەنىيەت تارىخىدىن قىسقىچە بايان» (غەربىي شىمال تارىخ- جۇغراپىيىسى، 1984- يىلى 4- سان؛ چېڭ سۇلۇ «قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىدىكى بەزى ئاساسىي مەسىلىلەرنى دەلىللەش».

(176) «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1989- يىلى خەنزۇچە نەشرى 49-، 50- بەتلەر.

(177) ليۇ جىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (1- قىسىم 49-، 50- بەتلەر)؛ لىن گەن «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە قىسقىچە ئىزدىنىش» («تۈرك - ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماقالىلەردىن تاللانما» 1987- يىلى خەنزۇچە نەشرى 748-، 749- بەتلەر)؛ لىن گەننىڭكىگە ئوخشايدىغان پىكىرلەر ليۇ-يىتاڭنىڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» 167- بەتتىمۇ ئۇچرايدۇ.

(178) پۇللىيىبلانك: «ستائىل خولىستەين توپلىغان ۋەسىقىلەر» 90 — 97- بەتلەرگىچە ھەم خۇاڭ شېڭجاڭنىڭ «ستائىل خولىستەين توپلىغان ۋەسىقىلەر ۋە غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات».

(179) قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ھامىلتوننىڭ «ستائىل خولىستەين توپلىغان

ۋەسقىلەر ھەققىدە ئىزدىنىش»تىن كۆرۈۋېلىڭ.

(180) تاڭ چاڭرۇ: «ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەر ھىراۋۇللىرىغا دائىر بىرنەچچە خىل ماتېرىيالغا كىرىش» (لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى تۈزگەن «دۇنخۇاڭشۇناسلىق ھەققىدىكى ماقالىلەردىن تاللانما» 1- قىسىم 30- ئىزاھقا قاراڭ)؛ ئۇ ماقالىدە يەنە ئالاھەزەل جاڭ خۇەيشېن ھاكىمىيەت تۇتقان ئاخىرقى يىللاردا ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەر ھىراۋۇلى خېشىدىكى 11 ئايماقنى ئىدارە قىلىدۇ دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شاجۇ بىلەن گۇاجۇلا قالغان ئىدى» دەپ قارايدۇ.

(181) دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىن 1366-، 3728-، 2629- ۋاراقلىرىغا قاراڭ.

(182) ھامىلتون: «ستائىل خولىستەين توپلىغان ۋەسقىلەر ھەققىدە ئىزدىنىش» موريياسۇ تاكائونىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىنىڭ 124- بېتىگە قوشۇمچە قىلغان «ستائىل خولىستەين توپلىغان ۋەسقىلەر»دە خاتىرىلەنگەن قۇچۇ شەھەرلىرىنى كۆرسىتىش خەرىتىسى (خەنزۇچە تەرجىمىسىدە قىسقارتىۋېتىلگەن)گە قاراڭ.

(183) مىنورسكىي: «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ تېكىستى ۋە تەرجىمىسى 272- بەت؛ ھامىلتون «ستائىل خولىستەين توپلىغان ۋەسقىلەر ھەققىدە ئىزدىنىش» 149- بەت.

(184) ئاقسۇ ئېقىنى ھەققىدە ۋاڭ بىڭخۇانىڭ «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇچۇنىڭ ئاقسۇ بازىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»كە قاراڭ.

(185) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىنگلىزچە نۇسخىسى 21- بەت.

(186) ماسۇدا خىسائو: «قەدىمكى دەۋردىكى تەڭرىتېغىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات» (خەنزۇچە تەرجىمىسى) 401- بەت.

(187) مۇللېر: «تۇرپاندىن تېپىلغان قوزۇققا يېزىلغان ئىككى ۋەسىقە» 22- بەتتىكى ترانسكرىپسىيە ۋە 26- بەتتىكى گېرمانچە تەرجىمىسى، خەنزۇچە تەرجىمىسى ھەققىدە قاھار بارات، لىيۇ يىڭشېڭ «ئىدىقۇت قوچۇ خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى ھەققىدىكى تەھقىق ۋە تەتقىقات»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار توپلىمى» 1984- يىلى، 8- سان 60- بەت.

(188) فىللىئوت: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەققىدە ئىزدىنىش» 152-، 153- بەتلەر. بۇ تەھقىقنى سېن جوڭمىيەن («تۇرپاندىن تېپىلغان قوزۇققا يېزىلغان ۋەسىقىنىڭ قىسقىچە يەشمىسى» مەركىزىي ئاكادېمىيە تارىخ - تىل تەتقىقات ئورنى 12 توپلام)، ئابى تاكېئو («غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» خەنزۇچە تەرجىمىسى 267-، 268- بەتلەر)، گابائىن («قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» 56-، 58- بەتلەر)، ھامىلتون («بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» خەنزۇچە تەرجىمىسى 164- بەت)، موريياسۇ تاكائو («ئۇيغۇرلاردىكى بۇددا دىنى تارىخىغا دائىر تارىخىي ماتېرىيال بولمىش قوزۇققا يېزىلغان ۋەسىقە») قاتارلىق ئالىملار قۇۋۋەتلەيدۇ.

(189) مۇللېر: «تۇرپاندىن تېپىلغان قوزۇققا يېزىلغان ئىككى ۋەسىقە» 67-، 68- بەتلەر موريياسۇ تاكائو «ئۇيغۇر-لاردىكى بۇددا دىنى تارىخىغا دائىر تارىخىي ماتېرىيال بولمىش قوزۇققا يېزىلغان ۋەسىقە» 39- ۋە 51-، 52- بەتلەردىكى 19-

ئىزاھقا قاراڭ.

(190) مورىياسۇ تاكائو: «ئۇيغۇرلاردىكى بۇددا دىنى تارىخىغا دائىر تارىخىي ماتېرىيال بولمىش قوزۇققا يېزىلغان ۋەسىقە»نىڭ 38-، 39- بەتلىرىدىكى ئومۇمىي بايانغا قاراڭ.

(191) مۇللېر: «تۇرپاندىن تېپىلغان قوزۇققا يېزىلغان ئىككى ۋەسىقە» 25- بەت.

(192) خېن رۇلىن: «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ يىل خاتىرىلىشى ھەققىدە» 11- ئىزاھقا قاراڭ؛ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەتقىقاتلار توپلىمى» 6- سان 6- بەت.

(193) گابائىن: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ھايات» 1973- يىلى نېمىسچە نەشرى، 20- بەت. بازىننىڭ كۆزقارىشى ھەققىدە مورىياسۇ تاكائونىڭ «ئۇيغۇرلار بىلەن تۇبۇتلەرنىڭ 789 — 792- يىللىرىدىكى بېشبالىقنى تالىشىش ئۇرۇشى» دېگەن ماقالىسىنىڭ 335 — 338- بەتلەردىكى 55- ئىزاھقا قاراڭ.

(194) خېن رۇلىن فىللىئوتنىڭ ماقالىسىدىن ئالغان نەقىلگە قاراڭ؛ ياڭ بومىڭ «قەدىمكى تۇبۇتلەرنىڭ يىل خاتىرىلەش ئۇسۇلى» (تىبەت تەتقىقاتى 1990- يىلى 4- سان).

(195) مۇللېر: «تۇرپاندىن تېپىلغان قوزۇققا يېزىلغان ئىككى ۋەسىقە» 24 — 26- بەتلەر؛ بازىن (مورىياسۇ تاكائونىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن تۇبۇتلەرنىڭ 789 — 792- يىللىرىدىكى بېشبالىقنى تالىشىش ئۇرۇشى» 335- بەت)، گابائىن «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ھايات» 20- بەت، ھامىلتون «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» (خېنزۇچە تەرجىمىسى 152- بەت)، ئابى تاكېئو «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى

تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» (خەنزۇچە تەرجىمىسى 267- بەت).
(196) مورىياسۇ تاكائو: « ئۇيغۇرلار بىلەن تۇبۇتلەرنىڭ 789—792 - يىللىرىدىكى بېشبالىقنى تالىشىش ئۇرۇشى» 334—338 -بەتلەر.
(197) ئىبنى خۇردە زىبە: «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» 6- جىلد 27-، 28- بەتلەر.
(198) كۇپەل (سوياب) ئەتراپى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش توغرىسىدا جاڭ گۇاڭدانىڭ «سوياب شەھىرىنىڭ ھازىرقى ئورنى ھەققىدە ئىزدىنىش» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.
(199) ئىبنى خۇردە زىبە: «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» 6- جىلد 206- بەت
(200) بېلىنچكىي: «ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرى» 1973- يىلى رۇسچە نەشرى 206-بەت؛ مىنورسكىي «تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى» 290- بەت ؛ مىنورسكىي « ‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» 292-، 293- بەتلەر.
(201) ياقۇتى: «مۇئىلجەم بۇلدان» 1- جىلد 383-، 384- بەتلەر.
(202) «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى. يەتتىنچى بايان. ئىككىنچى بۆلۈم»دە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبى گىرۋىكىدىكى سوغدى كاڭ يەندىيەن ياساتقان نۇچ شەھىرى يەنە يېڭى بالىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ، دەپ خاتىرىلەنگەن. بىراق، بۇ يەردىكى نۇچ شەھىرى تارىمنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى شەھەر بولماسلىقى ئېنىق.
(203) مۇللېر: «تۇرپاندىن تېپىلغان قوزۇقتا يېزىلغان

ئىككى ۋەسىقە» 26- بەت.

(204) ئابى تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» خەنزۇچە تەرجىمىسى 282 — 284- بەتلەرگىچە.

(205) چېڭ سۇلۇ: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىدىكى بىر نەچچە ئاساسلىق مەسىلىلەرنىڭ دەلىلى»دە نۇچ شەھىرىنىڭ ئورنىنى تاشكەنت ئەتراپىدا، دەپ بېكىتكەن. بۇ پىكىردە ئابى تاكېئونىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئېنىق، جاڭ گۇاڭدا «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى تومى. ئۇيغۇرلار» ماددىسىدا نۇچ بىلەن بارسخاننى ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىدا، دەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاساس كۆرسەتمىگەن.

(206) بېلىنچكىي: «ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرى» 198 — 200- بەتلەرگىچە.

(207) سەمئانى: «كىتابى ئەنساب» 286- ۋاراقنىڭ ئوڭ-سول تەرتىپى: ئىبنى ئەسىرنىڭ «كامىل فىت تارىخ» 6- جىلد 509- بەت.

(208) ياقۇتى: «مۆئىلجەم بۇلدان» 7- جىلد 295- بەت.

(209) «تارىخى تەبەرى» 3- جىلد 2138- بەت؛ نارشەخى «تارىخىي بۇخارا» 86-، 87- بەتلەر؛ مەسئۇدى «مۇرۇجى ئەززەھەب» 3284- پەسىل.

(210) ئىبنى خۇردە زىبھ: «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» 6- جىلد 29- بەت، C ئىزاھ .

(211) مىنورسكىي: « «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» 289-، 290- بەتلەر.

(212) جاڭ گۇاڭدا: «سوياب شەھىرىنىڭ ھازىرقى ئورنى

ھەققىدە.»

(213) ئىبنى خۇردە زبىھ: «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» 6- جىلد 206- بەت.

(214) ئىبنى ھەۋقەل: «كىتابى سۇرەتۇل ئەرزى» 2- جىلد 511- بەت.

(215) مىنورسكىي: « ‹ھۇدۇدۇلئالەم› نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» 98- بەت؛ مەرۋىزىنىڭ كىتابى 31- بەت.

(216) «گەردىزىنىڭ تۈركلەر ھەققىدىكى بايانلىرى» 142- بەت.

(217) مىنورسكىي: « ‹ھۇدۇدۇلئالەم› نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» 90- بەت.

(218) مەرۋىزىنىڭ كىتابى 31-بەت.

(219) مىنورسكىي: « ‹ھۇدۇدۇلئالەم› نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» 300-، 301- بەت.

(220) جاڭ گۇاڭدا، روڭ شىنجاڭ: «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك خەنزۇچە ۋەسىقە 6551- ۋاراق، بۇددا مۇكالىمىسى ھەققىدىكى تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتى» (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1989- يىلى 2- سان).

(221) نىزامۇل مۇلۇك: «سىياسەتنامە» 224- بەت.

(222) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە»: مېنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقىم ھەققىدىكى پىكرىمنى «قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ماقالەمگە قاراڭ.

(223) مەزكۇر كىتاب ھىجرىيىنىڭ 372- يىلى (982-،

983- يىلى) يېزىلىشقا باشلىغان. ئەپسىلاتىنى بارتولد بىلەن مىنورسكىينىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن كۆرۈۋېلىڭ.

(224) مىنورسكىينىڭ شەرھىسىگە قاراڭ: «‹ھۇدۇدۇلئالەم›-نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» 269 — 277- بەتلەرگىچە.

(225) يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش 10- بەت.

(226) ئەسلىي مەتىندە «بېيگىۇ» دەپ يېزىلغان. مىنورسكىي «يابغۇ» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان. ئەگەر ئەسلىي مەتىنى خاتا يېزىلىپ قالمىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ سۆز «بۇقۇ» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

(227) ماسۇدا خىسائو: «قەدىمكى زاماندىكى تەڭرىتېغىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات.»

(228) ئاقسۇ ئېقىنى ھەققىدە ۋاڭ بىڭخۇانىڭ« تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇچۇ ئاقسۇ بازىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»كە قاراڭ.

(229) «ئەنج» دېگەن ئۇلانما توغرىسىدا مىنورسكىي يازغان « ‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» 271- بەت بىرىنچى ئىزاھقا قاراڭ؛ بۇنداق ئەھۋال «گۇركەنج» ئاتالغۇسىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

(230) ۋىلسون: «ئىسكەندەرنىڭ يەجۇج - مەجۇج سېپىلى» 607 — 609- بەتلەر.

(231) ۋىلسون: «ئىسكەندەرنىڭ يەجۇج - مەجۇج سېپىلى» 588- بەت.

(232) كومېكوۋ: «IX — XI ئەسىرلەردىكى قىماق ئېلى» 1972- يىلى روسچە نەشرى 70- بەت.

(233) بۇ كىتابنىڭ II باب، 2- پاراگرافنىڭ 3- تار-

مىقىغا قاراڭ.

(234) ۋىلسون بۇنى ئىپلى دەرياسىمىكىن، دەپ پەرەز قىلغان. 609- بەتكە قاراڭ.

(235) «قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخى» (I توم 270- بەت)دا «X ئەسىرنىڭ بېشىدا ئاقبېشىم»، «سوياپ» خارابىسىدىكى ھاياتىي پائالىيەت تەدرىجىي توختىغان. يېڭى بىر نۇقتىدا يەنى 5 - 6 كىلومېتىر نېرىدىكى تاغدا يېڭى بىر شەھەر تەرققىي قىلىپ چىققان. بۇ دەل بالاساغۇندۇر.

(236) مەھمۇد كاشىغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىنگلىزچە نۇسخىسى 605- بەت. «قوچقار باشى» ھەققىدە 611- ۋاراقتا «زەنبى ئارت بولسا قوچقار باشى بىلەن بالاساغۇن ئارىلىقىدىكى بىر تاغ ئېغىزىنىڭ نامى» دېيىلگەن.

(237) بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى ھەققىدە 12 لېكسىيە» خەنزۇچە تەرجىمىسى 83- بەت.

(238) مەھمۇد كاشىغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 608- ۋاراققا قاراڭ.

(239) مەھمۇد كاشىغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى 41- ۋاراققا قاراڭ.

(240) «موڭغۇللارغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» خەنزۇچە تەرجىمىسى 152 — 154- بەتلەرگىچە ھەم جۇ لياڭشياۋ يازغان ئەسەردىكى 75 — 78- ئىزاھلارغىچە قاراڭ: «رۇبرۇكنىڭ شەرققە سەپىرى» خەنزۇچە تەرجىمىسى 246 — 248- بەتلەر.

(241) ماتسۇدا خىسائو: «ئاشىنا قاراغا جازا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى ھەققىدە مۇلاھىزە» («قەدىمكى زاماندىكى

تەڭرىتېغىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات»
409 — 421- بەتلەرگىچە)؛ ئىككى ئۆگۈز بولسا، بورتالا دېگەن
پىكرى ھەققىدە 240- بەتكە قاراڭ.

# IV باب تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ پارچىلىنىشى ۋە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ پائالىيەتلىرى

## §1 . 893- يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشى

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەن مەزگىلدە، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمى قارلۇقلارنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. IX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ۋە X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان ئەرەب - پارسچە ئەسەرلەردە قارلۇقلارنى ئەرەب ئەللىرىنىڭ شەرقىدىكى تۈركىي قوۋملار تەسىر كۆچىنىڭ بىرى دەپ قارىغان. يەئقۇبىنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا[1]، ئىسپىجاب شەھىرى ئەينى چاغدىكى ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئەڭ چوڭ، يەنى ئەڭ مۇھىم چېگرىسى بولۇپ، ئەرەبلەر بۇ يەردىن چىقىپ كېڭەيمىچىلىك قىلغان. بۇنىڭدىن قارلۇقلار بىلەن سامانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ توقۇنۇشى خېلى ئېغىرلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن، ئەرەبلەرنىڭ تەسىر كۈچى تالاسقىچە كېڭەيمىگەن، سىرتقا قارىتا ئىزچىل ئۇرۇش قىلغان

دېگەندىمۇ، ئۇرۇشقا سالغان كۈچى چوڭ ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە كېلىپ 842 - يىلى نوھ ئىبنى ئەسئەد ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سامانىيلار جەمەتى ئىچكى جەھەتتىن قالايمىقانلىشىپ كەتكەچكە، سىرتقا قارىتا ئۇرۇش قىلىشقا يېتىشىپمۇ بولالمىغان[2]. 892 - يىلى زېھنى ئۆتكۈر، كۈچتۈڭگۈر ئىسمائىل سامانىيلار جەمەتىگە باش بولغاندىن كېيىن، دەرھال تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا جازا يۈرۈش قوزغىغان. بۇ قېتىملىق يۈرۈش ھەققىدە تەبەرى ئاددىيراق خاتىرە قالدۇرغان[3].

«بۇ يىلى (ھىجرىيىنىڭ 280 - يىلى، مىلادىيىنىڭ 893 - يىلى 3 - ئاي) ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئۇرۇشقا چىققانلىقى ھەم تۈرك ئېلىنى ئىستېلا قىلغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى. خەۋەردە قاغان بالىقنى پەتھى قىلىپ، قاغاننىڭ ئاتىسى، خوتۇنى ۋە بىر تۈمەندەك كىشىنى ئەسىر ئالغانلىقى، بۇلاردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى قەتلىئام قىلغانلىقى، كۆپلۈكىدىن سانىنى ئالغىلى بولمىغۇدەك ھايۋاناتقا ئېرىشكەنلىكى، ھەر بىر مۇسۇلمان جەڭچى 1000 دەرەمدىن ئولجا ئالغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.»

بۇ قېتىمقى يۈرۈشنىڭ ئورنى ۋە ۋاقتى ھەققىدە «تارىخى بۇخارا»دىن تەپسىلىيرەك ماتېرىيالغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا[4] سامانىي ئەمىرى ناسىرنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە، خەلىپە مۇئتەدىد (892 — 902 - يىللىرى) ھىجرىيىنىڭ 280- يىلى ماھى مۇھەررەم (893- يىلى 3- ئاينىڭ 23- كۈنىدىن 4- ئاينىڭ 21- كۈنىگىچە)دە ئەمىر ئىسمائىلنى ماۋارەئۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى جايلارنى ئىدارە

قىلىشقا تەيىنلىگەن، ئىسمائىل تالاسقا يۈرۈش قىلغان[5]. ناسىر هىجرىيىنىڭ 279- يىلى جامادىيەلئەۋۋەل ئېيىدا ۋاپات بولۇپ دەپنە قىلىنغان[6]. تەبەرىنىڭ خاتىرىلىشىچە، هىجرىيىنىڭ279- يىلى ناسىرنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى خەلىپىگە يەتكەندە، ئۇنىڭ قېرىندىشى بەلخ دەرياسىنىڭ سىرتىدىكى زېمىنىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغان[7]. بۇنىڭدىن قارىغاندا، هىجرىيىنىڭ 280- يىلى ماهى مۇهەررەمنى ئىسمائىلنىڭ يۈرۈشكە چىققان ۋاقتى، دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. يۈرۈش قىلغان ئورۇن «تارىخى بۇخارا»دىلا تالاسقا يۈرۈش قىلغان، دەپ خاتىرىلەنگەن. لېكىن، مۇقەددەسىنىڭ ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلگەن[8]:

«دىهى نۇجكەنت (يېڭى كەنت) بىر كىچىك شەهەر بولۇپ، بازىرى بار. باهارنىڭ ئۈچ ئېيىدا بىر دەرەمگە توقسان مەنا ئۈستىخانلىق گۆش سېتىلىدۇ. ئۇ ئىلگىرى چوڭ شەهەر بولۇپ، ئىسمائىل ئىبنى ئەهمەد بۇ يەرنى ئىستېلا قىلغاندا كىچىكلەپ كەتكەن. شۇنداق بولسىمۇ، يەنىلا ئاهالىسى كۆپ، شەهەر مۇداپىئەسى مۇستەهكەم، ئۇ شەهەردە بىر قەلئە بار.»

مۇقەددەسى تالاس ئەتراپىدىكى شەهەر - بازارلار ئۈستىدە توختىلىپ بۇ شەهەرنى تىلغا ئالغان ۋە بۇ شەهەردىن تالاس ئانچە يىراق ئەمەس، دەپ بايان قىلغان. بىلىنىشكى قاتارلىق كىشىلەر «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوتتۇرا ئەسىر شەهەرلىرى» دېگەن كىتابتا بۇ شەهەرنىڭ ئورنىنى ئاساسەن تالاس (هازىرقى جامبۇل)نىڭ غەربىي شىمالىدا، دەپ بېكىتكەن[9]. شۇڭا، مۇقەددەسى ئىسمائىلنىڭ تالاسقا يۈرۈش قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ يەنە «تارىخى بۇخارا» دېگەن ئەسەرنى دەسلەپ

نارشاھ (959- يىلى ۋاپات بولغان)نىڭ يازغانلىقىنى، كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر مەزمۇنىنى شاللاپ - كۆپەيتكەن[10] بولسىمۇ، ئىشەنچلىكلىكىنىڭ يەنىلا يۇقىرىلىقىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

«تارىخى بۇخارا»دا يەنە ئىسمائىلنىڭ بۇ قېتىملىق يۇرۇشىدە ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى، كېيىن تالاسنىڭ ئەمىرى نۇرغۇن دېھقان (خوجايىن)لارنى باشلاپ كېلىپ ئەل بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. تالاستىكى بىر كاتتا چېركاۋ[11] مەسچىتكە ئۆزگەرتىلىدۇ ھەم خەلىپە مۇئتەدىدنىڭ نامىدا خۇتبە ئوقۇلىدۇ. ئىسمائىل سانسىز ئولجا ئېلىپ بۇخاراغا قايتىدۇ[12].

بۇ يەردىكى ئەل بولغان ئەمىر بىلەن تەبەرى تىلغا ئالغان ئەسىرگە چۈشكەن «تۈرك قاغانى»نىڭ ئاتىسى بىر كىشى[13] بولۇپ، نۇرغۇن ئولجا ئېلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرە ئىككى كىتابتا ئاساسەن ئوخشاش. لېكىن، «تارىخى بۇخارا»دىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى ۋە چېركاۋنى مەسچىتكە ئۆزگەرتكەنلىكىگە دائىر خاتىرە باشقا كىتابلاردا ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ر. ن. فرىي «تارىخى بۇخارا»دا ئېيتىلغان بۇ قېتىملىق يۇرۇشتە يولۇققان زور قىيىنچىلىقنى ئىبنى فەقىھنىڭ كىتابىدىكى ئىسمائىلنىڭ تۈركىي قوۋملارغا يۇرۇش قىلغاندا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقنىڭ تەسۋىرىدە ئۇچرايدۇ دەپ قارايدۇ[14].

بۇنىڭدىن «تارىخى بۇخارا» بىلەن «تارىخى تەبەرى»نىڭ ئوخشاشمىغان تارىخىي مەنبەسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، «تارىخى بۇخارا» تەپسىلىيرەك بولسىمۇ، ئىككى كىتاب بىر- بىرىدىكى

مەزمۇنلارنى ئۆزئارا دەلىللەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ قىيتىملىق يۇرۇشكە دائىر ئۇچىنچى نۇسخا ماتېرىيال مەسئۇدىنىڭ «مۇرۇجى ئەززەھەب» دېگەن ئەسىرىنىڭ يىلنامە قىسمىنىڭ 3284- پەسلىدە مۇنداق ئۇچرايدۇ:

«بۇ يىلى (ھىجرىيىنىڭ 280- يىلى، مىلادىيە 893 - 894- يىللىرى) ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ قېرىندىشى ۋاپات بولدى، ئۆزى خۇراساننى ئىدارە قىلىشقا تەيىنلەنگەندىن كېيىن تۈركىستانغا بېرىپ، شەھەرلەر ئىچىدە خان شەھەر، دەپ تەرىپلەنگەن شەھەرنى پەتھى قىلىپ، قاغاننىڭ خوتۇنى بىلەن 15 مىڭ تۈركنى ئەسىر ئېلىپ، بۇلاردىن بىر تۈمەن كىشىنى قەتلىئام قىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ قاغان تۈنكاسى(؟) دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ ئاتاق مەزكۇر ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھەربىر قاغاننىڭ بەلگىسى ئىكەن. مېنىڭچە، ئۇ ئۆزىنى قارلۇق دەپ ئاتىۋالغان قوۋمدىن بولسا كېرەك. مەن كىتابىمنىڭ بېشىدا تۈركلەرنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ قوۋمى ۋە ۋەتىنى توغرىسىدا بايان قىلغانىدىم. ئىلگىرىكى باشقا كىتابلىرىمدىمۇ سۆزلەپ بولغان ئىدىم.»

مەسئۇدىنىڭ بۇ بايانىدىكى ئىككى نۇقتا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بىرىنچىسى، تەبەرىنىڭ كىتابىدا ھىجرىيىنىڭ 279- يىلى ناسىرنىڭ ۋاپات بولۇپ، ئىسمائىلنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى[15] بىلەن 280- يىلى ئىسمائىلنىڭ ھەربىي يۈرۈش قىلغانلىقىدەك ئەھۋاللارنى مەسئۇدى بىرلەشتۈرۈپ بايان قىلغاندىن كېيىن، ھىجرىيىنىڭ 279- يىلى ئىسما- ئىلنىڭ ماۋارەئۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى جايلارنى ئىدارە قىلىشقا تەيىنلەنگەنلىكىنى خاتا ھالدا خۇراساننى ئىدارە قىلىشقا

تەيىنلەنگەن، دەپ ئۆزگەرتىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كېيىنكىسى ھىجرىيىنىڭ 287- يىلى ئىسمائىلىنىڭ سەففەرىلەر سۇلالىسىنىڭ شاھىنى يەڭگەندىن كېيىنكى ۋەقە ئىدى[16]. «مۇرۇجى ئەززەھەب» تىمۇ «تارىخى يەئقۇبى» دەك باش قىسمىدا تەرجىمىھال تەرىقىسىدە مەركەزلەشتۈرگەن ھالدا مەلۇم شەخس، مەلۇم ئورۇن ۋە مەلۇم ۋەقەنى تونۇشتۇرغان بولسا، ئاخىرقى قىسمى يىلنامە بولۇپ، پۈتۈن كىتابنىڭ تەخمىنەن بەشتىن ئۆچىنى ئىگىلەيدۇ. يىلنامە قىسمىدا تەبەرىنىڭ يىلنامىسىدە ئۇچرىمايدىغان نۇرغۇن مەزمۇنلار بار بولسىمۇ، ھەر ئىككى كىتابتا تىلغا ئېلىنغان ۋەقەلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەسئۇدى دېگۈدەك تەبەرىنىڭ كىتابىدىن كۆچۈرگەن. بەزىدە ئازراق قىسقارتىۋەتكەن ياكى بايان قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. مەسئۇدى كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە پايدىلانغان كىتابلارنى تىلغا ئېلىپ، تەبەرىنىڭ يىلنامىسىگە يۈكسەك باھا بەرگەن ھەم ئۆزىنىڭ ئۇ كىتابتىن تولۇق پايدىلانغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان[17]. شۇڭا، بۇ خاتىرىنىڭ قالايمىقان بولۇشى مەسئۇدىنىڭ سامانىيلار سۇلالىسىگە دائىر ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىككىنچىسى بولسا، مەسئۇدى يېڭىلگەن قاغاننىڭ ئەھۋالىنى «ئاڭلىغان» لىقىنى ئېنىق ئېتىراپ قىلغان. «مۇرۇجى ئەززەھەب» نىڭ ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، مەسئۇدى ئادەتتە ئۆزىنىڭ ماتېرىياللىرىنى «پالانى - پوكۇنىنىڭ ئېيتىشىچە» دەپ كېلىش مەنبەسىنى ئىزاھلىغان. لېكىن، بۇ ۋەقەنى «ئاڭلىغان» لىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ھېلىقى قاغاننىڭ قارلۇقلاردىن بولۇش مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى

قاراشنى كۆرسەتكەن. بۇ ئۇنىڭ پەرىزى بولۇپ، بىرەر ئىشەنچلىك ئاخباراتقا ئىگە بولغانلىقىدىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئاساسلانغان مەنبەسىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مەزكۇر كىتابنىڭ بېشىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى ئاختۇرۇپ كۆرەيلى. پۈتۈن كىتابنى ۋاراقلاپ چىققاندىمۇ، قارلۇقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئېنىق خاتىرە تاپالمايلا قالماستىن، تېخى بىر-بىرىگە زىت قاراشلارنى (312-، 313- بەتلىرىگە قاراڭ)، يەنى قارلۇقلارنىڭ پەرغانە، شاش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى بايقايمىز[18].

مەسئۇدىنىڭ خاتىرىسىدە يۇقىرىقىدەك كەمچىلىكلەر بولسىمۇ، بىزنى بۇ ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەتەن ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئىككى تەپسىلات بىلەن تەمىنلىگەن.

بىرىنچى، ئۇنىڭ ھېلىقى قاغاننىڭ قارلۇقلاردىن ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قارىشى بىزنىڭ ئالدىنقى ئانالىز قىلىشىمىز بىلەن بىر يەردىن چىقتى. مەسئۇدى بۇنى مۇۋاپىق شەرھلىمىگەن بولسىمۇ، ئەينى چاغدىكى ئەرەب - پارس ئەللىرىدىكى بىر خىل ئومۇملاشقانراق كۆزقاراشنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچى، مەسئۇدى ئۆزى «ئاڭلىغان» بىر قاغاننىڭ ئاتىقىنى خاتىرىلىگەن. بۇ ئاتاقنىڭ ئەسلىدىكى قولىيازمىدا بىر نەچچە خىل يېزىلىش شەكلى بار[19]. بۇنىڭ ئىچىدە ئېنىقراقى «T·F·K·S» بىلەن «T·N·K·S» بولۇپ، T·F·K·S نى «تافكاج» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىشقا بولىدۇ. بۇ قاراخانىيلار دەۋرىدە دائىم ئۇچرايدىغان قاغان ئاتىقى «تابغاچ»تۇر. لېكىن، قاراخانىيلار خانلىرى قوللانغان «توبا» سۆزىدىن كەلگەن[20]. بۇ

ئاتاق بولسا خېلى كېيىنكى چاغلاردىكى ئىش پىرىتساك «قاراخانىيلارغا دائىر بىرنەچچە مۇنازىرىلىك مەسىلە» دېگەن ماقالىسىدە، بۇ ئاتاق ئەڭ ئاۋۋال توغان خان (ھىجرىيىنىڭ 415-، 416-يىللىرى، مىلادىيە 1024-، 1025- يىللىرى) دەۋرىدىكى پۇللاردا ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن[21]. ھازىر تارىخنى بىر ئەسىر ئالدىغا سۈرمەكچى بولساق، ئىسپاتلاش، دەلىللەش ئۈچۈن بىر مۇنچە ماتېرىيال كېرەك بولىدۇ. لېكىن، قولىمىزدا بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە يوق ھەم مەسئۇدىنىڭ ئاڭلىشىچە بۇ ئاتاق «مەزكۇر ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھەربىر قاغاننىڭ بەلگىسى ئىكەن.» بىز VIII، IX ئەسىرلەردىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ قايسىبىر ئاقساقىلى بۇ ئاتاقنى قوللانغانلىقىنى بىلمەيمىز، ئەكسىچە ئەينى چاغدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردا بۇ سۆزنىڭ جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى كۆر-سىتىدىغانلىقىنى بايقايمىز[22]. قاراخانىيلارنىڭ بۇ ئاتاققا بەرگەن مەنىسىمۇ جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەتلىك[23]. مەسئۇدى «مۇرۇجى ئەززەھەب»تىمۇ چىن خاقانى ئادەتتە «پەغپۇر» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ «تەڭرىنىڭ ئوغلى» دېگەن مەنىدە ئىكەن. ئۇ خاقانغا بېرىلگەن ھۆرمەت نامى ئىكەن. باشقىلار چىن خاقانىغا گەپ قىلغاندا «تامغاج خان»، «پەغپۇر» دېگەن بىر مەخسۇس نامنى قوللىنىدىكەنكى، ئىككىنچى شەخسلىك ئالماش بىلەن سۆز ئىشلەتمەيدىكەن، دەپ خاتىرىلىگەن.

قولىيازمىدىكى يەنە بىر خىل يېزىلىش شەكلىنى «تۇنكا» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىپ تۈركىي تىللاردىكى سۈپەتنى ئىپادىلەيدىغان «سى»نى قوشقاندا «تۇنكاسى» بولىدۇ[24]. «تۇنكا» تۈركچە سۆز بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۇ

سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى «يولۋاس» دېيىلگەن ھەم «دائىم ئاتاق قىلىپ قوللىنىدۇ. مەسىلەن، تۇنكاخان، تۇنكاتېكىن دېگەندەك[25]» دېيىلگەن. «قۇتادغۇ بىلىك»تىمۇ بۇ سۆزنى ئاتاق قىلىپ قوللانغان[26]. يەنە كېلىپ مەھمۇد كاشغەرى تەكىتلەپ: تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئاپراسىيابنىڭ «تۇنكا ئالىپ ئەر» دېگەن ئاتىقى بار. ئۇنىڭ مەنىسى «يولۋاستەك كۈچلۈك قەھرىمان كىشى» دېگەن بولىدۇ، دەيدۇ[27]. چۈنكى، قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتى ئۆزىنى ئاپراسىيابنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭدىن «تۇنكا» دېگەن ئاتاقنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىبنى ئەسىرنىڭ «كامىل فىت تارىخ»[28] دېگەن ئەسىرىدىن سامانىيلاردىن بىر ئىسيانچى ھىجرىيىنىڭ 310- يىلى (922- يىلى) جەڭدە يېڭىلىپ قەشقەرگە قېچىپ كەلگەندە، قەشقەرلىك «تۇغان تېكىن» دېگەن دېھقاننىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن ھەم ئۇ جاينى بازا قىلىپ تۇرۇپ، پەرغانىگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى «تۇغان» سۆزى پۇل - ئاقچىلاردىكى «تۇنكا» ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى[29]. شۇڭا، مەسئۇدى تىلغا ئالغان بۇ ئاتاقنى «تۇنكا» دەپ ئوقۇلۇشى كېرەك، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، «تارىخى تەبەرى»، «تارىخى بۇخارا» ۋە «مۇرۇجى ئەززەھەب»تىكى خاتىرىلەر بىزگە 893- يىلى قارلۇقلارنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ[30]. ئۇنداقتا، شۇنىڭدىن كېيىنكى تەگرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىدى؟

## §2 . X ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ پارچىلىنىشى

ئۇزاقتىن بېرى، X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ تارىخى ئىزچىل ئېنىق بولماي كەلدى. بارتولد يېتەرلىك ماتېرىياللار كەمچىل بولغانلىقتىن شۇنداق بولغان، دەپ قارايدۇ[31]. 1951- يىلى پرىتساك «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» دېگەن مۇھىم ماقالىسىنى ئېلان قىلدۇردى. ئۇ ماقالىسىدە 840- يىلى گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشى قارلۇقلار ئاقساقلىنىڭ خان بولۇشىغا تۈرتكە بولغانلىقىنى سۆزلەپ، IX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ۋەزىيەتنى دەلىللىگەن. ئۇشبۇ چاغدا تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي رايونىدا بىر «بۈيۈك قارلۇق خانلىقى» ياكى «بۈيۈك قارلۇق ئىمپېرىيىسى» مەۋجۇت ئىدى[32] ھەم بۇ بۈيۈك خانلىق كېيىن قارا خانىيلارغا تەرەققىي قىلغان، دەپ قارىغان. لېكىن، پرىتساكنىڭ دەلىللىرى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

بىز ئەمدى ئاۋۋال پرىتساك دەلىللىگەن IX، X ئەسىرلەردىكى قارلۇقلار ئېلىنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى ئانالىز قىلىپ باقايلى. پرىتساك مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ بەكرى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ھەمەدانى، يەنى (ئادەتتىكى ئاتىلىشىدىكى) ئىبنى فەقىھ (902-

بىلىدىن كېيىن ۋاپات بولغان) تۈركلەرگە دائىر ئىشلارنى ئېنىق بىلىش سۈپىتى بىلەن زاماندىشى ئەبۇ ئابباس ئىسا ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىسا مەرۋىزىنىڭ خاتىرىسىنى نەقىل ئالغان. مەرۋىزى ئىسلامىيەتنىڭ شەرقىدىكى چېگرا رايونلارنى ساياھەت قىلغان. «ئۇ ئەقىللىق، تەجرىبىلىك بولۇپ تۈركلەرگە دائىر بىلىدىغىنى كۆپ ئىدى». ئۇ ئاھالىنى يىغىپ، تۈركلەرگە دائىر ئاخباراتلارنى توپلىغان. ئىبنى فەقىھنىڭ دوكلاتى (902- يىلى ئەتراپىدا يېزىلغان)دىن بۇ ئەڭ ئىشەنچلىك مۇتەخەسسىس تۈركىي قوۋملارنى تونۇشتۇرغاندا: بىز تۆۋەندىكى جايلارنى بىر- بىرلەپ ئىگىلىدۇق، يەنى خۇراسان چېگرىسىدىكى رايونلار، (ئامۇ) دەريا سىرتىدىكى جايلار بىلەن باشقا مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەرنىڭ زېمىنىدىكى ئاشۇ جايلار، يەنى ئوغۇزلار (تۈركمەنلەر)، توققۇز ئوغۇزلار (ئۇيغۇرلار) ۋە قارلۇقلار — ئۇلاردا (قارلۇقلاردا) بىر خانلىق بار. ئۇلار قېرىنداشلىرى، يەنى تۈركىي قوۋملار ئىچىدە ناھايىتى ھۆرمەتلىك بولۇپ، ئۇلار دۈشمەنلىرىگە ناھايىتى تەكەببۇر كۆرۈنىدۇ — يەردە، ئاڭلىشىمىزچە ... دېگەنلىكىنى بىلدۇق.

بۇ، پىرتساك نەقىل كۆرسەتكەن، تولۇق بولمىغان بىر جۈملە سۆز بولغاچقا، ئابى تاكېئو بۇ ماقالىنى تەتقىق قىلغاندا: «بۇ قىسىمدا نېمە ئىپادىلەنگەنلىكىنى چۈشەنمەك بەك تەس ئىكەن، گېرمانىيىدە تۇغۇلغانلاردىنمۇ سوراپ باقتىم، ھېچقانچە قىلىپمۇ تولۇق ئاڭقىرالمىدىم» دەيدۇ[34].

ناۋادا، بۇ گەپلەرنى قىسقارتىدىغان بولساق، «ئۇزلۇكسىز ئاڭلىشىمىزچە» دېگەنگە قىسقىرايدۇ. مۇئەللىپنىڭ نېمە ئاڭلىغانلىقىنى پىرتساك ئانچە مۇھىم ئەمەسكەن، دەپ قاراپ

قىسقارتىۋەتكەن. ئۇ مۇھىمى مۇئەللىپ «ئاڭلىغان» ھېلىقى خەۋەرلەرنىڭ كەلگەن «جايى»، يەنى خۇراساننىڭ چېگرىسىدىكى رايونلار، ماۋارەئۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى ۋە تۈركىي قوۋملارغا يېقىن باشقا يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ يەردىكى تۈركىي قوۋملار ئوغۇزلار، توققۇز ئوغۇزلار ۋە قارلۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارىغان. سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مۇئەللىپ «ئۇلاردا بىر خانلىق بار» دېگەن بىر جۈملە سۆزنى قوشۇپ قويغان. پرىتساك «ئۇلار» دېگەن سۆز، بېشىدىكى گەپكە ئۇلىنىپ كەلگەن «قارلۇقلار» ئىدى، دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتكەن. پرىتساكنىڭ خۇلاسىسى بولسا[35]:

«شۇنداق بولغاندا ئۇ ئەسەر بىزگە ئېنىق قىلىپ ‹ئەل› دېگەننى تۈركلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خانلىقنىڭ قارلۇقلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. سامانىيلار سۇلالىسىدىكى ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد دەۋرىدىكى تۈرك ئېلىنى قارلۇقلار دۆلىتى، دەپ چۈشىنىش كېرەك.»

بۇ نەقىلدە تىلغا ئېلىنغان ئىبنى فەقىھ[36] IX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان كىشى بولۇپ، ھەمەداندا تۇغۇلغان. ھاياتىغا دائىر ئېنىق مەلۇمات يوق. ئۇ يازغان «كىتابى بۇلدان» مۇھىم جۇغراپىيە ئەسىرى بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 290- يىلى (902- يىلى) ئەتراپىدا تاماملانغان. لېكىن، بىزگە يېتىپ كەلگىنى ھىجرىيىنىڭ 413- يىلى (1022- يىلى) ئەتراپىدا كۆچۈرۈلگەن قىسقارتىلما نۇسخىسى ئىكەن. دې گوجې «ئەرەبلەرنىڭ جۇغراپىيە مەجمۇئەسى»نىڭ 5- تومىدا ئېلان قىلدۇرغان نۇسخىسى مۇشۇنداق ئۈچ نۇسخا قولىيازمىغا ئاساسەن تەييارلىغان قىسقارتىلمىسى ئىكەن.

1923- يىلى ئىراننىڭ مەشھەدتىكى ئىمام ئەلى رىزا مەسچىتىنىڭ كۈتۈپخانىسىدىن ئىبنى فەقىھنىڭ «كىتابى بۇلدان» دېگەن ئەسىرىنىڭ تولۇق نۇسخىسىنىڭ 2- قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈپلىمە بايقالغان. ئۇ ئىراقنىڭ شەرقى، ئىران، خۇراسان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىي قوۋملار رايونلىرىغا مۇناسىۋەتلىك قىسمى ئىكەن. پىرتساكنىڭ يۇقىرىقى نەقلى مەشھەدتىن تېپىلغان قولىيازمىنىڭ 171-، 172- ۋارىقىدىن ئېلىنغان ئىكەن[37]. شۇڭا، «ئەرەبلەرنىڭ جۇغراپىيە مەجمۇئەسى»نىڭ 5- تومىدا ئۇچرىمايدۇ. شۇنداقتىمۇ پىرتساكنىڭ بۇ تارىخىي ماتېرىيالنى بۇنداق ئىزاھلىشىغا قوشۇلمايمەن.

پىرتساك ئېيتقاندەك[38]، بۇ خاتىرە ياقۇتنىڭ «مۆئىلجەم بۇلدان»ىدىمۇ ئۇچرايدۇ ھەم مەشھەدتىن تېپىلغان قولىيازما نۇسخىسىدىكى بۇ مەزمۇنلارمۇ روسچىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنىپ «تۈركمەنلەر ۋە تۈركمەنلەر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»نىڭ 1- تومىغا كىرگۈزۈلگەن[39].

ياقۇتنىڭ «مۆئىلجەم بۇلدان»ىدا مۇنداق يېزىلغان[40]:

«ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ھەمەدانى، ئەبۇ ئاbباس ئىسا ئىبنى مۇھەممەد مەرۋىزى ھەققىدە بايان قىلىپ: بىز ئۇزلۇكسىز ھالدا بەزى رايونلاردا ئاڭلىشىمىزچە، يەنى (خۇراسان چېگرىسىدىكى رايونلار) ماۋارەئۇننەھردىكى جايلار ۋە باشقا مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەرگە قوشنا رايونلار، توققۇز ئوغۇز بىلەن قارلۇقلارغا قوشنا جايلار — (قارلۇقلار) ئۇلاردا بىر خانلىق بار ئىكەن، ئۇلار ئۆز ئادەملىرى ئىچىدە ناھايىتى ئىناۋەتلىك ئىكەن. دۈشمەنلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىدىكەن — ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ رايونلاردا تۈركلەردىن

بىرەر كىشى سەپەردە ياكى باشقا ۋاقىتتا يامغۇر تىلىسە، يامغۇر ۋە ئۇلار تىلىگەن مۆلدۈر، قار دېگەندەك نەرسىلەر ياغىدىكەن. بىز بۇ ئىشقا داۋۇد ئىبنى مەنسۇر ئىبنى ئەبۇ ئەلى بەدەھىس بىلەن كۆرۈشكۈچە شۈبھىلەندۇق. ئۇ ئىشەنچلىك كىشى بولۇپ، خۇراسانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئىدارە قىلىشتا ماختاشقا سازاۋەر بولغان كىشى ئىكەن. ئۇ ئوغۇز تۈركلىرى خاقانىنىڭ ئوغلى بىلەن خۇپىيانە كۆرۈشكەن ئىكەن. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى بەلقەي ئىبنى يابغۇ ئىكەن. بەدەھىس ئۇنىڭدىن: ئاڭلىسام، تۈركلەر خالىغانچە قار - يامغۇر تىلەپ ياغدۇرالايمىش، سىزچە شۇنداقمۇ؟ دەپ سورىسا، ئۇ: تۈركلەر ئاللا ئالدىدىكى ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ ياۋاش خەلق بولغاچقا، مۇشۇنداق ئىشنى قىلالايدۇ. سىزنىڭ ئاڭلىغىنىڭىز راست ئىش. بۇ ھەقتە بىر ھېكايە بار، سىزگە سۆزلەپ بېرەي: بىر ئەجدادىمنىڭ ئاتىسى تۇغۇلۇپتۇ. ئەينى چاغدىكى خاقاندىن ئاغرىنىپ، ئۇنى تاشلاپ كېتىپتۇ.. دەپ بېرىپتۇ»(ئەمدىكى بايان ھېلىقى ئوغۇز تۈركىنىڭ ئەجدادىنىڭ يادا تاشقا ئېرىشكەنلىكىگە دائىر بايان بولغاچقا قىسقارتىلدى).

ياقۇتىنىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن پرىتساكنىڭ نەقلىنى سېلىشتۇرساق، پرىتساكنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەردىن تېرىپ نەقىل ئالغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئاشكارىلىنىدۇ. بۇ تارىخىي ماتېرىيالدا تىلغا ئېلىنغان ئوغۇز تۈرك قوۋمىنىڭ خاقانىنى «مالىك» دەپ ئاتىغان ئىكەن. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئۆز «مەملىكەت»تى بولۇشى ئېنىق. ئەمەلىيەتتە ئابباسىيلارنىڭ ئەلچىسى ئىبنى فەزلان 921- يىلى بۇلغار ئېلىگە ماڭغاندا بۇ خانلىقتىن ئۆتكەن ھەم ئوغۇز ئېلىنىڭ بەزى ئاقساقاللىرىنى

ئۇچراتقان. ئۇ دوكلاتىدا ئوغۇز ۋە باشقا تۈركىي قوۋملار ئۈستىدە بۈيۈك خاقان بارلىقىنى ھەرگىزمۇ تىلغا ئالمىغان[41]. شۇڭا، پرىتساك ئەھمىيەت بېرىپ كەتكەن ھېلىقى قىستۇرۇلما گەپنى پەقەتلا قارلۇق خانلىقىنىڭ سۈپەتلىنىشى، دەپ چۈشەنگەندىمۇ، بىز ئۇنىڭدەك ئەينى چاغدىكى قارلۇق ئاقساقىلى تۈركىي قوۋملارنىڭ بۈيۈك خاقانى ئىدى، ئەينى چاغدا بۈيۈك قارلۇق خانلىقى مەۋجۇت ئىدى، دەپ قارىمايمىز. يەنە كېلىپ بۇ يەردە ئوغۇز تۈركىي قوۋملارنىڭ قولىدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ مۇقەددەس «يادا تاش» توغرىسىدىكى خاتىرىنىمۇ ئۇچراتتۇق. بىز تېخىمۇ ئابى تاكېئودەك «ئېنىقلىيالمىغان» چۈشەنچىسىگە ئاساسەن توققۇز ئوغۇزلار، يەنى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چېگرىسى غەربتە ئامۇ دەرياسىغىچە ئىدى[42]، دەپ قارىمايمىز، ئەلۋەتتە.

پرىتساكنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىدە يەنە مەسئۇدىنىڭ «مۇرۇجى ئەززەھەب» تىكى خاتىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن[43].

«مەسئۇدى ھىجرىيىنىڭ 332- يىلى (943-، 944- يىلى) مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: قارلۇقلار «پەرغانە، شاش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا تۇرىدۇ». قارلۇقلار «مۇلۇك» لىك، يەنى يايلاققا بولغان ئالىي ھۆكۈمرانلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. خاقانلارنىڭ خاقانى ئۇلاردىن چىققاچقا، خاقان تۈركلەرنىڭ بارلىق قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ «مۇلۇك» نىگە كىرگۈزگەن. شۇڭا، ئۇلار ھەممىسى (تۈركلەر) نىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ. ئۇلار ئاپراسىياب بىلەن شانا (ئاشىنا) نى ئۆزىنىڭ ئەجدادى دەپ قارايدۇ.»

پرىتساك مەسئۇدىنىڭ خاتىرىسى ئارقىلىق، X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىمۇ قارلۇقلار ئۇ قىياس قىلغان «تۈركلەرنىڭ بۈيۈك خانى»لىق ئورنىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ھەم بىر بۈيۈك قارلۇق خانلىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاش كويىدا بولغان. مەسئۇدىنىڭ خاتىرىسىدىكى تولۇق مەتنى تۆۋەندىكىچە:

«(313- پەسىل) تۈركلەردە قىماقلار، بارسخانىيەلەر[44]، بەدىيەلەر ۋە ماجارلار[45](؟) بار. تۈركلەرنىڭ ئەڭ باھادىرلىرى ئوغۇزلار؛ تەن قۇرۇلمىسى ئەڭ كېلىشكەن، بويى ئەڭ ئېگىز، چىرايى ئەڭ ئۆلچەملىكلىرى قارلۇقلار بولۇپ، ئۇلار پەرغانە، شاش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا تارقالغان. بۈرۈن خانلىق ھوقۇقى ئۇلارنىڭ قولىدا بولۇپ، خانلارنىڭ خانى قارلۇقلاردىن چىققاچقا، ئۇلارنىڭ خانلىقى بارلىق تۈركىي ئەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىكەن. شۇڭا، ئاۋام قارلۇق خانىنىڭ پەرمانىنى ئاڭلايدىكەن. پارس شاھلىقىنى بويسۇندۇرغان ئاپراسىياب ئەلتۈركى مۇشۇ خاقانلارنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇلاردا يەنە شاباھ بار ئىكەن. ئەمما، بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدە، تۈركلەردىن بارچە خەلققە ئۆز ھۆكمىنى ئاڭلىتالايدىغان بىرەر خاقان چىقمىدى. بۇ، سەمەرقەنت چۆلىدىكى ئامەت(؟) دېگەن شەھەر خارابىلىشىپ كېتىشتىن ئىلگىرىكى ئىش. بىز «ئەۋسات» دېگەن كىتاب[46]تا خانلىقىنىڭ ئۇ شەھەردىن كۆچۈش سەۋەبىنى سۆزلەپ بولغان ئىدۇق.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئاپراسىياب ئەلتۈركىي ئاۋىستا دەۋرىدىن بېرى ئىران رىۋايەتلىرىدىكى تۇران قەھرىمانى بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا ئەرەبلەر تۇرانلىقلار بىلەن ئاپراسىياب ۋە تۈركىي قوۋملارنى بىر گەۋدە ئىكەن، دەپ تونۇپ قالغان[47]. يەنە

بىر شەخس شاباھ ھەققىدە ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردا بىرمۇنچە خاتىرىلەر بار[48]. مەسئۇدىنىڭ «مۇرۇجى ئەززەھەب»[49]تىكى خاتىرىدە شاباھ تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ IV خانى بولۇپ، ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھى ھورمىزد IV (578-، 579 — 590- يىللىرى)نىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ھىرات، بەدغىس ۋە بۇشەنجگە بېسىپ كىرگەن. كېيىن ھورمىزد IV نىڭ مەشھۇر سەركەردىسى بەھرام چۇبىن ئۆلتۈرۈۋەتكەن، دېيىلگەن.

رىۋايەتلەردىكى ئاپراسىياب بىر ياقتا تۇرۇپ تۇرسۇن. ئاشۇ شاباھنىڭ قارلۇقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىكى بەلكىم مەسئۇ- دىنىڭ پەرىزى بولسا كېرەك. تەبەرى بىلەن ياقۇتى بۇ ھەقتە ئازراقمۇ بېشارەت بەرمىگەن. يەنە كېلىپ، بىز بىر قىسىم قارلۇقلار VI ئەسىرلەردە كۆكئارتنىڭ غەربىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغاندىمۇ، VII ، VIII ئەسىرلەردىكى غەربىي تۈركلەر ۋە تۈركەش خاقانىنىڭ قارلۇقلار بىلەن ھېچقانداق بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى يوق. شۇڭا، مەسئۇدىنىڭ بۇ گېپىنىڭ ئاخىرى غەربىي تۈركلەردىن بۇيانقى تارىخنىڭ خاتا ئومۇملاشتۇرۇلۇشىدۇر.

يۇقىرىقى تەتقىقاتىمىزغا ئاساسلانغاندا، VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قارلۇقلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى شاش ۋە پەرغانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. خەلىپە مەئمۇن قارلۇقلارنى ئەرەبلەرنىڭ شەرقىدىكى ئاساسلىق دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىرى ھېسابلىغان. كېيىن قارلۇقلارنى ئىبنى فازىل ئىبنى ساھىل مەغلۇپ قىلغان. ھېچبولمىغاندا سامانىيلار جەمەتى شاش بىلەن پەرغانىنى ئىدارە قىلغاندىن

كېيىن، قارلۇقلار بۇ ئىككى رايوندا پائالىيەت ئېلىپ بارالمايدىغان بولۇپ قالغان. شۇڭا، مەسئۇدى قارلۇقلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ھەققىدىكى خاتىرىسىدە چوقۇم VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغان ياكى ئۇ تەبەرىنىڭ كىتابىنى بەك ئۇلۇغلىۋەتكەن. يىرتساكنىڭ مۇشۇنداق قالايمىقان خاتىرىدىن پايدىلىنىپ X ئەسىردىكى قارلۇقلارنىڭ بۈيۈك خانلىق ئورنى بىلەن بۈيۈك قارلۇق خانلىقىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانلىقى ئەسلىي مەنبەلەرنى بۇرمىلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. خۇلاسىلىگەندە، يۇقىرىقى ئىككى تارىخىي ماتېرىيال IX، X ئەسىرلەردە تۈركىي قوۋملارنىڭ ئورتاق ئىگىسى بولغان قۇدرەتلىك بۈيۈك قارلۇق خانلىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ.

يىرتساك يەنە بەلكى تەرەپدارلىرىنىڭ جۇغراپىيە ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزى پەيدا قىلغان بۈيۈك قارلۇق خانلىقىنى ئىسپاتلىغان. ئۇنىڭ ئىسپاتى بىلەن نەقىل ئالغان ئەسەرلىرىنىمۇ مۇھاكىمە قىلىش زۆرۈر.

IX ئەسىرنىڭ 20 — 30- يىللىرىدا يېزىلغان بەلخى — ئىستەخرى كىتابى[50]دا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋارەئۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى پاسىللارنى تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلىگەن[51]:

«ماۋارەئۇننەھرنىڭ شەرقى پاسىلى پامىر، رەشت ۋە چېگرا قوشنىسى خۇتتالدىكى ھىندىستانغىچە بولغان بىر تۈز سىزىقتا جايلاشقان. غەربى پاسىلى تالاستىن فاراپ، بىسكەنت، سوغدى، سەمەرقەنت ۋە بۇخارا تەرەپكە سوزۇلغان، بارغانسېرى خارەزىم كۆلىنىڭ ئىلمەك سىزىقىدىكى ئوغۇزلار ئېلى ۋە

قارلۇقلارغىچە سوزۇلغان. شىمالىي پاسىلى پەرغانىنىڭ چەت ياقىلىرىدىن تالاسقىچە بولغان تۈز سىزىقتىكى قارلۇق تۈركلىرىغىچە، جەنۇبىي پاسىلى بولسا بەدەخشاندىن خارەزىمگىچە بولغان تۈز سىزىقتىكى جەيھۇن (ئامۇ ياكى چۇ) دەرياسىغىچە ئىكەن.»

بۇ تەسۋىر بويىچە بولغاندا، قارلۇقلار تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، تالاسنىڭ غەربىدىكى بەزى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[52]. بۇ، IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى ئەھۋاللار بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. بىز ئىستەخرىنىڭ كىتابىدىكى خاتىرىگە ئاساسەن X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تۈرك قوۋملىرىنىڭ جايلىشىش خەرىتىسىدىن بىرنى سىزغان ئىدۇق. قارلۇقلار جايلاشقان ئورۇن بۇ يەردىكى تەسۋىرگە ماس كېلىدۇ. بەلكى تەرەپدارلىرى سىزغان يۇمىلاق دۇنيا خەرىتىسى[53] دىكى قارلۇقلارنىڭ ئورنىمۇ دەل مۇشۇ تەسۋىرگە توغرا كېلىدۇ (قوشۇمچە بىرىنچى خەرىتىگە قاراڭ).

لېكىن، قارلۇقلار تارقالغان جايلارغا نىسبەتەن ئانچە شۈبهىسىز قالمىغاندا، بەلكى بىلەن ئىستەخرى تۈركىي قوۋملاردىكى چوڭراق سىياسىي كۈچلەرنىڭ تەسىر دائىرىسىنى بايان قىلغاندا[54]، نېمە ئۈچۈن قارلۇقلارنىڭ سىياسىي كۈچىنىڭ دائىرىسىنى يەككە كۆرسەتمىگەن، دېگەن يەنە بىر يېڭى سوئالنى بايقايمىز. كىتابىنىڭ باشقا يەرلىرىدە قارلۇقلار تارقالغان جايلارنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان مۇئەللىپ تاسادىپىي بىخەستەلىك سەۋەبىدىن قارلۇقلار تەسىر كۈچىنىڭ دائىرىسىنى بايان قىلىشنى چۈشۈرۈپ قويغان، دېگەندەك بىر

خىل جاۋاب بار بولسىمۇ، بۇنداق شەرھلەش كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئىستەخرى ھەقىقەتەن بىخەستەلىك قىلغان بولسا، ئىبنى ھەۋقەل ئىستەخرىنىڭ كىتابىنى تولۇقلاپ تۈزەتكەندە، بۇ مەزمۇنلارنى تولۇقلاپ قويمىغان[55]. قارىغاندا بۇنداق شەرھلەش كارغا كەلمىگەچكە، قايتىدىن تەتقىق قىلىش كېرەكتەك قىلىدۇ.

ئىستەخرىنىڭ كىتابىدىكى قارلۇقلارغا دائىر پۈتۈن خاتىرە تۆۋەندىكىچە:

6- بەتتە: «پەرغانىدىن يولغا چىقىپ پۈتكۈل ‹قارلۇق ئېلى›نى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ تەۋەلىكىگە كىرىدۇ. جەمئىي 30 نەچچە مۇساپە» دېيىلگەن (بۇنى بىز كۆرۈپ بولغان).

9- بەتتە: «توققۇز ئوغۇزلار، قىرغىزلار، قىماقلار، ئوغۇزلار ۋە قارلۇقلار قاتارلىق تۈركلەر بىر خىل تىل قوللىنىدۇ. بىر-بىرىنىڭ تىلىنى ئۇقىدۇ» دېيىلگەن.

9-، 10- بەتلەردە: «تۈرك ئەللىرى ئوخشاش ئەمەس. ئوغۇزلارنىڭ چېگرا قوشنىسى ھەزەر (قاسار)لەر، قىماقلار، قارلۇقلار ئېلى، بۇلغارلار بولۇپ، بۇلار ئارقىلىق جۇرجاندىن ئىسپىجابقىچە ئىسلامىيەت چېگرىسىغىچە» دېيىلگەن.

قىماقلار ئېلى قارلۇقلارنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ئوغۇزلار، قىرغىزلار ۋە ساقالىب تاغلىرى ئارىسىدا.

يەجۇجلەر ئۇلارنىڭ شىمالىدا، ساقالىب (سلاۋىيان) ۋە قىماقلارنى كېسىپ ئۆتسىڭىز، ئۇلارنىڭ ئېلى ۋە باشقا يەرلىرىنى ئاللا بىلەر.

قىرغىزلار، ئۇلار توققۇز ئوغۇزلار، قىماقلار ئۇلۇغ ئوكيان

ۋە قارلۇق ئېلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا.

توققۇز ئوغۇزلار، ئۇلار تۈبۈتلەر، قارلۇق ئېلى، قىرغىزلار ۋە چىن ئارىلىقىدا.

چىن، ئۇلار ئۇلۇغ ئوكيان، توققۇز ئوغۇزلار ۋە تۈبۈتلەر ئارىلىقىدا.

ھەزەر (قاسار) ئۇ ھەزەر كۆلى، سەرىر، ئورۇس ۋە ئوغۇزلار ئارىلىقىدىكى بىر جاي.

تۈبۈت، ئۇ چىن ئېلى، ھىندىستان، قارلۇق ئېلى، توققۇز ئوغۇزلار ۋە پارس دېڭىزى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەلۇم قىسمى ھىندىستان پادىشاھلىقىدا بولسا، يەنە بىر قىسمى چىن تەۋەلىكىدە. ئۇلارنىڭ ئۆز ئېلىدە بىر خاقانى بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلار تۈببەنىڭ پۇشتىمىش. بۇنى ئاللا بىلىدۇ».

286-، 287- بەتلىرىدە ماۋارەئۇننەھرنىڭ تۈت پاسىلى تەسۋىرلەنگەن، ئوغۇزلار ئېلى بىلەن قارلۇق تۈركلىرى بايان قىلىنغان (بۇلارنى نەقىل ئالغان ئىدىم).

288- بەتتە ماۋارەئۇننەھرنىڭ مەدەنلىرى ۋە تەبىئىي ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ كېلىپ: «ئۇلارنىڭ يېمەكلىكىگە كەلسەك ئوغۇزلار، قارلۇقلار ۋە ئۇنىڭ (ماۋارەئۇننەھرنىڭ سىرتى)غا قوشنا ئەتراپتىن يۆتكەپ كەلگەن چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ» دېگەن.

288- بەتتە ماۋارەئۇننەھرنىڭ ئەينى چاغدا ئىسلام ئەللىرىدىكى ئەڭ كاتتا غازات ماكانى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ: «بۇ ماۋارەئۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى تۆت پاسىلدا دۈشمەن ئەللەر بولغانلىقىدىندۇر. خارەزىمدىن ئىسپىجاب تەرەپلەرگىچە ئوغۇز تۈركلىرى، ئىسپىجابتىن پەرغانىنىڭ بۇرجىكىگىچە

قارلۇق تۈركلىرىدۇر...» دېگەن.

ئىستەخرى سىياسىي دائىرىنى بايان قىلغاندا ناھايىتى روشەن قىلىپ: «قارلۇق ئېلى» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن. بۇنىڭدىكى «ئەل» سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسى «زېمىن» بولۇپ، باشقا تۈركىي قوۋملارنىڭ تەسىر كۈچلىرىنى بايان قىلغاندا، «دۆلەت، رايون» مەنىسىدىكى «بىلاد» سۆزىنى ئىشلىتىپ، سىياسىي جۇغراپىيىلىك مەنە بىلەن ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ بىزگە قارلۇقلارنىڭ مۇكەممەل بىرلىككە كەلگەن سىياسىي كۈچ ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنلىكى ئېنىق. تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنى يەنىلا قارلۇقلار ئىگىلىۋالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن خانلىقى بولمىغاچقا، «قارلۇق ئېلى» دەپلا ئاتىغان.

ئىبنى ھەۋقەلنىڭ كىتابى بىلەن «ھۇدۇدۇلئالەم»دە تالاسنىڭ شەرقىدىكى ئىسپىجاب ۋە فارابقا مۇناسىۋەتلىك كۆرۈنىدىغان بىرقانچە ئابزاس مەزمۇن بار بولسىمۇ، بۇلار ئىستەخرىنىڭ كىتابىنىڭ قىسقارتىلما نۇسخىسىدا ئۇچرىمايدۇ. لېكىن، ئۇ ئىستەخرىنىڭ ئەسلىي ئەسىرىگە تەئەللۇق(56). ئىبنى ھەۋقەل مۇنداق يازغان:

«سۇتكەنتتە بىر مۇنبەر بار، ئۇ تۈركلەر توپلىنىدىغان سورۇن. ھەرقايسى جايلاردىكى تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى ئىسلامغا بەيئەت قىلدى. ئوغۇزلار ۋە قارلۇقلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى. ئۇلار تۈركلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈكلىرىدۇر. فاراب، كەنجىد ۋە شاش ئارىلىقىدىكى مۇنبەت يايلاقتىكى 1000 تۇتۇندەك تۈركلەر ئىسلامغا كىردى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە چېدىردا تۇرۇۋاتىدۇ. بىنا ـ مىمار دېگەنلەر يوق. تالاس

مۇسۇلمانلار بىلەن تۈركلەرنىڭ سودا قىلىدىغان بازىرى. ئۇلار (مۇسۇلمانلار؟)نىڭ بىر قىسمى تالاستىكى قەلئەلەرگە مەنسۇپ. ئىسلام (ئەللىرى)دىن ھېچكىم تالاستىن ئۆتۈپ باقمىغان. چۈنكى، تالاستىن ئۆتسىلا قارلۇقلارنىڭ بارگاھىغا كىرىدۇ.»

بۇ خاتىرە بىزگە 893- يىلى ئەرەبلەر تالاسنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، بۇ شەھەر ئەرەبلەر بىلەن قارلۇقلارنىڭ سودا مەركىزى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپلا قالماستىن، يەنە تالاسنىڭ غەربىدىكى قارلۇقلار بىلەن شەرقتىكى قارلۇقلارنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە ئەمەسلىكىنى، شەرقتىكى قارلۇقلارنىڭ بىر قىسمى ھەتتا ھەممىسىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق ۋەزىيەت «قارلۇق ئېلى» دېگەن سۆز ھەققىدىكى ئىزدىنىشىم بىلەن دەل ماس كېلىدۇ. X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قارلۇق خانلىقى پارچىلىنىپ كەتكەن. بۇرۇن «قارلۇقلار» دەپ ئاتالغان قوۋملار ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ كەتكەن.

بىز بەلخىنىڭ ئامۇدەرياسى قىرغىقىدىكى بەلختە ياشىغانلىقىنى، بەلخى بىلەن ماۋارەئۈننەھر رايونىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. شۇڭا، بەلخى ماۋارەئۈننەھر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار بىلەن تونۇشلۇق. ئىستەخرى ماۋارەئۈننەھرنى ساياھەت قىلغاندا، مەۋارەئۈننەھردىن تالاس ئارقىلىق جۇڭگوغا ماڭغان كىشىلەرنى ئۇچراتقان. ئۇ ئەرەبلەرگە قوشنا بولغان تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلار بىلەن تېخىمۇ تونۇشلۇق. يەنە تېخى ئۇنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىغىمۇ توغرا قاراشتا ئىكەنلىكىنى

سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدىم. شۇڭا، بەلخى بىلەن ئىستەخرىنىڭ تەۋرىتىپغىنىنىڭ غەربىي قىسمىغا دائىر خاتىرىسىگە ئىشىنىشكە بولىدۇ.

«ھۇدۇدۇلئالەم» بىزگە قارلۇق خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى بەزى تەپسىلىي ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بېرىدۇ. مەزكۇر كىتابنىڭ 15-، 16-، 17- بابلىرىدىكى ماتېرىياللار ئىستەخرىنىڭ كىتابىدىكى ماتېرىياللاردىن كېيىن بولسىمۇ، مەزكۇر كىتاب تاماملانغان دەۋردىكى ئىش ئەمەس[57]. XV باب «قارلۇقلار ئېلى ۋە ئۇنىڭ شەھەر – بازارلىرى»دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، قارلۇقلار ماكانىنىڭ غەربىي تالاسقا 100 كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان كۆلاندىن ئېشىپ كەتمەيدىغانلىقىنى، ئۇ يەرنىڭ ئەرەب ئەللىرى بىلەن چېگرىداش دېيىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالىمىز. ئېنىقكى، ئەرەبلەرنىڭ تەسىر كۈچى تالاستىن شەرققە قاراپ يەنە ئىچكىرىلەپ كىرگەن. شۇڭا، قارلۇقلارنىڭ شەرقىي چېگرىسى جامغاردىن كەينىگە يۆتكەلگەن. ھەتتا ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي بۇرجىكىدىكى بارسخانغا كېلىپ قالغان، يەرلىك ئاھالىلەرمۇ قارلۇق ھۆكۈمرانلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەن.

مەزكۇر كىتابنىڭ 16- بابىدا چىقىللار تەسۋىرلەنگەن. بۇ كىتابتا ۋە مەرۋىزىنىڭ كىتابىدا چىقىللار ئەسلىي قارلۇقلارغا تەۋە ئىدى دېيىلگەن[58]. چىقىللارنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن قارلۇقلارنىڭ بىر قوۋمى بولمىش چىگىللار ئىكەنلىكى ئېنىق[59]. قارلۇقلار ئىچىدىكى بۇ چوڭ ئۇرۇق مۇستەقىللىققا چىقىپ، بىر ناھىيە (رايون)نىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغان.

مەزكۇر كىتابنىڭ 17- بابىدا تۇخسىلار تەسۋىرلەنگەن.

گەردىزىنىڭ كىتابى[60]دا نەۋاكات (يېڭى شەھەر)دىن چىگىل ۋە تۇخسىلار رايونىغا بارىدىغان يولنى بايان قىلغاندا، تۈركىي قوۋملار چوقۇنىدىغان بىر تاغ بارلىقىنى، بۇ تاغ سۇيابنىڭ شىمالىدىكى خەتتەنتاغ بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، بۇ مۇقەددەس تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن،[61] ۋىلايەتى تۈركىستان (تۈركەشلەر رايونى) بولۇپ، ئۇنىڭ تۇخسى ۋە ئاز قوۋمىدىن تەركىب تاپقانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇ يەردىكى ئۆزكەت بىلەن ئاز ئارىلىقىدا سۇياب دېگەن كەنت بار ئىكەن. مەرۋىزى كىتابىدا: قارلۇقلار تۇلىس (تۇنىس) تېغىدىن كۆچۈپ كەلگەن، تۈركەشلەر زېمىنىنى ئىدارە قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدا تۇخسىلار بار بولغان، دەيدۇ[62]. بۇنىڭدىن قارىغاندا، تۇخسىلار مىنورسكىي پەرەز قىلغاندەك، تۈركەشلەرنىڭ قوشۇۋالغان قوۋمىنىڭ بىرسى بولۇشى مۇمكىن[63]. لېكىن، قارلۇقلار تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، قارلۇقلارنىڭ قول ئاستىدا قالغان تۇخسىلارمۇ مۇستەقىللىققا چىققان. بۇددا مۇكالىمىسىنىڭ 6551- ۋارىقىغا ئاساسلانغاندا، قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا ئات - تۆگە ئولپان تاپشۇرغان تۇخسىلار بەلكىم قارلۇقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغان تۇخسىلار بولۇشى مۇمكىن[64].

«ھۇدۇدۇلئالەم»دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەسلى قارلۇقلارغا تەۋە زېمىنىنىڭ دائىرىسى تولىمۇ چوڭ بولۇپ، غەربتە ئوغۇزلار ئېلىغىچە، شەرقتە توققۇز ئوغۇزلارغىچە بولۇپ، ھەتتا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ئېتىكىدىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بەش شەھىرىنىڭ بىرى بولمىش جامغارمۇ قارلۇقلارغا تەۋە

ئىكەن. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى قارلۇقلارغا تەۋە ئەسلىدىكى جايلار بونجول (ئۇنسۇ)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەتتا قەشقەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن[65]. لېكىن، ھازىر شەرق ۋە غەرب چېگرىسىنى يوقىتىپ قويغان، قېپقالغان قارلۇقلار دېگۈدەك ئۆز ئالدىغا بولۇۋالغان[66]. قارلۇقلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولمىش قەبىلىگە تەۋە جايلارمۇ خارابىگە ئايلانغان ئىدى (X V باب).

نۇنكەت (تۇمكەت)[67] بىر قاتناش ئېغىزى بولۇپ، ھازىر تاشلىنىپ قالغان، ئۇ يەردە قارلۇقلارنىڭ ئاندا ـ ساندا كىگىز ئۆيلىرى بار بولۇپ، ئوغرى ـ قاراقچىلارنىڭ گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ يوقىلىپ كېتىدىغان يېرى بولۇپ قالغان.

بارسخان ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي بۇرجىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ دېھقانى (ئاقساقىلى) قارلۇقلاردىن بولسىمۇ، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قەلبى دېگۈدەك قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى (توققۇز ئوغۇزلار)غا تەلپۈنىدىكەن.

بۇنىڭدىن باشقا، سوياب ئەتراپىدا كۆكيال، ئاتلالىغ، لۇلىغ (ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى يابغۇنىڭ قېرىندىشى ئىكەن) ئۇزكەس، مىلجكەس (يابغۇخانغا تەۋە)[68]، كىمىنكەس (بۇ يەردىكى قارلۇقلار لىبەن دەپ ئاتايدۇ)[69] ۋە ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىدىكى تىوڭ بالىق ئەتراپىدا تۇنىل، تەلخىزا[70] قاتارلىقلارنىڭ بارلىقىنى، قارلۇقلارنىڭ ماكانى بىلەن تۇخسىلارنىڭ كەنتلىرىمۇ بارلىقىنى، چىگىللارنىڭ ئالاتاۋ تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىدىكى كوپا دەرياسى ۋادىسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئەتراپى بىلەن يەنە ئىسسىق كۆلنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى ئىسسىق بالىق بىلەن ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىي

جەنۇبىغا توغرا كېلىشى مۇمكىن بولغان ياربالىق[71] بارلىقىنى كۆرۈۋالىمىز. ئىسسىق كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى بىرنەچچە قەبىلىنىڭ ئارىلاش ئولتۇراقلاشقانلىقى ھەم بىر-بىرىگە تەۋە بولماسلىقىدەك ئەھۋاللار، بۇرۇنقى قارلۇق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ھەقىقەتەن يىمىرىلىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قارلۇق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنى دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر ئارىسىدىكى 6551- ۋاراقتىكى بۇددا مۇكالىمىسى ئىسپاتلايدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بۇ مۇكالىمىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى ئالىملار 930- يىلى ئەتراپىدا ئىكەن دەپ تەتقىق قىلىپ چىققان[72]. ئۇ مۇكالىمىدە قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇدرەتلىكلىكىنى تەسۋىرلىگەندىن كېيىن، «شۇنىڭ بىلەن قارلۇقلار، ياغمىلار، يېمەكلار، تاتارلار بەيئەت قىلىش بەيگىسىگە چۈشۈپ، بەس-بەستە ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىت سوۋغا قىلىشتى. تۇخسىلار ئات-تۆگە ھەدىيە قىلسا، تۈبۈتلەر ئالتۇن-كۈمۈش سوۋغا قىلدى. باسمىللار ئەزەلدىن مەدىكارىمىز بولۇپ كەلدى. قىرغىزلار بولسا قول-دېدەكىمىز بولۇپ كەلدى. باشقا قەبىلىلەر قۇشقاچ بۆركۈتتىن قورققاندەك ئاستانىگە ئەيمىنىپ ئاران كېلىپ، يولۋاستا ئۇچراپ قالغان قويدەك شۈمشىيىپ، ئېلىمىزنى قۇدرەتلىك، دەپ ماختاپ كېتىشلىرى ھەرگىز يالغان ئەمەستۇر» دېيىلگەن.

قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇدرەتلىكلىكىنى بۇنداق تەسۋىرلەشتە روشەن ئەدەبىي ئىجادىيەت تۈسى بار. ئەمما، قارلۇقلار، ياغمىلار ۋە تۇخسىلارنىڭ بەيئەت قىلىپ ئولپان

تاپشۇرغانلىقى، دەل تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قارلۇق خانلىقىنىڭ پارچىلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ يەردە تېخى ئۇلارنىڭ زېمىنى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى، دەپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ يەردىكى تۈركىي قوۋملار پەقەت ئەلچى ئەۋەتىپ بەيئەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن ھەم ئولپان ھەدىيە قىلىشقان، خالاس. بۇ ئەھۋاللارمۇ «ھۇدۇدۇلئالەم»دىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ماكانىغا دائىر تەسۋىرلەرگە ماس كېلىدۇ.

بىراق، 947- يىلى قوزۇققا ئويۇلغان ئۈچىنچى نومۇرلۇق ۋەسىقە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ تەۋەلىكىنى ئوخشاش بولمىغان يەنە بىر خەرىتە بىلەن تەمىنلەيدۇ. قوزۇققا ئويۇلغان ۋەسىقىدە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ غەربتىكى تەۋەلىكى نۇچ بىلەن بارسخانغىچە يېتىپ بارغان. يۇقىرىقى بايانىمدا 893- يىلى ئەرەبلەرنىڭ تالاسنى ئىگىلىگىنىگە قاراپ بۇ ئىككى جاي تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي ئۈچىدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ پەرەز قىلغانىدىم. بارسخان «ھۇدۇدۇلئالەم»دىكى بارسخان بولۇپ، ئىسسىق كۆلنىڭ قىرغىقىدىكى بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىلىرى توققۇز ئوغۇزلارغا تەلپۈنىدىكەن. ئۇ يەرنىڭ ئاقساقىلى قارلۇقلاردىن بولسىمۇ، قارلۇقلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولمىش قەبىلە بۇ شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىكەن. نۇچ ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى «ناۋكەس» (سويابقا شەرق تەرەپتىن ئۈچ پەرسەخ، 18 كىلومېتىر كېلىدۇ)، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى يېڭى شەھەر (سويابقا شەرق تەرەپتىن 40 چاقىرىم، يەنى 20 كىلومېتىر كېلىدۇ)دۇر. ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قارلۇقلار، تۇخسىلار ۋە چىگىللار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان

رايون «نەۋكەت»تىن باشقا ئاساسلىق شەھەرلەردىن سوياب بىلەن بالاساغۇن بار.

قوزۇققا يېزىلغان ئۈچىنچى نومۇرلۇق ۋەسىقىدە قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەۋەلىكى غەربتە بۇ رايونلارغىچە ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، تەۋە جايلارنىڭ غەربكە كېڭىيىش جەريانى خاتىرىلەنمىگەن. بەختىمىزگە نىزامۇلمۇلۈك «سىياسەتنامە» دېگەن ئەسىرىدە بىر بايان بىلەن تەمىنلەپ، 943- يىلىدىن سەل ئىلگىرىرەك بىر قىسىم مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەرنىڭ بالاساغۇننى ئىگىلىۋالغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن(73). بۇ مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەرنى قەشقەردىكى تۈركىي قوۋملار ۋە سۇتۇق بۇغراخان دېگۈچىلەر بولسىمۇ(74)، ھېچقانداق تارىخىي ئاساس يوق. شۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل كېيىن قوزۇققا يېزىلغان ئۈچىنچى نومۇرلۇق ۋەسىقىدىكى تەسۋىردىن قارىغاندا، بۇ مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەر قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بولۇپ، ئاتالمىش بالا ساغۇننى ئىگىلىۋېلىشى بولسا تەۋەلىكىنى بۇ جايلارغىچە كېڭەيتىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، يۇقىرىقى بارلىق ماتېرىياللار بىزگە X ئەسىرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نەچچە ئون يىلىدا، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا خوجا بولۇش ۋەزىيىتىدە بولۇپ، ئىلگىرى ھەرقايسى قەبىلە - ئۇرۇقلارنى بىر تۇتاش ئىدارە قىلىدىغان قارلۇق قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ كەتكەنلىكىنى، يېڭى نوپۇز - ھاكىمىيەتنىڭ تېخى ۋۇجۇدقا كەلمىگەنلىكىنى تونۇتىدۇ. بۇنداق ۋەزىيەتكە ئالىملار دېگۈدەك سەل قارىدى، ھەتتا خاتا ئىزاھلىدى. لېكىن، دەل مۇشۇنداق پارچىلىنىش ۋەزىيىتىدە،

تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بەزى تۈركىي قوۋملارنىڭ يۇقرالىرى كونا ئەنئەنىنى بۇسۇپ ئۆتۈپ، ئىسلاملىشىش يولىغا ماڭدى.

## §3 . سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى پائالىيەتلىرى

تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ ئىسلاملىشىشىنى سۇتۇق بۇغراخان باشلىغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت كەڭ تارقىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئالىملار بۇ شەخسكە دىققەت قىلىشقا باشلىغان. 1875-يىلى كالكۇتتادا نەشر قىلىنغان «1873- يىلى ياركەنتنى تەكشۈرۈش دوكلاتى»دا دوكتور بېللېۋ «تەزكىرەئى بۇغراخان»دىن پايدىلىنىپ، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ هاياتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان[75]. ئۇزاق ئۆتمەي روبېرت شاۋ بۇ تەزكىردىن تاللاپ تەرجىمە قىلغان ۋە «تۈركىستان تۈركچىسىنىڭ گرامماتىكىسى ھەققىدە تېزىس»قا كىرگۈزۈلگەن[76]. 1881- يىلى خ. گ. راۋېرتى «تەبەكەتى نەسرى»نى تەرجىمە قىلىپ، شەرھى يازغاندا گەردىزىنىڭ كىتابىدىكى بەزى خاتىرىلەرنى نەقىل ئالغان[77]. 1893- يىلى س. لانېپولو خانلىق يىلنامىسىدە سۇتۇقنى خانلىقنىڭ قۇرغۇچىسى قىلىپ شەجەرە تۈزۈپ چىققان بولسىمۇ، دەۋرى ئېنىق ئەمەس، دەپ ئىزاھلاپلا قويغان[78]. ئىككى يىلدىن كېيىن، ن. ئېلىياس «تارىخى رەشىدى»نى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغاندا، سۇتۇق تىلغا ئېلىنغان جايغا

«رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇ خاقان پۈتكۈل تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىكەن. زېمىنى شەرقتە جۇڭگو چېگرىسىغا يەتكەن ئىكەن، ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئانچە بۇرۇن بولمىغان چاغدا، يەنى X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئەتراپىدا تېخى بۇخارانىمۇ بېسىۋالغانمىش» دېگەن ئۇزۇن بىر ئىزاھنى قوشۇۋەتكەن[79]. ئۇ بۇلارنى «تەزكىرەئى بۇغراخان»دىن ئالغان ئىكەن. 1900- يىلى م. ف. گرېنارد ئەرەب - پارسچە ۋە چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن بەزى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ياۋروپا تىللىرىدىكى تەرجىمىسىدىن پايدىلىنىپ «تەزكىرەئى بۇغراخان»نى تەپسىلىي تەتقىق قىلغان ھەم بۇرۇنراق يېزىلغان بىر قولىيازمىغا ئاساسەن، بۇ ماتېرىيالنى قايتىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلغان[80]. بۇنىڭدىن باشقا برېتسنېيدېر، ئې. د. روسس قاتارلىق ئالىملارمۇ بۇ شەخسنى تىلغا ئالغان[81]. بىراق، يۇقىرىقى تەتقىقاتلارنىڭ ماتېرىيال ئاساسى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. ئالىملار ئاساسەن خېلى كېيىنكى چاغلاردا يېزىلغان «سۇتۇق (بۇغراخان) تەزكىرىسى»دىن پايدىلانغان. بۇ ئەسەرلەردە دېنىي تۈس قويۇقراق بولۇپلا قالماستىن، ھەرقايسى نۇسخىلىرىدىكى بايانلارمۇ دېگۈدەك بىر-بىرىگە مۇخالىپ كېلىدۇ.

1898- يىلى مەشھۇر شەرقشۇناس بارتولد «موڭغوللار ئىستېلاسىغىچە تۈركىستان» دېگەن ئەسىرىنىڭ بىرىنچى تومى بولمىش «تارىخىي ماتېرىياللار» قىسمىغا «مۇلھەقەتۇل سۇرراھ» (سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما)نى تاللاپ تەھرىرلەپ كىرگۈزۈپ، تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئاساس سالغان بولسىمۇ، بارتولد بۇ تارىخىي ماتېرىيالنىڭ

قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە دائىر خاتىرىلەر ئىچىدە رىۋايەت تەركىبى بىلەن زىددىيەتلىك مەزمۇنلىرى بەك كۆپ ئىكەن،[82] دەپ قاراپ، بەك ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىپ كەتمىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ تارىخىي ماتېرىيالمۇ ھېچقانداق باشقا بىر تىلغا تولۇق تەرجىمە قىلىنمىغاچقا، كېيىنكى چاغلاردىكى ئالىملار ئاساسەن بارتولدنىڭ كۆزقارىشىنى نەقىل ئېلىپ كېلىشتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدا سۇتۇق بۇغراخانغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرنى تولۇق تەتقىق قىلغان بولسىمۇ، قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتى قارلۇق قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان، دېگەن قىياسىنى دەلىللەش ئۈچۈن، ھەرقايسى تارىخىي ماتېرىياللارنى ئىزاھلاشتا ئاساسەن ئادالەتسىزلىك قىلغان[83]. ياپونىيىلىك ئالىملارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللارنى تاللاپ تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئەھۋالىنى خانېدا ئاكىرانىڭ «سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەنلىكىگە دائىر رىۋايەتلەر توغرىسىدا[84]»دىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خانېدا ئاكىرا ماقالىسىدە ئاساسەن «مۇلھەقەتۇل سۇرراھ» ۋە كېيىنكى چاغلاردا يېزىلغان «بۇغرا خانلار تەزكىرىسى»دىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى تاللاپ تەرجىمە قىلغان ھەم ئازراق تەتقىقاتمۇ ئېلىپ بارغان. بۇ ئەينى چاغدىكى ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتى تېخى چوڭقۇرلاشمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دۆلەت ئىچىدىكى ئالىملارمۇ خېلى بۇرۇنلا بۇ تارىخىي شەخسكە دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرغان، ۋاڭ رىۋېينىڭ «كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىزدىنىش» (1935- يىلى) دېگەن ماقالىسى بىلەن فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلۇ ۋە مۇ

گــۇاڭــۋىنلار تۈزگــەن «ئۇيغــۇر تارىخىغــا دائىــر ماتېرىياللاردىــن قىســقىچە توپــلام» (1- قىســىم 1958- يىلــى نەشــرى)دىمــۇ بــۇ شەخسنى تىلغا ئالغان[85]. 70- يىللاردىن كېيىن بۇ شەخس توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ كۆچەيدى[86]. يېقىندا «سۇتۇق (بۇغراخان) تەزكىرىسى»نىڭ ئۈچ نۇسخىسى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى. يەنى:[87]

1) مولــلا هــاجى يازغــان «بۇغــراخانلار تەزكىرىســى — قاراخانىيلاردىــن ســۇتۇق بۇغــراخان ۋە ئۇنىــڭ جەمەتىنىــڭ قىسقىچە تارىخى» ئەسلىي قولىيازما بولۇپ، بۇنى كاتىپ موللا يۈسۈپ كۆچۈرگەن. يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.

2) «ئەبۇناسىر سامانىي تەزكىرىسى» (مۇئەللىپى نامەلۇم)، بۇنىــڭغا «ســۇلتان ســۇتۇق بۇغــراخان غــازى تەزكىرىســى» كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئەسلىي مەنبەسى ئېنىق ئەمەس. ئاخىرىغا «هىجرىيىنىڭ 1321 - يىلى جامادىيەلئاخىرنىڭ 13 - كۈنى (1903- يىلى 8- ئاينىڭ 7- كۈنى)» دەپ ئىزاھلانغان.

3) خوجا ئەبۇناسىر سامانىي تەزكىرىسى، خاقان ۋە خاقان ئوغلى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى، «خوجا ئەبۇناسىر سامانىي ئوغلى ئابدۇپەتتار تەزكىرىسى» (مۇئەللىپى نامەلۇم) ئاخىرىغا: «ئۆزبېكىستاننىڭ نەمەنگاندىكى ئىساقىيە چاپخانىسىنىڭ ‹تەزكىرە تۇلئەنبىيا› (1931- يىلى)نىڭ 86—117- بەتلىرىدىن تەرجىمە قىلىندى» دەپ ئىزاھلانغان.

بۇ ئۈچ نۇسخا تەزكىرىنىڭ ۋەقەلىكى ئوخشاش بولسىمۇ، بەزى مۇھىم پەرقلەرمۇ بار. مەسىلەن، سۇتۇقنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى بىرىنچى نۇسخىدا هىجرىيىنىڭ 409 - يىلى (1018-، 1019- يىلى) دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى

نۇسخىدا ھىجرىيىنىڭ 429 - يىلى (1037-، 1038- يىلى) دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇنداقتىمۇ دۆلەت ئىچىدىكى ھازىرقى ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى غەرب ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى نەقىل ئالغان ياكى «سۇتۇق (بۇغراخان) تەزكىرىسى»دىنلا پايدىلانغان. بۇنداق ھالەت تەڭرىتاغ رايونىنىڭ ئىسلاملىشىشىنى تەتقىق قىلىشقا تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. شۇڭا، مەن سۇتۇققا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل خاتىرىلەرنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ پائالىيىتىگە دائىر بايانلارنى تەتقىق قىلىمەن ھەم ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى مۇلاھىزە قىلىمەن. سۇتۇق ۋە قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىگە دائىر مەسىلىلەر ھەققىدە مۇشۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قوشۇمچىسىدا[88] تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ مۇلاھىزە قىلىمەن. ئۇنىڭدا مىللەت تەۋەلىكىگە دائىر ھەر خىل قىياسلارنىڭ تارىخىي ماتېرىيال ئاساسى بولسىمۇ، تېخى ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدىغانلىقى بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ.

## 1. سۇتۇقنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى پائالىيەتلىرىگە دائىر دەسلەپكى مەزگىللەردىكى خاتىرىلەر

بىلىشىمىزچە، سۇتۇقنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەنلىكى توغرىسىدىكى تۇنجى خاتىرە گەردىزىنىڭ «زەينۇل ئەخبار»دا ئۇچرايدۇ. بۇ ئەسەر 1050- يىلى ئەتراپىدا تاماملانغان[89]. راۋېرتى «تەبەكەتى نەسىرى»نى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغاندا، كۆپ سانلىق ئەرەب ـ پارس مۇئەللىپلىرى قاراخانىيلارنىڭ

دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئەھۋالىدىن بىخەۋەر بولسىمۇ، ئەبۇ سەئىد ئابدۇھەيىي ئىبنى دەۋھەق گەردىزىدەك بەزى كىشىلەر ئىلگىرىرەك ئەھۋاللارنى خاتىرىلەپمۇ قويغان، دەپ ئىزاھلىغان[90]. ئۇ «شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ خاتىرىسى بويىچە بايان قىلدىم» دەيدۇ. قاراخانىيلارنىڭ خانلىرىنى بايان قىلغاندا، راۋېرتى سۇتۇقنى سۇتۇق خوجا دەپ ئاتاپ، «ئالىف (؟ئەۋفى)نىڭ كىتابىدا، ئۇ سۇتۇق قاراخان» دەپ ئاتالغان[91]؛ سۇتۇقنىڭ ئىسلامغا كىرگەن ۋاقتىنى ھىجرىيىنىڭ 315- يىلى (927- يىلى) ياكى 320- يىلى (932- يىلى) بولۇشى مۇمكىن دېسىمۇ، بۇ ھەقتە ھېچقانداق خاتىرە ئاساسىنى كۆرسەتمىگەن. ئۇ يەنە: ۋەقە سۇتۇقنىڭ مۇھىم بىر چۈش كۆرۈشى بىلەن كېلىپ چىققان[92]، «سۇتۇق خوجا ۋاپات بولغان ۋاقىت ھەققىدە ھېچقانداق خاتىرە يوق. كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. مۇسانىڭ ۋاپات بولغان يىلى ھەققىدىمۇ ئوخشاشلا خاتىرە يوق» دەيدۇ. قولىمىزدا گەردىزىنىڭ ئەسلىي كىتابى بولمىغاچقا، گەردىزىنىڭ زادى نېمە دەپ يازغانلىقىنى بىلمەيمىز. مەزمۇنى گەرچە ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ، بۇنى بىز ئۇچراتقان سۇتۇق بۇغراخانغا مۇناسىۋەتلىك تۇنجى خاتىرە، دەپ قارىساق ئەلۋەتتە خاتا بولمايدۇ[93].

XIV ئەسىرنىڭ بېشىدا تاماملانغان جامال قارشىنىڭ «مۇلھەقەتۇل سۇرراھ» دېگەن ئەسىرىدە «تارىخى كاشغەر»نىڭ بىر قىسمى ساقلانغان. «تارىخى كاشغەر»نىڭ مۇئەللىپى ئەبۇ فۇتۇھ ئابدۇغەففار ئالمائى كاشغەرى ئەينى چاغدىكى مەشھۇر ئالىم بولۇپ، سەمئانى (ھىجرىيىنىڭ 562- يىلى، مىلادىيە 1166- يىلى ۋاپات بولغان)نىڭ «كىتابى ئەنساب» دېگەن

ئەسىرىدىكى قەشقەرگە مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر ئاساسەن ئۇنىڭ ئەسىرىدىن ئېلىنغان ئىكەن[94]. ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق بولمىسىمۇ، ھىجرىيىنىڭ 466- يىلى (1073-، 1074- يىلى) ئەتراپىدا ۋاپات بولغان، دەپ پەرەز قىلىمەن[95]. سەمئانىنىڭ ئېيتىشىچە ئالمائى كاشغەرى ئاتىسىدىن 10 يىل بۇرۇن ۋاپات بولغان ئىكەن. جامال قارشى ئۇنىڭ ئاتىسىنى ھىجرىيىنىڭ 486- يىلى (1093- يىلى 2- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 1094- يىلى 1- ئاينىڭ 20- كۈنىگىچە) ۋاپات بولغان دېگەن. ئۇنداقتا ئالمائىنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى تەخمىنەن ھىجرىيىنىڭ 476 -يىلى(1083-، 1084- يىلى) بولىدۇ[96]. ئۇنىڭ كىتابىنى تاماملىغان ۋاقتى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئىشقىلىپ گەردىزىنىڭ كىتابىدىن بۇرۇن ئەمەس. ئۇ[97]: «سۇتۇق بۇغراخان مۇجەھىد(غازى) ئابۇكەرىم ئىبنى بازىر ئارسلانخان ئىبنى بىلگە كۆرقادىرخان[98] ئاپراسىياب ئىبنى بەشانك ئەست(؟) ئىبنى رەسمانىنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. ئۇ (ئاپراسىياب؟) تۇر ئىبنى ئەفرىدۇن ئىبنى ... يافەس ئىبنى نوھ[99] (ئامان بولغاي) بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇ (سۇتۇق) خەلىپە مۇتىئى (ھىجرىيىنىڭ 334 — 363- يىلىغىچە، مىلادىيە 946 — 974- يىلىغىچە) زامانىدا ھەق يولىغا كىرگەن ئەمىر ئابدۇمەلىك ئىبنى نوھ سامانىي (ھىجرىيىنىڭ 343 — 350- يىلىغىچە، مىلادىيە 954 — 961- يىلىغىچە) ھاكىمىيەت تۇتقاندا كاشغەر ۋە پەرغانىدىكى تۈركىي خانلار ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان. يۇقىرىدا مۇپەسسىرلەرنىڭ بايانىدا تىلغا ئالغان شەيخ، كاتتا زات ئىمامى ئەبۇ ئابدۇللا ھۈسەيىن فىردەۋسىنىڭ ئوغلى، كارامەتلىك، تاكامىل، كارئەھلى ئىمام ئەبۇ فۇتۇھ ئابدۇغەففار (ئالمائى كاشغەرى) — ئاللا ئۇ

ئىككىسىنى ئامان قىلغاي — ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىرى بولمىش «تارىخى كاشغەر»دە ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنى بايان قىلغان.

سۇتۇقنا دائىر بۇرۇنراق يېزىلغان خاتىرىلەر يەنە ئىبنى ئەسىرىنىڭ «كامىل فىت تارىخ»تا ئۇچرايدۇ. «كامىل فىت تارىخ» ئەرەب - پارس ئەللىرىدىكى ئەڭ مۇھىم يىلنامىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مۇئەللىپ مەزكۇر كىتابىنىڭ ھىجرىيىنىڭ 536- يىلى (1141-، 1142- يىلى)دىكى ۋەقەلەر بايانىدا مەشھۇر كاتىۋان يايلىقىدىكى ئۇرۇش ۋە ئۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى تەسۋىرلىگەندە قاراخانىيلارنى تىلغا ئېلىپ، «ئاڭلىشىمچە كاشغەر، بالاساغۇن، خوتەن ۋە تالاس قاتارلىق تۈركىستان رايونى بىلەن ئۇنىڭغا قوشنا ماۋارەئۇننەھرنىڭ سىرتى ئىلگىرى خاقانىيە تۈرك مۇلۇك (خاقان)لىرىنىڭ قولىدا ئىكەن»، «ئۇلار ئاپراسىياب تۈركلىرىنىڭ ئەۋلادى ئىكەن، ئەجدادىنىڭ ئىسمى سۇتۇق قاراخان ئىكەن» دەيدۇ[100].

بۇنىڭدىن باشقا، ھىجرىيىنىڭ 520- يىلى (1126- يىلى) تاماملانغان، مۇئەللىپى نامەلۇم «مۇجمەل تاۋارىخ ۋە قىساس» دېگەن ئەسەر ئىچىدىنمۇ سۇتۇقنىڭ ئىسمىنى ئۇچرىتىمىز[101].

شۇنداق قىلىپ، XI ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان بەزى مۇھىم تارىخنامىلەرنىڭ ھەممىسىدىن سۇتۇق بۇغراخانغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر بارلىقىنى كۆردۇق. بۇ خاتىرىلەرنى ئاساسەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى تۈردە سۇتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىنى ئۇنىڭ بىر قېتىملىق چۈشىگە باغلاپ قويغاندىن ئۆزگە، باشقا بايانلار

كەمچىل. يەنە بىر تۈردىكى خاتىرىلەر خېلى تەپسىلىي بولۇپ، كونكرېت ۋەقەلىكلەرمۇ بىرىنچى تۈردىكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ ئىككى تۈرلۈك خاتىرىلەر ھەقىقەتەن سۇتۇق ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئۆتكەنلىكىنى، دەل ئۇنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي قوۋملارنى ئىسلاملىشىشقا يېتەكلىگەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

## 2. سۇتۇقنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئاساسلىق پائالىيەتلىرى

سۇتۇقنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئاساسلىق پائالىيەتلىرى ئەرەبچە «تارىخى كاشىغەر»دە تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن. بۇ مەزمۇنلارنى «مۇلھەقەتۇل سۇرراھ»تىن كۆرۈۋېلىڭ.

بۇ خاتىرىدە ئەينى چاغدىكى ئەرەبلەرنىڭ، بولۇپمۇ سامانىيلار تەۋەلىكىدىكى سودا كارۋانلىرىنىڭ قەشقەر، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىكى پائالىيىتى، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئەرەب سودا كارۋانلىرى ئېلىپ كەلگەن تاۋارلارنى ياقتۇرىدىغانلىقى ھەم ئەرەب سودىگەرلىرىنىڭ ئېتىقاد ئادىتىنىڭ يەرلىك خەلققە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى سۆزلەنگەن. بۇ خاتىرىدە يەنە سۇتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىنىڭ جەريانى، ئەبۇ ناسىر سامانىينىڭ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش جەريانىدا ئەرەبلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكىدەك ئەھۋاللار سۆزلەنگەن. ئاخىردا:

«ھىجرىيىنىڭ 344- يىلى (955- يىلى 4- ئاينىڭ 27-

كۈندىن 956- يىلى 4- ئاينىڭ 14- كۈنىگىچە) جاھانگىر سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ مەشھەتى (قەبرىسى) كاشغەرنىڭ ئاتۇش دېگەن كەنتىدە بولۇپ، ھازىر بەزىلەر بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى، بەزىلەر بۇ يەرگە تاۋاپقا كېلىدۇ» دېيىلگەن.

بۇ خاتىرە كېيىنكى چاغلاردا يېزىلغان «بۇغراخان تەزكىرىسى»نىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرى بىلەن ئوخشاش، يەنى كېيىنكى چاغلاردا يېزىلغان تەزكىرىلەردىمۇ سۇتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشىنى سامانىي شاھزادىسىگە باغلاپ قويغان. ھەتتا ھېلىقى شاھزادىنىڭ ئىسمىغىمۇ «ناسىر» دېگەن ئىسىم قوشۇپ قويۇلغان. سۇتۇق ئاستىرتتىن ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، تاغىسى شۇبھىلىنىپ قالغاچقا، ئۇ لەشكەر تارتىپ تاغىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، خانلىقنى تارتىۋالغان دېيىلگەن. بۇلار كېيىنكى دەۋرلەردە يېزىلغان تەزكىرىلەر بىلەن «تارىخى كاشغەر»نىڭ مەلۇم مەنبە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى، ھېچبولمىغاندا، بۇلاردا مەلۇم ئورتاق تارىخىي مەنبە بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، كېيىنكى چاغلاردا يېزىلغان تەزكىرىلەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراجقا چىقىشى، خىزىرنىڭ كارامىتى قاتارلىق بايانلارنىڭ كىرگۈزۈلۈشى، XV ، XVI ئەسىرلەردىن كېيىنكى تەڭرىتاغ رايونىنىڭ ئىسلاملىشىشى تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

«تارىخى كاشغەر»دىكى خاتىرىلەردىن تۆۋەندىكى نۇقتىلار دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

1) 840- يىلى ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، مەڭلىگ تېكىن باشچىلىقىدىكى بىر

قىسىم ئۇيغۇر قوۋملار غەربكە كۆچكەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا يېتىپ بارغان - بارمىغانلىقى ھەم ئۇ يەردە ماكانلاشقانلىقىغا دائىر خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. ئەينى چاغدىكى ۋە كېيىنكى چاغلاردىكى ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردا، يەنى «سەلامنىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، ئىبنى خۇردە زىبھنىڭ «كىتابى مەسالىك ۋە مەمالىك» دېگەندەك ئەسەرلەردىمۇ ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەن چاغلاردا، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمى يەنىلا قارلۇقلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ئەينى چاغدا ماۋارەئۇننەھر رايونىغا سامانىيلار جەمەتى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ئاباسىيە خەلىپىلىكىگە ياردەملىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى توپىلاڭنى تىنچىتىشتا تۆھپە كۆرسەتكەچكە، 819 - يىلى نوھ سەمەرقەنتكە، ئەھمەد پەرغانىگە، يەھيا شاشقا، ئىلياس ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن[102]. چوڭ ئوغۇل نوھ پۈتۈن جەمەتنىڭ كاتتىۋېشى ۋە يۇقىرىقى جايلارنىڭ ھۆكۈمرانى دەپ قارالغان. 839-، 840- يىلى پەرغانىدىكى يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان جەمئىيەتنىڭ قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلانغان نوھ پەرغانە بىلەن ئىسپىجابقا ھۇجۇم قىلغان. «تارىخى كاشغەر»دىكى ئاتالمىش شاشلىقلارنىڭ بىلگە كۇر قادىرخان زامانىدا ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشى ۋە نوھ ئىبنى مەنسۇر رازى سامانىي لەشكەر تارتىپ، ئىسپىجابنى ئىگىلىۋالغانلىقى يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن بىلگە كۇر قادىرخاننىڭ IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تەڭرىتېغىنىڭ غەربىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان شەخس ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

شۇڭا، ھېچبولمىغاندا، سۇتۇق بالىلىق چاغلىرى (12 ياش)دا سىياسىي كۈچلەرنىڭ بۇ مەركىزى كاشغەرگە يۆتكىلىپ بولغان. سۇتۇق بىلەن تاغىسىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئورنى كاشغەر ـ ئاتۇش ئەتراپى بولۇپ، سۇتۇق لەشكەر تارتىپ كېلىپ تارتىۋالغان ئاتباشمۇ بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس[103]. لېكىن، بۇ يۆتكىلىشنىڭ سەۋەبى، جەريانى ۋە ۋاقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان تارىخىي ماتېرىياللار كەمچىل. پرىتساك 893 ـ يىلى يۈز بەرگەن تالاس ئۇرۇشىدىكى قارلۇقلار دەل ئوغۇلچاقنىڭ بىر قوۋمى[104] دەپ قاراپ، «تارىخى كاشغەر»دىكى ئوغۇلچاق قادىرخان بىلەن سامانىيلار ئەمىرى ئىسمائىلنىڭ خەت ئالاقىسى ھەققىدىكى خاتىرىنى ئىلگىرى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن چوڭ بىر ئۇرۇشتىن بېرىلگەن بېشارەت ئىكەن دەپ بىلىپ، بۇ ئىسمائىلنىڭ تالاسقا يۈرۈش قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇ يەنە ئوغۇلچاق يېڭىلگەندىن كېيىن، كاشغەرگە كۆچۈپ كەتكەن، دەپ قارايدۇ. شۇنداقتىمۇ پرىتساك بۇ قىياسلىرى ئۈچۈن ھېچقانداق بىۋاسىتە ئاساس تاپالمىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «قاراخانىيلار قوش خانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويغان شەرقىي تارمىقىنىڭ ھۆكۈمرانى، يەنى چوڭ خاقان ئارسلان قاراخان قارا ئوردا (بالاساغۇن)دا تۇرىدىكەن، غەربىي تارماقنىڭ ھۆكۈمرانى، يەنى ئورۇنباسار خاقان بۇغرا قاراخان ئاۋۋال تالاستا تۇرغاندىن كېيىن، كاشغەرگە كۆچكەن ئىكەن، كېيىن يەنە تالاسقا قايتىپ كەتكەن ئىكەن» دېگەن يېڭى قىياسى ئارقىلىق، يۇقىرىقى پەرەزنى ئىزاھلىغان. بۇنداق تۈزۈم بويىچە بولغاندا، تالاستىكى كاتتىۋېشى ئورۇنباسار خاقان بولغان ئىكەن. ئۇ

تۇرۇشلۇق ئورنىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، بالاساغۇندا تۇرۇشقا بولمىغاچقا، كاشىغەرنى ئېيىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمەلىيەتتە پىرىتساكىنىڭ ئەينى چاغدا بالاساغۇندا بىر قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تەمىنلىگەن ماتېرىياللىرى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

ئۇنىڭ نەقىل ئالغان بىرىنچى ماتېرىيالى «كامىل فى تارىخ» تىكى بىر تۈرك شاھزادىسى بولۇپ، ئۇ ھىجرىيىنىڭ 332- يىلى (944- يىلى) سامانىيلارنىڭ قولىدىكى بۇ شاھزادە بولسا سامانىيلار لەشكەر چىقىرىپ ياردەم بەرگەن سۇتۇق بولۇپ، بالاساغۇنغا ھۇجۇم قىلغاندا ئەسىرگە چۈشكەن قاراخانىيلارنىڭ شاھزادىسىدۇر، دەپ قارايدۇ. بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈش «سىياسەتنامە» دىمۇ بېشارەت بېرىلگەن. شۇڭا ئۇ، بالاساغۇندىكى ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان[105].

«سىياسەتنامە»[106] دە: «سامانىيلارنىڭ بەزى سەركەردىلىرى 943- يىلىدىكى بىر قېتىملىق ئەمەلگە ئاشمىغان سىياسىي ئۆزگىرىشتە، بالاساغۇندىكى مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلىشنى باھانە قىلىپ، پۈتۈن لەشكەرلەرنىڭ سەركەردىلىرىنى يىغقان. لېكىن، سىياسىي ئۆزگىرىش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، باھانە بىكىرەك بولۇپ قالغان. يۈرۈش قىلىشنىڭمۇ ئەھمىيىتى قالمىغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. «سىياسەتنامە» دە بۇ پىلاننىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ئېيتمىغان. ھەتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن. «كامىل فىت تارىخ» تىكى ھېلىقى خاتىرە بىزنى ئوخشاش بولمىغان تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ. ئىبنى ئەمىر ھىجرىيىنىڭ 332- يىلى (943-، 944- يىلى) سامانىيلاردا يۈز

بەرگەن بىر قېتىملىق ئىسيان ۋەقەسىنى خاتىرىلىگەندە مۇنداق دېگەن[107]:

«بۇ يىلى ئابدۇللا ئىبنى ئەشكام ئەمىر نوھقا ئاسىيلىق قىلدى. خارەزىمنى مۇستەھكەم ساقلاپ قارشىلىق كۆرسەتتى. نوھ شۇنىڭ بىلەن بۇخارادىن مەرۋىگە بارماي، ئىبراھىم ئىبنى پارسنى قوشۇن باشلاپ بېرىپ تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتتى. قوشۇن يۈرۈش قىلىۋاتقاندا ئىبراھىم ئۆلۈپ كەتتى. ئىبنى ئەشكام تۈرك خانىغا نامە ئەۋەتتى ھەم ئۇنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى. ئەينى چاغدا ھېلىقى تۈرك خانىنىڭ بىر ئوغلى نوھنىڭ قولىدا بولۇپ، بۇخارادا ھەپسىدە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن نوھ خانغا نامە ئەۋەتىپ ئىبنى ئەشكامنى تۇتقاندىن كېيىن، خانىنىڭ ئوغلىنى قويۇۋېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تۈرك خانىمۇ جاۋاب يېزىپ ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى. ئىبنى ئەشكام بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، نوھقا ئەل بولۇپ، خارەزىمدىن ئايرىلدى. نوھ ئۇنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئىلتىپات كۆرسەتتى.»

بۇ خاتىرىدىكى ئىبنى ئەشكامنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئەھۋاللىرى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئىبنى ئەشكامنىڭ پائالىيەت دائىرىسى خارەزىم ئەتراپى بىلەن چەكلەنگەنلىكىنى، ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى بالاساغۇن بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردىكى تۈرك خاقانىنى خارەزىم ئەتراپىدىكى تۈرك خاقانى، يەنى ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ كاتتىۋېشى، دەپ پەرەز قىلىشقا تامامەن بولىدۇ. ئەگەر ئىبنى ئەشكام ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى خارەزىمدىن ئوغۇز تۈركلىرى رايونىغا ئۆتۈپ، ئەرەب كۆچلىرى

ئىگىلىۋالغان تالاسنىڭ شىمالى ئارقىلىق بالاساغۇن (تالاسنىڭ شەرقىدىكى مەلۇم بىر جاي)غا بارغان بولسا، ئۇ نوھقا ئەل بولغاندا خارەزىمدىن قايتا ئۆتۈشى تامامەن بىھاجەت ئىدى. خۇلاسىلىگەندە، بۇ ماتېرىيال سۇتۇقنىڭ دەۋرىدە بالاساغۇندا قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ.

ئۇنىڭ نەقىل ئالغان ئىككىنجى ماتېرىيالى بولسا خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى توڭگۇاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى (925- يىلى ھون جىلۇ)، تيەنچېڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى (927- يىلى ئاقساقال جاڭ مۇجىن)، چاڭشىڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى (931- يىلى، ئاقساقال تۇر ئاز)، تيەنپۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 6- يىلى (941- يىلى شۆتوڭخەي قاتارلىق كىشىلەر) «تۈرك» لەرنىڭ جۇڭگوغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىگە دائىر خاتىرە[108] بولۇپ، پرىتساك بۇلار بالاساغۇندىكى قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى مۇشكۇلاتقا دۇچ كېلىپ، يەنى سۇتۇق ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن سامانىيلار بىلەن بىرلىشىپ بالاساغۇنغا ھۇجۇم قىلغاچقا، ئوتتۇرا ئىنقىلىمغا ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ قىلغان[109] دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»دىكى تيەنشيەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى (928- يىلى) قىتانلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرغان تۈركلەرمۇ قاراخانىيلارنىڭ بالاساغۇندىكى ھاكىمىيىتى، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ كۆزقاراشنى 1900- يىلى گرېنارد ئوتتۇرىغا قويغان[110]. 1955- يىلى ھامىلتون «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»دىمۇ مۇشۇنداق ئۇدۇللاشنىڭ ئېھتىماللىقىنى

سۆزلىگەن[111]. ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بىزدە بۇنداق پەرەز قىلىشنى تامامەن ئىنكار قىلغۇدەك يېتەرلىك ئىسپات يوق. ھون جېلۇ قاتارلىق كىشىلەرنى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، خېشىدىكى ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەر ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدەك بىرقانچە قۇدرەتلىك ھاكىمىيەتنىڭ نېرىسىدىكى بالاساغۇن ھاكىمىيىتى ئوتتۇرا ئىقلىمدىكى قۇدرەتسىز ھاكىمىيەتكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ماتېرىيال تېخىمۇ كەمچىل. يەنە بىر جەھەتتىن، خوتەن ساك تىلى بىلەن يېزىلغان ماتېرىياللاردىن ئەينى چاغدىكى خېشى رايونىدا نۇرغۇن كىچىكرەك تۈركىي قوۋملارنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «ھون» قەبىلىسى بارلىقىنى ئۇچراتتۇق. شۇڭا، توڭگۇاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى كېيىنكى تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە كەلگەن ھون جېلۇ بەلكىم مۇشۇ ئۇرۇقتىن بولسا كېرەك[112]. بۇنىڭدىن باشقا، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»دىكى تيەنشيەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى قىتان خانلىقىغا كەلگەن تۈرك ئەلچىسى بىلەن شىنىسى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى (916- يىلى) قىتانلارنىڭ تەيزۇ خانى لەشكەر تارتىپ بارغان خېشىنىڭ خېچۇ ئەتراپىدىكى تۈركلەر بىلەن بىرەر مۇناسىۋىتى يوقمۇ؟ شۇڭا ھامىلتون يۇقىرىقى ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا «شۇڭا بەش دەۋردە ئوتتۇرا ئىقلىمدىكى سۇلالىلەرگە ئولپان ئەكەلگەن تۈركلەرنى گەنجۇدىن كۇچاغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىرەر قوۋم، دەپ بېكىتىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوقمۇ ئەمەس» دەيدۇ.

ئۇنىڭ نەقىل ئالغان ئۈچىنچى ماتېرىيالى بولسا ئارسلانخان ئاتىقى بار مۇسا ئىبنى سۇتۇقنىڭ بالاساغۇننى

ئىگىلىۋالغانلىقى بولۇپ، پرىنتساك بۇ ئارقىلىق بالاساغۇندا ئەسلىي بىر چوڭ خاقان — ئارسلانخان مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان[113]. لېكىن، مۇساغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاتاق ۋە ئىگىلىۋېلىش ئەمەلىيەت بولغاندىمۇ، پرىنتساكنىڭ قىياسىغا قوشۇلالمايمىز. مۇسانىڭ ئوغلى ئەلى ئارسلانخان (998- يىلى 1- ئايدا ۋاپات بولغان)نىڭ قەشقەردە تۇرىدىغانلىقى[114]، ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى، ھارۇن ئىبنى سۇلايمان بۇغراخاننىڭ بالاساغۇندا تۇرىدىغانلىقى[115] كىشىلەرگە مەلۇم. بۇ ھارۇن بۇغراخان 992- يىلى بۇخارا شەھىرىگە بېسىپ كىرگەن مەشھۇر شەخس. ھارۇن ئىبنى سۇلايمان، ئۇ ئەلى ئىبنى مۇسادىن ئالتە يىل ئىلگىرى ۋاپات بولغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بالاساغۇن ئەلىنىڭ ئوغلى ئەھمەد توغان خاننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ 1003-، 1004- يىلى «قوس ئوردو ھۆكۈمرانى» ئاتىقى بىلەن قويۇلغان پۇل تارقاتقان. ئەلى ئىبنى مۇسا قەشقەردە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كىمنىڭ ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى بىلمەيمىز. 1005-، 1006- يىلىدىن باشلاپ، يۇسۇپ ئىبنى ھارۇن ئىبنى سۇلايمان قادىرخاننىڭ ئىسمى قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە پۇل - ئاقچىلارغا چۈشۈرۈلگەن. بۇ يۇسۇپ قادىرخان بەلكىم 1007-، 1008- يىلى ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق خوتەننى ئىگىلىگەن. كېيىن يەنە 1022- يىلى پەرغانىنى، 1027- يىلى بالاساغۇننى بېسىۋالغان. ئۇ 1032- يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى سۇلايمان ئارسلانخان قەشقەر بىلەن بالاساغۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. 1041- يىلى بۆرە تېكىن ئىبراھىم ئۆزىنى تابغاچ بۇغرا قاراخان،

دەپ ئاتاپ، سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىدى. ئۇنىڭ ماۋارەئۇننەھردە ئۆزىنى قاراخان تىكلىشى بىلەن قاراخانىيلار شەرقىي ۋە غەربىي دەپ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتتى[116]. يۇقىرىقى قىسقىغىنا باياندىن، پرىتساكنىڭ ئاتاق توغرىسىدىكى قىياسى (ئارسلانخاننى چوڭ خاقان، بۇغراخان ئورۇنباسار خاقان)دىن ھېچبولمىغاندا سۇلايمان ئارسلانخاندىن ئىلگىرى قوش خانلىق تۈزۈمى بارلىقىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مۇشۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ سۇتۇقنىڭ دەۋرىدە، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلا قوش خانلىق تۈزۈمى بارلىقى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرى تېخىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. قوش خانلىق تۈزۈمى ھەققىدىكى قىياس ئوغۇلچاقنىڭ تالاس ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، سۇتۇقنىڭ ئەجدادى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي چېتىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنىلا مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ. ھېچبولمىغاندا سۇتۇقنىڭ بالىلىق دەۋرىدە بۇ سىياسىي كۈچ قەشقەرنى ئۆزىنىڭ مەركىزى قىلىپ بولغان، يۆتكىلىشىنىڭ سەۋەبى، جەريانى ۋە ۋاقتى بولسا ئېنىق ئەمەس.

2) «تارىخى كاشغەر»دىكى سامانىيلار جەمەتى ۋە تۈرك خانلىرى شەجەرىسىگە دائىر بايانلاردا قالايمىقانچىلىق ئېپادىلەنگەن. سامانىيلار جەمەتىنىڭ قىسقىچە شەجەرىسى تۆۋەندىكىچە[117]:

ھىجرىيىنىڭ 204- يىلى (مىلادىيە 819- يىلى) نوھ ئىبنى ئەسئەد سەمەرقەنتكە ھاكىم بولغان، ئەھمەد ئىبنى ئەسئەد پەرغانىگە ھاكىم بولغان.

ھىجرىيىنىڭ 250- يىلى (864- يىلى) ناسىر ئىبنى ئەھمەد .

ھىجرىيىنىڭ 279- يىلى (892- يىلى) ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد .

ھىجرىيىنىڭ 295- يىلى (907- يىلى) ئەھمەد ئىبنى ئىسمائىل .

ھىجرىيىنىڭ 301- يىلى (914- يىلى) ناسىر ئىبنى ئەھمەد .

ھىجرىيىنىڭ 331- يىلى (943- يىلى) نوھ ئىبنى ناسىر .

ھىجرىيىنىڭ 343- يىلى (954- يىلى) ئابدۇمالىك ئىبنى نوھ .

ئىسمائىل نوھنىڭ جىيەنى بولۇپ، 892- يىلى ئاكىسى ناسىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھاكىملىقتا رەسمىي ۋارىسلىق قىلغان. لېكىن، «تارىخى كاشغەر»دە ئىسمائىل بىلەن نوھ ۋە كېيىن تىلغا ئالىدىغان ئابدۇمالىكنىڭ ئىنىسى ناسىرنى قېرىنداش، دېگەن. تۈركىي قوۋملار قۇرغان خانلىق ھەققىدە بولسا، بىلگە كۆر قادىرخاندىن سۇتۇقنىڭ تاغىسى ئوغۇلچاققا قەدەر بازىر ئارسلانخاندىن ئۆزگە يەنە بىرنەچچە خان بار بولسىمۇ، كىتابتا تىلغا ئالمىغان. بۇنداق ئۇششاق ھالقىلار-دىكى مۇجمەللىك ۋە قالايمىقانلىق، قەدىمكى قەھرىمانلارغا دائىر رىۋايەت ۋە خاتىرىلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىبنى ئەسىر بىلەن ئالمائى بىلگە كۆرنى ئاپراسىياب بىلەن چېتىشلىق قىلىپ قويغان. بەلكىم سۇتۇقنىڭ زاماندىشى سەللامى بۇ ئىشنى تىلغا ئالغان بولسا كېرەك. XI ئەسىرنىڭ ئاخىرى مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يازغاندا[118] تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، خان، خاتۇن، تېكىنلەرنىڭ

ھەممىسىنى ئاپراسىيابنىڭ ئەۋلادى دەيدۇ، تېخى قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىكى بىر قىسىم شەھەرلەرنىڭ تارىخىنى ئاپراسىيابنىڭ پائالىيىتىگە باغلاپ قويىدۇ. ئاپراسىياب ئاۋتسا دەۋرىدىن بېرى ئىران خەلق رىۋايەتلىرىدىكى تۇران قەھرىمانى بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا ئەرەبلەر تۇرانلىقلار بىلەن ئاپراسىيابنى ھەم تۈركلەرنى بىر گەۋدە دەپ قارىغان[119]. سۇتۇقنىڭ قا دائىر خاتىرىلەردىكى بۇنداق باغلاپ قويۇشنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ۋە شەجەرىسىنى تەتقىق قىلىشتا ھېچقانداق ياردىمى بولمىسىمۇ، بۇ خانلىقنىڭ مەدەنىيەت يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

3) ئەبۇ ناسىر سامانىي سۇتۇقنىڭ قا تەسىر كۆرسەتكەن ھالقىلىق شەخس بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا تېخى ئۇنىڭ يەككە تەزكىرىسىمۇ مەيدانغا چىققان[120]. بىز مۇقەددەسىنىڭ «ئەھسەنۇت تەقاسىم فى مەرەفەتۇل ئەقالىم (ھەرقايسى ئەللەر ھەققىدىكى بىلىملەرنىڭ ئەڭ ياخشى تۈرگە ئايرىلىشى)» دېگەن ئەسىرىدىن، سامانىي ئەمىرى نوھ ئىبنى ناسىر (945-، 954- يىللىرى) ئۈچ ئوغلىنى ئۈچ ۋەزىرگە، يەنى ئابدۇمالىكنى نور جەھانغا، مەنسۇرنى قاسىققا، ناسىرنى رەربفكە تاپشۇرغانلىقىنى ھەم ئوغۇللىرى بىرىنىڭ ئورنىنى بىرسى بېسىپ ئەلنى ئىدارە قىلىشقا قوشۇلدىغانلىقىغا قەسەم قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالىمىز[121]. لېكىن، 954- يىلى چوڭ ئوغلى ئابدۇمالىك ھاكىمىيەتكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى ناسىر ساما- نىيلارنىڭ تارىخ سەھنىسىگە قايتا چىقمىغان. شۇڭا، بار- تولدنىڭ ناۋادا ھەقىقەتەن ئەبۇ ناسىر سامانىي دېگەن كىشى ۋە ئۇ ھەققىدىكى ۋەقەلەر راست بولسا، ئۇ چوقۇم سامانىيلار

ئەمىرى نوھ ئىبنى ناسىرنىڭ ئوغلى ناسىر ئىبنى نوھ ئىبنى ناسىردۇر[122]، دېگەن ھۆكمى ناھايىتى توغرا چىقىرىلغان.
يۇقىرىقى بىرنەچچە نۇقتىدىن باشقا، «تارىخى كاشىغەر» ۋە «مۇلھەقەتۇل سۇرراھ»تىكى سۇتۇقنىڭ ھايات پائالىيىتىگە دائىر يىللارمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## 3. سۇتۇقنىڭ ھايات پائالىيىتىگە دائىر يىللار مەسىلىسى

سۇتۇقنىڭ ھايات پائالىيىتىگە دائىر يىللار ھەققىدە، ئالىملار پەقەت ئۇنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى، يەنى «تارىخى كاشىغەر»دە خاتىرىلەنگەن ھىجرىيىنىڭ 344- يىلى (955-، 956- يىلى) ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدىلا بىردەك پىكىردە بولۇپ كەلدى. باشقا يىللارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار كەمچىل بولغاچقا، دېگۈدەك قىياسەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇرۇن يېزىلغان تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ نەچچە يىل ئۆمۈر كۆرگەنلىكى خاتىرىلەنمىگەن. كېيىنكى چاغلاردا يېزىلغان «سۇتۇق (بۇغراخان) تەزكىرىسى»دە 96 يىل ئۆمۈر كۆرگەن، دەپ خاتىرىلەنگەن، XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ۋاپات بولدى دېيىلسە، بېكىتىلىپ بولغان تارىخىي ئەمەلىيەت بىلەن تامامەن ماس كەلمەيدۇ[123]. گرېنارد بىلەن پرىتساك[124] ئىبنى خەلدۇن (1332— 1406) نىڭ «دۇنيا تارىخى»دىكى بىر خاتىرىسىگە ئاساسلىنىپ، سۇتۇق X ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىسلام دىنىغا كىرگەن، دەپ قىياس قىلىشقان. ئۇ خاتىرىدە[125] تەبەرستاندىكى

بىر شىئە مەزھىپىنىڭ ئىمامى لەشكەر تارتىپ سامانىيلارغا قارشى چىققان. ئۇلارنىڭ سەركەردىسى رەئىلە ئىبنى نۇئمان دائىرەمى ھىجرىيىنىڭ 308 - يىلى زۇلھەججى (921- يىلى 4-، 5- ئاي)دە لەشكەر تارتىپ سامانىيلارنىڭ تەۋەلىكىدىكى نىشاپۇرنى بېسىۋالغان. كېيىن سامانىي ئەمىرى تۈرك خانى بۇغراخاندىن ياردەم تىلىگەن. بۇغراخان لەشكەر چىقىرىپ ياردەم قىلغان، رەئىلەنى تۇستا مەغلۇپ قىلغان ھەم ئامۇلدا ئەسىر ئالغان. گرېنارد بىلەن پرىتساك: بۇ بۇغراخان دەل سۇتۇق بۇغراخان، دەپ قارايدۇ ھەم بۇ ئارقىلىق سۇتۇقنىڭ ئەينى چاغدا سامانىيلار بىلەن دىنداش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىبنى خەلدۇن ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر مۇئەررىخى ۋە پەيلاسوپى بولۇپ، ئۇنىڭ «مۇقەددىمە» دېگەن ئەسىرى دۇنياغا داڭلىق[126]. لېكىن، ئۇنىڭ «دۇنيا تارىخى» دېگەن ئەسىرى ياخشى باھاغا ئېرىشەلمىگەن. بارتولد «ئىبنى خەلدۇن ئەندۇلسىيە (ئىسپانىيە) ۋە مەغرىبىيە (ئافرىقا)دە ياشىغان. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئىبنى ئەسىرنىڭ ئەسىرىدىن ئالغانلىقى ئېنىق. ئىككى كىتابنى سېلىشتۇرغاندا، ئىبنى خەلدۇننىڭ ئەسىرىدە ھېچقانچە يېڭى نەرسە يوقلۇقىنى بايقايمىز. ئۇنىڭ مەلۇماتىدىكى ئىبنى ئەسىرنىڭ ئەسىرىدە ئۇچرىمايدىغان مەزمۇنلار دېگۈدەك تەنقىدكە ئۇچراۋاتىدۇ[127]، دەپ كۆرسەتكەن. پرىتساك ئاساسلانغان ھېلىقى خاتىرىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇنى ئىبنى ئەسىر «كامىل فىت تارىخ» دېگەن ئەسىرىدىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن[128]:

«(سامانىيلار سەركەردىسى) ھەمىيە تۇستا رەئىلە بىلەن

ئۇرۇشــتى. ئۇنــىڭ قــول ئاســتىدىكىلەر ئاساســەن مەرۋىگــە چېكىنــىدى. لېكىــن، ھەمــىيە بىلــەن مۇھەمــمەد ئىبــنى ئابدۇبەلھەمى، ئەبۇ جەئفار سارۇكى، خارەزىم شاھ، شىمجول دوۋابىيلەر پۈتىنى مەزمۇت تىرىشىپ داۋاملىق جەڭ قىلدى. ئاقىۋەت رەئىلەنىڭ بىرمۇنچە سەركەردىلىرى تالاپەت يېدى. ئۇ ئۆزىمۇ مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. ئۇ ئايىغى يوق بىر كوچىغا كىرىپ قالدى. بۇغرا قوغلاپ كەلدى. ئۇ قاچقىلى يول تاپالماي بىر ئۆيگە يوشۇرۇنۇۋالدى. بۇغرا ئۇنى ئەسىر ئالدى. بۇغرا ھەمىيەگە خەت ئەۋەتىپ خەۋەر بەردى. ھەمىيە كىشى ئەۋەتىپ رەئىلەنىڭ بېشىنى كەستۇرۇپ، تەيزىگە ئىلىپ قويدى. رەئىلەنىڭ سەركەردىلىرى بۇنى كۆرۈپ گۇناھىدىن ئۆتۈشىنى تىلىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەچۈرۈم قىلىندى.»

ئىككىنچى يىلى، سامانىي قوشۇنلىرى تەبەرستاندا شىئە مەزھىپىدىكىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلدى. ئاخىر ئىككى تەرەپ مۇرەسسەلەشتى. سامانىي قوشۇنلىرى ماۋارەئۇننەھردىن چېرايلىقچە چېكىنىپ كەتتى. سامانىي قوشۇنلىرى چېكىنگەندە بۇغراخاننى شۇ جايدا قالدۇرۇپ قويغان، كېيىن بۇغراخان نىشاپۇرغا قايتقان(129).

ئىبنى ئەسىر «بۇغرا»نى «تۈرك خانى بۇغراخان» دېمىگەن. ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن قارىغاندا، تۈس ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە تۆھپىسى ھەرگىزمۇ بۇغراغا تېگىشلىك ئەمەس ئىكەن. ئىبنى ئەسىرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بۇغرا بولسا سامانىيلارنىڭ ئاساسلىق سەركەردىسى ئەۋەتكەن بىر كىشى ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇغرا «كامىل فىت تارىخ»تا قايتا تىلغا ئېلىنمىغان. گىرېنارد بىلەن پىرتساك ئالغان نەقىلدىن قارىغاندا

ئىبنى خەلدۇنمۇ بۇغرانى قايتا تىلغا ئالمىغان ئىكەن. شۇڭا، بىز ئىبنى خەلدۇننىڭ ئەسىرىنى ئاساس قىلساق مۇۋاپىق بولمايدۇ XIV، XV ئەسىرلەردە ياشىغان بۇ مەئەللىپنىڭ X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى قاراخانىيلار تارىخىنىڭ تەسىرىدە ئىبنى ئەسىرنىڭ كىتابىدىكى «بۇغرا»نى «تۈرك خانى بۇغراخان» دەپ خاتا قىلىپ قويغانلىقى ئېنىق. بىزگە بۇغرا ۋە بۇ نامنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالى ئېنىق بولمىسىمۇ، كېيىنكى چاغلاردىكى قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرى «قارا»، «توغان» دېگەندەك باشقا ناملارنى قوللانغانلىقىنى، بۇ نامنى ئەينى چاغدا تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ ھەممىسى قوللانغانلىقىنى بايقىدۇق[130]. شۇڭا، نامنىڭ ئوخشاشلىقىغا قاراپ، «كامىل فىت تارىخ»تىكى بۇغرانى سۇتۇق دېيىشكە، ھەم بۇلارغا ئاساسلىنىپ سۇتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋاقتىنى چۈشەندۈرۈشكە بولمايدۇ.

ئىبنى خەلدۇننىڭ يۇقىرىقى خاتىرىسىدىن باشقا، يەنە پرىتساك ئەبۇ دۇلەف مىسئەر ئىبنى مۇھەلھىلنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى بىر ئابزاس گەپكە دىققەت قىلغان. يەنى ئەبۇ دۇلەفنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ ھىجرىيىنىڭ 331- يىلى (942-، 943- يىلى) بۇخارادىن جۇڭگوغا زىيارەتكە چىققان سامانىيلار ئەلچىسىگە ئەگىشىپ جۇڭگوغا ماڭغاندا «بۇغرا» دېگەن بىر تۈرك ئېلىدىن ئۆتكەن. ئۇ ئەلدىكى كىشىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن[131]. پرىتساك بۇ كەم دېگەندىمۇ 942-،943- يىللىرى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئېلى ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، دەپ قارىغان[132]. ئەبۇ دۇلەف X

ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب سەيياھى بولۇپ، زامانىمىز ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتى ۋە 1923- يىلى مەشھەدتىن تېپىلغان ئەبۇ دۇلەفنىڭ ئەسىرى ئۇنىڭ ئۆزىنى تۈرك، چىن (جۇڭگو) ھىندىستاننى ساياھەت قىلغانمەن دەۋالغىنىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى[133]. شۇڭا، پىرىتساكنىڭ قىياسى بۇ يەردىمۇ ئىسپاتلىنالمايدۇ.

بىراق، بىز «مۇلھەقەتۇل سۇرراھ»تىكى بىر جۈملە گەپكە كىشىلەرنىڭ سەل قارىغانلىقىنى بايقىدۇق. يەنى سۇتۇق ئابباسىيلار خەلىپىسى مۇتىئى دەۋرى (946 — 974- يىللىرى) بىلەن سامانىيلار ئەمىرى ئابدۇمالىك ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىل (954 — 961- يىللىرى)دە مۇسۇلمان بولغان دېيىلگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سۇتۇق ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋاقىت ئەڭ بۇرۇن بولغاندىمۇ ھىجرىيىنىڭ 343- يىلى (954- يىلى 5- ئاينىڭ 7- كۈندىن 955- يىلى 4- ئاينىڭ 26- كۈنىگىچە) بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، سۇتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى ماۋەرەئۇننەھر ھاكىمىيىتىدىن قاچقان سامانىيلار جەمەتىنىڭ ئەزاسى بولمىش ئەبۇ ناسىر سامانىينىڭ تەشۋىقاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەبۇ ناسىرنىڭ قاچقان ۋاقتى ئەڭ بۇرۇن بولغاندا 954- يىلى دادىسى ۋاپات بولۇپ، ھاكىمىيەتكە قېرىندىشى ۋارىسلىق قىلغان چاغ بولۇشى مۇمكىن. بۇ يىل بىلەن سۇتۇق ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋاقىت ماس كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، سەمئانى «كىتابى ئەنساب» دېگەن ئەسىرىدە ئەقائىدشۇناس ئەبۇ ھەسەن مۇھەممەد ئىبنى سۇفيان ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مەھمۇد كەلەماتى ھىجرىيىنىڭ 340- يىلى (951 -، 952- يىلى) نىشاپۇردىن ئايرىلغاندىن كېيىن،

ساما نىيلا رنىڭ پايتەختى بۇخارادا بىرنەچچە يىل تۇرغان. ئاندىن يەنە تۈرك خاقانىنىڭ خىزمىتىگە بارغان. ئاخىر ھىجرىيىنىڭ 350- يىلى (961- يىلى)دىن ئىلگىرى شۇ يەردە ۋاپات بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن[134]. ئۇ بۇخارادىن ئايرىلغان يىل بىلەن ئەبۇ ناسىر سامانىينىڭ قېچىپ چىقىشى ۋە سۇتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋاقتىنىڭ مەلۇم باغلىنىشلىقمۇ باردەك قىلىدۇ.

بىز يەنە قاراخانىيلارنىڭ خانلىرى ئىچىدە سۇتۇق بىلەن ئوغلى مۇسانىڭ تۈركچە ھەم مۇسۇلمانچە ئىسمى يەنە سۇتۇقنىڭ ئابدۇلكەرىم دەپ، باياتاشنىڭ مۇسا دەپ ئىسمى بارلىقىنى بىلىمىز. بۇ بىزگە سۇتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا مۇسا تۇغۇلغاندىن كېيىن كىرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بولمىسا، مۇسا تۇغۇلۇشىدىنلا مۇسۇلمان بولغان بولسا، ئۇنىڭ دىنىي ئىسمى قويۇلاتتى. باشقا ئىسىم بولۇپمۇ تۈركچە ئىسىم قويۇلمايتتى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە «تارىخى كاشىغەر»دە كۆرسىتىلگەن شەجەرە تىزىملىكىنىڭ ئىككى يېرىدە باياناش دېگەن ئىسمنى ئىشلەتكەنلىكىنى، پەقەت بىرلا يەردە «مۇسا» دېگەن ئىسمنى ئىشلەتكەنلىكىنى، تېخى تېگىشلىك بولمىغان يەردىمۇ ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالىمىز. قارىغاندا مۇسا ھايات ۋاقتىدا ئاتىسىغا ئوخشاش تۈركچە ئىسىم ئىشلەتكەن. بۇمۇ سۇتۇق ئىسلام دىنىغا كىرگەن چاغدا مۇسانىڭ خېلى چوڭىيىپ قالغان ۋاقىت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. شۇڭا، بىز پەرەز قىلىمىزكى، سۇتۇق ئىسلام دىنىغا كىرگەن ھەم خاقانلىق تەختىگە ئولتۇرغان ۋاقتى 40 يىلچە كېيىن[135]، دەپ قارىمايمىز. «تارىخى كاشىغەر»دىكى 12 ياش ۋە 25 ياشقا كەلسەك، ئەگەر ھەقىقەتەن ئەمەلىي ئەھمىيىتى بولسا 12

ياشنى سۇتۇق تاغىسى بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالغان يىل، دەپ ئىزاھلاش كېرەك. 25 ياش بولسا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋاقىتتىكى يېشى بولۇپ، شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي ۋاپات بولغان. خۇلاسىلىگەندە، سۇتۇق ۋاپات بولۇشنىڭ ئالدىدىكى بىرنەچچە يىلدا ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا بىز تەڭرىتاغ رايونىدىكى مۇسۇلمانلىشىش 950- يىلى ئەتراپىدا[136] باشلانغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى بايتاش ئىبنى سۇتۇق تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇنىڭ دىنىي ئىسمى مۇسا قويۇلغان. مۇسا تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، ئىسسىق كۆل ئەتراپىغا ھۇجۇم قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئىبنى ئەسىرنىڭ «كامىل فىت تارىخ» دېگەن ئەسىرنىڭ ھىجرىيىنىڭ 349- يىلى (960- يىلى 3- ئاينىڭ 3- كۈنىدىن 961- يىلى 2- ئاينىڭ 19- كۈنىگىچە) يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ماددىسىدىكى پارچە- پۇرات خاتىرىدە تۈركلەرنىڭ ئېتىقادى، مۇسۇلمانلىشىش تىلغا ئېلىنغان[137].

بارتولد «يەتتەسۇ تارىخى»[138]دا بۇ تۈركلەر يەتتەسۇ رايونى ياكى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئاھالىلەرنى كۆرسەتسە كېرەك، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغاندىن بېرى، بۇ خىل قاراش ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملىشىپ قالدى. بەزىلەر بۇ قاراشقا ئاساسلىنىپ، بۇ ئاشۇ يىلى مۇسا پۈتكۈل قاراخانىيلار ئېلىدىكى مۇسۇلمانلىشىشنى تاماملاپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈ- رۈپ بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ[139]. بىزدە بۇ قىياسنى ئاغدۇرۇ- ۋېتىدىغان ماتېرىيال يوق ئەلۋەتتە. بىراق، سۇتۇقنىڭ ۋاپات

بولۇشتىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى ۋە 943- يىلىدىن ئىلگىرى بالاساغۇنغا ھۇجۇم قىلىپ ئىگىلىۋالغان «مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەر»نىڭ قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، 960- يىلىدىكى ۋەقەگە نىسبەتەن يېڭى قاراشتا بولىمىز. يەنى دەل مۇشۇ يىلى مۇسا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە ھۇجۇم قىلىپ غەلىبىگە ئېرىشكەن. ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى ۋە ئىسسىق كۆلنىڭ شىمالىدىكى تۈركىي قوۋملار مۇساغا بەيئەت قىلغان. شۇ سەۋەبتىن، ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردا زور تۈركۈمدىكى تۈركلەر ئىسلام دىنىغا كىردى، دەپ خاتىرىلىگەن.

مۇسا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىنلا، بۇددا ئېلى ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلغان. بۇ ئۇرۇش قەشقەر ھاكىمىيىتىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن نەتىجىلەنگەن. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقە 5538- ۋاراق ئۇڭ تەرىپىدە تيەنزۇن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4- يىلى (970- يىلى) «ئۇرچى سۇراخان شاجۇ بېگى ساۋيۈەنجوڭغا ئەۋەتكەن نامە»دە ئۇدۇنلۇقلارنىڭ قەشقەرنى بېسىۋالغانلىقى مەلۇم قىلىنغان[140]. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى چەت ئەللەر تەزكىرىسى ئۇدۇن»دا كەيباۋ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 4- يىلى (971- يىلى) ئۇدۇنلۇق راھىب جى شياڭ ئۇدۇن خانىنىڭ خېتىنى ئېلىپ كېلىپ، «سارىخ (قەشقەر) ئېلىنى يېڭىپ، ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان بىر پىلنى ئولجا ئالدۇق. ئالىيلىرىغا سوۋغا قىلغۇمىز بار ئىدى، ئىجازەت قىلىشلىرىنى سورايمىز» دېگەن. بۇنىڭدىن قەشقەر (سارىخ)نىڭ ھەقىقەتەن ئۇرۇشتا يېڭىلگەنلىكىنى، بۇ

تۈركىي قوۋملار ھاكىمىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تېخى بىر مەزگىل كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شۇنداقتىمۇ، ئەينى چاغدا ئىسلام دىنى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە خېلى زور تەسىر پەيدا قىلغان. مۇقەددەسنىڭ خاتىرىلىشىچە[141]، مەركىزدىكى چېركاۋلار مەسچىتكە ئۆزگەرتىلگەن ئىكەن. مىرىكى بىلەن بالاساغۇن ئارىلىقىدىكى يېڭى شەھەر (نەۋىكات)نىڭ ھۆكۈمرانى مۇسۇلمان ئىكەن. گەرچە بۇ تۈركىي قوۋىلار ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچى تېخى ئاجىز، بالاساغۇننىڭ غەربىدىكى بىر شەھەرچە «ئوردۇ»نىڭ «تۈركمەن خانى» سامانىيلارنىڭ ئىسپىجابتىكى ھۆكۈمرانىغا ئۇزۇلدۇرمەستىن سوۋغا ئەۋەتىپ تۇرغان بولسىمۇ[142]، ماۋارەئۇننەھردىكى سامانىيلارنىڭ خارابلىشىشى چوقۇم بۇ ھاكىمىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھاكىمىيەتنىڭ تەرەققىياتى تەڭرىتاغ رايونىنىڭ تۈركلىشىش ۋە ئىسلاملىشىشىنى تېخىمۇ تېزلەتكەن.

## 4. سۇتۇقنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

سۇتۇقنىڭ پائالىيىتى تەڭرىتاغنى يادرو قىلغان غەربىي يۇرتتىكى دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە. دەل سۇتۇقنىڭ دەۋرىدە تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي قوۋملار ئىسلاملىشىشنى باشلىغان. بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى ۋە تەرەققىياتىدا چوڭقۇر ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بار.

«تارىخى كاشغەر»دە خاتىرىلىنىشىچە، سۇتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى بىلەن قەشقەرنى تارتىۋېلىش ھەرىكىتى بىللە ئېلىپ بېرىلغان ئىش ئىكەن. ئەينى چاغدا قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئوغۇلچاق قادىرخان بولۇپ، ئۇ ئاكىسى يەنە سۇتۇقنىڭ ئاتىسى بازىرنىڭ ئورنىغا خان بولغان. «سۇتۇق (بۇغراخان) تەزكىرىسى»دە يەنە سۇتۇقنىڭ ئۆز ئانىسى (بازىر ئارسلانخاننىڭ خوتۇنى)مۇ قادىرخاننىڭ خوتۇنى بولۇپ قالغان دېيىلگەن[143]. خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىنىسى تەختكە ۋارىسلىق قىلىشى ھەم ئاكىسىنىڭ خوتۇنىنى ئېلىشى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھەرگىز خىلاپ بولمايدۇ. لېكىن، ئىلگىرىكى خاننىڭ پەرزەنتى مۇشۇ سەۋەبتىن خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان. سۇتۇقمۇ مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن. «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»دە سۇتۇق كىچىكىدىنلا ئۆلتۈرۈلۈش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن دېيىلگەن. «تارىخى كاشغەر»دە سۇتۇقنىڭ تاغىسى ئۇنى سىناشنى توختاتقاندا، «ئۇ مەندىن كېيىن مېنىڭ پەرزەنتلىرىمگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشكە ھەرگىز يول قويمايمەن» دەپ جاكارلىغان. بۇ يەردىكى «زىيان - زەخمەت»نىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىش، دەپ ئىزاھلىنىدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا، كىشىلەر تەبىئىي ھالدا سۇتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرى بولسا تاشقى كۈچلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەسلىدە ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان خانلىق تەختىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېتىدۇ. «تارىخى كاشغەر»دىكى سۇتۇق تاغىسىغا ئۇرۇش ئېلان قىلغاندا، پەرغانە

غازاتچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىگە دائىر خاتىرە بۇ بىر ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ ئەڭ ياخشى چۈشەندۈرۈلۈشىدۇر[144].

سۈتۈق پائالىيىتىنىڭ يەنە بىر ئارقا كۆرۈنۈشى بولسا ئەرەب ئەللىرىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ غەربى ۋە ئوتتۇرا قىسىملىرىغا بولغان تەسىرىنىڭ كۈچەيگەنلىكىدۇر. تېررىتورىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەرەب ئەللىرى بىلەن قەشقەرنىڭ پاسىلى ناھايىتى يېقىن. ئىستەخرىنىڭ خاتىرىلىشىچە، X ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئەرەبلەر ئۆزكەنتنى ئىگىلەپ بولغان ئىكەن. ئۆزكەنت بىلەن قەشقەر ۋە سۈتۈق ئەڭ ئاۋۋال بازا قىلغان ئاتباشنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يېقىن، يەنە كېلىپ ئۆزكەنت بىلەن ئۈش شەھىرىنىڭ سىرتىدا تۈركلەر پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىدى[145]. ئارىلىقى مۇشۇنداق يېقىن بولغاچقا، تەسىرى خېلى چوڭ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. تەشۋىقات جەھەتتىن ئېيتقاندا، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان كەلىماتىنىڭ تۈرك خاقانى ئوردىسىغا بېرىپ خىزمەت قىلغانلىقىدەك قىزىقارلىق مىسالدىن ئۆزگە، ئەرەب ئېلىدىن كەلگەن ئەرەب - پارس سودىگەرلەر ۋە ئەبۇ ناسىر سامانىيدەك سىياسىيغا ئارىلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشىنىڭ چوقۇم بەكرەك ئۈنۈمى بولغان. «تارىخى كاشغەر»دە سودىگەرلەرنىڭ دىنىي ئۆرپ - ئادىتىنىڭ تۈركىي قوۋملارغا كۆرسەتكەن تەسىرى تەكىتلەنگەن ھەم ئەبۇ ناسىرنىڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تەشۋىقات ئېلىپ بارغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنغان. مۇشۇنداق بولغاچقا، پىرتساك تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ مۇسۇلمانلىشىشى تىنچلىق يولى بىلەن باشلانغان، دەپ قارايدۇ[146]. ئەلۋەتتە بىزمۇ ئۇنتۇپ

قالماسلىقىمىز كېرەككى، سىنىپىي جەمئىيەتتە يېتەكچى ئورۇندىكى ئىدېئولوگىيە باشتىن - ئاياغ ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىدېئولوگىيىسىدۇر. ئاۋام پۇقرالار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنداق ئىدېئولوگىيە چوقۇم مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە. سۇتۇقنىڭ ئوغۇلچاق ئۈستىدىن غالىب كېلىشى بولسۇن ياكى مۇسانىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويسۇندۇرۇشى بولسۇن، ھەممىسى قورال كۈچى بىلەن كېڭەيمىچىلىك قىلىشنىڭ بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

سۇتۇقنىڭ پائالىيىتىدىكى ئۈچىنچى ئارقا كۆرۈنۈش بولسا، ئەرەبلەرنىڭ بولۇپمۇ سامانىيلار رايونىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئەتراپتىكى رايونلارغا بولغان تەسىرىدۇر. كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونى بىلەن دېھقانچىلىق - تېرىقچىلىق رايونىنىڭ باشتىن - ئاياغ ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارىدىغانلىقى كىشىلەرگە مەلۇم. بۇنداق ئالماشتۇرۇشتا، ماۋەرائۇننەھردىكى سوغدى سودىگەرلەر مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلارنىڭ ئىزى ۋە مەدەنىيەت تەسىرى ھەرقايسى كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قالغان[147]. ئەرەبلەر ماۋەرائۇننەھرنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، سوغدىلار رايو-نىدىكى سودا پائالىيىتى توختاپ قالمىغان.

«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇر تەزكىرىسى. قىرغىزلار» ماددىسىدا VIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەرەب سودىگەرلىرىنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىن يېتىسايدىكى قىرغىز يۇرتلىرىغىچە سودا قىلىپ بارغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئەينى چاغدا سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئەرەب بولۇشى، ھەتتا مۇسۇلمان بولۇشى ناتايىن، بەلكىم ئەرەب ھاكىمىيىتىگە بويسۇنىدىغان

سوغدىلار بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، X ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە سۇتۇق پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا، ماۋارەئۇننەھر ئەرەبلەرنىڭ تەسىر دائىرىسى بولۇپ قالغان بولۇپ، تۈركىي قوۋملار يۇرتىدا سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار دېگۈدەك مۇسۇلمان بولۇشى مۇمكىن. «تارىخى كاشغەر»دە ئاتۇشقا كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ نامى ز ئوقۇغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

ئەينى چاغدا تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي قوۋملار بىلەن ماۋارەئۇننەھردىكى سامانىيلارنىڭ سودا ئالاقىسىنىڭ كەڭرىلىكىنى سامانىيلار تەرەپتە يېزىلغان خاتىرىلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىستەخرى ماۋارەئۇننەھرنىڭ ماددىي مەھسۇلاتلىرى ئەھۋالىنى تىلغا ئالغاندا، ماۋارەئۇننەھرنىڭ «پاختا رەختلەردىن ئىشلەنگەن كىيىم - كېچەكلەر ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، يەنە ھەرقايسى جايلارغا توشۇلۇپ» ئالماشتۇرۇلىدىكەن. «ئوغۇز ۋە قارلۇق قاتارلىق قوشنا ئەللەردىن گۆش يۆتكەپ كېلىدىكەن» ھەم «ئەتراپىدىكى تۈركلەر ئۇلارغا سېتىپ بەرگەن قۇللار ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، يەنە بۇ يەردىن (ئەرەبلەرنىڭ) زېمىنىغا يۆتكەيدىكەن» دېگەن[148]. «تارىخى كاشغەر»دە ماۋارەئۇننەھردىن ئاتۇشقا توشۇپ كېلىنگەن ماللار رەخت، يىپەك كىيىم - كېچەك، قەنت - شېكەر ۋە مىلىچماللار ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن. مۇقەددەسى ماۋارەئۇننەھر قاتارلىق جايلاردىكى سودا مەھسۇلاتلىرىنى سانىغاندا، تۈركلەر رايونىغا پاختا، كىيىم - كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق ماللارنىڭ توشۇلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان[149].

ئەرەب ئەللىرىنىڭ بۇنداق كەڭ دائىرىدە سودا قىلىشى
بىلەن ئەرەب - پارسلارنىڭ سودا كارۋانلىرىنىڭ ھەر تەرەپتە
پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى تەڭرىتاغ رايونىدىكى، بولۇپمۇ
تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۈركىي قوۋملارنى
دېھقانچىلىق، تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر
تونۇشتۇردى. ئەينى چاغدا تەڭرىتاغ رايونىدا ياشاۋاتقان تۈركىي
قوۋملار ئۆز يېرىدىكى دېھقانچىلىق، تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىگە
نىسبەتەن بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە بولغان ئىدى. ئەمدى كېلىپ
كەڭ دائىرىدىكى توختىماستىن سودا ئالاقىسىنى قوشقاندا، ئۇلار
تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ماۋارەئۇننەھردىكى سامانىيلارنىڭ
تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنى ھېس
قىلدى. بۇ ئەھۋاللار، بولۇپمۇ يېڭى ماددىي ھايات ئۇلارنى جەلپ
قىلماي قالمايتتى. ئەينى چاغ دەل تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى،
بەش دەۋر مەزگىلى بولغاچقا، ئوتتۇرا ئىقلىمدىكى قا-
لايمىقانچىلىق بىلەن خېشى كارىدورى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شەر-
قىدىكى تەپرىقچىلىك سەۋەبىدىن ئوتتۇرا ئىقلىم بىلەن غەربىي
يۇرتنىڭ سودا ئالاقىسى خېلى ئازلاپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا،
تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۈركىي قوۋملار ئۆزىنىڭ
غەربىدىكى ئەرەبلەرگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى.
«تارىخى كاشغەر»دە ئوغۇلچاق قادىرخاننىڭ يىپەك كىيىم -
كېچەكلەر ۋە قەنت - شېكەرگە ھەيران قالىدىغانلىقىنى،
سۇتۇقنىڭ دائىم ئاتۇشقا بېرىپ ئەرەب سودىگەرلىرىنىڭ
ماللىرىدىن ھۇزۇرلىنىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇلارنىڭ يېڭى
تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى ناھايىتى تەبىئىي ھالدا ئۇلارنى
ئاشۇنداق تۇرمۇش بىلەن سىڭىشكەن مەدەنىيەت ئۆرپ -

ئادىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىتقان.

يۇقىرىقى ئارقا كۆرۈنۈشلەرنى سۆزلىگەندە، ئەينى چاغدا ئەرەب ئەللىرىگە يېقىنلاشقانلار تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۈركىي قوۋملارلا ئەمەسلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. 920- يىلى ئەتراپىدا ئەرەبلەرنىڭ شىمالىدىكى بۇلغارلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەن ھەم ئابباسىيلار خەلىپىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ باغدادتىن ئىلىملىك ئىمام، مۇفەققىھ ۋە مىمارشۇناس ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلغان. ئەرەب ئەلچىلىرى پەرمان بويىچە بۇلغار ئېلىگە ماڭغاندا، بىللە سەپەرگە چىققان ئىبنى فەزلان ئارال دېڭىزى ئەتراپىدىكى ئوغۇزلارنىڭ ئەرەبلەردىن ئەكەلگەن تاۋارلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، ئەرەب ئەللىرىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىدىكى تۇرمۇشىدىن تولىمۇ ھۇزۇرلىنىدىغانلىقى ھەم قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئەرەبلەرنىڭ دىنىي ئادىتىنى تەقلىد قىلىشۋالغانلىقىنى ئىگىلىگەن[150]. قارىغاندا، ئادەتتىكى سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن ئۆزگە، سۇتۇقنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋالماقچى بولغانلىقى، بۇلغارلارنىڭ قاسار، ئوغۇزلار ۋە تۈركىي قوۋملار بىلەن قارشىلاشماقچى بولۇپ ئەرەب ئەللىرىگە يېقىنلاشقانلىقى، ئاساسەن ئەينى چاغدا ئەرەب ئەللىرىنىڭ گۈللىنىۋاتقان ئىقتىسادى ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىغا بولغان تەلپۈنۈشتىن بولغان.

شۇنداق قىلىپ، ئەرەب ئەللىرىنىڭ جەلپ قىلىشى ۋە يەرلىك سىياسىي ئامىللارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەتراپتىكى غازاتچىلارنىڭ ياردىمىدە سۇتۇق ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇتۇقلۇق ھالدا ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، يېڭى

مەدەنىيەت ئادىتىگە ئىگە تۈنجى تۈركىي قوۋملار ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى تەڭرىتېغىنى يادرو قىلغان غەربىي يۇرت تارىخىدىكى يېڭى سەھىپىنى ئاچتى.

**ئىزاھلار:**

(1) ياقۇتى: «كىتابى بۇلدان» 7- جىلد 295- بەت.

(2) «كامبىرج ئىران تارىخى» تۆتىنچى توم تۆتىنچى باب «سامانىيلار.»

(3) «تارىخى تەبەرى» 3- جىلد 2138- بەت، ئىبنى ئەسىر «كامىل فىت تارىخ» 7- جىلد، 464- بەت. «تارىخى تەبە-رى»نىڭ قولىيازمىسىدا تۈرك خانى ياكى ئۇنىڭ ئاتىسى ئەسىرگە چۈشكەنلىكى ئېنىق ئەمەس (2138- بەتتىكى ئىزاھقا قاراڭ)؛ «كامىل فىت تارىخ»تا خاننىڭ ئاتىسى ئەسىرگە چۈشكەنلىكى ئېنىق خاتىرىلەنگەن بولۇپ، كېيىنكىلەردىمۇ XII ئەسىردە تەبەرىنىڭ ئەسىرىدىكى بۇ سۆز ئېنىقلىنىپ بولغان ئىدى.

(4) نارشەخى: «تارىخى بۇخارا» 86-،87- بەتلەر.

(5) سەمئانىنىڭ: «كىتابى ئەنساب» دېگەن ئەسىرىنىڭ 286- بەت ئىككىنچى يۈزىگە قاراڭ.

(6) بارتولد: « موڭغۇللار ئىستېلاسىغىچە تۈركىستان » 223- بەت.

(7) «تارىخى تەبەرى» 3- جىلد 2133- بەت.

(8) مۇقەددەسى: «ئەھسەنۇت تەقاسىم فى مەرەفەتىل ئاقالىم» 3- جىلد 274- بەت.

(9) بېلېندكىي: «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا

شەھەرلىرى» 205- بەتتىكى خەرىتە ۋە 206- بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ.

(10) فىرىپ: «تونۇشتۇرۇش» نارشەخنىڭ «تارىخى بۇخارا»غا كىرگۈزۈلگەن. 11-، 20- بەتلەر.

(11) «كەلسائى بۇزۇرۇك» (گرېناردنىڭ «سوتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى ۋە ئۇنىڭ تارىخى» 33- بەت 1- ئىزاھقا قاراڭ)؛ خىرستىئان دىنىدىكى ھەربىر دىنىي رايوندىكى باش چېركاۋ ياكى چوڭ چېركاۋنى كۆرسىتىدۇ («پارسچە - خەنزۇچە لۇغەت» 1901-، 1902- بەتلەر).

(12) نارشەخى: «تارىخى بۇخارا» 86-،87- بەتلەر.

(13) فىرىپ: «تارىخى بۇخارا»غا يازغان 295- ئىزاھىدىمۇ تەبەرىنىڭ خاتىرىسىنى «تالاسنىڭ ھۆكۈمرانى» ئەسىرگە چۈشكەن، دەپ قىلىپ، بۇكىشىگە ئۇدۇللاشقا ئۇرۇنغانلىقى ئېنىق.

(14) يۇقىرىقى نەقىلدىكى 295- ئىزاھقا قاراڭ.

(15) «تارىخى تەبەرى» 3- جىلد 2133- بەت.

(16) «تارىخى تەبەرى» 3- جىلد 2194-، 2195- بەتلەر. نارشەخى «تارىخى بۇخارا» 87 —97-بەتلەر (بولۇپمۇ 92- بەت) «تارىخى بەيھەقى» 68- بەتتە ئىسمائىل قەشقەردىن رەئىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، دېيىلگەن (فىرىپنىڭ 312- ئىزاھىدىن نەقىل ئېلىندى).

(17) مەسئۇدى: «مۇرۇجى ئەززەھەب» 11- پەسىل.

(18) نەقىل ۋە تەپسىلىي ئانالىز ھەققىدە كېيىنكى مەزمۇنلارغا قاراڭ.

(19) مەسئۇدى: «مۇرۇجى ئەززەھەب» 5- جىلد 150- بەت

3- ئىزاھ.

(20) كلاۋسون:« XIII ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈركىي تىللارنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى» 438- بەت.

(21) ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخى ھەققىدە تېزىس» غا قوشۇمچە قىلغان «تەختتە ئولتۇرغان خانلار جەدۋىلى» ئاتاق گىرافىغا قاراڭ، پرىتساكنىڭ «ئاتاقلار» دېگەن ماقالىسىنى كۆرمىگەن بولسامۇ، «قاراخانىيلارغا دائىر بىرقانچە مۇنازىرىلىك مەسىلە» (ۋېي لياڭتاۋ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984- يىللىق 2- سان) ناملىق ماقالىسىدە بۇ ئاتاقنىڭ ئەڭ بۇرۇن توغانخان (1024-، 1025- يىللىرى) قويدۇرغان مىتال پۇلدا مەيدانغا چىققانلىقىنى كۆرسەتكەن.

(22) VIII ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردىكى بۇ سۆزنى ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى كلاۋسوننىڭ « XIII ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈركىي تىللارنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى»نىڭ 438- بېتىگە قاراڭ.

(23) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 228- بەت ئىنگلىزچە نەشرى.

(24) لۇيس: «تۈركىي تىللارنىڭ گراماتىكىسى»، 59-، 60-، 220- بەتلىرىگە قاراڭ.

(25) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 605- بەت ئىنگلىزچە نەشرى.

(26) «قۇتادغۇ بىلىگ» خەنزۇچە نەشرى 573- بەت، كلاۋسون « XIII ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈركىي تىللارنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى»نىڭ 515- بېتىدە VIII ئەسىردىن

كېيىنكى مانى دىنى ۋە بۇددا دىنىغا دائىر ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە بۇ سۆز «باتۇر»، «قەھرىمان» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

(27) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 605- بەت ئىنگلىزچە نەشرى. كلاۋسون « XIII ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈركىي تىللارنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى» 515- بەتتىكى تەرجىمىنى ئىشلەتتىم.

(28) ئىبنى ئەسىر: « كامىل فىت تارىخ » 8 - جىلد 132— 134- بەتلەر.

(29) فېيدوروۋ: «X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان شەرقىي قاراخانىيلار تارىخىدىن قىسقىچە بايان (قەدىمكى پۇللارغا ئاساسلىنىپ يېزىلغان) 1983- يىلى 111-، 112- بەتلەردىكى تەھقىقكە قاراڭ، مەن چىن ۋېيشىڭنىڭ تەرجىمىسىدىن پايدىلاندىم.

(30) تەبەرى بىلەن ئىبنى ئەسىرنىڭ خاتىرىلىشىچە 904- يىلى ھەددى - ھېسابى يوق تۈركلەر ماۋارەئۇننەھرنىڭ سىرتىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن. لەشكەر باشلىقلىرى تۇرىدىغان چېدىرنىڭ ئۆزىلا 700 ئىكەن. ئىسمائىل تۈركلەرگە قارشى جەڭگە چىققان ئىكەن.

(31) بارتولد: «موڭغۇللار ئىستىلاسىغىچە تۈركىستان» 254-، 256- بەتلەر.

(32) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 1951- يىلى نەشرى 101- بەت.

(33) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 1951- يىلى نەشرى 280-، 281- بەتلەر.

(34) ئابى تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» خەنزۇچە تەرجىمىسى 286- بەت، ئابى تاكېئو بۇ يەردە ئاڭقىرالمىغان تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي پاسىلىنى سىر دەرياسى، ھەتتا ئامۇ دەرياسىغىچە سوزۇۋېتكەنلىكىگە دىققەت قىلىڭ.

(35) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 1951- يىلى نەشرى 281- بەت.

(36) «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» ئىبنى فەقىھ ماددىسى ۋە جاڭ گۇاڭدا، ۋاڭ شياۋپۇنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتىدىكى كىتابلارنى تونۇشتۇرۇش(2)» (ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىغا دائىر ماتېرىياللار 1984- يىلى 4- سان).

(37) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 1951- يىلى نەشرى، 281- بەت 2- ئىزاھ.

(38) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 1951- يىلى نەشرى 281- بەت 2- ئىزاھ، «بۇ ئابزاس ياقۇتنىڭ مۆئىلجەم بۇلدان»دىمۇ ئۇچرايدۇ. مەن ياقۇتنىڭ ئەسىرىگە ئاساسەن مەشھەد نۇسخىسىدىكى بەزى خاتالىقلارنى تۈزەتتىم.

(39) «تۈركمەنلەر ۋە تۈركمەنلەر تارىخىغا دائىر تارىخى ماتېرىياللار»، ۋېي لياڭتاۋ ئەپەندىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدىن پايدىلاندىم.

(40) بېيروت 1979- يىلى نەشرى. 2- جىلد 23-، 26 بەتلەر.

(41) ئىبنى فەزلاننىڭ ئادەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ ئىبنى فەزلان ماددىسىغا قاراڭ؛ كاۋالېۋسكىي تەپسىلىي تونۇشتۇرغان، تەرجىمە قىلىپ

ئىزاھلىغان «ئىبنى فەزلاننىڭ ئەسىرى ۋە ئۇنىڭ بۇلغار ئېلىگە ساياھىتى» (1956- يىلى 921 -، 922- بەتلەر)گە قاراڭ. بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا مەشھەدتە تۇپلەنگەن «ئىبنى فەزلاننىڭ ساياھەت خاتىرىسى»نىڭ پاكىستىملى قوشۇپ قويۇلغان بولۇپ، پايدىلىنىشقا قولايلىق.

(42) ئابى تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» خەنزۇچە تەرجىمىسى 286-، 287- بەتلەر (خەنزۇچە تەرجىمىسىدە خاتالىق بار).

(43) پىرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 1951- يىلى نەشرى 281- بەت.

(44) بارسخانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

(45) ئەسلىي مەتىنى ماجغارىيە دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ.

(46) بۇ مەسئۇدنىڭ يەنە بىر ئەسىرى بولۇپ، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنى مەركەزلىك بايان قىلغان. كېيىن «مۇرۇجى ئەززەھەب» دېگەن ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن. «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «مەسئۇدى» ماددىسىغا ھەم دې-گوجېنى مەسئۇدنىڭ «تەنبىھ ۋە ئىشراپ» دېگەن ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىگە كىرگۈزگەن مەسئۇدى ئەسەرلىرى جەدۋىلىگە قاراڭ، (6 — 8- بەتلەر).

(47) «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» ئاپراسىياب ماددىسىغا قاراڭ ھەم مەسئۇدنىڭ «مۇرۇجى ئەززەھەب» دېگەن ئەسىرىنىڭ 21- بابى «ئەڭ بۇرۇنقى پارس شاھلىرى ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر ئەھۋالى»نىڭ 540- بەسىدە ئاپراسىيابنىڭ تۈركىستاندا تۇغۇلغانلىقىنى، 554- بەسىدە

ئۇنىڭ پارسلار بىلەن ئۇرۇشقانلىقىنى تىلغا ئالغان مەزمۇنلارغا قاراڭ.

(48) «تارىخى تەبەرى» 1- جىلد 991-، 992- بەتلەر، «تارىخى يەئقۇبى» 1- جىلد 166- بەت.

(49) مەسئۇدى: «مۇرۇجى ئەززەھەب» 24 - باب، 632-، 633- پەسىل «مۇرۇجى ئەززەھەب»نى فرانسوزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى بۇ كىشىنى خورمىزد IV دەۋرىدىكى تۈرك ئاقساقىلى، دەپ مۇقىملاشتۇرغان.

(50) دې گوجى بەلخى بىلەن ئىستەخرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەپسىلىي مۇلاھىزە قىلغان ئىكەن. ئۇ ماقالىنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىدىم. لېكىن، بىز بارتولدنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن پايدىلانساق بولىدۇ ھەم «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «بەلخى» ۋە «ئىستەخرى» ماددىسىدىن پايدىلانساقمۇ بولىدۇ.

(51) ئىستەخرى: «كىتابى بۇلدان» 1- جىلد 286- بەت مەتىنىدىكى تەرەپ تەرتىپىدە ۋاقىت پەرقى ئىپادىلەنگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭ.

(52) پەرغانە بىلەن ئۆگەنچىنىڭ شەرقىي شىمالىمۇ قارلۇقلارغا تەۋەدەك قىلىدۇ.

(53) ئىبنى ھەۋقەل: «كىتابى سۇرەتۇل ئەرزى»دىكى خەرىتىگە قاراڭ؛ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ماۋارەئۇننەھرنىڭ شەرقىي جەنۇبى بۇرجىكى (تۇبۇتلەرنىڭ غەربىي شىمالى، قارلۇقلارنىڭ غەربىي جەنۇبى)دە، كىچىككىنە «چىن» رايونى بولسىمۇ، جۇڭگونىڭ زېمىنى بىلەن تۇتاشمىغان. بۇ بەلكىم «ئۇدۇن»نى كۆرسەتسە كېرەك. پرىتساكنىڭ يۇقىرىدا نەقىل ئالغان ماقالىسىنىڭ 286- بېتىگە

بۇ خەرىتىنى ئەينەن كىرگۈزگەن بولسىمۇ، بۇ كىچىككىنە «چىن» رايونى چۈشۈپ قالغان.

(54) مۇشۇ كىتابنىڭ ئۈچىنچى باب، ئۈچىنچى پاراگرافىنىڭ ئۈچىنچىسى «بەلخى تەرەپدارلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار»غا ئالغان نەقىلگە قاراڭ.

(55) ئىبنى هەۋقەل: «كىتابى سۇرەتۇل ئەرزى» 2- جىلد 13-، 14- بەتلەر.

(56) ئىبنى هەۋقەلنىڭ: «كىتابى سۇرەتۇل ئەرزى» 977- يىلى تاماملانغان، «هۇدۇدۇلئالەم» 982- يىلى يېزىلىشقا باشلىغان. خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىبنى هەۋقەلنىڭ كىتابى تارقالغانلىقىغا دائىر خاتىرە يوق. شۇڭا، «هۇدۇدۇلئالەم»نىڭ مۇئەللىپىنى ئۇ كىتابتىن پايدىلانغان دەپ تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. «هۇدۇدۇلئالەم»دىكىسى ئىبنى هەۋقەلنىڭ كىتابىدىكىگە ئوخشايدىكەن. لېكىن، ئىستەخرىنىڭ «كىتابى بۇلدان» دېگەن ئەسىرىدە ئۇچرىمايدىغان ئەھۋاللارغا كەلسەك، مىنورسكىي قاتارلىق ئالىملار «ئىبنى هەۋقەل ئىستەخرىنىڭ كىتابىدىكى پۈتۈن مەزمۇنىنى ئۆزىنىڭ كىتابىغا كىرگۈزۈۋەتكەن»لىكىگە دىققەت قىلغان (مىنورسكىي «‹هۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى، شەرھى» 355- بەت). ئەمدى نەقىل ئالغان ئىبنى هەۋقەلنىڭ كىتابىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارغا كەلسەك، «هۇدۇدۇلئالەم»دىكى بەزى مەزمۇنلارنىڭ ئوخشىماسلىقىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. «هۇدۇدۇلئالەم»نىڭ XXV باب 89- بايانىدا «ئىسپىجاب بىلەن (سىر) دەريا ئارىلىقى بولسا ئىسپىجاب ۋە شاش، فاراب ھەم كۈنجىھنىڭ بىر قىسمىنىڭ يايلىقىدۇر. بۇ يايلاقتا ئىسلام دىنىغا كىرگەن 1000 چېدىرلىق

ئۇرۇشتىن قول ئۈزگەن تۈركلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ». بۇنىڭدىن باشقا، 93- بايانىدىكى تالاسىنىڭ تەسۋىرىمۇ ئىبنى ھەۋقەلنىڭ كىتابىدىكىگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، ئىككى كىتابتىكى ئۇرۇشتىن قول ئۈزگەن تۈركلەرگە دائىر ماتېرىياللارنىڭ بىرلا ۋاقىتتىكى تارىخىي مەنبەسى بار بولسا كېرەك. ئىبنى ھەۋقەل كىتابىدا ئىستەخرىنىڭ ماۋەرائۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى جايلىرى ھەققىدىكى خاتىرىسىنى مۇكەممەل دەپ ماختىغانلىقى، ئىسلامىيەتنىڭ غەربىدىكى جايلار ھەققىدىكى خاتىرىسىنى كەمچىلىك بار، دەپ تەنقىد قىلغىنىغا قاراپ، يۇقىرىقى ئىككى كىتابتىكى ئۇرۇشتىن قول ئۈزگەن تۈركلەرگە دائىر ماتېرىياللارنىڭ ئىستەخرىنىڭ كىتابىدىن ئېلىنغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ، يەنى ھازىرقى قىسقارتىلغان نۇسخىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئەسلىي كىتابىدىن ئېلىنغان، ئەلۋەتتە.

(57) بارتولد: « ‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تەرجىمىسى» 1970- يىل نەشرى، 1- بەتتىن 44- بەتكىچە.

(58) مىنورسكىي: « ‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى، شەرھى» 1970- يىلى نەشرى، 98- بەت. مەرۋىزىنىڭ كىتابى 31- بەت، پرىتساكنىڭ «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 1951- يىلى نەشرى 271- بەت، ئۇچىدا گېيپۇ «قارلۇقلارنىڭ دەسلەپكى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» 1975- يىلى كىيوتو نەشرى 495-، 509- بەتلەر.

(59) ۋاڭ شىياۋپۇ: «تاڭ سۇلالىسى، تۇبۇتلەرنىڭ ۋە ئەرەبلەرنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى» IV باب 89- ئىزاھ 1992- يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشرى.

(60) «گەردىزىنىڭ تۈركلەر ھەققىدىكى بايانى» 142- بەت.

(61) ئەسلىي مەتىنىدە «تاغنىڭ سول تەرىپىدە»، يەنى تاغنىڭ شەرقىدە دېيىلگەن. مىنورسكىي« ‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى، شەرھى» 90- بەت.

(62) مەرۋېزىنىڭ كىتابى 31- بەت.

(63) مىنورسكىي: « ‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى، شەرھى» 300-،301- بەتلەر.

(64) جاڭ گۇاڭدا، روڭ شىنجاڭ: «قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇچە 6551- نومۇرلۇق بۇددا مۇكالىمىسى ھەققىدىكى تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتى» (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى) 1989- يىلى 2- سان. بۇنىڭدىن باشقا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تەڭرىتاغ رايونىدا ياشىغان «داتەيبې» بەلكىم تۇخسىلارنىڭ ئەجدادى بولسا كېرەك.

(65) مىنورسكىي: « ‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى، شەرھى» 13 — 15- بابلىرىغا قاراڭ.

(66) «غەربتىكى يوللار»دا كۇسەنىڭ غەربىدە «قارلۇق ئېلى» بارلىقى خاتىرىلەنگەن. راھىب شىڭچىن قاتارلىق كىشىلەر ئۆتكەن «قارلۇق ئېلى» بىلەن «ھۇدۇدۇلئالەم»دىكى ئۆچتۇرپان ئەتراپىدا ياشىغان قارلۇقلار چوقۇم قارلۇقلارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

(67) بۇ يەر نامى گەردىزىنىڭ خاتىرىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مىنورسكىي «ھۇدۇدۇلئالەم»گە شەرھى يازغاندا، گەردىزىنىڭ قولىيازمىسىدىكى بۇ سۆزنى «تۇمكەت» دەپ ئوقۇش كېرەك، دەپ قارايدۇ ھەم بارتولدنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتى»دا بۇ سۆزنى «نەۋەكەت» دەپ ئوقۇغىنى دۇرۇس

بولمىغــان، دەپ قــارايدۇ. ســۆز قۇرۇلمىســىدىن قارىغــاندا، مىنورســكىينىڭ پىكرى ئۇســتۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ. لېكىــن، قۇدامەنىڭ «خەراج» (6- جىلد 206- بەت) دېگەن ئەسىرىدىكى «نەۋكەت» بىر چوڭ شەھەر بولۇپ، ئۇ يەردىن بارسخانغا بارىدىغان يول بار، دېگىنىگە دىققەت قىلدۇق. بۇ يەنە بىزنى گەردىزىنىڭ كىتابىدىكى يەر نامىنى «نەۋكەت» دەپ ئوقۇشقا دەۋەت قىلىدۇ: مەن هازىرچە مىنورسكىينىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدىم.

(68) «پادىشائى يابغۇي»نى مىنورسكىينىڭ «يابغۇ پادىشاھلىقى» دەپ تەرجىمە قىلغىنى ئانچە دۇرۇس بولمىغاندەك قىلىدۇ.

(69) مۇقەددەسىنىڭ «ئەھسەنۇت تەقاسىم فى مەرەفەتىل ئەقالىم» (3- جىلد، 48-، 264- بەتتە)دا بالاساغۇنغا قوشنا «لەبان» دېگەن بىر يەر بار. «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرى»دە بۇ يەر نامىنى كېيىنكى بىر يەر نامى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ لەبانشۇي قىلىپ قويغان بولسىمۇ، تارىخىي ئىسپاتنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان.

(70) مىنورسكىي: « ‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى، شەرھى» 292- بەت.

(71) مىنورسكىي: « ‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى، شەرھى» 298 — 300- بەت.

(72) جاڭ گۇاڭدا، روڭ شىنجاڭ: «قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇچە 6551- نومۇرلۇق بۇددا مۇكالىمىسى ھەققىدىكى تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتى» (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1989- يىل 2- سان).

(73) نىزامۇلمۇلۇك: «سىياسەتنامە» 224- بەت.

(74) پىرتساك بۇ قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنى دەپ قارايدۇ. ئۇ ئىزاھىنىڭ تەسىرى بەكمۇ چوڭ.

(75) دوكتور بېللېۋ: «1873- يىلى ياركەندىكى تەكشۈرۈشلەردىن دوكلات» (يەركەننىڭ جۇغراپىيىسى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەققىدە) 1875- يىلى كالكۇتتا ئىنگلىزچە نەشرى 121- بەت.

(76) روبېرت شاۋ: «تۈركىستان تۈركچىسىنىڭ گراماتىكىسى ھەققىدە تېزىس» (يەكەن ۋە قەشقەر شېۋىسى) II توم 1875-يىلى لاھور ئىنگلىزچە نەشرى.

(77) «تەبەكاتى نەسىرى» (ئاسىيا ۋە ھىندىستاندىكى ئىسلام سۇلالىلىرى ۋە 810-، 1260- يىللىرىغىچە بولغان موغۇل ۋە ئىسلام ھاكىمىيەتلىرى) مەۋلانە مىنھەجىدىن ئەبۇ ئۆمەرى ئوسمان 1881- يىلى لوندون ئىنگلىزچە نەشرى 901-، 902-بەتلەر.

(78) «ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ خرونولوگىيىسى ۋە تارىخى» (1893- يىلى لوندون ئىنگلىزچە نەشرى)، «تۈركىستاندىكى ئىلىك خانلار» ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى «دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى شەرق تىللىرى بۆلۈمىدىكى پۇللار مۇندەرىجىسى — قوشۇمچە»دىن ئېلىندى.

(79) «تارىخى رەشىدى» (2- قىسىم) 1983- يىلى خەنزۇچە نەشرى 193-، 194- بەتلەر.

(80) گرېنارد: «سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تەزكىرىسى» 1900-يىل نەشرى 5 — 79- بەتلەرگىچە.

(81) برتچېيدېر: «شەرقىي ئاسىيادىكى قەدىمكى خەلقلەر

ھەققىدە تەتقىقات» 2- قىسىم 1910- يىلى لوندون، 252- بەت.
سىكرىنې بىلەن روسىس «ئىچكى ئاسىيا» 1899- يىلى لوندون 119- بەت، 1874- يىلى گرىگىيۋ تۇنجى رەت «قاراخانىيلار» دېگەن نامنى ئىشلەتكەن. لېكىن، ئۇنىڭ ماقالىسىنى ئۇچرىتالمىدىم.

(82) بارتولد: «موڭغۇللار ئىستېلاسىغىچە تۈركىستان» 18- بەت. «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخى ھەققىدە 12 لېكسىيە» خەنزۇچە تەرجىمىسى 80- بەت.

(83) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» مەن ۋېي لياڭتاۋ ئەپەندىنىڭ تەرجىمىسىدىن پايدىلاندىم.

(84) خانېدا ئاكىرا: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» كىيوتو 1983- يىلى نەشرى، 435 — 448- بەتلەر).

(85) ۋاڭ رىۋېي: «كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىزدىنىش» (يۇگوڭ ژۇرنىلى 1935- يىل 11- ئاي 4- جىلد، V باب) فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلۇ، مۇگۇاڭۋېن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى» 1956- يىلى نەشرى 1- قىسىم 51- بەت.

(86) ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىنىڭ تېزىسى»، ليۇجىشاۋ «ئۇيغۇرلار تارىخى.»

(87) شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى 1988- يىلى چىقارغان «شىنجاڭ دىن تەتقىقاتىغا دائىر ماتېرىياللار»نىڭ 16- توپلىمىغا «بۇغراخان تەزكىرىسى»نىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ كىرگۈزۈلگەن.

(88) «قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ مىللەت تەۋەلىكى

مەسىلىسى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن قوشۇمچە قىلغان ماقالەمگە قاراڭ.

(89) بارتولد: «موڭغۇللار ئىستىلاسىغىچە تۈركىستان» 20- بەت.

(90) «تەبەكاتى نەسىرى» (ئاسىيا ۋە ھىندىستاندىكى ئىسلام سۇلالىلىرى ۋە 810-، 1260- يىللىرىغىچە بولغان موغۇل ۋە ئىسلام ھاكىمىيەتلىرى) مەۋلانە مىنھەجىددىن ئەبۇ ئۆمەرى ئوسمان. 1881- يىلى لوندون ئىنگلىزچە نەشرى 901-، 902- بەتلەر.

(91) «سۇتۇق قاراچار» ئەسلىي «سۇتۇق قاراچان» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى كېرەك.

(92) «سۇتۇق خوجا (بۇ ئىسىم سۇتۇق دەپ يېزىلىدۇ) بىر مۇئەللىپىنىڭ ئېيتىشىچە ئەسلىدە مۇسۇلمان بولمىغان بولۇپ، تۈركىستاننىڭ ھۆكۈمرانى ئىكەن. لېكىن، ئۇ بىر مۆھىم چۈش كۆرۈش ئارقىلىق، ئەتىگىنى مۇسۇلمان بولغان ئىكەن. ھەم ئىسلامغا دەۋەت قىلغان ئىكەن. بۇ بەلكىم ھىجرىيىنىڭ 315- يىلى (927- يىلى) ياكى 320- يىلى (932- يىلى)دىكى ئىش بولسىمۇ، بۇ ھەقتە ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان ئىكەن.»

(93) گەردىزىنىڭ خاتىرىسى بىلەن ئىبنى ئەسىرنىڭ خاتىرىسى ئوخشاش. بارتولد «موڭغۇللار ئىستىلاسىغىچە تۈركىستان» (10- بەت)دا سەللامى (955- يىلىدىن كېيىن ۋاپات بولغان)نىڭ ئەسىرى گەردىزى بىلەن ئىبنى ئەسىرگە ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ بەرگەن، دەيدۇ. بەلكىم سەللامە دېگەن كىشىمۇ سۇتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى خاتىرىلىگەن بولسا كېرەك.

(94) سەمئانى: «كىتابى ئەنساب» 470-، 471-، 472- ۋاراقلار؛ «تارىخى كاشغەر»دىن باشقا سەمئانىنىڭ «كىتابى ئەنساب» دېگەن ئەسىرى (470- ۋاراق)دىمۇ ئالمائىنىڭ «سۇرراھ لۇغىتى» دېگەن ئەسىرى بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

(95) مەن 1989- يىلى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەمنى تاماملىغاندا «ئالمائى ئاتىسىدىن 20 يىل بۇرۇن ۋاپات بولغان ئىكەن، بەلكىم ھىجرىيىنىڭ 466- يىلى (1073-، 1074- يىلى) ئەتراپىدا ۋاپات بولغان بولسا كېرەك» دەپ پەرەز قىلغان ئىدىم. ئەمدى ئېنىق خاتا قىلغانلىقىمنى بايقىدىم.

(96) سەمئانى: «كىتابى ئەنساب»، بارتولد «موڭغۇللار ئىستېلاسىغىچە تۈركىستان» 1898- يىلى رۇسچە نەشرى 1- توم، ئەسلىي تېكىستلەر 129- بەتكە قاراڭ.

(97) بارتولد: «موڭغۇللار ئىستېلاسىغىچە تۈركىستان» رۇسچە نەشرى I توم 130- بەت.

(98) بىلگە كۈر: ئەسلىي تېكىستتە دىش - پەش چۈشۈپ قالغان. «بىلكە» سۆزىنى بارتولد «بىلگە» دەپ ئوقۇغان. «كۈر» سۆزىنى ماكۋارت «ئۇيغۇر» دەپ ئوقۇغان، پرىتساك كۈر دەپ ئوقۇغان. مەن بۇ يەردە پرىتساكنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ تۇردۇم. لېكىن، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا «كۈل بىلگە» دېگەن ئاتالغۇ ئۇچرايدۇ. «بىلگە كۈر» دېگەن ئاتالغۇ ئۇچرىمايدۇ.

(99) ئەسلىي مەتنىدە «ئاپراسىياب ئىبنى بەشانىك ئەست ئىبنى رەسمان(؟) بىلەن تۇر ئىبنى ئەفرىدۇن ئىبنى (ئېنىق ئەمەس) ئىبنى كەركىتان(؟) يەفەس ئىبنى نوھ» دەپ يېزىلغان. مەسئۇدىنىڭ «مۇرۇجى ئەززەھەب»تىكى 540- پەسىلدە ئاپراسىيابنىڭ تولۇق ئىسمى «فاراسىياب ئىبنى

بەشانىڭ ئىبنى زەي ئەرسان ئىبنى تۇراق ئىبنى سابانىياسىب ئىبنى دۇرساسىب ئىبنى تۇھ ئىبنى دۇرسۇن ئىبنى تۇج ئىبنى ئەفرىدون» دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىگە دىققەت قىلىش.

(100) ئىبنى ئەسىرنىڭ «كامىل فىت تارىخ» 11- جىلد 82- بەتتە «ئاڭلىشىمچە قەشقەر، بالاساغۇن، خوتەن ۋە تالاس قاتارلىق تۈركىستان رايونى ۋە قوشنا بولغان ماۋارەئۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى (بىر قىسىم) جايلار ئىلگىرى خانىيەدىكى تۈرك خانلىرىنىڭ قولىدا ئىكەن. ئۇلار ئاپراسىياب تۈركلىرىدىن بولۇپ، مۇسۇلمان ئىكەن. ئۇلار ئۆزئارا پەرقلىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەجدادىنىڭ ئىسمى سۇتۇق قاراخان ئىكەن. سۇتۇقنىڭ مۇسۇلمان بولۇش سەۋەبى مۇنداق ئىكەن: ئۇ چۈشىدە بىر ئادەمنىڭ ئاسماندىن چۈشكەنلىكىنى ھەم تۈرك تىلىدا «ئىسلامغا بەيئەت قىل، سەن پانىي ۋە باقىي ئالەمدە ئامان بولىسەن» دېگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ ھەم ئەتىسى ئۆزىنىڭ قارارىنى جاكارلاپتۇ. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى مۇسا ئىبنى سۇتۇق تەختكە ۋارىسلىق قىپتۇ. ئۇ رايونلارغا ئۇنىڭ ئەۋلادى ئارسلانخان مۇھەممەد ئىبنى سۇلايمان ئىبنى داۋۇد بۇغراخانغا قەدەر، تابغاچخان ئاتالغان ئىبراھىم بىلەن ناسىر ئارسلانخان ئاتالغان ئىلىك ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇسا ئىبنى سۇتۇققىچە ھۆكۈمرانلىق قىپتۇ. ئۇ لەشكەر تارتىپ قادىرخانغا قارشى ئاتلانغاندا، خانلىقىنى تارتتۇرۇپ قويۇپتۇ. سەنجە قادىرخاننى ئۆلتۈرۈپتۇ. بىز ھىجرىيىنىڭ 494- يىلى (1100-، 1101- يىلى) يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بايانىدا بۇ ۋەقەنى بايان قىلىپ بولغان ئىدۇق. «خانلىق ئارسلانخاننىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئۇ يۇرت تىرەپ تۇرالاپتۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

سۇتۇقنىڭ ئىسمى «كامىل فىت تارىخ»نىڭ تورنىبېرگ نەشرىدە «شەبۇق»، بېيرۇت نەشرىنىڭ ئىندېكسىدە «سەبۇق»، مەتنىدە بولسا «سەبۇق» دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

(101) «مۇجمەل تەۋارىخ ۋە قىساس» (گرېنارنىڭ كىتابى 38- بەت 1- ئىزاھتىن ئېلىنغان نەقىل)تا «ئەبۇ ناسىر ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇسا ئىبنى س. ن. كۇچاھ مۇسۇلمان بولمىغان» دېگەن بىر ئىسىمنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ يەردىكى مۇسانىڭ ئاتىسى « مۇسۇلمان بولمىغان» س.ن كۇچاھ بولسا چوقۇم «سۇتۇق كۇچاھ»نىڭ خاتا يېزىلىشى بولسا كېرەك.

(102) بارتولد: «موڭغۇللار ئىستېلاسىغىچە تۈركىستان» 209- بەت.

(103) ئاتباش — تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتباش دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ.

(104) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 287— 290 - بەتلەر.

(105) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 294- بەت.

(106) نىزامۇلمۇلۇك: «سىياسەتنامە» 220 — 224- بەتلەر.

(107) ئىبنى ئەسىر: «كامىل فىت تارىخ» 8- جىلد 410- بەت.

(108) «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» 74-جىلد، «كونا بەش دەۋر تارىخى» 39- جىلد، «بەش دەۋرگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» 29- جىلد، هاملتون «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» خەنزۇچە تەرجىمىسى 107-، 108-

بەتلەر.

(109) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 294-، 295- بەتلەر.

(110) گرېنارد: «سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى ھەققىدە» 36-، 37- بەتلەر.

(111) ھاملتون: «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» خەنزۇچە تەرجىمىسى 101—103- بەتلەردىكى 4- ئىزاھقا قاراڭ.

(112) بائىلىي: «قەدىمكى خوتەن ساك تىلى مەدەنىيىتى» 91-، 92- بەتلەر، موڭغۇللار دەۋرىدە خېشىدا ھون قەبىلىسىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىڭ. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 170- جىلد «يۈەن يۇ تەزكىرىسى»دە جىيۈەن سەلتەنەت دەۋرىدە شىشىيا (تاڭغۇت) جوڭشىڭ ئايماقلىرىنىڭ سلاۋچىبېگى يۈەن يۇ ئوردىغا «تاڭغۇتلار بىلەن ھونلار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقاچقا، ياخشى - يامىنىنى پەرق قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ مەلۇم قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

(113) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 296- بەت.

(114) بارتولد: «موڭغۇللار ئىستىلاسىغىچە تۈركىستان» 1898- يىلى رۇسچە نەشرى 132- بەت.

(115) فېدوروۋ: «X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان شەرقىي قاراخانىيلار تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان» (قەدىمكى پۇللارغا ئاساسلىنىپ يېزىلغان. مەن چىن ۋېيشىڭنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدىن پايدىلاندىم).

كېيىنكى بايانلاردىكى ئىزاھات بېرىلمىگەنلىرى دېگۈدەك مۇشۇ ماقالىدىن پايدىلىنىلغان.

(116) ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخى ھەققىدە تېزىس» 103 — 112- بەتلەر.

(117) بوسۋورس: «ئىسلام سۇلالىلىرى يىلنامىسى ۋە ئومۇمىي قوللانمىسى» 101 -، 102- بەتلەر.

(118) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئىنگلىزچە تەرجىمىسى).

(119) «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «ئاپراسىياب» ماددىسىغا قاراڭ؛ مەسئۇدى «مۇرۇجى ئەززەھەب» دېگەن ئەسىرىنىڭ 313- پەسلىدە ئاپراسىياب بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قارلۇقلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ قويغان.

(120) «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»نىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان 2- ۋە 3- نۇسخىسىغا قاراڭ.

(121) 3- جىلد 337- بەت.

(122) بارتولد: «موڭغۇللار ئىستېلاسىغىچە تۈركىستان» 255-، 256- بەتلەر.

(123) خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»نىڭ 1- نۇسخىسىدا ھىجرىيىنىڭ 409- يىلى (1018 -، 1019- يىلى) ۋاپات بولغان دېيىلگەن. 2-، 3- نۇسخىسىدا ھىجرىيىنىڭ 429- يىلى (1037-، 1038- يىلى) ۋاپات بولغان، دەپ قارايدۇ.

(124) گرېنارد: «سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى ھەققىدە» 1900- يىلى نەشرى 33-، 34- بەتلەر؛ پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 292-، 293- بەتلەر.

(125) گىرېناردنىڭ: «سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تەزكىرىسى ھەققىدە»دىكى 34- بەت 1- ئىزاھىنىڭ ماتېرىيالى «كامىل فىت تارىخ»تىن ئېلىنغان. ئۇ يەنە «ئىبنى خەلدۇن ئازراق ئوخشىمايدىغان ئىبارىلەر بىلەن ئوخشاش بىر ۋەقەنى بايان قىلغان. لېكىن، ئۇ بۇغرانىڭ ئاتىقىنى ‹تۈرك خانى بۇغراخان› دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن بولسا، ئىبنى ئەسىر بۇغرا دەپلا يازغان» دەيدۇ.

(126) ماشياۋخېنىڭ: «ئىبنى خەلدۇن» (دۇنيادىكى پەيلاسوپلار مەجمۇئەسى)، (تەيۋەن دوڭدا نەشرىيات شىركىتى 1993- يىلى نەشرى)گە قاراڭ.

(127) بارتولد: «موڭغۇللار ئىستېلاسىغىچە تۈركىستان» 4- بەت.

(128) ئىبنى ئەسىر: «كامىل فىت تارىخ» 8-جىلد 124-، 125- بەتلەر.

(129) ئىبنى ئەسىر: «كامىل فىت تارىخ» 8-جىلد 131-، 132- بەتلەر.

(130) قارا تېكىن ھەققىدە «كامىل فىت تارىخ»نىڭ 8- جىلد 79- ۋە 492- بەتلەرگە قاراڭ؛ توقان تېكىن ھەققىدە «كامىل فىت تارىخ»نىڭ 8- جىلد 133- بەتكە قاراڭ.

(131) ئەسلىي تېكىستىنى ياقۇتىنىڭ «مۆئىلجەم بۇلدان» 3- جىلدتىكى «سىن» (جۇڭگو) ماددىسىغا قاراڭ؛ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى يۇلېنىڭ «قەدىمكى جۇڭگودىكى يوللار» ( I توم 1866- يىلى لوندون ئىنگلىزچە نەشرى 186 — 193- بەتلەرگىچە) دېگەن كىتابىغا قاراڭ؛ تۈركىي قوۋملارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى فېڭ چېڭجۈننىڭ «ئەرەب مىسال

سەپىرىدە ئۇچراتقان غەربىي يۇرتتىكى قەبىلىلەر» («غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىز تارىخ - جۇغراپىيىسىگە ئائىت تەھقىقلەنگەن ماقالە- ئەسەرلەر توپلىمى») جۇڭخۇا نەشرىياتى 1963- يىلى نەشرى 184 — 187- بەتلەردىن قىسقارتقان بايانىغا قاراڭ؛ ئۇنىڭدا ھەتتا يەرلىك ئاھالىلەرمۇ شىئەلەر ئىكەن، دېيىلگەن.

(132) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 292- بەتتىكى 5- ئىزاھقا قاراڭ.

(133) «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «ئەبۇ دۇلاف» ماددىسىغا قاراڭ. مايوڭ «سامانىيلار بىلەن جۇڭگونىڭ ئالاقىسى» («ئۆگىنىش ۋە ئويلىنىش» ژۇرنىلى 1983- يىل 3- سان).

(134) سەمئانى: «كىتابى ئەنساب» 486- ۋاراق ئوڭ تەرەپ؛ ئەسلىي مەتنىدە «تۈرك خاقان» دېگەن بىرنەچچە سۆز ئېنىق ئەمەس. بارتولدنىڭ تەھقىقىنى «موڭغۇللار ئىستېلاسىغىچە تۈركىستان» دېگەن ئەسىرىنىڭ 255- بەت 5- ئىزاھقا قاراڭ.

(135) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 292- بەت.

(136) سوۋېت ئىتتىپاقى «قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى تارىخى» 1- توم 291- بېتىدە: «قارشىنىڭ ئاخباراتىغا قارىغاندا، بۇ ۋەقە سامانىيلاردىن ئابدۇمالىك ئىبنى نوھ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىل (954 — 961- يىللىرى)دە يۈز بەرگەن» دېيىلگەن.

(137) «بۇ يىلى 20 تۈمەن چېدىرلىق كەلگۈدەك تۈركلەر

ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان.»

(138) بارتولد: «تۈركىستان تارىخى» 99- بەت 1956-يىلى ئىنگلىزچە نەشرى.

(139) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 296-بەت؛ ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخى ھەققىدە تېزىس»1986-يىل خەنزۇچە نەشرى 77-، 78- بەتلەر.

(140) بائىلېي: «ۋېسا سۇرا ۋە داساۋ (بېگى)» 1964- يىل «ئاسىيا» ژۇرنىلى.

(141) مۇقەددەسى: «ئەھسەنۇت تەقاسىم فى مەرەفەتىل ئەقالىم» 3- جىلد 275- بەت.

(142) مۇقەددەسى: «ئەھسەنۇت تەقاسىم فى مەرەفەتىل ئەقالىم» 3- جىلد 275- بەت.

(143) خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» 2- نۇسخا 19- بەت، 3- نۇسخا 49-، 50- بەت.

(144) ليۇجىشياۋ: «ئۇيغۇرلار تارىخى» (1- قىسىم 146- بەت).

(145) 1- جىلد 333- بەت.

(146) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 291- بەت.

(147) خانپدا ئاكىرا: «سوغدىلارنىڭ شەرقتىكى پائالىيىتى» (يىۋانامى لېكسىيىسىدىكى دۇنيا تارىخى. VI توم 409 — 436-بەتلەرگىچە).

(148) 1- جىلد 288- بەت.

(149) 3- جىلد، 324 — 326- بەتلەر؛ تەرجىمىسىنى بارتولدنىڭ «موڭغۇللار ئىستېلاسىغىچە تۈركىستان»نىڭ 235-،

236- بەتلەردىن كۆرۈك.

(150) كاۋالېۋسكى: «ئەھمەد ئىبنى فەزلان» فاركوۋ 1956- يىلى رۇسچە نەشرى.

قوشۇمچە (1)

# قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ مىللەت تەۋەلىكى مەسىلىسى ھەققىدە تەتقىقات

يۈز نەچچە يىلدىن بېرى، قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتى، يەنى خاقان چىققان جەمەتنىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر بېسىقمىدى. ئالىملار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ نەچچە ئون خىل قىياسنى[1] ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قىياسلاردىكى «ياغمىلاردىن چىققان»، «قارلۇقلاردىن چىققان» ۋە «ئۇيغۇرلاردىن چىققان» دېگەن ئۈچ خىل قىياسنىڭ تەسىرى چوڭراق. «ياغمىلاردىن چىققان» دېگەن قىياس بارتولد قاتارلىق مەشھۇر ئالىملارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، 60-، 70- يىللاردىمۇ بەزى مۇھىم ئەسەرلەرگە كىرگۈزۈلدى. «قارلۇقلاردىن چىققان» دېگەن قىياسنى مەشھۇر تۈركولوگ پرىتساك تەپسىلىي دەلىللەپ چىققاچقا، نۆۋەتتە غەربتىكى كۆپ سانلىق ئالىملار قوللاش پوزىتسىيىسىدە بولۇۋاتىدۇ. «ئۇيغۇرلاردىن چىققان» دېگەن قىياسنى يېقىنقى يىللاردىن بېرى دۆلىتىمىزدىكى بىرمۇنچە ئالىملار قوبۇل قىلىپ، بەزى مۇھىم ئىلمىي بايانلىرىنى ئېلان قىلىشتى. مەن بۇ ماقالەمدە بۇ ئۈچ خىل قىياسنى سېستىمىلىق ئانالىز قىلىپ، ئۆز كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى تەتقىق قىلغاندا، قايسى خىل قىياسنى ياقىلايدىغان ئالىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر، قاراخانىيلارنىڭ بەرپاچىسى سۇتۇقنىڭ پائالىيەت ئورنىغا قارىتا ھېچقايسىسى غەيرىي پىكىردە بولۇپ باقمىدى. ھەممىسى دېگۈدەك ئالمائىنىڭ ئەسىرىدىن پايدىلاندى.

ئالمائى XI ئەسىردە قەشقەردە ياشىغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ «تارىخى كاشغەر» دېگەن ئەسىرى يوقىلىپ كەتكەن. لېكىن، جامال قارشىنىڭ «مۇلھەقەتۇل سۇرراھ» دېگەن ئەسىرىدە بەزى بۆلەكلىرى ساقلانغان[2]. ئالمائى «تارىخى كاشغەر» بىزگە تۈركىي قوۋملارنىڭ ئاقساقىلى ئوغۇلچاق قادىرخان ئاساسەن قەشقەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، بىز قەشقەرنى بۇ سىياسىي كۈچلەرنىڭ ئەينى چاغدىكى مەركىزى، دەپ قاراشقا تامامەن ھەقلىقمىز. مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئوردۇ بىر خاننىڭ ئاستانىسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا، قەشقەر شەھىرى ‹ئوردۇكەنت› دەپ ئاتالغان، ئۇ خانلارنىڭ قارارگاھى ۋە ئاستانىسى دېگەن مەنىدە[3]» دەپ دەلىللەيدۇ. قەشقەر ئەتراپىدا ئاتۇشتىن باشقا، بىز يەنە سۇتۇق ئىش باشلىغاندىن كېيىن تۇنجى ئىشغال قىلغان يېرى ئاتباش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالىمىز. ئاتباش قەشقەر، پەرغانە ۋە ئىسسىق كۆل ئارىلىقىدىكى تاغقا جايلاشقان بازار بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى سىياسىي پائالىيەتلەردە قەشقەر رايونى بىلەن بىرگە باغلانغان[4]. سۇتۇقنىڭ ئاتباشنى ئىشغال قىلىشى، پەرغانىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەم ئەپچىل ئورۇندا

تۇرۇپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشقا پايدىلىق بولغان. سۇتۇقنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئورنى قەشقەر ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلار بولغاچقا، بارتولد ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىلا، سۇتۇقنىڭ «ھۇدۇدۇلئالەم»دە خاتىرىلەنگەن ياغما قەبىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىنى ياغما قەبىلىسىدىن چىققان، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان[5]. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىغا كەلگەندە، مىنورسكىي «ھۇدۇدۇلئالەم»نى تەتقىق قىلغاندا، بۇ قىياسنى كۈچەيتىپ تەرغىپ قىلغان[6].

نۆۋەتتە IX، X ئەسىردىكى ياغما قەبىلىسى ۋە قەشقەرگە دائىر ماتېرىياللار ئاساسەن «ھۇدۇدۇلئالەم» بىلەن گەردىزىنىڭ «زەينۇل ئەخبار»دىن كەلگەنلىكى كۆپچىلىككە مەلۇم. «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ مىنورسكىي تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان نۇسخىسى بار. «زەينۇل ئەخبار»نى تۇنجى قېتىم بارتولد تاللاپ تەييارلىغاندىن كېيىن، مارتىنىز (فوتو نۇسخىسىنى قوشۇپ) ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان[7]. تۆۋەندە بۇ ئىككى كىتابتىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ يىل، ۋاقتى ھەققىدە بەزى ھۆكۈملەرنى چىقىرىمەن («زەينۇل ئەخبار»دا بارتولد تاللاپ تەييارلىغان كىتابتىكى بەت سانىنى قوللاندىم. «ھۇدۇدۇلئالەم»دىكى سان - سىفىرلار قايسى باب، قايسى ماددىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ).

## [ 5- جەدۋەل: ماتېرىياللارغا باھا ]

| X، IX ئەسىردىكى خاتىرىلەر | ماتېرىياللارنىڭ يىل ۋاقتىغا دائىر باھا |
| --- | --- |
| 1. «زەينۇل ئەخبار» (88-، 89- بەتلەر) ئۇدۇن ۋە قەشقەر-دىن تۆبۆتكىچە مۇساپىنى بايان قىلغاندا «قەشقەر ئىلگىرى دېگۈدەك تۆبۆت خاقانىغا تەۋە ئىكەن» دېيىلگەن. | بۇ بەلكىم VII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى تۆبۆتلەر غەربىي يۇرتقا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، سارىغ (قەدىمكى قەشقەر) قاتارلىق جايلار تۆبۆتلەرگە تەۋە بولغان ئەھۋاللارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. |
| 2. «زەينۇل ئەخبار» (84-، 85- بەتلەر) ياغمىلار توققۇز ئوغۇز خاقاندىن كېيىن، تۈرك خاقانىنىڭ ئۆز دائىرىسىدىكى قارلۇقلارغا بېقىنغان بولسىمۇ، كۆچىيە-ۋاتقان قارلۇقلار بىلەن ئەپ ئۆتەل-مىگەن. تۈرك خا-قانى ئۇلارنى قارلۇقلار بىلەن قىماقلار ئارىلى-قىدىكى رايونغا ئورۇنلاشتۇرغان. | ساگلىدى تەھلىل قىلغاندەك ئىككى خاقان بىرلا ۋاقىتتا تەڭ مەۋجۇت بولغانلىقتىن قارلۇقلار كۆچىيىۋاتقان بولسىمۇ يەنىلا تۈرك خاقانىنىڭ دائىرىسىدە بولۇشىدىن قارىغاندا، بۇ يەردىكى توققۇز ئوغۇز خاقانى گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ خاقانىنى، تۈرك خاقانى تۈركەش خاقانىنى كۆرسىتىدۇ[8]. ياغمىلار توققۇز ئوغۇز، يەنى گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، نەچچە مۇشكۈلاتلاردىن كېيىن تۈركەش خانلىقىغا تەۋە قەبىلە بولۇپ قالغان. |

| | |
|---|---|
| ئۇلار قارلۇقلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراۋەرگەچكە، قىماقلارغا بېقىنغان. كېيىن قىماقلار بوزەك قىلغاچقا، ئۇلار تۈرك خاقانىغا يېقىن جايغا قايتىپ كەلگەن. | |
| 3.«ھۇدۇدۇلئالەم» X باب 10- ماددىدا جەملىكەتنى ئىلگىرى قىماقلار، قارلۇقلار ۋە ياغمىلار دائىم بولاڭ- تالاڭ قىلاتتى، دەپ كۆرسىتىلگەن. | مىنورسكىي بىلەن مورىياسۇ تاكائو بۇ شەھەرنى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا، دەپ قارايدۇ[9]. ياغمىلار بۇ يەردە قارلۇقلار، قىماقلار بىلەن بىر قاتارغا تىزىلغان. بۇ ياغمىلارنىڭ يەنىلا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ چوقۇم تۈركەش خانلىقىنىڭ مەلۇم مەزگىلىدىكى ۋەقە (ئالدىنقى ماددىغا قاراڭ). |
| 4. «ھۇدۇدۇلئالەم» VI باب 21- ماددىدا، خەيلام دەريا ۋادىسىدىكى خەيلام شەھىرى قارلۇقلار بىلەن ياغمىلار ئارىسىغا جايلاشقان، دەپ كۆرسىتىلگەن. XIII باب 1- ماددىدا ئىغراج ئارت ياغمىلار رايونىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن، دېيىلگەن. | خەيلام دەرياسى ھازىرقى نارىن دەرياسى بولۇپ، خەيلام شەھىرى نارىن دەريا ۋادىسىدىكى مۇھىم بىر شەھەر. ئىغراج ئارت بولسا تەڭرىتېغىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارىلىدۇ[10]. بۇ ئىككى خاتىرىگە قارىغاندا، ياغمىلار ئىغراج ئارتنىڭ شەرق- غەرب تەرىپىدىكى قەشقەر ۋە پەرغانىنىڭ شەرقىي شىمالىغا كۆچۈپ كېلىپ بولغان. بۇ يەردىكى قارلۇقلار 816- يىلى فازىل ئىبنى ساھلىنىڭ ھۇجۇمىدا[11] شىمالغا قېچىشتىن بۇرۇنقى ئەھۋاللارنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، قارلۇقلار كۆچەيگەن VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، IX ئەسىرنىڭ بېشىدا، ياغمىلار جەنۇبقا كۆچۈپ كېتىپ بولغان. «زەينۇل ئەخبار» بىلەن «ھۇدۇدۇلئالەم»دىكى ياغمىلار بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ياغما قەبىلىسىنىڭ ئورنى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بىزنى |

| | |
|---|---|
| | تەبئىي ھالدا«توققۇز ئۇيغۇر خاقانى مەڭگۈ تېشى[12]»نىڭ 17- قۇرىدىكى كەمتۈك جايغا خاتىرىلەنگەن ۋەزىر باۋيى جازا يۈرۈش قىلغان پۇقرالار ياغمىلار ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلدۇرىدۇ.[13] |
| 5. «هۇدۇدۇلئالەم» XIII باب 1- ماددىدا بۇرۇنقى چاغلاردا قەشقەرنىڭ كاتتىۋېشى قارلۇقلار ياكى ياغمىلاردىن چىقىدۇ، دېيىلگەن. | دالى سەلتەنەت دەۋرىدىن كېيىن، تۈركەشلەر قارلۇقلارغا «بېقىنغان». شۇنىڭدىن كېيىن ياغمىلار، تۈركەش قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن قارلۇقلارغا بېقىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلارغا بېقىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن تۈبۈتلەر ۋە قارلۇقلار زورايغاندا، ئۇلار چوقۇم كۈچلۈككە بېقىنغان. كېيىن ئېھتىمال ئۇيغۇرلارنىڭ جازا يۈرۈش قىلىشى بىلەن («توققۇز ئۇيغۇر خاقانى مەڭگۈ تېشى» 17- قۇر؟) جەنۇبتىكى قەشقەر ئەتراپىغا كۆچكەن بولۇشى مۇمكىن. |
| 6. «هۇدۇدۇلئالەم» XIII باب 1- ماددىدا «قەشقەر چىنىستانغا تەۋە بولسىمۇ، ياغمىلار، تۈبۈتلەر، قىرغىزلار، ئۇدۇن[14] ئارىلىقىغا جايلاشقان» دېيىلگەن. | قىرغىزلارنىڭ تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبى ئېتىكىدە پەيدا بولۇشى 840- يىلىدىكى ۋەقەدىن ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمىگەن مەزگىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدىم[15]. ئەگەر بۇ ھۆكۈم خاتا بولمىسا، بۇ ماتېرىيال 840- يىللىرى ئەتراپىدا ياغمىلارنىڭ قەشقەر ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. |
| 7. «هۇدۇدۇلئالەم» XIII باب 2-، 3- ماددىدا ئانۇش خىرمىكى كەنتىنى تىلغا ئېلىپ، ئانۇشنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقىنى ۋە ياغمىلار، قارلۇقلار، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ. | توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پەيدا بولۇشى چوقۇم ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.[16] |

بۇنداق بولغاندا، ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى ياغمىلارنىڭ قەشقەر ئەتراپىدا ياشىغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىل - دەۋرلىرىنىڭ IX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغا تەۋە بولۇپ، X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن سۇتۇققا باغلاشقا ئامال يوقلۇقىنى كۆرۈۋالىمىز[17]. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھامىلتون تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، بەش دەۋر مەزگىلىدىكى خېشى كارىدورىنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلغاندا، «ھۇدۇدۇلئالەم»دىكى گۋاجۇ، گەنجۇ ۋە شاجۇ لىنىيىسىدىكى ۋە كۇسەن قاتارلىق جايلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۇرگەن[18]، دەپ ھۆكۈم قىلغان. مىنورسكىي بولسا مەزكۇر كىتابتىكى تۇبۇتلەرگە دائىر خاتىرىلەر تۇبۇتلەر كېڭەيمىچىلىك قىلىپ غەربىي يۇرتقا بارغان مەزگىلگە تەۋە[19]، يەنى تۇبۇتلەر غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىقىشتىن ئىلگىرىكى ۋەقەلەر خاتىرىسى، دەپ قارايدۇ[20]. چاگىلېدى گەردىزىنىڭ «زەينۇل ئەخبار»نى تولۇق تەھلىل قىلىپ، بۇنىڭدىكى ئوغۇزلار، قارلۇقلار، قىماقلار ۋە ياغمىلارغا دائىر ماتېرىياللاردا 744- يىلى كۆك تۈرك خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى 840- يىلى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىكى ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن، دەپ قارايدۇ[21]. بۇ تەتقىقاتلار ئوخشىمىغان يۆنىلىشتىن چىقىش قىلىپ يۇقىرىقى تارىخىي ماتېرىياللارغا بولغان ھۆكۈمنى ياقىلىغان. يىغىپ ئېيتقاندا، قولىمىزدا IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ياغمىلارنىڭ قەشقەر ئەتراپىدىكى رايونلارغا خوجايىنلىق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگۈدەك ماتېرىيال بولمىغاچقا،

ئۇنداقتا سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ياغما قەبىلىسىدىن چىققانلىقىنىمۇ ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. نەتىجىدە «ياغمىلاردىن چىققان» دېگۈچى ئالىملارغا ئاخىرقى بىر ئاساس ئېشىپ قالىدۇ، يەنى «مۇجمەل تاۋارىخ ۋە قىساس» تىكى بىر خاتىرىلا قالىدۇ.

«مۇجمەل تاۋارىخ ۋە قىساس» XII ئەسىردە تاماملانغان بولۇپ، مۇئەللىپى نامەلۇم(22). ئۇ كىتابتا شەرقتىكى هۆكۈمرانلارنىڭ ئاتىقى كۆرسىتىلگەن بىر جەدۋەل(23) بېرىلگەن. جەدۋەلدە تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ ئاقساقال - كاتتىۋاشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بىر مۇنچە ئاتاقلار تىلغا ئېلىنغان.

### [ 6 - جەدۋەل: شەرقتىكى هۆكۈمرانلارنىڭ ئاتىقىنى كۆرسىتىش ]

| | |
|---|---|
| چىن خانى: فەغپۇر(تەڭرىقۇت) | ئىچكى چىن(24) خانى: توققۇز ئوغۇز خاقان |
| ئۇدۇن خانى: ئۇدۇن تۆرە | قاسار خانى: قاسار خاقان |
| تۈبۈت خانى: تۈبۈت خاقانى | ئوغۇز خانى: يابغۇ |
| ياغما خانى: بۇغرا خان | سوغدى خانى: بەگ تېكىن |
| مىگىل خانى: تېكىن | پەنجكەنت خانى: كۈل بېيقار (كۈل بىلگە) |
| ؟ خانى: مەغلىغا | ؟ خانى: ئىنەل تېكىن |
| سوياب خانى: يلانشان | سارىغ خانى: ق. لاجۇر |
| ؟ خانى: خاسكى | بارسخان خانى: ت. بىن بارسخان |

| | |
|---|---|
| قەشقەر خانى: خان | قماق خانى: تۇتۇق |
| تاتار خانى: ؟ | شالاج خانى: خلىش ئېركىن |
| هۇمۇكات خانى: يالاۋكات (؟) | سوغدىلارنىڭ بۈيۈك خانى: ئىخشىد |
| قارلۇق[25] خانى: براتىغ | توخسىن (توخسى) خانى: ق. تېكىن |
| لۇبان خانى: تېكىن لۇبان | سۇتۇرشانا خانى: ئەفشىن |
| جەج خانى: خ. د. يۇ | ماجار خانى:ك. ن. د. خ |
| سلاۋىيانلار خانى:؟ | ئۇرۇس خانى: ئۇرۇس خاقان |
| بۇرتاس خانى:؟ | ئالان خانى: ئالانشاھ |
| ل.ك. زان خانى: ل. كزان شاھ | ھىندى خانى: راج |

«ياغمىلاردىن چىققان» دېگۈچى ئالىملار بۇ جەدۋەلدىكى ياغما خانىنىڭ ئاتىقىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ياغما خانى بۇغراخان دەپ ئاتالغان ئىكەن، ئۇنداقتا بۇ ئاتاقنى قوللانغان قاراخانىيلار خان جەمەتى تەبىئىي ھالدا ياغما قەبىلىسىگە تەۋە بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ[26].

لېكىن، بۇنداق تەتۈر دەلىل كىشىنى ھەرگىز قايىل قىلالمايدۇ. بىرىنچىدىن، جەدۋەلدىكى خاتىرىدىن قارىغاندا، «بۇغراخان» ياغمىلارنىڭ بىردىنبىر ياكى ئەڭ مۇھىم ئاتىقىدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە «بۇغراخان» قاراخانىيلار قوللانغان كۆپ خىل ئاتاقلارنىڭ بىرى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، «بۇغرا»غا مۇناسىۋەتلىك ماددىدا مەزكۇر سۆزنى «ئەركەك تۆگە» دېگەن مەنىدە دېگەن. پەقەت بىرلا يەردە قاراخانىيلار خانلىرىنىڭ ئاتىقى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان. ئىبنىقكى، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ نەزىرىدە بۇ ئاتاق ئەڭ مۇھىم

ئاتاقلار تەركىبىدە ئەمەس ئىكەن. ئىككىنچىدىن، ئەڭ مۇھىمى «مۇجمىل تاۋارىخ ۋە قىساس»دىكى بۇ ماتېرىيالنىڭ ئىشەنچلىكلىكىگە بىرنېمە دېيەلمەيمىز ھەم مۇئەللىپى نامەلۇم بۇ ئەسەردىكى جەدۋەلدە «ياغما خانى» بىلەن «قەشقەر خانى»نى بىرگە كۆرسەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنىمۇ شەرھلەپ بېرەلمەيمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ ماتېرىيالنىڭ كېلىش مەنبەسى جەھەتتىن «ھۇدۇدۇلئالەم»، «زەينۇل ئەخبار» بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بار بولغان جەدۋەلدىكى خاتىرىنى ئىنكار قىلىشقا ئامالسىز قالغان تەقدىردىمۇ، بىزمۇ قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ ياغمىلاردىن چىققان دېگەن قىياسنى بېكىتكىلى بولمايدىغان يېگانە ئىسپاتلىقىنى جاكارلايمىز.

پىرىتساك قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ «قارلۇقلاردىن چىققان» دېگەن قىياسىنى دەلىللەش ئۈچۈن قەشقەرنىڭ كاتتىۋېشى، يەنى ئوغۇلچاق قادىرخان بىلەن سۇتۇق بۇغراخان قاتارلىق كىشىلەرنى قارلۇق قەبىلىسىدىن، دەپ قارايدۇ[27]. پىرىتساك ناھايىتى ئۆتكۈرلۈك بىلەن «تارىخى كاشغەر»دىكى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەجدادى بىلگە كۆر قادىرخان[28]نىڭ ئىسپىجاب ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىغا دائىر خاتىرىگە دىققەت قىلغان. ئۇ خاتىرىدە «تۈركىستاندا تۇنجى ئىسلامغا بەيئەت قىلغانلار شاشلىقلاردۇر. شاشلىقلار بىلگە كۆر قادىرخان دەۋرىدە ئىسلامغا بەيئەت قىلغان (ئەينى چاغدا) ئەمىر نوھ ئىبنى مەنسۇر ئىبنى رازى سامانىي ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئىسپىجابقىچە كەلگەن بولۇپ، نۇرغۇن مال - دۇنياغا ئېرىشكەندىن كېيىن چېكىنىپ كەتكەن»[29] دېيىلگەن. ئۇ تېخى بۇ ۋەقەنى سەمئانىنىڭ «كىتابى ئەنساب»تىكى نوھ ئىبنى

ئەسئەد ھىجرىيىنىڭ 225- يىلى (840- يىلى) ئىسپىجابنى ئىشغال قىلغانلىقىغا دائىر خاتىرىگە باغلايدۇ[30]. بۇۋاسىتە تارىخىي ماتېرىيال كەمچىل ئەھۋالدا، بۇ ھەقىقەتەنمۇ قاراخانىيلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىر مۇھىم يىپ ئۇچى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، بۇنىڭغا ئىسلىشۋېلىپ سوتۇقنى قارلۇقلاردىن دېسە كىشىنى تولۇق قايىل قىلالمايدۇ. «تارىخى كاشغەر»دىكى خاتىرىلەر قالايمىقانراق. شۇڭا، بارتولد «تارىخى كاشغەر»دە ئورغۇن قالايمىقان ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن، سامانىيلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار تېخىمۇ شۇنداق، دېگەن[31]. بارتولد تۈركىستاندا تۇنجى ئىسلامغا بەيئەت قىلغانلارنىڭ شاشلىقلار ئىكەنلىكىنى پرىنسىپ جەھەتتىن توغرا دېگەن. 751- يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن مۇسۇلمانلار شاش ئەتراپىغا چېكىنگەندىن كېيىن، رافىئنىڭ ئىسيانىنى قوللاشتەك[32] قارشىلىشىشلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، شاش ئاساسەن مۇسۇلمانلارنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرۇۋەرگەن. بولۇپمۇ 816 - يىلى فازىل لەشكەر تارتىپ قارلۇقلارغا جازا يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار شاشنى مۇستەھكەم كونترول قىلىۋالغان. ئۇزاق ئۆتمەي سامانىيلار جەمەتى شاشنى ئىدارە قىلىش پەرمانىنى ئالغان[33]. «تارىخى كاشغەر»دىكى ئاتالمىش «تۇنجى ئىسلامغا بەيئەت قىلىش» ئېھتىمال مۇشۇ ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەھۋاللارغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار سەل ئېنىقراق. ئەينى چاغدا قارلۇقلارنىڭ كاتتىۋىشى «يابغۇ» دەپ ئاتىلىۋاتاتتى. يابغۇنىڭ قول ئاستىدا يەنە مەلۇم بىر قارلۇق «خاقانى» بولۇشى مۇمكىن ئەمەس[34]. شۇڭا، ئەگەر ئىسپىجابقا يۈرۈش قىلغان نوھ ئىبنى مەنسۇر ھەقىقەتەن سامانىيلار ئەمىرى

نوھ ئىبنى ئەسئەد بولسا، ئەگەر ئىسپىجابقا يۈرۈش قىلغان ۋاقىت ھەقىقەتەن 839-، 840- يىلىدىكى ۋەقە[35] بولسا، ئۇنداقتا سۇتۇقنىڭ ئەجدادى بىلگە كۆرنىڭ قارلۇقلاردىكى قادىرخان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. تۈركەشلەر يىمىرىلگەندىن كېيىن، تەڭرىتېغىنىڭ غەربى قىسمىدا «خان» مەۋجۇت بولغانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا ئەرزىيدۇ. مەسىلەن، 893 - يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسىدە «خان» دېگەن ئاتاقنى تىلغا ئالمىغان[36]. ئەگەر «خان» دېگەن ئاتاق مەۋجۇت بولغان تەقدىردىمۇ «قادىرخان»[37] دېگەن سۆپەتلىگۈچىنى قوشقانلىقىدىن تېخىمۇ گۇمانلىنىشقا ئەرزىيدۇ.

پىرتساك يەنە 893- يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشىدىكى قارلۇقلارنى ئوغۇلچاقنىڭ قوۋمى دەپ قارايدۇ. ئۇ «تارىخى كاشغەر»دىكى ئوغۇلچاق قادىرخان بىلەن سامانىيلار ئەمىرى ئىسمائىلنىڭ خەت - ئالاقىسىگە دائىر خاتىرىنى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا چوڭ ئۇرۇش يۈز بەرگەنلىكىدىن بېرىلگەن بىشارەت دەپ تونۇيدۇ ھەم بۇ ئىسمائىلنىڭ تالاسقا يۈرۈش قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ مۆئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇ تېخى ئوغۇلچاق مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەن، دەپ قارايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتالمىش قاراخانىيلارنىڭ تۇنجى ئەۋلاد خانى بىلگە كۆرنىڭ ئەۋلادى ئوغۇلچاق تالاستىن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى شەرھلەش ئۈچۈن، يەنە بىر يېڭى قىياس، يەنى «قاراخانىيلار ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەجدادى ئىككىگە بۆلۈنۈش تۈزۈمى بويىچە، ئۆزىنىڭ خانى ئۆز تەۋەلىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئىككى

قىسىمغا بۆلۈنگەن (قوش خانلىق تۈزۈمنى يولغا قويغان). شەرقىي تارماقنىڭ ھۆكۈمرانى، يەنى بۈيۈك خاقان قارا ئوردۇ (بالاساغۇن)دا تۇرغان، ئارسلان قاراخان دىگەن سەلتەنەت نامىنى قوللانغان. ئۇ تىبخى نەزەرىيە جەھەتتىمۇ قاراخانىيلارنىڭ پۈتكۈل خان جەمەتىنىڭ ئەڭ ئالىي ئاقساقىلى ھىساپلىنىدۇ. غەربىي تارماقنىڭ ھۆكۈمرانى، يەنى ئورۇنباسار خاقان ئاۋۋال تالاستا تۇرغان. كىيىن قەشقەردە تۇرغان، كىيىن يەنە تالاسقا قايتىپ كەتكەن. ئۇنىڭ سەلتەنەت نامى بۇغرا قاراخان بولغان»[38]، دەپ قارايدۇ. تالاستىكى ئاقساقال ئورۇنباسار خاقان بولغاچقا، ئۇ 893- يىلى قارارگاھىنى قولدىن بېرىپ قويغاندىن كېيىن، بالاساغۇندا تۇرالماي، قەشقەرنى قارارگاھ قىلىشقا مەجبۇر بولغان، ئەلۋەتتە.

لېكىن، ئەمەلىيەتتە پرىتساكنىڭ ئەينى چاغدىكى بالاساغۇندا قاراخانىيلارنىڭ بىر ھاكىمىيىتى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تەمىنلىگەن ماتېرىياللىرى يۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

پرىتساك نەقىل ئالغان بىرىنچى ماتېرىيال بولسا ئىبنى ئەسىرنىڭ «كامىل فىت تارىخ»تىكى بىر تۈرك خانزادىسى بولۇپ، ئۇ ھىجرىيىنىڭ 332- يىلى (943-، 944- يىلى) سامانىيلار قولىدىكى بۇ خانزادىنى سامانىيلار سۈتۈققا ياردەم بېرىش ئۈچۈن لەشكەر چىقىرىپ بالاساغۇندىكى ھاكىمىيەتكە ھۇجۇم قىلغاندا ئەسىرگە چۈشكەن قاراخانىيلارنىڭ خانزادىسى، دەپ قارايدۇ. ئۇ تىبخى بۇ قېتىمقى لەشكەر چىقىرىش «سىياسەتنامە»دە بېشارەت بېرىلگەن دەپ قاراپ، بۇ ئارقىلىق بالاساغۇندا بىر ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دەلىللىگەن[39].

نىزامۇلمۇلۇك «سىياسەتنامە»[40]دە سامانىيلارنىڭ بەزى سەركەردىلىرى 943- يىلىدىكى بىر قىپتىملىق ئەمەلگە ئاشمىغان سىياسىي ئۆزگىرىشتە، بالاساغۇندىكى مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلىشنى باھانە قىلىپ، سەركەردىلەرنى توپلىغان بولسىمۇ، سىياسىي ئۆزگىرىش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ باھانىنىڭ كېرىكى قالمىغانلىقىنى، لەشكەر چىقىرىشنىڭ ئەھمىيىتىمۇ قالمىغانلىقىنى ئېيتقان. «سىياسەتنامە»دە بۇ پىلاننىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئېيتىلمىغان، ھەتتا بۇ پىلاننىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىدىن بېشارەت بېرىلگەن. «كامىل فىت تارىخ»تىكى خاتىرىگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك غەيرىي تەسىرگە ئىگە بولىمىز. ئىبنى ئەسىر ھىجرىيىنىڭ 332- يىلى سامانىيلاردا يۈز بەرگەن بىر قىپتىملىق توپىلاڭ ۋەقەسىنى مۇنداق خاتىرىلىگەن[41].

«بۇ يىلى ئابدۇللا ئىبنى ئەشكام ئەمىر نوھقا ئاسىيلىق قىلىپ، خارەزىمنى قاتتىق ساقلاپ، قارشىلىق كۆرسەتتى. شۇ سەۋەبتىن، نوھ بۇخارادىن مەرۋگە بېرىپ، ئىبراھىم ئىبنى پارسنى لەشكەر باشلاپ بېرىپ تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتتى. قوشۇن يۈرۈش قىلىۋاتقاندا ئىبراھىم سەپەردە ئۆلدى. ئىبنى ئەشكام تۈرك خانىغا نامە ئەۋەتتى ھەم ئۇ يەرگە قېچىپ كېلىپ پاناھلاندى. ئەينى چاغدا تۈرك خانىنىڭ بىر ئوغلى نوھنىڭ قولىدا بولۇپ، بۇخارادا تەقىپتە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن نوھ تۈرك خانىغا خەت ئەۋەتىپ، ئىبنى ئەشكامنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئوغلىنى قويۇۋېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تۈرك خانى جاۋاب قايتۇرۇپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىبنى ئەشكام بۇلارنى بىلگەندىن كېيىن، نوھقا ئەل بولۇپ، خارەزىمدىن ئايرىلدى. نوھ

ئۇنى ئەپۇ قىلىپ ئۇبدان مۇئامىلە قىلدى».

بۇ خاتىرىدىن ئىبنى ئەشكامنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەھۋالى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئىبنى ئەشكامنىڭ پائالىيەت دائىرىسى خارەزىم ئەتراپى بىلەنلا چەكلەنگەنلىكىنى، ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى بالاساغۇن بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، بۇ تۈرك خانىنى خارەزىم ئەتراپىدىكى تۈرك خانى، يەنى ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ ئاقساقىلى، دەپ ئويلاش كېرەك. ئەگەر ئىبنى ئەشكام ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى خارەزىمدىن ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ زېمىنىنى بېسىپ ئۆتۈپ مۇسۇلمانلار ئىشغالىيىتىدىكى تالاسنىڭ شىمالىدىكى بالاساغۇنغا (تالاسنىڭ شەرقىدىكى مەلۇم بىر جايغا) بارغان بولسا، ئۇ نوھقا ئەل بولغاندا خارەزىمدىن قايتا ئۆتۈشى بىھاجەت. قىسقىسى، بۇ ماتېرىيال سۇتۇق دەۋرىدە بالاساغۇندا قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ.

پىرىتساك نەقىل ئالغان ئىككىنچى ماتېرىيال بولسا خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى تۇڭگۇاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى ھون جىلۇ، تيەنچېڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى ئاقساقال جاڭ مۇجىن، چاڭشىڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى ئاقساقال تۇرئاز، تيەنپۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 6- يىلى شۆ-تۇڭخەي قاتارلىق تۈرك ئەلچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا كەلگەنلىكىگە دائىر خاتىرە[42] بولۇپ، ئۇ بالاساغۇندىكى قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى مۇشكۇلاتقا دۇچ كەلگەن، يەنى سۇتۇق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، سامانىيلار بىلەن بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلغاندا ئوتتۇرا ئىقلىمغا ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ

قىلغان، دەپ قارايدۇ[43]. ئۇ تېخى «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»دىكى تىيەنشىيەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى قىتانلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرغان تۈركلەرمۇ قاراخانىيلارنىڭ بالاساغۇندىكى ھاكىمىيىتى، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ قاراشنى 1900- يىلى گرېنارد ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان[44]. 1955- يىلى ھاملىتون «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»دىمۇ بۇنداق ئۇدۇللاشنىڭ ئېھتىماللىقىنى تىلغا ئالغان[45]. ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بۇنداق قاراشنى تولۇق ئىنكار قىلغۇدەك يېتەرلىك ئىسپات يوق. لېكىن، ھون جېلۇ قاتارلىق كىشىلەرنى قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، خېشىدىكى ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەر ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدەك بىرنەچچە كۈچلۈك ئەلنىڭ نېرىسىدىكى بالاساغۇن ھاكىمىيىتى ئانچە كۈچ - قۇدرىتى قالمىغان ئوتتۇرا ئىقلىمدىكى ھاكىمىيەتكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ماتېرىيال تېخىمۇ كەمچىل. يەنە بىر جەھەتتىن، خوتەن ساك تىلىدىكى ماتېرىياللاردىن ئەينى چاغدىكى خېشى رايونىدا نۇرغۇن كىچىك تۈرك قوۋملارنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھون قەبىلىسى بارلىقىنى بايقىدۇق. شۇڭا، بۇ «ھون» توڭگۇاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى كېيىنكى تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى بولۇپ كەلگەن ھون جېلۇنىڭ فامىلىسى بولۇشى مۇمكىن[46]. بۇنىڭدىن باشقا، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»دىكى تىيەنشەن سەلتەنەت دەۋنىڭ 3- يىلى قىتان ئېلىگە كەلگەن تۈرك ئەلچىسى بىلەن شېنسى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى قىتانلارنىڭ تەيزۇخانى جازا يۈرۈش قىلغان خۇاڭخې دەرياسىنىڭ خېچۈي ئەتراپىدىكى تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتى يوقمۇ؟

شۇڭا، ھامىلتون «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»نىڭ ئاخىرىدا: «شۇنىڭ ئۈچۈن بەش دەۋر مەزگىلىدە، ئوتتۇرا ئىقلىمغا ئولپان ئەكەلگەن تۈركلەرنى گەنجۇدىن كۇچاغىچە ئارىلىقتىكى مەلۇم بىر تۈرك قەبىلىسى، دەپ قاراشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق ئەمەس، دەپ يازىدۇ.

ئۈچىنچى، پرىتساك يەنە ئارسلانخان ئاتىقى بار مۇسا ئىبنى سۇتۇق بالاساغۇننى ئىگىلىگەن ۋەقە ئارقىلىق بالا ساغۇندا ئەسلىي بىر ئارسلانخان (بۈيۈك خان) مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىغان[47]. لېكىن، مۇساغا مۇناسىۋەتلىك بۇ ئىككى ئىش (ئاتاق بىلەن ھۇجۇم قىلىش) ئەمەلىيەت بولغاندىمۇ، پرىتساكنىڭ قىياسىغا قوشۇلالمايمەن. كىشىلەرگە مەلۇمكى، مۇسانىڭ ئوغلى ئەلى ئارسلانخان (998- يىل 1- ئايدا ۋاپات بولغان)نىڭ قارارگاھى قەشقەردە[48] بولسا، ئۇنىڭ نەۋرە ئاكىسى ھارۇن ئىبنى سۇلايمان بۇغراخان[49] بالاساغۇندا تۇرغان. ھارۇن بۇغراخان ھىجرىيىنىڭ 382- يىلى (992- يىلى) بۇخارا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان مەشھۇر شەخس[50]. ھارۇن ئىبنى سۇلايمان بولسا ئەلى ئىبنى مۇسادىن بۇرۇن ۋاپات بولغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بالاساغۇن بەلكىم ئەلىنىڭ ئوغلى ئەھمەد تۇغان خاننىڭ قولىغا ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن[51]. تۇغان خان ھىجرىيىنىڭ 394- يىلى (1003-،1004- يىلى) «قوس ئوردۇ ھۆكۈمرانى» ئاتىقى بىلەن تەڭگە پۇل تارقاتقان[52]. ئەلى ئىبنى مۇسا قەشقەردە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا كىمنىڭ ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى بىلمەيمىز. ھىجرىيىنىڭ 396- يىلى (1005-، 1006- يىلى)دىن باشلاپ يۈسۈپ ئىبنى ھارۇن ئىبنى سۇلايمان قادىرخان

قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە تەڭگە پۇللاردا ئۇچرايدۇ[53]. بۇ يۇسۇپ قادىرخان ئىپھتىمال ھىجرىيىنىڭ 398- يىلى ياكى بۇنىڭدىن بۇرۇنراق ئۇدۇننى غەلىبىلىك ئىشغال قىلغان[54]. ئۇ كېيىن يەنە پەرغانىنى (1022- يىلى) ۋە بالاساغۇننى[55] (1027- يىلى) ئىگىلىگەن. ئۇ (1032- يىلى) ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى سۇلايمان ئارسلانخان قەشقەر بىلەن بالاساغۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان[56]. 1041- يىلى تېكىن ئىبراھىم ئۆزىنى تابغاچ بۇغرا قاراخان دەپ ئاتاپ، سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي، ماۋارەئۇننەھردە ئۆز ئالدىغا بولۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار شەرق ۋە غەرب ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن[57]. يۇقىرىقى قىسقىغىنا باياندىن پرىتساكنىڭ ئاتاق ھەققىدىكى قىياسى (ئارسلان ــــ بۈيۈك خان، بۇغرا ــــ ئورۇنباسار خاقان) ھېچبولمىغاندا، سۇلايمان ئارسلانخاندىن بۇرۇن يولغا قويۇلغان دېگىنىنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ سۇتۇق دەۋرىدە، ھەتتا بۇنىڭدىن بۇرۇن ئارسلان ۋە بۇغرا دېگەن ئىككى خاقان مەۋجۇت، بالاساغۇن ۋە تالاس (ياكى قەشقەر)تا ئىككى ھاكىمىيەت مەۋجۇت، دېگەن تەسەۋۋۇرمۇ تېخىمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

پرىتساكنىڭ قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى تارىخى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرى، ئۇنىڭ X ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى نەچچە ئون يىل مابەينىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە بولغان تونۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇ يۇقىرىقى ماقالىسىدە مەسئۇدىنىڭ «مۇرۇجى ئەززەھەب»تىكى بىر ئابزاس خاتىرىسىنى نەقىل ئېلىش

ئارقىلىق، ئەينى چاغدىكى قارلۇقلار ئۆز قىياسىدىكى «تۈرك بۈيۈك خانى» ئورنى بىلەن بىر بۈيۈك قارلۇق خانلىقى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن[58]:

مەسئۇدى ھىجرىيىنىڭ 332- يىلى (943-، 944- يىلى) مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: قارلۇقلار پەرغانە، شاش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا تۇرىدۇ. قارلۇقلار ‹مۇلۇك›لىك (يايلاقتا بولغان ئالىي ھۆكۈمرانلىق)نى ئۇستىگە ئالغان. خاقانلارنىڭ خاقانى ئۇلاردىن چىققاچقا، خاقان تۈركلەرنىڭ بارلىق قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ‹مۇلۇك›نىگە كىرگۈزگەن. شۇڭا، ئۇلار ھەممىسى (تۈركلەر)نىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ. ئۇلار ئاپراسىياب بىلەن شانا (ئاشىنا)نى ئۆزىنىڭ ئەجدادى دەپ قارايدۇ.

مەن مەسئۇدىنىڭ خاتىرىسىدىكى ئەسلىي مەتىننى تۆۋەندىكىدەك تەرجىمە قىلدىم[59]: «(313- پەسىل) تۈركلەردە قىماقلار، بارسخانىيەلەر (بارسخانلىقلار) بەدىيەلەر ۋە ماجارلار بار. تۈركلەرنىڭ ئەڭ باھادىرلىرى ئوغۇزلار؛ تەن قۇرۇلمىسى ئەڭ كېلىشكەن، بويى ئەڭ ئېگىز، چىرايى ئەڭ ئۆلچەملىكلىرى قارلۇقلار بولۇپ، ئۇلار پەرغانە، شاش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا تارقالغان. بۇرۇن خانلىق ھوقۇقى ئۇلارنىڭ قولىدا بولۇپ، خانلارنىڭ خانى قارلۇقلاردىن چىققاچقا، ئۇلارنىڭ خانلىقى بارلىق تۈركىي ئەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىكەن. شۇڭا، ئاۋام قارلۇق خانىنىڭ پەرمانىنى ئاڭلايدىكەن. پارس شاھلىقىنى بويسۇندۇرغان ئافراسىياب ئەلتۈركىي مۇشۇ خاقانلارنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇلاردا يەنە شاباھ بار ئىكەن. ئەمما، بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدە تۈركلەرنىڭ ھەرقايسى خانلىرى ئۆز

ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سۆزىگە ئېتىبار قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ سەمەرقەنت چۆلىدىكى ئامەت (؟) دېگەن شەھەر خارابىلىشىپ كېتىشتىن ئىلگىرىكى ئىش. بىز «ئەۋسات»[60] دېگەن كىتابتا خانلىقنىڭ ئۇ شەھەردىن كۆچۈش سەۋەبىنى سۆزلەپ بولغان ئىدۇق.»

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئاپراسىياب ئەلتۈركىي ئاۋستا دەۋرىدىن بېرى ئىران رىۋايەتلىرىدىكى تۇران قەھرىمانى بولۇپ، كېيىنكى چاغدا ئەرەبلەر تۇرانلىقلار بىلەن ئافراسىياب ۋە تۈركىي قوۋملارنى بىر گەۋدە ئىكەن، دەپ تونۇپ قالغان[61]. يەنە بىر شەخس شاباھ بولسا ئەرەب - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردا سامانىيلار شاھى خۇرمىزدنىڭ قوشۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن تۈرك خاقانىدۇر، دەپ خاتىرىلەنگەن. رىۋايەتلەردىكى ئاپراسىياب بىر ياقتا تۇرۇپ تۇرسۇن. ئاشۇ شاباھنىڭ قارلۇقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىكى بەلكىم مەسئۇدىنىڭ پەرىزى بولسا كېرەك. تەبەرى بىلەن ياقۇتى بۇ ھەقتە ئازراقمۇ بىشارەت بەرمىگەن. يەنە كېلىپ، بىز بىر قىسىم قارلۇقلار VI ئەسىردە كۆكئارتنىڭ غەربىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغاندىمۇ، VII، VIII ئەسىرلەردىكى غەربىي تۈركلەر ۋە تۈركەش خاقانىنىڭ قارلۇقلار بىلەن ھېچقانداق بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى يوق. شۇڭا، مەسئۇدىنىڭ بۇ گېپىنىڭ ئاخىرى غەربىي تۈركلەردىن بۇيانقى تارىخنىڭ خاتا ئومۇملاشتۇرۇلۇشىدۇر.

VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قارلۇقلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى شاش ۋە پەرغانىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. خەلىپە مەئمۇن قارلۇقلارنى ئەرەب - پارس ئەللىرىنىڭ شەرقىدىكى ئاساسلىق دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىرى

ھېسابلىغان. كېيىن فازىل ئىبنى ساھىل قارلۇقلارنى مەغلۇپ قىلغان. ھېچبولمىغاندا، سامانىيلار جەمەتى شاش بىلەن پەرغانىنى ئىدارە قىلغاندىن كېيىن، قارلۇقلار بۇ ئىككى رايوندا پائالىيەت ئېلىپ بارالمىغان. شۇڭا، مەسئۇدىنىڭ قارلۇقلار ھەققىدىكى خاتىرىسى چوقۇم VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تارىخنى ئەكس ئەتتۈرگەن ياكى ئۇ تەبەرىنىڭ «تارىخى تەبەرى»سىنى بەك ئۇلۇغلىۋەتكەن. پرىتساك بۇنداق ئەسلىدىن قالايمىقان خاتىرىدىن پايدىلىنىپ X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۈيۈك قارلۇق خانلىقى، يەنى قاراخانىيلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىغانلىقىغا قاراپ، ئەسلى مەتىننى بۇرمىلانغان، دېگەن گۇماندىن خالىي بولالمايمىز. ئەكسىچە، بىز IX ، X ئەسىردە تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەنلىكىنى، بۈيۈك قارلۇق خانلىقىنىڭ مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بولغان[62]. قىسقىسى، پرىتساك سۇتۇق ۋە قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ قارلۇق قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايدىغان ئىشەنچلىك ماتېرىيال تاپالمىغان. سۇتۇقنىڭ ئەجدادى بىلگە كۆل 840- يىلىدىن ئىلگىرى ئىسپىجاب ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى، ئۇلارنىڭ قارلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىسپىجاب ئەتراپىدىكى تۈركىي قوۋملار بىلەن قارلۇقلارنىڭ مەلۇم مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ IX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى پارچىلىنىپ كەتكەن تۈركىي قوۋملاردىن زادى قايسىبىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك

ئىكەنلىكىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيمىز. قارىغاندا «قارلۇقلاردىن چىققان» دېگەن قىياس ئازراقمۇ ھەمدەمچى ئىسپاتقا ئېرىشەلمىگەن يېتىم ماتېرىيال ئىكەن.

«قارلۇقلاردىن چىققان» دېگەن قىياسنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىيال يېتەرلىك بولمىسىمۇ، «تارىخى كاشغەر»دىكى بىلگە كۆرگە دائىر خاتىرىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى بار. بۇ سۇتۇقنىڭ ئەجدادى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قاراخانىيلارنى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا ۋۇجۇتقا كەلگەن، دېگەن قىياسنى پۈت تىرەپ تۇرغۇزماقچى بولساق، تېخىمۇ چوڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر بەلكىم بۇ قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدىغان تولۇق تارىخي ماتېرىيالنى مەڭگۈ تاپالماسلىقىمۇ مۇمكىن. نۆۋەتتە دۆلىتىمىز ئىچى - سىرتىدىكى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ ئېيتساق، «ئۇيغۇرلاردىن چىققان» دېگۈچىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى بولسا «چىن سۇلالىسى تارىخى — جەنگىزخەننو تەزكىرىسى»دىكى بىر ئابزاس خاتىرىدىن ئىبارەت، يەنى دادىڭ سەلتەنەت دەۋرىدىكى يىللار (1161-، 1189- يىلى)دا لياۋ (قىتان) سۇلالىسىگە كەلگەن ئۇيغۇر ئىسلام «ئېلىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ زورقۇ قەبىلىسىدىن بولۇپ، تۇرۇۋاتقان شەھىرىمىزنىڭ نامى قوس ئوردۇ» دېگەن. بىراق، بىز بۇ تارىخي ماتېرىيالنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا مۇنداق ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. بىرى، «تارىخى كاشغەر» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بايانلاردىن قارىغاندا، XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە قاراخانىيلىقلار

ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى تارىخى ۋە مىللەت مەنبەسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، «تارىخى كاشىغەر»دە سۇتۇقنىڭ كېلىپ چىقىشىنى «ئاپراسىياب ئىبنى بەشانك ئاست (؟) ئىبنى راسمان» دېيىلگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، قاراخانىيلارنىڭ خانلىرى، خاتۇن، تەگىرىم، تېكىنلەر ئاپراسىيابنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى جاكارلاپلا قالماي، يەنە ئاپراسىيابنى تۈركلەرنىڭ «ئاقساقىلى» دەپ جاكارلىغان ھەم قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىكى بەزى شەھەر-لەرنىڭ تارىخىنى ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە باغلاپ قويغان («كاشىغەر» ۋە «بارسخان» ماددىسىغا قاراڭ). بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇئەللىپ مەھمۇد كاشىغەرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىكى پائالىيەت رايونى بولمىش موڭغۇل ئېگىزلىكىگە نىسبەتەن ناتونۇش بولۇپ، ئۆتۈكەن تېغىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىكەن. يەنە بىرى بولسا، موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن «ئۇيغۇر» سۆزى تەگرىتاغ رايونى، ھەتتا تەگرىتېغىنىڭ غەربىدىكى تۈركىي قوۋملارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «چىيۇ چۇجى ھەزرەتنىڭ غەربكە ساياھىتى»دىكى «ئۇيغۇرلار» ئىدىقۇت دائىرىسىدىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان رايونلاردىكى ئاۋامنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، يەنە جانبالىق (ھازىرقى سانجى)نىڭ غەربىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركىي قوۋملارنى، ھەتتا خارەزىم قاتارلىق جايلاردىكى پۇقرالارنىمۇ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، چىڭگىزخاننىڭ «ئۇيغۇر تاغلىرىدىكى ئوغرىلار»غا جازا يۈرۈش قىلىشى[63]. شۇڭا، XII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا شەرققە كەلگەن سودىگەرلەر ئېيتقان قوس ئوردۇ (بالاساغۇن)لۇق

«ئۇيغۇرلار»مۇ مۇشۇنداق ئومۇمىي نام بولسا كېرەك.

قىسقىسى، سۇتۇق بۇغراخان ۋە قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى بېكىتىشكە هازىرچە يېتەرلىك ماتېرىيال كەمچىل. لېكىن، دەل سۇتۇقنىڭ رەهبەرلىكىدە كاشغەردىكى تۈركىي قوۋملار تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ ئىسلاملىشىشىدا ماهىيەتلىك ئەهمىيەتكە ئىگە تۈنجى قەدەمنى باستى.

**ئىزاهلار:**

(1) پرىتساك: «قاراخانىيلار» 1953- يىلى نېمىسچە نەشرى 21-، 22- بەتلەر؛ ۋېي لىياڭتاۋ «قاراخانىيلار تارىخى هەققىدە تېزىس» 1986- يىلى نەشرى 27- بەت.

(2) ئالمائى هەققىدە سەمئانىنىڭ «كىتابى ئەنساب»قا قاراڭ. جامال قارشى ۋە «مۇلهەقەتۇل سۇرراه» هەققىدە مۇشۇ كىتابتىكى قوشۇمچە (2)گە قاراڭ.

(3) مەهمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىنگلىزچە نەشرى، ئالاهىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مەهمۇد كاشغەرى يەنە «ئوردۇ بولسا بالاساغۇنغا يېقىن بىر جاي. شۇڭا، بالاساغۇنمۇ مۇشۇ يەر نامى بىلەن قوس ئوردۇ دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن. بىز مۇقەددەسىنىڭ «ئەهسەنۇت تەقاسىم فى مەرەفەتىل ئەقالىم» (3- جىلد 263-، 264- ۋە 275- بەتلەر)دىن بىلىشىمىزچە، بالاساغۇننىڭ غەربىدىكى بىر تۈركمەن خانى تۇرىدىغان شەهەرنىڭ نامى «ئوردۇ» ئىكەن. قارىغاندا، هېچبولمىغاندا IX ئەسىرلەردە بالاساغۇننىڭ كۆلىمى

كىچىك بولمىسىمۇ، ھەرگىز پايتەخت ئەمەس. موڭغۇل دەۋرىدە چاغاتاينىڭ تۇرالغۇسى ئالمالىققا يېقىن بولسىمۇ، شەھەر ئىچىدە ئەمەس ئىدى ھەم پايتەختمۇ ئەمەس ئىدى، بۇمۇ شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ئىش.

(4) ئاتباشقا دائىر تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەر ھەققىدە «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي تۈركلەردىن تۈمەننىڭ قوشۇن تارتىشى تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىش» دېگەن ماقالەمگە قاراڭ.

(5) بارتولد: «يەتتەسۇ تارىخى» 92-، 93- بەتلەر.

(6) مىنورسكىي: « ‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» 277-، 281- بەتلەر؛ ھاملتون «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» (خەنزۇچە تەرجىمىسى 101 — 103- بەتلەر)دىمۇ مۇشۇ قاراشنى قوبۇل قىلغان.

(7) مىنورسكىينىڭ: « ‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى»گە قاراڭ. بارتولد تاللاپ تەييارلىغان «زەينۇل ئەخبار»غا قاراڭ.

(8) چىڭگىلبىدى: «گەردىزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدىكى بايانى» 1973- يىلى ئىنگلىزچە نەشرى 26-، 263- بەتلەر.

(9) مىنورسكىي: « ‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» 271-، 272- ۋە 275-، 276- بەتلەر، موريياسۇ تاكائو «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە» 123-،124- بەتلەر.

(10) بارتولد: «موڭغۇللار ئىستېلاسىغىچە تۈركىستان» 153 — 155- بەتلەرگىچە، لېكىن بۇ شەھەرنىڭ ئورنى ئېنىق ئەمەس. ئىغراچ ئارت ھەققىدە مىنورسكىينىڭ « ‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ

تېكىستى ۋە يەشمىسى»دىكى 195-، 277- بەتلەرگە قاراڭ.

(11) مۇشۇ كىتابنىڭ بىرىنچى باب ئىككىنچى پاراگرافىغا قاراڭ.

(12) مەڭگۈ تاشنىڭ مەتىنىنى مۇشۇ كىتابنىڭ بىرىنچى باب ئىككىنچى پاراگرافىدىن كۆرۈۋېلىڭ.

(13) بۇ تارىخىي ماتېرىيالدىكى خاتىرە IX ئەسىرنىڭ 30-، 40- يىللىرى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە قايتقان قارلۇقلارنى كۆرسەتسە كېرەك، دېگەن تەسەۋۋۇرنى نۆۋەتتە ھېچقانداق تارىخىي ماتېرىيال قۇۋۋەتلىمەيدۇ. بىز ئىستەخرىنىڭ «كىتابى بۇلدان» (1- جىلد، 6- بەت)دا، پەرغانىنىڭ شەرقىي ئۇچىدىن مېڭىپ، قارلۇقلار ئېلىنى كېسىپ ئۆتۈپ، توققۇز ئوغۇزلار تەۋەلىكىگە كىرىپ، شاجۇ ئەتراپىغا يېتىپ كېلىشكە جەمئىي 30 مۇساپە كېلىدىغانلىقىنى كۆردۇق. ئىستەخرىنىڭ كىتابىدىن (ئىبنى ھەۋقەلنىڭمۇ شۇنداق) ياغما قەبىلىسىگە دائىر ئۇچۇر ئالالمىدۇق.

(14) پارسچە ئەسلىي مەتىندە «چىن» دەپ يېزىلغان. بۇ سۆز پارسچە خوتەن سۆزىدىكى زىر - زەۋەرنىڭ ئورنى خاتا بولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن دائىم ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدىكەن (مىنورسكىينىڭ «‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» 24- بەتكە قاراڭ). بۇ يەردىكىسى دەل بىر دەلىل بولۇشى ئېنىق. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەردە قەشقەرگە تەۋە دېيىلگەن. «چىنىستان» تۈركىي قوۋملاردىكى جۇغراپىيىلىك تونۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قەشقەرنى تۆۋەنكى چىننىڭ بىر

قىسمى دېيسە، يەنە تېخى قەشقەر ئەتراپىدىكى بارسخاننى «تۆۋەنكى چىن» دەيدۇ.

(15) مۇشۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى باب، بىرىنچى پا- راگرافىغا قاراڭ.

(16) بۇنىمۇ IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلار تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى كونترول قىلغاندىكى ۋەقەنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قاراشقا بولىدۇ. مۇئەللىپ «مەھرنامە»نى تونۇشتۇرغاندا، IX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى شەھەرلەرنى تىلغا ئېلىپ «كاش» شەھىرى قەشقەرنى كۆرسەتسە كېرەك، دېگەن. ئابى تاكېئو «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» (خەنزۇچە تەرجىمىسى 160 — 163- بەتلەرگىچە)، مورىياسۇ تاكائو «ئۇيغۇرلار بىلەن توبۇتلەرنىڭ بېشبالىقنى تالىشىش ئۇرۇشى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە» گە تولۇقلىما)، 211 — 216- بەتلەرگىچە.

(17) خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن «غەرب تەرەپتىكى يوللار» (خۇاڭ شىڭجاڭ دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان «غەرب تەرەپتىكى يوللار»دىكى «تارىخ - جۇغراپىيە ھەققىدە تەتقىقات»)، «راھىب جىيېينىڭ غەربكە سەپىرىدىكى مۇساپىلەر» («تايشونۇم دىۋانى» 51 - جىلد)، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. چەت ئەللەر تەزكىرىسى. ئەنەكتەك»نىڭ ھېچقايسىسىدا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە ياغما قەبىلىسى بارلىقى تىلغا ئېلىنمىغان. ۋاڭ يەندى قۇچۇغا ئەلچىلىككە كەلگەندە «ياغمىلار، قارلۇقلار ۋە قىرغىزلار»نى تىلغا ئالغانلىقىغا كەلسەك، فىللىئوت «كوْمانلار» دېگەن ماقالىسى (فېڭ -

چىڭجوڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىز تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەققىدىكى تەھقىقلەرنىڭ تەرجىمە مەجمۇئەسى»نىڭ داۋامى، 8- بەت)دە «كىتابى ئەۋفى» ( XIII ئەسىر)دە تەگرىتېغىنىڭ شىمالىدا ياغمىلار، قارلۇقلار ۋە قىرغىزلار بارلىقى بايان قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن، «بىز پەقەت (ۋاڭ يەندېنىڭ) بۇ يەردە ياغمىلار، قارلۇقلار ۋە قىرغىزلار دېگەن ئۈچ نامنى تەڭ تىلغا ئالغانلىقىنى يۇقىرىقى نەقىل بىلەن ئوخشاشلىقىنى ئەستە تۇتساقلا بولىدۇ» دېگەن.

(18) ھامىلتون: «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» خەنزۇچە تەرجىمىسى 15-، 16- بەتلەردىكى 1- ئىزاھ ۋە 19- بەتكە قاراڭ.

(19) مىنورسكىي: « ‹ھۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» 126- بەت.

(20) ئالىملار ئادەتتە تۇبۇتلەر دارما زەنپۇ قەستكە ئۇچراپ، خانلىق پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىققان، دەپ قارىسىمۇ، كونكرېت يىل، ۋاقتى ھەققىدىكى كۆزقارىشى بىردەك ئەمەس. بۇ مەسىلە ھەققىدىكى مۇنازىرە تېخىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ.

(21) چىزېگىلبىدى: «گەردىزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدىكى بايانى»

(22) بارتولد: «موڭغۇللار ئىستېلاسىغىچە تۈركىستان» 26- بەت (ئىنگلىزچە نەشرى).

(23) ئەسلىي مەتىنى بارتولدنىڭ «موڭغۇللار ئىستېلا - سىغىچە تۈركىستان» (رۇسچە نەشرى)نىڭ «تارىخى ما-

تېرىيالىلار» قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن، 24- بەت.

(24) پارسچىدىكى «چىن ئەنداران» بولسا «ئىچكىرى چىن» دېگەن مەنىدە.

(25) ئەسلىي مەتىندە «هاللۇخ» دەپ يېزىلغان.

(26) بارتولد: «يەتتەسۇ تارىخى» 92-، 93- بەت؛ مىنورسكىي «‹هۇدۇدۇلئالەم›نىڭ تېكىستى ۋە يەشمىسى» 277 — 281- بەتلەرگىچە؛ هامىلتون «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» خەنزۇچە تەرجىمىسى 101 — 103- بەتلەردىكى 4- ئىزاھ؛ «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تارىخى» II توم 14- بەتتىكى 2- ئىزاھ.

(27) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە.»

(28) ئەسلىي مەتىندە بۇ ئىسىمدىكى زىر- زەۋەر چۈشۈپ قالغان. بارتولد ئالدىنقى سۆزنى «بىلگ» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان. ماكۋارت كېيىنكى سۆزنى «ئۇيغۇر» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان. پرىتساك كېيىنكى سۆزنى «كۇر» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان.

(29) تولۇق تېكىستىنى «مۇلھەقەتۇل سۇرراھ»تىن كۆرۈۋېلىڭ.

(30) سەمئانىنىڭ: «كىتابى ئەنساب» دېگەن ئەسىرىنىڭ 286- ۋاراقىنىڭ سول تەرىپى 287- ۋاراقىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قاراڭ.

(31) بارتولد: «موڭغۇللار ئىستىلاسىغىچە تۈركىستان» ئىنگلىزچە نەشرى 255- بەت.

(32) يۇقىرىقى كىتاب 200-، 201- بەتلەر.

(33) يۇقىرىقى كىتاب 209-، 210- بەتلەر.

(34) مەھمۇد كاشغەرىنىڭ: «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى

«خاقان»غا مۇناسىۋەتلىك ماددىسىغا ۋە خەن رولىنى ئەپەندىنىڭ «ئوتاق توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن «تۈركلەرنىڭ ئەمەل - ئاتاق ناملىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىش» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

(35) سەمئانى: «كىتابى ئەنساب»تا ھىجرىيىنىڭ 225- يىلى (840- يىلى) دەپ خاتىرىلىگەن. ئىبنى ئەسىر «كامىل فىت تارىخ» (6- جىلد 509- بەت)تا بۇ ۋەقەنى ھىجرىيىنىڭ 224- يىلى (839- يىلى) يۈز بەرگەن، دەپ خۇلاسىلىگەن.

(36) تەپسىلاتىنى پرىتساكنىڭ «قارلۇقلاردىن قاراخا- نىيلارغىچە» دېگەن كىتابى بىلەن مۇشۇ كىتابنىڭ تۆتىنچى باب بىرىنچى پاراگىرافىدىكى «تارىخى تەبەرى»، «مۇرۇجى ئەززەھەب» ۋە «تارىخى بۇخارا»دىن نەقىل ئالغان خاتىرىگە قاراڭ.

(37) تۈركىي قوۋملار «قادىر» سۆزىنى نام - ئاتاق ۋە كىشى ئىسمى قىلىپ قوللىنىشى كېيىنكى چاغلاردىكى ئىش. بۇ ھەقتە كلاۋسوننىڭ «XIII ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈركىي تىللار ئېتىمولوگىيە لۇغىتى»دىكى «قادىر» ماددىسىغا قاراڭ. مەن بۇ سۆزنىڭ ئەرەبچىدىكى «قەدەر» («ئىقتىدارى بار» دېگەن مەنىدە) سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىمەن.

(38) ۋېي لياڭتاۋنىڭ «قاراخانىيلار تارىخى ھەققىدە تېزىس» دېگەن كىتابىنىڭ 2- بېتىدىن نەقىل ئالدىم.

(39) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 294- بەت.

(40) نىزامۇلمۇلۇك: «سىياسەتنامە» 220- ۋە 224- بەتلەر.

(41) ئىبنى ئەسىر: «كامىل فىت تارىخ» 8- جىلد 410- بەت.

(42) «بەش دەۋرنىڭ يېڭى تارىخى» 74 - جىلد «بەش دەۋرنىڭ كونا تارىخى» 39- جىلد «بەش دەۋرگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» 29- جىلد؛ هامىلتوننىڭ تەھقىقىنى «بەش دەۋر- دىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» خەنزۇچە تەرجىمىسى 107-، 108- بەتتىن كۆرۈۋېلىڭ.

(43) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 294-، 295- بەتلەر.

(44) گرېنارد: «سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى ھەققىدە» 1900- يىلى نەشرى 36-، 37- بەتلەر.

(45) هامىلتون: «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» خەنزۇچە تەرجىمىسى 101 — 103- بەتتىكى 4- ئىزاھقا قاراڭ.

(46) بائىلىي: «قەدىمكى خوتەن ساك تىلى مەدەنىيىتى» 91-، 92- بەتلەر، موڭغۇللار دەۋرىدە خېشىدا هون قەبىلىسىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىڭ. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 170- جىلد «يۈەن يۇ تەزكىرىسى»دە جىيۈەن سەلتەنەت دەۋرىدە تاڭغۇت جوڭشىڭ قاتارلىق ئايماقلارنىڭ ئورۇنباسار سلاۋچى بېگى يۈەن يۇ ئوردىغا «تاڭغۇت ئېلىدە چاڭلار، هونلار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ياخشى - يامىنىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىكەن» دەپ مەلۇمات يوللىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

(47) پرىتساك: « قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە » 296- بەت.

(48) بارتولدنىڭ كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن «مۇلھەقەتۇل

سۇرراھ»قا قاراڭ، 123- بەت.

(49) پرىتساك: «قاراخانىيلارغا ئائىت مۇنازىرىلىك بىر قانچە مەسىلە»ۋېي لياڭتاۋ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1984- يىللىق 2- سان 68- ئىزاھىدا تولىمۇ ئۇزۇن ئىزاھلانغان). قاراخانىيلاردا بىر خىل قوش ئىسىم تۈزۈمى مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاش كويىدا «بۇ ھارۇننىڭ يەنە بىر ئىسمى ھەسەن» دېگەن. فېدوروۋ « X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XIII ئەسىرگىچە شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ تارىخى ھەققىدە بايان»دا بۇ ئىككى ئىسىم بىر كىشىنىڭ ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بولغان.

(50) ئىبنى ئەسىر: «كامىل فىت تارىخ» 9- جىلد 95-، 98-، 100- بەتلەرگىچە، ئۇنىڭ قارارگاھى ھەققىدە فېدوروۋنىڭ تەھقىقىگە قاراڭ. 104-، 105- بەتلەر.

(51) XI ئەسىردە ياشىغان مۇئەللىپ ھىلال سابى ئەھمەد ئىبنى ئەلىنى بۇغراخاننىڭ ۋارىسى، دېگەن. فېدوروۋنىڭ ماقالىسىگە قاراڭ، 106- بەت.

(52) ماركوۋ: «پۇللار مۇندەرىجىسى» 209- بەت 136- نومۇرلۇق؛ فېدوروۋنىڭ ماقالىسىدىكى نەقىل 106-، 107- بەتلەرگە قاراڭ.

(53) فېدوروۋنىڭ ماقالىسى 107- بەت.

(54) ئۇتبى كىتابىنىڭ ھىجرىيىنىڭ 498 - يىلى (1007-، 1008- يىلى)دىكى ۋەقەلەر بايانىدا يۇسۇپ قادىرخاننى تۇنجى بولۇپ تىلغا ئېلىپ، ئۇدۇننىڭ ھۆكۈمرانى ئىكەن، دېگەن. فېدوروۋنىڭ ماقالىسى 107- بەتتىن نەقىل ئالدىم. «سوڭ سۇلالىسى تارىخى. چەت ئەللەر تەزكىرىسى. ئۇدۇن»دا داجوڭ

شياڭفۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى (1009- يىلى) ئۇدۇندىكى «قاراخان ئۇيغۇر راسخۇن قاتارلىقلاردىن يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئولپان قىلىپ ئەۋەتكەن» لىكى خاتىرىلەنگەن. بۇ ھەقتە ۋېي لياڭتاۋنىڭ «قاراخانىيلار تارىخى ھەققىدە تېزىس» تىكى تەھقىقكە قاراڭ.

(55) فېدوروۋنىڭ ماقالىسى 110-، 111- بەتلەر.

(56) فېدوروۋنىڭ ماقالىسى 114- بەت.

(57) ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخى ھەققىدە تېزىس»

(58) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە.»

(59) مەسئۇدى: «مۇرۇجى ئەززەھەب» 155- بەت.

(60) «ئەۋسات» بولسا مەسئۇدنىڭ بىر ئەسىرى بولۇپ، كېيىن ئاساسىي مەزمۇنى «مۇرۇجى ئەززەھەب» كە كىرگۈزۈلگەن. «ئەۋسات» تا تۈركىي قوۋملارنىڭ ئەھۋالى مەركەزلىك ھالدا بايان قىلىنغان. بۇ ھەقتە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ «مەسئۇدى» ماددىسىغا ۋە دې گوجې «ئەرەبلەرنىڭ جۇغراپىيە مەجمۇئەسى» نىڭ 8- جىلدىغا يازغان مۇقەددىمىدە كۆرسەتكەن مەسئۇدى ئەسەرلىرى جەدۋىلىگە قاراڭ.

(61) «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ «ئاپراسىياب» ماددىسىغا قاراڭ، مەسئۇدى «مۇرۇجى ئەززەھەب» نىڭ 12- بابى «ئەڭ بۇرۇنقى پارس شاھلىرى ۋە ئۇلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر» دە ئاپراسىيابنىڭ تۈركىستاندا تۇغۇلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ پارسلار بىلەن ئۇرۇشقانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

(62) مۇشۇ كىتابنىڭ تۆتىنچى باب ئىككىنچى پاراگرافىغا قاراڭ.

(63) ياڭ جىجۇنىڭ: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ھەققىدە

ئۈچ ماقالە» دېگەن كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن «خۇيخۇي سۆزىنىڭ
مەنبەسى ۋە ئۆزگىرىشى»، «سەيدۇللانىڭ مىللىتى ۋە ئۇنىڭغا
مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر» دېگەن ماقالىلىرىگە قاراڭ.

قوشۇمچە (2)

# مۇلھەقەتۇسسۇرراھ — «سۇرراھ» لۇغىتىگە تولۇقلىما

## كىرىش سۆز

X — XIV ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق — ماتېرىياللارنىڭ تولۇق بولماسلىقى بولسا كېرەك. سانى چەكلىك بولغان ئىپتىدائىي، تارىخىي ماتېرىياللار ئىچىدە جامال قارشىنىڭ ئەرەبچە يازغان «مۇلھەقەتۇسسۇرراھ» مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. جامال قارشىنىڭ ھاياتىغا دائىر ئەڭ ئىپتىدائىي ماتېرىيال ئۇنىڭ «مۇلھەقەتۇسسۇرراھ»قا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ ئۆز بايانى ۋە بارتولد، بىروككېلمان، خۇفمان قاتارلىق ئالىملارنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسەن ئۇنىڭ ئىسىم-زاتى ئەبۇ فازىل ئىبىن مۇھەممەت ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. لېكىن، ھازىر ئۇنىڭ «جامال قارشى» دېگەن لەقىمى ئومۇملاشقان. «قارشى» سۆزى تۈرك تىلىدا «ئوردا، قەلئە» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ لەقەم بولسا «ئوردىدىكى جامال» دېگەن مەنىدە.

جامال قارشى ھىجرىيىنىڭ 628- يىلى (1230- 1231- يىلى) ئالمالىقتا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى بالاساغۇننىڭ ھافىزى بولۇپ، ئانىسى مەرۋىلىك ئىكەن. بۇ چاغدا موڭغۇللار ئوتتۇرا

ئاسىيانى بويسۇندۇرۇپ بولغان بولۇپ، ئالمالىق چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ تەۋەلىكىگە كىرگەن ئىدى. چاغاتايخان ئىسلام دىنىغا ئانچە دوستانە پوزىتسىيە تۇتمىغان بولسىمۇ، پۈتكۈل موڭغۇللارنىڭ تەۋەلىكىدە ھەرقانداق دىنىنى قاراقويۇق قوبۇل قىلىۋېرىش سىياسىتىنى يولغا قويغاچقا، يەنە كېلىپ ئالمالىقتىكى سىغناق تېكىن جەمەتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىشى، مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىشى ۋە مەدەنىيەتىنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلدى. جامال قارشى مۇشۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولغان. ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىدە بىرقانچە مۇسۇلمان ئالىمنىڭ ھۇزۇرىدا ئەرەب تىلى، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس ئىلىملىرىدىن ئىلىم تەھسىل قىلغان. بەزى مۇدەررىسلەر ئۇنى «ئالدىنقى قاتاردىكى قۇرئانشۇناس» دەپ ئاتىغان.

ئۇزاق ئۆتمەي جامال قارشى شۇ جاينىڭ ھۆكۈمرانى سىغناق تېكىنىنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىپ، ئۇنىڭ ئوغلىغا ئۇستاز بولغان. كېيىن ئۇنى يەنە ئېسىلزادىلەر ئەتىۋارلاپ، زوراغالىق مەھكىمىسىدە مەنسەپكە تەيىنلىگەن. ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە ئوردىدا تۇرىدىغانلىقى ھەم ئەمەلدار - ئېسىلزادىلەر بىلەن قويۇق بېرىش - كېلىش قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن «قارشى» دېگەن لەقەم قويۇلغان ئىكەن. بارتولد: «ئەينى چاغدىكى ئەمەلدار- بەگلەر ئۇنى شۇنداق ئاتىغانلىقى ئېنىق» دەپ قارايدۇ.

ھىجرىيىنىڭ 662- يىلى (مىلادىيە 1263-، 1264- يىللىرى) جامال قارشى ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن ئالمالىقتىن قەشقەرگە كەلگەن. كېيىن ئاساسەن قەشقەردە ھايات كەچۈر-

گەن. ئۇ قەشقەردە يەرلىك سەدرلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن. ئۇ يەنە ئوتتۇرا ئاسىيانى نەچچە رەت زىيارەت قىلىپ، ئىسلامىيەتنىڭ شەرقىدىكى مەشھۇر شەيخ ۋە ئالىملارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىگەن. ئۇ «مۇلھەقەتۇسسۇرراھ»تا ئۆزىنىڭ ئىككى قېتىم قايدۇخاننىڭ خىزمىتىدە بولغانلىقىنىمۇ تىلغا ئالغان.

جامال قارشى ھاياتىدا نۇرغۇن ئەسەر يازغان. بۇلاردىن مەشھۇرراقى «مۇلھەقەتۇسسۇرراھ»تۇر. بۇ قەشقەردىكى بىر مەدرىسەنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن XI ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئەرەب لۇغەتشۇناسى جەۋھەرىينىڭ «سۇرراھ» دېگەن ئەسىرىنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىسىنى ئۇچراتقاندىن كېيىن، ھىجرىيىنىڭ 681-يىلى تۈزۈپ تەرجىمە قىلىنغان، مەزمۇنى پارسچە شەرھلەنگەن لۇغەت بولۇپ، تىلدىكى ئۆلچەملىك سۆز دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

«سۇرراھ» سۆزى ئەرەبچىدە «چۈشىنىشلىك»، «ئېنىق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «ئېنىق سۆز»، «ئۆلچەملىك تىل» دېگەن مەنىلەردە ئۆزلەشتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەر ئۇسلۇب جەھەتتىن بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن ھەم كېيىنكى چاغلاردا نۇرغۇن لۇغەت تۈزگۈچىلەرنىڭ ئۈلگىسى ۋە پايدىلىنىش خەزىنىسى بولۇپ قالغان.

بىراق، بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدا «سۇرراھ لۇغىتى»گە يازغان «تولۇقلىما»سى تېخىمۇ مۇھىم. بۇ تولۇقلىمىنى ئۇ قەشقەردىكى دىن ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ تەكلىپى بىلەن يازغان. يىزىشقا باشلىغان ۋە تاماملىغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. لېكىن، «تولۇقلىما»دىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىت

ھىجرىيىنىڭ 702- يىلى (مىلادىيە 1302- يىلى 8- ئاينىڭ 26- كۈنىدىن 1303- يىلى 8- ئاينىڭ 14- كۈنىگىچە) ئىكەنلىكىگە قاراپ، «تولۇقلىما»نىڭ تاماملانغان ۋاقتى ھىجرىيىنىڭ 702- يىلىدىن بۇرۇن ئەمەس، دەپ مۆئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ.

«تولۇقلىما» ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى بەزى خانلىقلار تارىخىدىن ئارىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر شەيخلەرگە دائىر تەزكىرە ماتېرىياللار ۋە بەزى شەھەرلەرنىڭ مۇساپىسى، ئۆرپ - ئادىتى، مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«تولۇقلىما» موڭغۇللارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە گۈللەنگەن دەۋرى، بولۇپمۇ XIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلغانلىقى بىلەن ئەڭ مۇھىم ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدىكى تارىخ ھەققىدە خەنزۇچە خاتىرىلەر تولىمۇ كەمچىل. ئەرەبچە - پارسچە تارىخنامىلەر نۇرغۇن بولسىمۇ ھەتتا ئەينى چاغدا ئەڭ مۇھىم پارسچە تارىخىي ماتېرىيال دەپ شۆھرەت قازانغان جۇۋەينى، راشىدىن، ۋاسەفى ئەسەرلىرىدىمۇ بۇ مەزگىلدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە يېتەرلىك بايانلار يوق. چۈنكى، جۇۋەينى تۈركىستانغا بارغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسىرى 1260- يىلى ئەتراپىدا تاماملىنىپ بولغان. راشىدىن بىلەن ۋاسەفى ئەسىرىنى يېزىۋاتقاندا بىر پۈتۈن موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار پېرسىيەنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنىڭ ئەھۋالىنى ئانچە بىلىپ كەتمىگەنلىكى ئۈستىگە، ئاساسلىق دىققىتىنى غەربىي ئاسىيادىكى موڭغۇل خانلىقى بولمىش ئىلخانىيە تارىخىغا مەركەزلەشتۈرگەن. ئىبنى ئەسىرنىڭ «كامىل فىت تارىخ»ىغا كەلسەك، گەرچە ناھايىتى مۇھىم بولسىمۇ، مۆئەللىپ موڭغۇللار يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا

منسسوپاتامىيىگە قىچىپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە يىراقتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، باشقا ئەسەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا جامال قارشىنىڭ «تولۇقلىما»سى ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. ئەمەلىيەتتە ئۇ مۇشۇ دەۋردە تۈركىستاندا يېزىلغان ھەم بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر تارىخىي ماتېرىيال. ئۇنىڭ تۈركىستاندىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ھەققىدىكى بايانى، بولۇپمۇ ئۆز سەرگۈزەشتىسى، ئۆزى ئىگىلىگەن ئەھۋاللار ۋە ئاڭلىغان نۇرغۇن ۋەقەلەر باشقا تارىخ كىتابلىرىدا ئۇچرىمايدۇ. مەسىلەن، ئۆزىنىڭ ئىككى قېتىم قايدۇخاننىڭ خىزمىتىدە بولغانلىقى، قايدۇخاننىڭ يەن سۇلالىسى ۋە چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولغان بەگلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دائىر بەزى قىزىقارلىق ئەھۋاللار، يالىۋاچ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولمىش مەسئۇت ئاتلىق تۆت كىشىنىڭ ماۋارەئۇننەھردىكى پائالىيىتى ھەققىدىكى ئەھۋاللار مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

«تولۇقلىما» موڭغۇللاردىن بۇرۇنقى بەزى ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، قاراخانىيلار بولۇپمۇ قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى تارىخى ۋە نەسەبنامىسى ھەققىدىكى بايانلار خەنزۇچە ماتېرىياللاردىلا ئەمەس، ئەرەبچە - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرمۇ بىر - بىرىگە باغلاشمايدۇ. جامال قارشى ئەينى چاغدا تاپالمىغان بەزى تارىخىي ماتېرىياللار، يەنى XI ئەسىردىكى تۈركىستانلىق مۇئەللىپ ئالمائىنىڭ «تارىخى كاشغەر» (يوقىلىپ كەتكەن)گە ئاساسەن قاراخانىيلارغا دائىر

بەزى مۇھىم ئەھۋاللارنى بايان قىلغانلىقىغا ئالىملىرىمىز ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. جامال قارشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم شەيخلەرنى، بولۇپمۇ زاماندىشلىرى ھەققىدىكى بايانىغا نىسبەتەن بارتولد: «ئۇ بىزگە مۇشۇ مەزگىلدىكى مەنىۋى ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بەردى» دەپ كۆرسەتكەن.

« مۇلھەقەتۇسسۇرراھ »نىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا م. س. ئاندىرىۋ تونجى بولۇپ بايقىغان، كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنىڭ ئاخىرىغا كۆچۈرگۈچى ۋە كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى قوشۇپ قويۇلغان. يەنى « مۇلھەقەتۇسسۇرراھ » ئاللانىڭ ئەڭ ئاجىز، ئەڭ پېقىر قۇلى، كىشملەر پەرھاد ئەندىجانى دەيدىغان شەرىپىدىن ئىبىن مەۋلان نۇرىددىنىنىڭ قولى بىلەن ھىجرىيىنىڭ 1066- يىلى(مىلادىيە 1655- يىلى10- ئاينىڭ 31- كۈنىدىن 1656- يىلى 10- ئاينىڭ 19- كۈنىگىچە) جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ تونجى چارشەنبە كۈنى خوجەندە شەھرىدە (كۆچۈرۈپ) تامامىلىدىم (ئاللا ئۇ ئىككىسىنى مەغپىرەت قىلغاي) دېيىلگەن. 1898- يىلى بارتولد مەشھۇر ئەسىرى «موڭغۇللار ئىستىلاسىغىچە تۈركىستان»نى نەشر قىلدۇرغان ۋاقىتتا، مۇشۇ كۆچۈرۈلمە نۇسخىغا ئاساسەن « مۇلھەقەتۇسسۇرراھ »نى قىسقارتىپ، تەھقىقلەپ، مەزكۇر ئەسىرنىڭ بىرىنچى تومى بولغان «تارىخىي ماتېرىياللار» قىسمىغا كىرگۈزگەن. بۇ قىسقارتىلما نۇسخىسى ئاساسەن تۆۋەندىكى تۆت تەرەپلىمە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. قاراخانىيلار ھەققىدىكى ئەھۋاللار؛

2. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى تارىخىدىن ئارىيە؛

3. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم شەھەرلەر ۋە شۇ يەردىكى مەشھۇر شەخسلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش.

4. مۇئەللىپىنىڭ ئۆز پائالىيىتى ھەققىدىكى بايانلار.

1902- يىلى بارتولد تۈركىستاندىن ئەڭ ياخشى دېيىلگەن بىر كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىغا ئېرىشكەن. لېكىن، بارتولد ياكى باشقا بىرسى «مۇلھەقەتۇسسۇرراھ»نىڭ مۇكەممەل نۇسخىسىنى ئېلان قىلدۇرۇپ باقمىدى.

بارتولدنىڭ ئىجادىيىتىدىن كېيىن «تولۇقلىما»نىڭ قىسقارتىلما نۇسخىسىدىن غەربتىكى بەزى ئالىملار پايدىلاندى. يەنى بوئىل «تارىخى جاھانكۇشاي»نى تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغاندا ھەم پرىتساك قاراخانىيلار ھەققىدىكى ماقالىسىنى يازغاندا مۇشۇ نۇسخىدىن پايدىلانغان. ئەمما، باشقا يېزىقتىكى مۇكەممەل تەرجىمىسى تېخى ۋۇجۇدقا كەلمىگەچكە، كۆپ سانلىق ئالىملار پايدىلانمايۋاتىدۇ. ئەمدى مەن بارتولدنىڭ قىسقارتىلمىسىغا ئاساسەن «مۇلھەقەتۇسسۇرراھ» (سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما)نى تەرجىمە قىلدىم.

# «سۇرراھ» لۇغىتىگە تولۇقلىما

ئەبۇل پەزلى مۇھەممەت جامال قارشى

(29 - ۋاراق B تەرەپ)ئىمام ئەبۇبەكرى قەپپال شاشى (قۇرئان كەرىمگە) 20 جىلدلىق تەپسىر يازغان ئىكەن. بۇ تەپسىر قۇرئان كەرىمنىڭ تۆپلىنىشى ۋە لۇغىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئوغلى قاسىم: «ئەگەر دادام يازغان ئەسەرلەرنى ئۆمرىگە تەقسىم قىلساق، ھەر كۈنىگە بىردىن توغرا كېلىدۇ» دېگەن ئىكەن.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ باغداددىكى چېغىدا، بىر كۈنى تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلىرىنى يىغىپ: «جىھاتقا بېرىڭلار» دەپ چاقىرىپتۇ. ئۇ ئۆگزىگە چىقىپ قولىدىكى يانىڭ ئوقىنى مەشرىققە قارىتىپ ئېتىپتۇ ۋە «ئاللاھۇئەكبەر» دەپ تەكبىر ئوقۇپتۇ. ئاندىن ئۆگزىدىن چۈشۈپ «مەن ئۇرۇشنى توسۇۋالدىم» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئاشۇ مەيداندىكى ۋەقەلەرنى خاتىرىلەپ قويۇپتۇ. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا: «يات دىندىكىلەر شاش شەھرىنى قورشىۋالغان ئىكەن. ئۇلار شەھەرنى تارتىۋېلىشقا ئازقالغاندا، تۇيۇقسىز «ئاللاھۇئەكبەر» دېگەن ئاۋاز ياڭرىدى. يات دىندىكىلەرنىڭ ئارىسىغا بىر ئوق چۈشتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا يات دىندىكىلەر-نىڭ ھەممىسى تىرىپىرەن بولۇپ مەغلۇپ بولدى» دېگەن ئىكەن.

بۇنى مەن ھىجرىيىنىڭ 693- يىلى مۇھەررەم ئېيىدا

(مىلادىيە 1293- يىلى 12- ئاينىڭ 2- كۈنىدىن 30- كۈنىگىچە) شاش شەھرىدە ئىشەنچلىك بىر كىشىدىن ئاڭلىغان ئىدىم. مانا بۇ ئىمام شېھىت بولغان جايغا تۆۋەندىكى ئەرەبچە شېئىر بىلەن تەرجىمىسىنى (پارسچە) يېزىپ قويغان ئىدىم.

تەرجىمىسى: بۇ يەرگە ھاجەت سوراش ئۈچۈن ھازىر بولغان چېغىمدا مېنىڭ لەۋزىمگە قىممەتلىك بەرىكەت بىلەن (تۆۋەندىكى) سۆزلەر ئاقتى: ئى ئاللا! بۇ ئالىم «قەپپال (قۇلۇپ ئاچقۇچى) ئارقىلىق مېنىڭ ھاجەت قۇلۇپىمنى ئېچىپ بەرگىن». ئاندىن مەن شۇ جانابنىڭ قېشىدىن «بارلىق مەنپەئەت، ھاجەت ماڭا يېتەرلىك بولدى» دەپ رازى بولغان ھالدا قايتقان ئىدىم(ئەسلىي مەتنى ئەرەبچە).

ۋىجدانىم مېنى ئەيىبلىگىن، ھالسىراپ كەتكەنلەر ھەپسىدە، قۇرۇپ كەتكەن قۇلۇپىنىڭ تۆشۈكى ئۈچۈن تېخىچە، ئەبۇبەكرنىڭ قەسرىگە بېرىپ تىرىلگىنىڭنى كۆردۇق. ئىزدەتكۈچىلەر تىرىلدى (ئەسلىي مەتنى پارسچە).

شۇنىڭدىن كېيىن قەلبىمدىكى جاراھەت ساقىيىپ، ھەممە ئىشتا غەلىبە ماڭا يۈزلەندى. مەن ئوغۇللىرىمغا مەنپەئەتلىك ئىشلار ئۈچۈن شاشقا زىيارەتكە بارغىنىمدا، بۇ ئىككى كۆپلىت شېئىر يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن ئىمام، نەسرشۇناس ۋە نەزمشۇناس، مىللەت ۋە دىننىڭ يۇلتۇزى، تۆگىسى بىلەن مەشھۇر بولغان زات بۇ ئىككى كۆپلىت شېئىرنى تىلغا ئالدى (ئاللاتائالا ئۇ زاتنى پېقىرچىلىق ۋە يوقسۇزلۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن ساقلىغاي). ئۇ بۇنى خېلى بۇرۇن ئەكىلىپ ساقلاپ قويغان ئىكەن. شۇڭا، مەن بۇ شېئىرنى ۋاقتىم چىققاندا ئوقۇپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇ «تولۇقلىما»غا كىرگۈزدۈم.

(30- ۋاراق B تـەرەپ) مۆھـتـىرەم ئىمـام، مۇئـەللىپ، ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكى، ئەبۇ ئابدۇللا ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلىپە ئىبنى جەبرائىل خەلىل پەزلى خەمارى غەزنەۋىيلىك (كېيىن قەشقەردە يەرلىشىپ قالغان)، ئۇ ئالىم، كەم تېپىلغۇسىز ئەبۇلپۇتۇھ ئابدۇلغاپپار ئالمائىينىڭ ئاتىسىدۇر.

ئىمام ئەبۇ ئابدۇللا ھۈسەيىن پەزلى ھىجرىيىنىڭ 486- يىلى (مىلادىيە 1093- يىلى 2- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 1094- يىلى 1- ئاينىڭ 20- كۈنىگىچە)نىڭ بېشىدا كاشغەردە ۋاپات بولدى ھەم شۇ يەرگە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ ئوغلى ئالمائىي ئاتىنى يىقىلىپ چۈشۈپ ۋاپات بولدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەينى چاغدىكى خان بىر كۈنى ئادەم ئەۋەتىپ (31- ۋاراق A تەرەپ) دادىسىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئالمائىينى چاقىرتقۇزغان. ئۇ دادىسىنىڭ قويمايدىغانلىقىنى بىلىپ، دادىسىغا دېمەيلا «بېرىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشىلىپتۇ. دادىسى:«ئولتۇرە» دەپتۇ. ئۇ: «خان كۆرۈشۈشكە كىشى ئەۋەتكەن تۇرسا، مەن قانداقمۇ ئولتۇراي؟ ئەگەر بارمىسام خان مېنى ئەيىبلەيدۇ. ماڭا ئاسىيلىق قىلدىڭ دېيىشى مۇمكىن» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن دادىسى: «ماڭ، قايتىپ كەلمە!» دېگەن ئىكەن، ئۇ چىقىپ كېتىپتۇ. خان ئۇنىڭ مىنىشىگە بىر ئات ئەۋەتكەن ئىكەن. ئۇ ئاتنى مىنىپ خاننىڭ ھۇزۇرىغا يېقىنلاشقاندا، تۇيۇقسىز ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس سۆزلەۋاتقان دادىسى بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ «مىت» قىلىپ قويماپتۇ. دەرسخانىدىنمۇ چىقماپتۇ. جەسەتنى غۇسلى قىلىپ بولغاندا ئاندىن نامىزىغا بېرىپتۇ.

ئەينى چاغدا شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى كېلىپ نامىزىنى چۈشۈرۈپتۇ. شۇ زامان ئالەمنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ، يەر - زېمىن يىغا - زاردىن تىترەپتۇ. ئۇنىڭ دادىسى بولسا ھۆڭرەپ ھازا ئېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۆزىدىن بىر تامچە ياشمۇ چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر دادىسىنى ئەيىبلەپتۇ. بىرسى: دادىسى بولۇپ تۇرۇقلۇق نېمىشقا يىغلىمايدۇ؟ بۇنداق تېپىلغۇسىز ئوغۇلغا دادىسى مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلسا زادى قانداق بولىدۇ؟ دەپتۇ. دادىسى بۇ ئەيىبلەشلەرنى ئاڭلاپ چىداپ مېڭىپتۇ. ئوغلىنى دەپىن قىلىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ، يولدىن بىر يانغا چىقىپ خالاغا تەرەت قىپتۇ. قارىسا، سۆيدۈكى قىپقىزىل قان ئىكەن. ئۇ خىجىللىق ھېس قىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇنى ئەيىبلەپ، ئۆچمەنلىك بىلدۈرگەن كىشى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قىلىپ باشقىلارغا دەپ قويۇپتۇ. بىراق، كىم نېمە دېگۈسى كەلسە شۇنى دەيدۇ. ئەگەر خوجايىن قولىدىن پەرماننى قايتۇرۇۋالسا قول يەنە كىمگە دەرد ئېيتىدۇ؟ شۇڭا، ئۇ «ئاللاتائالادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاتائالا بارچە ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاكتۇر» دەپ زىكرى تەسبىھ ئوقۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئوغلىنى شەھەر سىرتىدىكى «جەۋقەرمەئۇل» دېگەن جايغا دەپىن قىپتۇ. ئۇ جاي ئىلگىرى «يۇتتى» دەپ ئاتىلىدىكەن.

ئۇلار (ئاتا - بالا) ئىككىسىنىڭ (قۇرئان كەرىمگە) يازغان تەپسىرى ۋە (ھەدىس شەرىفكە) بولغان تەتقىقاتى ھەققىدىكى نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار. بۇلاردىن باشقا يەنە كۆپلىگەن ئەسەرلىرى بار.

زامانىمىزغا يېقىنراق مەزگىللەردە ئۆتكەن ئىمام ۋە سەئىدلەر ئىچىدە مۇپەسسىرلەرگە تەۋە سوپى ئىمام «ئەھلى

سۈننى ۋەلجەمائى» (پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى ۋە ساھابى كىراملارنىڭ تۇتقان يولى بويىچە ماڭغۇچىلار)نىڭ رەئىسى، ھىدايەتنىڭ رەھبىرى، مۇپەسسىر ئەبۇ جەئفەر مەنسۇر ئىبنى مۇھەممەت ئىبنى ماھمۇد مادرۇدى سەمەرقەندى (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي)دۇر.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، خەلىپىنىڭ ئەمرى بويىچە باغدادتىن بىر يارلىق كەپتۇ. يارلىق ئەكەلگۈچى ئۇنىڭ سەمەرقەنتتىكى بېغىغا كەپتۇ. (31- ۋاراق B تەرەپ) قارىسا چىرايى سارغىيىپ ئورۇقلاپ كەتكەن، كىيىم - كېچەكلىرى جۇل - جۇل، بېلىنى ئۇزۇمنىڭ تېلى بىلەن باغلىۋالغان، ئوت - چۆپتىن باشلىق كىيىۋالغان بىر شەيخ تۇرغۇدەك.

شۇنىڭ بىلەن شەيختىن: «ئىگىمىز كىمدۇر؟» دەپ سورىسا، شەيخ: «ئىگىمىز ئاللادۇر» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. يارلىق ئەكەلگۈچى يەنە: «خوجا كىمدۇر؟» دەپ سورىسا، شەيخ: «خوجا مۇستافادۇر» (مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. يارلىق ئەكەلگۈچى يەنە: «ئەبۇمەنسۇر كىمدۇر؟» دەپ سورىسا، شەيخ: «كەمىنە چال بولىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يارلىقنى بېرىپ جاۋاب ئېلىپ قايتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ زات ھىجرىيىنىڭ 335- يىلى سەمەرقەنتتە ۋاپات بولغان (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي). ئۇ ئۆز سۆيۈرغاللىدىكى قەلئەگە دەپىن قىلىنغان ئىكەن. بۇ مۇپەسسىرلەر ئىچىدە يەنە ئىمام سەئىد مۆھتىرەم، شېھىت، ھەق ۋە دىنىنىڭ قوللىغۇچىسى، تەپسىر، تەھقىقشۇناس قاسىم مۇھەممەت ئىبنى يۇسۇپ ئىبنى ھەسەن مەدىنى ھۇسەينى سەمەرقەندى، ئىمام، پەزىلەت ئۇلگىسى، مىللەت ۋە دىنىنىڭ

گۇۋاھچىسى ناسىر ئىبنى ئەبىل مەكارىم، ئىماملار يۇلتۇزى بولغان مۇتەررىزنىڭ «مەغرىب» دېگەن كىتابى ۋە تەپسىر قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار. ئۇ ھاجى بولغان كىشى بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 610- يىلى خارەزىمدە 71 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئىمام، ئۆتكۈر تەھقىقشۇناس ئىلمىي مەئانى ۋە ئىلمىي بايانشۇناس، «مۇپتاھۇلئۇلۇم»نىڭ مۇئەللىپى، ئىماملارنىڭ تۇندىكى چىرىغى يۇسۇپ ئىبنى ئەبى بەكرى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئەبۇ يەھقۇپ سەككاكى چاغاتاي موڭغۇللىرى كەلگەندىن كېيىن، ھىجرىيىنىڭ 626 - يىلى شاھادەتكە يەتكەن.

(32- ۋاراق B تەرەپ) مۆھتەرەم ئىمام، مىللەت ۋە دىنىنىڭ شەمشىرى مۇھەممەت ئىبنى ئوسمان ئىبنى مۇھەممەد سەمەرقەنتى ئەلىيابادى سەمەرقەنتتىكى جۈمە نامىزىدا قۇرئان كەرىمنى 20 يىلدا تۆت قېتىم خەتمە قىلغان (تاماملىغان). ئۇ زات ھىجرىيىنىڭ 642- يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 18- كۈنى جۈمەگە ئەزان ئوقۇلغان ۋاقىتتا ۋاپات بولغان. ئۇ زاتنىڭ قۇرئان كەرىمگە يازغان «الىمفلىم مەتلەئى» ناملىق تۆت جىلدلىق تەپسىرى بار.

ئىمام، ئىماملارنىڭ پەخرى مەجدىددىن خارەزىمى كاشغەردە ياشىغان بولۇپ، «ئەززادپىل قىرائەت (قىرائەتنىڭ پايدىسى)» دېگەن ئەسىرى بار. ئۇ كاشغەردە ۋاپات بولۇپ، كاشغەردە دەپنە قىلىنغان (35- ۋاراق B تەرەپ).

# ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى ماۋارەئۇننەھر ۋە باشقا جايلاردىكى مەشھۇر تۈرك خاقانلىرىنىڭ تەزكىرىسى

سۇتۇق بۇغراخان مۇجاھىد ئابدۇلكەرىم ئىبنى بازىر ئارسلانخان ئىبنى بىلگە كۆل قادىرخان بولسا ئاپراسىياب ئىبنى بەشەنەك ئاس ئىبنى رەسمانىنىڭ نەسلىدىن. ئۇ تۇرئىبنى ئاپرىدۇن ئىبنى ئەنۇمان ئىبنى زەرامەسپ ئىبنى جەممى ئىبنى فارس ئىبنى نۇرى ئىبنى كەركەن ياپەس ئىبنى نوھ ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ.

سۇتۇق بۇغراخان بولسا پەرغانە ۋە كاشغەردە مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئاللاغا ئىتائەت قىلغۇچى، ئەمىر رەشىد ئابدۇلمەلىك ئىبنى نوھ سامانىينىڭ خەلىپىلىك قىلىۋاتقان دەۋرىدە تۈرك خاقانلىرىدىن تۇنجى مۇسۇلمان بولغان زات.

شەيخ مۆتىۋەر، ئىستىبداتلىق ئىمام ئەبۇ ئابدۇللاھۇسەيىن پەزلىنىڭ ئوغلى، كامىل ئىمام ئەبۇل پۇتۇھ ئەبدۇلغاپپار ئۆزىنىڭ «كاشغەر تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئەمىر رەشىد ئابدۇلمەلىك ئىبنى نوھ سامانىينى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، تۈرك ئەللىرىدە ئەڭ دەسلەپ ئىسلام دىنىغا كىرگىنى شاش ئېلى ئىدى، شاشلىقلار بىلگە كۆل قادىرخان دەۋرىدە ئىسلام دىنىغا كىرگەن.

سامانىيلاردىن ئەمىر نوھ ئىبنى مەنسۇر رازى بىلگە كۆل قادىرخانىنىڭ ئېلىگە لەشكەر تارتىپ ئىسپىجابقىچە كەلگەن. بىلگە كۆل قادىرخان ئەمىر نوھ ئىبنى مەنسۇر مال- دۇنيالارنى ئېلىپ چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن. ئەينى چاغدا ئۇ ئىنككىسى

نـوھ ئىبىــن مەنسـۇر ۋاپـات بولغۇچـە خـەت ـ ئالاقـە قىلىشـىپ تۇرغـان. ئىسـمائىل ئىبىـن مەنسۇر تەختكە چىققاندىـن كېيىـن ئاكىسىنىڭ نامى بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشىۋەرگەن.

تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بازىر ئارسلانخاننىڭ قېرىندىشى ئوغۇلچاق قىدىرخاننىڭ قولىغا ئۆتكەندە، ئىسـمائىل ئىبىـن مەنسـۇر ئىسـلام پـەيغەمبىرى مۇھەممـەت ئەلەيھىسسـالامنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماس بولۇۋالدى. بۇ ۋاقىتتا نەسىر ئىبىن مەنسۇر ئاكىسى ئىسمايىل ئىبىن مەنسۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قېچىپ (پـەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرىگـە قـۇلاق سـالمايدىغان ئاكىسىدىن رايى يېنىپ) كاشغەردىكى ئوغۇلچاق قىدىرخاننىڭ يېنىغا كېلىۋالدى. ئوغۇلچـاق ئۇنـىڭغا ئـالاھىدە مەرھەممـەت قىلىپ «ئۆز ئۆيىڭىزدىكىدەك تۇرۇۋېرىڭ، قېرىندىشىڭىز سىزگە جاپا قىلغان بولسا، مەن سىزگە ۋاپا قىلىمەن» دېدى ھەم ئۇنى ئارتۇقچىلىق ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى.

شـۇنىڭ بىلـەن كـارۋانلار دائىم بۇخـارا ۋە سەمەرقەنتتىن ئارتۇقچا كېلىپ مىلىچمال ۋە رەختلىرىنى سېتىپ تۇگىتىدىغان بولـدى (ئەيـنى چـاغدا) ئـۇ ئىبىـل سـوۋغاتلاردىن ئوغۇلچـاق قىدىرخانغا ھەدىيە قىلىپ، كۆڭلىنى ئۇتۇپ ئۇنى رازى قىلىپ تۇرغان.

ماڭـا كىشـىلەر ئۇلارنـىڭ (كاشـغەرلىكلەرنىڭ) ئىسـلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ، يات دىندىكى بۇ كىشى ئەينى چاغدا يېپەك كىيىملەر ۋە قەنت ـ گېزەكلەردىن ھەيرەتتە قالغان. چۈنكى، ئۇ بۇرۇن ئۇنداق نەرسىلەرنى كۆرۈپ باقماپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن سىناقتىن ئۆتمىگەن نەسىر ئىبىن مەنسۇرغا ئامـراق بولـۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتكەن.

نەسىر ئىبىن مەنسۇر ئۇنىڭغا «رەبىمگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن مەسچىت سالماقچى ئىدىم، بىر كالا تېرىسىچىلىك چوڭلۇقتا يەر بەرگەن بولسىلا» دەپ بىرئاز يەر سورىغان. خان «قەيەرنى خالىسىلا شۇ يەرنى ئالسىلا» دېگەن.

شۇنىڭ بىلەن نەسىر ئىبىن مەنسۇر بىر كالىنى ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىنى تالا قىلىپ تىلغان، تالالارنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ، بىر پارچە يەرنى چۆرىدەپ تارتقان. بۇ يەر ھازىرقى ئاتۇش جامەسىنىڭ ئورنى بولۇپ، شۇ يەرگە مەسچىت سالغان. بۇ دەل ھازىرقى ئاتۇش جامەسى نامى بىلەن مەشھۇر بولغان مەسچىتنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ يات دىندىكى نەسىر ئىبىن مەنسۇرنىڭ بىر ئىلتىجاسى بىلەن شۇنداق ئامەتى كەلگەنلىكىگە ھەيران قالغان، دەپ بەرگەن ئىدى. بۇ ئوغۇلچاق دەل سۇتۇقنىڭ تاغىسىدۇر.

سۇتۇق 12 ياشقا كىرگەندە ناھايىتى كېلىشكەن، تەقى-تۇرقى قاملاشقان، زەكى، ھوشيار، ئۆتكۈر، ئەقىللىق، نەزىرى روشەن يىگىت بولۇپ يېتىشكەن، ئىلگىرىكى خانلارنىڭ خانزادىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا يېتەلمەيتتى. ئەگە بۇخارادىن كارۋان كەلسە سۇتۇق دەرھال ئاتۇشقا كېلىپ، ئەكەلگەن ماللارنى ھەم قانداق تۇرلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى كۆرەتتى. شۇڭا، نەسىر ئىبىن مەنسۇر سامانىي ئۇنىڭغا كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى. شۇ كۈنى پېشىن بولغاندا مۇسۇلمانلار شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بويىچە ئۆزىگە چۈشكەن (ناماز) پەرزلىرىنى ئادا قىلدى. سۇتۇق بېشىغا ئامەت قۇشى قونغانلىقىنى سەزمىگەن ھالدا يىراقتىنلا جامائەتنىڭ ھەرىكىتىگە نەزەر سېلىپ تۇراتتى. جامائەت ئىبادەتنى تۈگىتىپ تارقاشقاندا ئۇ

نەسىر سامانىيدىن نېمە قىلغانلىقىنى سورۇشتۇردى. سامانىي «ھەر كۈنى مۇشۇنداق بەش ۋاخ ئىبادەت قىلىمىز» دەپ جاۋاب بەردى.

(36- ۋاراق B تەرەپ) ئۇ يەنە «بۇنداق ئىبادەت قىلىشنى كىم بۇيرۇغان؟» دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن نەسىر ئىبىن مەنسۇر سامانىي ئاللاتائالانىڭ چىرايلىق ئىسىم- سۈپەتلىرىنى ۋە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىغا قويغان ئىسلام شەرىئەتلىرىنى ۋە ئىسلام دىنىدىكى مىللەتلەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى چۈشەندۈردى.

شېئىردا ئېيتىلغاندەك(تەرجىمىسى): مەن مۇھەببەتنى تونۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ مۇھەببىتى ماڭا ئۇچراشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ قۇرۇق، بوش قالغان قەلبىمگە ئورناشتى.

بۇ چاغدا سۇتۇق ئۇنىڭغا «سەن سۆزلىگەن ئىلاھ ئىبادەت قىلىشقا نېمىدېگەن ھەقلىق؟ سەن سۆزلىگەن پەيغەمبەر نېمىدېگەن راستچىل؟ ئۇنىڭغا ئەگىشىش نېمىدېگەن ھەقلىق ۋە نېمىدېگەن چىرايلىق؟ بۇ دىنغا كىرىش نېمىدېگەن لايىق؟ دەپ ئاللاتائالانىڭ بارلىقى ۋە بىر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ ئىمان ئېيتتى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى ئاللانىڭ ئەلچىسى دەپ ئېتىراپ قىلدى ۋە ئىسلام دىنىنى رەسمىي قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە خىزمەتكار ۋە ئەتراپىدىكى يېقىن كىشىلىرىنى ئىمان ۋە ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. بىر بۆلۈك كىشىلەر ئىمان ئېيتتى ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى.

ھېلىقى نەسىر ئىبىن مەنسۇر سامانىي«بۇ ئىشنى تاغىڭىز ئوغۇلچاقتىن مەخپىي تۇتۇڭ» دېدى. ئۇ خۇپىيانە ھالدا «قۇرئان كەرىم»نى ئۆگەندى، ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ شەرىئەتلىرىنى تونۇدى

ۋە ئىسلام قائىدە - پرىنسىپلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى. ئۇ يەنە خۇپىيانە ھالدا بىرمۇنچە يېقىن تۇغقانلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. ئۇلاردىن 50 كىشى ئاۋاز قوشۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىسلامغا بەيئەت قىلدى. ئوغۇلچاق ئۇنىڭ ئىسلامغا بەيئەت قىلغانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، كىشى ئەۋەتىپ نازارەت قىلدۇردى. نازارەتچى ئۇنىڭ ھەر كۈنى تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئوغۇلچاققا مەلۇم قىلدى. تاغىسى بۇ ئىشنى خاتۇنىغا ئاشكارىلىدى. لېكىن، خوتۇنى سۇتۇققا ئامراق بولغاچقا، خۇپىيانە ھالدا ئۇنىڭغا: «شەنبە كۈنى تاغاڭ سەن بىلەن يېقىنلىرىڭنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن بۇتخانىنى ئوڭلىغىلى ئاپىرىدىكەن، ۋاقتى كەلگەندە كۆپرەك كۈچىگىن» دەپ ئاگاھلاندۇردى.

شەنبە كۈنى بولغاندا ھەربىر كىشى بىردىن كېسەك كۆتۈرسە، سۇتۇق ئىككىدىن كۆتۈردى. ئىشلەۋاتقاندا ئۇ (37-ۋاراق A تەرەپ) ئىچىدە ئاللاتائالاغا: «ئى ئاللا! دۈشمەنلىرىڭ ۋە ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىشىمگە ياردەم قىلساڭ. مېنىڭ ئىسلام دىنىنى كەڭ تارقىتىشىمغا ئىمكانىيەت بەرسەڭ، سېنىڭ سۆزۈڭ — قۇرئان كەرىمنى مېنىڭ قولۇمدا ئۈستۈن قىلساڭ، بۇ ئورۇننى بەندىلىرىڭ يىغىلىدىغان مەسچىت قىلاي. مەن بۇ يەردە ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان مېھراب ياساي، ساڭا ھەمدۇسانا ئوقۇيدىغان مۇنبەر قۇراي. بۇ يەردە ئۆزۈم شەخسەن ئەزان ئوقۇپ، نامازغا ئىماملىق قىلىشىمغا ئىجازەت بېرىشىڭنى ئىلتىجا قىلىمەن» دېدى. بۇ دەل ئارتۇچ جامەسىدۇر.

سۇتۇق ئۆزىنى باشقىلارغا تىرىشىپ ئىشلىگەن قىلىپ

كۆرسەتتى. ئوغۇلچاقنىڭ ئايالى ئېرىگە سۇتۇقنىڭ بۇتخانا قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كۈچ چىقىرىپ ئىشلىگەنلىكىگە پاكىت كۆرسەتتى. سۇتۇقنىڭ ئەمگىكىدىن مەمنۇن بولغان تاغىسى: «ئەگەر ئۇ مېنىڭ دىنىمغا بەڭگىللىك بىلەن قارشى چىقسا، ماڭا مۇشت كۆتۈرسە، ياكى مەندىن كېيىن قالغاندا پەرزەنتلىرىمگە زىيانكەشلىك قىلسا ھەرگىز يول قويمايمەن» دېدى.

مۇشۇ ئارىدا ئۇ (سۇتۇق) ئاللانىڭ كالامى «قۇرئان كەرىم»نى يادلاپ ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتلەرگە تاكامۇل بولدى. ئۇ 25 ياشقا كىرگەندە 50 نەپەر لەشكەر بىلەن ئۇۋغا ماڭغاندەك ئاتلاندى. ئۇ بىر سېپىلنى ئالماقچى بولۇپ، يابغاچ بالىق شەھىرىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ئۇ شەھەردە ئۈچ ئاي تۇردى، تاغىسىغا ھەممە ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلىپ تۇردى.

سۇتۇق «تاغام بىلەن قارشىلاشماسلىق ھالاكەت گىردابىغا ئاپىرىپ قويىدۇ» دەپ قارايتتى. ئۇ تاغىسى بىلەن قارشىلىشىش قارارىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئەتراپىغا 300 ئاتلىق لەشكەر توپلاندى. ئۇ يەنە پەرغانىلىك تاجاۋۇزچىلارنىڭ ياردىمىگىمۇ ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئادىمى 1000غا يەتتى. ئۇ ئاۋۋال ئاتباشىنى پەتھى قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ سانى 3000 ئاتلىق قوشۇنغا كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن كاشغەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئىسلام دىنى كاشغەرنى پەتھە قىلىپ مۇستەبىتلەرنى بىتچىت قىلدى. ئاللانىڭ دىنىي ئۇستۇنلۇكىگە ئېرىشتى. ئاللاتائالا ئۇزبەندىسىنى غالىب قىلىپ ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى. ئاللاغا شۈكرى!

ھىجرىيىنىڭ 344- يىلى (مىلادىيە 995-، 996- يىللىرى)

غازى سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بولدى. ئۇ كاشغەردىكى ئاتۇش دىگەن كەنتكە دەپنە قىلىندى. ھازىر ئۇ يەردە بىر قىسىم كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان. كىشىلەر بۇ يەرنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ.

ئەلى ئارسلانخان «شېھىت» ئەبۇ ھەسەن ئىبنى بايتاش ئارسلانخان ئىبنى سۇتۇق بۇغراخان (37- ۋاراق B تەرەپ) ھىجرىيىنىڭ 388- يىلى (مىلادىيە 998- يىلى) ماھى مۇھەررەمنىڭ ئاخىرسىدا شېھىت بولۇپ، كاشغەرگە دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ قەبرىسىنى كىشىلەر زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ. يۇسۇپ قادىرخان كەبىر ئىبنى ھارون بۇغراخان ئىبنى مۇسا تولكا ئىلىك ئىبنى سۇتۇق ھىجرىيىنىڭ 424- يىلى(مىلادىيە 1023- يىلى 12- ئاينىڭ 7- كۈنىدىن 1033- يىلى 1- ئاينىڭ 5- كۈنىگىچە) ماھى مۇھەررەمنىڭ بېشىدا ۋاپات بولغان. جەسىتى تۈمەن دەرياسى بويىدىكى كاشغەرنىڭ خاقانىيە قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

خاقان شەمسۇلمۇلۇك ئوبۇل ھەسەن نەسىر ئىبنى ئىبراھىم ھىجرىيىنىڭ 471- يىلى (مىلادىيە 1078 يىلى 7- ئاينىڭ 14- كۈنىدىن 1079- يىلى 7- ئاينىڭ 3- كۈنىگىچە) ۋاپات بولغان. ئۇ خوجەنددىكى خان جەمەتى قاراۋۇلخانىسىنىڭ ھوقۇقدارى ئىكەن.

خاقان ئىبراھىم ئىبنى ئارسلان مۇھەممەت ئىبنى سۇلايمان ھىجرىيىنىڭ 551- يىلى (مىلادىيە 1156- يىلى 2- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن 1157- يىلى 2- ئاينىڭ 12- كۈنىگىچە) بۇخارادىكى قارائابادتا ۋاپات بولغان.

خاقان ئارسلانخان غازى مۇھەممەت ئىبنى سۇلايمان

تېكىن ئىبنى داۋۇت كوجتېكىن ئىبنى ئىبراھىم تابغاچ ئىبنى ئىلىك نەسىرىلمازى ھىجرىيىنىڭ 526- يىلى رەجەپ ئېيىدا (مىلادىيە 1132- يىلى 5- ئاينىڭ 18- كۈنىدىن 6- ئاينىڭ 16- كۈنىگىچە) ۋاپات بولغان.

خاقان پەرغانىنىڭ ھۆكۈمرانى ھۈسەيىن توغرۇلخان ئىبنى ھەسەن قاراخان ھىجرىيىنىڭ 551- يىلى ماھى مۇھەررەمدە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەبرىسى سەمەرقەنت ۋە بۇخارانىڭ ھۆكۈمرانى مەسئۇت چاغىرىخان ۋە تابغاچخان ھىجرىيىنىڭ 560- يىلى شەۋۋال ئېيىدا (مىلادىيە 1165- يىلى 8- ئاينىڭ 11- كۈنىدىن 9- ئاينىڭ 8- كۈنىگىچە) سەمەرقەنتتە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت تولكاخان ھىجرىيىنىڭ 569- يىلى (مىلادىيە 1173- يىلى 8- ئاينىڭ 12- كۈنىدىن 1174- يىلى 8- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە) ۋاپات بولغان.

خاقان ئەبۇ مۇزەپپەر يۈسۈپ ئارسلانخان كاشغەرى ھىجرىيىنىڭ 601 - يىلى رەجەپ ئېيىدا (مىلادىيە 1205- يىلى 2- ئاينىڭ 22- كۈنىدىن 3- ئاينىڭ 22- كۈنىگىچە) ۋاپات بولغان. جەسىتى كاشغەردىكى خاقانىيە قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. ئوغلى ئەبۇلپەتھى مۇھەممەت ئارسلانخان ئىبنى يۈسۈپ ئارسلانخان ئىبنى مۇھەممەت ئارسلانخان ئىبنى ئىبراھىم خان شېھىت ئىبنى ئەھمەد ئارسلانخان ئىبنى ھەسەن تابغاچ خان ئىبنى سۇلايمان ئارسلانخان ئىبنى يۈسۈپ قىدىرخان ھىجرىيىنىڭ 607 - يىلى (مىلادىيە 1210- يىلى 6- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن 1211- يىلى 6- ئاينىڭ 14- كۈنىگىچە) قاراقىتانلاردىن گورخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى، موڭغۇللار يېتىپ كېلىپ قالاي دېگەن پەيتتە ۋاپات بولغان.

ئۇ ناسارا كۈچلۈك خاننىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇپ، ئۇنى كاشغەردىكى بەزى كاتتىۋاشلار قەتل قىلغاندىن كېيىن (كۈچلۈك خان) ئۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن كاشغەرنى نەچچە رەت ۋەيران قىلغان(38- ۋاراق A تەرەپ). كاشغەرنى ئىگىلەپ ۋەيران قىلغاندىن كېيىن شەھەردىكى ئەمەلدار سەركەردىلەرنىڭ نۇرغۇن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى قەتل قىلغان. ئۇ موڭغۇللار قوشۇنىدىن قېچىپ سىرىققۇلغا بارغاندا موڭغۇللار يېتىشىۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك خاننىڭ دەۋرى ۋە مۇستەبىتلىكى ئاخىرلاشقان.

شانۇشەۋكەتلىك، ئىززەت- ھۆرمەتلىك بۈيۈك خاقان — ئىلگىرىكى ئىلىك خان يەنى نەسىر ئارسلان ئىلىك ئىبىن ئەلى تولكە خان ھەرىقۇشسپھت(كۆيدۇرۇلگەن شېھىت) ئىبىن بايتاش ئارسلانخان ئىبىن سۇتۇق بۇغراخان (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) ھىجرىيىنىڭ 402- يىلى (مىلادىيە 1011- يىلى 8- ئاينىڭ 4- كۈنىدىن 1012- يىلى 7- ئاينىڭ 22- كۈنىگىچە) ئۆز كەنتىدە ۋاپات بولۇپ شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

ئۇنىڭ ئىززىتى، تۇغما تاكاممۇللۇقى ۋە سەممىيلىكى ھەققىدە كاشغەر (ئاللا بۇ شەھەرنى پاناھىدا ساقلىغاي)نىڭ ئەللامىسى، مىللەت ۋە دىنىنىڭ كامالىتى — پەخرى، مۇزەپپەرى (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) بىزگە مۇنداق دەپ بەرگەن:

سۇلتان دۆلەتنىڭ ئوڭ قولى مەھمۇت ئىبىن سەبۇكتېكىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بۈيۈك خاقان ئىلىك ناسىر بىلەن ئۆچەكىشىپ قېلىپ، ئاقىۋەت

مەھمۇت خۇراساندىن، ئېلىك ناسىر ماۋارەئۇننەھردىن زور قوشۇن باشلاپ كەلدى. ئىككى قوشۇن ئامۇ دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا كېلىپ توختىدى. كەچقۇرۇنلۇقى قارارگاھ تىكىپ ئەتىكى جەڭگە تەييارلىنىشتى. بىر مەھەل ئۆتكەندە ئېلىك ناسىر مەھرىمىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ، قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى. كېچىككە يەتكەندە مەھرىمى بىلەن قېيىقچىغا: «مېنى سەھەرگىچە كۈتۈڭلار، ئەگەر قايتىپ كېلەلىسەم مەيلى، قايتىپ كېلەلمىسەم (دەرھال) قايتىپ كېتىڭلار!» دېدى. ئۇ ياسىنىپ مەھمۇدنىڭ لەشكەرگاھىغا كىرىپ، سۇلتاننىڭ قارارگاھىغا ئۇدۇل باردى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن جەھلى بىلەن جەڭگە تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ بىر ياساۋۇلنىڭ يېنىغا بېرىپ: «كىرىپ سۇلتانغا ‹ئېلىكنىڭ ئەلچىسى نامە ئېلىپ كەپتۇ› دەپ خەۋەر قىل» دېدى. سۇلتان خەۋەرنى ئاڭلاپ: «دەرھال كىرگۈزۈۋەت!» دېدى. ئېلىك قارارگاھقا كىرىپ تەمتىرىمەستىن، ئېسىلزادىلەردەك سالاپەت بىلەن تىنچ ـ ئامانلىق سورىدى. سورۇندىكىلەر ئۇنى ئەيىبلەپ (38- ۋاراق B تەرەپ) نەزىرىنى ئۇنىڭغا يۆتكىدى.

سۇلتان: «سەن ئېلىكنىڭ ئەلچىسىمۇ؟» دەپ سورىدى. «شۇنداق»، «نامىنى بەرگىن قەيسەر كىشى»، «يالغۇز قالغاندا بېرىمەن!». بىر قىسىم كىشىلەر قارارگاھتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سۇلتان يەنە: «ئەكەلگىن، نامىنى بەرگىن» دېدى. «يالغۇز قالغاندا تاپشۇرىمەن.»

شۇنىڭ بىلەن سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى چىقىپ كېتىپ، تۆت نەپەر ۋەزىر ۋە مۇشاۋىر قېپقالدى. سۇلتان خەتنى تاپشۇرۇشقا يەنە ئالدىراتتى. ئۇ: «ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەم،

بۇ ھالەتتە بەرمەيمەن. پەقەت سەن بىلەن مەن يالغۇز قالغاندا بېرىمەن» دېدى. ئۇنىڭ سۆزى سۇلتاننى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى، سۇلتان ئىچىدە: «ئۇ قانداق ھىيلە ـ نەيرەڭ، بىلەن مېنى يېڭەر؟ ئۇ مېنىڭ ياقامنى تۇتقاندىمۇ، مەن كۈچ قۇۋۋەتكە تولغان ياش، ئۇ زەئىپ قېرى تۇرسا» دەپ ئويلىدى. ئىلىك ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قىلىپ بىر ئەقىل تاپتى. «راست، مېنىڭ يېنىمدا تىغ يوق، مەن سىزگە ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشتىن ئاللانىڭ نامى بىلەن پاناھ تىلەيمەن. شۇڭا، مېنىڭ يېنىمنى ئاختۇرۇڭ! ئەگەر يېنىمدىن تۆمۈر چاغلىق نەرسە تېپىلسا مېنى تۇتۇڭ» دېدى. سۇلتان خاتىرجەملىنىپ «يېقىن كەل، ئەمدى نامىنى بەرگىن» دېدى. ئىلىك ئۇنىڭ تەختىگە يېقىنلاپ كېلىپ: «ئى مەھمۇد، مەن ئىلىك ناسىردۇرمەن!» دېدى. سۇلتان قورقىنىدىن تەختتىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس ـ تاماس قالدى. ئۇ (دەرھال) تەختتىن چۈشۈپ ئىلىك بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئىلىك: «ئى مەھمۇد، بىز بۇ يەرگە ئۇرۇشقا كەلدۇق، بىر تەرەپنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن 200 مىڭ لەشكەر يىغىلدى (ئىككى تەرەپنىڭ لەشكىرى 200 مىڭ). ئىككى قوشۇننىڭ بىرىنىڭ مەقسىتى ھاسىل بولىدۇ. يا سەن يېڭىسەن، مەن مەغلۇپ بولىمەن ياكى مەن يېڭىمەن، سەن مەغلۇپ بولىسەن. بىراق، ئۇنداق بولغاندا ئارىمىزدىكى قانچىلىغان كىشى جېنىدىن ئايرىلار؟ قانچىلىغان ئاياللار تۇل قالار؟ قانچىلىغان بالىلار يېتىم قالار ـ ھە؟ ئەتە مەن ياكى سەن ئىككىمىزدىن بىرىمىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلىمىز. شۇڭا، مەن بېشىمنى ئېلىپ ئالدىڭغا كەلدىم. قانداق قىلىش ئىختىيارىڭدا، قىيامەت كۈنى سەن بىلەن

ھېسابلاشمايمەن» دېدى. مەھمۇد ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ: «بىزنى ئۆزۈڭنىڭ ئىلىك ئېكەنلىكىڭگە ئىشەندۈرىدىغان نېمە ئىسپاتىڭ بار؟» دەپ سورىدى. «ئىسپات شۇكى، مەن بۇ يەردىن چىقىپلا كەتسەم، ئەتە سەھەردە مەن ساڭا (39- ۋاراق A تەرەپ) ئەيىبلەش ۋە دۈشمەنلىك ئەمەس، بەلكى نامە ئەۋەتىپ سۆھبەتلىشىپ قۇدىلىشىمەن. قولىدا قىلىچ تۇتقان لەشكەر ئەمەس، بەلكى دوستلۇق ئىزدىگۈچى ئەلچى ئەۋەتىمەن. سەن ئەمدى جەڭ دۈمبىقىڭنىڭ گۈمبۈرلىشىنى ئەمەس، بەلكى شادىيانە داقا-دۈمباق ئاۋازىنى ئاڭلايسەن!» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ شۇ كېچىسى ئۆز ئورنىغا قايتىپ ۋەدىسىنى بەجا كەلتۈردى: مەنزىلگە ئوڭۇشلۇق قايتىپ بېرىپ، تاڭ يورۇشىغا تىل ئۇستىسى، مەشھۇر ئىمام ۋە ئەدىبلەر يازغان ئىلتىماسقا تەسۋىرلىگۈسىز، كىشى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان سوۋغاتلارنى قوشۇپ ئەۋەتتى.

ئىلىك كەتكەندىن كېيىن مەھمۇدنىڭ ئادەملىرى تۈن نىسپىدىن تاڭ سۈزۈلگۈچە ساقلاپ تۇردى. بۇ چاغدا ئىلىكنىڭ قوشۇنى تەرەپتىن ئوڭۇشلۇق ۋە خۇشاللىقنىڭ بېشارىتى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. قۇدىلىشىش ئۈچۈن قىلىنغان دۇئالار مەھمۇد تەرەپكە ئوقۇلدى. مەھمۇدنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى خاقانلارنىڭ كۆرۈشۈش ۋە رەقىبلەرنىڭ ئۇچرىشىشىغىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. ئەلچىلەر ئىككى ئارىدا چېپىپ يۈرۈپ، كەيپىياتنى جانلاندۇرۇۋەتتى. دوستانە ئۆتۈشنى تەكىتلەشتى. ئىككى تەرەپتىكىلەر ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، توقۇنۇشنىڭ يىلتىزىنى يوقاتتى. قۇدىلىشىش كېلىشىمى ھىجرىيىنىڭ 390-

يىلى مۇھەررەم ئېيى(مىلادىيە 999- يىلى 12- ئاينىڭ 13- كۈنىدىن 1000 - يىلى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە)دا تۇزۇلگەن.

شۇنىڭ بىلەن سۇلتان مەھمۇد ئەبۇ تەيىپ سەھلى ئىبنى مەھمۇد سەئلۇكنى ئىلىك تەرەپكە بارىدىغان ئەلچىلىككە تەيىنلىدى. يەنە توغانجىقنى سەئلۇكى بىلەن بىللە بېرىپ ئىلىكنىڭ مەلىكىسىنى تەلەپ قىلىپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇ ئىككىسى ئىلىكنىڭ قېشىغا ئىراندىن كەلتۇرۇلگەن بىر ئىبىل ھارۋىدا تۇران دەرياسىدىن سۇزۇلگەن چوڭ بىر ئۈنچىنى ئاپىرىپ سۇلتان ئىلىككە سوۋغا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇد بىلەن ئىلىك قارارگاھىغا قايتىپ قوشۇنلىرىنى چېكىنىشكە ئورۇنلاشتۇردى.

ھىجرىيە 669- يىلى (مىلادىيە 1270- يىلى 8-ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 1271- يىلى 8- ئاينىڭ 8- كۈنىگىچە)نىڭ بېشىدا ئىشەنچلىك، شەيخلەرنىڭ شەيخى، دىن ۋە ھەقىقەتنىڭ گۈلى ئەمشى (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ماڭا ئىلىك خاننىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى، ھاكىمىيەت تۇتقان دەسلەپكى مەزگىلى، ياشلىق چاغلىرىدىكى بەخت - سائادىتىنى سۆزلەپ بەرگەن.

«ئەينى چاغدا مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان» دەپ مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: «بىر كۈنى ئىلىك ياساۋۇللىرى بىلەن ئۆز كەنت ئەتراپىدا ئوۋ ئوۋلاۋېتىپ، يولدا چىرايى قاملاشقان، ئاددىي - ساددا، مۇرىسىدە بىر باغلام ئوتۇننى يۈدۈپ ناھايىتى تەسلىكتە پەسرەك بىر تاغقا يامىشىۋاتقان بىر ئاقساقالنى ئۇچرىتىپتۇ. ئىلىك بىر ياساۋۇلغا: ‹ئاقساقالنىڭ ئوتۇنىنى ئېتىگە ئارتىۋال› دەپتۇ. ئاقساقال: ‹ئەگەر ئاتقا ئارتىۋالىدىغان

ئىش بولسا، ياساۋۇل نېمە ئىش قىلىدۇ؟› دەپتۇ. ئىلىك: ‹ياساۋۇل، ئوتۇننى يۇدۇۋال!› دەپتۇ. ئاقساقال يەنە: ‹ئۇنىڭغا يۇتكۇزمەكچى بولدۇڭ، نېمىشقا ئۆزۈڭ يۇدمەيسەن؟› دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلىك ئاتتىن چۈشۈپ، ئاقساقالنىڭ مۇرىسىدىن ئوتۇننى ئېلىپ ئۆزى يۇدۇپتۇ. بىرنەچچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا قاتتىق ھارغىنلىق ھېس قىلىپ، چېكىسىدىن تەر قۇيۇلۇپ كېتىپتۇ.»

ئاقساقال ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، دەرھال قولى بىلەن ئۇنىڭ چېكىسىدىكى تەرنى سۇرتۇپ تۇرۇپ: «ئەي ئىلىك! سەن بۇگۇن مۇشۇنچىلىك ئوتۇننى يۇدگىنىڭگە ھېرىپ ھالىڭ قالمىدى. ئۇنداقتا سەن چوڭ ئادالەتسىزلىك، زۇلۇم، ۋابالاردىن ئىبارەت ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ قىيامەتنىڭ دۆڭلىرىدە قانداقمۇ ھېرىپ قالماي ماڭالايسەن؟ ئوتۇننى ماڭا بەرگىن. ھېرىپ قالمىغىن» دەپتۇ. ئىلىك بىر ۋارقىراپ بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. ھېلىقى ئاقساقالمۇ شۇ زامات غايىب بولۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىلىكنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئوڭغا تارتىپ بەخت ئىچىدە ئۆتۇپتۇ.»

(40- ۋاراق A تەرەپ) سالجۇق ئىبنى قىنىق ئۇزكەنت ۋە خوجەند ئەتراپىدىكى تۈركمەنلەرنىڭ يولباشچىسى بولۇپ، كېيىن نۇر بۇخاراغا كۆچۈپ كېلىپ بىر مەزگىل تۇرغان ئىكەن. كېيىن سامانىيلارنىڭ سۇلتانى ئەھمەد ئىبنى ئىسمائىل ئۇلار يەرلىك ئاھالىلەرنى ئەزگەنلىكى ئۈچۈن بۇخارادىن كۆچۈپ كېتىشكە بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇراسانغا كېتىپتۇ.

(43- ۋاراق B تەرەپ) مەھمۇدخان ئىبنى ئىلىك ئارسلانخان خارەزىم شاھ بولسا تاكىشنىڭ ئىنىسى ئىكەن.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ ناھايىتى كېلىشكەن، ئاق كۆڭۈل، ئەخلاقلىق كىشى ئىكەن، كىچىك ۋاقتىدا ئاتىسى قازا قىلىپ كەتكەچكە، ئاكىسى تاكشى بېقىپ چوڭ قىلغان ئىكەن. ئاكىسى ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىكەن. تاكشى قاراقىتان گورخانىنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالغاندا، مەھمۇد ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمايلا خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان ئىكەن. تاكشى ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇپ، خارەزىمگە قايتىپ كېلىپ، مەھمۇدنى تۇتۇپ، قەتل قىلىۋەتكىلى تاس - تاسلا قاپتىكەن. ئۇ ئىنىسىغا بەك ئامراق بولغاچقا ئۆز ئىنىسىنى قەتل قىلىشقا ۋىجدانى يول قويماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنىسىنىڭ كۆزىنى كور قىلىۋېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ھەر ھەپتىسى ئىنىسىنى يوقلاپ تۇرۇپتۇ. ھەر قېتىم يوقلاپ كەلگەندە، ئىنىسىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا قاراپ تۇرۇپ ئاندىن قايتىپ كېتىدىكەن. ئىنىسى كور قىلىۋېتىلگەچكە ئاكىسىنىڭ يوقلاپ كەلگىنىنى سەزمەپتۇ. شۇڭا، بىر كۈنى ئۆزىنىڭ قېشىدىكى كىشىلەرگە «سۇلتان ئاكام مېنى يوقلىمايۋاتىدۇ» دەپ ئاغرىنىپ بېرىپتۇ. يېنىدىكى كىشى: «ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ھەر ھەپتىسى سېنى يوقلاپ كېلىدۇ، ساڭا سائەتلەپ قاراپ ئولتۇرۇپ، سەن ئۈچۈن يىغلايدۇ، ئاندىن قايتىپ كېتىدۇ، ئۇ بىزگە ئۆزىنىڭ سېنى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىشقا قويمىغان» دەپتۇ. مەھمۇد: «ئۇ ئەمدى كەلسە، ماڭا ئۇنىڭ كەلگەنلىكىدىن شەپە بېرىپ قويۇڭلار» دەپتۇ. ئۇلار دېگىنىدەك قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنىسى ئاكىسى بىلەن قەلبىدە سۆھبەتلەشكەندەك بىر رۇبائىينى ئوقۇپتۇ (مەنەن تەرجىمىسى):

ئاللانىڭ تەقدىرى جارى بولۇپ، قازايى - قەدەر كەلگەندە،
ئۇ نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمىدى، كۆزى قارىغۇ بولدى.

شۇنداق، قازايى ـ قەدەر كەلگەندە كۆز قارىغۇ بولىدۇ، ئەلۋىدا ئالەمنىڭ خانى، بىز بىر دەرەختىكى تۇتاش شاخ، نەزىرىڭ ئۆزگىرىپ قالغاچقا، مەن ئاتامنىڭ تەختىگە چىقىش كويىدا بولغان (ئەسلىي مەتىنى پارسچە).

سۇلتان رۇبائىينى ئاڭلاپ بىر ۋارقىراپلا بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. ئىنىسىغا زىيانكەشلىك قىلغىنىغا پۇشايمان قىپتۇ. ئىنىسى مەھمۇدخان ھىجرىيىنىڭ 589- يىلى (مىلادىيە 1193- يىلى 12- ئاينىڭ 26- كۈنى) قازا تاپتى. ئاكىسى سۇلتان تاكشى مۇنۇ روبائىي بىلەن تەزىيە بىلدۈرۈپتۇ.

زەھەرخەندە قىرىندىشىم،
تاجۇ مۇھۇرنى تارتىۋالماق بولدى.
شۇڭا ئايرىلىپ ئىككى دۇنيا بولدۇق.
مەن ئۇستىدە، ئۇ يەرنىڭ تېگىدە بولدى (ئەسلىي مەتىنى پارسچە).

## موڭغۇل خاقانلىرى ھەققىدىكى بايانلار

(44- ۋاراق B تەرەپ) رىۋايەت قىلىنىشىچە، چىڭگىزخاننىڭ ھۇجۇم قوزغىشىدىكى سەۋەب مۇنداق ئىكەن: ئالمالىقلىق بۇزارخان (توغرۇلخان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) كۈچلۈكخان بىلەن دۈشمەنلىشىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىلىقى يىرىم ئايلىق مۇساپە ئىكەن. بۇزارخان ئوغلى شىغىناق تېكىننى ياساۋۇل، قىزى ئۇلۇق خوتۇننى تارتۇق قىلىپ چىڭگىزخان بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ، ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز دۈشمىنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا چىڭگىزخاننىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى

ئىستەپتۇ. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ موڭغۇللار بىلەن بولغان ئارىلىقى يېرىم يىللىق مۇساپە كەلگۈدەك يىراقلىقتا ئىكەن. مۇساپىنىڭ يىراقلىقى بىلەن كۈچلۈكخانغا قوشنا بولۇشتەك رېئاللىق بۇزارخاننىڭ چىڭگىزخاننى تاللىشىنى ناھايىتى تەسكە توختاتقان ئىكەن. شۇڭا، كۈچلۈك بۇزارخاننىڭ ئوۋ ئوۋلايدىغان يېرىگە بۆكتۈرمە قويۇپ، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قەتل قىپتۇ. ئاندىن بۇزارخاننىڭ شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ھۇجۇم قىپتۇ. ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن يازنىڭ ئاخىرىدىن كۈز كىرىپ زېمىن مۇز تۇتقۇچە جان تىكىپ ھۇجۇم قىلىپمۇ شەھەرنى ئىگىلىيەلمەپتۇ. چۈنكى، بۇزارخاننىڭ ئايالى سەلبەك تۈركان كۈچىنىڭ يېتىشىچە شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپىغا مەنجانىق ئورنىتىپ ھەممە يەرگە باھادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۈچلۈكنىڭ قاراڭغۇ تۇمانى تارقاپ، چېدىر - بارگاھلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كەتكۈچە قارشىلاشقان ئىكەن.

كۈچلۈك مۇھەممەت ئارسلانخاننىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالمالىقتىن كاشغەرگە قاراپ ئاتلىنىپتۇ. بۇ ۋەقەنىڭ جەريانىنى كاشغەردىكى قاراخانىيلارنىڭ ۋەقەلىرىنى بايان قىلغاندا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدىم.

بۇزارخاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان چىڭگىزخان تۇرشاۋۇل قوشۇنىنىڭ ئەمىرلەشكىرى جەبە نويانىنى، باھادىرنىڭ باھادىرىنى، جەڭچىلەرنىڭ باتۇرلىرىنى تاللاپ ئېلىپ بېرىپ، كۈچلۈكخاندىن بۇزارخاننىڭ قان - قىساسىنى ئېلىشقا ئەۋەتىپتۇ. جەبە نويان ئالمالىققا كېلىپ كۈچلۈكخان بىلەن ئۇچرىشالماي كاشغەرگىچە قوغلاپ كەپتۇ.

لەشكەرلىرىنى بىتچىت قىلىپ كۈچلۈكنى ئۆلتۈرۈپ

يىلتىزىنى قۇرۇتۇپتۇ. چىڭگىزخان ئوغۇللىرى بىلەن تۇرشاۋۇل قوشۇنىنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كەپتۇ. چىڭگىزخان خۇراساندىن قارارگاھىغا قايتىپ كېلىپ ھىجرىيىنىڭ 624- يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 10- كۈنى (مىلادىيە 1227- يىلى 8- ئاينىڭ 24- كۈنى) ۋاپات بولغان ئىكەن.

ئۇلۇغ خاقان چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى ئوكتاي ھىجرىيىنىڭ 626- يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 18 كۈنى (مىلادىيە 1229- يىلى 9- ئاينىڭ 9- كۈنى) پەيشەنبە ئەتىگەندە كولراندا خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان، قاستاي ئاتىسى ئوكتايدىن بۇرۇنراق خۇراساندا ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى قايدۇ يېتىم قالغان. كېيىن قايدۇ تۇغۇلغاندا بوۋىسى قاغان ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىنگەندە قاغان قايدۇنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ تۇرۇپ: «بۇ گۆھىرىمنى مەندىن قالغاندا خانلىققا ۋارىس قىلىڭلار» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن قايدۇنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەشكە ئەمىر قىلىپ، ئاللانىڭ كۈتكىنىدەك چوڭ قىلغان.

كۈيۈكخان ھىجرىيىنىڭ 641- يىلى (مىلادىيە 1243- يىلى 6- ئاينىڭ 21- كۈنىدىن 1244- يىلى 6- ئاينىڭ 8- كۈنىگىچە) تاغىسى توشىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمايلا ئاتىسى قاغاننىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپ سەككىز ئايدىن كېيىن ھالاكەت ئوقىنىڭ نىشانى بولغان. ئىسلام دىنىغا بولغان دۈشمەنلىكىدىن ئۇنىڭ ئۆمرى كۆتە بولغان.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ قورسىقى نەچچە كۈنلەپ تولغاپ ئاغرىپ، ئاخىر قورسىقى كۆپۈپ ئېتىلغاندا ئاندىن جىمىغان ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن توشىنىڭ ئوغلى ئىسلام

دىنىغا بېيئەت قىلغان خانلىق، دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىغا ياردەم
بەرگۈچى بۆكۈخان تەختكە ئولتۇرغان. ئۇ بۇخاراغا زىيارەتكە
كېلىپ، تەلىيىگە شەيخلەرنىڭ مۆتىۋىرى، ئالىيجانابلارنىڭ
ئۇلۇغى، ئاللانىڭ پانىي ئالەمدىكى كۆزى، ھەقىقەت ۋە دىنىنىڭ
قىلىچى سەئىد ئىبىن مۇتەھھىر باخىرىزى (ئاللا ئۇنىڭ جىسمىنى
پاك، گۆرىنى يورۇق قىلغاي)نىڭ خىزمىتىدە بولغان.
(46 ۋاراق A تەرەپ) ئادالەتلىك مۇڭكۇخان قارا قۇرۇمدا
تەختكە ئولتۇرۇپ ئوتۇشىنىڭ ئوغلى باتۇخان بىلەن قايالىق
ئەتراپىدا دوستانە كەيپىياتتا ئۇچراشقاندا، باتۇخان كۈچ -
قۇۋۋىتى ۋە ئەقىل - پاراسىتىدىن دانالىق بىلەن پايدىلىنىپ،
تەقدىر ۋە تەلەينىڭ ماس كېلىشىگە تايىنىپ، كۆيۈكنىڭ
ئوغۇللىرىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، مۇڭكۇنى تەختكە
چىقارغان. چۈنكى، كۆيۈك بىلەن باتۇخان ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن
ئۆچ - ئاداۋەت بولغاچقا، ئاداۋەت ئەدەپ كەتسە، كۆيۈكنىڭ
ئوغۇللىرىغا ھامان پالاكەت يېتەتتى.
شۇڭا، كۆيۈكنىڭ ئوغۇللىرىدىن قىرىق نەچچە چىڭگىزخان
پۇشتى بىلەن 2000 دەك ئەمىر - سەركەردىلەرنى قەتل
قىلغاندىن كېيىن، ھىجرىيىنىڭ 648- يىلى (مىلادىيە 1250-
يىلى 5- ئاينىڭ 5- كۈنىدىن 6- ئاينىڭ 2- كۈنىگىچە) ئادا-
لەتلىك موڭكۇخان تەختكە چىقتى. موڭكۇخان ئوكتاي
ئەۋلادلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، چاغاتاي
ئەۋلادلىرىغا تاقابىل تۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى. (46 - ۋاراق B
تەرەپ) ئۇ چاغدا چاغاتاينىڭ ئوغلى يىسۇ مىڭكۇ ئاتىسىنىڭ
تەختىدە ئولتۇرۇۋاتقان بولۇپ، قېرىندىشىنىڭ ئوغلى بورى
ئەمىرلەشكەر ئىدى. ئۇلار باياشات، خاتىرجەم، قۇدرەتلىك،

مۇستەقىل بولۇپ، سانسىز لەشكىرى بار ئىدى. شۇڭا، موڭكۇخان ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىشىدا، توغرا پىكىرلىك، ئۆزىگە ئۇزاق مۇددەت خىزمەت قىلغان قاراھىلاكودىن تەلىم ئېلىپ، ئۆز يېنىدىكى چاغاتاينىڭ نەۋرىسى، يەنى چاغاتاينىڭ ئوغلى مىتوكاننىڭ ئوغلى قاراھىلاكونى چاغاتاينىڭ ئورنىغا تىكلەش لازىملىقىنى تونۇپ يەتتى.

قاراھىلاكو موڭكۇخاننىڭ بىكەسى، ئولۇغتاينىڭ تۇغقىنى، ئانىسى سولو خاتۇننىڭ يېقىنى بولۇپ، ئۇ بوۋىسى چاغاتاي ۋەسىيەت قىلىپ ئۆزىگە بەرگەن خانلىق تەختىنى تاغىسى يىسۇ موڭكۇ تارتىۋالغانلىقى ھەققىدە موڭگو خانغا دادلىغان ئىدى.شۇڭا، موڭگو خان ئۇنى بوۋىسى چاغاتاينىڭ تەختىگە چىقاردى. موڭكوخان بۇ چېگىشنى ئۆز قولى بىلەن يەشكەندە قاراھىلاكونىڭ ئاكىسى بورىنى قاراھىلاكو تەرەپتە تۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. قاراھىلاكونىڭ ئەلچىسى مىتوكاننىڭ ئاكىسى بورىگە خەت يەتكۈزدى. ئۇكىسىنىڭ خېتىدە ئۇنى تاغىسىنىڭ ئورنىغا تەختكە ئولتۇرغۇزىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. تەخت تەمەسىدە كېلىۋاتقان بالا - قازاغا سەل قاراپ، تاغىسىنىڭ رايىنى سىناپ باقماقچى بولدى.

بىر كۈنى، ئۇ تاغىسىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ دېدىكى: «تاغا خانغا جاۋاب بەرسەڭ بولاتتى!»، «خان كىم ئىكەن؟» «موڭكۇخان»، «ئەجەب ئىش، نېمە بولۇپ كەتتى بۇ جاھان؟ خان ھازىرغىچە يېنىمدا تۇرسا قانداقسىگە ئەمدى موڭكۇخان بولۇپ قالدى؟»، «دۇرۇس، موڭكۇخان بولدى، سەن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشىڭ كېرەك». شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاغىسىنى ئىتائەت قىلغۇسى يوق كىشىگە ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇرلىدى.

بوری ئۇنى ئالدىغا سېلىپ، ئۆزى ئارقىدا ئاتلىق ھەيدەپ ماڭدى. ئۇ ئۆزىنى نەيرەڭ بىلەن ھالاكەت يولىغا — قان قاينىمىغا ھەيدەپ كىرىۋاتقىنىنى بىلمەيتتى.

ئۇ سەپەرگە ئاتلاندى.
ئۆز تەقدىرىنىڭ نېمە بولۇشىنى بىلمەس.
دەرۋەقە ئۇ بىر قارام كىشى ئىكەن.
تەقدىر پېشانىسىدە باركەن قاراملىق، نەس.

موڭكۇخانىنىڭ قارارگاھىغا قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ قوشۇنى تارقىتىۋېتىلدى. ئەجەل پەيمانى تولغىنىنى كۆرۈپ، بۇلارنىڭ نەيرەڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، بويىغا ئارقان چۈشكەندىن كېيىن ئەھۋالنىڭ جەريانى ئۇقتۇرۇلدى، ئىككىسى بىر - بىرىنى ئەيىبلەپ، ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا كۈچىنىپ باققان بولسىمۇ ئەجەل شەمشىرى ئىتتىك كەلدى. ئاۋۋال باغلانغىنى بورى بولدى. ئۇنى تۇتۇپ، بىر كالا تېرىسىگە ئوراپ ھارۋىغا بېسىپ يېقىن يول بىلەن ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتۈۋاتقانلارغا ئۇزاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئاخىرلاشتى. ئىككىسىنىڭ ھاياتىمۇ تاماملاندى.
(47- ۋاراق A تەرەپ) موڭكۇخان بەدەۋىيلەر ئېلىگە يۈرۈش قىلىپ، ھىجرىيىنىڭ 658- يىلى (مىلادىيە 1259- يىلى 12- ئاينىڭ 18- كۈنىدىن 1260- يىلى 12- ئاينىڭ 5- كۈنىگىچە)نىڭ بېشىدا شۇ يەردە ئۆلدى. شۇ يىلى شەۋۋال ئېيىدا ئارىغ بۆكە بەزى ئەمىر ۋە ۋەزىرلەرنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئاكىسى قۇبلەيگە خىيانەت قىلىپ، نارازىلىقىغا قارىماي يەڭگىللىك بىلەن قاراقۇرۇمدا موڭكۇخانىنىڭ ئورنىغا خانلىق

تەختىگە ئولتۇردى. موڭكۇخان بەدەۋىيلەر ئېلىگە يۈرۈش قىلغاندا، ئارىغ بۆكەنى ئۆز ئورنىغا قويۇپ ماڭغان بولۇپ، ئارىغبوكەنىڭ تېخى بىرمۇنچە ئەۋلادلىرى ئىزباسار بولاتتى. شۇڭا، ئىش ناھايىتى تېز بۇزۇلدى. بالا- قازا ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭدى، ئۇنىڭ قېنى قېرىندىشىنىڭ قولىدا ئاقتى.

قۇبلەي قاغاندىن كېيىن تېمۇر ئىبنى جەنكىم ئىبنى قۇبلەي تەختكە ئولتۇردى ھەم بوۋىسىنىڭ سەلتەنەتىنى پەش قىلىپ «تىمۇرقاغان» دەپ ئاتالدى. ئۇ بىزنىڭ زېمىنىمىزغا خان بولدى. ئۇنىڭ بوۋىسى زېمىنىمىزنى ئىگىلەشكە نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلغان بولسىمۇ تېمۇرغا ياردىمى بولمىدى. تېمۇر ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىزنىڭ قاغانلىرىمىزنى يېڭەلمىدى(ۋە يېڭەلمەيدۇ)، زېمىنىمىزنى ئىگىلىيەلمىدى. بىزنىڭ قاغان ئۈستۈن ئادەم كۈچى بىلەن ئۇلارنى توسۇۋالدى.

(47- ۋاراق B تەرەپ) ئېلىمىزنىڭ خانى چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى بۈيۈك قاغان ئوكتاينىڭ ئوغلى قەستاينىڭ ئوغلى قايدۇغا كەلسەك، ئۇ ھىجرىيىنىڭ 670- يىلى مۇھەررەم ئېيىدا (مىلادىيە 1271- يىلى 8- ئاينىڭ 9- كۈنىدىن 9- ئاينىڭ 7- كۈنىگىچە) تالاستا تەختكە چىققان. ئۇ ئادىل، تىرىشچان، تاكامۇل، مېھرىبان خان بولۇپ، ھەممە ئىشقا پىششىق، بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى. ئۇ مۇسۇلمانلارغا كۆيۈنىدىغان ناھايىتى مېھرىبان كىشى ئىدى (ئاللا ئۇنى مەغپىرەت قىلغاي). مەن ئىككى مەرتەم ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغان، مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن. ماڭا تېخى شاھانە تون ھەدىيە قىلغان، مەن ئۇنى تېخىمۇ كۆپ تۆھپە ياراتقۇچىلارنىڭ ئۈلگىسى قىلىمەن. چۈنكى، بۇ تۆھپە. ئاقسۆڭەكلەر ئۆزىچە پەخىرلىنىپ يۈرۈشىۋاتىدۇ، قايدۇ

33 يىل خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ ھىجرىيىنىڭ 701- يىلى (مىلادىيە 1301- يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 1302- يىلى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە)نىڭ بېشىدا 68 يېشىدا ۋاپات بولدى.

ئوغلى جاپپار تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى جەئپەر بولۇپ، باشقا تىلدا ئاتاشتا ئۆزگىرىپ جاپار بولۇپ قالغان ئىكەن. قايدۇنىڭ ئوغلى كۆپ بولۇپ، ئەڭ چوڭى جاپار ئىكەن. ئاللا ئۇنى ھىدايەتكە باشلاپ، ھىمايىسىگە ئالغاچقا، ئاللانىڭ ۋەھىيسى ئۇنى ۋە دۆلىتىنى ئىلكىگە ئالدى. ئۇ ھازىر بىزنىڭ خانىمىز، ئېلىمىزنىڭ سۇلتانى. ئاللا ئۇنىڭ دەۋرىدە ئىسلامنىڭ قۇۋۋىتىنى ساقلاپ، ئۇنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئىسلامنىڭ ئوبرازىنى ياراتتى. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 702- يىلى شەۋۋال ئېيىدا (مىلادىيە 1303- يىلى 5- ئاينىڭ 19- كۈنىدىن 6- ئاينىڭ 16- كۈنىگىچە) ئىمىل ئەتراپىدا خانلىققا ئولتۇرغان.

## چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ پارچىلىنىشى

چاغاتاي چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالمالىق قاتارلىق شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئارغۇ رايونى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن ئىدى. ئاللا ئۇنىڭغا كاتتا ئىلتىپات كۆرسەتكەن ئىدى. چاغاتاي ھىجرىيىنىڭ 642- يىلى (مىلادىيە 1244- يىلى 6- ئاينىڭ 9- كۈنىدىن 1245- يىلى 5- ئاينىڭ 28- كۈنىگىچە) ۋاپات بولغان. يىسۇ مەڭكۇ ئىككى يىلدىن كېيىن ئاتىسىنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان ئىدى.

چاغاتاي ئەۋلادلىرىغا (48- ۋاراق A تەرەپ) مىتوكاننىڭ ئوغلى قاراھىلاكونى ئۆزىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسىمۇ، قاراھىلاكو تەختكە ئېرىشەلمىگەن. موڭكۇخانغا دائىر بايانلاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك يىسۇ بولسا قاراھىلاكوىىڭ جورىسى، مۇسۇلمان ئۇلۇغناي(ئورقىنە) خاتۇننىڭ قولىدا ئۆلگەن. قاراھىلاكونى موڭكۇخان قارا قۇرۇمدا بوۋىسىنىڭ تەختىگە يۆلەپ چىقاردى.

ھىجرىيىنىڭ 940- يىلى (مىلادىيە 1242- يىلى 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 1243- يىلى 6- ئاينىڭ 20- كۈنىگىچە) ئۇ موڭكۇخاننىڭ ھۇزۇرىدىن ئۆزىنىڭ سۇيۇرغالىغا قايتىش سەپىرىدە ئۆلگەن. ئۇ چاغدا ئوغلى مۇبارەكشاھ تېخى نارەسىدە ئىدى. شۇڭا، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئۇنىڭ جورىسى ئۇلۇغناي (ئورقىنە) خاتۇننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇلۇغناي خاتون توققۇز يىل توققۇز ئاي ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن چاغاتاينىڭ ئوغلى بەيدەر، بەيدەرنىڭ ئوغلى ئارىغبوكەنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇلۇغناي خاتۇننى ئارىغبوكەنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىپ، ھىجرىيىنىڭ 659- يىلى (1260- يىلى 12- ئاينىڭ 6- كۈنىدىن 1261- يىلى 11- ئاينىڭ 25- كۈنى) تەختكە چىقتى. كېيىن قاراھىلاكو بىلەن ئۇلۇغنايىنىڭ ئوغلى سىغى مۇسۇلمان مۇبارەكشاھ ھىجرىيىنىڭ 662- يىلى جەمادىيەلئاخىر (1264- يىلى 3- ئاينىڭ 31- كۈنىدىن 4- ئاينىڭ 28- كۈنىگىچە)دا ئاھەنگىراندا تەختكە چىقتى. مۇبارەكشاھ تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، چاغاتاينىڭ ئوغلى مىتوكاننىڭ ئوغلى ئىسەن دوۋانىڭ ئوغلى بەراق خانلىق تەختكە ئولتۇردى. ئۇ مۇبارەك شاھقا ھۇجۇم قىلدى ھەم ھىجرىيىنىڭ 664- يىلى

زۇلھەججە ئېيىدا (1266- يىلى 9- ئاينىڭ 3- كۈنىدىن 10- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە) خوجەند ئەتراپىدا ئۇنى تۇتۇۋالدى. بىراق، ھىجرىيىنىڭ 670- يىلى (مىلادىيە 1271- يىلى 8- ئاينىڭ 9- كۈنىدىن 1272- يىلى 7- ئاينىڭ 28- كۈنىگىچە)نىڭ بېشىدا ئۆلدى. كېيىن چاغاتاينىڭ ئوغلى ساربان، ساربانىنىڭ ئوغلى نىكبى قايدۇنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ھىجرىيىنىڭ 679- يىلى (1280- يىلى 5- ئاينىڭ 3- كۈنىدىن 1281- يىلى 4- ئاينىڭ 21- كۈنىگىچە)نىڭ ئوتتۇرلىرىدا تەختكە چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن چاغاتاينىڭ ئوغلى مىتوكاننىڭ ئوغلى، بۇرىنىڭ ئوغلى، قىدغاينىڭ ئوغلى بوقا تېمۇر نىكبىنى قەتل قىلىپ خانلىق تەختىنىڭ ۋارىسى بولدى. بوقا تېمۇر نىكبىنى كېچىلىك ھۇجۇم بىلەن يەڭدى. ھەم قايدۇنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ھىجرىيىنىڭ 671- يىلى خانلىق تەختكە چىقتى. بوقا تېمۇر ھىجرىيىنىڭ 680- يىلى ئۆلگەن.

بەراقنىڭ ئوغلى دۇۋا بوقا تېمۇردىن كېيىن ھىجرىيىنىڭ 681 - يىلى (مىلادىيە 1282- يىلى 4 - ئاينىڭ 11- كۈنىدىن 1283- يىلى 3- ئاينىڭ 31- كۈنىگىچە) تەختكە چىقتى. قايدۇ ئۇنى ئىلگىرى ئاتىسىنى يۆلىگەندەك يۆلەپ، يار- يۆلەك بولدى. قايدۇ بىلەن بەراق ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇق بار ئىكەن.

دۇۋا دەۋرىنىڭ خانى ئاقىل، تەدبىرلىك سىياسەتچى، قاتتىق قول كىشى بولۇپ، مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى ئوڭلاشقا ماھىر. ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ئۈستۈن، ئەلنىڭ ئىشەنچلىك تۈۋرۈكى، جاپار بولسا رەھىمدىل، ئاللا ئۇنى چوڭ قىلىپ، ئۇزاق ئۆمۈر بېرىپ، ھىدايەتكە باشلىغان.

(48- ۋاراق B تەرەپ) ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر ۋە ئۆلىمالارنىڭ ئەھۋالىغا دائىر بايانلار:

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ پىشقەدەم ھەزرەت، ئەڭ بۈيۈك ۋەزىر، ئالەم ۋە دىنىنىڭ شۆھرىتى، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ نىجاتچىسى، خاقانلارنىڭ ئەڭ ئادىل ۋەزىرى، ئەمىرلەرنىڭ نائىبى، مۇسۇلمانلارنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزغۇچى، ۋەدىسىدە تۇرغۇچى مەھمۇت يالىۋاچ ئىبنى مۇھەممەد خارەزمى (ئاللا ئۇنىڭ قەبرىسىگە مېھىر - شەپقەت ياغدۇرغاي). (49- ۋاراق A تەرەپ) چىڭگىزخاننىڭ زامانىدىن موڭكۇخاننىڭ زامانىسىغىچە ئۇ ئەڭ ئالىي مەنسەپكە تەيىنلىنىپ كەلدى. ئۇ خۇراساندىكى جەيھۇن دەرياسىدىن چىننىڭ ئەڭ چېتىگىچە بولغان ئەللەرنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ، دىن ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى بۈيۈك قاغان ئوكتاي ئۇنىڭغا ۋە ئوغلىغا ھەرقايسى ئەللەرنى بۆلۈپ بەردى. ئۇنى قىتان، تاڭغۇت ئەللىرى ھەم ئۇيغۇر ئېلىگىچە باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى. ئۇنىڭ قۇدرىتىدىن بۇ ئەللەرنىڭ ئادەملىرى ئايىندى. ئۇنىڭ ئادىللىقى ۋە ھىماتچىلىقى گويا تولۇن ئايدەك مۇئەللەقتىن ئەتراپقا نۇرىنى چېچىپ مەشرىق ئەللىرىنى يورۇتتى. خەلقلەر بۇنىڭدىن قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتى. يالىۋاچ گۈلتاج بولۇپ، ئاتامان ۋە مۆتىۋەر ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشنى بولۇپمۇ مەشرىق ئەللىرىدىن چىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ يۈرمىسەكمۇ بولىدۇ. ھىجرىيىنىڭ 652- يىلى رەبىيەلئەۋۋەلدە (مىلادىيە 1254- يىلى 4- ئاينىڭ 21- كۈنىدىن 5- ئاينىڭ 20- كۈنىگىچە) ئۇ خانبالىقتا ۋاپات بولدى. ئۇ مۇساپىر شېھىت سۈپىتى بىلەن شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپ، ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە ئىلتىپاتىغا

يېقىنلاشتى.

يۇرەكلىك، بۈيۈك كاتتا ئەمىر، مەرتىۋىلىك، شەرەپلىك سۇلتان، ئالەمنىڭ ۋەزىرى، ئادەم بالىلىرى ئەمىرلىرىنىڭ پەخرى، ئەلەمدار ۋە قەلەمدار، ئىلىم - مەرىپەت، ياخشىلىق ۋە سېخىيلىقنى تاراتقۇچى، پادىشاھلىق ۋە ئىلىم - مەرىپەت دەرىجىسىنى كۆتۈرگۈچى، شىجائەت ۋە كەمتەرلىك قاچىسىنىڭ ساقىيسى، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق مەيدانىنىڭ قوماندانى، ئۇرۇش مەيدانىنىڭ يۇلقۇنۇپ تۇرغان شىرى، جەڭگاھنىڭ يامغۇردەك ئوق ياغدۇرغۇچى پالۋىنى، دۇنيا ۋە دىنىنىڭ ھۆججىتى مەسئۇد ئىبنى مەھمۇد خارەزمى يۇقىرىلار ئىچىدىكى پىتنە - پاساتلارنى يوقىتىش، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىش، جاپا- مۇشەققەتتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۇلارنىڭ شاد - خۇرام ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن، مەملىكەتنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىشلىرىنى مۇستەھكەملەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلىش بىلەن بەند بولۇپ كېتىپ، كېچە - كۈندۈز ئارام ئالالمىغان.

كېچىلىرى پېشقەدەم ئالىم - ئۆلىمالار بىلەن ئۆزئارا پىكىرلىشىپ، دەرس مۇتالىئە قىلىشىپ، مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشۈپ، ئىلىم - مەرىپەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەن. قاراڭغۇلۇق قاپلىغان زېمىن ئۇ زاتنىڭ ئىلىم - مەرىپەت نۇرى بىلەن يورۇغان. (49- ۋاراق B تەرەپ) ئۇ زات ھىجرىيىنىڭ 688- يىلى شەۋۋال ئېيىدا بۇخارادا ۋاپات بولغان ھەم بۇخارادىكى ئۆزىنىڭ مەكتىپىگە دەپنە قىلىنغان (50- ۋاراق A تەرەپ). مەسئۇد ئىبىن مەھمۇد خارەزمىنىڭ ئورنىغا قايدۇخاننىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئەبۇ بەكرى ئىبىن مەسئۇد مەھمۇد(مەسئۇد II) ھىجرىيە 689- يىلى چىقتى. ئۇ ھىجرىيە 697- يىلى شەئبان

ئېيىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەمىر سىتىلمىش بىك مەسئۇدى قايدۇخاننىڭ كۆرسىتىشى بىلەن خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. ئۇ ھىجرىيە 702- يىلى ۋاپات بولدى.

كاشغەردىكى خانلىق تەختتە جەبرى خان (ئاللا ئۇنى ھىدايەت قىلسۇن)نىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن «يەتتە سەييارە ئىچىدىكى زۇھەل يۇلتۇزى» دەپ نام ئالغان تاج ۋە تەخت ئىگىسى، پادىشاھلارنىڭ پەخرى سۆيۈنچ ئىبىن مەسئۇد ئىبىن مەھمۇد خارە زىمى (مەسئۇدIV) ئولتۇردى(ئاللا ئۇنىڭ خانلىقىغا بەرىكەت بەرسۇن.)

(50- ۋاراق B تەرەپ) يۇقىرىقى ۋەقەلەرنى، يۇرتۇمنىڭ كەنت - شەھەرلىرىدە زامانداش بولۇپ ياشىغان ئىلىم - مەرىپەتچىلەر، ئالىملار ۋە باشقا ئۆلكە - رايونلاردىكى ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلىرىنىڭ تەپسىلىي بايان قىلىشلىرى زامانىنىڭ زىيان - زەخمەتلىرىدىن قوغداپ قالدى.

يۇقىرىدا ھەربىر شەھەرنىڭ ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلىرى، ئالىم پەيلاسوپلىرى، دانىشمەنلىرى بىر - بىرلەپ سۆزلەندى.

ئالمالىق شەھرى توغرىسىدا (ئاللا ئۇ شەھەرگە كۆپلەپ نېمەت ياغدۇرسۇن) سۆز باشلايمەن:

ئەسلىي ئالمالىق شەھرى توغرىسىدا بۇرۇنراق سۆز-لىسەم ياخشى بولاتتى. چۈنكى، ئالمالىق شەھرى مېنىڭ تۇغۇلغان يۇرتۇم ۋە مېنىڭ يېتىلىپ چىققان ئورنۇم، بىلىكىم كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان، قەددى - قامەتلىك يىگىت بولۇپ چىققان، يېتىپ - قوپقان ئورنۇم، چىقىشىپ قالغان ماكانىم، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن، يۈزۈم يورۇغان جاي، شۇنداقلا ئۇ

خانلىق ئوردا ۋە دىنىنىڭ پايتەختى ۋە قالقىنى، پادىشاھ ۋە خاقانلارنىڭ تايانچ بازىسى.

ئۇنىڭ ھاۋاسى سالقىن، خۇش پۇراق، سۈيى تاتلىق، ئىسسىق - سوغۇقتا ھاۋاسى مۆتىدىل. ئۇنىڭ تۇپرىقى ئىپاردەك خۇش پۇراق، باغرى بۈك - باراقسان گۈل - چېچەكلەر بىلەن تولغان. شاخلىرىدا مېۋىلەر سانجاق - سانجاق بولغان، ئۇنىڭ باغلىرى ئوت - چۆپلۈك، كۆللىرى سۇغا لىقمۇلىق تولغان، ئەتىگەن - ئاخشاملىرى كۆلنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى سالقىن، مەيىن شامال چىقىپ تۇرىدۇ.

بۇزارخان ئالمالىق (ئۇنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىدا سۆز- لەندى)نىڭ توققۇز ئوغلى بار: ھىندۇچاق مەلىك، سىغناق تېكىن، ئەھمەن تېكىن، ھۇسەيىن تېكىن، سۇلايمان تېكىن، زۇلفىقار تېكىن، داۋۇت تېكىن، تۇلكان تېكىن، ئوج ئالدى تېكىن. ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى باتۇر ئەزىمەتتى سىغناق تېكىن. ئۇنى دادىسى بۇزارخان چىڭگىزخانغا خىزمەتكار ھېسابىدا ھەدىيە قىلدى. چىڭگىزخان ئۇنى خۇسۇسىي ئىشلىرىغا سالدى. ئۇنىڭغا باتۇ ئىبىن توشىغان ئۆزىنىڭ سىڭلىسى «بولغان بېك»نى ياتلىق قىلدى. «بولغان بېك» سىغناق تېكىنگە ئىلبوتار ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. مەن ئۇ ئوغۇلنى قۇچىقىمدا تەربىيىلەپ ئۆستۈردۈم (خۇددى مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تەربىيىلەنگەندەك). مەن شۇ چاغدا «قارشى» دەپ تونۇلغان. ئاشۇ شەھەردە موڭكۇخان تەختكە چىقىشىنىڭ باشلىرىدا 648- يىلى سىغناق تېكىن ۋاپات بولدى. سىغناق تېكىننى ئونىڭ ئوغلى دانىشمەن تېكىن ئۇ شەھەردىن مالىخقا يۆتكىدى، ئاندىن دادىسىنىڭ ئورنىغا تەختكە چىقتى. ئۇ ئۆزىگە

بويسۇنمىغان كىشىلەرگە بېسىم ئىشلەتتى. كەسكىن، تەۋەككۈلچى، سېخىي، ئەقىللىق، سىياسىئون كىشى ئىدى. ئۇ 657- يىلى قوزبالىقتا ۋاپات بولدى ۋە مالىخقا يۆتكەپ كېلىنىپ، قەرشىدىكى دادىسىنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. خۇشخۇي، ياش ئىلبۇتار مەن كاشغەرگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن (51- ۋاراق A تەرەپ) 673- يىلى ۋاپات بولدى.

ئالمالىق شەھىرىدىكى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆڭكۈرى، دىن ۋە دۇنيانىڭ رەھبىرى، بۇيۈك، كاتتا، تەڭداشسىز دەستۇر ھەبەش ئەمدىل كەرمەنىل بۇخارىلىئەلارغۇۋىنىڭ ھۇزۇرىغا ئۇنىڭغا تايىنىش ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇش ئۈچۈن باردىم. ئۇ زات كىشىلەرگە سىلە - رەھىم قىلىدىغان، ھەدىيە بېرىدىغان، بار يەردىمۇ ۋە يوق يەردىمۇ ماختالغۇچى ئادەم ئىدى. ئۇ يەنە شېئىر ۋە نەسىر پېشىۋاسى ئىدى. ئۇ 658- يىلى شەبان ئېيىدا ئالغۇ ئىبنى بەيدەر ئىبنى چاغاتاينىڭ زامانىسىدا، ئالمالىقنىڭ قومۇشلۇقلىرىدىن «قىرىق قومۇشلۇق» دەپ ئاتىلىدىغان جايدا ۋاپات بولدى ۋە مالىخىدىكى ئۆزىنىڭ خانىقاسىغا دەپنە قىلىندى.

مېنىڭ ئۇستازىم، پاناھگاھىم ۋە قايتىدىغان ئورنۇم بولغان ئاشۇ مەرھۇم ھەزرەتنىڭ خىزمىتىدە ھەم ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ خىزمىتىدە بولغان مىللەت ۋە دىنىنىڭ تۇۋرۈكى، مەۋلانا ئەھمەد ئىبنى ئەييۇپ ئىبنى ئەھمەد بالاساغۇنىنى تاپتىم(ئاللا ئۇ ئىككىسىنى ئۆز رەھمىتى بىلەن يۆگىسۇن) ۋە پېشقەدەم خوجىمىز، ئالەملەرنىڭ ئىمامى، پادىشاھلارنىڭ يۈرىكى، ھەدىسشۇناسلارنىڭ تۇگەنچىسى، «ئەلمەنىيەت» ۋە

«ئەل ئەربەئىن» كىتابىنىڭ مۇئەللىپى، ھەقىقەت ۋە دىنىنىڭ يېتەكچىسى، «چايان» نامى بىلەن تونۇلغان ئەبۇل پەزايىل مۇھەممەت ئىبىن ئەبى بەكرى شىندى ئابىۋەردى (ئۇستازىم ئەمدىل كەرمەنىل بۇخارىنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم) ھىجرىيىنىڭ 645- يىلى (1247- يىلى 5- ئاينىڭ 8- كۈنىدىن 1248- يىلى 4- ئاينىڭ 25- كۈنىگىچە) ۋاپات بولدى. مەن قاغانلار ھۇزۇرىدىن كېلىپ ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتىم (ئاللا ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلغاي).

پادىشاھلار ئىچىدىن دىن ۋە دۆلەتنىڭ قۇياشى، ئۇرمانلىقنىڭ تەڭداشسىز شىرى، «ئەزەنەت» ۋە ھىراتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ۋە سۇلتان مەملىكىتىنىڭ ۋارىسى، غەلبە - نۇسرەت قازانغۇچى ناھايىتى كاتتا، كۈچلۈك پادىشاھ بولغان مەھمۇد زاۋىلىنىڭمۇ ئۇ ھەزرەت (ئۇستازىم ئەمدىل كەرمەنىل بۇخارى)نىڭ خىزمىتىنى قىلغانلىقىنى بىلدىم. ئۇ پادىشاھنىڭ ئۇستازىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىشى بىلەن مەنمۇ شان - شەرەپكە ئېرىشتىم، يەنە ئۇ پادىشاھنىڭ كىيىم- كېچەك ۋە ھەر خىل نازۇ نېمەتلىرىگىمۇ ئېرىشتىم (ئاللاتائالا ئۇ پادىشاھقا رەھمەت قىلسۇن.)

(52- ۋاراق A تەرەپ) ئىمام، ئالىملارنىڭ، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ بايانى:

ئەينى زاماندا ناھايىتى كاتتا، يۇقىرى مەرتىۋىلىك، شانۇ شاۋكەتلىك ئالىملار، مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ئۆتكەن. مەن ئۇلار بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا يوكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان.

مەن ئەسىرىمنىڭ باش تەرەپلىرىدە سۆزلەپ ئۆتكەن

ھەقىقەت ۋە دىنىنىڭ قۇياشى، يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئىززەت - ئىكرام، ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئىپسىل، ھەر ۋاقىت ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغۇچى، زاھىت سۈپەت، كاتتا ئالىم ئەييۇپ ئىبىن ئەھمەد ئىبىن ئەييۇپ بالاساغۇنى شۇ دەۋردە ئۆتكەن مەن ئۇچراتقان كاتتا ئالىملارنىڭ بىرى (ئاللاتائالا ئۇ زاتنىڭ قەبرىسىنى نۇرلۇق قىلسۇن ۋە جەننەتتە يۇقىرى دەرىجە ئاتا قىلسۇن).

دىن ۋە مىللەت ئۈچۈن كۆپلەپ خىزمەت قىلغان، ئىلىم - مەرىپەت، ئەقىل - ئىدراك، مۇسابىقىلەردە ئۇتۇپ چىققۇچى، ھەر خىل ئىلىملەرنى جۇغلىغۇچى، ئۆتكۈر پىكىرلىك تەھقىقشۇناس، ئىبادەت ئىشلىرىدا كېچىلىرىمۇ قىيامدا تۇرغۇچى، كۈندۈزلىرى روزا تۇتقۇچى، ئابىد، زاھىت، ئىسلام ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن تەڭداشسىز ئۇستاز، پېشقەدەم ئىمام، خۇداگۇي ئالىم، «ئىككىنچى نۇئمان» دەپ ئاتالغان ئەشرەب ئىبىن نەجىب ئىبىن مۇھەممەت كاسانى ھەزرەتلىرىمۇ مەن ئۇچراتقان ئالىم ئىماملارنىڭ بىرى. ئۆز زامانىسىدىكى ئانىلار ئۇ زاتتەك ئوغۇلنى تۇغۇپ باقمىغان، بارماقتا سانىغۇچىلىكى بار ئالىملارنىڭ بىرى ئىدى. مەن تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن، 12 ياشقىمۇ توشمىغان ۋاقتىمدا ئۇ ھەزرەتنىڭ مالىغ شەھىرىدە خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتتىم. «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمىسىدىن ئۇ زاتنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دەرس ئالدىم. ئۇ زات ماڭا تۇنجى قىلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ئىلىمنىڭ ئەۋۋىلى ئاللاتائالانى تونۇش، ئىلىمنىڭ ئاخىرى ئىشنى ئاللاتائالاغا تاپشۇرۇش» دېگەن ھەدىسىنى ئاغزىمغا سالدى. ئۇ زات ئىككى يىلدىن كېيىن 640-

يىلىنىڭ باشلىرىدا مالىغدىن كاشىغەرگە يۆتكەلدى. 659- يىلى مۇھەررەم ئېيىدا كاشىغەردە ۋاپات بولدى.

(52- ۋاراق B تەرەپ) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە ئالەمنىڭ مۆجىزىسى، دەۋرنىڭ مەردانىسى، ئاللانىڭ پانى ئالەمدىكى سىمۋولى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئالىم، ئاللانىڭ ھىممىتى، ئالەمدىكى يىگانە شەخس بورھان ئىلاھ بەدىر مىلاددىن مۇھەممەد فەرەخ ئۇ تولۇق ئەما بولسىمۇ جىمى ئىلىمگە كامىل ئىدى. ھىجرىيىنىڭ 648- يىلى (1248- يىلى 4- ئاينىڭ 26- كۈنىدىن 1249- يىلى 4- ئاينىڭ 15- كۈنى)دىكى بىرنەچچە ئايدا مەن ئالمالىقتا بىرىپ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم. شۇ چاغدا بەزى غەلىتە ئەھۋاللارنى كۆردۈم. مەسىلەن، بىرسى ئۇنىڭغا بىر داستىخان غەلىتە غىزا بىلەن خورۇچنى ھەدىيە قىپتۇ. ھەدىيە ئارىسىدا بىر ماگنىت تاۋاقمۇ بار ئىكەن. ئۇ قولىنى ماگنىت تاۋاققا سوزدىيۇ، تاۋاقتىكى غىزانى يېمىدى. ئۇ تاۋاقنى ساھىبخان خاج نەجىپقا سۇنغاچ: «سىلى ئەكەلگەن بۇ تاۋاقتىكى نەرسىلەرنى بۇ مەۋسۇملەردە تاپماق تەس. بىراق، يېنىغا قويۇلغان خورۇچنى ھەكىم سوقرات مۇۋاپىق دەپ قارايدۇ» دېدى. ئۇنىڭ تۇيغۇلىرى ئىچىدە پەقەت ئۇنىڭ بارمىقىنىڭ سېزىمچانلىقىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سورۇن ئەھلىنى ھەيرەتتە قالدۇردى. مەن بۇ ئىشنى مولla، نىسران، شەيخۇلئىسلام خۇسام مىلاددىن بەرجەنلىغى (ئاللا ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلغاي) غا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ قىزىقچىلىق قىلىپ: «كۆزى كۆرمىگەن بىلەن سېزىمى بارلىقى ئەجەب ئىشتە!» دېدى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە سەئىد، مۆھتىرەم ئىمام،

ئالەمدىكى ئالىملارنىڭ شاھى، ئەرەب ۋە پارس سەئىدلەرنىڭ سۇلتانى، ئەبۇ تالىپ جەمەتىنىڭ جەۋھىرى، ھاشىم جەمەتىنىڭ تۇۋرۇكى، ئىپسىلزادىلەرنىڭ ئىپسىلى، كىبلەچەك ھۆكۈمرانىنىڭ تايانچىسى، ھەر خىل نەسەبلەر يىپ ئۇچىنىڭ ئەجدادى، مەرھۇم شەمسىمىللاددىن ئەبۇ جەئفەر تاھىر ئىبنى ئەبۇ مەئانى ھۇسەينى بەلخىي (ئاللا ئۇنى مەغپىرەت قىلغاي) ئالمالىقتىن ئۆتكەندە مەن ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم. ئۇ چاغدا ئۇ مۆھتىرەم، پاك، ئىپسىل خاتۇنى ۋاپات بولۇشتەك ماتەم زەربىسىگە ئۇچرىغان ئىكەن. خاتۇنىنىڭ ئاتىسى بولسا ئىمام، فەقىھ ئىلمىدىكى نوپۇزلۇقلارنىڭ نوپۇزلۇقى، ھەر خىل ئىلىملەرنىڭ ئۇستىسى مۇھەممەت ئىبىن ئۆمەر رازى ئىكەن (ئاللا ئۇ ئىككىسىگە مەرھەمەت قىلغاي). ئەينى چاغدا يىشىم كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭ نەزەر سېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان ئىدىم، بۇ مەن ئۇچۇن ئەڭ چوڭ ئىلتىپات، يۈكسەك (53- ۋاراق A تەرەپ) شەرەپ، تىپىلغۇسىز بەخت ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە سەئىد، مۆھتىرەم مۇدەررىس، سەئىدلەرنىڭ سەئىدى، بەخت تۇۋرۇكى، ئالىي شانۇشەرەپ، قوۋمى، ئائىلىسىنىڭ غۇرۇرى مىلىك ئىسلام جەلال سەدا بار. ئۇ خوجەند ۋە خوجەند ئەتراپىدا مۇدەررىسلىك قىلاتتى. ئۇنى مەن تۇنجى قېتىم ئالمالىقتا ئۇچراتقان. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدىغانلاردىن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان شەيخ، غۇرۇرلۇق ئىمام بورھانىدىن تەۋلى ۋە كېيىن ئالمالىقتا ئولتۇراقلاشقان سەئىد، ئىمام، ھافىز بورھانىدىن مىقرە خوجەندى بار. كېيىن ھىجرىيىنىڭ 670- يىلى (1271- يىلى 8- ئاينىڭ 9- كۈنىدىن 1272- يىلى 7- ئاينىڭ 28- كۈنى)دىكى بىرنەچچە ئايدا مەن

خوجەندتە يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم ھەم ئىلتىپاتىغا ئېرىشتىم.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە قازى، ئىمام، ئىسلام دىنىنىڭ تولۇن ئايى، كائىناتنىڭ تەرغىباتچىسى، پىكرى ئۆتكۈر، ناتىق، بەس مۇنازىرىچىلەرنىڭ ئۈلگىسى رۇمنىڭ قازى كالانى ئىززەمىللاددىن بار. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ئەڭ ئۆلچەملىك، تەرغىبات - تەبلىغى ئەڭ چۈشىنىشلىك بولۇپ، مەن ئالمالىقتىكى چاغدا ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغان ئىدىم. بىز بىرگە پەرھىز تۇتقان ھەم بىر توپ سېخىي كىشىلەر بىلەن بارچە قەلب تەلپۈنىدىغان قىبلىگاھقا تاۋاپقا بارغان. مەۋلا شەيخ رىدا مىللاددىن زەربەخش پەخرىزى تېخى باش كۆتۈرمىگەن بولسىمۇ، ئۇ قولىدىكى يانتاقنى چىلانغا، سېغىزنى ئالتۇنغا، كېيۇۋاتقان كۆمۈرنى قىزىلگۈلگە ئايلاندۇرالايتتى. بىراق، بۇلار ئۇنىڭ ئىناۋىتىگە توسقۇنلۇق قىلاتتى ياكى باشقىلارنى داۋالىسا ئۆزىنى قاتتىق زەخىملەندۈرۈۋالاتتى. شۇڭا، بىز ئەگىپ مېڭىپ ئۇنى يوقلىدۇق. سالام بېرىپ قولىنى سۆيۈشكە مۇشەررەپ بولدۇق، بىزنى خاتۇنى كۈتۈۋالدى. خاتۇنى ئۇنىڭ كەيپىياتىدىن خۇشاللىنىدىكەن، ئىلتىپاتىدىن پەخىرلىنىدىكەن. ئۇ چاغدا ئىنسانلارنىڭ شەيتانى بولمىش كاسانى ئۇنىڭ تەقدىرىنى بوغۇۋاتقان ئىكەن. شۇڭا، ھىجرىيىنىڭ 656- يىلى (1258- يىلى 1- ئاينىڭ 8- كۈنىدىن 12- ئاينىڭ 28- كۈنىگىچە) بىز بۇ زاتنىڭ ھۇزۇرىدا كۆز بىلەن كۆرمىسە ئىشەنگىلى بولمايدىغان ئىشلارنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. بۇنىڭغا سۈكۈت قىلغان تۈزۈك، بۇ پەقەت ئاللاغىلا ئايدىڭ.

ئالمالىقتا ئولتۇراقلاشقان مۇددەرىسلەر، سەئىندلەر ۋە

مۆھتىرەم ئىماملار ئىچىدە ئەڭ پېشقەدەم بولغىنى مەرھۇم بۈيۈك مۇدەررىس، مۆھتىرەم بۈيۈك شەيخ، ئاللەمدىكى مۇدەررىسلەرنىڭ مۇدەررىسى ئەلاھىققىدىن بولۇپ، «ئۇۋە» دېگەن نام بىلەن كىشىلەرگە تونۇشلۇق. بۇزارخان دەۋرىدىن بېرى، ئۇنىڭ ئورنى يۇقىرى، نەسەبى ئېسىل، مۆھتىرەم مۇدەررىس ھەم ئېسىل شەيخ بولۇپ، تاغىسىنىڭ ئوغلى مۆھتىرەم مۇدەررىس ئابدۇمۆئمىننى ئەڭ ئۇلۇغ قاغان چىڭگىزخان ئىلىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەيىنلىگەنگە قەدەر شۆھرەت تاپتى. ئۇ (ئابدۇمۆئمىن) تەقۋادار، پاك، خۇشخۇي، خۇش چىراي مۇدەررىس بولۇپ، مۇدەررىسلىك ۋەزىپىسى بىلەن قازا تاپقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى مۆھتىرەم مۇدەررىس بورھان ھەققىدىن ئەجەلى ئۇنىڭ مۇدەررىسلىكىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ ئىلىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، دەۋرىمىزنىڭ چولپانى، كىتابى - دەستۇرلارنىڭ ئاچقۇچى، نۇتۇقلارنىڭ خۇلاسىسى، ھېساباتنىڭ نەق چوتى بولۇپ، ئۇ ئىماملارنىڭ رەھبىرى، ئاقساقاللارنىڭ كاتتىۋىشى بولغاچقا، ئاللەمدىكى بۈيۈك مۇدەررىسلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنەلىگەن. ئۇ كەلكۈن ئىچىدىكى قۇرۇقلۇق بولغاچقا ئۈمىد كۆتكۈچىلەرنىڭ بوستانىغا ئايلانغان. ئىماملارغا باش بولۇپ يۇقىرى ئۆرلىگەن. شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئايىغى يۇقىرىلارغا تاج بولغان. شۇڭا، مەن ھىجرىيىنىڭ 662 - يىلى (1263- يىلى11- ئاينىڭ 4- كۈنىدىن 1264- يىلى 10- ئاينىڭ 23- كۈنى)نىڭ ئاخىرىدا ئالمالىقتىن كاشغەرگە كەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭ خانىقاسىنىڭ خەلىپىلىكىگە تەيىنلىنىپ تۇرغان ئىدىم. ئۇنىڭ قۇتلۇق ھارۋىسىمۇ ئىككىنچى يىلى ماڭا ئەگىشىپ كاشغەرگە كەلدى. ئۇ كاشغەردىكى مۇدەررىسلەر ۋە نوپۇزلۇق

ئەربابلارنىڭ مۇلاقەتكە چىقىشى ۋە كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى ھەم كاشغەر ئارقىلىق مەشرىق تەرەپكە كەتتى.

مۇدەررىس، دەرۋىش، مۆمىن، ئېسىل، پاك ئىمام، ئىستىقامەتتە يېتىلگەن، تۈنەپ ئىبادەت قىلىدىغان، قائىدە ـ يوسۇنلۇق فەقىھ، نىسران شەيخۇلئىسلام ۋە مۇسلىم بەدىمىللادىن ئىلمىي شەرىئەت ئۇستازى بولۇپ، ئۇنىڭ دەرۋىشلىكى ۋە مۆمىنلىكىنى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ ئاتىسى بۈيۈك شەيخ نىسران سەيخۇلھەققىدىن شەيخۇلئىسلام ۋە مۇسلىمىن بۈيۈك مۇدەررىس بولۇپ، ئۇ ۋاپات بولغاندا(ئاللا ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلغاي) مەن تېخى كىچىك بولغاچقا، ئاتام (ئاللا ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلغاي) ماڭا: «بۇ نىسران سەيخۇلھەققىدىن شەيخۇلئىسلام بىر كۈنى ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدى. مەن ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم. ئۇ چاغدا ئۆيدە بىر بوۋاق بار ئىدى. ئۇنىڭ بەخت نەزىرى چۈشسە ئىدى، دېگەن ئۈمىدتە يۆگەكتىكى بوۋاقنى ئۇنىڭغا تۇتتۇم، ئۇ قولۇمدىن ئېلىپ بوۋاقنىڭ پېشانىسىگە سۆيگەندىن كېيىن، بېشىدىكى ياغلىقىنى قوشۇپ ماڭا قايتۇرۇپ بەرگەچ: «بوۋاقنى ياغلىققا يۆگەڭ، باغرىڭىزدا بىر جۈپ بولىدۇ» دېدى. شۇنداق قىلىپ خېلى كۈنلەر ئۆتتى. ئىككى يىلدىن كېيىن سېنىڭ تەۋەللۇتىڭدا ئۇ يەنە ئۆيىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلدى. مەن دۇنياغا كۆز ئاچقىلى ئەمدى ئىككى ھەپتە بولغان سېنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭ قۇتلۇق نەزىرى ۋە ئامەت قولىنىڭ مەرھەمىتىگە مۇشەررەپ قىلدىم. ئۇ ساڭا قاراپ پېشانەڭگە سۆيگەندىن كېيىن ياغلىقىدىن زەۋرىقىنى ئېلىپ بېشىڭغا قويۇپ: «بۇ سېنىڭ ۋارىسىڭ» دېدى. «ئېسىڭدە بولسۇنكى،

سەن ئۇنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن. ئۇنى مەڭگۇ ئېسىڭدە ساقلا» دېگەن . ئاتام(ئاللا ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلغاي): «ئاللاتائالا سېنى ئۇ ئېيتقاندەك ئادەم قىلسىكەن، دېگەن ئۈمىدتىمەن» دېگەن. سەيخۇلھەققىدىن ھىجرىيىنىڭ 654- يىلى (1247- يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 1248- يىلى 4 - ئاينىڭ 25- كۈنى) قازا قىلغان (ئاللا ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلغاي). نىسران بەدىمىللاددىن مەن ئالمالىقتىن كەتكەندىن كېيىن قازا قىلغان ئىكەن (ئاللا ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلغاي). بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئوغلى قىزغىن، تەقۋا، پاك، دانا، دەرۋىش، ئىلمى كامىل، ئىجتىھاتلىق ئىمام نىسران مەجىددىن ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا ۋارىسلىق قىلىپ، چىرىغىنى يېقىۋېتىپتۇ. ئاللا ئۇنى چوڭايتىپ مەن بىلەن ئۇچراشتۇرغاي.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە ئەڭ ھۆرمەتلىك، ئەڭ شەرەپلىك، مۆمىن، پاك، ئىلمى كامىل، ئىجتىھاتلىق، ئاقىل، تەدبىرلىك سەئىد، سەئىدلەرنىڭ سەئىدى، بەخت تۈۋرۈكى، ھاشىم جەمەتىدەك ئېسىل، ئۆمەرنىڭ ئەۋلادلىرىدەك مەزمۇت، ھەيدەرنىڭ پۇشتىدەك ھەيۋەتلىك، ئىمام ھەسەن جەمەتىدەك نەسەبلىك، ئىمام ھۈسەيىنىنىڭ بالىچاقىسىدەك شەجەرىلىك جەلالىھەققىدىن كاسانى بار. ئىسلام ئەقىدىلىرى ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ سىجىللىقى بىلەن گۈللىنىۋاتىدۇ، تەبىئەت ئۇنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ھەيۋىتىدىن تىترەۋاتىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ چېكىسىدىن ئاققان ھالال تەردىن ئۆزگە باشقا بىرسىنىڭ نېسىۋىسىدىن بىر كاپام يېمەيدۇ. ھەرقانداق بىر قول پارا بىلەن ئۇنىڭ ئىرادىسىنى چىرىتەلمەيدۇ. يۇمشاق ۋاسىتىلەر بىلەن پاكلىقىنى بۇزالمايدۇ، ئۇ يېگانە ئاللاغا ئېتىقاد قىلىدىغان

مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن قازا قىلدى.

زامانىمىزدىكى قاغانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەخسلەرنىڭ بىرسى (ئاللا ئۈچۈن) خۇشاللانغان (ئاللا ئۈچۈن) تاللانغان ئېسىل نەسەبلىك سەئىد، خانلارنىڭ ئاتىسى، قاغانلارنىڭ تاللىشى، كېيىنكىلەرنىڭ ئۈلگىسى ئەمىر ھەيدەر مۇتەتەببىب بولۇپ، ئۇ سەئىدلەرنىڭ سەئىدى، بەخت تۈۋرۈكى بولۇپ، قايدۇخان ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىدىكىلەر ئۇنىڭ كارامەت تۆھپىسى ۋە مۇنەۋۋەر تېببىي ماھارىتى ھەم ئۇنىڭ ھەقنى تونۇپ ئايرىۋېلىشى ۋە قاملاشقان سالاپىتى بىلەن پەخىرلەنگەن. ئۇ پىشقان تېۋىپ، ھەممىگە خۇش چىراي مۇئامىلە قىلىدىغان كىشى بولۇپ، ئۇنى كۆرگەن كىشىنىڭ كۆڭلى ياپراپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن دوستلاشقاندا غەمۇ پىراق دەرھال يوقايدۇ. ئۇنىڭ تىلى ئۆتكۈر، سۆزى پاساھەتلىك، ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشى راۋان ھەم قىزىقارلىق ئىدى.

ئەمىر ئىمام، پەلەك ۋە ئاسمان جىسىملىرى ئېنژېنېرى (ئاسترونوم)، كەۋاكىبى سەبئە (يەتتە سەييارە)نىڭ ئورنىنى بەلگىلەپ چىققۇچى، توققۇز پەلەكنى ئۆلچىگۈچى، ھەقىقەتلەرنى ئاچقۇچى، ئىنچىكە سىرلارنى بايان قىلغۇچى، خاقانلارنىڭ ئىچكى ئەھۋال (تارىخ)لىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ چىققۇچى، ئۆتكەنكى ۋە كەلگۈسى زامان ئالىملىرىنىڭ ئىدرىسى، ئەڭ بەختلىك كۈنلەردە ياشىغان ئىلغار پىكىرلىك زات (54-ۋاراق B تەرەپ)دىن ۋە مىللەتنىڭ يۇلتۇزى مۇھەممەد شەرەپى(ئۇ زاتنىڭ چوڭ دادىسى ۋە دادىسىنىڭ نۇرى ئۆچمىسۇن ۋە بەخت ـ سائادەت يار بولسۇن).

## كاشغەر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئىلىم - مەرىپىتىنىڭ بايانى

كاشغەر شەھىرىنىڭ پەخىرلىك شەھەر بولۇشى ئۇنىڭ ئىسلام مەركىزى ۋە ئالىم - ئۆلىمالار جايلاشقان ئىلىم - مەرىپەت بۇلىقى، ئىبىسل پادىشاھ - خاقانلارنىڭ ۋەتىنى، كاتتا ئالىملارنىڭ يۇرتى بولۇشىدا.

كاشغەرنىڭ ئوت - چۆپلىرى كۆپ، تۇرلۇك نازۇنېمەتلەر، ئۇزۇم تاللىرى كۆپ بولۇپ، سانجاق - سانجاق مېۋىلەيدۇ. يېسە زىيان قىلمايدۇ. ۋادىلىرىدا سۇ ناھايىتى كۆپ، زىرائەتلىرى يامغۇردىن بىھاجەت. باھار پەسلى ۋە يازدا يامغۇر ياغمايدۇ، كۈز ۋە قىشتا قارمۇ ياغمايدۇ، قىشتا قار يېغىپ، يازدا مېۋىلەر كۆپ بولىدىغان، يازدا يامغۇر يېغىپ، كۈزدە ئوت - چۆپلەر كۆپلەپ ئۈنىدىغان شەھەرلەردەك ئەمەس (قار - يامغۇر ياغمىسىمۇ ئوت - چۆپ، مېۋە - چېۋىلەر بولۇق ئۆسۈۋېرىدۇ).

كاشغەردە ھاۋانىڭ ھۆل بولۇشى زىيان ۋە ئاپەت (ئېلىپ كېلىدۇ). ھاۋانىڭ قۇرغاق بولۇشى رەھمەت ۋە مېھرىبانلىق (ئېلىپ كېلىدۇ). كاشغەر ئەھلى زىرائەت تېرىش ئۈچۈن كالا بىلەن ساپانغا موھتاج ئەمەس. كەتمەن بىلەن جوتو ئارقىلىق دېھقانچىلىق قىلىش ئۇلارغا ئاسان.

كاشغەر ئەھلى تۇرمۇشتا موھتاج بولىدىغان مېۋە - چېۋىلەر، سەي - كۆكتاتلار، ئالىي، ئىبىسل كىيىم - كېچەكلەر، زىننەت بۇيۇملىرى، كىگىز، گىلەم، كۆرپە دېگەندەك ئۆي بىساتلىرىنىڭ ھەممىسى كاشغەرنىڭ ئۆزىدىن چىقىدۇ. ئالىي جابدۇقلاردىن ئاددىي نەرسىلەرگىچە ھەممىسى كاشغەردىن

تېپىلىدۇ. زەھەرلىك جانىۋار ـ ھاشاراتلار يوق، يىلان ـ چايانلارمۇ يوق. كاشغەرنىڭ ئىرىق ـ ئۆستەڭ ۋە كۆللىرى سۇغا لىقمۇلىق تولغان. دەرەخلىرى باراقسان. مېۋىلىك دەرەخلىرىنىڭ مېۋىلىرى سانجاق ـ سانجاق. لېكىن، كاشغەرنىڭ ئاسمىنى تۇمانلىق (توپا ـ چاڭ)، سۇيى قىزىل، كۆپىنچە ۋاقىتتا كاشغەرنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق، قۇرۇق ياغاچلىرىغا بىر خىل قۇرت چۈشىدۇ. تۇپرىقى مۇنبەت. كاشغەر ئەھلىدە كۆزى تۇتۇلۇپ قېلىش ۋە گاسلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. زېمىنى ئۈستىدە بىر خىل غەيرىي رەڭ بار.

كاشغەرنىڭ شەرەپلىك ئادەملىرى ئادەملەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى، خار ئادەملىرى مايمۇندىنمۇ خار(خەس). ئۇ شەھەر ھازىر ناھايىتىمۇ خاراب. كاتتا ئەربابلار يوقالدى، تۇپراق ئەسلىي ھالىتىنى يوقاتتى. (55- ۋاراق A تەرەپ) تۇپراق ۋە ئوت ـ چۆپلەر قېپقالدى. مېنىڭ ئالمالىقتىن قىلغان تۇنجى ھىجرىتىم كاشغەرگە ئۇدۇل كېلىپ قالغان ئىدى. كاشغەر مەن ھىجرەت قىلغان ئەڭ گۈزەل جاي ۋە مېنىڭ تىجارىتىم (ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش مەشغۇلاتىم) ئەڭ راۋاجلانغان جاي. مېنىڭ كاشغەردە ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئەھۋالىم خېلى ياخشى بولدى. كاشغەر مەن ئۈچۈن ئالىم ـ ئۆلىمالار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان ناھايىتى ياخشى ئورۇن. مەن كاشغەرگە كەلگەن ۋاقىتىمدا دۇنيا ئۆلىمالىرىنىڭ خوجىسى، ئۆتكۈر پىكىرلىك ئەللامە، ھەممە ئىلىملەردىن خەۋەردار ياخشى ئالىم، كاتتا ئۆلىما، تەسەۋۋۇپ ۋە ئەھلى سۈننىيلەرنىڭ ئىمامى، ئىككى خىل ئېقىمدىكىلەرنىڭ پېشىۋاسى، ئىككى تەرەپ (بۇخارا ۋە كاشغەر) ئۆلىمالىرىنىڭ سۇلتانى، دىن ۋە

مىللەتنىڭ كامالىتى بولغان شەيبانى شەھىرىدىن مۇزەپپەرنىڭ ئوغلى ئەبۇ ئابدۇللا ھۆسەيىن بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ زاتنى قانچە ئۇزاق سۆپەتلىسەم سۆپەتلەشكە لايىق زات ئىدى. شۇنداقتىمۇ كۆپ سۆپەتلەشنى خوپ كۆرمىدىم. ئۇ كاتتا زات بولغاچقا، ئۇزاق سۆزلەشكە ۋە پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك سۆپەتلىرى بار ئىدى. مەن ئۇ زاتنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇ زاتنىڭ خىزمىتىنى قىلىش شان-شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم.

مەن كاشغەرگە چۈشكەن كۈنى بۇخارا ئالىمى مەۋلانا بۇرھانىدىن ۋە پەزىلەت قۇياشى مەۋلانا مۇئەززى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ئىدىم. شۇ ئىككى ئۇستازىمنى مەن يۇقىرىدا سۆپەتلەپ ئۆتكەن ئەبۇ ئابدۇللا ھۆسەيىن رەھمەتۇللاھ (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)نىڭ قېشىغا ئۇ زاتنىڭ خىزمىتىگە ئاپارغان ئىدى. شۇ چاغدا مەن ئۇ ھەزرەتنىڭ قولىنى سۆيۈۋېلىشقا مۇشەررەپ بولدۇم. ئۇ زات مېنىڭ ئائىلەم بار-يوقلۇقىنى سورىدى. مېنىڭ ئورنۇمدا ئەقىللىق مەۋلانا مۇئەززى جاۋاب بېرىپ: «ئۇ يالغۇز، ئائىلىسى يوق. پەقەت بىر خىزمەتكارىلا بار، ئۇنى دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىپتۇ» دېدى. ئۇ زات يەنە بىرنەچچە ئىنچىكە سوئاللارنى سورىدى... بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ ئىككى ئالىم يەنە كېلىپ ئەبۇ ئابدۇللا ھۆسەيىن ھەزرەتلىرىنىڭ ئالدىدا مېنىڭ كېيىنكى تەقدىرىم ھەققىدە ماڭا كۆيۈنۈپ مېھرىبانلىق قىلىپ: «بىزنىڭ بۇ شەھەردە نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولاي دەيسەن؟ قايسى يولدا ماڭىسەن؟» دېدى. مەن: «مېنىڭ ئەھۋالىم سىلەرگە ئايان. مېنىڭ ئىختىيارىم سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا. مېنىڭ ساقىلىمغا قاراپ بېقىڭلار، مېنىڭ بىلىم-ئىقتىدارىمغا قايسى

مەشغۇلات ماس كېلەر، قايسى ماس كەلسە مېنى شۇنىڭغا بۇيرۇڭلار» دېدىم. ئەبۇ ئابدۇللا ھوسەيىن ھەزرەتلىرى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى: «ۋە ز - نەسىھەت، تەبلىغ - ئەھكام بىلەن مەشغۇل بولاي دېسەڭ، بۇ خىزمەتكە چوڭراق ئادەم بولمىسا بولمايدۇ. سېنى تېخى 30 ياشقىمۇ كىرمىگەندۇ، دەپ ئويلايمەن» دېدى. مەن: «30 ياشلارغا كىرگەندىمەن» دېدىم. «شۇنداق، بۇ سېنىڭ ياشلىقىڭنىڭ تازا كۆچەيگەن، شوخ، قىزىققان، ھېرىسمەن ۋاقتى. ۋە ز - نەسىھەت، تەبلىغ- ئەھكام بىلەن بولساڭ، مۇشۇ سەۋەبلىك بىرەر سائەت بولسىمۇ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشالمايسەن. ئەگەر قاتناشساڭ، ساڭا ئەگەشكۈچى كىشىلەرنىڭ بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ساھىبخان ۋە دوستلىرىڭ بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىشىڭ لازىم بولىدۇ. (55- ۋاراق B تەرەپ) ئەگەر سېنىڭ ئەگەشكۈ- چىلىرىڭ ئۇنداق سورۇنلارغا بارغانلىقىڭنى بىلىپ قالسا ساڭا ئەگەشمەيدۇ، سۆزۈڭنى ئاڭلىمايدۇ. سېنىڭ ئەتراپىڭدىن تاراپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، يېگىنىڭ يېگەن بولمايدۇ، خۇشاللىقىڭ غەمكىنلىككە ئالمىشىدۇ. بىزنىڭ زامانىمىزدا ۋە ز - نەسىھەت، تەبلىغ - ئەھكامنىڭ پايدىسى ئازراق. مۇنازىرە ۋە جەدەل ئىلمى(مەنتىق ئىلمى) ھەم ئىختىلاپى ئىلىملەر(مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ ئىختىلاپلىق مەسىلىلىرى سۆزلىنىدىغان ئىلىم)نى ئۆگىنىشىڭمۇ پايدىسى ئاز. بۇ ئىلىملەر بىھۇدە پاراڭ، جېدەل- ماجىرالىق گەپ - سۆزلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ئىلىملەر بىزنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. چۈنكى، ئۆتكۈر پىكىرلىك، ئىلمىي دېڭىز كەبى كاتتا ئالىملار قالمىدى (ۋاپات بولۇپ كەتتى). ھازىر بۇ ئىلىم بىلەن مەشغۇل

بولغان كىشىنىڭ غەرىزى بۇ ئىلىمگە چوڭقۇر چۆكۈپ، مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ ئىختىلاپلىق مەسىلىلىرىنى تونۇش ئەمەس، بەلكى ئۇ كىشى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنى يېقىن كىشىلىرى ۋە تەڭتۇشلىرى بىلەن جېدەللىشىپ، ئۇلاردىن ئۈستۈنلۈك تالىشىش ۋە ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىش ھەم مەن ھەممىنى بىلىمەن، دەپ پەخىرلىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس. ئۇ كىشى بۇ ئىلىمنى كېچىلىرى ئۇخلىماي تەپەككۇر قىلىپ ئۆگىنىپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆگەنگەن ئىلمىنى تەڭتۇشلىرى ئۈچۈن جېدەل - ماجىرانىڭ قورالى، ئەقىلسىز، بىلىمسىز كىشىلەر ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىلىملىك ئىكەنلىكىنى كۆز - كۆز قىلىدىغان دەستەك قىلىۋالىدۇ. بۇنداق نىيەتتە ئىلىم ئۆگىنىش چوڭ ئازغۇنلۇقتۇر. ئەمما، كىچىك باللارغا خەت يېزىشنى ئۆگىتىش، ساۋاتىنى چىقىرىش، ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىشكە كەلسەك بىر ئاز پايدىلىقراق. لېكىن، بۇنى ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ قىلالايدۇ. ساڭا ئوخشاشلارنىڭ خەتنە قىلمىغان كىچىك باللار بىلەن ئۆمرى زايە بولۇپ كەتسە بولمايدۇ. كىچىك باللار بىلەن بىر ئالىمنىڭ قىممەتلىك ئۆمرىنى زايە قىلىۋېتىش لايىق ئەمەس. شۇڭا، سەن شېئىر يېزىش بىلەن مەشغۇل بولساڭمىكىن دەيمەن» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۇستاز شېئىرىيەت ئىلمى ۋە شېئىرنىڭ گۈزەللىكى توغرىسىدا سۆز باشلىدى. بۇرۇنقى زاماندىكى شېئىر يازغان شائىرلارنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سۆزلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىگە تۇتاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى، ئەرەبلەر ئىچىدە شېئىرىيەت ئىلمى ۋە نەزم تۈزۈش،

يېزىقچىلىق بەكمۇ تەرەققىي قىلغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز پەيغەمبەر بولۇپ، شېئىرىيەت ۋە يېزىقچىلىقنىڭ دەرىجىسى چۈشۈپ كەتتى. چۈنكى، پەيغەمبىرىمىز ئوقۇمىغان كىشى تۇرۇپ «قۇرئان كەرىم»نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ بىر مۆجىزە ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ داڭلىق شائىر - يازغۇچىلىرىمۇ «قۇرئان كەرىم»دەك بىرەر كىتابنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى (56- ۋاراق A تەرەپ) ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: «ئىلگىرى سەن كىتاب ئوقۇشنى بىلمەيتتىڭ، خەت يېزىشنىمۇ بىلمەيتتىڭ (مۇبادا سەن كىتاب ئوقۇيدىغان، خەت يازىدىغان بولساڭ)، ئۇ چاغدا ھەققە قارشى تۇرغۇچىلار چوقۇم گۇمانلىناتتى» (29- سۈرە ئەنكەبۇت 48- ئايەت). «ئۇ ‹قۇرئان كەرىم› شائىرلارنىڭ سۆزى ئەمەستۇر، سىلەر ناھايىتى ئاز ئىشىنىسىلەر. ئۇ كاھىنىنىڭ سۆزىمۇ ئەمەس، سىلەر ئاز ۋەز-نەسىھەت ئالىسىلەر» (69- سۈرە ھاققە 41-، 42- ئايەت). «ئۇنىڭغا (پەيغەمبەرگە) بىز شېئىر تەلىمى بەرمىدۇق، ئۇنىڭغا شېئىر مۇناسىپمۇ ئەمەس» (36- سۈرە ياسىن 69- ئايەتنىڭ بىر قىسمى). دېمەك، شېئىر ئارقىلىق ئۇزاق سۆزلەيدىغان جايدا قىسقا سۆزلىگىلى، كۆپ سۆزلەيدىغان يەردە ئاز سۆزلىگىلى بولىدۇ، دېدى. ئەبۇ ئابدۇللا ھۈسەيىن ئاخىر مېنى شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا بۇيرۇدى. ئۇ ماڭا: «سېنىڭ ناھايىتى يېقىملىق، گۈزەل، لىرىك شېئىرلىرىڭنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدىم، شۇڭا شېئىرىيەت دېڭىزىغا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆككەيسەن، شېئىرىيەت دېڭىزىدىن ئۈنچە - مەرۋايىت جاۋاھىرلارنى سۈزگەيسەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن شېئىر يېزىشقا تۇتۇش قىلدىم. بەزى چاغلاردا مەن ياخشى يېزىلغان

شېئىرلىرىمنى ئۇستاز مەۋلانا رەھمەتۇللاغا ئوقۇپ بېرەتتىم. ئۇ ماڭا: «ئۆزۈڭگە ياقىدىغان شېئىرنى ئەمەس، ماڭا ياقىدىغان شېئىرنى ئوقۇپ بەرگىن دەيتتى. ئاخىردا مېنىڭ يازغان شېئىرلىرىمنىڭ تۈزىتىشكە تېگىشلىك جايلىرىغا تۈزىتىش بېرەتتى. ئۇ ئۇستاز مەن كاشغەرگە كېلىشتىن بۇرۇن بىر پارچە توپلام تۈزگەن ئىكەن. مەن كاشغەرگە كېلىپ، ئۇ زاتنىڭ خىزمىتىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇ توپلىمىنى يەنە بىر نۇسخا يېزىپ چىقتى ۋە مېنىمۇ بۇ توپلامنى بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ چىقىشقا كۆرسەتمە بەردى. مېنىڭ ئۇ توپلامنى كۆچۈرۈش ۋەزىپەم تاماملانغاندا، مېنى ئۇ توپلامدىن بىر غەزەلنى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن جاراڭلىق ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى... ئۇ ئۇستاز ۋاپات بولۇپ كېتىپ 10 كۈندىن كېيىن كۆرۈلگەن كارامەتلىك ئەھۋال:

تۇيۇقسىز مىليونلىغان جۇتائىي قوشۇن تارتىپ چىقتى. نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈردى ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. تۆت ئەتراپتىن تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنى بېسىۋالدى. كاتتا ئۆلىما ـ ئالىملاردىن بىر قانچىسىنى دارغا ئاستى. 5000دىن ئارتۇق ياشلار ۋە كىچىك باللارنى ئەسىرگە ئالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كاشغەرنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپلىگەن چىرايلىق مەستۇرە قىز ـ ئاياللارمۇ بار ئىدى. جوتائىيلارنىڭ ئۇرۇش ـ چېپىش، بۇلاڭ ـ تالاڭلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، ئامان قالغانلىرىمىز بۇلۇڭ ـ پۇچقاق، چۆل ـ جەزىرىلەردىن بىر ـ بىرلەپ يىغىلدۇق. (56- ۋاراق B تەرەپ) ھەم ئۇستازىمىزنىڭ شېھىت بولۇپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدۇق. بىز دەرھال ئۇستازىمىزنىڭ جەسىتىنى ئىزدەپ

بىرىپ، ئوڭدا ياتقان ھالىتىدە ئۇچراتتۇق. ئۇستاز خۇددى ئۇخلىغاندەك ياتاتتى. ھازىرلا ھامىمىدىن چىققاندەك پۈتۈن بەدىنىدىن بۇس چىقىپ تۇراتتى. بۇ چاغ — ئىبنىزدىن چىققان ھورمۇ مۇزلاپ قالىدىغان، كۆيۈۋاتقان ئوتمۇ سوغۇق شامالدا ئۆچۈپ قالىدىغان قاتتىق سوغۇق بولغان 12- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. ئۇستازىمىزنىڭ شېھىت بولۇپ كەتكىنىگە 10 كۈن بولغان بولسىمۇ مۇزلاپ قالماي، بەدىنىدىن ھور چىقىپ تۇرۇشى كارامەتلىك ھال بولماي نېمە؟

## يۈكسەك مەرتىۋىلىك ئىلىم - مەرىپەت پېشىۋالىرى توغرىسىدا

ئۇستازىمىز مەۋلانا ئەبۇ ئابدۇللا ھۆسەيىن ھەزرەتلىرى بولسا، كاتتا، بۈيۈك ئىمام، كامالى پەزىلەتلىك، گۈزەل خۇلقلۇق، ئۇستۇن مەرتىۋە ئىگىسى، تەڭداشسىز پەزىلەت ئىگىسى، دىن ۋە مىللەتنىڭ قۇياشى، ئىسلامى شەرىئەتنىڭ پېشىۋاسى، كۆچلۈك ئىقتىدارلىق كاتتا ئالىم، ئىلىم - مەرىپەتتە زامانداشلىرىنىڭ ئەڭ يۈكسىكى، ئۆتكۈر پىكىرلىك، ئالىم- ئۆلىمالار سورۇنلىرىغا ئالاھىدە ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن تەكلىپ قىلىنغۇچى، چوڭ - كىچىك ئىلىم - مەرىپەت ئاشىنالىرى ئۇچۇن ئىشىكى ئوچۇق زات ئىدى. مەن ئۇ زات بىلەن شۇنداق چىقىشىپ كەتكەنكى، ئىسلامى قېرىنداشلىق، ئىنسانىي دوستلۇقتىلا ئەمەس، يېقىنلىقتا بەئەينى بىر جىسىم، بىر گەۋدىدەك بولۇپ كەتكەن ئىدۇق... (57- ۋاراق A تەرەپ) ئۇ ئۇستازىمىزنىڭ (ئاللاتائالا ئۇستازىمىزنى قەبرە ئازابىدىن

سالامەت قىلسۇن) بىر ياخشى ئوغلى ئاتىسىنىڭ ھەقىقىي ئىز باسارى بولۇپ قېپقالدى.

ئۇ ئوغۇل بولسا ئىززەت ـ ئىكرام ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىمام، ئىسلامى شەرىئەتنىڭ ھۆججىتى، ئالىم ئىماملارنىڭ پادىشاھى، دىن ۋە مىللەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى، ئىسلامنىڭ كاتتىسى، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىلىم ـ مەرتىۋەت تۆرىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى، دىن ۋە مىللەتنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرگۈچى مەردانە ئوغلان ئىدى. مېنى «سۆرراھ» كىتابىغا قوشۇمچە ئىزاھات يېزىپ چىقىشىمنى ئىلتىماس قىلغان ۋە مېنى قاتتىق قىزىقتۇرغان ئادەم دەل ئاشۇ ئوغلاندۇر. ئاللاتائالا ئۇ ئوغلاننىڭ ئىرادە ـ ھىممەتلىرىنىڭ بەرىكىتى بىلەن «سۆرراھ» كىتابىغا قوشۇمچە يېزىپ چىقىشىمنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەي.

ئەڭ كاتتا مەرتىۋەت پېشىۋاسى، ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھەم يولباشچىسى، ئۆتكۈر پىكىرلىك مەۋلانا ئىمام، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى، ئۇلۇغلۇق ۋە ئۈستۈنلۈك بەيگىسىدە ئۇتۇپ چىققۇچى، پەتىۋا بەرگۈچى — ئالىملارنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى، ئىمام ئۆلىما ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇستازى، ئىلىم ساھەسىدىكى قىيىن ـ مۇشكۈل، ئىنچىكە مەسىلىلەر-نىڭ سىرلىرىنى ئاچقۇچى، ئىلمى مەئانى ۋە ئىلمى بايانىنىڭ چىگىش، ئۇقۇمسىز جايلىرىنى يېشىپ شەرھلەپ چىققۇچى، «ھىدايە» ناملىق كىتابنىڭ «نىھايە» ناملىق شەرھىسىنى يېزىپ چىققۇچى(مۇئەللىپى)،«دىراسەت» ۋە «دىرايەت» ناملىق ئىككى كىتابنىڭ مۇئەللىپى، قىلنى قىرىق ياردىغان ئۆتكۈر تەھقىقشۇناس ئالىم، ئىلىم ـ مەرتىۋەت دېڭىزى، دىن ۋە

مىللەتنىڭ زىنىنتى، قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى قىلغان گەپ ـ سۆزلىرىگە مۇۋاپىق بولغۇچى، بەرگەن پەتىۋاسىدىن شەرىئەت قازىلىرىمۇ پەخىرلەنگۈچى، شەرەپلىك ئالىم مەۋلانا ئەبۇ ئابدۇللا ھۇسەيىن ھەزرەتلىرىدۇر. كاشغەر شەھىرى ئۇ زاتى مۇبارەكنىڭ نامى بىلەن ئىسلام شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە تونۇلغان ئىدى. خۇسۇسەن كاشغەر شەھىرىنى ئىسلام ئەللىرىگە تونۇتقان زات ئىدى.

## خوتەن شەھىرىنىڭ بايانى

خوتەن شەھىرى ناھايىتى كەڭرى، بىپايان زېمىندۇر. خوتەندە ھەممە نەرسىلەرنىڭ ياخشىسىنى تاپقىلى بولىدۇ. ھاۋاسى مۆتىدىل، يامغۇر كۆپ ياغمايدۇ. بۇلاق سۇيى ۋە تاغدىن كېلىدىغان ئېقىن سۇيى كۆپ. زىرائەت تېرىيدىغان يەرلىرى ۋە يايلاقلىرى مۇنبەت. لېكىن، تېرىقچىلىق قىلىش قىيىن، تولىمۇ مۇشكۈل، تېرىيدىغان دان زېمىنغا قول بىلەن تىكىلىدۇ، چېچىپ تېرىلمايدۇ. تېرىيدىغان داننىڭ باشقىنىڭ دانىسى كۆپ، بىر تال باشاقتا كىچىك چىرايلىق 100 تال دان تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ياغىقى بەك لەززەتلىك، تاتلىق يېمەكلىك. خوتەننىڭ قومۇشلۇقى ئىككى باياۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدا. خوتەننىڭ ئېقىن سۇيى تاتلىق. خوتەندە ئاق ۋە قارا قاشتېشى كۆپ، زېمىنىنىڭ يەر ئاستى سۇيىمۇ مول. پىلە قۇرتى باقىدىغان ئۇجمىلەرمۇ كۆپ. بازارلىرىدا يىپەك ۋە بۆز رەخت سودىسى قىلىنىدۇ. ئادەملىرى ئاتىيۇز، ئاقپىشماق »(58- ۋاراق A تەرەپ). غەلىتە ئىشىنىڭ بىرى شۇكى، خوتەندە قارا قوي بىر يىل ئۆتسە، يۇڭى

ئاقىرىپ قالىدۇ. خوتەن سۇلتانىنىڭ ئىسمى توغرىسىدا بىر پارچە شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن:

ياقۇت كۆزلۈك ئۇزۇككە نامىڭ نەقىشلەنگەن،
ئەي خوتەن شەھىرى، ئۇلۇغلۇق قۇدرىتى سەندىلا كۆرۈلدى.
ئەي شاھ، سېنىڭ نامىڭ تۈرك تىلىدا،
ياپىلاق كەنتىدىن بولغان مۇنمىش تېكىن،
دېيىشكە بەكمۇ لايىقتۇر.

## خوجەند شەھىرىنىڭ بايانى

خوجەند شەھىرى باغ - بوستانلىرى ۋە مېۋىلىرىنىڭ كۆپلۈكىدە دۇنيانىڭ جەننىتىدۇر. زېمىنى رەيھانگۈل قاتارلىق رەڭمۇرەڭ گۈل - چېچەكلەر بىلەن پۈركەنگەن. ئۇنىڭ سەيھۇن دەرياسى قاتنايدىغان كېمىلەر بىلەن تولغان. ئۇنىڭ مەركىزى ئاسماندا چاقناپ تۇرغۇچى يۇلتۇزدەك مەرىپەت يۇلتۇزلىرى بولغان ئالىم - ئۆلىمالار بىلەن زىننەتلەنگەن. ئۇ شەھەرنىڭ ئالىم - ئۆلىمالىرىنىڭ ئەڭ كاتتا پېشىۋالىرىنى يۇقىرىدا مالىغ شەھرىدە ئۆتكەن ئالىم - ئۆلىمالارنى تونۇشتۇرۇش توغرىسىدىكى بايانلىرىمىزدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئۇ ئالىملارنىڭ ئەڭ كاتتا پېشىۋاسى ئەمدىل كەرمەنىل بۇخارىدۇر. ئۇ زاتنىڭ ئىسلام پادىشاھى، دىنىنىڭ ئەڭ چوڭ ھۆججىتى بولغان ئوغلى ئۆچۈن ئۇ ئوغۇلنىڭ سەيھۇن دەرياسى بويىدىكى «مېيۇغەل» تەرىپىدىكى مەقبەرىسىگە ياشلىق توغرىسىدا بىر كۆپلېت شېئىر يېزىلغان (تەرجىمىسى):

«ياشلىقنىڭ راسا كۆچەيگەن دەۋرىدە زامان ماڭا

قېرىلىقنىڭ ئېقىدىن بىر تال يىپنى (چاچنى) كۆرسەتتى. مەن ئۇنىڭغا (ئاق چاچقا) خۇش مۇبارەك دېدىم. زامان بۇ يىپقا كۆز يېشى مەرۋايىتىنى تىزدى (ياشلىقىمنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ، كۆز ياشلىرىم مەرۋايىتتەك تۆكۈلدى.)»

مىللەت ۋە دىنىنىڭ پېشىۋاسى كاتتا ئىمام، خوجەندنىڭ قازىسى ئەلخوجەندىمۇ خوجەند ئالىملىرىنىڭ بىرىدۇر، يەنە پېشقەدەم ئىمام، پەتىۋاشۇناس، مىللەت ۋە دىنىنىڭ ھۆججىتى ئەلائى ھەزرەتمۇ خوجەند ئالىملىرىدىندۇر.

## ئەمىرلەر ۋە ۋەزىرلەرنىڭ مەشھۇرلىرى توغرىسىدا

ناھايىتى كاتتا، ئېسىل، قەدىر - قىممەتلىك پادىشاھ بولغان جالالىدىن ھەزرەتلىرى خوجەندنىڭ پادىشاھىدۇر، يۇقىرى مەرتىۋە ئىگىلىرىنىڭ كاتتىسى، ئىمام، ئەمىر - ۋەزىر، ئۆتكۈر چاقناپ تۇرغۇچى يۇلتۇز دەپ نام ئالغان «ساھىب» ھەزرەتلىرى، دىن ۋە مىللەتنىڭ يۇلتۇزى دەپ ۋەزىر، مەۋلانا «سەدرى ساھىبى» ھەزرەتلىرىنىڭ ئوغلىدۇر. (58- ۋاراق B تەرەپ) «سەدرى ساھىبى ھەزرەتلىرى ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى، ئەمىر ۋە ۋەزىر، دىنىنىڭ تايانچىسى، كاتتا ئەمىر مەجدۇددىن ھەزرەتلىرى بولسا، چوڭ ۋەزىر سەدرىددىن ساھىب» ھەزرەتلىرىنىڭ ئوغلىدۇر (ئاللاتائالا ئۇلارنى جەننەت ھويلىسىغا ئورۇنلاشتۇرغاي).

مەن خوجەند شەھىرىدىن ئىككىنچى قېتىم ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، (باشقىلارغا قارىغاندا) ئىشەنچلىك، تەقۋادار،

ئىنتايىن پاكىز پېشقەدەم مەۋلانا «پەخرىددىن جەۋالىقى»نى ئىككىنچى قېتىم زىيارەت قىلدىم. ئۇ زات قايتا ئۇچراشقىنىمىزغا قارىتا (خۇشال بولۇپ) ئاللاتائالاغا شۈكرى - تەشەككۇر ئېيتقان، خۇش چىراي، كۆيۈنگەن هالدا مېنى قىزغىن كۇتۇۋالدى. كەمىنە مۇساپىر ئۇچۇن تەييارلانغان ئېسىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇلغان داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، مەندىن ئوغلى «بەدرىددىن»گە يادىكار بولسۇن، دەپ بىر هەدىس رىۋايەت قىلىپ، ئوقۇپ بېرىشىمنى ئىلتىماس قىلدى.

مەن 9 ياش ۋاقتىمدا مىللەت ۋە دىنىنىڭ ياردەمچىسى، ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ كاتتىسى، چوڭقۇر بىلىملىك ئالىملارنىڭ غوجىسى، كاتتا ئۇستاز «ئەشرەپىددىن ئىبنى نەجىپ ئىبنى مۇهەممەد كاسانى» هەزرەتلىرى ئۆگىتىپ قويغان، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ «ئىلىمنىڭ ئەۋۋىلى جەپپار سۈپەتلىك ئاللاتائالانى تونۇش، ۋە ئىلىمنىڭ ئاخىرسى ئىشنى ئاللاتائالاغا تاپشۇرۇش» دېگەن هەدىسنى، رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم - شەرىپلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ، ئاخىرىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا يەتكۈزۈپ، تولۇق ئوقۇپ بەردىم. پەخرىددىن هەزرەتلىرى ناهايىتى خۇش بولۇپ، «بەك ياخشى ئوقۇپ بەردىڭ» دەپ رەهمەت ئوقۇپ كەتتى ۋە ماڭا ئاللاتائالادىن ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلدى. دۇئا قىلىپ تۇرۇپ كۆز يېشىمۇ قىلدى (ئاللاتائالا ئاتا - بالا ئىككىسىنى سالامەت قىلغاي).

## پەرغانە شەھىرىنىڭ بايانى

پەرغانە ئوت - چۆپلىرى مول، كەڭرى، راھەت - پاراغەت ماكان. باغلىرى بۈك ــ باراقسان، بىپايان زېمىن. پەرغانە شەھىرىنىڭ ھاۋاسى بەك ياخشى، سۈيى تاتلىق، مېۋە - چېۋىلىرى كۆپ. زىيارەتگاھلىرى بەرىكەتلىك جاي — ئوش رايونىدۇر. ئوش رايونىدا «بەراكە»، «ھەنپى» ناملىق ئىككى كىچىك، پاكار تاغ بار. «بەراكە» تېغى ئەتراپىدا ياخشى كىشىلەرنىڭ قەبرىگاھى بار. (59- ۋاراق A تەرەپ) بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىرى ئاسىپ ئىبنى بەرخىيانىڭ قەبرىسى ئاشۇ تاغنىڭ باغرىدا ئىكەن. قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ قەبرىسى «كۇلەيج» كەنتىدە ئىكەن. «ئىبىد بىلان» كەنتىدە «رۇئۇس قەبرىستانلىقى (كاتتا كىشىلەر قەبرىستانلىقى)» ۋە «نۇپۇس قەبرىستانلىقى (ئاددىي كىشىلەر قەبرىستانلىقى)» دەپ ئىككى قەبرىستانلىق بار ئىكەن. بۇ كەنتتە يەنە ساھابە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئەگەشكەن، ھەمراھ بولغان كىشىلەر) لەر ۋە تابىئىنلەر (ساھابىلەرگە ئەگەشكۈچىلەر) دىن بولۇپ 2700 كىشىنىڭ قەبرىسى بار، دېگەن قاراشلارمۇ بار. ئۇ كىشىلەرنى ئەمرۇلمۇئمىن ئوسمان ئىبنى ئەپپان (ئاللاتائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىكەن. بۇ تونۇش بىر قىسسىدۇر. ئابدۇللا ئىبنى جەبەلنىڭ قەبرىسى «قۇبا» ۋە «نۇ» شەھىرى ئوتتۇرىسىدا ئىكەن. ئابدۇللا ئىبنى ئەلى ئىبنى ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ

(ئاللاتائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن)نىڭ قەبرىسى سەيھۇن دەرياسىغا يېقىن «خوجەند» شەھىرىدە ئىكەن. ئىلىك مازى (ئۆتكەن زاماندىكى ئىلىك)نىڭ قەبرىسى (ئاللاتائالائۇنىڭ قەبرىسىنى خۇش پۇراق قىلغاي) «ئۆزكەند»تە ئىكەن.

## پەرغانە شەھىرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر كاتتا كىشىلىرىنىڭ بايانى

ئىسلام پېشىۋالىرىنىڭ پېشىۋاسى، پېشقەدەم ئىمام، «ماقامات» ۋە «كىرامات» كىتابىنىڭ مۇئەللىپى، ئۆزكەندلىك بورھانىددىن قىلىچ ھەزرەتلىرىنىڭ ئوغلى كاتتا ئىمام نەسرىددىن ھەزرەتلىرى پەرغانە شەھىرىنىڭ بەك ئېسىل زاتلىرىنىڭ بىرىدۇر. ھۆرمەتكە سازاۋەر كاتتا ئالىم، ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ تايانچىسى ۋە قورالى، مۇسۇلمانلارنىڭ يۆلەنچۈكى، ئىمامlarنىڭ كەڭرى ئۆتكۈرى، مىللەت ۋە دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ پېشىۋاسى، ئۇش شەھىرىنىڭ كاتتىسى مۇنىر ئىبنى ئوبۇلقاسىم ئۇش ھەزرەتلىرىمۇ پەرغانە شەھىرىنىڭ كاتتا ئالىملىرىنىڭ بىرىدۇر (ئاللاتائالا ئۇنى سالامەت قىلغاي).

پېشقەدەم ئىمام، كاتتا ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ تايانچىسى، ئەمىر، مىللەت ۋە دىنىنىڭ قۇياشى، مۇھەممەت ئىبنى مۇھەممەت ئىبنى مۇھەممەت قۇباۋى ھەزرەتلىرىمۇ پەرغانە ئالىملىرىنىڭ بىرىدۇر (ئاللاتائالا ئۇنى سالامەت قىلسۇن). پېشقەدەم ئىمام، شېرىن سۆزلۈك، توغرا يولدا ماڭغۇچى ھەقىقەت ئىگىسى، ئەھلى سۈننى، چىرايلىق ھەم گۈزەل تەبىئەتلىك، سالاپەتلىك

جامالىددىن ھەرۋىل ئىللامىشى ھەزرەتلىرىمۇ پەرغانە ئالىملىرىنىڭ بىرىدۇر(ئۇ ئالىمنىڭ ئۆيى ئىللامىش ئەندىجان قەبرىستانلىقىنىڭ يېنىدا ئىكەن). جامالىددىن ھەرۋى ئىللامىش ھەزرەتلىرى، شەرىئەت ۋە تەرىقەت پېشۋاسى بورھانىددىن قىلىچ(ئاللاتائالا ئۇنىڭ روھىنى پاك قىلغاي) ھەزرەتلىرىنىڭ پەزىلەتلىرىنى سۆزلەپ بىزگە مۇنداق دېگەن ئىدى: (59- ۋاراق B تەرەپ) «مەن ياشلىقىمنىڭ راسا كۈچەيگەن دەۋرىدە خۇراساننىڭ جەيھۇن دەرياسىدىن 10دەك ھەمراھلىرىم بىلەن ساياھەت قىلىش ئۈچۈن ماۋارەئۈننەھر تەرەپكە ئۆتتۈم. بىز ھەر ئۆتەڭدىن ئۆتكەن چېغىمىزدا ‹كىمنى زىيارەت قىلساق بولۇر؟ كىم بىلەن ھەمسۆھبەت بولساق بولۇر؟›» دېگەن نىيەتتە تەرىقەت پېشۋالىرى ۋە ھەقىقەت ئىگىلىرىنى بىر- بىرلەپ سۈرۈشتۈرۈپ ماڭدۇق. بىزنىڭ چوڭ مەقسىتىمىز شەيخ بورھانىددىن قىلىچ ھەزرەتلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئىدى. ئۇ شەيخ ھەزرەتنىڭ نام - شەرىپىنى تولا ئاڭلىدۇق. بىزنىڭ رايىمىز ئۇ زاتنىڭ كارامىتى بىلەن بەرىكەت تېپىشقا مايىل بولدى. بىز سوپى ماشايىخلاردىن تارتىپ، مەسچىت - خانىقالاردا ئىبادەت قىلغۇچى ئابىدلەرگىچە ھەممىنى سۈرۈشتۈردۇق. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تەسەۋۋۇپ ئەھلى بولۇپ، تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان يېرىدىن تاپتۇق. بىز ئاخىر خوجەندكە يەتتۇق ھەم خوجەندنىڭ خانىقاسىغا چۈشۈپ ھۇجرىلىرىغا ئورۇنلاشتۇق. بىرنەچچە كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن خوجەندتىن ئۆزكەند تەرەپكە يۈزلەندۇق.

بىز يولدا كېتىۋېتىپ بەختلىك، ئىپپەتلىك پادىشاھ

ئىلجى مەلىك بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق ۋە ئۇنىڭ پەرغانە شەھىرىگە چۈشتۇق. بىر ئىرادە بىلەن پەرغانە شەھىرىگە چۈشۈپ مېھمان بولۇپ، ئاندىن ئۆزكەند تەرەپكە كۆچتۇق. ئۆزكەندكە يېقىنلاشقاندا شەيخ بورھانىدىن قىلىچقا بىرنەچچە مۇساپىرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن بىر كىشىنى ئالدىن ئەۋەتتۇق. ئەۋەتكەن ئەلچىمۇ قايتىپ كەلمىدى. ئالدىمىزغىمۇ بىرەر ئادەم چىقمىدى... بىز بازارغا كىردۇق ۋە شەيخ بورھانىدىن قىلىچ تالىپلىرىغا دەرس بېرىدىغان مەسچىتنىڭ قېشىغا كەلدۇق ھەم شەيخنىڭ ئالدىمىزغا چىقالمىغانلىقىغا ئۆزرە ئېيتقان ھالدا چىقىشىنى كۈتۈپ، مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى بىر دۇكاندا ئولتۇردۇق. شەيخنىڭ ئالدىمىزغا چىقالمىغانلىق كەمچىلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىش مەقسىتىدە كۆرەش ئوقيالىرى بىلەن قوراللانغان جېدەل قوشۇنلىرىنى قەلب جەڭگاھىمدا ئوڭ ۋە سول ئىككى سەپ قىلىپ تىزىپ تەييارلىدىم. ئۇ شەيخنى زىيارەت قىلىپ مەسىلە سوراش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەر بىر - ئىككىدىن كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى شەيخقە يەتكۈزۈپ، شەيخنى ئالدىراتتى. شەيخ: «ئولتۇرغاچ تۇرسۇن، نۆۋىتى كەلگەندە ئالدىغا چىقايلى» دەپتۇ. بىز ئۇزاق ئولتۇرۇپ زېرىكىپ كەتتۇق. بىر چاغدا ئۇ مەسچىتتىن چىقتى. شۇئان دەرھال ئورنۇمدىن قوپۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆز ئەسكىرى ماڭا تىكىلدى. ئاندىن نەزەر ئوقى بىلەن مېنى ئېتىپ يىقىتتى، شۇئان مېنىڭ تەييارلىغان ئەسكىرىم مەغلۇپ بولدى، پىكرىم يوقالدى، ئۆزۈمنى يوقىتىپ ئايلىنىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدىم. ھەممىنى ئۇنتۇپ سالامىمۇ بەر-

مەپتىمەن. ئۇ شەيخ مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «گەپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، سالام ـ سەھەت قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ قەلب جەڭگاھىڭدا تەييارلىغان ئەسكەرلىرىڭ ئوڭ ـ سول تەرەپ قوشۇنلىرىڭ قەيەردە؟» دېدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ «ھاي پالانى،كالا قەيەردە؟ مۇشۇ چاغقىچە نېمىش قىلدىڭ؟» دەپ خىزمەتكارغا كايىشلىرى قۇلىقىمغا ئاڭلانغاندىلا ئاندىن ھوشۇمغا كەلدىم. «مەن خاتالىشىپتىمەن، بۇ ئادەم مەن گۇمان قىلغاندەك ئادەم ئەمەسكەن» دېدىم ئىچىمدە. خۇددى بوغۇزۇمغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. ئۇ «ئۆيگە بارايلى!» دېدى ـ دە، ئالدىمىزدا ماڭدى. بىز كەينىدىن ئەگەشتۇق. مەن كۆڭلۈمدە يەنە مۇنا زىرە مۇقەددىمىلىرىنى رەتلەپ، چېچىلغان پىكىر ـ خىياللىرىمنى جۇغلاشقا باشلىدىم.

ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ ماڭا پەس ئاۋازدا: «مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن مۇرتەد بولدۇڭمۇ؟» دېدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلغىلى تاس قالدىم ھەم دەرھال تۆۋە قىلدىم. ئۇنىڭ ئىرادىسى بويىچە قەلبىمنى ۋە روھىمنى پاكلىدىم. ئۇ شەيخ ھەزرەتنىڭ خىزمىتىگە ئېرىشىش بىلەن نۇرغۇن مەنپەئەتكە ئىگە بولدۇم. مەن (جامال قارشى) يۇقىرىقى ۋەقەنى جامالىدىن ھەرۋى ئىللامىش ھەزرەتلىرىدىن 668- يىلى ئىللامىشتا ئاڭلىغان ئىدىم.

پەرغانە ئالىملىرىدىن مەن قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشكەن، ئۆزئارا سۆزلىشىپ پىكىرلەشكەن ۋە خەت يېزىشىپ تۇرغان، قىممەتلىك مەسلىھەتلىرى بىلەن لەززەتلەنگەن كىشىلەرنىڭ بىرى ئۆتكۈر پىكىرلىك چوڭ ئىمام، دىن ۋە مىللەتنىڭ تاجى

رىزا بەردى شارىستانى ھەزرەتلىرىدۇر. ئۇ ئۆز زامانىسىدا پەزىلەت بابىدا يەككە ـ يېگانە زاتتۇر. ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدىمۇ ئۆز ئەسىرىنىڭ يېگانە، تەڭداشسىز ئالىمىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەزىز يۇرتىدىن يالانغاندىن كېيىن ئەندكاندا ۋەتەن تۇتقان. ئۇ زاتنىڭ ئۇستۇن شانۇشەۋكىتى ھەمىشە بولغاي، ئۇنىڭ كۈندۈزلىرى ۋە كېچىلىرى خەيرلىك بولغاي (60- ۋاراق B تەرەپ).

## شاش شەھىرىنىڭ بايانى

شاش شەھىرى بولسا تۇرمۇشى پاراۋان، ھاۋاسى مۆتىدىل، سۈيى مول ھەم تاتلىق، ئەتراپلىرى ئوت ـ چۆپلۈك، ئوت ـ چۆپلىرى سۇغا قانغان، ئېتىكى كەڭرى شەھەر. شاش شەھىرى ئۆتكەنكى زامانلاردا ناھايىتى تەرەققىي قىلغان چوڭ ئىسلام شەھىرى ئىدى. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ۋەقە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن: مۇسۇلمان بولمىغان بىر قوۋم تۈركلەر شاش شەھىرىنى كېچىدە قورشىۋېلىپ، سەل كەبى بېسىۋېلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلار چىغىر يول ئۈستىدە تاڭ ئېتىشىنى كۈتۈۋاتقاندا سېپىلنىڭ ئىچىدىن بىر ئاۋازنى ئاڭلايدۇ. ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى: «بۇ نېمە ئاۋازدۇ؟» دەپ غۇلغۇلا قىلىشىدۇ. بىرەيلەن: «بۇ مۇئەززىنلەر بامدات نامىزى ئۈچۈن ئوقۇغان ئەزان» دەيدۇ. مۇئەززىنلەر شۇ كېچىدە تەرەپ ـ تەرەپتە كەينى ـ كەينىدىن ئەزان ئوقۇپ، تاڭ ئالدىدىكى شەھەرنى جانلاندۇرۇۋېتىدۇ.

شۇ ۋاقىتلاردا شاش شەھىرىدە 4000 مەسچىت بار ئىدى.

ھەر مەسچىتكە 60 — 70 ئۆيلۈك يىغىلاتتى. ھېلىقى تۈركلەر بۇ سانلارنى ئېنىقلاپ چىقىپ: «سىپىل ئىچىدىكى مۇسۇلمانلار تاڭ ئاتقاندا بىزنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنلىكىمىزدىن خەۋەر تاپسا ۋە بىزنىڭ سانىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سانىدىن ئاز ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، بىز بىلەن يەكمۇيەك ئۇرۇشۇش تۈگۈل، تۈكۈرۈك بىلەنلا كۆمۈۋېتىدىغاندەك تۇرىدۇ» دەپ ئۇرۇشمايلا مەغلۇپ بولۇپ، كەينىگە يېنىشىپ كېتىشىدۇ. بۇ (ئۇرۇشماي تۇرۇپ غالىب بولۇش) شاشتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كەينى ـ كەينىدىن ئوقۇلغان ئەزىنىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ كېچىدە ئوقۇغان تەھەججۇت، نەفلە نامازلىرىنىڭ بەرىكىتىدىن بولغان.

مەن شاش شەھىرىدە شەيخ، ئىمام، تەھقىقشۇناس، مۇپەسسىر ئەبۇبەكرى قەففال شاشىنىڭ (ئاللاتائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) قەبرىسىنى زىيارەت قىلدىم (61- ۋاراق A تەرەپ).

مەن شاش شەھىرىدىن تۇنجى ئۆتكەن ۋاقتىمدا چوڭ پادىشاھ قادىر مەلىك ۋە ئۇنىڭ تايانچىسى، تۆۋرۈكى بولغان ئايالى توركان بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوغۇللىرىدىن مۆھتىرەم ئەلائۇددىن بىلەن ئۇچراشتىم (ئۇ پادىشاھنىڭ ئۇستۇنلۈكى دائىم بولغاي، ئوغۇللىرىغا ئاللاتائالا تەۋفىق ھىدايەت ئاتا قىلغاي).

ئىماملاردىن ئىسلام پېشىۋاسى، دىن ۋە مىللەتنىڭ كاتتىسى، مەرتىۋە، شانۇشەۋكەت ئۇيۇقىنىڭ تولۇن ئېيى بىلەن قازىلاردىن ئىمام، ھەقىقەت ۋە دىنىنىڭ كاتتىسى بىلەن ھەم ئۇنىڭ ھەقىقەت ۋە دىنىنىڭ ياردەمچىسى بولغان ئوغلى بىلەن ئۇچراشتىم. بۇ ئۇچرىشىش 671- يىلى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شاش شەھرىگە ئىككىنچى قېتىم چۈشۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم.

بۇ چاغدا شاش شەھىرىگە سىبخىي ئەمىر، دۇنيادا نۇسرەت قازانغۇچى، بىر مەزگىل «سەئىدكەندە پىز سەمەرقەندى» دەپ تونۇلغان، كېيىن «سەئىد كەندە پىزمالىغى» دەپ تونۇلغان كاتتا سەئىد ئاللا ئۇددىنىنىڭ ئوغلى پەھلەۋان مەھمۇد ۋالىي بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا تۇغقانچىلىق بار. ئەمما، شاش ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسى پەسكەش، بەڭگى، غېرىب - غۇرۋالارغا ئىتقا ئوخشاش تاشلانغۇچى، غېرىب - غۇرۋالارنى تالاش ئۈچۈن تىرناق ۋە مەرگەنلىرىنى بىلگۈچى كىشىلەردۇر (ئاللاتائالا بۆرىنىڭ تۆۋىسىنى قوبۇل قىلغاندەك، ئۇلارنىڭمۇ تۆۋىسىنى قوبۇل قىلار).

## پارچىكەنت دىيارى

پارچىكەنت دىيارى «ئۇلۇج» ۋە «تەراكىمە» شەھەرلىرىدۇر. ئۇ شەھەرلەر دۆۋە - دۆۋە قارلارنىڭ ھەم قۇملۇق، دۆڭلۈكلەر ماكانى، پاشا ۋە چۇمۇلىلەرنىڭ جايى. مەن پارچىكەنتتە كاتتا ئۆلىما، يېزىقچىلىق ھەم تەزكىرە ساھەسىدە ئاجايىپ ئىقتىدارلىق، قاپقاراڭغۇ كېچىنىڭ تولۇن ئېيى، ئىسلام پېشۋاسى، دىن ۋە مىللەتنىڭ ئۆتكۈر قىلىچى ھامىد ئىبنى ئاسىم پارچىنلىغنىڭ خىزمىتىگە ئېرىشتىم (ئاللاتائالا ئۇ زاتقا رەھىم قىلغاي). ئۇ تەڭدىشى يوق كاتتا، ئۆتكۈر پىكىرلىك ئالىم بولۇپ، ئۇنىڭدەك ئالىم كۆرۈلگەن ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆرۈلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆمرى يار بەرگەن بولسا تەزكىرە، پىقھى، تەپسىر، ماقالە، رىسالە ساھەسىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان بولاتتى. ئۇنىڭ نەسرىي ۋە شېئىرىي ئەسەر يېزىشتا ماھارىتى

بەكمۇ يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئەرەبچە يېزىلغان بىرقانچە شېئىرى ۋە نەسرىي ئەسىرى بار. ئۇ ئەللامە جارۇللانىڭ چوڭ ھەجىملىك «مۇپەسسەل» ناملىق كىتابىنى قىسقارتىپ كىچىك ھەجىملىك كىتاب قىلىپ «مۇجمەل» دېگەن نام بىلەن ئاتىدى ۋە ئىسلام پېشىۋاسى بورھانىددىن مەرغىنانىنىڭ «ھىدايە» ناملىق پىقھى كىتابىنى قىسقارتىپ «ھەدىيەتولمۇھدى» دەپ ئاتىدى (62-ۋاراق A تەرەپ) «ھىدايە» كىتابىنى دەرسلىك قىلىپ ئوقۇيدىغان تالىپلارنىڭ يادلىشىغا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن ئۇ كىتابنى شۇنچىلىك ياخشى قىسقارتقان ئىدىكى، كىتابنىڭ ئەسلىي تېكىستىگە ۋە كىتابتا سۆزلەنگەن مەسىلىلەرگە ۋە دەلىللەرگە ھېچقانداق نۇقسان يەتمىگەن ئىدى. ئۇ ئالىم مەزكۇر كىتابنى ئىككى ئاي ئىشلەپ، «تىيامموم» بابىغىچە يېزىپ چىققان ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ھاياتى يار بەرمەي ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئىكەن (ئاللا تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي).

مەن 672- يىلى پارچىلىنىپ تۇرغان چېغىمدا ئۇ كىتابتىن بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ يېزىۋالغان ئىدىم. ئۇ ئالىمنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن يېزىلغان ناھايىتى پاساھەتلىك نۇرغۇن شېئىر - نەزمىلىرى، پارس تىلى بىلەن يېزىلغان شېرىن - شېكەر شېئىرلىرى، تۈركىي تىل بىلەن يېزىلغان ساغلام ياخشى شېئىرلىرى بار. ئۆتكەنكى ۋە ھازىرقى زامان ئالىملىرىمۇ ئۇ ئالىمدەك ئۈچ خىل تىل بىلەن ئەسەر يېزىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ئالىم ھايات ۋاقتىدا مۇبارەك قولى بىلەن ماڭا «ئىجازەتنامە» (شاھادەتنامە) يېزىپ بەرگەن ئىدى.

# جەند شەھىرىنىڭ بايانى

جەند شەھىرى بۇرۇنمۇ كاتتا شەھەر ئىدى. ھازىرمۇ ناھايىتى كاتتا شەھەر. سودا ـ سېتىق، تىجارەت ناھايىتى روناق تاپقان. شەھەرنىڭ بازىرىدا يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن تىجارەتچى سودىگەرلەر كۆپلەپ پايدا ئېلىش ئۈچۈن ساتىدىغان ماللىرىنى ناھايىتى ئالدىراپ ئەكېلىشىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ تىجارىتىنىڭ روناق تېپىشى تارازا ـ ئۆلچەملىرىنىڭ راست ۋە توغرا بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتىمۇ تىجارەتچىلەرنىڭ تارازا ـ ئۆلچەملىرى راست ھەم توغرا. مەن بۇ شەھەردە پېشىۋالاردىن ھەقىقەتنىڭ ھۆججىتى، ھەقىقەت ۋە دىنىنىڭ كامالىتى، بىر مەزگىل «خارەزىم» دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن «سىغناقى» دەپ ئاتالغان «تەراكىمە» شەھىرى ئوتتۇرىسىدا «شەيخ بابا» دەپ ئاتىلىدىغان پېشقەدەم ئالىم بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم (ئاللاتائالا ئۇ زاتنىڭ روھىنى مۇقەددەس قىلغاي). ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغانلىقىمنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا تۇتۇش قىلدىم. ئۇ زات بولسا بىزنىڭ پېشىۋايىمىز ئەللامە كامال مۇزەپپەردۇر (ئاللاتائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي). بۇ پېشىۋايىمىز يالغۇز، تەنھالىقنى خالايدىغان، ئاددىي ـ ساددا كىيىنىشكە ئامراق ئادەم ئىدى. بۇ ئۇستاز ماشايىخلارنىڭ سۇلتانى نەجمىددىن كۇبرا ھەزرەتلىرىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شاگىرتى ۋە ھەمراھىدۇر. (62 ـ ۋاراق B تەرەپ) « ‹سۇرراھ› لۇغىتىگە تولۇقلىما» ناملىق بۇ كىتاب جامادىيەل ئەۋۋەل ئېيىدا ئاللاتائالانىڭ ئەڭ ئاجىز ۋە

ئەڭ موھتاج بەندىسى، كىشىلەر تەرىپىدىن «پەرھاد ئەندىجانى» دەپ چاقىرىلىدىغان شەرىپىددىن ئىبىن مەۋلانا نۇرىدىنىنىڭ قولى بىلەن 1066- يىلى چارشەنبە كۈنلۈكتە خوجەند شەھىرىدە تاماملاندى. ئاللاتائالا ئۇ ئىككىسىنىڭ (جامال قارشى بىلەن پەرھاد ئەندىجانىنىڭ) گۇناھىنى كەچۈرگەي، ئەيىب - نۇقسانلىرىنى ياپقاي.

# تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى

ۋ. مىنورسكىي

## كىرىش سۆز

ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسلىرىغا چېتىشلىق بولغان مۇھىم، شۇنداقلا جەزبدار بولغان مەسىلىنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ شەرقىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭگو ھەم ھىندىستانغا ئوخشاش ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان رايونلارغا قىلغان ساياھىتى ئۈستىدىكى ئانالىزدۇر. ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ جۇغراپىيىشۇناسلار دىققىتىنى ماكانغا مەركەزلەشتۈرۈپ دائىم زامانغا سەل قارىغان. XVI ئەسىردىكى تۈركىيە خەرىتىسىدە سىبىرىيە چۆللۈكىنىڭ يېنىلا چۆچەكلەردىكى يەجۇج - مەجۇجگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقانلىقىنى بايقىغان ئىدىم. IX، X ئەسىرلەردە، يەنى كلاسسىك ئەرەب جۇغراپىيىسى دەۋرىدە، ئالىملار بىر - بىرىنىڭ ئەسىرىنى كۆچۈرگەنلىكىدىن ياكى قەدىمكى مەنبەلەردىن ھازىرقى ئەھۋال بىلەن مۇناسىۋەتتى بولمىغان سانلىق

مەلۇماتلارنى ئالغانلىقىدىن ئەپسۇسلۇق ھېس قىلىنمىدى. يەنى X ئەسىردىكى «ئوتتۇرا مەنبە» مىلادىيە 800- يىلىدىكى بېنگال ھۆكۈمرانى دارماپالا (DharmaPala)نى كۆرسەتسىمۇ، يەنىلا ھىندىستان ھۆكۈمرانلىرى قاتارىدا سانالغاندەك ئىش بولدى[1].

بۇ خىل تەسىر بىر جەھەتتىن يات ئەللەر ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن بولۇپ، ئۇلار چەكلىك ساندىكى ئەسلىي خاتىرىلەرنى ئاساس قىلغان. بۇنىڭدىن كېيىنكىلەرنىڭ تەرجىمىلىرى بولسا ئۇلارنىڭ ئەسلىي ئەسىرىنىڭ ئاددىيغىنا ھالدا سۆزمۇسۆز تەكرارلىنىشى بولۇپ قالغان. بىراق، مەنبە ناھايىتى تولۇق ھەم تەپسىلىي بولغاندا ئاپتورلار تەسەۋۋۇر كۆچىگە ھاۋالە قىلماي، ئوخشاش تەپسىلاتلارنى نەقىل كەلتۈرەتتى. مۇبادا بۇ تەپسىلاتلار ئەمەلىيەتتە قەدىمكى بۇيۇمغا مەنسۇپ بولغىنىدا، ھازىرقى زامان ئۇچۇرلىرىنى بايقاش ئارزۇسى تۈپەيلىدىن تۈيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تېكىستلەر ئۈستىدە سىلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىلا، بىز ئەسلىي مەنبە بىلەن مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ كۆپ تەپسىلاتلارغا ئېرىشەلەيمىز، ھەم بەكلا يىغىنچاقلىنىۋېتىلگەن ئاساسىي تېمىلاردىكى قاراڭغۇ تېمىلارنى شەرھلىيەلەيمىز.

مەن شارىف ئول زامان مەرۋەزىنىڭ كىتابىدىن ئىشلىگەن تونلىمىمدا تېخىمۇ يىراق شەرققە دائىر سانلىق مەلۇماتلارنىڭ كۆپ قىسمىنى بېرىشكە تىرىشقان ئىدىم. بۇ مەلۇماتلار ئەل بىرونى، ئەبۇل فىدا قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مانجۇرىيىدىن كەلگەن قىتان پادىشاھى ئەلچىسىنىڭ ھىجرىيە 418-

يىلى (مىلادىيە 1027- يىلى) مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ ئوردىسىنى زىيارەت قىلغاندىكى بايانلىرىنى ئاساس قىلغان. ئوخشاشلا شىمال توغرىسىدىكى بەزى رىۋايەتلەردە ۋولگا بۇلغار پادىشاھىنىڭ ئەلچىلىرىنىڭمۇ ھىجرىيە 415- يىلى(مىلادىيە1024- يىلى) مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ زېمىنىنى زىيارەت قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ[2].

بۇ ۋاقىتتا ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇپ بولغان ھەم ئەرەبلەر بىلەن جۇڭگولۇقلار زومىگەرلىكنى تالىشىۋاتقان بولۇپ، نۇرغۇن ئەرەب ساياھەتچىلىرى تېخىمۇ يىراق شەرققە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرگەن[3]. بىراق، ئۇلارنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرى ھەققىدە ناھايىتى ئاز خاتىرە ساقلىنىپ قالغان. IX ئەسىردە سامانىيلار ئوردىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈچۈن تەكشۈرۈش نۇقتىسىغا ئايلانغان. نۇرغۇن ئەسلىي خاتىرىلەر كېيىنكى توپلاملاردا ساقلىنىپ قالغان ھەم بەزى ساياھەتچىلەر ھەم ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ سالاھىيىتى تېخىمۇ روشەنلەشكەن. بۇ ساھەدە دې گوجې توماسچېك، بارتولد ۋە ماركۋارتلار كۆپلىگەن جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن[4].

تېخىمۇ يېڭى مەلۇماتلارنىڭ كۆپلەپ بايقىلىشى بىلەن بۇرۇنقى مۇسۇلمان ساياھەتچىلىرىدىن تەمىم ئىبىن بەھر ئەل مۇتەۋۋىنىڭ خاتىرىسىگە قايتا باھا بېرىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلدى.

بۇنىڭ كۆپ قىسمىنى ياقۇتنىڭ(yaqut) جۇغراپىيە لۇغىتىدە[5] كەلتۈرگەن نەقىللىرىگە ئاساسەن بىلدۇق. بۇ ئۆزۈندىلەر ئىبىن خۇردە زبە، ئىبىن ئەل فەقىھ، قۇدامە قاتارلىق بۇرۇنقى جۇغراپىيىشۇناسلارنىڭ تەمىمنىڭ ئەسلىي خاتىرىسىدىن ئالغان نەقىللەرنى كەلتۈرۈشىدە ئەسقاتىسىمۇ،


بىراق تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ مۇرەككەپ بولغان ئۆزلۈكسىز كۆچۈشى، تەمىمنىڭ ساياھىتىنىڭ مەقسىتىنى ئېنىقلاش ھەم ۋاقتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ.

1923- يىلى Z·A ۋەلىدى (توغان) مەشھەتتە ئىبنى ئەل فەقىھنىڭ «كىتابى بۇلدان[6]» ناملىق ئەسىرىنى بايقىغان. بۇ كىتابنىڭ BGA دې گوجې تەرىپىدىن 1885- يىلى نەشىر قىلىنغان نۇسخىسىدا تۈركلەرگە ئائىت قىسمى بولۇپ،(329-، 330- بەت) تەمىمنىڭ ئىسمىمۇ كۆزگە چېلىقمايدۇ. يېڭى قولىيازما نۇسخىسىمۇ مۇكەممەل ئەمەس، بىراق ئۇ بىر قىسىم قوشۇمچە خاتىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەقىللەر تەمىمنىڭ خاتىرىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ياقۇتنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تەپسىلاتلاردىن كۆپ. دەرۋەقە، ئۇرغۇن «قەلا»، «ئېيتىدۇرلەركى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر تېكىستلەر بىلەن كىرىشتۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، بىز ئۇلارنى قوش تىرناق ئىچىدە ئالدۇق ھەم شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قولىمىزغا يېتىپ كېلىشىدىن ئىلگىرىلا بىر قىسقارتىلدا ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتۇق.

ھەممىگە مەلۇمكى، فەقىھ ئىبنى خۇردەزبىھنىڭ ئەمگىكىگە ناھايىتى كۆپ قەرزدار[7]، شۇنداقلا خاس تەمىمنىڭ ئەسىرىدىن كەلتۈرگەن نەقىللەر ئايرىۋېلىنىپ ھېچقانداق تەشەككۇر، ئىپادىسىزلا 1889- يىلى BGA دا ئېلان قىلىنغان. تېكىستكە قارىغاندا ئىبنى خۇردەزبىھنىڭ ئەسلىي ئەسىرىدە تەمىمگە تېخىمۇ يۇكسەك ھۆرمەت بىلدۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. ياقۇتنىڭ ئەسىرىنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق[8] تەمىمدىن نەقىل ئالغان. بىراق بۇ خاتىرىلەرنىڭ ئىككىنچى

پارچىسىنى قىسقارتىۋەتكەن.

11- ئابزاس: «ئۇنىڭدىن سورىساق، ئۇ ئېيتتىكى...» دەپ باشلانغان. بۇنىڭدىن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، تەمىمنىڭ خاتىرىسىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى خۇددى بىرەر ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ياكى بىرەر ئالىمنىڭ بەرگەن سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش شەكلىدە يېزىلغانلىقىنى ئەستىقلايدۇ. تەمىمنىڭ خاتىرىسىنى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ۋاستە بولغان كىشىلەر تۆۋەندىكىدەك رەتكە تۇرغۇزغان:




ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بۇ مەنبەلەر ياقۇتىنىڭ ئەسەرلىرىدە دەلىل قىلىنغاندا «بارسخان» دېگەن توغرا نامنىڭ ئورنىغا ئېنىق قىلىپ «نۇشاجان» دەپ ئېلىنىپ قالغان. بۇنىڭغا

ئوخشاش خاتا يېزىلىش ھادىسىسى يۇقىرىقى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەنلەرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا ئۇچرايدۇ. پەقەت كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئاپتورلاردىن مۇقەددەسى (muqaddasi)، گەردىزى، مەھمۇد قەشقەرىيلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە، «ھۇدۇدۇلئالەم»دە Barskhan دەپ ئېلىنغان.

تەمىم خاتىرىسىنىڭ يېزىلىش ئىشلەنگەن تېكىستىدە، مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى تۈرك خانلىقى تارىخىغا ئالاقىدار بىرقانچە تەپسىلاتنى ئۆزگەرتىپ چىقىشقا مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرغان. ناھايىتى مىغىزلىق ۋە مۇھىم بولغان تۆۋەندىكى پاكىتلار مەزكۇر ماقالىنىڭ ئوقۇرمەنلىرى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە:

ئەڭ بۇرۇنقى خانلىق «تۈرك» مىلادىيە 552- يىلى قۇرۇلغان. كېيىن تېزلا مۇستەقىل ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەن. شەرقىي تۈركلەر ئورخۇن (ھازىرقى موڭغۇلىيە) ۋادىسىدا، غەربىي تۈركلەر ئېرتىش (شەرقتە) بىلەن تالاس (غەربتە) ئارىلىقىدا ھاكىمىيەت ئورناتقان. شەرقىي تۈركلەر جۇڭگوغا يېقىن جايدا ياشىغان ھەم دائىم بېسىپ كەلگەن. غەربىي تۈركلەر 10 قەبىلە بولۇپ، ئىككى ئىتتىپاققا بۆلۈنۈپ باشتا ساسانىيلارنىڭ، كېيىن ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ ئىتتىپاقچىسىغا ئايلانغان. بىر مەزگىل غەربىي تۈركلەر ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان شەرقىي تۈركلەرنى غەربىي تەرەپتىن قوغدىغان. بىراق، 689- يىلىغىچە تۈركلەر ئىتتىپاقى ۋاقتىنچە شەرقىي تۈركلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە قايتا قۇرۇلغان. شەرقىي تۈرك خانلىقى744- يىلى ئۇيغۇرلار باشچىلىقىدىكى ئۈچ قەبىلىدىن تۈزۈلگەن ئىتتىپاق بولۇپ، 840- يىلىغىچە مەۋجۇت

بولدى. 840- يىلىدىن كېيىن ئۇلار قىرغىزلار تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قالدۇق قىسمى ئاساسەن غەربكە كۆچۈپ ئىككى خانلىقنى بەرپا قىلدى. بۇلارنىڭ بىرى گەنسۇدا (847- يىلىدىن كېيىن)، يەنە بىرى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىدىكى تۇرپان رايونىدا قۇرۇلدى (866- يىلىدىن كېيىن).

بۇ جايدا ئۈچ نۇقتىنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەك:

1) تۈركلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئىككى گۇرۇپپىسى؛

2) شەرقىي ھەم غەربىي تۈركلەرنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى ئوخشىمايدىغان تەرەققىيات؛

3) 744 — 840- يىللىرى ھەم 840- يىلىدىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن كۈللەنگەن پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان ئىككى تېررىتورىيە.

## 1. ئەرەبچە تېكستى

(قىسقارتىلدى)

## 2. تەرجىمىسى

1. تەمىم ئىبنى بەھر ئەل مۇتەۋۋىنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇلار (تۈركلەر)نىڭ ئېلى بەكلا سوغۇق بولۇپ، بىر يىل ئىچىدە پەقەت ئالتە ئايلا سەپەر قىلىشقا بولاتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ توققۇز ئوغۇز خانلىقىغا قاغان ئەۋەتىپ بەرگەن. ئۇ ئاتقا مىنىپ سايابەتكە بارغان بولۇپ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە كېچە - كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، ناھايىتى جاپالىق سەپەرنى باشتىن كۆچۈرگەن. ئۇ 20 كۈن يايلاقتا سەپەر قىلغان ئىكەن. بۇلاق ۋە

گۈل- چېچەكلەر بولۇق بولسىمۇ، بىراق نە يېزا ياكى شەھەر يوق بولۇپ، بۇ يەردە پەقەت خىزمەتكە مەسئۇل ئازغىنە كىشىلەرلا چېدىرلاردا تۇرىدىكەن. ئۇ 20 كۈنلۈك ئوزۇقنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغان ئىكەن. چۈنكى ئۇ، بۇ دۆلەتنىڭ[9] ئەھۋالىنى ھەم بۇ سەپەرنىڭ 20 كۈنلۈك يايلاق سەپىرى ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. شۇ 20 كۈنلۈك يايلاق سەپىرىدىن كېيىن، ئۇ يەنە بىر- بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن كاتتا ئىمارەتلىك يېزىلارنى ئارىلاپ 20 كۈن سەپەر قىلدى. بۇ جاينىڭ پۇقرالىرى ھەممىسى ياكى كۆپ قىسمى تۈركلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتقا چوقۇنىدىغانلار بولۇپ، ئۇلار ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئىكەن. شۇ كۈنلەردىن كېيىن ئۇ پادىشاھنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى.

2. ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇ شەھەر ناھايىتى چوڭ، شۇنداقلا ئۇ يەرنىڭ تېرىقچىلىقى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى ناھايىتى ياخشى ۋە بولۇق rustaqs بىلەن ئورالغان. يېزىلىرى بىر- بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ ناھايىتى چوڭ 12 تۆمۈر دەرۋازىسى بار ئىكەن. شەھەرنىڭ نوپۇسى كۆپ، قىستاڭ بازارلىرى ھەم ھەر خىل تىجارەتلىرى بەكمۇ روناق تاپقان ئىكەن. شەھەر خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى زەرنەدىقە (zindiq) دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن.

3. ئۇ بۇ شەھەرنىڭ چىن (جۇڭگو)دىن قانچىلىك يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەپ باققانلىقىنى، ئۇنىڭ مۆلچەرىچە ئارىلىقنىڭ 300 پەرسەخ ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. شۇنداقلا ئۇ يەنە: «بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن بولۇشى مۇمكىن» دېگەننى قېتىپ قويغان.

4. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «توققۇز ئوغۇز پادىشاھى شەھىرىنىڭ ئوڭ (جەنۇب)[10] تەرىپى باشقىلار بىلەن زادىلا بېرىش - كېلىش قىلمايدىغان تۈركلەرنىڭ زېمىنى. پادىشاھ شەھىرىنىڭ سول تەرىپىدە قىماقلار، ئالدىدا چىن دۆلىتى بار.»

5. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، (قاغاننىڭ) شەھىرىگە بەش پەرسەخ كېلىدىغان جايدىن پادىشاھنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان چېدىرىنى كۆرگەن. بۇ چېدىر سېپىل ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ 100 ئادەم سىغقۇدەك چوڭلۇقتا ئىكەن.

6. ئۇنىڭ يېزىشىچە، توققۇز ئوغۇز پادىشاھىنىڭ قاغانى جۇڭگو پادىشاھى بىلەن قۇدىلىشىش ئارقىلىق تۇغقاندارچىلىق ئورناتقان بولۇپ، جۇڭگو خانى توققۇز ئوغۇز خانلىقىغا ھەر يىلى 500 مىڭ توپ يىپەك ئەۋەتىپ بېرىدىكەن.

7. ئۇ يەنە يۇقىرى نوشاجان (بارسخان) بىلەن ئەل شاش (تاشكەنت)نىڭ ئارىلىقى — تارازدىن ئۆتۈپ ماڭغاندا كارۋان سەپىرى ئۈچۈن 40 مۇساپىلىك يول بولۇپ، ئۇ، بۇ يولنى ئاتلىق بىر ئايدا بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

8. ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، يۇقىرى نوشاجاندا تۆت چوڭ شەھەر ۋە تۆت كىچىك شەھەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ پەرەز قىلىشىچە، ئەسكەرلەر كۆل بويىغا جايلاشقان بىر شەھەرگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇلار تولۇق قوراللانغان 20 مىڭ ئاتلىق ئىكەن. تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدە ئۇلاردىن كۈچلۈكلىرى يوق بولۇپ، ئەگەر ئۇلار قارلۇقلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن توپلاشسا، ئۇلاردىن 100 ئادەم بولسا، قارلۇقلاردىن 1000 ئادەم بولسىمۇ، ئۇلار قوتۇلۇپ چىقالايدىكەن.

9. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كۆل كۋادرات شەكىللىك بولۇپ،

ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار قورشاپ تۇرىدىكەن. بۇ تاغلاردىن ھەر تۈرلۈك دەرەخلەر تېپىلىدىكەن. ئۇ: «بۇ يەردە بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ خارابىسى بار ئىكەن. تۈركلەردىن بۇ شەھەرنىڭ كىملەر تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقىنى، كىملەرنىڭ ياشىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قاچان خارابىلىككە ئايلانغانلىقىنى بىلىدىغان بىرمۇ كىشىنى ئۇچرىتالمىدىم» دەيدۇ. بۇ جايدا بىر دەريا بار بولۇپ، ئۇ شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدىكەن. ھېچكىم بۇ دەريانىڭ ئاستىغا شۇڭغۇپ چۈشەلمەيدىكەن. ئۇ: «مەن بۇ دۇنيادا ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان تۈرلۈك سۇ ھايۋانلىرىنى كۆردۈم. مەن يەنە باشقا دۆلەتلەردە ئۇچرىتىپ باقمىغان تۈرلۈك قۇشلارنى كۆردۈم» دەيدۇ. ئۇ يەنە: «شۇ جايغا يېقىن بولغان يېزا خەلقى ھەم نوشاجانلىقلار ھەر يىلى ئەتىيازدا دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ بۇ جاينى تاۋاپ قىلىشىدۇ»، «كۆلگە تىبەت، توققۇز ئوغۇز ھەم قىماق تەرەپتىن بولۇپ چوڭ ـ كىچىك 150 ئېقىننىڭ سۈيى قۇيۇلىدىكەن»دەيدۇ.

10 . ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇنىڭ (؟) ئۇزۇنلۇقى تۆگىلىك سەپەر ئۈچۈن 40 كۈنلۈك بولسىمۇ، ئاتلىق ئادەم (بۇ ئارىلىقنى) تېز يۈرسە بىر ئايدا بېسىپ بولالايدىكەن.

11 . ئۇ بايان قىلىپ، ئۇ توققۇز ئوغۇز پادىشاھىنىڭ شەھىرىگە قوشنا بولغان شەھەرگە تىكلىگەن قاغان بارگاھىغا كەلگەندە، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھىنى كۆرگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى پەرەز قىلىپ كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ بارگاھى ئەتراپىدا باشقا نەرسىلەرنى تىلغا ئالمىغاندا 12 مىڭ قاۋۇل (ئەسكەر) بار ئىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە: ئۇنىڭدىن باشقا 17 ئاتامان بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ قولىدا 13 مىڭ ئەسكەر

بار ئىكەن، ھەر ئىككى ئاتامان قارارگاھى ئارىلىقىدا بىردىن قاراۋۇللۇق ئورنى بار ئىكەن. ئاتامانلار بىلەن قاراۋۇللۇق ئورنى بىر- بىرىگە تۇتاش بولۇپ، چەمبەر (ھالقا)نى شەكىللەندۈرگەن ئىكەن. بۇ چەمبەرسىمان شەكىلدىن ئەسكەرلەرگە قارىتىلغان يۆنىلىشتە تۆت ئېغىز ئېچىلغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: پادىشاھ ھەم ئەسكەرلەرنىڭ بارلىق ھايۋانلىرى (ئات) پادىشاھنىڭ قارارگاھى بىلەن ئاتامانلار تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن جاينىڭ ئارىلىقىدا يايلايدىكەن. بىرمۇ ھايۋان بۇ دالىدىن قېچىپ چىقىپ كېتەلمەيدىكەن.

12. ئۇنىڭدىن قىماقلارغا بارىدىغان يول ھەققىدە سورىساق، ئۇ مۇنداق دېدى: «Taraz (تەراز)دىن kiwakib[11] دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى يېزىغىچە بولغان ئارىلىق بەكمۇ ئاۋات جاي ئىكەن. Taraz دىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئارىلىقى يەتتە پەرسەخ كېلىدىكەن. بۇ جايدا قۇملۇق، ئوتلاق ۋە تۇزلەڭلىكلەر كۆپ بولۇپ، ئوتلىرى بولۇق، بۇلاقلىرى كۆپ ئىكەن. بۇ جاي قىماقلارنىڭ ياپلىقى بولۇپ، ئۇ سەپەر يولىدا پادىشاھ ھەم ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ چېدىرلىرىنى، ئۇلارغا قوشنا يېزىدا ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەرنى ئۇچراتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. پادىشاھ بىر جايدىن باشقا جايغا بارماقچى بولسا، ياپلاقنى بويلاپ ماڭىدىكەن. پادىشاھنىڭ چارۋىلىرى ساناقسىز ئىكەن. ئۇ ئەسكەرلەرنى ھېسابلاپ چىققان ھەم ئۇلارنىڭ 20 مىڭچە ئاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن[12].

13. ئەبۇل فازىل ئەل ۋاسجىردىنىڭ بايان قىلىشىچە، ھارۇن رەشىد زامانىدا (786 — 809) توققۇز ئوغۇز خانى ئىككى قېتىم ئەسكەرلەرنى باشلاپ جۇڭگو خانلىقىغا قارشى چىققان[13].

بىراق، بۇنداق ئىش ئەل مەھدى زامانى (775 — 785)دىمۇ يۈز بەرگەن دېيىلىدۇ. بۇ(؟) ئۇرۇش سۇرۇشان (surushana) بىلەن سەمەرقەنتكە يېقىن جايىنىڭ ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن. سەمەرقەنت نائىبى ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە مەيدان ئۇرۇش قىلغان ھەم بەزى جەڭلەر بەكمۇ دەھشەتلىك بولغان. (خۇدا) سەمەرقەنت ھۆكۈمرانىغا نۇسرەت ئاتا قىلغان. ئۇ رەقىبلىرى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن. شۇنداقلا ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەگەشكۈچىلىرىنى ئۆلتۈرگەن. ئېيتىلىشىچە، ئاتلىق ۋە پىيادە جۈڭگو ئەسكەرلىرىدىن 600 مىڭنى ئەسىرگە ئالغان. مۇسۇلمانلار ناھايىتى كۆپ ئولجا ئالغان بولۇپ، بەزى پۇقرالارنى باللىرى بىلەن ئەسىر ئالغان. ئۇلار سەمەرقەنتتە قەغەز ھەم ھەر خىل ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ياسىغان. بۇ نەرسىلەر پۈتكۈل خۇراسان بويىچە يالغۇز سەمەرقەنتتە ئىشلەپچىقىرىلغان.

14 . تۈرك ئېلىدە يامغۇر، قار ۋە سوغۇق تىلىگەندە كېرەك قىلىدىغان تاشلارنى كۆردۈم. ئۇ، بۇ تاش ھەققىدىكى ھېكايىنى ھەممە كىشى بىلىدىكەن. شۇنداقلا ئۇ كەڭ تارقالغان بولۇپ، ھېچقايسى تۈرك ئۇنى ئىنكار قىلمايدىكەن. بۇ تاشلار ئاساسلىقى توققۇز ئوغۇز خانىدىلا بولۇپ[14]، باشقا تۈرك خانلىرىدا بۇنداق تاش يوقكەن.

15 . ئەبۇ ئابدۇللا ئەل ھۇسەيىن بىننى ئۇستاد خۇيا ئۆزىنىڭ ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم بىننى ئەل ھەسەندىن، ھىشام بىننى لوخراسىپ ئەل ساھىپ (؟) ئەل كەلبىدىن، ئەبۇ مالھىدىن، ئىبنى ئابباستىن ئاڭلىغانلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئېيتىپ بەردى: ئىبراھىم تىنچلىق دەۋرىدە، سارا ئۆلۈپ كەتكىچە ئۇنىڭدىن باشقا بىرىگە ئۆيلەنمەپتۇ. ئۇ ئۆلۈپ

كەتكەندىن كېيىن، ساپ ئەرەب قان سىستېمىسىدىن بولغان خانتۇرابىنىت مەقتۇر دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئايال بىلەن توي قىپتۇ ھەم ئۇلار ساياھەتنى باشلاپتۇ. ئۇلار خۇراسانغا يەتكەندە، شۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ كۆپىيىپتۇ ھەمدە شۇ نام (؟) ئاستىدا ئۇلارغا قارشى تۇرغانلارنى باستۇرۇپتۇ. بۇ ھېكايە نوھنىڭ ئوغلى يافەسنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئوغۇل خازار (khazar)غا ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇلارغا بىغىشلاپ ئۇلار بىلەن ئەھدى تۈزۈشۈپتۇ ھەم ئۆزئارا تويلىشىپتۇ. بەزىلىرى ئۇلار بىلەن تۇرۇپ قېلىشىپتۇ، قالغانلىرى بولسا ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

## 3 . شەرھى

### 1 . توققۇز ئوغۇز

تەمىمنىڭ توققۇز ئوغۇزلارغا قىلغان ساياھىتى توغرىسىدىكى خاتىرىنى بىرقانچە نۇقتىدا بويىچە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەي تۇرۇپ تولۇق چۈشەنگىلى بولمايدۇ[15].

1 . «توققۇز ئوغۇز» دېگەن سۆز (نام) ئەڭ دەسلەپتە ئورخۇن ئابىدىلىرىدە ئۇچرايدۇ. بىراق، ئۇ قاغاننىڭ ئۆز قەبىلىسى نامىدا تىلغا ئېلىنمايدۇ. شەرقىي تۈرك قاغانلىرى ھەققىدىكى مەزمۇن جەھەتتە بىردەكلىككە ئىگە ئىككى مەڭگۈ تاش ۋە تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى (تەخمىنەن مىلادىيە 720- يىلى)دا «تۈرك» ئاتالغۇسى ھۆكۈمرانغا ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە قارىتا ئىشلىتىلگەن. تۆۋەندىكى نەقىلدىن ئومۇمىي ئەھۋالنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

قاغان مۇنداق دەيدۇ: «تۈركەش قاغان ئۆز تۈركلىرىم ئىدى» دېگەن. ئۇ يەنە توققۇز ئوغۇزلارنى «ئۆز خەلقىم ئىدى» دېگەن. بىراق، تۈرك قاغانى ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ئون ئوقلارغا قارشى تۇرغان. ئون ئوقلار بولسا تۈركەش قاغانىنىڭ خەلقى ئىدى. ئۇلار شۇنداقلا توققۇز ئوغۇزلارغىمۇ قارشى تۇرغان. تونيۇقۇقنىڭ بايانىدا تۈركەش قاغان «بىز ئوغۇزلار» دەيدۇ ھەم تۈركلەرگە قارشى تۇرۇشنى پىلانلايدۇ. چۈنكى، «ئوغۇزلار ئۇلارنىڭ قاراملىقىدا بولغاچ، توپىلاڭ كۆتۈردى». تونيۇقۇق مەڭگۈ تاشنى بىلگە قاغانىنىڭ «تۈرك ھەم ئوغۇزلار» ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەنلىكىنى مەدھىيىلەش بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان.

بۇ نەقىللەر تۈركلەرنىڭ ئېتنىك ئىتتىپاقىنى، ئون ئوقلار، توققۇز ئوغۇزلار ھەم ئوغۇزلارنىڭ تۈركلەرنىڭ شىمالىدا ياشىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بىراق، سىياسىي جەھەتتىن بۇ گۇرۇپپىلار بىرلەشمىگەن ياكى پارچىلىۋېتىلگەن. شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، «توققۇز ئوغۇز» نامى ياكى شەرقىي تۈركلەر ئىتتىپاقىنىڭ يادروسى بولغان «تۈرك»لەرنى كۆرسەتمىگەن ياكى غەربىي تۈركلەر ئىتتىپاقىنىڭ نامى «ئون ئوقلار»نى بىلدۈرمىگەن. (بۇ دەۋردە تۈركەشلەر رەھبەرلىك قىلغان، ئۇزاق ئۆتمەي يېڭى ئىتتىپاق بولغان ئازلار مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن[16]).

2 · 840- يىلى ئورخۇن ۋادىسىدىكى تۈركلەرنىڭ ئورنىنى ئۇيغۇرلار ئىگىلىدى. بۇ يېڭى رەھبەرلىك ئىتتىپاقى ئەسلىي تۆلەس ئىتتىپاقىغا مەنسۇپ بولۇپ، سىلىنگا ۋادىسىدا ياشىغان شۇنداقلا ئىلتەبىرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى.

ئۇيغۇر مەڭگۈ تاش ماتېرىياللىرى تۈرك مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىغا قارىغاندا ياخشى ساقلانمىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بىرىنچى قاغانىغا مەنسۇپ تولىمۇ قىممەتلىك مەڭگۈ تاشتا تۈركلەرنىڭ ئاخىرقى قاغانىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكى ھەققىدىكى بايانلىرىدىن بىرقانچە قۇر بۇزۇلۇپ كەتكەن[17]. سۇجىن — داۋا مەڭگۈ تېشىدىكى بايانلار خۇسۇسىي ما-تېرىياللار بولۇپ، ئۇنىڭ مىلادىيە 840- يىلىدىن كېيىنكى يىللارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن[18]. كىشىنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەك قوزغايدىغىنى 821- يىلىدىن كېيىن تىكلەنگەن مەڭگۈ تاش بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئېتىقادىنى مانى دىنىغا ئۆزگەرتكەنلىكى بايان قىلىنغان. خەنزۇچە تەرجىمىسىدە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار ئاز- تولا بايقىلىدۇ. سوغدىچە بايانلارنىڭ بەزى تەپسىلاتلاردا ياردىمى بار. بىراق، تۈركچە يۈزى پايدىلانغىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن[19].

شىنە - usu (shine-usu) مەڭگۈ تېشىدا قاغان «ئون ئۇيغۇر ھەم توققۇز ئوغۇزلار»نىڭ ماكانىنى كۆرسەتكەن(N3) ھەم قاغان توققۇز ئوغۇزلارنى «ئۆز خەلقىم» (N5) دېگەن. ئۇ تۈرك خەلقىنى يوقاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ(N10). «ئۈچ قارلۇق» (N11) يەنە «سەككىز ئوغۇز ھەم توققۇز تاتار» (E1) توققۇز ئوغۇزلار (E10)، چىكلارغا تۇتۇق بەلگىلەش(S2)؛ تۈركەش ھەم قارلۇق (S5)؛ جۇڭگودىكى ئوغۇز تۈركلىرى (S8) چىگىل ھەم قارلۇق تۇتۇقلىرى (S11) تۈركەشلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن. قارلۇقلار (W1) «ئۈچ قارلۇق» (W2) ئۈچ تۇغلۇقلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى I (تۈركلەرمۇ؟) (S7) دېگەنلەر تىلغا ئېلىنغان.

بۇ تىزىملىكتىن شۇ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئون ئۇيغۇر ئىتتىپاقى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پەرقى بار. ھەيران قالارلىقى ئۇيغۇرلار (شۇ ۋاقىتتا؟) ئون ئۇرۇقتىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، جۇڭگو مەنبەلىرىدە[20] پەقەت توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىسىلا تىلغا ئېلىنىدۇ. بىز يەنە ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئۆز ئەجدادلىرى بولغان تۈرك قاغانىغا ئوخشاش، توققۇز ئوغۇزلارنى ئۆزلىرىگە تەۋە خەلق، دەپ ئېتىقانلىقىنى كۆرىمىز. شۇڭلاشقا، توققۇز ئوغۇزلارنى ئۇيغۇرلارمۇ، تۈركلەرمۇ ئۆزلىرىگە تەۋە دەپ قارايدىغان ئوتتۇرىدىكى بىر ئىتتىپاق بولۇشى مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قاقالمايمىز.

پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئورخۇن ۋادىسىنىڭ قەبىلە تۈزۈلۈشىنى ئېنىق بېكىتكىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا بۇ قەبىلە ھەم ئىتتىپاقلار كۆچمەن چارۋىچىلىق ئەمەلىيىتىگە ماس ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ساداقىتىنى ئۆزگەرتىپ تۇرغان.

X IV ئەسىردە ياشىغان راشىددىن «ئۇيغۇرىستان» ھەققىدىكى رىۋايىتىدە، ئون دەريا بويىدا ئون ئۇيغۇرلار ياشايدۇ، توققۇز دەريا بويىدا توققۇز ئۇيغۇرلار ياشايدۇ، دېگەن خاتىرىنى قالدۇرغان. بۇلار شۇبھىسىز، شىنە - (shine-usu)usu مەڭگۇ تېشىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى ئىتتىپاق ئىدى.

بىز شۇنداق پەرەز قىلالايمىزكى، توققۇز ئۇرۇقتىن تۈزۈلگەن بۇ ئىتتىپاق ئۇيغۇرنى يادرو قىلغان خەلقتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ كېيىن پۈتكۈل ئىتتىپاقنىڭ نامى بولۇپ قالغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. ئەپسۇسكى، بۇ پەرىزىمىز نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر خانى بىرىنچى قېتىم ئون ئۇيغۇرلارنى تىلغا ئالغان، يەنى نېمە ئۈچۈن ئون ئۇيغۇر بىلەن توققۇز ئوغۇزلارغا

پەرقلىق مۇئامىلىدە بولغان دېگەندەك سوئاللارنى پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭغا تېخىچە قايىل قىلارلىق جاۋاب يوق.

3. ئىسلام مەنبەلىرىدە تۈركلەر، يەنى شەرقىي تۈركلەر (مىلادىيە 689- يىلى غەربىي تۈركلەرنىڭ تېررىتورىيىسىنى بېسىۋالغاندىن كېيىنكى) ھەم كېيىنكى شەرقىي تۈركلەرگە ۋارىسلىق قىلغان (تۈركەش، ئازى ھەم قارلۇقلار) تۈركلەر ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆرەشلەرگە دائىر تەپسىلىي خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. بۇ مۇناسىۋەتلەر نۇقتىسىدىن ئەڭ بۇرۇنقى مەنبەلەردە پەقەت «تۈرك» نامىلا قوللىنىلغان. تەبەرىنىڭ بۈيۈك تارىخى كىتابىدا بۇ نام بىرىنچى بۆلۈمدە 74 قېتىم، ئىككىنچى بۆلۈمدە 121 قېتىم، ئۈچىنچى بۆلۈمدە 111 قېتىم كۆرۈلىدۇ. پەقەت بىرلا جايدا، يەنى 820- يىلىدا تەبەرى (ئۈچىنچى بۆلۈم 1044- بەتتە) بۇ نامنى توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە تارىخچى يەئقۇبى (ئۇ خۇراسان ھەم ماۋارەئۇننەھرنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق مول بىلىمگە ئىگە كىشى ئىدى) توققۇز ئوغۇز دېگەن نامنى 809-، 810- يىل ئاستىدا بىر قېتىم (II، 479)، 806- يىلىدىن كېيىن بىر قېتىم (II، 538) بولۇپ، جەمئىي ئىككى قېتىم تىلغا ئالغان. بىز بۇ مەسىلىلەر توغرۇلۇق «خۇلاسە»دە مەخسۇس توختىلىمىز. بۇ جايدىكى توققۇز ئوغۇز نامى ھەققىدىكى مۇھىم پاكىت ئەسلىي مەنبەسىنىڭ قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇيغۇرلار ئورخۇن ۋادىسىدا قۇدرەت تاپقاندا[21]، بۇ نام مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ تارىخنامىلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ئىدى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئىسلام مەنبەسىدە، ئېنىقكى

توققۇز ئوغۇز نامى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن ۋادىسىدىكى پادىشاھلىقى قىرغىزلار تەرىپىدىن بىتچىت قىلىنىۋېتىلگەندىن كېيىن[22] تيانشان رايونلىرىدا ۋە گەنجۇ رايونلىرىدا قۇرغان يېڭى خانلىقىنى كۆرسەتكەن.

4. مەسئۇدىنىڭ ئەسىرىدىكى ئىككى بۆلەك بىزنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ(بىرىنچى بۆلۈم 288- بەت ھەم بىرىنچى بۆلۈم 1 — 312- بەت). ئالدى بىلەن مەسئۇدى يافەسنىڭ ۋارىسلىرىنى ساناپ كېلىپ: «ئۇلار تۈركلەر، قارلۇقلار ھەم توققۇز ئوغۇزلاردۇر. ئۇلار كېيىن كۇشان (تۇرپانغا يېقىن) شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولۇپ قالغان. بۇ خانلىق خۇراسان بىلەن جۇڭگونىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. بىزنىڭ دەۋرىمىزدە دۆلەتنى ئىدارە قىلغانلاردىن، يەنى (943- يىللىرى) تۈرك قەبىلىلىرى ھەم تۈركلەر ئىچىدە توققۇز ئوغۇزلاردەك باتۇر، ئۇلاردەك قۇدرەتلىك ھەم ئۇلاردەك مۇستەھكەملىرى يوق. ئۇلارنىڭ قاغانى ئۇيغۇر خان بولۇپ، مانى دىنىغا ئىشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا تۈركلەر يوق. باشقا تۈركلەردىن قىماقلار، بارسخانلىقلار، ئەل بدىيا[23] ، ئەل جىغرىيا[24]لار بار. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوغۇزلار ئەڭ كۈچلۈك، قارلۇقلار بولسا گەۋدىلىك، ئەڭ ئېگىز، گۈزەل كېلىدۇ. ئۇلار پەرغانە ھەم شاش (تاشكەنت) رايونىدا ھەم بۇ يەرگە يېقىن جايلاردا ياشايدۇ. ئۇلار (قارلۇق دېگەندىن تۈرك دېگەن تۈزۈك)نىڭ خانلىقى بار بولۇپ، ئۇلار قاغانلارنىڭ قاغانى ئىدى. ئۇ باشقا تۈرك خانلىقلىرىنى بىرلەشتۈرگەن ھەم بۇ خانلار ئۇنىڭغا بويسۇنغان. بۇ خاقانلاردىن ئاپراسىياب تۈرك بولۇپ، پارسلارنىڭ خانلىقى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. ئۇلاردىن يەنە

شابا[25] ئىسمىلىك بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. بىزنىڭ دەۋرىمىزدە تۈركلەرنىڭ نە خانى، نە بۇ خانغا بېقىنىدىغان باشقا خانلار يوق ئىدى. بۇ سوياب شەھىرى ۋەيران بولغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلار. بۇ شەھەر سەمەرقەنت يايلىقىغا جايلاشقان[26]. بىز ئىل - ئەۋسات كىتابىدا ئاشۇ شەھەردىكى خانلىقنىڭ ھالاك بولۇشى ھەم ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە توختالغان ئىدۇق.

بەزى خاتا چۈشەنچىلەر ۋە ساقلانغىلى بولمايدىغان مۈجمەللىكلەر تۈپەيلىدىن مەسئۇدى سادىق تۈرك خانلىقى (غەربىي ئون ئوقلار)نى تىلغا ئالغان. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە توققۇز ئوغۇز (تيانشاندىكى ئۇيغۇرلار)، قارلۇق، تۈركلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. تۈركلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك قەبىلە غۇزلار بولۇپ، توققۇز ئوغۇزلار دائىم غۇزلاردىن پەرقلىق تىلغا ئېلىنغان.

مەسئۇدىنىڭ ئىككىنچى بۆلەك خاتىرىسىنى تېخىمۇ مۈجمەل خاتىرە دېيىش مۇمكىن. مەسئۇدى خۇاڭ چاۋ توپىلىڭى (877- يىلى) ھەم ئىمپېراتورنىڭ «تۈرك خانى» ئۇيغۇر خانىدىن ياردەم ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئىمپېرىيىنى قايتا قۇرغۇچى شاتۇ شاھزادىسى لى كېيوڭ ئىدى. ئۇنىڭ سالاھىيىتى ھەققىدىكى خاتىرە بەكمۇ توغرا بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن شاتۇ سۇلالىسىدىن ئۈچى 923 — 936، 936 — 946، 946 — 950 - يىللىرى جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بىراق، لى كېيوڭ ئۇيغۇرلاردىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان ئىتتىپاققا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ باش شتابى خۇاڭ خې دەرياسى ۋادىسىدا ئىدى[27].

ئۇنى ئايىرخان، ئايغىرخان، ئۇيغۇر خان دەپ ئاتاش مەسئۇدىنىڭ خاتالىقى ئىدى. ئېنىقكى، ئۇ قەھرىمان لى كېيوڭنى

ئەينى دەۋردىكى ئەڭ كۈچلۈك توققۇز ئوغۇز = تۈرپاندىكى ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىغا مەنسۇپ دەپ ئويلىغان. بۇ خاتىرە مەسئۇدىگە ئەرەب دېڭىزچىلىرى[28]دىن مەلۇم بولغان بولۇپ، ئۇلار جۇڭگونىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىنىڭ پەرقىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان كىشىلەر ئىدى. بارتولد بولسا مەسئۇدىنىڭ ئاشۇ خاتا تېرمىنولوگىيىسىدىن قايمۇقۇپ قالغان كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى[29].

5. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ مەنبەسى توغرۇلۇق كېيىنكى ئالىملاردىن ماكۋارت ھەم بارتولد ئوخشىمىغان كۆزقاراشتا بولدى. ئالدىنقى[30] رېنائود، گويى تومىس ھەم سىكىلگىل[31]نىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، توققۇز ئوغۇزلارنى جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى توققۇز قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان ئۇيغۇرلار بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ قويدى. بارتولد كۆپىنچە ئەرەبلەر ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىقتىكى ئەجدادلىرىغا مەنسۇپ بولغان توققۇز ئوغۇز دېگەن نامنى ئۇيغۇرلارغا ۋە جۇڭگو مەنبەلىرىدە «ئورخۇن تۈركلىرى»دىن كېلىپ چىققان، دەپ قارىلىدىغان شاتولارغا مەنسۇپ قىلىپ قويغان، دەپ قاراپ كەلدى. بۇ توغرا ئەمەس. شۇنداقلا مەزكۇر ماقالىمىز بارتولدنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىدە كۆپلىگەن ئاجىز-لىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە بۇ قاراشنىڭ پۈت تىرەپ تۇ-رالمايدىغانلىقىنى[32]، ماكۋارتنىڭ كۆزقارىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىدى. بىراق، بىز ئۇنىڭ يەنىلا كىشىنى ئويغا سالىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىگە قارىتا ماكۋارت ياكى بارتولد ياقۇتنىڭ ئەسىرىدىن بىرەر ئېنىق خۇلاسىگە كېلەلمىدى. ماكۋارت دەسلەپ خۇردە زىبھ (تەمىمنىڭ خاتىرىسىگە

ئاساسەن) توققۇز ئوغۇزلار ئورخۇندا، دېگەن پىكىرنى قۇۋۋەتلىدى. كېيىن تەمىم زىيارەت قىلىپ، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختىنى گاۋچاڭ (تۇرپان)[33] دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

بارتولد دەسلەپ (1897- يىلى) تەمىمنىڭ ساياھىتىنى IX ئەسىردىن كېيىن ئەمەس دېگەن ئىدى. بارتولد «ھۇدۇدۇلئالەم» (مىلادىيە 986- يىلى)دىكى ھەم ئىدرىسىنىڭ بايانى(مىلادىيە 1154- يىلى)غا ئاساسەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختىنى شەرقىي تيانشانغا يېقىن جايدىن ئىزدەشنى ئېيتقان. كېيىن (1926- يىلى) ئۇ تەمىمنىڭ 760- يىلىدىن بۇرۇن (قارلۇقلار يەتتەسۇ ۋادىسىدا ۋە جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ غەربىدە ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورناتقان ۋاقىت) بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ياكى IX ئەسىر باشلانغاندىن كېيىن (شاتۇ تۈركلىرى بېشبالىقنى بويسۇندۇرغان ۋاقىت) بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان. «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»دە بارتولد قىسقا قىلىپ تەمىمنىڭ قاچان ساياھەت قىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ[34].

«ھۇدۇدۇلئالەم»گە (268- بەت) بەرگەن ئىزاھاتىمدا، مەن ياقۇتنىڭ تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن ئالغان نەقلىنى ئىبنى خۇردەزبەھ، قۇدامە ۋە ئەبۇ دۇلەفلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان نەقىللەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئانالىز قىلغان ئىدىم. بەزى گۇمانلارتۈپەيلىدىن (269- بەت. 4 .n) مەن تەمىم زىيارەت قىلغان پايتەختنىڭ بېشبالىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. ئاخىرقى ۋاقىتلاردا ئىبنى ئەل فەقىھنىڭ ۋەلىدى تەرىپىدىن بايقالغان قولىيازمىنىڭ توققۇز ئوغۇز ھۆكۈمرانى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمرانلىرىنىڭ

قۇدىلىشىپ تۇۋى قىلغانلىقىغا ئالاقىدار ئىنتايىن مۇھىم تولۇقلىما تەپسىلاتلىرىدىن پايدىلاندىم. شۇڭا، مېنىڭ قوشۇمچە ماتېرىيالىمدا (431- بەت) ئىلگىرىكى چۈشەندۈرۈشۈمنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىپ ئۆتتۈم. بۇ ھەقتە مەن مەزكۇر ماقالىدە توختىلىمەن.

## 2 . ئۈچ شەھەر

تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىنى ئانالىز قىلغاندا، بىز يۇقىرىقى ھەم تۆۋەنكى «نۇشاجان»، شۇنداقلا توققۇز ئوغۇز-لارنىڭ پايتەختى قاتارلىق ئۈچ شەھەرنىڭ پەرقىگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. بىز ھازىر نۇشاجان دېگەن نامنىڭ پەقەت قەدىمكى بارسخان نامىنىڭ خاتا ئاتىلىشى ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرالايمىز. بۇنىڭ توغرىسى قۇدامەنىڭ ئەسىرىنىڭ 2634- بەتلىرىدە بايقالغان بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر قاتارىدا ئۇچرايدۇ ھەم يۇقىرىقى پىكىرنى تەستىقلايدۇ. دىۋاننىڭ 14-، 308- بەتلىرىدە، مەھمۇدنىڭ دادىسىنىڭ يۇقىرى بارسخاندىن ئىكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ ھەم Bars(a)ghan تەلەپپۇزىدا خاتىرىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسسىق كۆلگە قۇيۇلىدىغان بىر تارماق دەريا بولۇپ، ئۇ بۇ شەھەردە ئىزچىل Ton (Tong) دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ ئېھتىمال بارسخان دېگەن نام بىلەن Tong نامىنىڭ تۈركنىڭ ئوغلىغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت بىلەن باغلىنىشى بارلىقىدا بولسا كېرەك[35].

1 . «تۆۋەنكى» بارسخان تارازنىڭ شەرقىدىن ئۈچ پەرسەخ

يىراقلىقتا ياكى سەمەرقەنتنىڭ شەرقىدىن 50 — 60 پەرسەخ يىراقلىقتا (قۇدامە، 262- بەت 2-، 15- قۇر). قۇدامە ئۇنى «قىماق تەرەپتىكى Khallukhsنىڭ بىرىنچى قاراۋۇلىدا» دەپ بايان قىلىدۇ. تۇۋۇنكى بارسخان بىر كىرىش ئېغىزى بولۇپ ساياھەتچىلەر مۇشۇ يەر ئارقىلىق غەرب تەرەپتىن ياپلاق دۇنياسىغا كىرەتتى.

2 . «يۇقىرىقى» بارسخان نامى ئوخشاپ كېتىدىغان تۇۋۇنكى بارسخاننىڭ 500 كىلومېتىر شەرقىدە. بۇ ئىككى ئىسىمنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش تېكىستنى چۈشىنىشتە ئېغىر خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يۇقىرىقى بارسخان ئىسسىق كۆل بويىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ مەھمۇد قەشقەرى تەرىپىدىن ناھايىتى ئېنىق ئىسپاتلانغان(III توم، 99 - بەت).

تەمىمنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، يۇقىرىقى بارسخان تۈت چوڭراق، بەش كىچىكرەك شەھەردىن تۈزۈلگەن. A.N . پىرنشتام باشچىلىقىدىكى يېقىنقى ئارخېئولوگىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر، بىزنىڭ ئىسسىق كۆل ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى ھەقىقەتەن ئىلگىرى سۈردى. بارسخاننىڭ مۇرەككەپ ئاھالىسى ئاساسەن كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، غەرب تەرەپتىن ئۇنى بىر زور تام قورشاپ تۇرىدۇ. (Koltsonka يېزىسىغا يېقىن)، ئۇنىڭ داۋامى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان بولۇپ، جەنۇبتىن ئىسسىق كۆل ۋادىسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ باشلىنىش ئارىلىقىدىكى تولۇق ئېقىنى بىلەن تاغلار ئارىسىغا جايلاشقان. بۇ ئاھالىلەر كۆلنىڭ شەرقىي بۇرجىكىگە قاراپ يۆتكەلگەن (خارابىسى Tup دەرياسىنىڭ ئەگىمىسىگە يېقىن). ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ئالتە ئارخېئولوگىيىلىك نۇقتا مۇشۇ سوزۇلما

رايوندىن بايقالغان ئىدى. قالغانلىرىنى بەلكىم كۆل سۇيى ئېقىتىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن[36].

تەمىمنىڭ كۆل قىرغىقى توغرىسىدىكى بايانى خاتا. ئەمەلىيەتتە، ئۇنى شۇەن زاڭ قالدۇرغان ئىسسىق كۆل توغرىسىدىكى بايان بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا پەرقلىنىدىغانلىقىنى بايقايمىز. تېكىست: «ئىسسىق كۆلنىڭ» دائىرىسى 1000 چاقىرىم (تەخمىنەن 500 كىلومېتىر) كېلىدۇ. بۇ كۆلنىڭ شەرقتىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى جەنۇبتىن شىمالغا بولغان ئارىلىقىدىنمۇ ئۇزۇن. كىچىككىنە شامال چىقسا نەچچە گەز ئېگىزلىكتە دولقۇن كۆتۈرۈلىدىغان بولۇپ، قارىغان كىشىنى سۈر باسىدۇ. تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان بولۇپ، بۇ كۆلگە قۇيۇلىدىغان دەريالارنىڭ سۇلىرى تۇم قارا كۆرۈنىدۇ. كۆلنىڭ سۇيى بەكلا سۈرلۈك، بۇ كۆلدە ئەجدىها بىلەن بېلىق بىللە ياشايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەر بۇ جايدا جىن - ئەرۋاھلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا، ئۆتكەن - كەچكەن سەيياھلارنىڭ بۇ جايدا بەخت - سائادەت تەمەسىدە تىلاۋەت قىلمايدىغىنى يوق. سۇدا ھەر خىل جانلىقلار كۆپ بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇلارنى تۇتۇشقا پېتىنالمايدۇ.

تەمىمنىڭ ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى (كۆلنىڭمۇ؟) 40 كۈنلۈك (ئاخىردا 30 كۈنلۈك) دېگەنلىكىنىڭ نېمىنى بىلدۈرىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بەلكىم، بەزى خاتالىقلار تۈپەيلى بۇ ئارىلىق يەتتىدىن كۆپىيىپ كەتكەن. مۇبادا سىز ئۇنى ئىسسىق كۆلنىڭ دائىرىسى دەپ قارىغاندىمۇ، يەنىلا مۇبالىغە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولىدۇ. گەردىزىنىڭ پەرىزىچە (بارتولد) بۇ كۆل يەتتە ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، 70 تارماق ئېقىنى بار ئىكەن (تەمىمنىڭ ئېيتقىنى 150).

بۇنىڭدىن گەردىزىنىڭ مەنبە جەھەتتىن تەمىمگە تايانمىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

رۇسىيىلىكلەرنىڭ ھېسابلىشىغا قارىغاندا، كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 200 — 210 كىلومېتىر. چوڭقۇرلۇقى ئوخشاشمايدىغان بولۇپ، جەنۇبتىن شىمال تەرەپكە تەخمىنەن 80 — 400 كىلومېتىرغىچە، يىل بويى توڭلىمايدىغان بولۇپ، 40 تارماق ئېقىنى بار، بېلىقلار ناھايىتى كۆپ[37].

3 . «توققۇز ئوغۇزنىڭ پايتەختى تېخىمۇ شەرق تەرەپكە جايلاشقان. 744 — 840 - يىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ پەيتەختى ئورخۇن ۋادىسىدىكى قارابالغاسۇندا ئىدى. 840- يىللىرىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى تيانشان رايونىغا كۆچكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يازلىق پايتەختى بېشبالىق (دائىرىنىڭ شىمالىي يېقىدا)، قىشلىق پايتەختى Kkocho (تۇرپان)دا، يەنى ئاشۇ دائىرىنىڭ جەنۇبىي يېقىدا بولسىمۇ، بىز ئارىلىق توغرىسىدىكى كۆرسەتمىنى مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن، تەمىمنىڭ پايتەختنى زىيارەت قىلغانلىق مەسىلىسىنى مۇلاھىزە قىلمىز. بىراق، قۇدامە ئەسىردىكى يۇقىرى بارسخان بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختى ئوتتۇرىسىدىكى مۇجمەللىكلەرنى سىرىپ تاشلىغاندا، « ۋە چىن مەدىنەت ئەل توققۇز بۇھەيراتون» (تەرجىمىسى) دېگەن ئوقۇش ئۇسۇلى بويىچە قوبۇل قىلىشقا ئاساس ھازىرلىنىدۇ.

گەرچە كۆل (buhayra)نىڭ ئورنىغا قولىيازمىدا «يايلاق» (burriya) سۆزىنى قوللانغان بولسىمۇ، بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبى ئېنىقكى ئۇ تۆۋەندىكى بايانلارغا ئاساسلانغان. (13- قۇر): «توققۇز ئوغۇز شەھىرىگە جايلاشقان بۇ كۆل يىراقتىن تاغ

بىلەن قورشىلىپ تۇرىدۇ. بىراق، تەممىنىڭ تېكىستىدىكى بۇ تەپسىلات ئېنىقكى يۇقىرىقى بارسخانغا مەنسۇپ ئىدى.

## 3. ئارىلىق

بىز ئەمدى لىنىيە ھەم ئارىلىق مەسىلىسىگە كېلىمىز ھەم قۇدامەنىڭ ساياھەت لىنىيىسى بىلەن باشلايمىز. ئۇ كىشىنى ئويغا سالىدىغان مۇھىم سانلىق مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. قۇدامە خاتىرىسىنى 928- يىللاردىن كېيىن، يەنى خۇردە زىبەھتىن يىرىم ئەسىر كېيىن يازغان بولۇپ، ئۇنى خۇردە زىبەھنىڭ خاتىرىسىدىن پايدىلانغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ. بىراق، قۇدامە تەممىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن marhalas ھەم sikka دېگەنلەرنى نەقىل ئالغان بولۇشى مۇمكىن. تەممىنىڭ ئەسلىي قولىيازمىسىدىكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىمۇ خۇردە زىبەھ تەرىپىدىن ئېلىنغان كۆن تەرتىپى يوق، بۇ تەپسىلاتلاردىن مەلۇمكى، باشقا ئەڭ دەسلەپكى تەپسىلاتلار قۇدامەنىڭ تېكىستىدە ئۇچرايدۇ. گەرچە قۇدامەنىڭ ئەسىرىدىكى بايانلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تەرتىپسىز بولسىمۇ، ئەڭ بېشىدا (205- بەت) قۇدامە يولنى پەللىمۇپەللە بايان قىلغان بولۇپ، (A) يولى تارازدىن[38] چۇ دەرياسىغىچە[39]، ئاندىن Narakat شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىق 53 پەرسەخ[40]، ئاندىن بۇ يولدىن ئۈچ پەرسەخ ماڭغاندىن كېيىن Sughur·K·bal (مىنىڭ پەرەزىمچە كېيىنكى بالاساغۇن)غا يېتىپ بارغىلى بولىدىكەن. شۇڭا، يۇقىرىقى بارسخانغىچە بولغان ئارىلىق كارۋان سەپىرى ئۈچۈن يايلاق، بۇلاقلارنى بويلاپ ماڭغاندا 15 كۈنلۈك يول، بىراق تۈرك

چاپارمەنلىرى ئۈچۈن پەقەت ئۈچ كۈنلۈك يول، ئۇلار بەلكىم كۆلنىڭ جەنۇبىي ياكى شىمالىي قىرغىقىنى بويلاپ ماڭغان بولۇشى مۇمكىن. نىمىلا دېمەيلى، Navakatتىن ئۆتكەندىن كېيىنكى يول ئېنىق ئەمەس.

208- بەت قۇدامە پەرغانىدىن يۇقىرىقى بارسخانغىچە بولغان (B)يولنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇ سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىنى بويلاپ تاغلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغىچە يېتىپ بارىدۇ، دېگەن.

تەمىمنىڭ تەكشۈرگەنلىكى ھەققىدە (A ، B يول) ئېنىق خاتىرە يوق[41]. بىراق، تۆۋەنكى ئابزاس شۈبھىسىزكى تەمىمنىڭ خاتىرىسىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇ كىشىنى ئويغا سالىدۇ. 262- بەتتىكى قۇدامەنىڭ تېكىستىدە تەرتىپسىزلىك، قالايمىقانچىلىق مەۋجۇت. تۈركلەرنىڭ چېگرىسى خۇراسان شەھىرىنىڭ ئەڭ[42] مەشھۇرى نۇشاجان، دەپ ئاتىلىدۇ. «ئۇ سەمەرقەنتتىن 60 پەرسەخ يىراقلىقتا بولۇپ، شاش ھەم پەرغانە تەرەپتە بۇ جاي قىماقلارنىڭ قارلۇقلار تەرىپىدىكى بىرىنچى قاراۋۇللۇق ئورنىدا. بۇ چېگرا نۇقتىدىن (thaghr) توققۇز ئوغۇزلارنىڭ شەھىرىگىچە 45 كۈنلۈك (40 كۈنلۈك) سەپەردۇر. بۇنىڭ 20 كۈنىدە ئېقىنلار، بۇلاقلار، يايلاقلار ئۇچرايدۇ. 25 كۈنلۈكى بولسا يېزىلارنى بويلاپ سوزۇلغان...» مۇشۇ تېكىستنى ئاساس قىلغاندا، بۇ 45 كۈنلۈك ئارىلىق (C يول) ھېچقانداق ، تەپسىلىي ساياھەت خاتىرىسى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ، تۆۋەنكى بارسخاننىڭ توققۇز ئوغۇزنىڭ پايتەختىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، (9 - قۇر) قۇدامە يۇقىرىقى بارسخان

بىلەن بالاد ئەل شاش (تاشكەنت) ئارىلىقىنىڭ (D يول) كارۋانلار ئۈچۈن 40 مۇساپىلىك، تېز ماڭغۇچىلار ئۈچۈن 30 كۈنلۈك سەپەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئارىلىق بىۋاستە ھالدا تەمىمنىڭ ئەسىرىنىڭ 7- قۇرىدىن ئېلىنغان. بۇ ئەھۋال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، غەربكىچە بولغان مۇشۇ يول ئۇنىڭ ئاساسلىق سەپەر لىنىيىسى بولغان.

يۇقىرىقى بارسخاندىن توققۇز ئۇغۇز خانلىقىغىچە بولغان ئارىلىقنى (E يول) قۇدامە (209- بەت) پەقەت ئالتە كۈنلۈك ھېسابلىغان. ئۇ بۇ جەھەتتە خۇردە زىبەھنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلغان ئىدى(43). بۇ ئارىلىق قارىغاندا، ئۇيغۇرلار تيانشان رايونىغا كۆچكەندىن كېيىنكى چۈشەندۈرۈشتەك قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، يۇقىرىقى بارسخاندىن بېشبالىق ياكى تۇرپانغىچە بولغان ئارىلىق تەخمىنەن 1000 كىلومېتىر كېلىدىغان بولۇپ، بۇنى ئالتە كۈندە مېڭىپ بولغىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە بۇ يەردىكى كىشىنى قايىل قىلالايدىغان بىردىنبىر شەھىرى «جەيخاننىڭ ئەسىرىدىكى «يۇقىرىقى بارسخاندىن قۇچۇ (تۇرپان)غىچە بولغان يول بويىدا جەمئىي ئالتە تاغىر (نۇقتا) بار» (X ئەسىرنىڭ بېشىدا يازغان) دېگەن بايانى بولۇشى مۇمكىن(44). كېيىنكى ئاپتورلار تاغىرنى مۇساپە دەپ ئالغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق ئەمەلىيەتتە بۇ نۇقتا ياكى تاغىر پەقەت يول ئۈستىدىكى مۇھىم جايلارنى كۆرسىتەتتى، خالاس.

ئىبنى خۇردە زىبەھ تېكىستىدە قۇدامەنىڭ خاتىرىسىدىكى بەزى نۇقتىلار كەم بولسىمۇ، بىراق بەزى نۇقتىلار ھەققىدىكى بايانلىرى خېلىلا مۇكەممەل. ساياھەت خاتىرىسىدە (A) يول (28-، 29- بەتلەر) يەنى تارازدىن Kibalغىچە بولغان ئارىلىق 59 پەرسەخ،

دەپ ھېسابلانغان. قۇدامەگە ئوخشاش 15 كۈن (تۈركلەر ئۈچۈن ئۈچ كۈن)دە يۇقىرىقى بارسخانغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، دېيىلگەن. (B) يول (30- بەت) قۇدامەنىڭ بايان قىلغىنى بىلەن ئوخشاش. (C) ھەم (D) يول بولسا خۇردە زبېھ خاتىرىسىدە قىسقارتىۋېتىلگەن. ئاخىردا ئۇ (30- بەت 12- قۇر) توققۇز ئوغۇزنىڭ پايتەختى بىلەن يۇقىرىقى بارسخاننىڭ ئارىلىقى (E) بىپايان گۈللەنگەن يېزىلاردىن ئۆتىدىغان ئۈچ ئايلىق يول، دەپ قىياس قىلىنغان[45].

مەيلى مەشھەدتىكى قولىيازما بولسۇن، ياكى ياقۇتنىڭ قىسقارتىلغان نەقلىدە بولسۇن ( I توم 840- بەت) تەمىمنىڭ نەدىن يولغا چىققانلىقى كۆرسىتىلمىگەن. بىراق، ئۇلار تەمىمنىڭ 20 كۈن يايلاقنى بويلاپ، 20 كۈن ئاۋات يېزىلارنى بويلاپ بىر كېچە - كۈندۈزدە ئۈچ مۇساپە يول بېسىپ توققۇز ئوغۇزنىڭ پايتەختىگە قاراپ سەپەر قىلغانلىقىنى بايان قىلغان.

مۇساپە بولسا، ئىككى پەللە ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا ئالىملارنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ ئىككى پەرسەخكە توغرا كېلىدۇ. بىراق، بەزى ئىزاھلاردا توغرا ئارىلىقنىڭ تۆت پەرسەخ بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ[46]. ساياھەت قىلغاندا 30 — 35 كىلومېتىر ئارىلىقنى 24 سائەتتە ماڭغاندا بۇنى تېز ماڭغانلىق دېگىلى بولمايدۇ. مۇشۇنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى بەلكىم شۇنداق دېيىشكە بولار. شۇنداق قىلغاندا 40 كۈن ئىچىدە جەمئىي 480 پەرسەخ (2400 — 2880 كىلومېتىر) ياكى 45 كۈن ئىچىدە 540 پەرسەخ (2700 — 3240 كىلومېتىر) يول يۈرۈپ بولغىلى بولىدۇ.

خۇردە زېمىننىڭ تېكىستىدىكى ئابزاسنىڭ تەممىنىڭ خاتىرىسىدىن ئېلىنغانلىقىدا ھېچقانداق شۈبھە يوق. پەقەت «ئۈچ ئاي» يەنى «20 + 20 كۈن»دەپ قوللىنىشتا خۇردە زېمىنى ئۆزى ئەيىبلىك بولسا كېرەك. تەجرىبىلىك ئۆتەڭ باشلىقىغا ئوخشاش، خۇردە زېمە ئانچە تونۇش بولمىغان مۇساپىدىن كۆرە ئاسانراق يولنى تاللاپ ئاسانلا مۇلازىمەت ئورنىغا يېتىپ بارغان. ئۈچ ئاي 90 كۈنگە تەڭ بولۇپ خۇردە زېمە مېڭىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، بەلكىم ئىككى كۈننىڭ تېزلىكىنى بىر كۈندە ئۈچ مۇساپىدىن يول يۈرۈشكە تەڭلەشتۈرگەنلىكىنى ئاساس قىلغان بولسا كېرەك. شۇنداقلا ئېھتىماللىق شۇكى، قۇدامەگە ئوخشاش ئۇ تەممىنىڭ تېكىستتىكى 45 = 25 + 20 دېگىنىنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن. ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئالتە پەرسەخ (35 — 40 كىلومېتىر) يول يۈردى دەپ ھېسابلانسا، ئۇنداقتا 270 پەرسەخ ياكى 1620 — 1800 كىلومېتىرغا تەڭ بولىدۇ. شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بۇ ئارىلىق (خۇردە زېمىنىڭ ھېسابى بويىچە) 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، يۇقىرىقى بارسخاننىڭ تۇرپان ياكى بېشبالىق بىلەن بولغان ئارىلىقىغا تەڭ. مۇبادا بىز تەممىنىڭ ساياھەت جەريانىدىكى ئەسلىي چۈشەندۈرۈشىنى ئاساس قىلساق، بۇ ئارىلىق تەخمىنەن 3000 كىلومېتىر بولىدۇ. چوڭ ـ كىچىك (ئۇزۇن ـ قىسقىلىق) تەرتىپى بويىچە تىزىلسا ئۇ تۆۋەنكى بارسخاندىن تۇرپانغىچە ياكى يۇقىرىقى بارسخاندىن قارابالغاسۇنغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەمەس، بەلكى تۆۋەنكى بارسخاندىن قارابالغاسۇنغىچە بولغان ئارىلىققا تەڭ بولىدۇ.

بىز تەممىم ئوتتۇرىغا قويغان ئارىلىقنى تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن يىغىنچاقلىۋېتەلمەيمىز. پەقەتلا ئۇنىڭ

يازغانلىرىدىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن: (a) ئۇ سەپەرنى تۆۋەنكى بارسخاندىن باشلىغان؛ (b) ئۇ قارابالغاسۇننى زىيارەت قىلغان؛ (c) قايتىش سەپىرىدە ئۇ ھېچبولمىغاندا يۇقىرىقى بارسخاندىن ئۆتكەن. گەردىزى يىنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىن بويلىرىدىكى chikahjKathتىن قىرغىزلار رايونىغا بارىدىغان يولنى بىلىدۇ («ھۇدۇدۇلئالەم» 282- بەتكە قاراڭ). بىراق تەمىم ئورخۇنغا ئۇدۇل يول بىلەن ماڭغان بولغاچقا، قىرغىزلارنى تىلغا ئالمىغان.

خۇلاسە: توققۇز ئوغۇز پايتەختىنىڭ ئۇدۇلىغا جۇڭگو شەھىرى جايلاشقان بولۇپ، ئارىلىق 300 پەرسەخ (تەخمىنەن 1800 كىلومېتىر) ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك كېلىدۇ، دېگەن بايانلاردىن تەخمىنەن جۇڭگونى زىيارەت قىلمىغانلىقىنى، بۇ يەردە ئۇ پەقەت ئۆزى ئاڭلىغان جۇڭگو ھەققىدىكى سۆزلەرنى ئېيتقانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئارىلىق ئۇيغۇر پايتەختىنىڭ ئىككىلىسىگە ئىشلىتىلگەن. پاكىت شۇكى، گەردىزى chinanjkath قوچۇ (تۇرپان)دىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى Khamdan (چاڭئەن)غىچە بولغان ئارىلىقنى 66 كۈنلۈك(«ھۇدۇدۇلئالەم» 229-بەتكە قاراڭ) ياكى تەخمىنەن 2000 كىلومېتىر كېلىدۇ دېگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئورخۇندىكى پايتەختتىن چاڭئەننىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 1650 — 1700 كىلومېتىر بولۇپ، پەقەت قۇش كەبى ئۇچقاندىلا ، ئاندىن تەمىم يۇقىرىدا ئېيتقاندەك بولۇشى مۇمكىن[47].

## 4 . توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختى

توققۇز ئوغۇز پايتەختىگە قوشنا كۆلنى تىلغا ئالغاندا، ئېنىقكى قۇدامەنىڭ خاتىرىسىدىكى مۇشۇ بۆلەك خاتا چۈشەنچە ئىدى (29- بەت)[48]. بۇ جايدا پەقەت پادىشاھ قورغىنىدىكى «ئالتۇن چېدىر»نىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىگە ئالاقىدار مەزمۇنلار تىلغا ئېلىنغان[49]. مەن «ھۇدۇدۇلئالەم»دىكى ئىزاھاتىمدا، (269- بەت) جۇڭگو ئاپتورلىرىنىڭ بېشبالىقتىكى خاتىرىسىگە ئاساسەن، بۇ ئالاھىدە تېمىنى بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن ئىدىم[50]. مۇبادا قاغان چېدىرىنىڭ سىرتىغا ئالتۇن يالىتىلغانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرەلىسەك، بۇ پەرەز پۈت تىرەپ تۇرالايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن «تاڭنامە. قىرغىزلار»دا ئاخىرقى ئورخۇن قاغانىنىڭ پايتەختىدە «ئالتۇن چېدىرى» بارلىقى تىلغا ئېلىنغانغا ئوخشاش چىقىدۇ[51].

قىرغىز ھۆكۈمرانى بىلەن ئۇيغۇر قاغانى ئوتتۇرىسىدىكى 20 يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆز غەلىبىسىگە ئىشەنگەن A·je: «سىلەرنىڭ مەھشەر كۈنۈڭلار يېتىپ كەلدى. ئەمدى مەن سىلەرنىڭ ئالتۇن چېدىرىڭلارنى قولۇمغا ئالىمەن ھەم چېدىرىڭلارنىڭ ئالدىدا ئەسكەرلىرىمنى چاپتۇرۇپ تۇغ - ئەلەملىرىمنى لەپىلدىتىمەن» دەپ جاكارلىغان ئىدى. ئاخىر مىلادىيە 840- يىلى ئۇيغۇر قاغانى ئۆلتۈرۈلدى، تېكىنلىرى ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. A·je بۇرۇن ئۇيغۇر قاغانى تۇرغان ئالتۇن چېدىرنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۇ بارلىق بايلىق ھەم تەيخې

مەلىكىنى قولغا چۈشۈرۈپ لاۋ تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆز چېدىرىغا يۆتكىدى.

بىز خۇلاسىمىزدە بۇ مۇھىم تەپسىلاتلاردىن تولۇق پايدىلىنىمىز. تەمىم تىلغا ئالغان 12 تۆمۈر دەرۋازىلىق[52] ۋە كۆنگىرىلىك پايتەخت قەلئەسى بولسا بىپايان تېرىلغۇ يەرلەر ئارىسىغا جايلاشقان ئىدى.

ئورخۇندىكى ئۇيغۇر قاغانىنىڭ قەدىمكى پايتەختى تۇنجى قاغان تەرىپىدىن ئورخۇن دەرياسى بىلەن بالىقلىقنىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا قۇرۇلغان (شىنە — usu ئابىدىسى S·10). ئۇنىڭ خارابىسى تەخمىنەن 7×2·5 كىلومېتىر كېلىدۇ. پادىشاھلىق قورغان ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ، تەخمىنەن 450×200 مېتىر كېلىدۇ[53]. ئۇنىغا يېقىن دەرۋازىنىڭ ئورنىنى ھېلىھەم پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

ئالىبۇرۇن چۈشەندۈرۈلگەندەك، كېيىنكى ئۇيغۇر قاغانلىقى ئىگىلىگەن رايوندا ئىككى پايتەخت بار. (a) بېشبالىق تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ھازىرقى گۇچېڭنىڭ غەربىگە ئانچە يىراق بولمىغان جايدا. (b) Khocho (ئىدىقۇت شەھىرى، گاۋچاڭ) تاغنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدە.

بېشبالىقنىڭ تاشقى سېپىلى ئىچىدىكى چاسا شەكىللىك رايون 2160×1260 يارد چوڭلۇقتا بولۇپ (1·965×1·820 كىلومېتىر) شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا خان تۇغى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئىككىلا پايتەخت ئاھالىسى كۆپ، يېرى مۇنبەت، گۈللەنگەن رايونغا جايلاشقان. بىراق، ھازىرقى سىزما خەرىتىدىن ئۇلارنىڭ ئىلگىرى قانچە دەرۋازىسى بارلىقىنى

بىلگىلى بولمايدۇ[54].

چۈشىنىكسىز بولغىنى، تەمىمىنىڭ بايانىدىكى پايتەختكە يېتىپ بېرىشتىن 20 كۈن (25 كۈن) بۇرۇن ئۇنىڭ «بىر - بىرىگە تۇتاشقان يېزىلار»غا ئارىلاپ سەپەر قىلغانلىقى ئىدى. تۇرپان رايونىدا نۇرغۇن شەھەر ھەم يېزا ئىگىلىك مەركەزلىرى بار ئىدى.

بىراق، ئورخۇندىكى تېرىلغۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئېھتىمال بەزى تېرىلغۇ جايلار قاغانلارغا بېقىنىدىغان سوغدىلار ھەم خەنزۇلار تەرىپىدىن تېرىلغان بولسا كېرەك[55]. تەمىم قاراۋۇللۇق ئورنىغا تەۋە جايلارنىمۇ تىلغا ئالغان بولۇشى مۇمكىن[56].

## 5 . دىنىي ئېتىقادى

تەمىمىنىڭ دىن توغرىسىدىكى بايانلىرى چۈشىنىكسىز بولۇپ، ئاخىرقى 20 كۈنلۈك سەپىرىدە ئۇچراتقان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى «ئاتەشپەرەسلەر بولۇپ، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بىر قىسمى بولسا زەنەدىقە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ» دەيدۇ. پايتەختتە زەنەدىقە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. توققۇز ئوغۇزلارغا بېقىنغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا زوروئاستىئانلارنىڭ بولۇشى ناتايىن. تەمىمىنىڭ تىلغا ئالغىنى ئېھتىمال بۇددىستلار ياكى تەبىئەتكە چوقۇنغۇچى تۈركىي قەبىلىلەرنى كۆرسەتسە كېرەك[57]. زەنەدىقە دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ھەققىدە بىزنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىمىز بار. ئادەتتىكى مۇسۇلمانلار ئۇلارنى مانىزم مۇرىتلىرى، دەپ ئاتايدۇ.

بۇ ئۇيغۇر خانى قوبۇل قىلغان، خېلى بۇرۇنلا (763- يىلى لوياڭدا تۇرۇشتىن خېلى بۇرۇن) تۈركلەر ئىچىدە ئومۇملاشقان دىن بولۇشى مۇمكىن.

بۇ خىل دىنىي ئېتىقادتىن كېيىن «ياسالغان جىنلارنىڭ ھەيكەللىرى ھەم سىزمىلىرى» بۇزۇپ تاشلاندى ھەم مانىزم دىندارلىرى دۆلەتنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىدى. قاغاننىڭ ۋارىسى (مىلادىيە 759 — 780- يىللىرى) قارابالغاسۇندىكى ئۈچ خىل يېزىقتىكى مەڭگۈ تاشتا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ مەڭگۈ تاش 808 — 821- يىللىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان قاغاننىڭ شەرىپى ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان. ئۇ ھەقىقەتەن ئوت يۈرەك مانىزم دىنى ئېتىقادچىسى ئىدى. بىراق، بۇ نۇقتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىدە ئولتۇراقلاشقان ئاھالە مانىزم دىنىنى قوبۇل قىلالايتتى. بىراق، قوبۇل قىلمىغان ئىدى. بولۇپمۇ پايتەخت (قارابالغاسۇن) سىرتىدىكىلەر تېخىمۇ شۇنداق ئىدى.

763- يىلى جۇڭگو ئىمپېراتورىغا ياردەملىشىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان خاننىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشى مانىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتلىرىدىن سانالدى[58]. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىنلا جۇڭگودا مانىزم چەكلەندى. (843- يىلى) مانىزمنىڭ كېيىنكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تېخىمۇ كېڭىيىشى توغرىسىدىكى گەردىزىنىڭ بايانى قىزىقارلىق ھەم جانلىق يېزىلغان[59].

## 6 . قەبىلە مەسىلىسى

تەمىمنىڭ يۇقىرىقى بارسخان ئاھالىسىنىڭ قارلۇقلار بىلەن ئۇرۇشقاندىكى ئۈستۈنلۈكى توغرىسىدا پۈتكەن بايانلىرى بىرقەدەر گەۋدىلىك. يۇقىرىقى بارسخاننىڭ ئورنى تاغلار ھەم كۆللەرنىڭ تەبىئىي مۇھاپىزىتىدە بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك شەھەرلەردىن ئىدى. بۇ جاينىڭ بۇرۇنقى ئاھالىسى قەدىمكى ئاھالىنىڭ بىر قېتىملىق كۆچۈش دولقۇنىغا مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن (ئۇيسۇنلار؟) ھەم تەمىم توققۇزىنچى ئابزاستا تىلغا ئالغان بارسخاندىكى قەدىمكى شەھەر كەلگۈسىدىكى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك كۆرسەتمە بولۇشى مۇمكىن. كېيىن ئىسسىق كۆل ئېقىنى رايونى غەربىي تۈركلەر تەرىپىدىن بىرلەشتۈرۈلدى. بىراق، بۇ رايوننىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قايسى قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيمىز. مەسئۇدى (بىرىنچى بۆلۈم 288- بەتتە) بارسخانلىقلارنى ئالاھىدە بىر ئىتتىپاق، دەپ ئېيتقان ئىدى.

مىلادىيە 766- يىلىدىن كېيىن قارلۇقلار غەربىي تۈركلەر (تۈركەشلەر)نىڭ ۋارىسى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى قانلىق جەڭلەر ئىسسىق كۆل رايونىدىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن. «ھۇدۇدۇلئالەم» (11 — §15 )دە يۇقىرىقى بارسخاننىڭ IX ياكى X ئەسىردىكى[60] ئورنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «بارسخان كۆل بويىغا جايلاشقان ئاۋات ۋە ھۇزۇربەخش شەھەر، دېھقانلىرى Khallu بولۇپ، (ئاھالىسى) «توققۇز ئوغۇزغا سادىق» دېيىلگەن. «ھۇدۇدۇلئالەم»دە توققۇز ئوغۇز نامى تۈرپاندىكى ئۇيغۇر

خانلىقىغا قارىتا قوللىنىلغان. بىز بارسخان خەلقىنىڭ تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، بىراق ئۇلار قارلۇقلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ئارقىسىدا بويسۇندۇرۇلغان (61).

تەمىم يەنىلا بارسخان قارلۇقلار بىلەن بولغان كۈرەشتە غەلىبە قىلغان دەۋرنى تىلغا ئالىدۇ. Jahiz (868- يىلى ۋاپات بولغان). «گەرچە قارلۇقلار سان جەھەتتىن ئىككى ھەسسە كۆپ بولسىمۇ، توققۇز ئوغۇزلار قارلۇقلاردىن ئۈستۈن تۇراتتى» دەيدۇ. ئۇنىڭ بايانىمۇ تەمىمنىڭ خاتىرىسىنىڭ تەكرارلىنىشى بولسا كېرەك (62).

تېخىمۇ قىزىقارلىق تەپسىلات، خاقاننىڭ (25) 20+20 كۈنلۈك سەپەرگە ئات ئەۋەتكەنلىكى. ئەگەر خاقاننى بېشبالىقتىكى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانى دەپ چۈشەنسەك، ئاتلىق خىزمەت ئۈچۈن ئۇنىڭ شۇنچە يىراقتىكى تۈۋەنكى بارسخانغا يۆتكىمە ئات ئەۋەتىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلىمىز. چۈنكى، يۇقىرىقى بارسخاننىڭ ئارىلىقى تېخىمۇ يېقىن ئىدى. ئۇيغۇرلار ئورخۇن ۋادىسىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋردە، تۈۋەنكى بارسخان قارلۇقلارنىڭ (766- يىلىدىن باشلاپ) كونتروللۇقىدا ئىدى. بىراق، تەمىم قارلۇقلارنىڭ بارسخانلىقلار بىلەن جەڭ قىلغانلىقىدىن باشقا، قارلۇقلار توغرىسىدا خەۋەر بەرمەيدۇ. بۇ بەلكىم مەشھەدنىڭ قىسقارتىلما بايانىدىكى خاتالىقىدۇر ياكى تەمىمنىڭ ساياھەت قىلغان ۋاقتىنى بېكىتىشىمىزگە كۆرسەتمە بولۇشى مۇمكىن. بىز بۇلاردىن ئاخىرقى «خۇلاسە» قىسمىدا پايدىلانماقچىمىز.

توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قوشنىلىرى توغرىسىدا تەمىم تۆتىنچى

قۇردا توختىلىپ ئۆتىدۇ: «ئوڭ تەرەپ يەنى جەنۇب تەرەپ ياكى غەربىي جەنۇب تەرەپتە، ھېچكىم بىلەن ئارىلاشمايدىغان تۈركلەر ياشايدۇ» . بۇ بىر سەل قاراش خاراكتېرلىك ھۆكۈم دەرۋەقە بۇ تۈركلەر شاتۇر[63] ھەم ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنى كۆرسىتەتتى. سولدا ياكى شىمالدا ئۇلار قىماقلار بىلەن قوشنا ئىدى. ئۇلار ئېرتىش دەرياسىغا مەركەزلەشكەن قىپچاقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ماكۋارت ئۆزىنىڭ «كومانىيلان» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ئىتتىپاق VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا مەۋجۇت ئىدى، دەپ قارايدۇ. ئورخۇن بىلەن تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنى باشقا قەبىلىلەر قىماقلاردىن ئايرىپ تۇراتتى[64]. تەمىمنىڭ يازغانلىرى ئەنە شۇ ئەھۋالنىڭ ئىنكاسى بولسا كېرەك. ئۇ توققۇز ئوغۇز خاقانىنى زىيارەت قىلغىلى بارغاندا، تاراز (تالاس) رايونىدىن ئۆتكەن[65]. بىراق، مۇشۇ ۋاقىتتا يولنىڭ سولغا (شىمال تەرەپكە) بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى ئېنىق. ئۇ مۇشۇ يولنى بويلاپ قىماقلار تامان سەپەر قىلغان (12- ئابزاسقا قاراڭ). بىراق، بۇ يەردە يەنە بىر جەھەتتىن بىز قارلۇقلارنىڭ سايىسىنى كۆرمەيمۇ قالمايمىز (تۆۋەنگە قاراڭ).

خەلىپە ھىشام (مىلادىيە 724 — 743 - يىللىرى)

دەۋرىدىكى تۈركلەرگە ئەۋەتكەن باش ئەلچىنىڭ بايانىدا، ماكۋارت پادىشاھنىڭ ئارخىپ توپلاشتا ئىشلىتىدىغان ئون بايرىقىنىڭ بارلىقىدەك تەپسىلاتنى تەكىتلىگەن ھەم ئۇ ئەھۋالنى قايىل قىلارلىق يوسۇندا خانغا قارام ئورۇقلارنىڭ (غەربىي تۈركلەردىكى ئون ئوقلار) سانى بىلەن باغلاپ قارىغان. تەمىمنىڭ كۆرسىتىشىچە، خاقانىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى چېدىرى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان 17 ئاتامانىنىڭ

چېدىرى بىلەن قوشۇلۇپ تۇرىدىكەن. بۇ سان غەلىتە بولۇپ بىلىشىمىزچە ھېچقانداق بىر تۈركلەر ئىتتىپاقى 17 دەپ ئاتالمىغان ياكى بىز خاقاننىڭ ئۆز چېدىرىنىمۇ قوشۇپ ھېسابلىساق، ئۇنداقتا بۇ سان 18 بولىدۇ (يۇقىرىدىكى 11-ئابزاسقا قاراڭ).

مېنىڭچە، بۇنى پەقەتلا مۇنداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن: «تاڭنامە»دە توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى تىلغا ئالغاندا «ئۇلار ئىرقىي جەھەتتىن Pu-Ku (بۇگۇر)، Hun(ھون)، Pu-Xa-Ku (يايرقۇ)، Tung-lo(توڭدا)، Se-Ke(سىقار) ھەم Ki-Pi(قىبئار) قاتارلىق ئالتە گۇرۇپپا بىلەن مۇئەييەن مۇناسىۋەتكە ئىگە، بىراق ياۋايىلار ئۇلارنى (ئۇيغۇرلار) ھېسابىغا كىرگۈزمەيدۇ[66].» دەپ قوشۇپ قويىدۇ. شۇ نەرسىنى پەرەز قىلىش مۇمكىنكى، ئۇيغۇرلار كۆچىيىپ گۈللەنگەن دەۋردە ئۇلار بىر ئىرقتىكى بارلىق قەبىلىلەرنى باشقۇرغان ھەم قارلۇق، باسمىللارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان بولۇشى مۇمكىن. شۇلار بىلەن ھېسابلىغاندا بۇ ئومۇمىي سان 17 بولىدۇ[67].

ئىسسىق كۆلنى بايان قىلغاندا، تەمىم بۇ كۆلگە قوشۇلىدىغان دەريالار تىبەت، توققۇز ئوغۇز ۋە قىماقلار تەرەپتىن كېلىدۇ، دېگەن. تەخمىنەن ئېيتىلغان ۋە مەۋجۇت بولمىغان بۇ ئاتالغۇلار، غەرب، شەرق ھەم شىمال ئاتالمىلىرىنىڭ تەگدىشى بولسا كېرەك.

تىبەت توغرىسىدا ئېيتىلغان بايانلار گەردىزىنىڭ ھەم «ھۇدۇدۇلئالەم» (13 — 15§)دىكى تېرمىنولوگىيە بىلەن ئوخشاش بولۇپ، تىبەتنىڭ ئۆزىنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى بىر مەھەل تىبەتلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان تيانشاننىڭ

جەنۇبىنى كۆرسىتىدۇ. تىبەتلەر بۇ رايوندا 670- يىلدىن 692- يىلغىچە ھەم 790- يىلدىن 850- يىلغىچە(؟) ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى.

## 7 . جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

مەشھەدنىڭ قولىيازمىسىدىن بايقالغان ئەڭ مۇھىم يېڭى تەپسىلاتلار قاغاننىڭ قۇدىلىشىش ئارقىلىق جۇڭگو ئىمپېرىيىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى ھەم جۇڭگو ئىمپېراتورىنىڭ ئۇلارغا ھەر يىلى يىپەك ئەۋەتىپ تۇرغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئېنىقكى ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ ئېلىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسىگە يەتكەن ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار مىلادىيە 744- يىلى ئورخۇن ۋادىسىنى ئىگىلەپ، 757- يىلى مويۇنچۇر قاغان تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەن لۇشەن توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇشىغا ياردەملەشكەن. بۇ تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇ ئىمپېراتورنىڭ قىزى نىڭ گونى قوبۇل قىلدى (خوتۇنلۇققا ئالدى). نىڭ گو بايانچۇر ئۆلگەن (759 - يىلى)دىن كېيىن، جۇڭگوغا قايتىپ كەلدى. نىڭ گو (يۇڭ ۋاڭنىڭ قىزى) ئاتاق مەلىكىمۇ ئىرگەكەن قاغان (3- قاغان)غا تېگىپ چارۋىچى قەبىلىلەر ئارىسىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ 790- يىلى ئۆلدى (6- قاغان دەۋرىدە). 788- يىلى مەلىكە شيەن كەن تۆتىنچى قاغانغا ياتلىق بولدى ھەم كېيىنچە 5-، 6-، 7- ۋارىسلارغىچە خوتۇن بولدى. يايلاقتا 21 يىلنى ئۆتكۈزۈپ 808- يىلى ئۆلدى. 821- يىلى 10- قاغانغا تەيخې (ئىمپېراتور شۈەنزۇڭنىڭ قىزى) مەلىكىنى سوۋغا قىلدى. ئۇ ئۇيغۇرلار 840-

يىلى تالاپەتكە ئۇچرىغان دەۋرگىچە شۇ جايدا ياشاپ، نۇرغۇن كۆلپەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ 843- يىلى جۇڭگوغا قايتىپ كەلدى[68]. شۇنداق قىلىپ ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئىزچىل دېگۈدەك داۋاملاشتى.

ئۇيغۇرلارغا يىپەك سوۋغا قىلىشمۇ ئۇزۇلمەي داۋاملاشتى. 762- يىلى جۇڭگو ئەلچىسى قاغانغا ئەسكەرتىپ «تاڭ ئىمپېرىيىسى يىپەك بۇيۇملىرىنى يىلمۇ يىل ئۇيغۇرلارغا يەتكۈزۈپ بېرىۋاتىدىغۇ؟» دېگەن. 758- يىلىدىن 760- يىلىغىچە ئۇيغۇرلار ھەر يىلى نۇرغۇن ناچار ئاتلارنى يۆتكەپ كېلىپ، ھەر بىر ئاتقا 40 توپ يىپەك تېگىشىش شەرتى بىلەن سودا قىلىپ نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكەن. 758- يىلى ئۇيغۇرلار 10 مىڭ ئات يۆتكەپ كېلىپ ئىمپېرىيىنى قىيىن ئەھۋالغا قويغان. ئىمپېراتور ئارانلا 6 مىڭ ئاتقا يىپەك تاپشۇرالىغان. 827- يىلى چاۋلى (chao-li) قاغان (11- قاغان) ئىمپېراتور ۋېنزوڭدىن ئاتلار ئۈچۈن 500 مىڭ توپ يىپەك تاپشۇرۇپ ئالغان[69].

مانا مۇشۇ ئەڭ ئاخىرقى خاتىرىلەر تەممىنىڭ بايانىنىڭ ئالتىنچى ئابزاسىغا ئەڭ ماس كېلىدۇ. بىراق، يىپەكلەرنىڭ سانى توغرا بولغان خرونولوگىيىلەر ئۈچۈن كۆرسەتمە[70] بولۇپ، ئەڭ مۇھىمى بۇ بايانلار تەممىنىڭ بايانىنىڭ توغرىلىقىنى مۇنازىرىسىز ھالدا ئىسپاتلايدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، تۇرپان ھەم گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى سىياسىي جەھەتتىن پەقەت يەرلىك ھەم چەكلىك مۇھىم كۈچ بولۇشى بىلەنلا توختاپ قالغان بولۇپ، ئاشۇ ئىككى جاي سۇلالىلەر تەرىپىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا

تۇزلەڭلىك بىلەن قۇدىلاشقانلىقىغا ئالاقىدار خاتىرىلەر يوق دېيەرلىك. كېيىنكى يىللاردا (996- يىل) تۇرپان ھۆكۈمرانى ئارسلانخان لياۋ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تويلىشىپ ئىتتىپاق تۈزۈشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ نەتىجىسى بولمىغان[71].

## 4. خۇلاسە

ئانالىز قىلىنغان يۇقىرىقى نۇقتىئىنەزەرلەرگە، مەيلى قوشۇلايلى ياكى قارشى تۇرايلى، تەمىمىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇندىكى پايتەختى، قارابالغاسۇن (ھازىرقى موڭغۇلىيىدە)غا بارغان ھەم ئۆز زىيارىتى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرغان بىردىنبىر مۇسۇلمان ساياھەتچى ئىكەنلىكى ئېنىق.

تەمىمنىڭ بايانىدا كۆرسىتىلگەن ئارىلىق مۇجمەل بولسىمۇ، بىراق 40 — 45 كۈن يول يۈرۈش (تەمىم، قۇدامە) ياكى 90 كۈندىن ئارتۇقراق يول يۈرۈش (ئىبنى خورداذبىھ) ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مەسىلە[72]. بۇ ئارىلىق بېشبالىقنىڭ تۆۋەنكى بارسخان بىلەن بولغان ئارىلىقىدىنمۇ كۆپ ئۇزۇن. يەنە شۇ ۋاقىتتا قارا بالغاسۇندىن يۇقىرىقى بارسخانغىلا ئەمەس تۆۋەنكى بارسخانغىمۇ يېتىپ بېرىشقا بولاتتى.

ساياھەت ۋاقتىغا ئاساسلانغاندا، خاتاسىز بولىدىغىنى خاقاننىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدۇر (6- ئابزاسقا قاراڭ). تەمىم مانىزمىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختىدە ناھايىتى كەڭ تارقالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بىراق، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ

مىلادىيە 763- يىلىدىكى ئالاھىدە دىن ئۆزگەرتىشنى تىلغا ئالمىغان. شۇڭا بىز مەزكۇر ئەرەب ساياھەتچىسى بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى بەزى ئەھۋاللارغا نەزەرىمىزنى ئاغدۇرۇشقا مەجبۇر بولىمىز.

خاقانغا مەنسۇپ «ئالتۇن چېدىر» ھەققىدىكى قوشۇمچە تەپسىلات تولىمۇ مۇھىم. بەختكە يارىشا، بۇ جانلىق پاكىت تاڭنامىنىڭ قىرغىز بۆلىمىدە ئۇچرايدىغان تەپسىلاتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ. 840- يىلى ئۆلتۈرۈلگەن ئەڭ ئاخىرقى ئۇيغۇر قاغانى تېخى گۆدەك بالا بولۇپ، ئۇ پەقەت 839-، 840- يىلىغىچىلا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بىراق، «تاڭنامە»دە قىرغىزلار بىلەن بولغان ئۇرۇشنىڭ 20 يىل داۋاملاشقانلىقى تىلغا ئېلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قىرغىزلارنىڭ «ئالتۇن چېدىر»نى بۇلاش ھەققىدىكى تەھدىتلىرى نەقىل كەلتۈرۈلگەن. بۇ ئۇرۇش چوڭدې (كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش كۈلۈگ بىلگە قاغان) (10- قاغان) دەۋرىدە باشلانغان. ئۇ 821- يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇ قاغان ناھايىتى شەۋكەتلىك قاغان بولۇپ، ئۇنىڭغا تەيخې مەلىكە سوۋغا قىلىنغان. بۇ ئالتۇن چېدىر (ئېھتىمال جۇڭگولۇقلار ئىشلىگەن بويۇم بولۇشى مۇمكىن) مەلىكىنى سوۋغا قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن بېرىلگەن بولۇشى مۇمكىن. مۇھىم بولغان تەپسىلات شۇكى، 9- قاغان 821- يىلى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر ئىمپېرىيە مەلىكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ كەلدى. يەنە بىر جەھەتتىن، شۇنداق مۇمكىنچىلىك باركى، 824 — 832- يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاۋلى قاغانغا (11- قاغان) ئالدىنقى پادىشاھتىن چېدىر ھەم مەلىكە مىراس قالغان. شۇنداق قىلىپ، 500 مىڭ توپ يىپەكنىڭ 827-

يىلى ئىمپېراتور ۋېن زوڭدىن ئۇنىڭغا ئەۋەتىلىشىدىن ئىبارەت تەپسىلات، تەمىمنىڭ ئۆزىنى كۈتۈۋالغان قاغانغا يان باسقانلىقىدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ. بۇ يەردە 821- يىلىنى ئىسپاتلايدىغان ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەب يوق. مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىز ئۈچۈن باشقا بىر پاكىت تولىمۇ مۇھىم. پروفېسسور ھانسون قارابالغاسۇندىكى مەڭگۈ تاشنى تەكشۈرۈپ، سېكىلگىلىنىڭ تەرجىمىسىدىكى كۆپلىگەن خاتالىقلارنى بايقىغان(1895- يىلى)[73]. ئۇ مەزكۇر مەڭگۈ تاش 821 - يىلىدىن كېيىن 9 - قاغاننى خاتىرىلەش ئۈچۈن تىكلەنگەن (مىلادىيە 808 — 821 يىلى) دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ.

تەمىم گەرچە قارلۇقلار ئۈستىدە كۆپ توختالمىغان بولسىمۇ، قارابالغاسۇن مەڭگۈ تېشىنىڭ قىزىقىشىمنى قوزغىشى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭدىكى تەپسىلاتلار ئارقىلىق مەن بەزى چۈشەنچىلەرگە كەلدىم. ئۇنىڭ يېڭى شەرھىسىگە ئاساسلانغاندا، 9 - قاغان (مىلادىيە 808 — 821- يىللىرى) ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنى ھەم پەرغانىگىچە كېڭەيتكەن. ئۇ قارلۇقلارنى بويسۇندۇرغان ھەم يىڭى يابغۇ تەيىنلىگەن[74]. قىرغىزلارنىڭ ئاۋارىگەرچىلىكىگىچە مەۋجۇت بولالمىغان بۇ ھۆكۈمرانلىق تەمىمنىڭ 821 - يىلى قىماقلارنىڭ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ شىمالىدا ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ تاكى تۆۋەنكى بارسخانغىچە كېڭەيگەنلىكىنى بايان قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. خەنزۇچە مەنبەلەرنىڭ ئىسپاتى گەرچە تار دائىرىلىك بولسىمۇ، ئۇلارغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئەگەر بىز تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىنى مۇسۇلمان تارىخچىلارنى خاتىرىلىگەن

بەزى پاكىستلار بىلەن بىرلەشتۇرۇپ قارىساق، بىزنىڭ قارىشىمىز تېخىمۇ يوللۇق بولىدۇ. بۇ جايدىكى بىزگە يول كۆرسەتكۈچ يىپ ئۇچى «توققۇز ئوغۇز» دېگەن نام بولۇپ، بۇ ھەقتە بۇرۇنقى تارىخچىلار(يەئقۇبى ۋە تەبەرى)نىڭ ئېنىق قاراشلىرى بار. ئۇلار بۇ نامنى پەقەت قىسمەن، پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئۇچۇنلا ئىشلەتكەن.

a. توققۇز ئوغۇز دېگەن نام ئەڭ بۇرۇن يەئقۇبىنىڭ خاتىرىسى(II توم 568- بەتتە)دە ئۇچرايدۇ. 777- يىلى خەلىپە مەھدى شەرق ھۆكۈمرانلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ بويسۇنۇشنى ئېيتقان. شۇ قاتاردا «قارلۇقلار پادىشاھى يابغۇ...، تۈركلەر پادىشاھى تارخان، تىبەت پادىشاھى ياھرۇن[75]...، جۇڭگو پادىشاھى فەغفۇر (baghpur)...، توققۇز ئوغۇز پادىشاھى قاغان قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنىدۇ». قارلۇق، تۈرك ھەم توققۇز ئوغۇزلارنىڭ[76] ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، ئۇلارنىڭ ئۇنۋان نامىنىڭ پەرقىگە ئوخشاشلا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. توققۇز ئوغۇز ھۆكۈمرانلىرى ئەڭ چوڭ نام «قاغان» دېن بەھرىمەن بولىدىغان بولۇپ، يابغۇ ھەم تارخاندىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەگەر ئەرەب ساپاھ مۇبالىغە قىلمىغان بولسىلا، بۇ خىل نام ئېنىقكى ئورخۇندىكى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يېڭىلا مانىزم دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئويلىساق (763- يىلى)، مەھدىنىڭ تەلىپى تېخىمۇ چەكتىن ئاشقان بولىدۇ. مەھدى مانىزم ئېتىقادچىلىرىغا رەھىمسىز مۇئامىلە قىلغان ھەم 785- يىلى ئالاھىدە نازارەتچىلەرنى بەلگىلىگەن. 759 — 780- يىللىرى داڭلىق بۆكۈخان ئىدگەن(؟) ئورخۇن ۋادىسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى ھەم ئىسرىيە

مەلىكىگە ئۆيلەندى. تەمىمنىڭ مەھدىنىڭ ئەلچىسى بولۇش سۈپىتىدە ساياھەت قىلغانلىقىدەك قىياسىدىن گۇمانلىنىش ھاجەتسىز. ئۇنىڭ قىماقلارنى زىيارەت قىلغانلىقمۇ ئوخشاش سەۋەبنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ پەرەز «ئالتۇن چىدىر»غا ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە شۇنداقلا 763- يىلى تۈركلەر گەرچە قارلۇقلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇش ھارپىسىدا تۇرسىمۇ، يەنىلا غەربىي تۈركلەر تىررىتورىيىسىنىڭ ۋارىسلىرى ئىدى.

b . ئىككىنچى نەقىل يەئقۇبىنىڭ خاتىرىسى (II باب 568- بەتتىن ئېلىنغان) بولۇپ، رافىئى ئىبىن ئەسىرنىڭ سەمەرقەنتتىكى توپىلىڭى تىلغا ئېلىنغان (تەخمىنەن مىلادىيە 806 — 810- يىلىغىچە). ھارون رەشىد (809- يىلى ئۆلگەن) دەۋرىدە خارادا بۇ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ئەۋەتكەندە «تۈركلەر، قارلۇقلار، توققۇز ئوغۇزلار ھەم تىبەت ئارمىيىسى»نىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، تەمىم بەلكىم رافىئىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن 8- قاغان چولۇ بىلگە خان (805 — 808- يىللىرىغىچە، ئۇ مەلىكە شەنشەنگە ئۆيلەنگەن) ئوردىسىنى زىيارەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ، قوماندانلىق ئورنىنى سەمەرقەنتكە تەسىس قىلغان رافىئى قاغاننى يەرلىك مانىزم ئېتىقادچىلىرىنىڭ تەقدىرىگە قىزىقتۇرىدىغان بىر ياخشى پۇرسەتكە ئىگە بولدى. ھالبۇكى مەسىلىگە مۇنداق قاراش ئۈچۈن «ئالتۇن چىدىر» ئۈستىدە قايتا تالاش - تارتىش قىلىشتىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ. يەئقۇبى مەھەل نامى بىلەن ئىسلامنى جاكارلىغان قارلۇقلاردىكى يابغۇنى رافىئى بىلەن بىر ئادەم دەپ باغلاشتا چىڭ تۇرىدۇ.

c. تېخمۇ قىزىقارلىق بولغىنى، تەبەرى خاتىرىلىرىدە توققۇز ئوغۇزلارغا دائىر يېگانە خاتىرىدۇر (III· 1044· A· 205H): «بۇ يىلنىڭ زۇلقەئىدە ئېيىدا (821- يىلى ئاپرېل) تاھىر ئىبنى ئەل ھۇسەيىن خۇراسانغا بېرىپ، ئۇ جايدا ئىككى ئاي تۇردى. ئۇنىڭغا ئابىد ئەل راخمان نىشاپۇرى ئەل مۇتەۋۋىرنىڭ نىشاپۇردا توپلىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى ھەم توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ushrusanaغا يېتىپ كەلگەنلىكى يەتكۈزۈلدى» دېيىلگەن. بۇ بۆلەكتە، تىلغا ئېلىنغان تاھىر سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇپ، ئۇنى خەلىپە مەئمۇن خۇراساننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن ئىدى. ئابىد ئەل راخمان ئىبنى ئەممار توپىلىڭى توغرىسىدا، بىز پەقەت ئۇنىڭ ھۆكۈمەت بۇيرۇقىسىزلا narubiya بىلەن ئۇرۇش قىلىش كويىدا بولغانلىقىنى، كېيىنچە فارىج ئەل رۇھىرھاجى تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغانلىقىنىلا بىلىمىز. ئۇنىڭ ئەل مۇتەۋۋىرى دېگەن نامى ئۇنىڭ تۈركلەر ۋە باشقىلارنىڭ بارگاھىنى ئىگىلىگەن «پىدائىيلار»نىڭ قوشۇمچە ھوقۇقدارى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مۇقەددەسى (273- بەتتە) ئىسپىجاب چېگرىسىنى بويلاپ جەڭچىلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن 1700 دەك رابات قۇرۇلغانلىقىنى ئېيتقان. بارتولدنىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلار قەيەرگىلا بارسۇن يېڭى ئەسكەر ئالغان. شۇنداقلا باي ئاھالىلەر ئۇلارنى قوللىغان[77]. ئۇلار قۇتىرىغان تەۋككۇلچىلەر[78] بولۇپ، دائىم ئاباسىيە مەمۇرىي ئورگانلىرىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇرغان. ئابىدئەل راخمان قارشى تۇرغان narabiyaنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. بەلكىم فازىل ئىبنى يەھيار (794-، 795- يىللىرىغىچە) ئەرەب بولمىغان كىشىلەردىن (ئەجەملەر؟)[79] توپلىغان خۇراساندىكى ئەرەب

قوشۇنى بولۇشى مۇمكىن. شۇ ۋاقىتلاردا خۇراساندا كۈندە دېگۈدەك ئىسيان كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلارغا بولسا ئاشۇلار باشچىلىق قىلىپ تۈرك قەبىلىلىرىگە مۇراجەت قىلىپ تۇراتتى.

Ushvusana بەگلىكى (سەمەرقەنت بىلەن jaxartes ئارىلىقىدا) ئەرەبلەرگە جاھىلانە قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسى بىلەن تونۇلغان. مەئمۇن ئۇ جاينىڭ پادىشاھى كاۋۇسقا قارشى جازا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن ئەۋەتكەندە كاۋۇس ئوغلى فازىلنى ئەۋەتىپ تۈركلەرنى تەكلىپ قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، فازىل كېيىنچە ئۇلارنى چۆللۈكتە تاشلاپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاچلىقتىن ئۆلگەن. ئىبد ئەل راخمان مۇتەۋۋەرى ھەم كاۋۇسلارنىڭ توپىلىڭى ئوخشاش بىر يىلدا يۈز بەرگەن. ئارىلىق يىراق بولسىمۇ ئاشۇ رەھبەرلەر ئوتتۇرىسىدا ئاز- تولا چۈشىنىش ھاسىل قىلىنغان بولسا كېرەك. ئابىد ئەل راخماننىڭ ماۋارەئۇننەھردىكى ئاز بىر قىسىم ئاباسىيە ئارمىيىسى ئىچىدە ئۆزگىرىش ئېلىپ بېرىش غەرىزىدە بولغانلىقى ئېنىق(80). شۇڭا، شۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇكى تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ئاتلىق سەپەر قىلىپ، مۇتەۋۋەر دەپ ئاتىلىشى ئوخشاش بىر ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. تەمىمنىڭ بەزى مۇھىم ۋەزىپە بىلەن سەپەر قىلغانلىقى شۇ نۇقتىدىن مەلۇمكى، قاغان ئۇنى ئات بىلەن تەمىن ئەتكەن. شۇنداقلا سەپەر سۈرئىتى بەك تېز بولۇپ كەتكەن(ئۇنىڭ تەكشۈرۈشىگە بۇنىڭ مۇئەييەن زېمىنى بولغان). قاغان كۈنپېتىشنى تەكشۈرۈش ھەم غەربكە كېڭىيىش ھەۋىسىدىن باشقا، مانى دىنىدىكى ئۆز دىنداشلىرىنىڭ ئىسلامغا

بۇرۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن[81].

ئەل فىھرىست (alfirist)نىڭ ئاپتورى (337- بەتتە) مانىزىم دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتى يولىدىكى بىر قېتىملىق مۇرەسسە توغرىسىدا نەقىل كەلتۈردۇ. بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار سەمەرقەنتتە 500 گە يەتكەندە خۇراسان ھۆكۈمرانى ئۇلارنى يوقىتىشنى قەستلىگەن. بىراق، چۈڭگو پادىشاھى — («بىراق مەن ئۇنى توققۇز ئوغۇز ھۆكۈمرانى دەپ قارايمەن»دەپ قوشۇپ قويىدۇ.) ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدا ئاشۇ مانى مۇرىتلىرىدىنمۇ كۆپ مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىقىنى ئىما قىلىش بىلەن ئاگاھلاندۇرغان. جۇڭگو بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىشى ئۇيغۇرلار تېخى ئورخۇن ۋادىسىدا تۇرۇۋاتقان مىلادىيە 840 - يىلىدىن بۇرۇنقى ئىشلار ئىدى.

ئەگەر بىز c تەبىرنى قوبۇل قىلساق، تەمىمنىڭ سالاھىيىتى مىلادىيە 821- يىلىنىڭ باشلىرى ، يەنى جوڭ تې قاغان (10- قاغان مىلادىيە 821 — 824- يىلى ھۆكۈمرانلىق قىلغان) تەيخې مەلىكىگە ئۆيلەنگەندە ياكى ئۇنىڭ ئالدىدا تەختكە ئولتۇرغۇچى باۋيى قاغان (ئۇ مەلىكە يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى قازا قىلغان. ئۇ 9- قاغان بولۇپ 808 — 821- يىللاردا تەختكە ئولتۇرغان) ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە سەپەرگە ئاتلانغان.

تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئىسمى[82] كىشىگە ئەرەب ئەۋلادلىرىنى ئەسلىتىدۇ. بىراق، ئابىد ئەل راخمان ئىبنى ئامىرىغا ئوخشاش خۇراساندا ئۇزاق تۇرغان جەمەتكە مەنسۇپ

بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ قىماقلارغا قىلغان ئاتلىق ساياھىتى، ئۇنىڭ تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدىكى كەڭ دائىرىلىك دىپلوماتىك پائالىيىتىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. ئۇ زىيارەت قىلغان قىماقلار ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدا ياشايدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئىتتىپاقچىلىرى تېخىمۇ شىمال رايوندا[83]، ئۇلارنىڭ ماۋارەئۇننەھر ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىقى ھەق، قىماقلار ھەققىدە، قىماقلار تەرەپتە ھەربىيلەر قاراۋۇللۇق ئورنى بارلىقىغا ئالاقىدار پاكىتتىن باشقا خاتىرە يوق.

مەن ە تەبىرنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشنى قوللايمەن. چۈنكى، ئۇ باشقىلىرىغا قارىغاندا كىشىنى تېخىمۇ قايىل قىلىدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭدا ماۋارەئۇننەھردە يۈز بەرگەن ئىشلار مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، خاقاننىڭ جۇڭگو ئوردىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى، «ئالتۇن چېدىر» ھەم قارلۇق رايونىدىكى ئورنىغا ئالاقىدار تەپسىلاتلار مۇۋاپىق بايان قىلىنغان.

تەمىمنىڭ ساياھىتى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشىمىز، مەشھەد بىرقەدەر مۇكەممەل قولىيازما تېكىستىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، تۈزىتىلگەن بەزى پىكىرلەرنى ئالىملار يەنە مۇھاكىمە قىلىپ كۆرسە بولىدۇ.

1. ئىبنى خۇردازبىھنىڭ ئەسىرىنىڭ ۋاقتى ھەققىدە بۇ ئەسەرنىڭ تەھرىرى ئۇنىڭ ئىككى نۇسخىسى بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ بىرى تەخمىنەن 846-، 847- يىللىرى يېزىلغان. يەنە بىرى تەخمىنەن 885-، 886- يىللىرى يېزىلغان(قولىيازما A نۇسخا). ماكۋارت تەمىمنىڭ خاتىرىسىدىن ئېلىنغان نەقىلنىڭ ئاشۇ ئىككى خىل قولىيازمىنىڭ ھەر

ئىككىلىسىدە ئۇچرايدىغانلىقىنى، تەمىمىنىڭ مىلادىيە 866-يىلىدىن كېيىن تۇرپاندا ئولتۇراقلاشقان كېيىنكى ئۇيغۇرلارنى زىيارەت قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇ ئەسەرنىڭ پەقەتلا بىر خىل نۇسخىسى بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. تەمىمىنىڭ ساياھىتى مىلادىيە 821-يىلى باشلانغانلىقىغا ئاساسلانغان چېغىمىزدا بىز دې گوجېنىڭ مۇلاھىزىسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز.

2. بىزنىڭ ئانالىزىمىزدىن كېلىپ چىققان خۇلاسە ماكۋارتنىڭ توققۇز ئوغۇز = ئۇيغۇر دېگەن مۇلاھىزىسىنىڭ كۈچەيتىلمىسىدىن ئىبارەت، خالاس. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا بۇ قاراش توققۇز ئوغۇز شاتۇ تۈركلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك (يۇقىرىغا قاراڭ 281-بەت) دېگەن قارىشىغا زىت كېلىدۇ. توققۇز ئوغۇز دېگەن نامنىڭ كېلىش مەنبەسى تېخىچە ئېنىق ئەمەس. بىراق، بۇ نام ئورخۇندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تيانشان ۋادىسىدىكى ئۇلارنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرىغا قارىتا ئىشلىتىلگەن. (بىز شۇنى قوشۇپ قويالايمىزكى قارابالغاسۇن مەڭگۈ تېشىدا ئورخۇندىكى 9-قاغاننىڭ تىبەتلەردىن بېشبالىقنى تارتىۋالغانلىقى بايان قىلىنغان. بىراق، (Haloun)نىڭ بۇ پىكرىنى قوبۇل قىلالىشغا بىر نەرسە دېيەلمەيمىز).

3. تەمىمىنىڭ ساياھىتى ھەققىدىكى تەدبىرىمىز بەزىلەرنىڭ سىرغىرنى توققۇز ئوغۇز ياكى توققۇز ئۇيغۇر، دەپ ئوقۇشتەك ئۇنتۇلغان مەسىلىگە دىققىتىنى جەلپ قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ[84]. بۇ مەسىلە توغرىسىدا نولدېك پەھلىۋى تېكىستىگە ئاساسەن Z ھەرپىنىڭ ئورنى بۇ نامنىڭ ئاخىرىدا بولىدۇ[85]، دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر ھەم تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدا

Toguz-oghuz نامى مەۋجۇت. ئەڭ دەسلەپ بۇ نام بەزى ئالاھىدە قەبىلە ئىتتىپاقلىرىنى كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

بىراق، جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى ئۇيغۇرلاردا توققۇز ئۇرۇق بولغان دېگەن ئەنئەنىۋى قاراش سەۋەبىدىن بۇ نام ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇ بولۇشى مۇمكىن.

4. بۇ ماقالە ئارقىلىق يەنە بىر قىسىم ئەرەب جۇغراپىيىچىلىرىنىڭ نام - شەرىپىنىڭ مالغا يېپىلغان ياپراقتەك ئۇلارنىڭ ئەسەر مەزمۇنلىرىنى بېسىپ كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشنىڭ نە قەدەر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارزۇسىدىمەن. خۇددى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى تاموژنا ساقچىسىغا ئوخشاش بىر شەرقشۇناس بىر دۆۋە مالنىڭ ئىچىدىكى تەركىبلەرنىڭ پەرقىنى بىلىشى كېرەك. بارچە مەنبەلەر ھەققىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇزاق مەزگىللىك ھەم جاپالىق ئەمگەك، بىراق ئۇ ئەنئەنىۋى ئىلىمنىڭ سىرلىق قەلئەسىدىن ئۆتۈشتىكى بىردىنبىر ئىشەنچلىك ئۇسۇلدۇر.

## 5. قوشۇمچە

مەشھەددىكى قولىيازمىنىڭ تۈركلەرگە ئالاقىدار مەزمۇنى توغرىسىدا ئا. ز ۋەلدىنىڭ رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئەسىرى (1924- يىل 3-، 240 - بەتلەر). مەن تەرجىمىسىنى بەرگەن 13 — 15 قۇرلۇق تېكىستتىن باشقا، بۇنىڭ ئالدىدا تېكىست بار بولغان بىرەر مۇكەممەل خاتىرىگە ئىگە ئەمەسمەن. مەشھەد قولىيازمىسى مۇنداق جۈملىدىن كېيىن باشلانغان:

fibuladlhim wa fi biladi — mnal-Khutu

al-jayyad huwa jubbatu dubbatintu sudu

ئىبنى فەقىھنىڭ نەشر قىلىنغان قىسقارتىلمىسىدا بۇ تېكىست 329- بەتنىڭ 9- قۇرىدا تۆۋەندىكى قۇرلاردىن كېيىن بېرىلگەن:

mahhab al-zanadqa wa al-ghalib

ala al-atrak بۇ، تەمىمنىڭ ئەسىردىن ساقلىنىپ قالغان بېگانە خاتىرىدۇر. BGAنىڭ تېكىستىدە ئاشۇ قۇرلاردىن كېيىن مۇنداق ئىبارىلەر بار:

Wamin ajaib al-turnk na satun

Yastamtirunei biha ma sha'u

بۇ مەشھەد تېكىستىنىڭ 14- بۆلىكىدىكى ئۆزۈندە بولۇپ، بۇ بۆلەكنىڭ ئاپتورى تەمىم ئەمەس بەلكى ئەبۇل ئابباستۇر.

ياقۇتنىڭ خاتىرىسىدە ( I توم 890- بەت) تۈركلەرنىڭ توي ئادىتى ھەققىدە تەمىمنىڭ خاتىرىسىدىن ئېلىنغان نەقىللەر بار. بۇ نەقىللەر نەق ئوتتۇردىن ئۈزۈلۈك. بىراق، نۇشاجان ھەققىدىكى جايلاردا (IV توم 823- بەت) ياقۇتى تەمىمنىڭ بارسخان ھەققىدىكى تەسۋىرىنى قايتا نەقىل قىلغان. بۇ ۋاقىتتا ياقۇتى، ئىبنى ئەل فەقىھنىڭ ئاشۇ بايانلىرىنى تەمىمنىڭ ئەسىردىن ئالغانلىقىنى ئەسكەرتىشكە قادىر بولالمىغان. تەمىم خاتىرىدىن ئېلىنغان بىۋاستە نەقىلدىن كېيىن (V توم 840- بەت ) ياقۇتى، ئەخمەت ئىبىن مۇھەممەت ئەل مەھداندىن (ئىبىن ئەل فەقىھ) ئېلىنغان يادا تېشى ھەققىدىكى ئۇزاق

رىۋايەتنى نەقىل كەلتۈرگەن. بۇ رىۋايەتنىڭ ئازلا بىر قىسمى فەقىھنىڭ قىسقارتىلما ئەسىرىدە ساقلىنىپ قالغان ( V· BGA توم 329- بەت).

## ئىزاھلار:

(1) مەرۋىزى ھەققىدىكى ئەسىرىمگە قاراڭسۇن، 147- بەت.

(2) «مەرۋىزى جۇڭگو، تۈركلەر ھەم ھىندىستان توغرىسىدا پادىشاھلىق ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتى ژۇرنىلى 1942- يىللىق سان 68 —111- بەتلەر.

(3) A·R·H گىبنىڭ «ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرى 715- يىلى قەشقەردە»دېگەن ماقالىسىگە قاراڭسۇن. BSOS 3 / II 1922· 467 — 674· گىب «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەرەبلەر توغرىسىدىكى خەنزۇچە خاتىرىلەر» يۇقىرىقى ژۇرنال 4 / II ·1922· 622 / 613· گىب «ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشى» 1923· 12-، 13- بەتلەر.

(4) خەلىپە ئىنامنىڭ ئەلچىسى (مىلادىيە 724 — 743- يىللىرى) بۇ ھەقتە ماكۋارتنىڭ 1920- يىلى يېزىلغان ئەسىرىنىڭ 289 —293- بەتلىرىگە قاراڭسۇن. تەرجىمىھال سالام خەلىپە ۋاتىق (مىلادىيە 842 — 847- يىللىرى) دەۋرىدە شۇنىڭغا ۋاكالەتەن بارغان. «ھۇدۇدۇلئالەم» 225- بەتكە قاراڭ. ئىبىن فازىل 921- يىلى كۆۋالوۋسكىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسىگە قاراڭ. 1939- يىلى، ھەم زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ 1940- يىلدىكى ئاخىرقى ئەسەرلىرىگە قاراڭ. (ئىزاھات يېڭى نەشرى U·S·S·R دا تەييارلانغان). ئەبۇ دۇلاف ساياھىتى (تەخمىنەن مىلادىيە 941- يىلى باشلانغان دەپ پەرەز قىلىنىدۇ) ھەققىدىكى

ساختا بايان توغرىسىدا ماكۋارتنىڭ ئەسىرى 74 — 95- بەتلەرگە قاراڭ. ماكۋارت ئەڭ ئاخىردا مەزكۇر دوكلاتنىڭ ساختىلىقى ئەبۇ دۇلافقا تەئەللۇق دەپ خۇلاسە چىقارغان. ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەسىرىنى ماكۋارت پىلانلىق ھالدا بۇلۇۋەتكەن. ئەبۇ دۇلافنىڭ كۆپ قىسىم ئەسەرلىرىنى ئا. ۋون روخرسائو ئېر رەتلىگەن. مەن بۇلارنى پەقەت پىرامنورخ. ۋون مىزكىنىڭ قاراشلىرىدىن بىلدىم (022، 1942- يىلى، V توم 240- بەت).

(5) سوپ ۋىنسىبىردى: تۈركىستان، I توم 840- بەت 1—15- قۇرلار، نۇشاجان، IV توم 823- بەت.

(6) بۇ بايقاشنى زەكى ۋەلىدىنىڭ: «ئىبىن ئەل فەقىھنىڭ مەشھەد قوليازمىسى»، رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن نەشرىياتى 1924- يىلى، 237 — 248- بەتلىرىگە قاراڭ، ھەم زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ: «ئىبىن فادلاننىڭ ساياھىتى»غا قاراڭ (ئوخشاش مەشھەد قوليازمىدىن كېيىن رەتلەنگەن).

(7) BGA,De·Coejeنىڭ ئەسىرىگە قاراڭ. V توم 12- بەت.

(8) ئۇنىڭ ئىبىن فەقىھتىن كۆچۈرگىنى مەشھەد قوليازمىدىن تولۇقتەك كۆرۈنىدۇ. 14- ئابزاس بىلەن ياقۇتنىڭ تېكىستى سېلىشتۇرۇلدى.

(9) شەھەر بىلەن ناھىيىنىڭ ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلىشى. 225- بەت. ئى. ھەققۇل 285- بەت.

(10) ياقۇتنىڭ ئەسىرىدە دېيىلگەن «ئالدىنى ئېلىش تەييارلىقى.»

(11) Kh ·I· 28· قۇدامە، K, wyk·t ·

(12) مۇشۇ يەردە تەممەدىن ئېلىنغان نەقىل ئاخىرلىشىدۇ.

(13) 13- ئابزاس بەكلا مۇجمەل، توققۇز ئوغۇز خانى

جۇڭگوغا ئەمەس ماۋارەئۇننەھرگە تاجاۋۇز قىلغان. بۇ مىلادىيە 821- يىلىدىكى تىلغا ئېلىنغان ئىش بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئەبۇل فازىل ئۆلارنى مىلادىيە 751- يىلى جۇڭگو ھۆنەرۋەنلىرى قولغا چۈشۈرگەن، جۇڭگو مۇسۇلمانلار ئۆرۈشى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ. مېنىڭ مەرۋىزى ھەققىدىكى ئەسىرىمنىڭ 67- بېتىگە قاراڭ.

(14) 14- ئابىراس ئەبۇ فەقىھنىڭ قىسقارتىلمىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ. بىراق، ياقۇتىنىڭكىدە ئېخىمۇ تەپسىلىي I ۰ 2—840۰ ئېھتىمال، ئەبۇ فەقىھ ياقۇتىنىڭ مەنبەسى بولسا كېرەك.

(15) «ھۇدۇدۇلئالەم» (7-، 267- بەتلىرىگە قاراڭ) بۇ ھەقتىكى دەسلەپكى ئانالىزىمغا قاراڭ. مەن بۇ ھەققتە كەڭ چۈشەنچە بەرگەن.

(16) «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» شەرقىي يۈز 19- قۇر.

(17) «شىنە - ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى» رامىستىلدىنىڭ ئۇيغۇرچە، رۇسچە مەڭگۇ تاشلىرىدىن ئىككى پارچە دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ.

(18) ئا. ن. بېرنشتام: «ئورخۇن — يېنسەي تۈركلىرىنىڭ جەمئىيەت ھەم ئىقتىسادىي قۇرۇلما» (رۇسچە) موسكۋا 1946۰ 53- بەت.

(19) سىچگىل: «قارابالغاسۇندىكى خەنزۇچە مەڭگۇ تاشتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىزلىرى» 1896- يىلى، ە. خانس «قارابالغاسۇندىن تېپىلغان سوغدىچە مەڭگۇ تاش» 1930- يىلى «خىشنو — ئۇگور جەمئىيىتىنىڭ ژۇرناللىرى».

(20) F·Hirth «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشىغا مۇقەددىمە»، پېتېربۇرگ 1899- يىلى، 36- بەت. چاۋاننېس «غەربىي تۈرك

خانلىقىغا دائىر ماتېرىياللار» 34- بەت.

(21) مەرۋىزىنىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا، تولۇن يەنى مىسىردا تولۇنىد سۇلالىسىنى قۇرغۇچىنىڭ ئاتىسى توققۇز ئوغۇزلاردىن ئىكەن. ھىجرىيە 200- يىلى (مىلادىيە 815-، 816- يىللىرى) بۇخارادىكى سامانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانى نوھ بىننى ئەسئەت تەرىپىدىن، باشقا سوۋغا سالاملارغا قوشۇپ مەئمۇنغا ئەۋەتكەن. تېخىمۇ توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىش ھىجرىيە 204- يىلى (مىلادىيە 819- يىلى) مەئمۇن سەمەرقەنتنى نوھقا بېرىۋەتكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

(22) مەسئۇدى I توم 288- بەت (ئۇنىڭ مۇجمەل يېرى I توم 305- بەتنىڭ ئاستىدا، 10 (توققۇز ئوغۇز بولسا تېبەت، قارلۇق، قىرغىز ھەم جۇڭگونىڭ ئارىسىدا)؛ گەردىزى، بارتولد ئەسىرىنىڭ 2 — 90- بەتلىرىدە، «ھۇدۇدۇلئالەم» 12§ ، مەرۋىزى 78- بەت.

(23) ئېھتىمال Adhkish بولۇشى مۇمكىن. ئىبىن خۇردەزبېھ (37- بەت).

(24) ئېھتىمال مەجغارى بولۇشى مۇمكىن ( باشقىلاردىن؟).

(25) تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بەھرەم جىرىبىنىغا رەقىب بولۇشى ھەققىدە نولدېكىنىڭ ئەسىرىگە قاراڭ. پاكىتلارغا قارىغاندا شاۋا(شاۋاغ)لار ئېفتالىتلار ئىكەن. ماكۋارت ئېرەنشەھەر 4 — 83- بەتلەر.

(26) بىرنىشتام سويابنى چۆلنىڭ شەرقىي تەرىپىدە دەپ قارىغان. بىراق، بۇ يەردە ئىككى شەھەر ئوتتۇرىسىدا مۇجمەللىك مەۋجۇت. ئىبىن خۇردەزبېھ 28- بەت ھەم قۇدامە 200- بەتكە «تۈرك خانلىقىنىڭ شەھىرى (يېزىسى)چۇ دەرياسىنىڭ غەرب(؟)ىدە»،

دەپ ئىلغا ئالغان.

(27) شاتۇلار، چىگىللاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار غەربىي تۈركلەر تەرىپىدىن بىرلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇلار تۈركلەرنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقىغا مەنسۇپ بولمىغاندەك قىلىدۇ. چىگىللارنىڭ ئەسلىي تېررىتورىيىسى VII ئەسىردىن بۇرۇن گۇچېڭ (古城) ئەتراپىدا بولۇپ، شەرقتە ماناس بويىدىكى چۆمۈل قەبىلىسى بىلەن تۇتىشاتتى. خەنزۇلار 654- يىلى بېشبالىقنى قۇرغاندا، چىگىللار بارىكۆلگە يۆتكەلگەن. ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى (؟) شاتۇ (قۇملۇق تۈركلىرى) نامى بىلەن تونۇلغان. 794- يىلى شاتۇلار تىبەتلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، گەنجۇ رايونىغا كۆچكەن. 809- يىلى شاتۇلار خەنسۇلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، يەنى شىمالىي ئوردوس يايلىقىغا كۆچكەن ھەمدە شۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان. شىياكىنىس: 2. 7 — 452؛ چاۋاننىس 31. 9 — 96.

(28) ئەبۇ زەيد ئارقىلىق قوشۇمچە ماتىرىيالنىڭ ئاپتورى سودىگەر(؟) ئاتالمىش سولايمان مەسئۇدى (I، 6 — 353) ئۇنى بەسىردە 915- يىلى ئۇچراتقان.

(29) كېيىنچە، ئۇيغۇرلار ئۆزنامى بىلەن تونۇلۇشقا باشلىغاندا، ئۇيغۇرلار بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئوخشاشلىقى تېخىمۇ بەكرەك تونۇپ يېتىلمىدى ھەم ئىلگىرى توققۇز ئوغۇزلار ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئايرىم ۋە مۇجمەل گۇرۇپپا دەپ قارالدى. مەرۋىزى. 29- بەت.

(30) WZKm. 1898- يىلى. 12 — 170. شۇنداقلا «كومانلار» دېگەن ماقالىگە قاراڭ. 201- بەت.

(31) F.Hirthنىڭ ئەسىرىگە قاراڭ. 34-، 37- بەت.

(32) «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «غۇز» ھەم «توققۇز ئوغۇزلار»دېگەن ماۋزۇلىرىغا قاراڭ. غەربىي تۈركلەر شۇبھىسىزكى، ئون ئۇرۇق (ئون ئوق)تىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ «توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

(33) ماكۋارتنىڭ ئەسىرى 80- بەت، 390- بەت.

(34) تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە 54- بەت. «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى. توققۇز ئوغۇز.»

(35) »مۇجمەل تارىخ» باھار 1939- يىلى 99- بەت. ئىسسىق كۆل بولسا تۈركلەرنىڭ ئەسلىي ئانا ماكانى، «ھۇدۇدۇلئالەم» 292- بەت.

(36) ئا. ن. برنشتام «شىمالىي قىرغىزىستاندىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش» (رۇسچە 1941- يىل 2 — 80 - بەت.

(37) شۇەنزاڭ تىلغا ئالغان «ئەجدىھا» بىلەن تەمىم تىلغا ئالغان «سۇ ھايۋىنى»نىڭ ھەر ئىككىسى ئەمەس.

(38) ئەرەبچە مەنبەلەردىكى تاراز تالاسنى كۆرسىتىدۇ.

(39) تالاسنىڭ ھازىرقى خارابىسى، تاشكەنتنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 28 كىلومېتىر كېلىدۇ.

(40) برنشتام ئاۋاكەنتى ئورلۇكا كەنتىگە يېقىن، چۇ دەرياسىنىڭ غەربىدە دەپ قارىغان. بىراق، «ھۇدۇدۇلئالەم»دە بۇنداق خاتىرىلەنمىگەن. 290 — 298- بەتلەر.

(41) «ھۇدۇدۇلئالەم» 273- بەت (3-، 12§) ھەم 293- بەت (13-، 15§)كە قاراڭ.

(42) بۇ جايدا بىز مۇنداق سۆزلەر بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلالايمىز: « (لار توققۇز ئوغۇزلاردۇر. تۈركلەرنىڭ ئالدى تەرىپىدە) تۈۋەنكى نۇشاجان دېيىلىدۇ.»

(43) كۆچۈرگۈچى كاتىپ ئۇنى X ئەسىردىكى يەر، دەپ
ئويلاپ ھۇخىم ھىرىرخان (ئۇيغۇرلار يۇرتى)نى مۇخىم ھىراخان
قىلىپ خاتا يېزىپ قويغان (بۇغراخان، يەنى قاراخانىيلارنىڭ
قەشقەردىكى ئەجدادى) «ھۇدۇدۇلئالەم» 278- بەتكە قاراڭ؛
بىراق كۆرسىتىلگەن بۇ ئارىلىق بەكلا قىسقا.

(44) «ھۇدۇدۇلئالەم» 273- بەت (3-، 12§) ھەم 293-
بەت (13-، 15§)قا قاراڭ، قۇدامە بىلەن گەردىزىنىڭ بەزى
كۆرسەتمىلىرى ئوخشاش.

(45) I·faqih ئەسىرىنىڭ قايتا نەشرى BaA· 329- بەت
ھەم ياقۇتى ئەسەرلىرى IV توم 823- بەت.

(46) بالادخۇرى، دېگوجې سۆزلۈك جەدۋىلى 52- بەت.
ئەرەب ساياھەتچىلىرىنىڭ قوللانمىسىنى ئانالىز قىلىپ،
بىرنىشتام بىر پەرسەخنى 6 كىلومېتىرغا تەڭ دەپ خۇلاسىلىگەن.

(47) خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، قارابالغاسۇندىن
(خۋاڭخې دەرياسى، ئوردوس ئەگمىسىدە) چاڭئەنگىچە بولغان
ئارىلىق 4000 چاقىرىم، يەنى 2450 كىلومېتىر كېلەتتى(ھالون).

(48) خەنزۇلارنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندى بۇ كۆلنى بېشبا-
لىققا يېقىن دەپ تىلغا ئالغان بولۇپ، ئېنىقكى بۇ تەبىئىي كۆل
كۆڭۆل ئېچىش ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. «ھۇدۇ-
دۇلئالەم» 269- بەت.

(49) «100 ئادەم بىمالال سىغىدۇ.» بۇ جۈملە مەشھەد
قولىيازمىسى ھەم ئىبىن خۇردەزبىھ (31- بەت) ھەم ياقۇتنىڭ
ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان. ياقۇتنىڭ ( I توم 840- بەتتە)
ئەسىرىدە بۇ بايان خاتا ھالدا: «پادىشاھنىڭ چېدىرى ئالتۇن
بولۇپ قەلئەنىڭ تۆپىسىدە ئىكەن. ئۇنىڭغا 900 ئادەم

سىغىدىكەن.»» دەپ توقۇلغان. بۇ بۆلەك ئەبۇ دۇلافنىڭ چىبدىر ھەققىدىكى ساختا بايانى بىلەن بىرلىشىپ ھەم تەزۋىن نۇسخىسىدىن ئېلىنغان بۇ قوشۇمچە بۆلەك ۋۇستانمولد تەرىپىدىن مۇنداق تەرجىمە قىلىنغان: «خاقاننىڭ ئالتۇن چىبدىرى بار بولۇپ، ئۇ قەلئە ئۇستىدە ئىكەن. ئۇنىڭ 100 ئادەم سىغقۇدەك، شۇنداقلا ئۇنى بەش پەرسەخ يىراقلىقتىن كۆرگىلى بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ بايرىقى قارا رەڭدە ئىكەن. بىز ئىنتايىن قورقۇنچ ئىچىدە (تەخمىنەن) 20 كۈن ساياھەتتە بولدۇق.»» بۇ يەردىكى كۈن سانى تەمىمنىڭ كۈن سانىنىڭ تەكرارلىنىشى بولۇشى مۇمكىن.

(50) چاۋاننىس: «غەربىي تۈركلەرگە دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 305- بەت.

(51) مەن ئۇنى ئىئاكنۇننىڭ رۇسچە تەرجىمىسى (2 / 1، 449-، 450- بەتلىرى)دىن بايقىدىم. بىراق، دوستۇم پروفېسسور گ. ھالون بۇ پۈتۈن بۆلەكنى ماڭا قىزغىنلىق بىلەن تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئۇنى مەن ئۇزۇندە ھالىتىگە يىغىنچاقلىدىم.

(52) خۇردە زىبىھ ئەسىرىدە تەكرارلانغان (31- بەت). قۇدامە، 262- بەت. ياقۇتىنىڭكىدە ئىككى قېتىم تەكرارلانغان (I توم 840- بەت ھەم IV توم 843- بەت).

(53) رادلوف: «موڭغۇل ئاسار ئەتىقىلىرى ئاتلىسى» 27- بەت.

(54) دولبجۇننىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسلانغاندا: «بېشبالىقنىڭ ئۈچ دەرۋازىسى بار ئىكەن» zro، 1915- يىل 14- بەت. بۇ شەھەرنىڭ ئۈچ دەرۋازىسى بار(؟) ستەيىن «ئىچكى ئاسىيا» 23-، 24- بەت.

(55) شىنە — ئوسۇ مەڭگۇ تېشىدا تىلغا ئېلىنىشىچە (غەربىي يۈز 5- قۇر) بايبالىق شەھىرى خاقان سوغدىيان ھەم خەنزۇلارغا سىلىنگا ۋادىسىغا سېلىپ بەرگەن شەھەر ئىكەن.

(56) مەن پروفېسسور ھالوننىڭ ئىچكى موڭغۇلىيە ۋە سابىق ئوڭگوت رايونىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر تەرىقەتچىلىك ئىزلىرى توغرىسىدا ئەسكەرتمە بەرگەنلىكىدىن، شۇنداقلا قەدىمكى قىرغىزلار رايونىدىمۇ شۇ خىلدىكى ئىزلارنى ئىزدەپ كۆرۈشى ھەققىدىكى تەكلىپىدىن بەكمۇ مىننەتدارمەن. ئەپسۇسلىنارلىقى بىز تەمىننىڭ ماڭغان يولىنى بىلمەيمىز.

(57) «تاڭنامە» ھەم گەردىزىنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، قىرغىزلار ئۆلارنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈۋېتكەن. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە ئوتقا چوقۇنۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا Pus لار «مەمۇرىي» دەپ ئاتالغان.

(58) چاۋاننىس، فىلللىئوت: «مانى دىنى جۇڭگودا» 1913- يىلدىكى نەشرى «ئاسىيا ژۇرنىلى» 261 — 303- بەت.

(59) بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» 2 — 90 (تەرجىمىسى 16 — 144- بەت).

(60) «ھۇدۇدۇلئالەم» مىلادىيە 982- يىلى يېزىلغان. بۇ بۆلەك ئېھتىمال X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يازغان جەرياندىن نەقىل ئېلىنغان بولسا كېرەك.

(61) قارلۇق — ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇش دەۋرىدىكى بايانلىرىنى «ھۇدۇدۇلئالەم»دىن كۆرۈڭ (12-، 15§).

(62) ماكۋارتنىڭ ئەسىرى 91- بەت.

(63) 809- يىلدىن كېيىن شىمالىي ئوردوس يايلىقىدا ماكانلاشقان. يۇقىرىغا قاراڭ، 288- بەت 5- قۇر.

(64) بىرىنچى ۋەقە قىرغىزلار تەرىپىدىن (يەنىلا يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدا) پەيدا قىلىنغان. ئىككىنچى قېتىملىقى قارلۇقلار تەرىپىدىن ھەم تۈركەش ئىتتىپاقىنىڭ قالدۇقى تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان.

(65) تېخىمۇ ئېنىقراقى، «كۆۋپەكەت يېزىسىدىن» 12-ئابزاسقا قاراڭ.

(66) خىرىد: «تۈنيوقۇق مەڭگۈ تېشىغا مۇقەددىمە» 36- بەت.

(67) ئوخشاش نەتىجە تۆلەس ئىتتىپاقىنىڭ ئەسلىدىكى 15 قەبىلىنىڭ قوشۇۋېتىلىشى بىلەن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن (ئۇلارنىڭ بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى، ئىئاكىنېۋ 2 / 1 426 — 442- بەت، چاۋانىس 8 — 87- بەت) قارلۇق ھەم باسمىللارمۇ شۇ قاتاردا ئىدى.

(68) ئىئاكىنېۋ: 2 / 1 ، 382 — 426- بەتلەر، چاۋانىس، فىللىئوت 286- بەت.

(69) ئىئاكىنېۋ: 2 / 1 403 — 418- بەتلەر، چاۋانىس فىللىئوت 277- بەت. ۋاڭ يەنشىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ 981- يىلى تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنى زىيارەت قىلغان. «ئاسىيا ژۇرنىلى» 1847- يىلى IX، 64. بىر ياخشى ئاتنىڭ باھاسى پەقەت بىر توپ يىپەك، ئادەتتىكى ئاتقا بىر گەز (ئۈچ مېتىر) يىپەك بېرىلەتتى.

(70) قانداقلا بولمىسۇن، 827- يىلى ياش تۇل ئايال مەلىكە تەيخې يەنىلا يايلاق دۇنياسىدا تۇرۇۋاتاتتى. تۆۋەنگە قاراڭ. 302- بەت.

(71) ئوتتۇرا ئەسىر تەتقىقاتى 1، 242- بەت.

(72) تۆۋەن نىسبەتتە كۆنگە 30 كىلومېتىر ھېسابلانسا،

ساياھەتچى 90 كۈندە 2700 كىلومېتىر يول يۈرىدۇ.

(73) سىچىگىبىلىنىڭ تەڭرى خاقانىنى خاتا ھالدا جۇڭگو ئىمپېراتورى دەپ قارىغانلىقىنى ھەممە بىلىدۇ. چاۋانىس فىللىئوت «مانى دىنى جۇڭگودا» 1913- يىل، 198- بەت.

(74) خەنزۇچە يۈز 17 — 21- قۇر. سوغدىيانچە يۈز 19-، 2- قۇر.

(75) دوستۇم دوكتور. گ، ئېرىچ (1947- يىلى vii) مۇنداق دەيدۇ. J·h·run تىبەت خانىنىڭ ئىمنىك ئالدىنقى يېرىمى بولغان Khri—Sranنى كۆرستىشى مۇمكىن. چۈنكى، Kh تاۋۇشى بەزى تىبەت دىئالېكتىدا تاڭلاي تاۋۇشى بولۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

(76) يۇقىرىغا قاراڭ، 288- بەت. مەسئۇدى (288- بەت).

(77) بارتولد: تۈركىستان 176- بەت.

(78) بۇ تەپسىلاتلار داڭلىق شاففارىد سۇلالىنىڭ قۇرغۇچىسى ياقۇپ ئىبنى لەيگە مەنسۇپ.

(79) تەبىرى iii ، 631: (ھىجرىيە 178- يىلى): ئاباسىيلاردىن 20 مىڭ كىشى باغدادقا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ جايدا «ئەل كارانىيا» (كاللەكبەسەي يەيدىغانلار) دەپ ئاتالدى. ئۇلاردىن خۇراساندا قالغانلىرى قېلىشۇردى. مەرۋان ئىبنى ئابى ئەسكەرلەرنىڭ سانى ئازراق مۇبالىغە قىلىنىشتىلگەن دېگەن.

(80) قوشۇمچە قىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى، مەشھەد قولىيا زمىنىڭ قالدۇق پارچىلىرىدىن 13- ئابزاستا، ئوشرۇساناغا ئالاقىدار ۋەقەلەر بولۇشى مۇمكىن. گەرچە «توققۇز ئوغۇز» ۋەقەسى قارىماققا تەپسىلىي بايان قىلغان «خادىل ھەم تۈركلەر» ۋەقەسىدىن پەرقلىق بولسىمۇ.

(81) ماكۋارت: wzkm· 1898-،163؛ بارتولد: 12-لېكسىيە 55.

(82) «تـﻪمىم» دېگـﻪن ئىسـىم ناسـىر ئىبـنى سـﻪييار تﻪرىپىدىن كـۆرۈلـدۇ. ئـۇ راختىـن ئىبـنى سﻪيسـىنىڭ نﻪۋرىسـى بولـۇپ، 806 — 810 - يىلـلـىرى توپـىلاڭ كـۆتۈرۈپ، ئوخشـاش بولمىغان تۈرك قﻪبىلىلىرىدىن ياردەم سورىغان. 775- يىلىدىن ئىلگىرى سﻪيس (ئىبىـن ناسىر؟) قﻪشقﻪردە تۈرۈۋاتقان پﻪرغانﻪ ھۆكۈمرانلىرىغا ئﻪلچى ئﻪۋەتكﻪنلىكى ئۈچۈن ئﻪيىبلﻪنگﻪن ئىدى.

(83) بۇ ھﻪقتﻪ «ھۇدۇدۇلئالـﻪم»گـﻪ بﻪرگـﻪن ئىزاھاتىمغا قاراڭ. 304 — 310- بﻪت.

(84) يۇقىـرىقى 287- بﻪتكـﻪ قـاراڭ، راسـۇ ئـﻪل دىنىدىـن نﻪقىل.

(85) دې گـوجې: BaA · vii· 8- بـﻪت. (بـۇ خۇلاسـﻪ ھۆججﻪتىمىزنىڭ دەۋرى ئۈچۈن مۇئﻪييﻪن قىممﻪتكﻪ ئىگﻪ. r ۋە z تاۋۇشـلىرىنىڭ ئۆزئـارا نۆۋەتلىشىشـىدەك تۈركـىي تىلغا خـاس ئالاھىدىلىكـىنى دېمىگـﻪندىمۇ شـۇنداق قىممـﻪتلىك. تېگـى- تﻪكتىدىن ئېيتقاندا «ئوغۇز»، «ئوغۇر» يﻪنﻪ «ئۇيغۇر» دېگﻪنلﻪر ئوخشاش بىر نامنىڭ تۈرلۈك ۋارىيانتلىرى بولسا كېرەك).

بۇ خاتىرە ۋىلادىمىر مىنورسكىينىڭ: «ئوتتۇرا ئﻪسىردىكى تۈركلـﻪر، ئىران ۋە كاۋكازلىقلار» دېگﻪن ماقالىلـﻪر توپلىمىنىڭ 1979- يىلى لوندون ۋارىئورۇم نﻪشرىياتىنىڭ ئىنگلىزچﻪ نﻪشرىگﻪ ئاساسﻪن تﻪرجىمﻪ قىلىندى.

21500009006

本书根据上海古籍出版社 2000 年 2 月第 1 版, 2000 年 2 月第 1 次印刷版本翻译及另加有关内容而出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: **پازىلجان مۇسا**
مەسئۇل كوررېكتورى: **قەمبەرگۈل ئوسمان**

# VIII–X ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات

ئاپتورى: **خۇا تاۋ**
تەرجىمە قىلغۇچى: **ئۆمەرجان نۇرى**

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
( قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14-قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000 )
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى ئالتۇن يارۇق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم 1/32
باسما تاۋىقى: 19.5625 قىستۇرما ۋارىقى: 1
2003-يىل 11-ئاي 1-نەشرى
2003-يىل 11-ئاي 1-بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3570

---

ISBN 7 —5373 —1220 — 6 / K143
باھاسى: 32.00 يۈەن

**سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.**
تېلېفون: 0998—2653927